# شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى

## 22 - توم

# سوت تەزكىرىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى
«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . سوت تەزكىرىسى» تۈزۈش ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

مۇدىر: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مۇئاۋىن مۇدىرلار: نۇرلان ئەبىلمەجىن، مەمتىمىن زاكىر، سەرجە، فېڭ داجېن، لى شىنگۇاڭ، ۋاڭ چۇڭجيۇ، سۈي شۇجيې (مەخسۇس)، ۋۇ شىڭدۇ (مەخسۇس)، دىلمۇرات مۇسا (مەخسۇس)، ليۇ شىڭ (مەخسۇس)

ئەزالار: لى يى، جۇ چيەن، زۇنۇن قۇتلۇق، مىجىت ئابدۇرۇسۇل، خې فۇلىن، ئەلى زايىت، سۇ دېگۇي، لى زېشيەن، چېن خۇڭبو، جاقاپ مىرزاقان، خۇاڭ يۈەنسەي

## «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • سوت تەزكىرىسى» نى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر

باش تۈزگۈچى: فۇ ۋېن

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: جوڭ يىڭ

تۈزگۈچىلەر: ليۇ دېرۇن، لى زۇڭمىن

## «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • سوت تەزكىرىسى»نى تۈزۈش كومىتېتى

مۇدىر: قۇربان روزى

مۇئاۋىن مۇدىرلار: دۇڭ جېن، نيۇ جىنجى، جاڭ لياڭ

ئەزالار: ھېزىم ئېزىز، ۋاڭ شۇجېن، چېن مىڭجېن، شۇ جىنفۇ، ياڭ فاخې، خۇ ۋېنكەي

## «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • سوت تەزكىرىسى»نى تۈزگۈچىلەر

باش مۇھەررىر: دۇڭ جېن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: نيۇ جىنجى، جاڭ لياڭ

مەسلىھەتچى: يې يىڭشۈەن

مۇھەررىرلەر: نيۇ جىنجى، گو كۈەنلۇ

خىزمەتچىلەر: گو كۈەنلۇ، لىن زېچۈەن، جاڭ ئەيجى، ياڭ ۋېيخۇڭ

يازغۇچىلار: نيۇ جىنجى، گو كۈەنلۇ، ۋاڭ شۇجېن، ۋاڭ لاڭتاۋ، شۇ جىنفۇ، لىن زېچۈەن، جاڭ ئەيجى، چېن مىڭجېن، جۇ سوڭ، لۇ رۇفاڭ، جاڭ شياۋۋاڭ، تيەن خۇا

فوتوگرافلار: لى يىنچۈەن، جۇرئەت

# «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • سوت تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى

باش مۇھەررىر: ئەخمەت روزى توغرۇل

مەسئۇل مۇھەررىر: پولات ھىمىت

تەھرىر - تەرجىمىگە قاتناشقۇچىلار: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئاسىيە مانەيزى، ئەخمەت روزى توغرۇل، ئەركىن رەجەپ، بارات تۇردى، پولات ھىمىت، تۇرسۇنگۇل مامۇت، جەمىلە ئابلا، دىلمۇرات مۇسا، سابىر ئەلى، غوجائەخمەت يۇنۇس، ھىمىت ياقۇپ، ئۇلمايىت

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچى: دىلمۇرات مۇسا

كوررېكتورلار: پولات ھىمىت، خالىدە قادىر

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇرادىل ئابىت

# «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • سوت تەزكىرىسى»نى تۈزۈش كومىتېتى

مۇدىر: قۇربان روزى

مۇئاۋىن مۇدىرلار: دۈڭ جېن، نيۇ جىنجى، جاڭ لياڭ

ئەزالار: ھېزىم ئېزىز، ۋاڭ شۇجېن، چېن مىڭجېن، شۇ جىنفۇ، ياڭ فاخې، خۇ ۋېنكەي

# «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • سوت تەزكىرىسى»نى تۈزگۈچىلەر

باش مۇھەررىر: دۈڭ جېن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: نيۇ جىنجى، جاڭ لياڭ

مەسلىھەتچى: يې يىڭشۈەن

مۇھەررىرلەر: نيۇ جىنجى، گو كۈەنلۇ

خىزمەتچىلەر: گو كۈەنلۇ، لىن زېچۈەن، جاڭ ئەيجى، ياڭ ۋېيخۇڭ

يازغۇچىلار: نيۇ جىنجى، گو كۈەنلۇ، ۋاڭ شۇجېن، ۋاڭ لاڭتاۋ، شۇ جىنفۇ، لىن زېچۈەن، جاڭ ئەيجى، چېن مىڭجېن، جۇ سۇڭ، لۇ رۇفاڭ، جاڭ شياۋۋاڭ، تيەن خۇا

فوتوگرافلار: لى يىنچۈەن، جۇرئەت

# «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • سوت تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى

باش مۇھەررىر: ئەخمەت روزى توغرۇل

مەسئۇل مۇھەررىر: پولات ھېمىت

تەھرىر ـ تەرجىمىگە قاتناشقۇچىلار: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئاسىيە مانەيزى، ئەخمەت روزى توغرۇل، ئەركىن رەجەپ، بارات تۇردى، پولات ھېمىت، تۇرسۇنگۇل مامۇت، جەمىلە ئابلا، دىلمۇرات مۇسا، سابىر ئەلى، غوجائەخمەت يۇنۇس، ھېمىت ياقۇپ، ئۇلمايىت

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچى: دىلمۇرات مۇسا

كوررېكتورلار: پولات ھېمىت، خالىدە قادىر

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇرادىل ئابىت

# 《新疆通志·林业志》维吾尔文版编译人员

主　　审　艾合买提·肉孜·托格如力

责任编辑　甫拉提·依米提

编译人员　（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不都肉甫·艾力、阿斯娅·马乃孜、艾合买提·肉孜·托格如力、艾尔肯·热介甫、巴拉提·吐尔地、甫拉提·依米提、吐尔孙姑丽·马木提、加米拉·阿布拉、迪木拉提·木沙、沙比尔·艾力、霍加阿合买提·优努斯、依米提·亚库甫、阿玛义

验　　收　迪木拉提·木沙

校　　对　甫拉提·依米提、哈丽达·哈的尔

封面设计　穆拉丁·阿比提

# مۇندەرىجە

ئومۇمىي كىرىش سۆز
كىرىش سۆز
كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە
ئومۇمىي بايان ........ 1
چوڭ ئىشلار ........ 17

## بىرىنچى قىسىم

## ئاپپاراتلار

I باب چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ سوت ئاپپاراتلىرى ........ 61
§ 1 . زىندان ـ تەپتىش يامۇلى ........ 63
§ 2 . دوتەي يامۇلى ........ 63
§ 3 . مەھكىمە يامۇلى ........ 64
§ 4 . ئامبال يامۇلى ........ 64
II باب مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭدىكى سوت ئاپپاراتلىرى ........ 65
§ 1 . ئۆلكىلىك سوت ئاپپاراتلىرى ........ 65
§ 2 . ئاساسىي قاتلام سوت ئاپپاراتلىرى ........ 71
§ 3 . جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى ........ 80
§ 4 . ئۈچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىسى ........ 81
III باب جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ-نىڭ سوت ئاپپاراتلىرى ........ 87
§ 1 . شىنجاڭ يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ شۆبىلىرى ........ 87
§ 2 . ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى ........ 106

§3 . ناھىيىلىك، شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق سوتلىرى ………… 109
§4 . بىڭتۇەن سوت مەھكىمىسى ………………………… 172
§5 . مەخسۇس سوت مەھكىمىلىرى………………………… 181

ئىككىنچى قىسىم

# سوت تۈزۈمى

I باب چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئەدلىيە ـ دەۋا تۈزۈمى ……………………………………………… 190
§1 . چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئەدلىيە تۈزۈمى … 190
§2 . چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دەۋا تۈزۈمى …… 192
II باب مىنگو دەۋرىدىكى سوت ۋە دەۋا تۈزۈمى ………………… 195
§1 . سوت تۈزۈمى ……………………………………… 195
§2 . دەۋا تۈزۈمى ……………………………………… 197
§3 . ئۈچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت تۈزۈمى ۋە سوت تەرتىپى…… 201
III باب جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سوت خىزمىتى ۋە دەۋا تەرتىپى ………………… 207
§1 . خەلق ئەدلىيە تۈزۈمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ………………… 207
§2 . جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى ……………………… 215
§3 . ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپى …………………………… 231

ئۈچىنچى قىسىم

# جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتى

I باب چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ جىنايى ئىشلار سوتى ……………………………… 257
§1 . جىنايەت نامى ۋە جىنايى جازا ……………………… 257

§ 2 . جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ سوت قىلىنىشى ........ 260
II باب مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتى...... 264
§ 1 . جىنايەت نامى ۋە جىنايى جازا ........ 264
§ 2 . ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش ........ 265
§ 3 . ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى ........ 267
§ 4 . چوڭ كەچۈرۈم قىلىش، جازا كېمەيتىش ۋە شەرتلىك قويۇپ بېرىش ........ 276
III باب جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ جىنايى ئىشلار سوت ئىشلىرى ........ 279
§ 1 . جىنايەت نامى ۋە جىنايى جازا ........ 282
§ 2 . ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولارنى سوت قىلىش........ 285
§ 3 . قاتىللىق دېلولىرىنى سوت قىلىش ........ 299
§ 4 . بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنى سوت قىلىش ........ 308
§ 5 . باسقۇنچىلىق دېلولىرىنى سوت قىلىش ........ 311
§ 6 . لۈكچەكلىك دېلولىرىنى سوت قىلىش ........ 314
§ 7 . ئوغرىلىق دېلولىرىنى سوت قىلىش ........ 316
§ 8 . زەھەر دېلولىرىنى سوت قىلىش ........ 320
§ 9 . خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق دېلولىرىنى سوت قىلىش ........ 321
§ 10 . ئالدامچىلىق دېلولىرىنى سوت قىلىش........ 329
§ 11 . ھاياكەشلىك دېلولىرىنى سوت قىلىش ........ 330
§ 12 . دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش ........ 333
§ 13 . ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش، كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىش، جازا كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، جازا كېچىكتۈرۈش ........ 338

## تۆتىنچى قىسىم

# ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى

I باب چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى ........ 362
§ 1 . دېلو تۈرلىرى........ 362

§2 . نىكاھ - ئائىلە دېلولىرى ........ 362
§3 . مىراس دېلولىرى ........ 364
II باب مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ھەق تەلەپ سوت ئىشلىرى ........ 365
§1 . دېلو تۈرلىرى ........ 365
§2 . نىكاھ - ئائىلە دېلولىرى ........ 365
§3 . مال - مۈلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتكە دائىر دېلولار ........ 368
III باب جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى ........ 377
§1 . دېلو تۈرلىرى ........ 377
§2 . نىكاھ - ئائىلە دېلولىرىنىڭ سوت قىلىنىشى ........ 377
§3 . مال - مۈلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتى دېلولىرىنىڭ سوت قىلىنىشى ........ 405

## بەشىنچى قىسىم

# ئىقتىسادىي سوت

I باب ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى دېلولىرى ........ 451
§1 . دېلولارنى قوبۇل قىلىشتىكى قانۇنىي ئاساس ........ 451
§2 . ئىناۋەتسىز ئىقتىسادىي توختاملارنى بېكىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ........ 452
§3 . خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى بېكىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ........ 455
§4 . جىنايەتكە چېتىلىدىغان ۋە باشقا قانۇنغا خىلاپ بولغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ........ 456
II باب يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختام ماجىراسى دېلولىرى ........ 459
§1 . دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى ........ 459
§2 . دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش ........ 461
III باب ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي دېلولار ........ 467
§1 . دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى ........ 467
§2 . دېلو بىر تەرەپ قىلىش ........ 470

§ 3 . قاراپ چىقىشتىكى ئاساسىي پرىنسىپلار ........................ 472
IV باب ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەش ماجىراسى دېلولىرى............ 473
§ 1 . دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى .................................. 473
§ 2 . دېلولارنى قاراپ چىقىش مەسىلىسى ......................... 474
§ 3 . تۆلەم دائىرىسى ۋە ئاساسىي ئۇسۇل - چارە.................. 476

## ئالتىنچى قىسىم

# مەمۇرىي باشقۇرۇش

I باب سودىيىلەرنى باشقۇرۇش ........................................ 483
§ 1 . سودىيىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ تەمىناتى............................................ 483
§ 2 . سوت مەھكىمىسى كادىرلىرىنى باشقۇرۇش ..................... 498
§ 3 . مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ............................................ 507
II باب ئەدلىيە خىراجىتى ۋە قورال - جابدۇق ...................... 527
§ 1 . ئەدلىيە خىراجىتىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ........................ 527
§ 2 . ئەدلىيە كىرىمى ۋە چىقىمى ........................................ 530
§ 3 . ئەدلىيە قورال - جابدۇقى ۋە كىيىم - كېچەك ................. 535
III باب تۇرمە مەمۇرىيىتى ............................................. 538
§ 1 . تۇرمە ۋە سولاقخانىلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى .................. 538
§ 2 . تۇرمە باشقۇرۇش .................................................. 542
IV باب ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ۋە ئەدلىيە تېخنىكىسى .............. 547
§ 1 . ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى................................................. 547
§ 2 . ئەدلىيە تېخنىكىسى .................................................. 552
V باب ئەرزىيەت، ئەدلىيە ستاتىستىكىسى ۋە ئارخىپ خىزمىتى.......... 554
§ 1 . ئەرزىيەت.............................................................. 554
§ 2 . ئەدلىيە ستاتىستىكىسى .............................................. 557
§ 3 . ئەدلىيە ئارخىپى...................................................... 558

# قوشۇمچە

بىرىنچى، قانۇن - نىزاملار ........................................ 563
1. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خىيانەتچىلەرنى جازالاش ۋاقىتلىق نىزامى ......... 563
2. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى تولۇقلىما بەلگىلىمىسى ............ 565
3. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا دائىر قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» نىڭ 9 - ماددىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى ........................................ 566
ئىككىنچى، تۈزۈم ........................................ 566
1. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى باشلىقىنىڭ ۋە تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى ........................ 567
2. مەھكىمە مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى تۈزۈمى ........................ 573
3. سوت ھەيئىتى يىغىنى تۈزۈمى ........................ 574
4. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلولارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش چارىسى ........................ 574
ئۈچىنچى، 1986 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە بولغان چوڭ ئىشلار ........ 576
ئاخىرقى سۆز ........................................ 596
«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ......... 600
ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز ........................ 603
خەنزۇچە مۇندەرىجە ........................................ 604

# ئومۇمىي كىرىش سۆز

1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نى تۈزۈشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى بۇ خىزمەتكە ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولىدىغان ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى قۇرۇلدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان كەسپىي تەزكىرە كومىتېتلىرىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى ۋە كەڭ تەزكىرە خادىملىرىنىڭ جاپالىق تىرىشىشى بىلەن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نىڭ ھەر قايسى كەسپىي تەزكىرىلىرى كەينى ـ كەينىدىن نەشر قىلىندى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ زور نەتىجە.

تەزكىرە تۈزۈش — بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. ئەمىنىيە ـ يېغىلىق دەۋرىدىلا تەزكىرىچىلىك بىخلىرى پەيدا بولغان، تاڭ، سۇڭ سۇلالىرى دەۋرىدە تەزكىرىچىلىك مۇھىم تەرەققىياتقا ئېرىشكەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەدىمكى تەزكىرىچىلىك تەرەققىياتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىك تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن شىنجاڭنىڭ تەزكىرىسىگە دائىر 600 نەچچە جىلدتىن تەركىب تاپقان 111 خىل كىتاب بار. كىتابنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولسىمۇ، نامى ئوخشاشمايدىغان ياكى كىتاب ئوخشاش بولسىمۇ ئىچىدىكى باب، پاراگرافلىرى ئوخشىمايدىغان باسما نۇسخىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا 83 خىل تەزكىرە كىتابى بار. بۇلار ئىچىدە ئەڭ بۇرۇنقىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنيۈەن يىللىرى (758 — 759 ـ يىللار) تۈزۈلگەن «قۇچۇ ئايمىقىنىڭ خەرىتىلىك دەستۇرى» (كەمتۈك نۇسخىسى)، ئەڭ كېيىنكىسى مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) دىڭ شياۋ تۈزگەن «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دىن ئىبارەت. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ۋە شۈەنتۇڭ يىللىرى تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ مەزمۇنى بىر قەدەر تەپسىلىي ھەم تولۇق. قەدىمكى بۇ تەزكىرىلەر تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن تۈزۈلۈش شەكلى، مەزمۇنى جەھەتتە نۇرغۇن نۇقسان ۋە كەمتۈكلۈكلەردىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا تارىخنى ساقلاش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، بىزنى شىنجاڭنى تونۇشىمىز، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭ دائىرىلىرى 2
قېتىم مەھكىمە تەسىس قىلىپ ئومۇمىي تەزكىرە تۈزۈشكە كىرىشكەن بولسىمۇ، سىياسىي جەھەتتىن چىرىكلەشكەنلىكى ۋە ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان ئۇرۇش تۈپەيلى

تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن 1911-يىلى «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» تۈزۈلۈپ تاماملىنىپ تاكى 80-يىللارنىڭ باشلىرىغا قەدەر شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتى 70 يىلدىن كۆپرەك ئۈزۈلۈپ قالدى.

بۈگۈنكى كۈندە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتىدۇ، تۈرلۈك كەسىپلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا. مۇشۇنداق گۈللىنىۋاتقان پەيتتە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە تۈزۈشنى قارار قىلدى. بۇ شىنجاڭنىڭ ماددىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىدىكى تارىخى ئۇزۇن جايلارنىڭ بىرى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60-يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى بۈگۈردە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قۇرغاندىن باشلاپ، شىنجاڭ رەسمىي ۋەتىنىمىزنىڭ تېررىتورىيىسىگە تەۋە بولدى. ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر ئۈزۈلمەي ئالمىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن غەربىي يۇرت ساقلاۋچى چېرىكچىبېگى ۋە غەربىي يۇرت دورغابېگىنى تەسىس قىلىش ئىشى ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ قالمىدى. ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتى بۈگۈنكى تۇرپان ئەتراپىدا ئىدىقۇت ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭدا ۋىلايەت-ناھىيە بەرپا قىلدى. سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ئىزچىل ۋىلايەت، ناھىيىلەر بەرپا قىلىنغاندىن سىرت يەنە باشقۇرۇش دائىرىسى ھازىرقى شىنجاڭ بىلەن بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى ۋە چۇ دەرياسى ۋادىسى ئەتراپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىبۇرغول، قوچۇ، بېشبالىق ۋە ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىلىرىنى تەسىس قىلدى. بەش دەۋر، سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق بولدى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چيەنلۇڭنىڭ 17-يىلى (1762-يىلى) شىنجاڭدا ئىلى قاتارلىق جايلارنى باش بولۇپ باشقۇرىدىغان سانغۇن تەسىس قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلىرىغا قوماندانلىق قىلدى. 1884-يىلى شىنجاڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتى تەسىس قىلىنىپ، مەمۇرىي تەشكىلىي تۈزۈلمە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭكى بىلەن بارا-بارا بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. مىنگونىڭ 8-يىلى (1919-يىلى) ئالتاي شىنجاڭنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئايرىپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى شىنجاڭ مەمۇرىي رايونى شەكىللەندى. 2000 يىلدىن

كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ھەر مىللەت خەلقى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە كەڭ كۆلەمدە مۇناسىۋەت ئورنىتىش، چېگرا رايوننى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدا جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەش داۋامىدا، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشى داۋامىدا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىكى: بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بولسا، ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق گۈللەپ ياشنايدۇ، پاراكەندىچىلىك، بۆلگۈنچىلىك كۆرۈلسە، خەلق بالا - قازاغا ئۇچرايدۇ، جەمئىيەت چېكىنىپ كېتىدۇ.

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چېگرا رايونغا جايلاشقان بولۇپ، موڭغۇلىيە، روسىيە فېدېراتسىيىسى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستاندىن ئىبارەت 8 دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ، يەر كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. شىنجاڭنىڭ تاغ - دەريالىرى گۈزەل ھەم ھەيۋەتلىك، بوستانلىقلىرى مۇنبەت ھەم كەڭرى، يايلاقلىرى بىپايان ھەم گۈزەل، قېزىلما بايلىقلىرى مول. 17 خىل قېزىلما بايلىق زاپىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، بولۇپمۇ، نېفىت ۋە كۆمۈر زاپىسى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 1990 - يىلدىكى ستاتىستىكىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 46 مىليون 303 مىڭ 300 مو تېرىلغۇ يەر، 73 مىليون 459 مىڭ 500 مو ئۆزلەشتۇرسە دېھقانچىلىق قىلىشقا باب كېلىدىغان بوز يەر، 22 مىليون 455 مىڭ مو ئورمان يېرى، 39 مىليون 900 مىڭ مو ئورمان بەرپا قىلىشقا باب كېلىدىغان بوز يەر؛ 700 مىليون مودىن كۆپرەك پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەبىئىي ئوتلاق؛ 10 مىليون مودىن كۆپ تاتلىق سۇ كۆلىمى بار، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 88 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر، ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۇ مىقدارى 25 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر، مۇزلۇقلاردىكى زاپاس سۇ مىقدارى 2 تىرىليون 580 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ؛ كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2600 — 3400 سائەتكە يېتىدۇ، قېزىلما بايلىق، سۇ، تۇپراق، نۇر، ئىسسىقلىق بايلىقلىرى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا شىنجاڭنىڭ بىپايان زېمىنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. كەينى - كەينىدىن يۈز بەرگەن ئىچكى مالىمانچىلىق ۋە تاشقى بالايىئاپەت تۇپەيلى، خەلق ئاچ - يالىڭاچلىقتا، ھەممە يەر خانىۋەيرانچىلىقتا قالغانىدى، بۇ مۇشۇ گۈزەل زېمىننىڭ كونا جۇڭگودىكى تەسۋىرى ئىدى. «يورۇتۇپ ئالەمنى تاڭ ئاتتى خوراز چىللاش بىلەن، بارچە مىللەت چالدى ساز ئۇدۇنمۇ بار بۇ نەغمىدە». جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە 1949 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىققا ئېرىشىپ، بويىنغا سېلىنغان كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، پارلاق سوتسىيالىزم يولىغا ماڭدى. 42 يىلدىن بۇيان شىن-

جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى كومپارتىيىگە ئەگىشىپ، دېموكراتىك ئىسلاھات،
سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش جەريانىدا، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قى-
لىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەپ، شىنجاڭدا غايەت زور ئۆزگە-
رىشلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بولۇپمۇ، 1978 - يىلدىكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە-
نىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ
تۇرۇش، ئىسلاھات- ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى
ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات
جەھەتتە تېخىمۇ تېز ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1949 - يىلى
شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 750 مىليون يۈەن (يېڭى
خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، مىللىي دارامىتى 440 مىليون
يۈەن ئىدى، 1990 - يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مەھسۇلات قىممىتى
45 مىليارد 865 مىليون يۈەنگە، مىللىي دارامىتى 20 مىليارد 495 مىليون
يۈەنگە يەتتى؛ 1950 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامىتى 112
يۈەن ئىدى، 1990 - يىلى 1374 يۈەنگە يەتتى، 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس
باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 1950 - يىلدىكىنىڭ 4.9 ھەسسىسىگە توغرا كېلىپ،
نامراتلىق ۋە قالاقلىق قىياپىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. تارىخ مۇنازىرە تەلەپ
قىلمايدىغان دەرىجىدە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، ھەر قايسى
مىللەتلەرنى تېز يۈكسەلدۈرۈپ روناق تاپقۇزۇش، خەلقنى باياشات، بەختلىك قى-
لىش ئۈچۈن پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت
ئاساسىي لۇشيەنىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى
بويلاپ باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەش لازىم.

شىنجاڭ ئەزەلدىن ۋەتىنىمىزدىكى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان
جاي. قەدىمكى نۇرغۇن مىللەتلەر بۇ زېمىندا ياشاپ كۆپەيگەن، ئىقتىساد ۋە
مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇزاق ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريا-
نىدا ھەر قايسى مىللەتلەر بىر بىرىگە ياردەم بېرىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ،
ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ، ھازىرقى زاماندىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى پەي-
دىنپەي تاماملىغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر 13 مىللەت بار
ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ مۇھىم ئەزاسى
ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەمگەكچان ۋە باتۇرلۇقى بىلەن نام چىقار-
غان، ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش،
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى. بۈگۈنكى
كۈندە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە مىللىي سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە،
شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ھەر مىل-

لەت خەلقى ئىناق ئۆتۈپ، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلار داۋامىدا، باراۋەر - ھەمدەم بولۇش، ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئورتاق گۈللىنىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورناتتى. ئۇزاق مۇددەتلىك كۆرەش ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسىتى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورنىتىش، مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى؛ خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئورتاق تونۇشى؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىگە زىچ ئۇيۇشىشى — گۈللەپ ياشنىغان شىنجاڭ قۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ. بۇنىڭدىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا پارتىيىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسىتىدە قەتئىي تەۋرەنمەي داۋاملىق چىڭ تۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش لازىم.

ۋەتەننى، يۇرتنى قىزغىن سۆيۈش — بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى، غايەت زور ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ئىنتىلىش كۈچى، ئۇ تارىخقا نەزەر سېلىپ ھازىرنى تونۇۋېلىشنىڭ، كەلگۈسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم ئىدىيىۋى ئاساسىغا ئايلىنىپ قالدى. تەزكىرە دەل مۇشۇ ئاساستا بىخ سۇرگەن، بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭدا بىر جاينىڭ ئەھۋالى ۋە ھۆججەت ماتېرىياللىرى يىغىنچاقلانغان، شۇ جايدىكى خەلقنىڭ ئىگىلىك يارىتىش روھى ۋە ھېسسىياتى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن؛ شۇ جاينىڭ خەلقى ئۈچۈن خاتىرە تۇرغۇزۇلغان، شۇ جاينىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ئابىدە تىكلەنگەن بولىدۇ؛ ئۇ قويۇق يەرلىك تۈس ئالغان بولىدۇ، ئۇنىڭدا مەشھۇر ئادەم، ئېسىل جايلارنىڭ نۇرى چېچىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىزدا تېپىلغۇسىز يەرلىك دەرسلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ھەقىقىي، ئىشەنچلىك بولغان مول ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ تەبىئىتى ۋە جەمئىيىتىنىڭ تارىخى ھەم ھازىرقى ئەھۋالى ئىلمىي ئاساستا ئەتراپلىق، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا تارىخ ئۇزۇنىسىغا بايان قىلىنغان، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئىشلار ئۇلاپ يېزىلغان، ھازىرقى ئەھۋال توغرىسىغا بايان قىلىنغان، تۈرلۈك كەسىپلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن، ئۇنىڭدا ھەم شىنجاڭنىڭ ھەممە تەرەپتىكى ئەھۋاللىرى، ھەم شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش، ھەم قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغۋار نەتىجىلەر، ھەم ئالغا ئىلگىرىلەش

داۋامىدىكى ئەگرى - توقايلىق ۋە سەۋەنلىكلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شەيئىلەرنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى ھەممە تەرەققىيات يولى روشەن خاتىرىلەنگەن، ئۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىلمىي ئاساس ۋە تارىخىي ئۆرنەك بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نى تۈزۈش ئۇسۇلى جەھەتتە ھەم ئىلگىرىكىگە ۋارىسلىق قىلىندى، ھەم تېخىمۇ يېڭىلىق يارىتىلدى. ئۇ يېڭى شەكىل، يېڭى نۇقتىئىينەزەر، يېڭى ئۇسۇل، يېڭى ماتېرىياللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ تۈزۈلدى. پۈتۈن كىتاب 86 توم كەسپىي تەزكىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك تۇنجى سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە كىتابى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ھەر قايسى كەسپىي تەزكىرە كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ ۋە تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملارنىڭ يۈرەك قېنى سىڭگەن شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەدىكىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتى يۇغۇرۇلغان.

90 - يىللارغا قەدەم قويغان شىنجاڭدا ئىشلار راۋان، ئەل ئىناق بولماقتا، كەسىپلەر گۈللەنمەكتە، ئەمما ئالدىمىزدىكى قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى يەنىلا ناھايىتى مۇشكۇل. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە بايان قىلىنغان جايلارنىڭ ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىياللار ۋە تەجرىبە - ساۋاقلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتە چوقۇم ئۆزىنىڭ ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرغۇسى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

1991 - يىل 12 - ئاي

# كىرىش سۆز

## قۇربان روزى

سوت مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ سوت قىلىش ئورگىنى، سىنىپىي دىكتاتۇرىنىڭ مۇھىم قوراللىرىنىڭ بىرى. يېرىم مۇستەملىكە - يېرىم فېئوداللىق كونا جۇڭگودا، ئۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئەمگەكچى خەلققە دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدىغان دۆلەت ماشىنىسى بولۇپ، سوت ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغدايتتى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەيتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ سوت مەھكىمىسى سوت ئىشلىرى تەرەققىياتىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى. كونا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئاساسىدا قۇرۇلغان خەلق سوت مەھكىمىسى يېڭى جۇڭگونىڭ سوت ئورگىنى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ مۇھىم قوراللىرىنىڭ بىرى، خەلقنى قوغدايدىغان، جىنايەتچىلەرنى جازالايدىغان، دۈشمەننى باستۇرىدىغان دۆلەت ماشىنىسى، ئۇ كونا جۇڭگودىكى خەلقنى ئېزىدىغان، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان سوت ئورگىنى بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ، ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىش، جىنايەتچىلەرنى جازالاش، ھەق تەلەپ مۇناسىۋەتتى بىلەن ئىقتىسادىي قانۇن مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەش ئارقىلىق، دېموكراتىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى جۇڭگودىكى خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرلۇقىدىكى ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە ئىلگىرىلىشى، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئىجابىي تۆھپە قوشتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرىكى 17 يىلدا، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت خىزمىتىدە بەزى سەۋەنلىكلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت خىزمىتىدە نەتىجە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان 10 يىلدا سوت خىزمىتى دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئېچىلغان

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش مىزانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشتى.

دۆلىتىمىز يېڭى تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم تاشلىدى، تارىخقا نەزەر سېلىش، رىئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، ئەۋلادلارغا نەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ سوت ئىشلىرىغا ئائىت سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىسىنى تۈزۈپ چىقىش — شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىكى تەزكىرە خادىملىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك ۋەزىپىسى. ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ قوللىشى، غەمخورلۇق قىلىشى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىشى ئاستىدا، تەزكىرە خادىملىرىنىڭ بىر قانچە يىللىق جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · سوت تەزكىرىسى» ئاخىرى كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · سوت تەزكىرىسى» دە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا يېزىپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا، شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە-سوت ئىشلىرىنىڭ يۈز يىلدىن بۇيانقى تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق خاتىرىلەنگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 37 يىلدىن (1985 - يىلغىچە) بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت ئاپپاراتلىرىنىڭ سوت قورالىدىن پايدىلىنىپ، دۈشمەنگە زەربە بېرىش، جىنايەتچىلەرنى جازالاش، خەلقنى قوغداش، دېموكراتىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە ئوينىغان ئىجابىي رولى نۇقتىلىق بايان قىلىندى، سوت خىزمىتىگە دائىر تەجرىبە ۋە ساۋاقلارمۇ يەكۈنلەندى. ئۇ شىنجاڭنىڭ تارىختىن بۇيان ماتېرىيالى تولۇق بولغان، مەخسۇس سوت خىزمىتى خاتىرىلەنگەن بىردىن بىر تەزكىرە كىتاب، شۇنداقلا ئىلمىي ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ سوت خىزمىتىنىڭ تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى ئىگىلىشىگە؛ ئەدلىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ سوت خىزمىتى تەرەققىياتى داۋامىدىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى ئۆرنەك قىلىپ، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىگە؛ ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى رەھبەرلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلىگەندە ئۇنىڭدىن ئىلمىي ئاساس ئىزدىشىگە ياردىمى بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى پايدىلىق دەرسلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىشىنىمەنكى، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · سوت تەزكىرىسى» نىڭ

نەشر قىلىنغانلىقى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا كاپا-
لەتلىك قىلىپ، شىنجاڭ سوت ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى
سۈرۈشتە، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋىي مەدەنىيلىك
قۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا جەزمەن ئىجابىي
رول ئوينايدۇ.

**1993 - يىل 3 - ئاي**

ئىزاھ: كىرىش سۆزنىڭ ئاپتورى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى.

# كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . سوت تەزكىرىسى»دە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ سوت ئىشلىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا بايان قىلىنىدى، شىنجاڭنىڭ سوت ئىشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

2. تەزكىرىدە تەشكىلىي تۈزۈلۈشنىڭ تەرەققىيات جەريانى بىلەن جىنايى جازانىڭ ئايرىم مەزمۇنى خېلى يىراقتىچە سۈرۈشتۈرۈلگەندىن سىرت، قالغان مەزمۇنلار 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغان ۋاقىتتىن باشلىنىپ، 1985 - يىلىدا توختىتىلدى. 1986 — 1990 - يىلغىچە بولغان شىنجاڭنىڭ سوت خىزمىتىدىكى چوڭ، مۇھىم ئىشلار قوشۇمچىگە كىرگۈزۈلدى.

3. تەزكىرىدە بايان قىلىش، تەزكىرە، سۈرەت، جەدۋەل، ئۈزۈندە قاتارلىق ژانىرلار ۋە قىسىم، باب، پاراگراف، تارماق قۇرۇلمىسى قوللىنىلدى. ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار كىتابنىڭ بېشىغا، قوشۇمچە كىتابنىڭ ئاخىرىغا بېرىلدى. تېكستى ئاپپاراتلار، سوت قىلىش تۈزۈمى، جىنايى ئىشلار سوتى، ھەق تەلەپ سوتى، ئىقتىسادىي سوت، مەمۇرىي باشقۇرۇشتىن ئىبارەت 6 قىسىم، 21 باب، 74 پاراگرافتىن تەركىب تاپتى.

4. جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى ئالاھىدە جىنايى ئىشلار سوتى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان تۆمۈريول ترانسپورت سوت مەھكىمىسى، ھەربىي سوت مەھكىمىسى قاتارلىقلار شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغاچقا، ئۇلار قىسقىچىلا بايان قىلىنىدى.

5. ماتېرىيال جەھەتتە ئارخىپ ئاساس قىلىنىدى، تارىخىي كىتابلار، تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ۋە ئاغزاكى ماتېرىياللار قوشۇمچە قىلىنىدى، مەزمۇنىنىڭ توغرا، ئەينەن بولۇشىغا تىرىشىلدى. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇمات جەھەتتە يىللاردىن بۇيانقى ئەدلىيە ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋەلى ئاساس قىلىنىدى، ئۇلاردىكى ئايرىم خاتالىقلار تەكشۈرۈپ تۈزىتىلدى، تۈزىتىش قىيىن بولغانلىرى ئىزاھلاپ قويۇلدى.

6. ناملار تۇنجى قېتىمدا تولۇق ئېلىنىدى، كېيىنكىلىرىدە قىسقارتىپ ئېلىنىدى. «ئازادلىقتىن بۇرۇن»، «ئازادلىقتىن كېيىن» دېگەن سۆزلەر 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان ۋاقىتنىڭ ئالدى - كەينىنى؛ «جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن»، «جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن» دېگەن سۆزلەر 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشنىڭ ئالدى - كەينىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلاردىن باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ مىللەت نامى ئىزاھلاندى.

7. يىلنامىدە چىڭ سۇلالىسى ھەم ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى پادىشاھلارنىڭ يىل نامىلىرى، جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى يىل نامى ئىسكوپكا ئىچىدە مىلادىيە يىلى بويىچە ئىزاھلاندى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكىسىدە مىلادىيە يىلى قوللىنىلدى.

8. پۇل قىممىتىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقىسىدا ئەينى چاغدا ئوبوروت قىلىنىۋاتقان پۇللارنىڭ قىممىتى ئاساس قىلىنىدى؛ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ 1955 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە بولغانلىرى يېڭى خەلق پۇلىنىڭ قىممىتى بويىچە ھېسابلاندى.

# ئومۇمىي بايان

# ئومۇمىي بايان

## 1

جۇڭگونىڭ ئەدلىيە - سوت ئىشلىرى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئوردىدا ئەدلىيە ئەمەلدارى قويۇلغانىدى، ئۇ زىندان بېگى دەپ ئاتىلاتتى (مەسئۇل ئەمەلدار باش زىندان بېگى، ياردەمچى ئەمەلدار يانداش زىندان بېگى دەپ ئاتىلاتتى). چىن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئەدلىيە ئەمەلدارى «دادخاھ ۋەزىر» دەپ ئاتالدى، ئەينى چاغدا يەنە ئەمەلدارلارنى نازارەت قىلىدىغان، قوشۇمچە ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان باش تەپتىش بېگى قويۇلدى. غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە، چىن سۇلالىسىنىڭ ئەدلىيە تۈزۈمى ئاساس قىلىندى ھەمدە ئوردا تەپتىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان تەپتىش بېگى مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، شىمالىي چى بەگلىكىدە ئالىي سوت ئورگىنى سۈپىتىدە باش ئەدلىيە دىۋانى تەسىس قىلىندى. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە ئەدلىيە مەمۇرىيىتىنى قوشۇمچە سوت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان جازا پىرقىسى تەسىس قىلىندى. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە، مەركىزىي ئەدلىيە ئورگىنى باش ئەدلىيە دىۋانى، جازا پىرقىسى ۋە تەپتىش بېگى مەھكىمىسى (مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە باش تەپتىش مەھكىمىسى) دىن ئىبارەت بولدى، ئۇلار قىسقارتىلىپ ئۈچ مەھكىمە دەپ ئاتالدى. باش ئەدلىيە دىۋانى مەركىزىي ئالىي سوت ئورگىنى بولۇپ، مەركەز دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ جىنايەت دېلولىرى ۋە پايتەخت پۇقرالىرىنىڭ قاماق جازاسىدىن يۇقىرى جازا بېرىلىدىغان دېلولىرىنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولدى. ئۇ يەنە جازا پىرقىسى يوللىغان يەرلىكنىڭ ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى قايتا قاراپ چىقىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. جازا پىرقىسى ئەدلىيە مەمۇرىيىتىنى باشقۇردى ھەمدە باش ئەدلىيە دىۋانى سوراق قىلىشقا، قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان دېلولارنى ۋە مەملىكەت بويىچە ئايماق، ناھىيىلەردە قاماق جازاسىدىن يۇقىرى جازا بېرىلگەن دېلولارنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى. تەپتىش بېگى مەھكىمىسى مەركىزىي رېۋىزىيە ئورگىنى بولۇپ، باش ئەدلىيە دىۋانى بىلەن جازا پىرقىسىنىڭ ئەدلىيە - سوت پائالىيىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولدى ھەمدە چوڭ، چىگىش دېلولارنى سوت قىلىشقا قاتناشتى. ئۈچ مەھكىمە ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇردى. پەۋقۇلئاددە، چوڭ دېلولارغا يولۇققاندا، ئۈچ مەھكىمە بىرلىكتە قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئاخىرىدا خان ئۆزى كېسىم قىلدى. ئۆلۈم جازاسى دېلولىرى خانغا ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىم يوللىنىپ، ئىجازەت ئېلىنغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىندى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بەش دەرىجىلىك سوت قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرگە دەررىلەش، كالتەكلەش، قاماق جازاسى بېرىش، سۈرگۈن قىلىش، ئۆلۈم جازاسى بېرىش قاتارلىق بەش تۈرلۈك جازا قوللىنىلدى. «ئون قەبىھ جىنايەت» ئۆتكۈزگەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىلدى؛ خان جەمەتىدىكى ئېسىلزادىلەر جازا كېمەيتىش ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا، چىڭ ئوردىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دېموكراتىيە تەلىپى ۋە چىڭ سۇلالىسىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن دولقۇن تۈپەيلى، ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشقا ۋە قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇەنتۇڭ 3 - يىلى (1911- يىلى) غىچە «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى جىنايەت قانۇنى»نى ئېلان قىلدى، «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى لايىھىسى»، «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ سودا قانۇنى لايىھىسى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى لايىھىسى»، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى لايىھىسى»نى تۈزدى. بۇ قانۇنلار جۇڭگونىڭ قانۇن چىقىرىش تارىخىدىكى «ھەق تەلەپ قانۇنى بىلەن جىنايى ئىشلار قانۇنى ئايرىۋېتىلمەي، كۆپ قانۇن بىر گەۋدە قىلىنغان» ئەنئەنىۋى تۈزۈلمىنى تۇنجى قېتىم ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، پارچىلاپ ئۆلتۈرۈش، كاللىسىنى كېسىپ ئېسىپ سازايە قىلىش، جەسىتىنى چاناش، يۈزىگە خەت چېكىشكە ئوخشاش قەبىھ جىنايى جازالار بىكار قىلىندى. جەرىمانە قويۇش، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش، مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسى قاتارلىقلار دەررىلەش، كالتەكلەش، قاماش، سۈرگۈن قىلىش، ئۆلۈم جازاسى بېرىشتىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك جازانىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. ئەدلىيە تۈزۈمى جەھەتتە، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى جازا پىرقىسىنى قانۇن پىرقىسىغا ئۆزگەرتتى، قانۇن پىرقىسى سوت ئىشىنى قوشۇمچە باشقۇرماي، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىيىتىنى تۇتىدىغان بولدى. باش ئەدلىيە دىۋانىنى باش سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئالىي سوت ئورگىنى قىلدى؛ شۇەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) «سوت مەھكىمىلىرىنىڭ شتات قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ، مەملىكەت بويىچە تۆت دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلىش بەلگىلەندى. مەركەزدە باش سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، يەرلىكتىكى ئايماق، مەھكىمە، ئۆلكىلەردە باشلانغۇچ سوت نازارىتى، يەرلىك سوت نازارىتى، يۇقىرى سوت نازارىتى دەپ ئۈچ دەرىجىلىك سوت نازارىتى تەسىس قىلىندى. يەرلىكتىن مەركەزگىچە تۆت دەرىجە - ئۈچ سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىغان بولدى. بۇ ئىسلاھاتلار تېخى يولغا قويۇلۇشقا ئۈلگۈرمەيلا، چىڭ خاندانلىقى شىنخەي ئىنقىلابى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى.

چيەنلۇڭ خان غەربىي يۇرتنى تىنچىتقاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك رايون ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى باشقۇرۇشتا ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈمى، جاساق تۈزۈمى ۋە بەگلىك تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئىلىدا جياڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. ئىلى جياڭجۈنى ئۆز تەۋەلىكى ئىچىدە ئارمىيە، ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى تۇتتى، قوشۇمچە ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇردى. موڭغۇل، قازاق، قىرغىز مىللەتلىرى ۋاڭ - بەگلەر، قەبىلە ئاقساقاللىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇل- دى. جىنايەتچىلەرنى جازالاشتا قەبىلىنىڭ ئادەت قانۇنى بويىچە ئىش كۆرۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلار رايونى ھاكىم بەگ تەرىپىدىن ئىدارە قىلىندى. سوت ئىشلىرى ئىسلام دىنى شەرىئىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. زىندان ئىشلىتىلدى، دۈمبىسىگە قامچىلاش، قولىنى كېسىشكە ئوخشاش جازالار قوللىنىلدى.

گۇاڭشۇ 10 - يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلدى، ئۆلكە قارمىقىدا ۋىلايەت، مەھكىمە، ۋازارەت، ئايماق، ناھىيىلەر تەسىس قىلىندى. چىڭ خاندانلىقىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار بىلەن ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇپ باشقۇرۇش تۈزۈمىگە ئاساسەن، ئۈرۈمچى - باركۆل ۋىلايىتى تەپتىش يامۇلىنى قوشۇمچە باشقۇردى، شىنجاڭ بويىچە جىنايى ئىشلار ھەق - تەلەپ دېلولىرى بىر تۇتاش تەكشۈرۈلدى. ۋالىي، ئايماق بېگى، ئامباللار قوشۇمچە ئەدلىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. ئىلىغا جياڭجۈن قويۇلدى، ئۇ پەقەت ئىلى، تارباغاتاي چېگرا مۇداپىئەسىگىلا مەسئۇل

بولدى، مەمۇرىي ھوقۇق بىلەن ئەدلىيە ھوقۇقىنى تۇتمىدى.
گواڭشۇنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شىنجاڭدا يۇقىرى سوت نازارىتى، ئۈرۈمچى يەرلىك سوت نازارىتى، ئۈرۈمچى باشلانغۇچ سوت نازارىتى قۇرۇلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا تەرىپىدىن بىكار قىلىنىپ، جىنايى ئىشلار دەۋالىرىنى يەنىلا ئامباللار سورايدىغان بولدى.

## 2

1911 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابى چىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن 2000 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا خاتىمە بېرىلدى. جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، «جۇڭخۇا مىنگونىڭ ۋاقىتلىق قانۇنى» ئېلان قىلىندى. دۆلەت ئاپپاراتىدا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، مەمۇرىيەت ھوقۇقى، ئەدلىيە ھوقۇقىدىن ئىبارەت «ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىش» تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. سوت ھوقۇقىنى سوت مەھكىمىسى يۈرگۈزىدىغان بولدى، سودىيىلەر مۇستەقىل سوت قىلىش، سوت مەھكىمىسى ئۈچ۫ۇق سوت قىلىش ۋە سودىيىلەر باقمىدىلىك تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈملەر ئورنىتىلدى. ئەدلىيىنى ئىسلاھ قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ قىيناپ سورا قىلىش ۋە تەن جازاسى بېرىش بىكار قىلىندى؛ سوت قىلىشتا دەلىل-ئىسپاتنى ئاساس قىلىش، ئىغىز ئىقرارىغا ئىغىپ كەتمەسلىك تەكىتلەندى. دەۋا ۋە سوت تۈزۈمى جەھەتتە، تۆت دەرىجە - ئۈچ سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش تۈزۈمى بەلگىلەندى ھەمدە زاسىداتىللىق تۈزۈمى ۋە ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش تەشەببۇس قىلىندى. بىراق بۇ تەشەببۇسلار ۋە تەدبىرلەر يۈەن شىكەينىڭ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مېۋىسىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغانلىقى تۈپەيلى ئەمەلگە ئاشماي قالدى. مىنگونىڭ 16 - يىلى (1927 - يىلى) جياڭ جېيشى نەنجىڭدا قۇرغان مىللىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي مەھكىمە، قانۇن چىقىرىش مەھكىمىسى، ئەدلىيە مەھكىمىسى، ئىمتىھان مەھكىمىسى، رېۋىزىيە مەھكىمىسىدىن ئىبارەت بەش مەھكىمىدىن تەركىب تاپتى. ئەدلىيە مەھكىمىسى مەملىكەتلىك ئالىي ئەدلىيە ئورگىنى بولدى. مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928-يىلى) دىن كېيىنكى ئون يىلدا «سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «ھەق تەلەپ قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» قاتارلىق تۈپ قانۇنلار ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. مەملىكەت بويىچە يەرلىك سوت مەھكىمە-سى (ناھىيە ۋە شەھەرلەردە تەسىس قىلىندى)، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى (ئۆلكە ياكى ئالاھىدە رايونلاردا تەسىس قىلىندى) ۋە ئالىي سوت مەھكىمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۈچ دەرىجە - ئۈچ سوت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. مىنگونىڭ 37-يىلى (1948 - يىلى) خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، يەنە «مالىمانچىلىقنى تۈزەش» كە قارشى تۇرغانلارنى ۋە بارلىق ئىنقىلابچىلارنى مەخسۇس سوتلاپ، ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھەتتا ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك سوت يامۇلى ئەدلىيە مەھكىمىسى، ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسى دېگەنلەرگە ئۆزگەرتىلدى. ناھىيە، ئايماقلاردا يەنىلا كونا تۈزۈم قوللىنىلىپ، ئەدلىيىنى ئامبال قوشۇمچە باشقۇردى. دېلولارنى سوت قىلىشتا، ھەق تەلەپ دېلولىرىدا دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ماقۇللۇقى دېلونى ئاياغلاشتۇرۇشنىڭ شەرتى قىلىندى؛

جىنايى ئىشلار دېلولىرىدا، دەسلەپكى ھۆكۈمنامە ئۆلكىلىك ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشىگە يوللاندى، قايتا ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىن دېلو بېكىتىلدى. مىنگونىڭ 14 - يىلى (1925 - يىلى) شىنجاڭ ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسى ئۆز ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئەدلىيە نازارىتى، يۇقىرى سوت نازارىتى تەسىس قىلىندى، كېيىن ئەدلىيە نازارىتى دېگەن نام ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مىنگونىڭ 18 - يىلى (1929 - يىلى) ئەدلىيە نازارىتى يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرىدىغان بولدى. مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) دىن باشلاپ 13 يەرلىك سوت مەھكىمىسى، 8 ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، ئەدلىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. باشقا جايلاردا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە بىر تەرەپ قىلدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) نىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلەردىكى ئەدلىيە باشقارمىلىرى يەرلىك سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) كۇچا بىلەن قەشقەردە يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتتى، بۇ چاغدا شىنجاڭدا ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىدىن ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىككى شۆبىسى، 21 يەرلىك سوت مەھكىمىسى بولۇپ جەمئىي 24 سوت مەھكىمىسى بار ئىدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ كادىرلار ئىشلىرى ۋە دېلو بېجىرىش خىزمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغالغاندىن كېيىن، يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولمىدى). يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدە خىزمەتچى ۋە قارا خىزمەتچىدىن 143 كىشى، يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسىدە 43 كىشى، كۇچا شۆبىسىدە 36 كىشى، 18 يەرلىك سوت مەھكىمىسى ۋە سولاقخانىلاردا 1079 كىشى، جەمئىي 1301 كىشى ئىشلىدى.

مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) شىنجاڭدا ئالاھىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلۇپ، 1945 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قازاندى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا خەلقنىڭ غەزىپى تېشىپ كەينى - كەينىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى يۇقىرى بېسىملىق سىياسەت قوللىنىپ، ئىنقىلابىي ئاممىغا غالجىرانە زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۆزلىرىنى ھالاكەت تەقدىرىدىن ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە، ئاتالمىش «ئالاھىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى نىزامى»نى تۈزۈپ چىقتى. شىنجاڭدا ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەردە يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاھىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلۇپ، ئاتالمىش «مالىمانچىلىقنى تۈزەش مەزگىلىدە دۆلەتكە خەۋپ يەتكۈزگەنلەرنى جەددىي جازالاش نىزامى»دا بەلگىلەنگەن دېلولارنى قاراپ چىقىشقا مەسئۇل بولدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 5 - ئايدا گومىنداڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتىن قېچىش ئالدىدا «ئالاھىدە جىنايى ئىشلار كوللېگىيىسى نىزامى»نى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. شىنجاڭ ئۆلكىسىمۇ ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاھىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

مىنگو دەۋرىدە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك نازارەتچىلىك قىلىدىغان رەھبەرلىك ئورگىنى ئىدى، ئۇنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مۇنداق ئىدى: يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە باش تەپتىش شۇ سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەم ناھىيىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ سوت خىزمىتى ۋە تەپتىش خىزمىتىنى شۇنىڭدەك خىزمەتچىلەرنى سىناش، ئەدلىيە

ساقچىلىرىنى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ئىشلىرى، تۈرمە - سولاقخانا خىزمىتى قاتارلىق ئەدلىيە ئىشلىرىنى نازارەت قىلدى. يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى ۋە ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىلىرى ئۆزى تۈرۈشلۈق ناھىيىلەرنىڭ ئەدلىيە - سوت ئىشلىرىنى باشقۇرغاندىن سىرت، ئادەتتە يەنە ئىككىدىن ئۈچكىچە ناھىيىنىڭ ئەدلىيە - سوت ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى، ئەدلىيە - سوت ئىشلىرى قوشۇمچە باشقۇرۇلغان ناھىيىلەردە ئەدلىيە - سوت ھوقۇقى يوق ئىدى. ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر ئەدلىيە - سوت ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. شىنجاڭدىكى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى، ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىلىرى ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر تەۋەلىكىدىكى ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى ۋە ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. زەھەر چېكىش، خىيانەتچىلىك، باندىتلىققا يانتىدىغان دېلولار «ئالاھىدە جىنايى ئىشلار دېلولىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئالاھىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىندى. 1949 - يىلى ئالاھىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، زەھەر چېكىش، خىيانەتچىلىك دېلولىرىنى بىر مەزگىل ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابى ياكى ۋالىي مەھكىمە ۋە ھەربىي سوتنى قوشۇمچە تۇتقان ھاكىملار قاراپ چىقتى.

1944 - يىلى كۈزدە شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئىلگىرى - كېيىن ئىنقىلاب پارتلاپ، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. 11 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى (تۆۋەندە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى دەپ قىسقارتىپ ئېلىنىدى). 1945- يىل 4 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەتلىك ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتى ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى ھەمدە جىنايى ئىشلارغا ۋە ھەق تەلەپكە دائىر قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقتى. ئەينى چاغدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەدلىيىسى مۇستەقىل بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن تەۋەلىك مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، ئىلى مەمۇرىي مەھكىمە ھەمدە ئىلى مەمۇرىي مەھكىمە سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. كېيىن ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى ناھىيىلەردە ئارقا - ئارقىدىن سوت ئورگانلىرى قۇرۇلدى. ئىلى مەمۇرىي مەھكىمە سوت مەھكىمىسىدە جىنايى ئىشلار بۆلۈمى، ھەق تەلەپ بۆلۈمى، كاتىبات بۆلۈمى، ئىجرا بۆلۈمى ۋە سوت ھەيئىتى تەسىس قىلىندى. كۆندىلىك ئادەتتىكى دېلولارنى سوتچىلار ۋە خەلق زاسېداتېللىرى بېجىردى. ئەدلىيە سوت خادىملىرى دېلولارنى سوت قىلىشتا، زاسېداتېللىق، ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ۋە نارازىلىق ئەرز بېرىشكە ئوخشاش تۈزۈملەرنى يولغا قويدى. ئۆلۈم جازاسى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىندى. ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ئەدلىيە كادىرلار ئىشلىرى ۋە جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرى تاكى شىنجاڭنىڭ ئازاتلىق ھارپىسىغىچە، ئەمەلىيەتتە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئۆز جايىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولدى.

## 3

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ 1985 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە - سوت ئىشلىرى ئومۇمەن تۆۋەندىكى بەش باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى.

1. 1950 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە بولغان تۆت يىلدا بەرپا قىلىش ئىشى تۇتۇلدى. 1949-
يىل 12 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمى ھەربىي ۋەكىل
ئەۋەتىپ، شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى.
1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى.
ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى، ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى،
كاتىبات باشقارمىسى ۋە خوجىلىق بۆلۈمى، كاتىبات بۆلۈمى، تۈرمە باشقۇرۇش بۆلۈمى قاتارلىقلار
تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرىمۇ كەينى - كەينىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ
ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، خەلق سوت مەھكىمىلىرى قۇرۇلدى.
1952 - يىلى شىنجاڭدا بىر ئۆلكىلىك سوت مەسوت مەھكىمىسى، 9 ۋىلايەتلىك سوت
مەھكىمىسى، بىر شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى، 77 ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى جەمئىي 88
سوت مەھكىمىسى بار بولدى. تۈرمە - سولاقخانىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئورگانلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.
1951 - يىل 9 - ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ
ۋاقىتلىق تەشكىلىي نىزامى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە يولغا
قويۇلۇپ كەلگەن ئۈچ دەرىجە - ئۈچ سوت تۈزۈمى ئاساسىي جەھەتتىن ئۈچ دەرىجە - ئىككى
سوت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى 1 - سوت قىلىدىغان
ئاساسىي سوت مەھكىمىسى بولدى، ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى 2 - سوت قىلىدىغان
ئاساسىي سوت مەھكىمىسى بولدى، ئومۇمەن سوت ئىككى سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلىدىغان،
ئالاھىدە ئەھۋالدا ئۈچ سوت بىلەن ياكى بىر سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلىدىغان بولدى. خەلق سوت
مەھكىمىلىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى مۇنداق بولدى: تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق
سوت مەھكىمىلىرى سوت خىزمىتىدە يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىكى
ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلدى، ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ
دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
كومىتېتلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلدى.
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك
سوت ئورگانلىرى يېڭى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش
ئۈچۈن، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە سوت فۇنكسىيىسىدىن پايدىلىنىپ، باندىتلار، زومىگەرلەر، ئىشپىيون - جاسۇسلار، ئەكسىيەتچى پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ تايانچلىرى،
ئەكسىيەتچى خۇيداۋمېن تەشكىلاتلىرىنىڭ كاتىباشلىرىغا ئوخشاش ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارغا
مەركەزلىك زەربە بەردى. 1950 — 1952 - يىلغىچە ئۆلكە بويىچە 1603 ئەكسىلئىنقىلابىي
دېلو سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلۇپ، جىنايەتنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى، خەلق غەزىپىنىڭ كۈچلۈك-
ئاجىزلىقىغا ۋە ئىقرار قىلىش، خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراپ پەرقلىق
بىر تەرەپ قىلىندى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى قاتمۇ قات قان قەرزگە بوغۇلغان، جىنايىتىدىن قول
ئۈزمىگەن، ئۆلتۈرۈلمىسە خەلقنىڭ غەزىپى بېسىلمايدىغان ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارغا، ئالاي-
لۇق، قوراللىق توپىلاڭچى باندىتلارنىڭ كاتتىبېشى ئوسمان، ج.ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
ئەزاسى چېن تيەنچيۇ، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى
ئۆلتۈرگەن ئاساسلىق قاتىل لى يىڭچى، فۇ باۋلىيەن قاتارلىقلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.
دېموكراتىك ئىسلاھات ھەرىكىتىدە، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زورمىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش

سوت كوللېگىيىسىدىن 77سى قۇرۇلۇپ (يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە يەر ئىسلاھاتى سوت كوللېگىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى)، زومىگەرلەر، قانۇنسىز پومېشچىكلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي دېلوسىدىن 3250ى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ سوت خىزمىتى يېڭى ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، كونا تۈزۈم ۋە كونا كۈچلەرنى پاچاقلاپ تاشلاش، دېموكراتىك ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى. 1952 ـ يىلدىكى «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتىدە ئۆلكىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» خەلق سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلۇپ، زور تۈركۈمدىكى خىيانەتچىلىك دېلولىرى سوت قىلىنىپ، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنىڭ غەلىبىلىك تاماملىنىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. بۇ مەزگىلدە، ھەق تەلەپ ساھەسىدە نىكاھ، قەرزدارلىق، يەر، مىراس قاتارلىقلارغا دائىر نۇرغۇن دېلو بىر تەرەپ قىلىنىپ، خەلقنىڭ نىكاھ ئەركىنلىك ھوقۇقى ۋە مال - مۈلۈك قانۇنىي ھوقۇقى قوغدالدى.

2. 1954 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە بولغان ئۈچ يىل تەرەققىياتتا ئېرىشكەن ئۈچ يىل بولدى. 1954 ـ يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ئېلان قىلىندى. 1955 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. ئارقىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى دەپ ئاتالدى) ھەمدە شۆبە سوت مەھكىمىسى ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىن 14ى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك (رايونلۇق) خەلق سوت مەھكىمىسىدىن 85ى قۇرۇلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوتنى تۆت دەرىجە ـ ئىككى سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش تۈزۈمى، ئۆلۈم جازاسىنى قايتا قاراپ چىقىش تۈزۈمى (قاماق جازاسىنى قايتا قاراپ چىقىش تۈزۈمى 1955 ـ يىلدىن ئېتىبارەن بىكار قىلىندى)، ئوچۇق سوت قىلىش تۈزۈمى، شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە تەكشۈرۈش، شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە سوت قىلىش ۋە سەييارە سوت قىلىش تۈزۈمى، خەلق زاسىداتېللىرى تۈزۈمى، كېڭەشمە سوت تۈزۈمى، ئاقلاش تۈزۈمى قاتارلىق سوت تۈزۈملىرىنى پەيدىنپەي ئىزچىل ئىجرا قىلدى. پاكىتنى ئاساس قىلىش، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش، بارلىق پۇقراغا قانۇننى باراۋەر تەتبىقلاش، مۇرەسسەگە ئەھمىيەت بېرىش، سەييارە قاراپ چىقىش، شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە دېلو بېجىرىش، مىللىي تىل ـ يېزىقنى قوللىنىپ دەۋا پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق پرىنسىپلار تۇرغۇزۇلدى.

1955 ـ يىلى قانات يايدۇرۇلغان جەمئىيەتتىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ۋە ئورگانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارنى تازىلاش ھەرىكىتىدە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت خىزمىتىنىڭ تىغ ئۇچىنى ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارغا ۋە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاراتتى. ئەدلىيە ستاتىستىكىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1955 ـ، 1956 ـ يىللىرى شىنجاڭ بويىچە 800دىن ئارتۇق ئەكسىلئىنقىلابىي دېلو سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلۇپ، قان قەرزىگە بوغۇلغان، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان، خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولغان بىر تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلابىي كاتىباشلارغا قانۇن بويىچە قاتتىق

جازا بېرىلدى. بىر يىل ئىچىدە، ئامما پاش قىلغان ئەكسىلئىنقىلابچى ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ ماتېرىيالى 20 مىڭ پارچىدىن ئاشتى، تۈرلۈك جىنايەتچىدىن 1400دىن ئارتۇقى ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ مەسىلىسىنى ئىقرار قىلدى، بۇنىڭ بىلەن دۈشمەن كۈچلىرى ئىچكى قىسمىدىن يەنىمۇ پارچىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زور مىقداردىكى نىكاھ دېلولىرى ۋە مال - مۈلۈك، ھوقۇق - مەنپەئەت ماجىرالىرى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ، نىكاھ قانۇنى ۋە شىنجاڭدا نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى كاپالەتلەندۈرۈلدى، ئىجتىمائىي تەرتىپ مۇقىملاشتۇرۇلدى.

3. 1957 - يىلدىن 1966 - يىل 5 - ئايغىچە بولغان 10 يىل ئەگرى - توقايلىق ئىچىدە ئىلگىرىلىگەن 10 يىل بولدى.

1957 - يىلى ئوڭچىلارغا قارشى تۈرۈش كۈرىشى كېڭەيتىۋېتىلگەنلىكتىن، سوت خىزمىتى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى، سوت كۈچىمۇ ئاجىزلاشتى. 1958 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»نىڭ تەسىرىدە ئەدلىيە سېپىدە ئەكسىلئىنقىلابچىلار، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى قالمىدى دەيدىغان سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك شوئار ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى بىرلىشىپ ئىش بېجىردى. دېلو بېجىرىشتە «بىر باشلىق ئۈچ باشلىقنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش» (جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، باش تەپتىش، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ئۈچ باشلىقتىن بىرى قالغان ئىككىسىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزۈش)، «بىر خادىم ئۈچ خادىمنىڭ ئىشىنى قىلىش» (تېرگاۋچى، تەپتىش، سوتچى بىر - بىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ئۆزئارا ۋاكالىتەن يۈرگۈزۈش) دېگەنلەر يولغا قويۇلدى. 1959 - يىلى يەنە «سوت ئىشى بولغاندا سوت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش، سوت ئىشى بولمىغاندا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئەدلىيە سېپىدە خادىملارنىڭ كۆڭلى چېچىلىپ كەتتى، تۈزۈملەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، دېلو بېجىرىش سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. «سولچىل» خاتالىقنىڭ تەسىرىدە بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار پەيدا قىلىندى. بۇ دېلولار كېيىن تۈزىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاچچىق ساۋاقلارنى قالدۇردى.

1958 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ۋاقىتلىق ئايرىش توغرىسىدا قارار» تۈزۈپ چىقتى، ئۇنىڭدا دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى مۇنداق بېكىتىلدى: ئومۇمەن جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىن خەتەرلىك، زىيىنى چوڭ، تەسىر دائىرىسى كەڭ، ئەھۋال مۇرەككەپ بولغان چېگىش - قىيىن دېلولارنى ۋە ھاكىمدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ، تەپتىش، سوتچىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچىلار، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، مەشھۇر زاتلار، ھەقىقەتكە قايتقان ئوفىتسېرلارنىڭ دېلولىرىنى دەرىجىسىگە قاراپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى 1 - سوتتا بىر تەرەپ قىلىدۇ، قالغانلىرىنى ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

1959 - يىلى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتا ئۇلۇغ غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. قاماقتىكى جىنايەتچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆزگەردى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مەملىكەتلىك خەلق

قۇرۇلتىيىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ھەقىقەتەن يامان يولدىن قايتىپ، توغرا يولغا ماڭغان سابىق جياڭ جېيشى گورۇھىنىڭ ۋە قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى، ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتچىلەر ۋە ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىندى. شىنجاڭدا جەمئىي 2508 كىشى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىندى.

1962 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىلى، تارباغاتاي رايونلىرىدا ئورغۇنلىغان چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ چەت ئەلگە قېچىش ۋەقەسى يۈز بەردى. شىنجاڭدىكى ئالاقىدار سوت مەھكىمىلىرى پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىگە ۋە قانۇنغا ئاساسەن، كۆپلىگەن جىنايى ئىشلار ۋە ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدىدى.

60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سوت ئورگانلىرى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ يولىيورۇقىنىڭ روھى بويىچە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىستىلىنى زور دەرىجىدە ئەۋج ئالدۇرۇپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»تىن بۇيان سوت خىزمىتىدە كېلىپ چىققان «سول» چىل خاتالىقلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن تۈزىتىپ، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا بەلگىلىمە»سىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، دېلولارنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تۈزۈم ۋە تەرتىپ بويىچە بېجىرىشنى پەيدىنپەي ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دېلو بېجىرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

1965 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ شتاتى 858گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ شتاتى 55.

4. 1966 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1976 ـ يىلغىچە خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ۋە يەنە قەدەممۇ قەدەم ئەسلىگە كەلگەن 10 يىل بولدى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، سوت ئورگانلىرى ئېغىر دەرىجىدە زەربىگە ئۇچرىدى. 1968 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى. دۆلەتنىڭ سوت ھوقۇقىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىدىكى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتلىرى يۈرگۈزدى. سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىرلىرى «كۈرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتىگە قاتناشتۇرۇلدى ياكى كادىرلار مەكتەپلىرىگە ئەمگەككە ئەۋەتىلدى. ئۈنۈملۈك بولغان بەزى سوت تەرتىپلىرى ۋە تۈزۈملىرى بۇزۇپ تاشلاندى ياكى بىكار قىلىندى. «سول» چىل خاتالىقنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سۈبيېكتىپ پەرەز بويىچە جىنايەت بېكىتىدىغان ئەھۋال ئەدەپ كەتتى. ھۆكۈم قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغان ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولار ئىچىدە نۇرغۇن ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار كۆرۈلدى. ئۇلار پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاندىن كەينى ـ كەينىدىن ئاقلاندى ۋە تۈزىتىلدى.

1973 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشكە باشلىدى. يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ شتاتى 60 قىلىپ بېكىتىلدى. ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ كادىرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قايتۇرۇپ كېلىندى. 1975 ـ يىلى ۋە 1982 ـ يىلى مەركەزنىڭ قارارىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا سابىق گومىنداڭنىڭ قاماقتىكى ناھىيە، تۇەندىن يۇقىرى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرى ۋە جاسۇسلىرى كەڭچىلىك بىلەن قويۇپ بېرىلدى ھەمدە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ ئىككى قېتىملىق كەڭچىلىك بىلەن قويۇپ بېرىش ئىشى پەۋقۇلئاددە كەچۈرۈم قىلىش خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، مەملىكەت ئىچى

ۋە سىرتىدا ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

5. 1977 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ سوت ئىشلىرى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلانغان يېڭى مەزگىل بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ خىزمىتى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ئاساسىدا تېز راۋاجلاندى. 1978 - يىل 11 - ئاينىڭ 4 — 12 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى شىنجاڭ بويىچە 7 - قېتىملىق ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 8 - قېتىملىق خەلق ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە سېپىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھلىرىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق سالغان جىنايەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلدى ۋە تەنقىد قىلدى، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ يېڭى دەۋردىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا ئېچىلغان 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا يالغان دېلولارنى ئاقلاش، خاتا دېلولارنى تۈزىتىش، ناھەق دېلولارنى ئاقلاش قارار قىلىندى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئۆز جايىدىكى پارتكوملار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە نازارىتىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، خاتالىق بولسىلا چوقۇم تۈزىتىش پرىنسىپى بويىچە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بىرتەرەپ قىلىنغان تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئالدى - كەينىدە بىرتەرەپ قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىن قايتا ئىلتىماس قىلىنغانلىرىنى ئومۇميۈزلۈك قايتا تەكشۈرۈپ چىقتى. قايتا تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بىرتەرەپ قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىن گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلىپ ئاقلانغانلىرى ياكى ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلىپ جازاسى كېمەيتىلگەنلىرى قايتا قاراپ چىقىلغان دېلو ئومۇمىي سانىنىڭ 30%نى ئىگىلىدى. نەتىجىدە ئۆۋال قىلىنغانلار ئاقلاندى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ كۈچەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، سوت مەھكىمىسى كادىر - ساقچىلىرى قوشۇنى كۆرۈنەرلىك زورايدى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىر - ساقچىسى 228گە يېتىپ، 1965 - يىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىدىكى كادىر - ساقچى 5273كە يېتىپ، 1965 - يىلدىكىدىن 5 ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىچكى ئاپپاراتلىرى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپەيتىلدى. جىنايى ئىشلار 1 - سوت كوللېگىيىسى، جىنايى ئىشلار 2 - سوت كوللېگىيىسى، ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى، ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى، تەتقىقات ئىشخانىسى، كادىرلار باشقارمىسى، ئىشخانا، ئەدلىيە مەمۇرىيىتى باشقارمىسى ۋە مەملىكەتلىك سوت مەھكىمە كادىرلىرى ئىشتىن سىرتقى قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، ئورگان پارتكومى قاتارلىق ئون باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن ۋە ۋاقىتلىق تەزكىرە ئىشخانىسى (سوت تەزكىرىسى تەھرىر ئىشخانىسى) تەسىس قىلىندى.

1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەرلىك سوت مەھكىمىسىدىن 109ى، بىڭتۇەننىڭ ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىدىن 36سى، تۆمۈر يول سوت مەھكىمىسىدىن 3ى بار بولدى.

1979 — 1985 - يىلغىچە دۆلىتىمىزدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرى-

يېتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى؛ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)» ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىراسخورلۇق قانۇنى» ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» قاتارلىق بىر قانچە نىگىزلىك قانۇن ۋە يەككە قانۇن - نىزاملار تۈزۈپ چىقىلىپ، دېلولارنى سوت قىلىشتا ئاساسلىنىدىغان قانۇن بار بولدى.

1979 - يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتى مەملىكەت بويىچە شەھەرلەرنىڭ ئامانلىق خىزمىتى يىغىنىنى ئېچىپ، ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئوت قويغان، بۇلاڭچىلىق قىلغان، باسقۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەر ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى، تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغان باشقا جىنايەتچىلەرگە قانۇن بويىچە «ئېغىر، تېز» زەربە بېرىش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1983 - يىل 8 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. شۇ يىلى 9 - ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاپ، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى ئېغىرلىتىپ جازالاشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت ئورگانلىرى يۇقىرىدىكى قارارلارغا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش ئورگانلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆزئارا ماسلىشىش، بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇرۇش رولىنى جارىي قىلدۇرۇپ، ئىش تەقسىم قىلىشىپ مەسئۇل بولۇش، ھەر قايىسىش قىلىپ، كۆچنى توپلاپ جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشىگە ئاتلاندى. ئۈچ يىللىق «قاتتىق زەربە بېرىش» نەتىجىسىدە، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە تەرتىپى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

1980 - يىلدىن كېيىن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، جىنايەتچىلەر بەزىبىر تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەل بولۇپ كەتمىگەنلىكى ياكى يۈرۈشلەشكەن تەدبىرلەرنىڭ كەمچىل بولۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. خىيانەتچىلىك، پارا بېرىش ۋە پارا ئېلىش، ھاياڭكەشلىك دېلولىرى ۋە دەسمايىسىز شىركەتلەر ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق قىلىدىغان دېلولار ھەدەپ كۆپىيىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى ۋە ئوبوروت ساھەسىنىڭ نورمال تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. 1982 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش ئۈچۈن، «ئىقتىسادقا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى. 4 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى يۇقىرىقى فاڭجېن - قارارلارنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي جىنايەتكە ياتىدىغان چوڭ، مۇھىم دېلولارنى سوت قىلىش ئىشىنى چىڭ تۇتۇپ، كاشىلىلارنى تۈگىتىپ، قانۇنىي ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

80 ـ يىللاردا ھەق تەلەپ، ئىقتىسادىي دېلولاردا يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلدى. نىكاھ دېلولىرىنىڭ مۇتلەق سانى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپىيىپ تۇرلۇك ھەق تەلەپ دېلولىرىدا ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى، بىراق مال ـ مۈلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتكە دائىر دېلولار زور مىقداردا كۆپەيگەنلىكتىن، نىكاھ دېلولىرىنىڭ نىسبىتى روشەن تۆۋەنلىدى. 1977 ـ يىلى نىكاھ دېلولىرى ھەق تەلەپ دېلولىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %57.83نى ئىگىلىگەن بولسا، 1985 ـ يىلى %60.54نى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى دېلولىرى كۆپلەپ يۈز بېرىپ، پۇقرالار ياكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ قانۇنىي مال ـ مۈلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئېغىر دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچراپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تەسىر يەتكۈزدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھەق تەلەپكە ۋە ئىقتىسادقا دائىر قانۇنلارغا ۋە ئالاقىدار سىياسەتلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ھەق تەلەپ ۋە ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى قاراپ چىقىپ، مۇرەسسە خىزمىتى ۋە ئىدىيۋى خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەپ، خەلق ئىچىدىكى كۆپلىگەن زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇنىي مال ـ مۈلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 37 يىل مابەينىدە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت فۇنكسىيىسىدىن پايدىلىنىپ، 200 مىڭدىن ئارتۇق جىنايى ئىشلار دېلوسىنى، 590 مىڭدىن ئارتۇق ھەق تەلەپ دېلوسىنى، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىنى دەسلەپكى سوت قىلىپ تاماملىدى ھەمدە يەنە ئىككىنچى سوت تەرتىپى ۋە سوت نازارەتچىلىكى تەرتىپى بويىچە، بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى تۈزىتىپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت ئورگانلىرى سوت خىزمىتىدە شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك رايون ئىكەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، «سالماق بولۇش، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇمھۇرىيەت يېڭى قۇرۇلغان مەزگىلدە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا، «ئاز كۆرەش قىلىش»، «ئاز قولغا ئېلىش»، «ئاز ئۆلتۈرۈش» فاڭجېنى ۋە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپىدە چىڭ تۇردى؛ ئالدىراقسانلىق قىلىپ قارىغۇلارچە ئىلگىرىلەش ۋە زەربە بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىش خاھىشىدىن ساقلىنىشقا ئەھمىيەت بەردى؛ كونكرېت سوت خىزمىتىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان جىنايەتچىلەرنىڭ دېلولىرىنى بېجىرگەندە سوتقا شۇ مىللەتتىن بولغان سوتچى خادىملارنى قاتناشتۇردى ۋە رىياسەتچىلىك قىلدۇردى؛ دېلولارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدىن ئىلغار دىنىي زاتلار ۋە يۇقىرى قاتلام دېموكراتىك زاتلارنى زاسىداتېللىققا كۆرسەتتى ياكى قاتناشتۇردى؛ خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت ئىشىنى شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل بىلەن ئېلىپ باردى ھەمدە ھۆكۈمنامە، ئېلان ۋە باشقا ھۆججەتلەرنى شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان يېزىق بىلەن ئېلان قىلدى. سوت خىزمىتىدە مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، جەمئىيەتنىڭ ھىمداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ بىلەن دېلولار ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

سوت ئورگانلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 37 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت ئورگانلىرى يۇكسەك سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە، قانۇنىي قاتتىق ئىجرا قىلىدىغان، كۆپ مىللەت كادىرلىرىدىن تەركىب تاپقان سودىيىلەر قوشۇنى بەرپا قىلىشقا

ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت ئورگانلىرى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، سوت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا لايىق كەلمەيدىغان كونا ئەدلىيە خادىملىرىنى ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى ئارقا - ئارقىدىن يۆتكىۋەتتى ھەمدە قانۇن بويىچە جازالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر تۈركۈم پېشقەدەم ئىنقىلابىي كادىرلار، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلار، قانۇن كەسپى بويىچە ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ئوقۇغۇچىلار بىلەن قوشۇننى قەدەممۇ قەدەم تولۇقلىدى ھەمدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، تۈرلۈك قىسقا مۇددەتلىك كۇرس، مەخسۇس كۇرسلارنى ئېچىپ خادىملارنى تەربىيىلىدى، بەزى خادىملارنى مەركەزدىكى ۋە غەربىي شىمالدىكى سىياسىي قانۇن كادىرلار مەكتەپلىرىگە نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتتى ياكى تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋە مەملىكەتلىك سوت مەھكىمىسى كادىرلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىدە ئوقۇشقا ئۇيۇشتۇردى. ئۈزلۈكسىز تۈردە تەكشۈرۈش، تولۇقلاش، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئارقىسىدا، سوت مەھكىمىسى كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، سان ئاز، سۈپەت تۆۋەن بولۇش ئەھۋالىدا خېلى زور ئۆزگىرىش بولدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتلىق كادىر 3223كە يېتىپ، جەمئىي بار بولغان 4852 كادىرنىڭ %66.4نى ئىگىلىدى، پارتىيە-ئىتتىپاق ئەزاسى 3322 بولۇپ، كادىر ئومۇمىي سانىنىڭ %68.46نى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان سوت خادىملىرىنى قوبۇل قىلىش، تەربىيىلەش خىزمىتىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. 1985 - يىلى شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىسى كادىرلىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كادىر 2396گە يېتىپ، كادىر ئومۇمىي سانىنىڭ %49.4نى ئىگىلىدى.

كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بۇ سودىيەلەر قوشۇنى خەلق ئەدلىيە خىزمىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ساقلاپ ۋە جارىي قىلدۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاممىۋى لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتتىن چىقىش قىلىپ، كاشىلىلارنى تۈگىتىپ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، دۈشمەنلەرنى باستۇرۇپ، جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاپ، خەلقنى، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تېگىشلىك رولىنى جارىي قىلدۇردى.

شىنجاڭنىڭ سوت خىزمىتىدە ئالدىنقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىنىپ، كەلگۈسىگە يول ئېچىلماقتا، شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىسى خادىملىرى تارىخ يۈكلىگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش يولىدا تىرىشىپ كۆرەش قىلماقتا.

# چوڭ ئىشلار

# چوڭ ئىشلار

## گۇاڭشۈ 10 - يىلى (1884 - يىلى)

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇس پىرقىسى شىنجاڭغا بىر باش مۇپەتتىش، بىر پەرمانبەردار قويۇش توغرىسىدا مەلۇماتنامە سۇندى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلدى. ئۆلكە تەۋەسىدە 3 ۋىلايەت، يەنى ئۈرۈمچى - بارىكۆل ۋىلايىتى (قوشۇمچە تەپتىش ئىشلىرى ۋە جازا ئىشلىرىنى باشقۇردى)، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، ۋىلايەت تەۋەسىدە مەھكىمە، ۋازارەت، ئايماق، ناھىيە تەسىس قىلىندى. ئىلىدا ئىلى جياڭجۈنى تۇرۇۋەردى. ئۇ ئىلى، تارباغاتايلارنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنىلا باشقۇردى، مەمۇرىي ۋە ئەدلىيە ھوقۇقلىرىنى تۇتمىدى. تارباغاتايغا بىر ئورۇنباسار باش بوغ قويۇلدى. ليۇ جىنتاڭ شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى بولدى، ئۇ شەنشى - گەنسۇ باش ھەربىي ۋالىيسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، گەنسۇنىڭ پەرمانبەردارى ۋېي گۇاڭتاۋ شىنجاڭنىڭ پەرمانبەردارلىقىغا يۆتكەپ كېلىندى.

## گۇاڭشۈ 33 - يىلى (1907 - يىلى)

شىنجاڭنىڭ تەپتىش بېگى مەھكىمىسى ئەدلىيە مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

## شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى)

2 - ئايدا تەپتىش بېگى رۇڭ پېي شىنجاڭ سىياسىي - قانۇن شۆتاڭى (مەكتىپى) قۇردى.

## شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى)

2 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت نازارىتى، ئۈرۈمچى مەھكىمىسى يەرلىك سوت نازارىتى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك باشلانغۇچ سوت نازارىتى قۇرۇلدى، بۇلارنىڭ قارمىقىدا ھەر دەرىجىلىك تەپتىش نازارىتى ئورۇنلىرى قۇرۇلدى. بۇلار ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا تەرىپىدىن بىكار قىلىنىپ، كونا تۈزۈم ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

3 - ئايدا تەپتىش بېگى رۇڭ پېي بۇيرۇقنى بىنائەن، ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان كەسپىي خىزمەتلەرنى ئۈرۈمچى - بارىكۆل ۋىلايىتىنىڭ قوشۇمچە تەپتىش بېگى ياڭ زېڭشىننىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

## مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى)

1 - ئايدا ئىلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەر ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىلىگىرىكى ئىلى جياڭجۈنى گۇاڭ فۇنى ۋاقىتلىق تۇتۇق قىلىپ سايلىدى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭنىڭ تەپتىش بېگىلىكىنى زۇڭ جىڭشى قوشۇمچە ئۆتىدى، ئۇ 8 - ئايدا ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالىدىغان بولدى.

5 - ئايدا شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى، يۈەن شىكەينىڭ شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىغا قويدى.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى ياڭ زېڭشىن ئىلىدىكىلەر بىلەن كېلىشىپ، 11 ماددىلىق كېلىشىم تۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتى ئىلى تۇتۇقى گۇاڭ فۇنى ئىلىنىڭ چېگرىنى تىنچلاندۇرۇش بېگى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەيىنلەندى. ئۇ يەنىلا شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولدى.

8 - ئايدا شىنجاڭنىڭ تەپتىش بېگىلىكىنى جاڭ شاۋبو ئۆتكۈزۈۋالدى.

12 - ئايدا شىنجاڭ تەپتىش مەھكىمىسى ئەدلىيە مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى، ليۇ چاڭبىڭ مەھكىمە باشلىقى بولدى.

شۇ يىلى شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتى چوڭ كەچۈرۈم جاكارلىدى (ئۆلۈم دېلولىرى، بۇلاڭچىلىق دېلولىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇ قېتىمقى چوڭ كەچۈرۈم 1915 - يىلغىچە داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئارقىلىق جەمئىي 90 كىشى كەچۈرۈم قىلىندى.

شۇ يىلى مىللىي ھۆكۈمەت ئەدلىيە مىنىستىرلىكى مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: پايتەختنىڭ سىرتىدىكى ئەدلىيە تارماقلىرى ھۆكۈم قىلغان ئۆلۈم دېلولىرى ئومۇمەن ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ قانۇن بويىچە تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم قىلىش سەۋەبى بار دەپ قارالغانلىرى مىنىستىرلىك تەرىپىدىن قانۇن بويىچە زۇڭتۇڭنىڭ ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىشىنى ياكى جازانى كېمەيتىشنى ئېلان قىلىشىغا يوللىنىدۇ؛ قانۇننىڭ تەدبىقلىنىشى جەھەتتە ياكى پاكىتىدا خاتالىق كۆرۈلگەنلىرى مىنىستىرلىكنىڭ قانۇن - پەرمانلىرى بويىچە شۇ دېلونى باشقۇرغان تەپتىش ئەمەلدارى ئارقىلىق ئالاھىدە دېلو سۈپىتىدە يۇقىرىغا يوللىنىدۇ ياكى قايتا قاراپ چىقىلىدۇ.

## مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتى مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئالاھىدە مەمۇرىي مەھكىمە - نازارەتلەرگە ئوخشاش تەشكىلىي ئورۇنلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بۇيرۇقىنى تارقاتتى. شىنجاڭ ئەدلىيە مەھكىمىسى ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى، 19 - كۈنى ليۇ چاڭبىڭ شىنجاڭ ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

## مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى)

3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئىلى چېگرىنى تىنچلاندۇرۇش بېگى ئىلى باسقاۋۇلىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا دوتەي قاتارىدا مۇئامىلە قىلىندى، ئۇ بىۋاستە شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتىگە قارىماستىن، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

## مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915 ـ يىلى)

7 ـ ئايدا ئەدلىيە مىنىستىرلىكى چىڭ ھۆكۈمىتى بېكىتكەن ئۆلۈم دېلولىرىنى يۇقىرىغا يوللاش چارىسىدىن پايدىلىنىپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: پايتەختتىكى سوت مەھكىمىلىرى ھۆكۈم قىلغان دېلولار شۇ دەرىجىلىك تەپتىش نازارىتى تەرىپىدىن مىنىستىرلىككە يوللىنىدۇ؛ ئۆلكىدىكى، رايونلۇق سوت نازارەتلىرىنىڭ سوت باشقارمىلىرى ياكى ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىلىرى ھۆكۈم قىلغان دېلولار يۇقىرى تەپتىش نازارىتى، سوت باشقارمىلىرى ياكى تۇتۇقتا يوللاپ تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ. 1916 ـ يىل 7 ـ ئايدا بۇيرۇقتا بىنائەن بۇ چارە بىكار قىلىنىپ دېلولار يەنىلا مىنىستىرلىكنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاندى.

شۇ يىلى جاڭ جىڭدى شىنجاڭ ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

## مىنگونىڭ 5 ـ يىلى (1916 ـ يىلى)

6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقلىقىغا قوشۇمچە ھەربىي ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

شۇ يىلى تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامباللىقى ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلدى، ئۇ شىنجاڭ ھەربىي ۋالىيسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، ۋىلايەت قارىمىقىدا چۆچەك ناھىيىسى (ئىلگىرى ئىلى ۋىلايىتىدىگە تەۋە ئىدى)، دۆربىلجىن ناھىيىسى، شىخۇ ناھىيىسى، ساۋەن ناھىيىسى، قوشتۇلغاي نائىپ ئامباللىقى تەسىس قىلىندى.

## مىنگونىڭ 6 ـ يىلى (1917 ـ يىلى)

شۇ يىلى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭدا سوت نازارىتى قۇرۇش توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈردى. ياڭ زېڭشىن 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سوت نازارىتى قۇرۇشنى ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى.

## مىنگونىڭ 8 ـ يىلى (1919 ـ يىلى)

4 ـ ئايدا ئالتاي رايونى ئالتاي ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە

كىرگۈزۈلدى. 6 ـ ئايدا جۇ ۋۇشۇ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. موڭغۇل قەبىلىلە-رىنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ھەربىي ۋالىيسى بىۋاستە باشقۇردى. ئۇلار يەنىلا ئالتاي ۋالىيسىنىڭ تىزگىنلىشىدە بولدى.

## مىنگونىڭ 14 ـ يىلى (1925 ـ يىلى)

شۇ يىلى شىنجاڭ ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسى ئەدلىيە نازارىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 2 ـ يىلى يۇقىرى سوت نازارىتىگە ئۆزگەرتىلدى. كېيىن يەنە ئەدلىيە نازارىتى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى)

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قايتا تەشكىللەپ، جىن شۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى.

## مىنگونىڭ 18 ـ يىلى (1929 ـ يىلى)

1 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، ئۆلكىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇردى. جاڭ جېڭدى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

8 ـ ئايدا تۇ ۋېنپېي شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

## مىنگونىڭ 21 ـ يىلى (1932 ـ يىلى)

شۇ يىلى نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى جىن شۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

## مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى)

شۇ يىلى شىنجاڭدا «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، جىن شۇرېن قوغلىۋېتىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇبەنلىكىگە، ليۇ ۋېنلوڭنى ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. كېيىن شېڭ شىسەي ليۇ ۋېنلوڭنى ئۆچ قېتىم سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى دېگەن باھانە بىلەن نەزەربەنت قىلدى

ھەمدە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جۇ رۇيشىنى مۇۋەققەت ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى (2 - يىلى جۇ رۇيشى ئۆلدى).

## مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى)

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى لى رۇڭنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى.

## مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى)

شۇ يىلى خۇاڭ خەنجاڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئالاھىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى. كوللېگىيە باشلىقلىقىنى شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يۇۋ قوشۇمچە ئۆتىدى. 1937- يىلى يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى لۇ شياۋزۇ قوشۇمچە كوللېگىيە باشلىقى بولدى. 1943 - يىلى ليۇ شياۋلى مۇۋەققەت كوللېگىيە باشلىقى بولدى. 1945 - يىل 1 - ئايدا ئالاھىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى)

5 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پارىخور ئەمەلدارلارنى جازالاش نىزامى»نى ئېلان قىلدى. بۇ نىزامدا 500 يۈەندىن يۇقىرى خىيانەت قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەندى.

شۇ يىلى لۇ شياۋزۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

## مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى)

10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ليۇ شياۋلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چېكىملىك چەكلەش، چېكىملىك جىنايىتىگە جازا ھۆكۈم قىلىش نىزامىنىڭ تولۇقلىمىسى»نى تۈزۈپ چىقتى.

شۇ يىلى شىنجاڭدا نەشىكەشلىك جىنايىتى چارىسى تۈزۈپ چىقىلدى، چارە بويىچە نەشە ياسىغان، ئېلىپ - ساتقان ياكى توشىغانلارغا بىر يىلدىن يۇقىرى 7 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىغان، قوشۇمچە 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدىغان؛ باشقىلارنى نەشە بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرگە 3 ئايدىن يۇقىرى 3 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىغان، قوشۇمچە 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدىغان؛ نەشە چەككۈچىلەرگە 2

يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، قوشۇمچە 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدىغان بولدى.

## مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى)

شۇ يىلى شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئەدلىيە ئەمەلدارلىرى ۋە باشقا ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ يىللىق تۆھپىسىگە قاراپ ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىش ۋاقىتلىق چارىسىنى يولغا قويدى. بۇنىڭدا ۋەزىپە ئۆتىگىنىگە ئۈچ يىل توشقانلاردىن ھەقىقەتەن نەتىجە ياراتقان سوتچى، تەپتىشلەرگە ئەسلى ئىش ھەققىنىڭ 30%ى، باشقا ئەدلىيە خادىملىرىغا ئەسلى ئىش ھەققىنىڭ 20%ى بويىچە ھەر ئايلىق ئىش ھەققىگە يىللىق تۆھپە ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلدى.

شۇ يىلى مىللىي ھۆكۈمەت ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى «ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ پېنسىيە بېقىلىش پۇلى نىزامى»نى ئېلان قىلدى. «نىزام»دىكى شەرتلەرنى ھازىرلىغانلارغا ئومۇمىيۈزلۈك بېقىلىش پۇلى بېرىلدى، يەنى ئۇلارغا خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەن ۋاقىتتىكى يىللىق ئىش ھەققىنىڭ ئۈچتىن بىرى ھەر يىلى مۇددەتكە بۆلۈپ بېرىلدى. بىر قېتىمدىلا ئېلىپ بولۇشنى ئۆلتىماس قىلغۇچىلارغا خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەن چاغدىكى يىللىق ئىش ھەققىگە يەنە ئالتە ئايلىق ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلدى.

## مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى)

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇبەنى قوشۇمچە رەئىسى شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولۇپ، ئىنىسى شېڭ شىچىنىڭ ئۆلۈمىدىن پايدىلىنىپ، ئاتالمىش جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ قوزغىلىڭ دېلوسىنى ياساپ چىقتى. 1942 - يىل 9 - ئاينىڭ 17- كۈنىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 164 كىشىنى ئارقا - ئارقىدىن تۈرمىگە تاشلىدى ياكى قاماپ قويدى. قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلەر ئىچىدە چېن تەنچيۇ (جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى) ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇلار بار ئىدى. 1946 - يىلى ئەتيازدا جاڭ جىجۇڭ غەربىي شىمال ۋاقىتلىق شتابىنىڭ مۇدىرى قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە جۇ ئېنلەينىڭ غەمخورلۇقىدا، جاڭ جىجۇڭنىڭ ياردىمى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 6 - ئاينىڭ بېشىدا قاماقتىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 131 كىشى قويۇپ بېرىلىپ، ۋاقىتلىق شتاب خادىمىنىڭ مۇھاپىزىتىدە 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يەنئەنگە قايتۇرۇپ كېلىندى.

## مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى)

11 - ئايدا شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

شۇ يىلى مىللىي ھۆكۈمەت شىنجاڭدا دۇبەن مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلىدى، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە كەتتى. ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

## مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى)

7 - ئايدا خې چۇڭشەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى، سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. مۇھەممەتجان مەخسۇم ئەدلىيە مىنىستىرى بولدى. جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە ھەق تەلەپ قانۇنى تۈزۈپ چىقىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىنى باشقۇردى. ئەينى چاغدا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرى مۇستەقىل ئىدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «تەكلىپ قىلىنمىغان ئەدلىيە خادىملىرىنى تىزىملاش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، تىزىملىتىش شەرتلىرى، زۆرۈر گۇۋاھنامىلەر ۋە تەربىيىلەش چارىسى قاتارلىقلارنى بەلگىلىدى.

## مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى)

3 - ئايدا ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىدىن ئىستىپا بەردى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ئامانلىق ساقلاش شتابى، سوت مەھكىمىسى يىغىۋالغان 23 مىڭ 703.51 سەر خام ئەپيۇن، 1977.83 سەر ئەپيۇن كۆمىلچى، 260 مىڭ سەردىن ئارتۇق نەشىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالدىدىكى مەيداندا كۆيدۈرۈۋەتتى.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە تەستىق تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، شۇ يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ ياردەم ئىش ھەققىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ھەسسىلەپ قوشۇپ بەردى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى قاتناشقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. مۇھەممەتجان مەخسۇم ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى (سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى)، ئەرمان 1 - مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى (قوشۇمچە باش تەپتىش) بولدى.

## مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى)

1 - ئايدا مىللىي ھۆكۈمەت «ئاساسىي قانۇن» تۈزۈپ، چوڭ كەچۈرۈم قىلىش ۋە جازا

كېمەيتىشنى يولغا قويدى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن 1398 كىشى چوڭ كەچۈرۈم قىلىندى، 147 كىشىنىڭ جازاسى كەچۈرۈم قىلىندى.

5 ـ ئايدا جىيا خۇەنچېن شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى مەسئۇد سەبىرى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولدى.

## مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى)

4 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قەشقەر شۆبىسىنىڭ قەشقەر، خوتەن، يەكەن، قاغىلىقلاردىكى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ۋە قەشقەر، خوتەن، يەكەندىن ئىبارەت ئۈچ مەمۇرىي رايون تەۋەلىكىدىكى ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ نارازىلىق ئەرز دېلولىرىنى باشقۇرىدىغانلىقىنى، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى كۇچا شۆبىسىنىڭ كۇچا، ئاقسۇ، قاراشەھەر يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ۋە ئاقسۇ، قاراشەھەر رايونىغا تەۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ نارازىلىق ئەرز دېلولىرىنى باشقۇرىدىغانلىقىنى بېكىتتى.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ كۇچا شۆبىسى قۇرۇلدى، تيەن چېڭجى مەھكىمە باشلىقى بولدى.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسى قۇرۇلدى. ئاۋۋال خۇاڭ داۋ، كېيىن لياڭ گوجېن مەھكىمە باشلىقى بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قانۇن چىقىرىش پالاتاسى تۈزگەن «ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىگۈچى خادىملارنى باھالاش قانۇنى»نى ئېلان قىلدى.

شۇ يىلى ئۆلكە بويىچە ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرلەردە يۇقىرى دەرىجىلىك پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى. ئۈرۈمچى يۇقىرى دەرىجىلىك پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقلىقىنى جىيا خۇەنچېن قوشۇمچە ئۆتىدى، 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بۇ ۋەزىپىگە لياڭ گوجېن تەيىنلەندى. قەشقەر يۇقىرى دەرىجىلىك پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ داۋ 1949 ـ يىل 1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە ئولتۇردى. 1949-يىل 5 ـ ئايدا ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى «پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ تەشكىلىي نىزامى» قاتارلىق ئۈچ نىزامنى پەرمان بويىچە ئەمەلدىن قالدۇردى. شىنجاڭ ئۆلكىسى بۇيرۇقنا بىنائەن ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرلەردىكى پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنى بىكار قىلدى.

## مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى)

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ، 26 ـ كۈنلىرى تاۋ سىيۈ، بۇرھان شەيدۇللا شىنجاڭدىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملارغا باشلامچىلىق قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى ۋە خەلق تەرەپكە ئۆتتى.

12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، بۇرھان شەيىدى رەئىس بولدى.

12 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمى ۋەكىل ئەۋەتىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

## 1950 - يىلى

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى مەھكىمە باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى، توختى ئەلىموف مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولدى.

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئىچكى تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى بېكىتىپ، ھەق تەلەپ كوللېگىيىسى، جىنايى ئىشلار كوللېگىيىسى، كاتىبات باشقارمىسى تەسىس قىلدى (بۇ باشقارما قارمىقىدا كاتىبات بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، خوجىلىق بۆلۈمى، تۈرمە 4 - بۆلۈمى ۋە تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمى بار).

2 - ئايدا يې يىڭشۇەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.

4 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆلكىدىكى بارلىق تۈرمە، سولاقخانىلارغا يوليورۇق بېرىپ، ئۇلاردىن جىنايەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىش، ئۇلارنى تەربىيىلىنىش، ئۆگىنىش داۋامىدا ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ تونۇش ھاسىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ھەمدە ئۇلارنى ئەمگەككە تەشكىللەپ ئەمگەك داۋامىدا تەربىيىلىنىش، ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە «نارازىلىق ئەرز ۋە سوت قىلىش دەرىجىسى توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق» تارقىتىپ، جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىدىن 1 - سوت ھۆكۈمىگە قايىل بولمىغانلىرى باشقۇرۇش تەۋەلىكى بويىچە ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسىگە ۋە ئۇنىڭ شۆبىلىرىگە ياكى شۆبە سوت كوللېگىيىلىرىگە نارازىلىق ئەرز قىلسا بولىدۇ، ئەگەر 2 - سوتنىڭ ھۆكۈمىگىمۇ قايىل بولمىسا، غەربىي شىمال شۆبە سوت مەھكىمىسىگە قايتا نارازىلىق ئەرز قىلسىمۇ بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى.

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە 1 - قېتىملىق ئۆلكىلىك ئەدلىيە يىغىنى (شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئەدلىيە كادىرلىرى يىغىنى) ئېچىلدى، يىغىنغا 69 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى توختى ئەلىموف غەربىي شىمال ۋە مەملىكەتلىك ئەدلىيە يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش دوكلاتى بەردى، يې يىڭشۇەن خىزمەت دوكلاتى بەردى. يىغىندا خەلق ئەدلىيە خىزمىتىنىڭ فاڭجېنى، سىياسىتى، خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە تۈزۈملىرى توغرىسىدىكى تونۇش بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى سوت مەھكىمىلىرىگە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار پالاتاسى بىلەن ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىرلىكتە تارقاتقان «ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق»نى تارقاتتى.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى «مەركەزنىڭ ۋە غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى يەتكۈزۈش

لايىھىسى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ كونكرېت ئىجرا قىلىشتىكى دەسلەپكى پىلانى»نى تۈزۈپ تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلكە بويىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى پەيدىنپەي قانات يايدۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى غەربىي شىمال شۆبىسىنىڭ 842 - نومۇرلۇق بۇيرۇقىنى تارقاتتى. بۇيرۇقتا گوۋاھچى ئىسپاتلىرى ۋە مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يۈز بەرگەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلولىرى ئاساسىي جەھەتتىن سۈرۈكى ئۆتكەن دېلولار دەپ قارىلىپ قايتا قوبۇل قىلىنمايدۇ دەپ كۆرسىتىلدى.

## 1951 - يىلى

1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «خىيانەتچىلەرنى جازالاش ۋاقىتلىق نىزامى» (غەربىي شىمال ھەربىي كومىتېتى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ ۋاقىتلىق يولغا قويۇلغان) نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا 8 تۈرلۈك ھەرىكەتنى خىيانەتچىلىك بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كۆرسىتىلدى. خىيانەت سوممىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ، ئەمگەككە سېلىش، مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىش؛ پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كېتىش، ئامىمىنىڭ كۈرەش مېۋىسىنى ئىگىلىۋېلىش، ئىشلەپچىقىرىش ياكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلىدىغان پۇللارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش، كوللېكتىپ خىيانەتتە مۇھىم رول ئويناش، دۆلەتكە ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشقا بىر قەدەر چوڭ زىيان سېلىش، كۆپ قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھەرىكەتلىرىدىن بىرىنى سادىر قىلغانلارغا ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەندى.

4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆلكە بويىچە مەمۇرىي مەھكىمىلەرنىڭ ۋالىيلىرىغا تېلېگramma ئەۋەتىپ، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان چوڭ - چوڭ ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتچىلەردىن سوت مەھكىمىسى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلىرىنىڭ دېلوسىنى ئىجرا قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئۆلكە رەئىسىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاشنى تەلەپ قىلدى؛ باشقا ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتچىلەردىن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلىرىنى ئىجرا قىلىشنى تەستىقلاش ھوقۇقىنى شۇ جايدىكى ۋالىيلارغا بەردى، ئىجرا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن يۇقىرىغا يوللىنىدىغان بولدى.

4 - ئاينىڭ باشلىرىدا چوڭ - چوڭ ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش» ۋاقىتلىق خەلق سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى. 13 مىللەتنىڭ ھەر قايسى تەبىقە ئەربابلىرىدىن سوت ھەيئىتى تەشكىللەندى، بۇ كوللېگىيە شىنجاڭ بويىچە تەسىرى چوڭ، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان تىپىك ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولارنى ئوچۇق سوت قىلدى. «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش» ۋاقىتلىق خەلق سوت كوللېگىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئوچۇق سوت قىلىش چوڭ يىغىنى ئېچىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاياقلىشىشىغا ئەگىشىپ تاماملاندى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچىدە 80 مىڭ كىشىلىك ئوچۇق سوت يىغىنى ئاچتى. رەئىس قوشۇمچە مەھكىمە باشلىقى بۇرھان شەيدى باش سوتچى، شەھەر باشلىقى راۋ جېڭشى (قوشۇمچە شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى) مۇئاۋىن باش سوتچى بولدى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن قوماندانى ۋاڭ جېن يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى. يىغىندىن كېيىن، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرگەن باندىتلار كاتتىبېشى

ئوسمان، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇغا ئوخشاش ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ۋە بىگۇناھ ئاممىنى ئۆلتۈرگەن ئاساسلىق قاتىللاردىن لى يىڭچى، فۇ باۋلىيەن، جاڭ گۇاڭچيەن، جاڭ سىشىن قاتارلىق 25 جىنايەتچى ئۆلتۈرۈلدى.

5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆلكىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە ئورگانلىرىغا «جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى بىلەن ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئايرىش توغرىسىدا» يوليورۇق تارقاتتى.

7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈندىن 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى شىمالىي شىنجاڭ سوت خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى غەربىي شىمال شۆبىسىنىڭ باشلىقى ما شىۋۇ بىلەن رەئىس بۇرھان شەھىدى (قوشۇمچە ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى) يىغىندا سۆز قىلدى؛ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى يې يىڭشۈەن «ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ يېرىم يىللىق سوت خىزمىتى»، «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش-زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە خەلق سوتىنى قانداق تەشكىللەش» توغرىسىدا دوكلات بەردى؛ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى توختى ئەلىموف يىغىندا خۇلاسە دوكلاتى بەردى. يىغىندا يېرىم يىلدىن بۇيانقى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش خىزمىتىگە دائىر ئەھۋال تەكشۈرۈلدى، تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، «دۈشمەنگە سەل قاراش، بىخۇتلۇق قىلىش» خاتىشى ۋە «سول بولسىمۇ بولىسۇن، ئوڭ بولىسمۇن» دەيدىغان ئىدىيە تۈزىتىلدى، كېيىنكى يېرىم يىللىق مەركىزىي خىزمەت بېكىتىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى سوت مەھكىمىلىرىگە «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە خەلق سوتى قۇرۇشقا ياردەم بېرىش» توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ، خەلق سوتىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، ھوقۇقى، رولى، تەرتىپى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇردى.

11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ۋە زومىگەرلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق» تارقاتتى.

شۇ يىلى ئۆلكە بويىچە قاماقتىكى جىنايەتچىلەر ھەربىي ئىدارە قىلىندى، 74% جىنايەتچى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى داۋامىدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خەلق سوتىدىن 59ى، شۆبە سوتىدىن 18ى قۇرۇلدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە خەلق سوتلىرىدا زومىگەر، قانۇنسىز پومېشچىكلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي دېلوسىدىن 3250ى سوت قىلىنىپ ئاياغلاشتۇرۇلدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئاياقلىششى بىلەن ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خەلق سوتلىرىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاپپارات نامى «يەر ئىسلاھاتى» سوتىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ سوت تاكى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئاياغلاشقىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

## 1952 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ

نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق تولۇقلىما بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ تۆۋەن توي قىلىش يېشى ئەرلەرنىڭ 18 ياش، ئاياللارنىڭ 16 ياش بولىدۇ؛ قازاق ۋە قىرغىزلار ئىچىدىكى «ئامانىنگار»، «جېسىر» نامى بىلەن تۇل ئاياللارنىڭ قايتا نىكاھلىق بولۇشىغا ئارىلىشىش مەنئىي قىلىنىدۇ؛ ئادەت بويىچە بىر تەرەپنىڭ ئاغزاكى ياكى يازما شەكىل بىلەن قارشى تەرەپكە نىكاھدىن ئاجرىشىشنى ئۇقتۇرۇپ قويىدىغان ئىشلار مەنئىي قىلىنىدۇ.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىيانەتچىلەرنى جازالاش نىزامى» نى ئېلان قىلىپ ئىجرا قىلدى. شىنجاڭدا «ئۇچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغاندا ئۆلكىلىك ئورگانلاردا ۋە ھەر قايسى سىستېمىلاردا خەلق سوتى قۇرۇلغانىدى، مۇشۇ ھەرىكەت داۋامىدا خىيانەتچىلىككە ياتىدىغان مەسىلىسى بار 1400 دىن ئارتۇق ئادەم تەكشۈرۈپ چىقىلىپ، «نىزام» دىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تۈرمە ـ سولاقخانا باشقۇرۇش خىزمىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## 1953 ـ يىلى

6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «نارىسىدە قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلىش جىنايىتىنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدا يوليورۇق» نى تارقاتتى.

6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، تەۋەلىكىدىكى سوت مەھكىمىلىرىگە رايونلۇق مۇرەسسە خادىملىرى قويۇشنى توختىتىشنى ئۇقتۇردى.

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆلكە بويىچە ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرگە ۋە ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى شۇنىڭدەك ھەر دەرىجىلىك سايلام كومىتېتلىرىغا «ئاساسىي قاتلاملاردىكى سايلام جەريانىدا خەلق سوتى قۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» تارقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئومۇمىي سايلام خەلق سوتىدىن 114ى، سەييارە سوت گۇرۇپپىسىدىن 125ى قۇرۇلدى. ئومۇمىي سايلام خەلق سوتىنىڭ ۋەزىپىسى سايلام رايونلىرىدا يۈز بەرگەن قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر ۋە سايلامغا مۇناسىۋەتلىك دەۋا دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، بولۇپمۇ سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان چوڭ دېلولارنى ۋاقتىدا توغرا سوتلاش ئارقىلىق، سايلام خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى «نىكاھ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشتىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا يوليورۇق» تارقاتتى.

6 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سىياسىي-قانۇن كومىتېتىنىڭ «ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىر قانچە پىرىنسىپال مەسىلە توغرىسىدا» ناملىق ھۆججەت تارقاتتى.

7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «غەربىي شىمال مەمۇرىي

كومىتېتىنىڭ ‹ئۇچكە قارشى تۇرۇش› ھەرىكىتىدىن بۇرۇن ھۆكۈم قىلىنغان خىيانەتچى جىنايەتچىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا»نى تارقاتتى. يوليورۇقتا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن چىققان خىيانەتچى جىنايەتچىلەرنىڭ قىلمىشى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگىرىش ئىپادىسى قاتارلىق تەرەپلىرىگە قاراپ ئۇلارغا مۇۋاپىق ئېتىبار قىلىنسا بولىدۇ، خەنزۇلارغا ئوخشاش تەلەپ قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

7 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ «ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىر قانچە سىياسىي مەسىلە ۋە پرىنسىپال مەسىلە» دېگەن ھۆججىتىنى تارقاتتى.

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا چىقارغان خۇيزۇلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ نىكاھلىنىش مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى تەستىق جاۋابىنى تارقاتتى. ئۇنىڭدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئۆز ئارا نىكاھلانماقچى بولسا، نىكاھ سىياسىتىدە ئېھتىياتچان بولۇش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، نىكاھلىنىپ بولغانلىرىغا چات كىرگۈزماسلىق تەلەپ قىلىنغان.

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ۋىلايەتلىك شۆبە سوت مەھكىمىلىرى باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. يىغىننىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنى روھىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە كادىر تولۇقلاش، تەشكىلنى تەرتىپكە سېلىش قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

11 - ئايدا شىنجاڭ مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ سەييارە سوت قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، 1953 - يىل 11 - ئايدىن 1954 - يىل 10 - ئايغىچە 68 ناھىيىدە 68 سەييارە سوت قۇردى. 43 سوتنىڭ يېرىم يىللىق ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 3763ى بىرتەرەپ قىلىنغان.

## 1954 - يىلى

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆلكىلىك يەر ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ «يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، نىكاھلىنىشتىن كېلىپ چىققان بىر قانچە يەر مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ 8 — 25 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆلكىلىك ئەدلىيە ستاتىستىكا خىزمىتى يىغىنى ئاچتى.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى سوت مەھكىمىلىرىگە «نىكاھ ئىشلىرىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتا نىكاھتا سودىلىشىش، ئاياللارنى خورلاش، نىكاھ ئەركىنلىكىگە دەخلى يەتكۈزۈش، بەچچىۋازلىق، خوتۇن جەمەتىگە ئۆتۈش، دىنىنىڭ نىكاھقا ئارىلىشىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى كونكرېت بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىلدى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى شۆبە مەھكىمىلەرنىڭ باشلىقلىرى، ئۇقتىلىق ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ

باشلىقلىرى ۋە سوتچىلىرى قاتناشقان سوت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مەركەزدە ۋە غەربىي شىمالدا ئېچىلغان سوت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىي يەتكۈزۈلدى، سوت خىزمىتىگە دائىر تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، خىزمەتلەر تەكشۈرۈلدى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا دائىر دەسلەپكى پىكىر»نى تارقاتتى.

10 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى، شۆبە مەھكىمە قەشقەر شەھىرىدە بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاسىمجان قەمبىرى شۆبە مەھكىمىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى.

11 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە «ئاشلىق قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىش ۋە بىر تۇتاش سېتىۋېلىشقا بولغان كاپالەتنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق»، «خەلق كۈتۈۋېلىش ئىشخانىلىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق» ۋە «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، دىنىنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق»لارنى تارقاتتى.

11 - ئايدا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى، مەھكىمە ئورنى غولجا شەھىرىدە بولدى، شايى مەردان مەھكىمە باشلىقى بولدى. مەھكىمە نامى 1958 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىلى ئوبلاستلىق شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

## 1955 - يىلى

3 - ئاينىڭ 7 — 28 - كۈنگىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 2 - قېتىملىق ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىننىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى تۆت يىلدىن بۇيانقى ئەدلىيە خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە خۇلاسىلەش، مەملىكەتلىك ئەدلىيە سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. يىغىنغا 159 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا مەھكىمە باشلىقى بۇرھان شەھىدىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى توختى ئەلىموفنىڭ «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 4 يىلدىن بۇيانقى ئەدلىيە خىزمىتى خۇلاسىسى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا دوكلات»ى ۋە مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى يې ياڭشۈەننىڭ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئاچقان خەلق سوت مەھكىمىلىئاڭلاپ ئۆتتۇلدى.

3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە «يېڭى پۇل تارقىتىش خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا يوليورۇق» تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدىن يېڭى پۇلنىڭ ئىناۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، پۇل ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان، يېڭى، كونا پۇل نۇسخىلىرىنى يالغاندىن ياسايدىغان، يالغان پۇل ئىشلىتىدىغان جىنايى قىلمىشلارنى «دۆلەت پۇلىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش جىنايىتى ۋاقىتلىق نىزامى» بويىچە قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلدى.

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى «قاماق جازاسىنى قايتا قاراپ چىقىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىش توغرىسىدا پىكىر» تارقىتىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يولغا قويۇلغان «ئومۇمەن جىنايى جازاسى 5 يىلدىن يۇقىرى بولغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى (دەسلەپتە ناھىيىنىڭ 3 يىلدىن يۇقىرى دېيىلگەن) ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسىگە ياكى شۆبە مەھكىمىلەرگە يوللىنىپ تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىنى بىكار قىلدى.

3 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى «ناھىيىلەردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە خەلق سوتى قۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» تارقىتىپ، يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدىكى شتاتى 18 دىن يۇقىرى بولغان ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرىدە سوت قۇرۇشنى، 1955 - يىلى ئىچىدە نۇقتىلىق ناھىيىلەردە 25 خەلق سوتى قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىمۇ «ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرىدە خەلق سوتى قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا يوليورۇق» تارقاتتى.

4 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى «ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ دېلولىرىنى بىرتەرەپ قىلىشتىكى تەجرىبىلەر ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ دېلولىرىنى بىرتەرەپ قىلىشقا دائىر بىر قانچە پىكىر»نى تارقاتتى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يى يىڭشۇەن ئۆلكىلىك ئەدلىيە نازارىتىگە يۆتكەلدى. لى فۇيۈەن ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1 - مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.

5 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى «ئوغرىلىق دېلولىرى توغرىسىدا خۇلاسە» ۋە «‹بەش زەھەر[①]› دېلوسىنى سوت قىلىشتىن خۇلاسە»نى تارقاتتى.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە «ئۆلكىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى سايلاش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، سوت مەھكىمىسى باشلىقلىرىنى ئاساسىي قانۇن ۋە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى بويىچە سايلاش، نامزاتلارنى تاللاشنى تەلەپ قىلدى.

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدلىيە نازارىتى مۇھاجىرلار كومىتېتى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، غۇلجا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنى ئۆلكىدىكى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى چەت ئەلگە ئەۋەتىدىغان ھۆججەتلەرگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان سوت مەھكىمىسى قىلىپ بېكىتتى. ئۆلكىلىك تاشقى ئىشلار باشقارمىسى ئۆلكىنىڭ كونسۇل گۇۋاھلىق ئىشلىرىنى بېجىردى.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2- يىغىنىدا ئابلىز مۇھەممىدى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. خەلق سوت مەھكىمىلىرى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 23 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئەسلىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ نامى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت

① «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى داۋامىدىكى پارا بېرىش، باج ئوغرىلاش، دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلاش، ئىشتىن قىچىش، ماتېرىيال خورىتىش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىغا دائىر ئاخباراتلارنى ئوغرىلاشتىن ئىبارەت 5 خىل ئىقتىسادىي جىنايەتنى كۆرسىتىدۇ.

مەھكىمىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق شتات كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ شتاتىنى 72 قىلىپ بېكىتتى (جەنۇبىي شىنجاڭ سوت كوللېگىيەسىنىڭ 12 شتاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئەدلىيە نازارىتى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە «ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ياردەمچى سوتچىلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش رەسمىيىتى توغرىسىدا بەلگىلىمە» تارقاتتى. «بەلگىلىمە» دە مۇنداق بەلگىلەنگەن: ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىلى ئوبلاستلىق شۆبىسىنىڭ ياردەمچى سوتچىلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى كۆرسىتىپ، ئەدلىيە نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىشى ياكى قالدۇرۇشىغا يوللايدۇ؛ ئوتتۇرا سوتلارنىڭ ياردەمچى سوتچىلىرى ئەدلىيە نازارىتىنىڭ تەستىقلاپ تەيىنلىشىگە يوللىنىدۇ؛ ئىلى ئوبلاستىغا قاراشلىق ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىنىڭكىنى ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسى تەستىقلاپ ئاندىن ئەدلىيە نازارىتىگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى «ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ھەيئىتىنىڭ ۋاقىتلىق خىزمەت چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ ھەيئەت مەھكىمە باشلىقى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى ۋە جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، سوتچىلاردىن بولۇپ 9 كىشىدىن تەركىب تاپتى.

شۇ يىلى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ھەرىكىتى ئەدەپ كەتتى. 6 - ئايدا شىنجاڭدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى سوت خىزمىتىنىڭ تىغ ئۇچىنى بارلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلار ۋە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قارىتىپ، نۇرغۇن ئەكسىلئىنقىلابىي دېلونى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى قاتتىق جازالاپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلىدى، ئاممىنى تەربىيىلىدى ۋە ھەرىكەتلەندۈردى. بىر يىلدا ئامما پاش قىلغان ماتېرىيال 21 مىڭدىن ئاشتى. 1427 ئادەم ئۆزىنى مەلۇم قىلدى ۋە ئىقرار قىلدى. بۇ ھال دۈشمەننى ئىچكى قىسمىدىن يەنىمۇ پارچىلىدى.

## 1956 - يىلى

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا جەمئىي 163 كىشى قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى، مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىنوف ۋە ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ يۈچېنلار قاتناشتى. يىغىندا مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. شىنجاڭدىكى سوت ئورگانلىرىنىڭ 1955 - يىللىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش داۋامىدىكى خىزمەتلىرى تەكشۈرۈلدى ۋە خۇلاسىلەندى، شىنجاڭ ئەدلىيە خىزمىتىنىڭ 1956 - يىلدىن 1967 - يىلغىچە بولغان 12 يىللىق پىلانى مۇھاكىمە قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بېكىتكەن پارتكومىنىڭ «ھەربىي قانۇن

باشقارمىسىنى ھەربىي سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى يولىيورۇق سوراش دوكلاتى» نى تەستىقلاپ مەركىزىي كومىتېتقا يوللىدى. 8 - ئايدا مەركەز تېلېگرامما قايتۇرۇپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ھەربىي قانۇن باشقارمىسىنى ھەربىي سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتتى، ئۇ شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

6 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى بىلەن ئۆلكەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبىسىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

7 - ئايدا يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى بىلەن يەكەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مەزكۇر سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى سوت خىزمىتى ۋە ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە نازارىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىرلىكتە «قېرى، ئاجىز، كېسەل، مېيىپ ئەيىبكارلار ۋە ئايال ئەيىبكارلارنى بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا بىرلەشمە يولىيورۇق» تارقاتتى.

شۇ يىلى سوپى سەلەي ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.

## 1957 - يىلى

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىرلىكتە «جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى رېجىمغا ئېلىشنى جاكارلىغان ئونسۇرلارنىڭ رېجىم مۇددىتىنى ئۇزارتىشقا، قىسقارتىشقا ياكى رېجىمنى بىكار قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئۇنى تەستىقلاش رەسمىيىتى بېجىرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئۇنىڭدا بۇنىڭدىن كېيىن رېجىم مۇددىتىنى قىسقارتىش، ئۇزارتىش ياكى رېجىمنى كۈچتىن قالدۇرۇش ئىشلىرىغا سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە «مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىغا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم قىلىدىغانلىقى ياكى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدىغانلىقى توغرىسىدىكى قارارىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ھەققىدە يولىيورۇق» تارقىتىپ، بارلىق ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاشتىن بۇرۇن، شۇ دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك دەپ بەلگىلىدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن ئەدلىيە نازارىتى شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە سىستېمىسىدىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى باشلىقلىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك 33 كادىرنى بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق 11 ئۆلكە، شەھەرگە 3 ئايلىق ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى.

شۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەملىكەت بويىچە «ئوڭچىلارغا قارشى» كۈرەش قانات

يايدۇرۇلدى. «سول» چىللىق ئىدىيە تۈپەيلى ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش كېڭەيتىۋېتىلدى. شىنجاڭدىمۇ قانۇن بويىچە مۇستەقىل سوت قىلىش، قانۇن - تۈزۈمگە رىئايە قىلىش، قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا دېلو بېجىرىش قاتارلىقلارنى «پارتىيە رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرغانلىق»، «قانۇننى ھەممىدىن ئۈستۈن قويغانلىق»، «قانۇن ھەممىگە قادىر» دەيدىغان ئوڭچىل پىكىر تۈپەيلىدىن بۇلار خاتا ھالدا تەنقىد قىلىندى. بۇ ھال سوت كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. 1958 - يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» داۋامىدا سوت تەرتىپى، تۈزۈمى قالايمىقانلىشىپ كېتىش، سوت ئورگىنىدىن باشقا ئورگانلار سوت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتەك ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئەينى چاغدىكى خاتا دېلولارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئەينى چاغدا يەنە شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە سىستېمىسىدىكى 25 ئورۇندىن 21 ئادەم ئوڭچى ئۇنسۇر، 4 ئادەم بۇزۇق ئۇنسۇر دەپ بېكىتىلدى. ئۇلار كېيىنكى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## 1958 - يىلى

5 - ئاينىڭ 11 — 31 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن ئەدلىيە نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، 3- قېتىملىق ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيانقى دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە خۇلاسىلىدى؛ شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىنىڭ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»تىكى بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى فۇيۈەن «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 3 - قېتىملىق ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيانقى دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ئەھۋالىدىن خۇلاسە دوكلاتى» بەردى.

8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە نازارىتى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئىستىل تۈزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» تارقاتتى. «دوكلات»تا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش داۋامىدا يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن ئەدلىيە نازارىتى بىرلىشىپ ئىش بېجىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدۇ؛ ئىلگىرىكى 8 كوللېگىيە، باشقارما، ئىشخانا 4 كوللېگىيە، باشقارما، ئىشخانىغا قىسقارتىلدۇ، شتاتى 110دىن 75كە قىسقارتىلدۇ (يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ 70، ئەدلىيە نازارىتىنىڭ 40).

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، ئۈرۈمچى تاموژنىسى «ئەتكەسچىلىك دېلولىرىنى بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى، ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرىنىڭ 1 - سوت جىنايى ئىشلار دېلولىرىغا بولغان باشقۇرۇش تەۋەلىكى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەندى: ئومۇمەن ئېغىر جىنايەت دېلولىرى، تەسىرى زور جىنايەت دېلولىرى، ھاكىم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىري كادىرلارنىڭ جىنايەت دېلولىرى، مۇرەككەپ - چىگىش دېلولار، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىرى، سوتچىلار، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىرى ۋە تەپتىشلىرىنىڭ جىنايەت دېلولىرىدىن ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى ياكى ئۇنىڭ شۆبىلە-

رى تەرىپىدىن ئەيىپلەنگەنلەرنى يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ياكى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلىدۇ، باشقا دېلولارنى ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلىدۇ.

شۇ يىلى «سول» چىللىق خاتالىقىنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭدا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگە-نى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇش، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش، ئۆز ئارا چەكلەپ تۇرۇشتىن ئىبارەت دەۋا تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «بىر باشلىق ئۈچ باشلىقنىڭ ۋەكىللىك قىلىش»، «بىر خادىم ئۈچ خادىمغا ۋەكىللىك قىلىش» دەسسىتىلدى. ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ئىش بېجىرىش تەكىتلەندى. بەزى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، تەپتىش مەھكىمىلىرى، سوت مەھكىمىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ «سىيا-سىي - قانۇن بۆلۈمى»لىرى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن، سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت فۇنكسىيىسى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلدى.

## 1959 - يىلى

1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا «سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق تولۇقلىما بەلگىلىمىسىنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللاندى. توختى ئەلىموف ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتگورۇپپىسى «بىر قانچە تۈرلۈك مۇھىم جىنايەتلەرگە ئۆلۈم جازاسىنى تەستىقلاش توغرىسىدا پىكىر»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆلۈم جازاسى تەستىقلىنىدىغان 11 خىل قىلمىش ۋە ئۇلارنىڭ سىياسەت چەك - چېگرىسى ئۈستىدە بەلگىلىمە چىقاردى ۋە ئىزاھات بەردى.

5 -، 6 - ئايلاردا ئاپتونوم رايون ئىلغار ئەدلىيە خىزمەتچىلىرى يىغىنى ئېچىپ، 14 ئىلغار ئورۇن، 95 ئىلغار خىزمەتچىنى باھالاپ چىقتى.

7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى شىنجاڭنىڭ سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى بويىچە كەسپىي سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدىن شۇ يىلى 1 - ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك سىياسىي قانۇن يىغىنى بىلەن غەربىي شىمال سىياسىي قانۇن يىغىنىنىڭ ۋە 7 - ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ سىياسىي قانۇن يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشنى، مەركەزنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۆرەش-تىكى بىر قانچە سىياسەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلدى.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسى پەرمانىنىڭ روھىغا ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق يېڭى ھايات ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدا ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش يىغىنى ئېچىپ، 47 ئادەمنى (ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتچى 27، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسى 20) ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلدى ھەمدە ئۇلارغا ئالاھىدە كەچۈرۈمنامە بەردى. يىل ئاخىرىدا ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش خىزمىتى ئاساسەن ئاياغلاشتى. شىنجاڭ بويىچە 2508 ئادەم كەچۈرۈم قىلىندى.

12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ 10 يىلدىن بۇيانقى نىكاھ دېلولىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر

توغرىسىدىكى پىكرى» دە 1950 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا 140 مىڭ 995 نىكاھ دېلوسى مۇرەسسە ئارقىلىق بىرتەرەپ قىلىنغانلىقى، ھەر يىلى 10 مىڭدىن ئارتۇق دېلو قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

شۇ يىلى 1959 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ۋە شەھەرلەردە 3788 مۇرەسسە ھەيئىتى قۇرۇلدى، 26 مىڭ 160 ئادەم بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندى.

شۇ يىلى 8 ـ ئايدىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدە ئوڭچىللىققا قارشى كۆرەش قانات يايدۇرۇلدى. بۇ جەرياندا «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش ھەرىكىتىگە قارىتا ئوخشاشمايدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئەدلىيە خىزمىتىدە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئېلىپ بېرىشقا قارشىلىق بىلدۈرگەن ياكى توسقۇنلۇق قىلغان بەزى كادىرلار «پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر»، «ئوڭچىل پۇرسەتپەرەس ئۇنسۇر» ۋە «ئېغىر ئوڭچىللىق ئىدىيىسى بار ئادەم» دېگەن ناملار بىلەن خاتا ھالدا تەنقىد قىلىندى ۋە بىرتەرەپ قىلىندى. شۇ چاغدا شىنجاڭ بويىچە ئەدلىيە سىستېمىسىدىن 59 كىشى نۇقتىلىق تەنقىد قىلىندى ۋە كۆرەش قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى دەرىجىلىك كادىر بىر، ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى دەرىجىلىك كادىر 10، سوتچى 20، ئادەتتىكى كادىر 28. كېيىن بۇ دېلولار پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ئاساسەن تۈزىتىلدى.

## 1960 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ قېتىملىق ئەدلىيە يىغىنى ئېچىلدى.

2 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتگورۇپپىسى «نىكاھدىكى قاتىللىق دېلولىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئەدلىيە جەھەتتىن كۈچەيتىش توغرىسىدا دوكلات» بىلەن «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەر قېچىپ كېتىپ سادىر قىلغان دېلولار ۋە ئۆزگەرتىشكە قارشىلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان دېلولارنى قاراپ چىقىشتا چېلىقتۇرۇلغان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا دوكلات» نى يوللىدى. بۇ دوكلاتنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەستىقلاپ ئىجرا قىلىشقا چۈشۈردى.

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىرلىكتە «چەت ئەل مۇھاجىرلىرىدىن بولغان ئەيىبكارلارنىڭ بىرتەرەپ قىلىنىش ئەھۋالىنى تېز سۈرئەتتە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، 1957 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 1960 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، تەپتىش مەھكىمىلىرى، سوت مەھكىمىلىرى قولغا ئالغان، توختىتىپ قويغان، ھۆكۈم قىلغان چەت ئەل مۇھاجىرلىرىدىن بولغان جىنايەتچىلەر ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنى بىردەك ئېنىقلاپ تىزىمغا ئېلىشنى، بۇنىڭدا قاماقتىكى جىنايەتچىلەر ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «مەزكۇر مەھكىمىدە «ئوڭچىغا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەھكىمە تەۋەسىدىكى «ئوڭچىغا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە بيۇكراتلىققا،

سوبيېكتىۋىزىمغا ۋە شەكىلۋازلىققا، ئالاقىۋازلىققا نۇقتىلىق قارشى تۇرۇشنى قارار قىلدى.

شۇ يىلى ۋاڭ جېڭجۇڭ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرىنىڭ پائال ھەمكارلىشىشى ۋە يېتەكلىشى بىلەن 3722 گۇڭشې مۇرەسسە ھەيئىتى قۇرۇلدى، مۇرەسسە خادىملىرى 25 مىڭ 311گە يەتتى.

## 1961 - يىلى

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، تەپتىش مەھكىمىسى، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «چەت ئەلگە چېتىشلىق دېلولارنى سوت قىلىشنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەت تۈزۈملىرىگە دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە» تۈزۈپ چىقىپ، ئاساسلىقى چەت ئەلگە چېتىشلىق دېلولارنى باشقۇرۇش، سوت قىلىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى ئېيىبكارلارنى باشقۇرۇش قاتارلىقلار ئۈستىدە 29 ماددىلىق بەلگىلىمە چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى چەت ئەلگە چېتىشلىق دېلولارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى. «پىكىر»دە 1950 - يىلدىن 1961 - يىل 3 - ئايغىچە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى ئېيىبكاردىن 1000 نەچچىنى، چەت ئەلگە چېتىشلىق ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 1000 نەچچىنى بىر تەرەپ قىلدى؛ بۇنىڭدىن كېيىن، «تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇش، مۇتلەق بىردەك بولۇش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، سوت تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، چەت ئەلگە چېتىشلىق دېلولارنى داۋاملىق ئېنىقلاش لازىم.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ مەركىزىي كومىتېت تۈزۈپ چىققان «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى»دا كۆرسىتىلگەن «تۈتۈنى مۇقىم قىلىش» دېگەن مەزمۇننى خاتا چۈشىنىۋېلىپ، «ئەمگەك كۈچلىرىنى مۇقىم قىلىش» دېگەننى باھانە قىلىپ، بىر گۇڭشې، بىر ئەترەتتە بولمىغانلارنىڭ توي قىلىشىغا ياكى نىكاھدىن ئاجراشقاندىن كېيىن چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلماسلىقتەك نىكاھ قانۇنىغا خىلاپ، ئەر - ئاياللارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىگە دەخلى يەتكۈزۈشتەك قىلمىشلىرى تەنقىد قىلىندى. ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتا ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرىدىن مۇشۇ ئاساستا مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا سىياسەت تەربىيىسى بېرىش تەلەپ قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە «ھەق تەلەپ سوت خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» يوللىدى. ئۇنىڭدا ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى جەھەتتە «خەلق گۇڭشېسى خىزمەت نىزامى»نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەق تەلەپ سوت خىزمىتىدە ئىلگىرىكىدەك شەخسلەرنىڭ قانۇنىي مۈلكىنى قوغداشقا سەل قارايدىغان مەسىلىلەرنى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان ھالدا بىرتەرەپ قىلمايدىغان ھادىسىلەرنى تۈگىتىش، قايتۇرۇش، تۆلەپ بېرىشنى قوللاش، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك-

دىكى ۋە خۇسۇسىلار ئىگىدارلىقىدىكى مۈلۈكلەرنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

12 ـ ئايدا مۇسا چاۋار ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

## 1962 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ «خەلق سوتى خىزمىتى توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر»نى تەستىقلاپ تارقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى خەلق سوتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى مۇھىم ۋەزىپە ئورنىدا تۇتتى.

2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، تەپتىش مەھكىمىسى، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىرلىكتە قارار چىقىرىپ مۇنۇلارنى بېكىتتى: ئومۇمەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك زاۋۇت، كان، كارخانىلارنىڭ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارغا قاراشلىق ئىدارىلەرنىڭ دېلولىرىدىن چوڭ ـ چوڭ دېلولارنى ياكى چېتىلىش دائىرىسى كەڭ دېلولارنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىگە ئەيىبلەيدۇ ھەم مەزكۇر سوت مەھكىمىسى 1 ـ سوتتا بىرتەرەپ قىلىدۇ، قالغان تەھقىقلەش، قولغا ئېلىش ئىشلىرىنى پرىنسىپ جەھەتتىن شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قىلىدۇ، شۇ جايدىكى تەپتىش مەھكىمىسى سوت مەھكىمىلىرىگە ئەيىبلەيدۇ، ئۇلار شۇ جايدا تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىدۇ.

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ «قايتا تەكشۈرۈلىدىغان دېلولار توغرىسىدا دوكلات»نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «ئاقسۇ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خاتا ھۆكۈم قىلىنغان 32 كىشىلىك خىيانەتچىلىك گۇرۇھى دېلوسىنى تۈزەتكەنلىكى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىرلىكتە «نۆۋەتتىكى رىجىم دېلولىرىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا بىرلەشمە يوليورۇق» تارقاتتى.

8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە «قايتا تەكشۈرۈلىدىغان دېلولار خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر» تارقاتتى.

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش، ئامانلىق دېلولىرى، ھەق تەلەپ دېلولىرى ۋە چەت ئەلگە چېتىشلىق دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشنى چىڭ تۇتۇش، ئەدلىيە قوشۇنىنى يەنىمۇ ساپلاشتۇرۇش مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايونلۇق

پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىغا ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە «قانۇن، ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىنغان، ياخشى ئادەمگە ئۆۋال قىلىنىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن دېلو توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى. دوكلاتتا مۇنداق دېيىلگەن: يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئۈچ قېتىم قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرغان مۇھەممەتنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى لوپ ناھىيىسىگە ئەۋەتكەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە ناھەق دېلو بولۇپ چىقتى. ھەقىقىي ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل، لۈكچەك ئاتاۋۇللا قاق قولغا ئېلىندى. مۇھەممەت گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلدى. بۇ ناھەق دېلونىڭ پەيدا بولۇشىدىكى بىۋاستە سەۋەب شۇكى، لوپ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى ئايرىم تەھقىقلىگۈچى خادىملار قانۇن - ئىنتىزامغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، دېلو ماتېرىيالىنى خۇپىيانە ئالماشتۇرۇۋېتىپ، جاۋابكارغا قارا چاپلىغان.

شۇ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ۋە جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرى ئانچە - مۇنچە باش كۆتۈرۈپ، ئىلى، تارباغاتايلاردا چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ چەت ئەلگە قېچىش ۋەقەسى يۈز بەردى. دۈشمەنگە كۈچلۈك زەربە بېرىش ئۈچۈن، 1962 - يىلى يازدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى. 11 - ئايدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 9 - ئاينىڭ مابەينىدە ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، قۇمۇل، چۆچەك، تېكەس، تۇرپان قاتارلىق 29 شەھەر، ناھىيىدە جەمئىي 33 قېتىم ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، 278 جىنايەتچىگە جازا ھۆكۈم قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئەكسىلئىنقىلابچى جىنايەتچى 81، ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسى 160، چەت ئەلگە قېچىشقا قۇترانقۇلۇق قىلغان ياكى كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكىنى ئېلىپ چەت ئەلگە قاچقان ئۇنسۇر 37.

## 1963 - يىلى

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «ئاپتونوم رايوندا نىكاھ قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا دوكلات» تارقاتتى. «دوكلات»تا نىكاھقا چات كېرىۋېلىش، نىكاھ سودىسى قىلىش، بالدۇر نىكاھلىنىش، يېقىنلىق بىلەن نىكاھلىنىش، نىكاھتىن ئاجرىشىش، يېڭىسىنى كۆرۈپ كونىسىدىن زېرىكىش، قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش، نىكاھ ئۈستىگە نىكاھلىنىش، كىچىك خوتۇن ئېلىش، قانۇنسىز بالا تۇغۇش قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

5 - ئايدا شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تارقاتقان «ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدە ‹بەشكە قارشى تۇرۇش›، ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نىغا ئاساسەن، خىيانەتچىلىككە - ئوغرىلىققا، ھايانكەشلىككە، ئىسراپچىلىققا، تارقاقچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، تەپتىش مەھكىمىسى، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ قاماقتىكى ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن جىنايەتچىلەرنى ئېنىقلاش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشى»نى تارقىتىپ، ئۇقتۇرۇشنىڭ روھى ۋە شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، بەش تۈرلۈك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «ھەق تەلەپ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشتىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قوشۇمچە پىكىر» تارقىتىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتلاق ماجىرالىرى، قەرز ئىشلىرى ماجىرالىرى، ئىقتىسادىي توختام ماجىرالىرى، يەر-زېمىندىن كېلىپ چىققان ئۆي ـ جاي ماجىرالىرى، تۆلەم ماجىرالىرى، نىكاھ ـ ئائىلە ماجىرالىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئېتىبار قىلىشتىن ئىبارەت يەتتە جەھەتتىكى مەسىلىگە سىياسەت خاراكتېرلىك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا «ئەدلىيە مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ماقۇللىقى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدە شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتىنى بىرتۇتاش باشقۇرىدىغان ئەدلىيە مەمۇرىي باشقارمىسى قۇرۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىدىن خۇلاسە»سىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: 1961-يىل 7 ـ ئايدىن 1962 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1958 ـ يىلدىن بۇيان ھۆكۈم قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 12 مىڭ 54ى قايتا تەكشۈرۈلۈپ، ناھەق دېلودىن 56 سى، خاتا دېلودىن 328ى تېپىپ چىقىلدى، بۇلار جەمئىي 384 بولۇپ، قايتا تەكشۈرۈلگەن بارلىق دېلونىڭ %2.3نى ئىگىلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 11 — 24 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ قېتىملىق ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، سوتچىلىرىدىن بولۇپ 113 كىشى قاتناشتى. يىغىندا مەملىكەتلىك ھەق تەلەپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ھەق تەلەپ خىزمىتى ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ۋە ھەق تەلەپ سوتىغا دائىر تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى لۈ جيەنرېن يىغىندا سۆز قىلدى، مەھكىمە باشلىقى توختى ئەلىموف خۇلاسە سۆزى سۆزلىدى.

## 1964 ـ يىلى

3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا موسا چاۋار ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «نەق جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىشنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، جايلاردىن نەق جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىشنى نۆۋەتتىكى سوت خىزمىتىنىڭ بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىرلىكتە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ «چەت ئەلگە چېتىشلىق جامائەت گۇۋاھلىقى رەسمىيىتىنى چىقىرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، تەۋەلىكىدىكى ئورۇنلاردىن ئۇقتۇرۇشنىڭ روھى بويىچە ئىش كۆرۈپ، دۆلىتىمىز پۇقرالى-

رى تۇغۇلغانلىق، ئۆلگەنلىك ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارغا ئوخشاش چەت ئەلگە چېتىشلىق ئىسپات ھۆججەتلىرىنى بېجىرمەكچى بولسا ئۇلارنى بىردەك سوت مەھكىمىسى (ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى باشقارمىسى) بېجىرىدۇ دېگەن يوليورۇقنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

## 1965 - يىلى

6 - ئاينىڭ 16 — 28 - كۈنىگىچە شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا ئالىي سوت مەھكىمىسى چاقىرغان 9 ئۆلكە، شەھەردىكى يۇقىرى سوت مەھكىمىسى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھى ۋە غەربىي شىمال رايونى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دىكتاتورىنى ئاممىغا تايىنىپ يۈرگۈزۈش، ئاممىغا تايىنىپ دېلو بېجىرىشنى ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتى ۋە بولتۇر قىشتىن بۇيانقى جىنايى ئىشلار سوت سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش خىزمىتى ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى؛ ئەدلىيە كادىرلىرى قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىشتا ئوخشاش مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ ۋېيگاڭ يىغىندا سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇسا چاۋار يىغىننى خۇلاسىلىدى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ماقۇللۇقى ئارقىلىق، بالا بېقىۋېلىش ئىشىغا ئادەتتە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىلمەيدۇ، ساقچىخانىلار نوپۇس تىزىملاش رەسمىيىتى بېجىرسىلا بولىدۇ، گۇۋاھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلارغا گۇۋاھلىق بېرىلسىمۇ بولىدۇ دەپ ئايدىڭلاشتۇردى.

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى «باسقۇنچىلىق دېلولىرىنىڭ بىرتەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى ۋە بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا دوكلات» تارقاتتى، «دوكلات»تا شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە قوبۇل قىلغان باسقۇنچىلىق دېلوسى 502 بولۇپ، بۇلتۇرقى شۇ مەزگىلگىچە قوبۇل قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى سانىنىڭ %16.3نى ئىگىلەپ، بۇلتۇرقى شۇ مەزگىلدىكىدىن %125 كۆپ بولدى. باسقۇنچى جىنايەتچىلەرگە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، پاكىتنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشتا؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ سىياسەت ۋە تاكتىكىلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىشتا؛ ئۈچىنچىدىن، سىياسەت چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشتا، دېلو خاراكتېرىنى بېكىتىشكە؛ تۆتىنچىدىن، ئاممىغا تايىنىپ دېلو بېجىرىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا دىققەت قىلىش كېرەك دەپ كۆرسىتىلدى.

## 1966 - يىلى

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى «قاماقتىكى ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن جىنايەتچى-

لەرنى ئىنقىلاپ چىقىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. «ئۇقتۇرۇش» تا جايلاردىن قاماقتىكى ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنى قىشلىق مەشىققە بىرلەشتۈرۈپ، بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ئەستايىدىل ئىنقىلاپ چىقىش تەلەپ قىلىندى.

شۇ يىلى 5 ـ ئايدا باشلىنىپ 10 يىل داۋام قىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» رەھبەرلەر خاتا ھالدا قوزغىغان، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلگەن، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئىچكى مالىمانچىلىق بولدى. لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى دەپسەندە قىلدى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى نەتىجىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلدى، خەلق سوت مەھكىمىسى ئىجرا قىلىۋاتقان قانۇن ـ تۈزۈمنى كاپىتالىزمنىڭ نەرسىسى دەپ بەتنام چاپلىدى، ئەدلىيە كادىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش سوت ئورگانلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى، سوت خىزمىتىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى.

## 1967 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدە ئاممىۋى تەشكىلات ھوقۇق تارتىۋالدى، خىزمەت پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى (جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، تەپتىش مەھكىمىلىرى، سوت مەھكىمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى ھەربىي ئىدارە قىلىشنى قارار قىلدى.

## 1968 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنى ھەربىي ئىدارە قىلدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ پارتىيە مەمۇرىي، مالىيە، كاتىباتلىق قاتارلىق بارلىق رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالغانلىقى ئېلان قىلىندى. جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرىمۇ ئىلگىرى كېيىن ھەربىي ئىدارە قىلىندى.

12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى. سوت مەھكىمىسى ئاپپاراتلىرى مەۋجۇت بولمىدى، سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت فۇنكسىيىسىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئەتلىرى قارىمىقىدىكى سوت گۇرۇپپىلىرى يۈرگۈزدى.

## 1970 - يىلى

7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت خەلق قوغداش گۇرۇپپىسى «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدىن بۇيانقى سوت خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» تارقاتتى. «دوكلات»تا 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 4167 جىنايەتچىگە جازا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى، ۋىلايەت ئوبلاستلاردا ئىككى، ئۈچ قېتىمدىن ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

## 1971 - يىلى

3 - ئايدا شىنجاڭنىڭ سوت خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئالىي سوت مەھكىمىسىدىن بىر تۈركۈم كادىر يۆتكەپ كېلىندى، ئۇلاردىن خەن مىڭزىڭ ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتى سوت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، جۇ زېڭخۋا مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

9 - ئاينىڭ 20 — 24 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتىنىڭ سوت گۇرۇپپىسى شىنجاڭ بويىچە سوت خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا جايلار ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

## 1972 - يىلى

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتى سوت گۇرۇپپىسى «سوت مەھكىمىسى تەشكىلاتى بىلەن كەسپىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى ئەھۋال ۋە پىكىر» توغرىسىدا دوكلات تارقاتتى. «دوكلات»تا ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى، تەپتىش مەھكىمىلىرى، سوت مەھكىمىلىرىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتى قارمىقىدىكى سوت گۇرۇپپىسىدا 1968 - يىلى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالمىشىپ كەلگەن كادىردىن ئاران 4 — 5ى بارلىقى، 1970 - يىلى 16گە يەتكەنلىكى، 1972 - يىل 1 - ئايدا سوت گۇرۇپپىسىدا پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى قۇرۇلغانلىقى، سوت گۇرۇپپىسىدا 41 كادىر بارلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت خەلق قوغداش گۇرۇپپىسى ۋاقىتلىق پارتكومى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا «ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بىلەن سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ھوقۇق دائىرىسى توغرىسىدا يوليورۇق سوراش دوكلاتى» يوللىدى. دوكلاتتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: سوت مەھكىمىسى 20 يىلدىن تۆۋەن (20 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مۇددەتلىك قاماق جازاسى دېلولىرىنى ھۆكۈم قىلىشقا ھوقۇقلۇق، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقىغا يوللايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دوكلاتقا تەستىق سېلىپ قوشۇلدى.

11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سوت مەھكىمىسى پارتىيە يادرو

گۇرۇپپىسىنىڭ 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يوللىغان ئاپپارات ۋە شتات توغرىسىدىكى پىكىرىگە قوشۇلدى. پىكىردە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدە ئىشخانا، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، جىنايى ئىشلار 1 ـ سوت كوللېگىيىسى، جىنايى ئىشلار 2 ـ سوت كوللېگىيىسى، ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىنىدۇ، شتاتى 60 بولىدۇ دېيىلگەن.

## 1973 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئىلگىرى يۆتكىۋېتىلگەن كادىرلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قايتۇرۇپ كېلىندى. ئۇلار ئىچىدە رەھبىرىي كادىرلاردىن مەھكىمە باشلىقى مۇسا جاۋار، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى لى فۇيۇەنلەر بار. ئۇلار بىلەن مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى خەن مىڭزىڭ، جۇ زىڭخۇالاردىن يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى تەشكىللەندى.

2 ـ ئاينىڭ 20 — 27 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرى باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا سوت مەھكىمىلىرى ئاپپاراتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە سوت خىزمىتىنى كۈچەيتىش مەسىلىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى، 3 ـ ئايدا ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىنى تامامەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولۇش، 4 ـ ئايدا ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرىنى ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولۇشقا تىرىشىش تەلەپ قىلىندى.

6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت خەلق قوغداش گۇرۇپپىسى پارتكومىغا «دېلو باشقۇرۇش تەۋەلىكى توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى. «دوكلات»تا ئىلى ئوبلاستىدا پارتكوم قۇرۇلمىغان بولغاچقا، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىلى ئوبلاستلىق شۆبىسى تەۋەلىكىدىكى تارباغاتاي، ئالتاي، بورتالالارنىڭ نارازىلىق دېلولىرى ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسىدىن يۇقىرى جازا بېرىلگەن قايتا قاراپ چىقىلىدىغان دېلولار ئوبلاستلىق پارتكوم قۇرۇلغىچە، بىۋاستە يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ قاراپ چىقىشى ۋە تەستىقلىشىغا يوللىنىدۇ دەپ كۆرسىتىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەۋەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە «مەركىزىي كومىتېتنىڭ [73] 30 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، زىيالىي ياشلارنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

9 ـ ئايدا قۇربان روزى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

## 1974 ـ يىلى

12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىغا «‹بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش› ھەرىكىتىدە مۇددەتسىز قاماق جازاسىدىن يۇقىرى جازا ھۆكۈم قىلىنغان دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش توغرىسىدا يوليورۇق سوراش دوكلاتى» يوللىدى.

شۇ يىلى نويابىر ئەنۋەر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، خەن مىڭزېڭ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

## 1975 - يىلى

12 - ئاينىڭ 15 — 20 - كۈنىگىچە سابىق گومىنداڭنىڭ قاماقتىكى ناھىيە - تۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرى ۋە ئىشپىيونلىرى كەڭچىلىك بىلەن قويۇپ بېرىلدى. ئۇلار مەركەزلەشكەن رايونلاردىكى سوت مەھكىمىلىرى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى بىرلىشىپ قويۇپ بېرىش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ ئىسىملىكىنى جاكارلىدى، ئۇلارغا پۇقرالىق ھوقۇقى بەردى ھەمدە ئۇلارغا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىمنامىسىنى تارقىتىپ بەردى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بىكار قىلىندى، بىڭتۈەننىڭ ھەر دەرىجىلىك ھەربىي سوت مەھكىمىلىرىمۇ ئەمەلدىن قالدى، ئۇلارنىڭ خادىملىرى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە قوشۇۋېتىلدى.

## 1976 - يىلى

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى بىرلىكتە «چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى ئەيىبكارلارنى ئېنىقلاپ بىرتەرەپ قىلىش خىزمىتىگە دائىر كونكرېت چارىنى قايتا تەكىتلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

## 1977 - يىلى

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە سوت مەھكىمىسى خىزمىتى يىغىنى (6 - قېتىملىق ئاپتونوم رايونلۇق سوت - ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنى) ئاچتى. يىغىنغا ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن 136 كىشى قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى خې لىنجاۋ سۆز قىلدى. يىغىندا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ سوت خىزمىتى جەھەتتە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرى چوڭقۇر پاش قىلىندى ۋە تەنقىد قىلىندى. سوت مەھكىمىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيانقى خىزمەتلەر يەكۈنلەندى. كېيىنكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا «قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن خەلق قوراللىق ساقچىلىرىنى توختىتىپ قويۇش، قولغا ئېلىش، سوت قىلىپ جازا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى دائىرىسىنى بەلگىلەش توغرىسىدا يوليورۇق سوراش دوكلاتى» تارقاتتى.

5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۇنى تەستىقلاپ ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارغا چۈشۈردى.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى بىرلىكتە ئۈرۈمچى شەھىرىدە تاغ ۋە يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلارغا زىيانكەشلىك قىلغان دېلولارنى بىرتەرەپ قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 70 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تولۇق بولمىغان مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ بويىچە 1973 ـ يىلدىن بۇيان بۇ خىل دېلودىن 1003ى يۈز بەرگەن، ئۇلاردىن 860ى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 886 جىنايەتچىگە زەربە بېرىلگەن.

## 1978 ـ يىلى

6 ـ ئاينىڭ 12 — 16 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرى باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك 8 ـ قېتىملىق ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ قېتىملىق ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنى ئېچىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

6 ـ ئايدا يې يىڭشۈەن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە زاسېداتېللىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئۇنىڭدا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: زاسېداتېللىق قىلىدىغان ئامما ۋەكىلى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تەكلىپ قىلىنىشى ياكى ئالدىن سايلاپ چىقىلىشى بولىدۇ؛ ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى ئاساسىي قاتلام سايلىمىدا ۋە خەلق قۇرۇلتىيىدا زاسېداتېللىق قىلىدىغان ئامما ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

11 ـ ئاينىڭ 4 — 12 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ قېتىملىق ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مەملىكەتلىك 8 ـ قېتىملىق ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى خەن مىڭزېڭ خىزمەت دوكلاتى بەردى. مەھكىمە باشلىقى نورىيۇپ ئەنۋەر بىلەن مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى قۇربان روزىلار يىغىندا سۆز قىلدى. يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى خەلق ئەدلىيە خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىجرا قىلغان قانۇن ـ تۈزۈم سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈم. ئەدلىيە كادىر ـ ساقچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ياخشى ياكى بىر قەدەر ياخشى. لىن بياۋ، جياڭ چىڭ گورۇھىدىكىلەر تەرغىپ قىلغان «ئۇچىنى ئىنكار قىلىش» خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە قارا چاپلىغانلىقتۇر، ئۇنى ئۈزۈل ـ كېسىل تەنقىد قىلىش كېرەك. خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدە تۆۋەندىكى 8 شەرتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شەرت قىلىندى: يەنى دىكتاتورىنىڭ تىغ ئۇچىنى بىر ئۇچۇم سىنىپىي دۈشمەنلەرگە قارىتىش شەرت؛ خەلق ئىچىدىكى ماجىرالارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش شەرت؛ ئەدلىيە خىزمىتىنى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئىشلەش شەرت؛ پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى ئاممىۋى لۇشيەننى يولغا قويۇش شەرت؛ پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ۋە

دۆلەتنىڭ قانۇننى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش شەرت؛ قانۇندا بەلگىلەنگەن سوت تۈزۈمى ۋە سوت تەرتىپلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش شەرت؛ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىپسىل ئەنئەنە، ئىپسىل ئىستىلنى جارىي قىلدۇرۇش شەرت؛ سىياسىنى، كەسپنى ئىرىشىپ ئۆگىنىش، ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان بولۇش شەرت. يىغىندا ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، تەكشۈرۈش ئىشىنى ئوبدان ئىشلەش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشكە دائىر ۋەزىپىلىرى بەلگىلەندى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتگورۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا «ئەدلىيە كادىرلىرى قوشۇنىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى. دوكلاتتا ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىقىنى ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلار، سوتچىلىقىنى رايون دەرىجىلىك كادىرلار ئۈستىگە ئالىدۇ؛ شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىلىرىگە يەنە 400 شتات كۆپەيتىلىشى لازىم، دەپ كۆرسىتىلدى.

## 1979 - يىلى

3 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي قانۇن گورۇپپىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەردىن يۇقىرى دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى، تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە سوت مەھكىمىلىرى رەھبەرلىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىن مەزگىلىدە كەسپىي يىغىنلار ئېچىلدى. سوت مەھكىمىسىنىڭ كەسپىي يىغىنىدا ۋەكىللەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ، ئۇنى ئەدلىيە خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەملىكەتلىك جىنايى ئىشلار سوتى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق ھەق تەلەپ سوتى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە مۇھاكىمە قىلدى، قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىگە دائىر تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈشنى، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئېنىقلاشنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدا پىكىر تارقاتتى.

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا نۇرىيوپ ئەنۋەر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ [1979] 64 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدىن جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىشقا قەتئىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭنىڭ سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىغا 820 كادىر - ساقچى يۆتكەپ كېلىندى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ئەدلىيە كادىر - ساقچىسى 2691گە يەتتى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى قۇرۇلدى. ئەسلىدە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتى ئەدلىيە نازارىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

# 1980 - يىلى

3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»نىڭ 18 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قاراماي شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە 1 - سوت دېلولىرىنى سوت قىلىشتا تۆۋەندىكى ھوقۇقلارنى بەردى: بىرىنچى، ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولار؛ ئىككىنچى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى؛ ئۈچىنچى، چەت ئەللىكلەر سادىر قىلغان ياكى دۆلىتىمىز پۇقرالىرى چەت ئەللىكلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى- تەرۇز قىلغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى.

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا «ئاپتونوم رايوندىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە پەيدىن پەي جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى. دوكلاتتا بۇ يىل ئىچىدە پەيدىن پەي ئوچۇق سوت ئېلىپ بېرىش، يىل ئاخىرىغىچە سوتنى پۈتۈنلەي ئوچۇق ئېلىپ بېرىش؛ 1 -، 2 - سوت دېلولىرىنىڭ سوت قىلىش مۇددىتىنى ئومۇمەن بىرىم ئاي ئۇزارتىش، يەنى 1 -، 2 - سوتنىڭ ئەڭ ئۇزاق مۇددىتى ئىككى ئاي بولۇش؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى كادىرلارنى داۋاملىق كۆپەيتىش ۋە تەربىيىلەش؛ ئالاقىدار تارماقلار ئادۋوكاتلارنى رەسمىي سەپلەش ۋە خەلق زاسېداتېللىرىنى سايلاپ چىقىش لازىم دېگەندەك تەكلىپ - پىكىرلەر بېرىلدى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› مەزگىلىدىكى ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈپ تۈزىتىپ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىدىن خۇلاسە» چىقاردى. خۇلاسىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە 30 مىڭ 383 جىنايى ئىشلار دېلوسىغا ھۆكۈم قىلىنىدى، ئۇلاردىن 29 مىڭ 677 سى قايتا تەكشۈرۈلدى، بۇ ئومۇمىي ۋەزىپىنىڭ %98نى ئىگىلەيدۇ. قايتا تەكشۈرۈلگەن ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولار ئىچىدە لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن پەيدا قىلىنغان ناھەق دېلو 112 بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاقلاندى. ليۇ شاۋچىنىڭ ناھەقچىلىككە ئۇچرىغىنىغا ھېسداشلىق قىلغانلىقتىن پەيدا قىلىنغان 659 ناھەق، يالغان، خاتا دېلونىڭمۇ ھەممىسى تۈزىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 10 — 21 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرى باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىن 12 كۈن ئېچىلدى، يىغىنغا 50 نەچچە ئادەم قاتناشتى. يىغىندا ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈزەش، نەق جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللار ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى توغرىسىدا پىكىر»نى ئوتتۇرىغا قويدى. پىكىردە ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىنىڭ «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىدىكى ئورنى ۋە رولىنى تونۇپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئاپپاراتنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خادىم سەپلەشنى چىڭ تۇتۇشى، دېلو باشقۇرۇش تەۋەلىكى ۋە دېلو قوبۇل قىلىش تەرتىپىگە دائىر ساۋاتلارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ۋە ئىگىلىشى، مۇرەسسەنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك دەپ كۆرسىتىلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى خەن مىڭزېڭ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى جۇ زېڭخۋا غەربىي شىمال سىياسىي قانۇن ئىنىستىتۇتىغا يۆتكەلدى. ۋاڭ شېن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، ئابلىز قاسىم مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولدى.

## 1981 - يىلى

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ دېلوسىنى سوت قىلدى. ئەكسىلئىنقىلابچى ھەسەن ئىسمائىل 1981 - يىل 3 - ئايدا ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرغان ۋە ئەكسىيەتچىل پروگرامما تۈزگەن. 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى سەھەردە، ئۇ پەيزاۋات ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ قورال - ياراغ ئامبىرىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى بۇلاپ كېتىپ، ناھىيە بازىرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشقا ئۇرۇنغان، كېيىن ھەربىيلەر ۋە ساقچىلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىپ قورالسىزلاندۇرۇلغان. 21 توپىلاڭچى ئوچۇق سوت قىلىندى. باش جىنايەتچى ھەسەن ئىسمائىلغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى؛ 10 ئاساسلىق جىنايەتچىگە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىپ، بەلگىلىك ۋاقىتلىق سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى؛ 10 ئەگەشكۈچى جىنايەتچىنىڭ جىنايى جازاسى كەچۈرۈم قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا دەۋا ھەققى ئېلىش سىناق چارىسى»نى ماقۇللىدى.

12 - ئاينىڭ 14 — 17 - كۈنگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى يىغىن چاقىرىپ، مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىنغا 81 كىشى قاتناشتى. يىغىندا جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتىدە زەربە بېرىش كۈچلۈك بولماسلىق بىلەن دېلولارنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا قانۇن بويىچە بېجىرىشنىڭ مۇناسىۋىتى، «ئېغىر، تېز بولۇش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن قانۇن بويىچە دېلو بېجىرىشنىڭ مۇناسىۋىتى، پارتكوم رەھبەرلىكىگە بوي سۇنۇش بىلەن قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا دېلو بېجىرىشنىڭ مۇناسىۋىتى، نەق جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش بىلەن ئەرز - شىكايەتلەرنى كۆتۈۋېلىش، سوت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە چوڭقۇر مۇزاكىرە قىلىندى.

شۇ يىلى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە 472 كادىر - ساقچى قوشۇلدى. يىل

ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە سوت مەھكىمىسى كادىر - ساقچىسى 3840قا يەتتى. ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدە يېڭىدىن 146 مەھكىمە باشلىقى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى، 223 سوتچى، ياردەمچى سوتچى ۋەزىپىگە تەيىنلەندى.

شۇ يىلى گاۋ يىڭكۈي ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

## 1982 - يىلى

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «ئاغلىق ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان ياخشى كادىر — تۇرسۇن مەمەت» ناملىق تەقدىرلەش ماتېرىيالىنى يېزىپ چىقتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى سوتچىسى، كومپارتىيە ئەزاسى تۇرسۇن مەمەت 1981 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ھاياتىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي خەنزۇ ئاممىسىنى ۋە دۆلەتنىڭ مۈلكىنى قوغداپ، ئاممىنىڭ ماختىشىغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىگە سازاۋەر بولدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنى بىر قېتىم چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالدى ھەمدە ئۇنى پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلىدى.

3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «سابىق گومىنداڭنىڭ ناھىيەدىن تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرىنى ۋە ئىشپىيونلىرىنى كەڭچىلىك بىلەن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا قارار»نى تارقاتتى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە سابىق گومىنداڭنىڭ قاماقتىكى ناھىيەدىن تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرى ۋە ئىشپىيونلىرىدىن 72 سى قويۇپ بېرىلدى ھەمدە مەيداندا قالدۇرۇلۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان شۇ خىلدىكى 517 كىشىنىڭ تۇرمۇشى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىدىن ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلىش سۈرۈكى مەسىلىسى توغرىسىدا قارار»غا ئاساسەن، ئومۇمەن 1981 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قوبۇل قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇشنى، ھەقىقەتەن سۈرۈك ئىچىدە ئاياغلاشتۇرغىلى بولمايدىغانلىرىنى سۈرۈكى توشۇشتىن 10 كۈن ئاۋۋال سۈرۈكنى ئۇزارتىش توغرىسىدا دوكلات يوللاپ، ئۇنى ھوقۇقلۇق تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئورگىنىغا تەستىقلىتىشنى، قايتۇرۇۋېتىلگەن تولۇقلاشقا، تەھقىقلەشكە توغرا كەلگەن دېلولار توغرىسىدا سۈرۈكنى ئۇزارتىشنى ئىلتىماس قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى، كۈيتۇڭ، قەشقەر شەھەرلىرىدە بۆلەك بويىچە جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىننىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش توغرىسىدا قارار»ى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئىقتىسادقا ئېغىر

دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدا قارار»ى قاتارلىق ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى ئورۇنلارغا «ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرى ئىچىدىكى چوڭ، مۇھىم دېلولارنى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىنىڭ 1 ـ سوت جىنايى ئىشلار دېلولىرى قىلىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. «ئۇقتۇرۇش»تا «ئومۇمەن شەخسلەرنىڭ خىيانەتچىلىك، ھايانكەشلىك ۋە ئالدامچىلىق قىلىپ 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى پايدىغا ئېرىشكەنلىكى، 1000 يۈەندىن يۇقىرى پارە ئالغانلىقى، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئائىت دېلولار بىردەك چوڭ دېلو، مۇھىم دېلو ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 1 ـ سوت قىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىلدى.

5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى بىرلىشىپ، ئۈرۈمچىدە ئىقتىسادىي دېلولارنى بىرتەرەپ قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

9 ـ ئاينىڭ 5 — 11 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ قېتىملىق ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، كوللېگىيە باشلىقلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 176 كىشى قاتناشتى. يىغىندا مەركىزىي كومىتېت تەستىقلاپ تارقاتقان «مەملىكەتلىك سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنىنىڭ خاتىرىسى»، «يولداش پېڭ جېننىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» ۋە 3 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى يىغىنىنىڭ ھۆججەتلىرى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)»نى ئىجرا قىلىش خىزمىتى يەكۈنلەندى.

9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «مەركىزىي كومىتېتنىڭ ،7 ئۆلكە ئاپتونوم رايون ۋە 3 ھەربىي رايوننىڭ ھەقىقەتكە قايتقانلارنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش سۆھبەت يىغىنى، نىڭ ھۆججەتلىرىنى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقاتتى. «ئۇقتۇرۇش»تا ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدىن بۇ خىل دېلولارنى چۈشۈرۈپ قويماي پۈتۈنلەي قايتا قاراپ چىقىشنى، قايتا قاراپ چىقىلغانلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى، تۈزىتىشكە تېگىشلىك بولغانلىرىدىن تۈزىتىلمىگەنلىرىنى قايتا قاراپ چىقىپ تۈزىتىشنى تەلەپ قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلولارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى.

12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى نۇرىيوپ ئەنۋەر ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنىدا خىزمەتتىن دوكلات بەردى.

شۇ يىلى مېڭ كەي ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا

تەيىنلەندى.

شۇ يىلى شىنجاڭنىڭ سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىغا 377 كادىر - ساقچى قوشۇلدى، كادىر - ساقچىنىڭ ئومۇمىي سانى 4217 گە يەتتى.

## 1983 - يىلى

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «مەھكىمىمىز تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ زەخمىلەندۈرۈش جىنايىتىنى بېكىتىش مەسىلىسىگە دائىر پىكىرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. «ئۇقتۇرۇش»تا زەخمىلەندۈرۈش جىنايىتىنى بېكىتىش مەسىلىسى، ئېغىر زەخمىلەندۈرۈش بىلەن يېنىك زەخمىلەندۈرۈشنىڭ پەرقى ۋە زەخمىلىنىش ئەھۋالىنى باھالاش مەسىلىسى ئەرز قىلىنغان زەخمىلەندۈرۈش دېلولىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە سوت قىلىش تەرتىپى مەسىلىسى، ئىقتىسادىي تۆلەم مەسىلىسى، قانۇن ماددىلىرىنى تەدبىقلاش مەسىلىسى قاتارلىقلار ئۈستىدە تولۇق چۈشەنچە بېرىلدى.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىگە دائىر ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات»يدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايون بويىچە 62 خەلق سوت مەھكىمىسىدە (47 ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسىنى ئىچىگە ئالىدۇ) ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلۇپ، 302 كادىر سەپلەندى. 3 يىلدىن بۇيان، 1456 ئىقتىسادىي دېلو بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسى 1162 بولۇپ، نىشاندىكى ئومۇمىي سوممىسى 18 مىليون 560 مىڭ يۈەن بولدى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى باشلىقلىرى ۋە ئۈنىڭدىن يۇقىرى رەھبەرلەر يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىلىرى كادىر - ساقچىلىرىدىن مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە تېز، قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدىكى ھەل قىلغۇچ تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشىگە تېزدىن ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلدى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى سوت مەھكىمىلىرىگە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىر قىسىم ئۆلۈم دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. «ئۇقتۇرۇش»تا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان دېلولاردىن باشقا، جايلار ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان ئادەم ئۆلتۈرۈش، باسقۇنچىلىق، بۇلاڭچىلىق، پارتلىتىش دېلولىرىنى شۇنداقلا جامائەت بىخەتەرلىكىگە ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزۈش دېلولىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ دەپ كۆرسىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1983 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 - كۈندىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدىكى قارارى بىلەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈندىكى جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدىكى قارارىنى ئىزچىل

ئىجرا قىلىپ، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەنتەربىيە مەيدانىدا 50 مىڭ كىشىلىك ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل ئەمەت يىغىندا سۆز قىلدى، يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت ۋە ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت، ئەدلىيە رەھبەرلىرى شۇنداقلا بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يەن يۇشىڭ 19 دېلودىكى جاڭ گۇاڭخېڭ قاتارلىق 48 جىنايەتچىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈم كېسىمىنى جاكارلىدى، ئۇلاردىن 20سىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ دەرھال ئىجرا قىلىندى.

9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق شتات كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدە مالىيە ـ قورال ـ جابدۇق باشقارمىسى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

10 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە قاراشلىق ھەر قايسى رايونلۇق سوت مەھكىمىلىرى، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ۋە سانجى، قۇمۇل، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي، شىخەنزە، قاراماي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرى ۋە باشقا جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھۆكۈمنى ئوچۇق جاكارلاش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، 254 چوڭ جىنايى ئىشلار جىنايەت دېلوسىدىكى 1209 جىنايەتچىنىڭ ھۆكۈمىنى ئوچۇق ئېلان قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىڭتۇەننىڭ ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت، ئەدلىيە ئورگانلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ياكى قۇرۇشىغا قوشۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 15 — 22 ـ كۈنلىرىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)»نى ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ۋە بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇل باشلىقلىرى، ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن بولۇپ 50 نەچچە كىشى قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۇڭ جېن «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ھەق تەلەپ سوت خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر 3 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)»نى ئىجرا قىلىشتىكى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەييارلىغان «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)نى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا پىكىر»، «ھەق تەلەپ دەۋاسىدا ھەق ئېلىش چارىسى»نى مۇزاكىرە قىلدى.

شۇ يىلى نورىيوپ ئەنۋەر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، پارتگورۇپپا شۇجىسى، گاۋ يىڭكۇي مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، مۇئاۋىن شۇجى بولدى. ئابلىز قاسىم، دۇڭ ياڭيۇ (8 ـ ئايدا يۆتكەپ كېتىلدى)، دۇڭ جېنلار مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، پارتگورۇپپا ئەزاسى بولدى؛ مېڭ كەي مەسلىھەتچى، مۇقتىيوف ۋاھاپ پارتگورۇپپا ئەزاسى بولدى. مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى يې يىڭشۇەن دەم ئېلىشقا چىقتى.

# 1984 - يىلى

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى « ‹ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)›نى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى بىر قانچە پىكىر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى شىنجاڭ بويىچە سوت سىستېمىسىدىكى قانۇن دوختۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا 22 كۇرسانت قاتناشتى، كۇرس 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاخىرلاشتى.

3 - ئاينىڭ 7 — 12 - كۈنلىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئۈتتۈرا سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مالىيە، قورال - جابدۇق خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. سۆھبەت يىغىنىغا مۇشۇ خىزمەتكە مەسئۇل مەھكىمە باشلىقلىرى، ئىشخانا مۇدىرلىرىدىن بولۇپ 34 كىشى قاتناشتى.

6 - ئاينىڭ 13 — 22 - كۈنلىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچى شەھرىدە شىنجاڭ بويىچە 1 - قېتىملىق ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 192 كىشى قاتناشتى. يىغىندا 1 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمائىل ئەمەت، تۆمۈر داۋامەتلەر ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ھامىدىن نىياز سۆز قىلدى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى دۇڭ جىبىن دوكلات بەردى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «1 - سوت ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ئىش تەقسىماتى توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تۈزگەن «خەلق ئەدلىيىسى» ناملىق ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىشقا تەستىقلاندى.

10 - ئاينىڭ 5 — 16 - كۈنلىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچى شەھرىدە ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى يىغىنى ۋە شىنجاڭ بويىچە سوت مەھكىمە باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا مەھكىمە باشلىقلىرى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى، ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 240 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىندا ئاساسلىقى 4 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە مەملىكەتلىك سوت مەھكىمىسى باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى؛ جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش خىزمىتى خۇلاسىلەندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ‹ھەق تەلەپ دەۋاسىدا ھەق ئېلىش چارىسى (سىناق نۇسخا)›نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، نىكاھدىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى ۋە مال - مۈلۈككە ياتمايدىغان دېلولارنى قوبۇل قىلىش ھەققى بىلەن ئىجرا نىشانى 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن دېلولارنىڭ ئىجرا ھەققى ئۆلچىمى ئۈستىدە بىر تۇتاش بەلگىلىمە قىلماي، ئۇنىڭ سوممىسىنى ھەر قايسى شۆبە سوت

مەھكىمىلىرى، ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا بېكىتىشىگە قالدۇردى. لېكىن نىكاھدىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى قوبۇل قىلىش ھەققىنىڭ ئومۇمەن 30 يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كۆرسىتىلدى.

شۇ يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت خادىملىرىغا بىر تۇتاش خىزمەت كىيىمى تارقىتىپ بەردى.

## 1985 - يىلى

1 - ئاينىڭ 9 — 11 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ۋە خەلق سوتلىرىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى.

1 - ئاينىڭ 15 -، 16 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق تىياتىرخانىسىدا جياڭ ئەيجېننىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش نارازىلىق دېلوسىنى ئوچۇق سوت قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى خادىم ئەۋەتىپ سوتقا نازارەتچىلىك قىلدى ۋە ئەيىبلەشنى قوللىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك قانۇن مەسلىھەتچىلىك ئورنى سوتتا جاۋابكارنى ئاقلىدى. 2 كۈن قاراپ چىقىش ئارقىلىق مۇنداق ھۆكۈم ئېلان قىلىندى: ئەسلى ھۆكۈم كۈچتىن قالدۇرۇلسۇن، نارازىلىق ئەرز قىلغۇچى جياڭ ئەيجېنغا قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۈچۈن 15 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن 5 يىل مەھرۇم قىلىنسۇن. مەركەزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 10 ئاخبارات ئورنى بۇ دېلونى زىيارەت قىلدى.

1 - ئايدا ئاپتونوم رايون جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىن 12 ئىلغار كوللېكتىپ، 131 ئىلغار شەخس، 6 ئۆلگە تەقدىرلەندى.

2 - ئايدا مەملىكەتلىك سوت مەھكىمىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىن 4 ئورۇنغا ئىلغار كوللېكتىپ دەپ، 8 كىشىگە ئىلغار خىزمەتچى دەپ نام بېرىلدى.

5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى سوت قىلىش ھوقۇق دائىرىسى، كادىرلار خىزمىتى ۋە مالىيە - قورال - جابدۇق باشقۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىلى ئوبلاستلىق شۆبىسىگە تەستىق جاۋاب بەردى. تەستىق جاۋابتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىنىڭ 1 - سوتتا ئۆلۈم جازاسى دېلولىرى، ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن دېلولىرى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ 2 - سوت قىلىشىغا ياكى تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىنىدۇ؛ بۇ 3 ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىرلار، مالىيە - قورال - جابدۇق ئىشلىرىنى پرىنسىپ جەھەتتە يەنىلا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىۋاسىتە باشقۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مەھكىمە باشلىقلىرى قانۇن بويىچە ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلىدۇ، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى، كوللېگىيە باشلىقلىرى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، سوتچىلىرى ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ ۋە

قالدۇرۇلىدۇ.

6 - ئاينىڭ 4 — 8 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ۋۇجياچۇدە ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىقلىرى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 72 كىشى قاتناشتى. يىغىندا بىر قىسىم ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرى، ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلدى؛ 6 ئىقتىسادىي سوت كوللېكتىپى ئىلغار كوللېكتىپ، 4 ئىقتىسادىي سوت خادىمى ئىلغار خىزمەتچى بولدى.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مەملىكەتلىك سوت كادىرلىرى ئىشتىن سىرتقى قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

10 - ئاينىڭ 18 — 20 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك سوت كادىرلىرى ئىشتىن سىرتقى قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق خىزمەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 1 - قارارلىق ئوقۇتۇش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۆبە مەكتەپنىڭ شىنجاڭ بويىچە 19 شۆبە تارمىقى، 64 سىنىپى، 922 كۇرسانتى بار، بۇ كۇرسانتلار شىنجاڭدىكى سوت كادىر- ساقچىلىرىنىڭ 17.9%نى ئىگىلىدى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىگە «ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت كوللېگىيىلىرىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى سوت مەھكىمىلىرىگە «يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى ۋە بىگتۇەن سوت مەھكىمىلىرىنىڭ جازاسى كېمەيتىلگەن ۋە ئىلتىماسەن ئەرز قىلىنغان دېلولارنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرى باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئېغىر ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە سوت مەھكىمىلىرىگە 701 كادىر - ساقچى قوشۇلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ بويىچە سوت مەھكىمىسى كادىر - ساقچىسى 5450كە يەتتى. يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ خادىمى 228 بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىر - ساقچى 81.

## بىرىنچى قىسىم

# ئاپپاراتلار

# بىرىنچى قىسىم

# ئاپپاراتلار

## I باب

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ سوت ئاپپاراتلىرى

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى غەربىي يۇرت تىنچىتىلغاندىن كېيىن، يەرلىكنىڭ مەمۇرىي تەشكىلىي تۈزۈلۈشى جەھەتتە ۋىلايەت ـ ناھىيە تۈزۈمى، جاساق تۈزۈمى، بەگلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئەدلىيە قوشۇمچە تۇتۇلدى.

چيەنلۇڭ 27 ـ يىلى (1762 ـ يىلى) ئىلى جاڭجۇنى قويۇلدى ئۇ كۈرەدە تۇردى، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارى (ئەدلىيەنى قوشۇمچە باشقۇرغان) بولۇپ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى بىلەن باغراش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىن پارمىرغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى باشقۇردى. ئۈرۈمچىگە تۇتۇق؛ ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەرلەرگە بېرىدىن مەسلىھەتچى ئامبال؛ قۇمۇل، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، زەرەپشان (ھازىرقى قاغىلىق) ۋە خوتەنلەرگە بىرىدىن خان ئامبال؛ ئىلىغا بەش ئاغلاقچى ئامبال؛ باركۆل، گۇچۇڭ، تۇرپان، كول قارا ئۇسۇ (ھازىرقى شىخۇ)، يېڭىسارلارغا بىردىن ئاغلاقچى ئامبال قويۇلدى، ھەممىسى ئىلى جاڭجۇنىگە قارىدى، ئۇلارغا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان جايلارنىڭ ئايرىملىرىغا خەلق ئىشلىرى ئەمەلدارلىرى قويۇلدى. مەسىلەن: كول قارا ئۇسۇغا قويۇلغان ئامبال كېيىن ئاشلىق باشقۇرغۇچىغا ئۆزگەرتىلدى؛ ئىلىدە خەلق قۇتادغۇ مەھكىمىسى ۋە كېڭەش مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. خەلق قۇتادغۇ مەھكىمىسى ئۆزىگە تەۋە جايلاردىكى بارلىق سودىگەرلەرنى، يېشىل تۇغلۇق خوشۇندىكى ئادەم ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك دېلولارنى، ئوغرىلىق دەۋا دېلولىرىنى باشقۇردى. كېڭەش مەھكىمىسى كۈرە ۋە باياندايدىكى مانجۇ گازارمىسىنى، ھەرقايسى قەبىلىلەردىكى ئادەم ھاياتى، ئوغرىلىق، قاچقۇنلۇققا دائىر دېلولارنى ھەم خوشۇن خەلقىگە چېتىشلىق ۋەقەلەرنى باشقۇردى.

ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان مەزگىلدە جاساق تۈزۈمىمۇ بار ئىدى. شىنجاڭدىكى جاساق تۈزۈمى بىرى قۇمۇل، تۇرپانلاردىكى مۇسۇلمان بەگ - تۆرىلەر ئارىسىدا، يەنە بىرى موڭغۇللارنىڭ تورغۇت، خوشۇت قەبىلىلىرىدىكى بەگ - تۆرىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت ئىدى. بۇنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەرگەن بولۇپ، يەرلىك خان ئامبال تەرىپىدىن تىزگىنلىنەتتى. باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى خەلق، يەر، مال - مۈلۈكنىڭ ھەممىسى جاساقتا تەۋە بولۇپ، بالا - چاقىلىرىغا مىراس قالاتتى. ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلى جىنايەتچىلەرنى جازالاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھەممىسى قەبىلە ئادەتلىرىنى ئاساس قىلغانىدى، ئەدلىيە تۈزۈلمىسى يوق ئىدى.

شۇ مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭدا بەگلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، شەھەرلەرگە بىردىن ھاكىمبەگ قويۇلدى، ئۇلار بارلىق ئىشلارنى باشقۇردى، ھاكىمبەگنىڭ قول ئاستىغا ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل بەگلەر قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار تۈرلۈك ئىشلارنى باشقۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە قازى بەگ مەخسۇس جازا ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. بەگلەرنى شۇ يەردىكى مەسلىھەتچى ئامبال ياكى خان ئامبال تاللاپ يۇقىرىغا يوللاپ، ئاندىن جايلارغا ئەۋەتەتتى ھەم باشقۇراتتى.

ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى مەزگىلىدە-چىڭ سۇلالىسى ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدە ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئاۋۋال شەرقتە دىڭخۇاڭدىن تارتىپ، غەربتە ئۈرۈمچىگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەنشى ۋىلايىتىنى تەسىس قىلدى. كېيىن ئەنشى ۋىلايىتى ئۈرۈمچى-باركۆل ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، تۇرۇشلۇق ئورنى باركۆلدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى. ئۇنىڭ قارىمىقىدا تەسىس قىلىنغان ئەنشى بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى يۇمېن، دىڭخۇاڭ ناھىيىلىرىنى؛ باركۆل مەھكىمىسى ئىغو، گۇچۇڭ ناھىيىلىرىنى؛ ئۈرۈمچى بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى سانجى، فۇكاڭ، ماناس ناھىيىلىرىنى باشقۇردى؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇمۇل، پىچان بىۋاستە قاراشلىق ۋازارەتلىرىمۇ ئۇنىڭغا قارىدى. بۇ ئايماق - ناھىيىلەر مەمۇرىي جەھەتتە گەنسۇ باش مۇپەتتىشىگە قارىدى.

گۇاڭشۇ 10 - يىلى (1884 - يىل) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىنىڭ شەرقى، شىڭشىڭشيانىڭ غەربىدىكى ئايماق، ناھىيىلەر شىنجاڭغا تەۋە قىلىندى. ئۆلكىگە باش مۇپەتتىش قويۇلدى، ئۇ ئۆلكە بويىچە ئەڭ يۇقىرى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇپ، شەنشى - گەنسۇ باش ھەربىي ۋالىيسى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىندى. باش مۇپەتتىشنىڭ ئاستىدا يەنە پەرمانبەردار، تەپتىش قويۇلدى. ئەينى چاغدىكى تەپتىشلىكنى ئۈرۈمچى - باركۆل دوتىيى قوشۇمچە ئۆتىگەن بولۇپ، بۇنىڭغا مەخسۇس ئادەم قويۇلمىدى. يەرلىكتە ئۈچ ۋىلايەت تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ بىرى ئۈرۈمچى - باركۆل ۋىلايىتى بولۇپ، ئاشلىق، ھەربىي ئىشلار، مۇداپىئە ئىشلىرىدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ قانۇن ئىشلىرىنىمۇ قوشۇمچە باشقۇردى؛ يەنە بىرى ئاقسۇ ۋىلايىتى بولۇپ، ھەربىي ئىشلار ۋە مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشقۇردى؛ يەنە بىرى، قەشقەر ۋىلايىتى بولۇپ، ھەربىي ۋە مۇداپىئە ئىشلىرىدىن باشقا، سودا ئىشلىرىنىمۇ قوشۇمچە باشقۇردى. ھەر قايسى جايلاردىكى مەسلىھەتچى ئامبال، خان ئامبال ھەم بەگ تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. قۇمۇلدا مۇسۇلمانلار كۆپ بولغاچقا جاساق تۈزۈمى شۇ يەردىلا ساقلىنىپ قالغاندىن سىرت، قالغان يەرلەردىكىسى بىكار قىلىندى. ئىلى جاڭجۈنى مۇداپىئە جاڭجۈنىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئاساسلىقى شىمالىي شىنجاڭنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى تۇتتى، كېيىن ئىلى - تارباغاتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىنىپ، ئىلى جاڭجۈنىگە قارىدى.

# § 1 . زىندان - تەپتىش يامۇلى

زىندان - تەپتىش يامۇلى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگىنى، ئۇ كېيىن ئەدلىيە مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، باش مۇپەتتىش مەھكىمىسى، پەرمانبەردار مەھكىمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىل) شىنجاڭنىڭ تەپتىش بېگى رۇڭ پېي پەرمان بويىچە كەسپىنى ئۈرۈمچى - باركۆل دوتىيى ياڭ زېڭشىننىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

تەپتىش بېگىنى خان ئوردىسى بىۋاستە ئەۋەتتى، باش مۇپەتتىش ئۇنىڭ سىياسىي ئۆتۈقلىرىنى باھالىدى، لېكىن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بولمىدى. ئۇنىڭغا قەلەمدە، ئەلەمدە بار ئەمەلدارلارنى نازارەت قىلىش؛ ۋىلايەت، ئايماق، ناھىيىلەرنىڭ نارازىلىق دېلولىرىنى قوبۇل قىلىش؛ قارىمىقىدىكى يامۇلنىڭ ھۆكۈمىنى تەكشۈرۈش، ئەگەر ھۆكۈم توغرا بولمىسا قايتا سوت قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈش؛ يۇقىرى تاپشۇرغان دېلولارنى سوت قىلىش؛ سۈرگۈن جازاسى، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان دېلولار توغرىسىدا قانۇن تۈزۈپ يۇقىرىغا يوللاش؛ جىنايەت ئۆتكۈزگەن يەرلىك ئەمەلدارلارنى سوتلاش ھوقۇقى بېرىلدى.

# § 2 . دوتەي يامۇلى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆلكە بىلەن ۋىلايەت، ئايماق ئارىسىدا ۋىلايەت (دوتەيلىك) تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ باشلىقى ۋالىي (دوتەي) دەپ ئاتالدى، ئەمەلدارلىق دەرىجىسى رەسمىي 4 - دەرىجە بولۇپ، يەرلىكنىڭ مەمۇرىيەت ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا مەھكىمە، ناھىيىلەردىكى جىنايەت دېلولىرى ئىچىدە، مەھكىمە قوبۇل قىلغان سۈرگۈن جىنايىتىدىن يۇقىرى دېلولار بىۋاستە ئۆلكىلىك تەپتىش ئورۇنلىرىغا يوللانغاندىن سىرت، قالغان دېلولار ئاساسەن دوتەي مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىندى. بىۋاستە قاراشلىق ئايماق - ۋازارەتكە تەۋە دېلولار خاراكتېرى ۋە جازاسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى ۋىلايەتتىن ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭدا دوتەي يامۇلىدىن تۆتى بار ئىدى. ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئۈرۈمچى - باركۆل ۋىلايىتى قارىمىقىدا بىر مەھكىمە (ئۈرۈمچى مەھكىمىسى)، 4 ۋازارەت (تۇرپان ۋازارىتى، باركۆل ۋازارىتى، كول قارا ئۇسۇ ۋازارىتى، قۇمۇل ۋازارىتى)؛ ئونسۇدا تۇرۇشلۇق ئاقسۇ ۋىلايىتى قارىمىقىدا 2 مەھكىمە (ئونسۇ مەھكىمىسى، قاراشەھەر مەھكىمىسى)، بىر ۋازارەت (ئۇچتۇرپان ۋازارىتى)، بىر ئايماق (كۇچا بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى)؛ قەشقەردە تۇرۇشلۇق قەشقەر ۋىلايىتى قارىمىقىدا 2 مەھكىمە (قەشقەر يېڭىشەھەر مەھكىمىسى، يەكەن مەھكىمىسى)، بىر ۋازارەت (يېڭىسار بىۋاستە قاراشلىق ۋازارىتى)، بىر ئايماق (خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى)؛ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق ئىلى-تارباغاتاي ۋىلايىتى قارىمىقىدا بىر مەھكىمە (ئىلى مەھكىمىسى)، 2 ۋازارەت (جىڭ ۋازارىتى، چۆچەك ۋازارىتى) بار ئىدى. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلى - تارباغاتاي ۋىلايىتى يەنىلا ئىلى جاڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

## § 3 . مەھكىمە يامۇلى

مەھكىمە، بىۋاسىتە قاراشلىق ئايماق، بىۋاسىتە قاراشلىق ۋىلايەت ئۆلكە بىلەن ناھىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم يامۇل. مەھكىمىنىڭ دەرىجىسى قوشۇمچە 4 - دەرىجە بولۇپ، مەھكىمە باشلىقى تەۋەلىكىدىكى بارلىق جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى باشقۇراتتى. بىۋاسىتە قاراشلىق ئايماق، بىۋاسىتە قاراشلىق ۋىلايەتلەر ئۆلكىگە بىۋاسىتە قاراشلىق بولۇپ دەرىجىسى مەھكىمە بىلەن تەڭ ئىدى. ئايماقتا ئايماق بېگى، ۋىلايەتتە ۋىلايەت بېگى قويۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەرىجىسى رەسمىي 5 - دەرىجە.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا 6 مەھكىمە، يەنى ئۈرۈمچى، ئىلى، ئونسۇ، قاراشەھەر، سۇلى، يەكەن مەھكىمىلىرى؛ بىۋاسىتە قاراشلىق ئىككى ئايماق، يەنى كۇچا بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقى، خوتەن بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقى؛ سەككىز بىۋاسىتە قاراشلىق ۋىلايەت، يەنى تۇرپان، باركۆل، قۇمۇل، كول قارا ئۇسۇ، جىڭ، چۆچەك، ئۇچتۇرپان، يېڭىسار بىۋاسىتە قاراشلىق ۋىلايەتلىرى تەسىس قىلىنىدى.

## § 4 . ئامبال يامۇلى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى مەھكىمە قارىمىقىدا ناھىيە تەسىس قىلىنىدى، ئۇ يەرلىكنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگىنى ھېسابلىناتتى، ناھىيە باشلىقى ئامبال دەپ ئاتىلىدۇ، دەرىجىسى رەسمىي 7 - دەرىجە ئىدى. ئامبال ئاساسلىقى پۇل - بىسات، ئاشلىق ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى باشقۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ناھىيە بىلەن تەڭ دەرىجىدە تۇرىدىغان ئايماقتىن بىرى، يەنى مارالبېشى ئايمىقى بار ئىدى. يەنە قورغاس، سارىقول شۆبە مۇداپىئە ۋىلايەتلىرى بار بولۇپ، ئۇلارمۇ ناھىيە بىلەن تەڭ دەرىجىدە ئىدى. قالغانلىرى ئاساسەن ناھىيە ياكى شۆبە ناھىيە ئىدى. ناھىيە ۋە شۆبە ناھىيىلەر تۆۋەندىكىچە: ئۈرۈمچى، سانجى، ماناس، فۇكاڭ، جىمىسار، گۇچۇڭ ناھىيىلىرى ۋە قۇتۇبى شۆبە ناھىيىسى (بۇلار ئۈرۈمچى مەھكىمىسىگە قارايتتى)، پىچان ناھىيىسى (تۇرپان بىۋاسىتە قاراشلىق ۋىلايىتىگە قارايتتى)؛ سۈيدۈڭ، غۇلجا ناھىيىلىرى (ئىلى مەھكىمىسىگە قارايتتى)؛ ئونسۇ، باي ناھىيىلىرى، كەلپىن شۆبە ناھىيىسى (ئونسۇ مەھكىمىسىگە قارايتتى)؛ شايار ناھىيىسى (كۇچا بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقىغا قارايتتى)؛ لوپنۇر، چاقىلىق، بۈگۈر ناھىيىلىرى (بۇلار قاراشەھەر مەھكىمىسىگە قارايتتى)؛ قەشقەر، پەيزاۋات ناھىيىلىرى (سۇلى مەھكىمىسىگە قارايتتى)؛ قاغىلىق، گۇما ناھىيىلىرى (يەكەن مەھكىمىسىگە قارايتتى)؛ كېرىيە، لوپ ناھىيىلىرى (خوتەن بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقىغا قارايتتى). شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 21 ناھىيە، 2 شۆبە ناھىيە، بىر ئايماق، 2 شۆبە مۇداپىئە ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغانىدى.

ناھىيىگە قاراشلىق ئەمەلدارلاردىن باش دەپتەردار ئارخىپ، ھۆججەتلەرنى؛ پاششاپ بەگ پايلاقچىلىق، تۇتۇش ۋە جىنايەت، تۈرمە ئىشلىرىنى؛ سەييارە ئامبال ناھىيە بازىرىدىن يىراق رايونلارغا ياكى مۇھىم ئۆتكەللەر بولۇپ، چارلاش، پايلاقچىلىق، تۇتۇش، ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

# II باب

# مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سوت ئاپپاراتلىرى

جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىل) يەرلىكنىڭ مەمۇرىي تەشكىلىي تۈزۈلۈشىدە ۋىلايەت قارىمىقىدىكى ناھىيىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى. 1916 - يىلى ئىلى - تارباغاتاي ۋىلايىتى ئىلى ۋە تارباغاتايدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەتكە ئايرىلدى. 1919 - يىلى ئالتاي رايونى شىنجاڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلىپ، ئالتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى. 2 - يىلى قاراشەھەر، خوتەندىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت 8گە يەتتى. كېيىن ۋىلايەت مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي قۇمۇل ۋە يەكەن مەمۇرىي رايونلىرى تەسىس قىلىندى. كېيىن مەمۇرىي رايون ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلدى. 1946 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 10 ۋىلايەت، 77 ناھىيە، بىر شەھەر، بىر مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بار بولدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرۇپ، ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار ئەرزلىرىنى قوبۇل قىلدى. 1929 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭدا ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ۋە ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىلىرى قۇرۇلدى، بۇ ئاپپاراتلار قۇرۇلمىغان ناھىيىلەردە ھاكىم يەنىلا ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى. بۇ خىل ئەھۋال ئازادلىق ھارپىسىغىچە داۋاملاشتى.

## 1 § . ئۆلكىلىك سوت ئاپپاراتلىرى

### 1. شىنجاڭ ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسى

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىل) زوڭ جىڭشى، جاڭ شاۋبولار شىنجاڭنىڭ تەپتىش بېگى بولدى. 12 - ئايدا تەپتىش بېگى بىكار قىلىنىپ، ئەدلىيە مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى، ليۇ چياڭبىن مەھكىمە باشلىقى بولدى. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىل) 1 - ئايدا ئەدلىيە مەھكىمىسى ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ليۇ چياڭبىن، جاڭ جىڭدىلار باشقارما باشلىقى بولدى. مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىل) ئەدلىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭدا ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت نازارىتى ۋە يەرلىك سوت نازارىتى قۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ياڭ زىڭشىن 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇرەككەپ، ئۆرۈپ ئادىتى ھەرخىل، ئەدلىيە خىراجىتىدە قىيىنچىلىق بار، ئىختىساسلىق كىشىلەر كەمچىل، دېگەنلەرنى باھانە قىلىپ، بۇ ئاپپاراتلارنى كېچىكتۈرۈپ تەسىس قىلىش توغرىسىدا يۇقىرىغا مەكتۇپ يوللىدى. مىنگونىڭ 14 - يىلى (1925 - يىلى) ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ،

ئەدلىيە نازارىتى قۇرۇلدى.

## 2. شىنجاڭ يۇقىرى سوت نازارىتى

مىنگونىڭ 15 ـ يىلى (1926 ـ يىل) ئەدلىيە نازارىتى يۇقىرى سوت نازارىتىگە ئۆزگەرتىلدى، جاڭ جىڭدى نازىر بولدى. كېيىن يەنە ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇقىرى تەپتىش نازارىتى قۇرۇلۇپ، تۇ ۋېنپېي نازىر بولدى.

## 3. شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ شۆبىلىرى

### 1) شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى

مىنگونىڭ 18 ـ يىلى (1929 ـ يىل) شىنجاڭ ئەدلىيە نازارىتى شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 1 ـ ئايدا جاڭ جىڭدى شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، جىن زىجېن شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسىنىڭ (بۇ ئاپپارات سوت مەھكىمىسىدە تەسىس قىلىنىدى) باش تەپتىشلىكىگە تەيىنلەندى. شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن تەپتىش باشقارمىسى مىنگونىڭ 38 ـ يىلىغىچە (1949 ـ يىل) مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. (تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ).

**1929 — 1949 ـ يىلغىچە شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىرى ۋە باش تەپتىشلىرىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 1 — 1

| نامى | ۋەزىپىسى | ئىسىم ـ فامىلىسى | تەيىنلەنگەن ۋاقتى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | جاڭ جىڭدى | 1929.1.16 | |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | تۇ ۋېنپېي | 1929.8.10 | |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | خۇاڭ خېنجاڭ | 1935 | |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | لۇ شياۋزۇ | 1936 | 1937 ـ يىلى قولغا ئېلىنغان، مەھكىمە باشلىقلىقىنى كوللېگىيە باشلىقى ياۋ شىجۇن، جاڭ تۇڭتاڭلار ۋاكالىتەن ئۆتىگەن |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | لىۇ شياۋلى | 1938.10.13 | |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | لىۇ خېنشىڭ | 1943.4 | |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ ۋېنجۇ | 1945.5.7 | ۋاكالىتەن ئۆتىگەن |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | خې چۇڭشەن | 1946.2 | |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | جيا خۇەنجېن | 1949.5 — 1947.5 | |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى | باش تەپتىش | جىن زىجېن | 1929.1.16 | |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى | باش تەپتىش | لى گۇەنجۇ | 1929.4 | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى | باش تەپتىش | پېڭ جياخۇي | 1935 | |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى | باش تەپتىش | فاڭ چياڭ | 1936 | 1937 - يىلى فاڭچياڭ قولغا ئېلىنغان، تەپ- تىش خۇاڭ تىڭجېن ۋا- كالىتەن ئۆتىگەن |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى | باش تەپتىش | جاڭ تۇڭتاڭ | 1939.7.9 | كېيىن خۇاڭ تىڭجېن ۋاكالىتەن ئۆتىگەن |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى | باش تەپتىش | ۋاڭ زۇبىڭ | 1941.5 | ۋاكالىتەن ئۆتىگەن |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى | باش تەپتىش | خۇاڭ داۋ | 1942.4.30 | خۇاڭ داۋ قولغا ئېلىند- غان، خۇاڭ تىڭجېن ۋاكالىتەن ئۆتىگەن |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى | باش تەپتىش | يۈ چېڭئەن | 1944.12.24 | |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى | باش تەپتىش | مۇ جېندۇڭ | 1946.5 — 1945.7.7 | |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى | باش تەپتىش | فاڭ جۇڭيىڭ، جاڭ ۋېيزۇ | 5 -، 6 - ئايدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن، لېكىن ۋەزىپىگە ئولتۇرمىدى | خۇاڭ تىڭجېن، ياۋ جې- ڭلار ۋاكالىتەن ئۆتە- گەن |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى | باش تەپتىش | لياڭ گوجېن | 1948.1.29 | ۋاقىتىنچە ئۆتىگەن |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى | باش تەپتىش | فاڭ جۇڭيىڭ | 1948.9.24 | |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى | باش تەپتىش | جاڭ تيەنشىڭ | 1949.6.4 | |

شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئىچكى قىسىمدا ئاپپاراتلاردىن تەپتىش باشقارمىسىدىن باشقا يەنە ھەق تەلەپ كوللېگىيىسى، جىنايى ئىشلار كوللېگىيىسى، بوغالتىرلىق بۆلۈمى، پۈتۈكچىلەر ئىشخانىسى بار ئىدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943- يىلى) تۈرمە بۆلۈمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) كۆزدە خوجىلىق بۆلۈمى، خەت - ئالاقە بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، ستاتىستىكا بۆلۈملىرى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) بوغالتىرلىق بۆلۈمى بوغالتىرلىق ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) كادىرلار بۆلۈمى كادىرلار ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى پۈتۈن مەھكىمىنىڭ شتاتى 69غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەھكىمە باشلىقى بىر، كوللېگىيە باشلىقى 3، سوتچى 6، مۇدىر دەرىجىلىك پۈتۈكچى بىر، بۆلۈم دەرىجىلىك پۈتۈكچى 5، پۈتۈكچى 23، تەرجىمان بىر، ئىجرا ئوفىتسېرى ۋە تەكشۈرگۈچى 4، كۆچۈرگۈچى 18، باش تەپتىش يوق (شۇ مەزگىلدە يۇقىرى سوتنىڭ باش تەپتىشلىكىنى تەپتىش ۋاكالىتەن ئۆتەيتتى)، تەپتىش 3، قانۇن دوختۇرى بىر، مۇدىر دەرىجىلىك پۈتۈكچى بىر، بوغالتىر - ستاتىستىكىچى بىر، كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى بىر. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949 - يىلى) شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچى ۋە ئىشچىلىرى 143كە يەتتى.

شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىنى تەكشۈرىدىغان ۋە نازارەت قىلىدىغان رەھبەرلىك ئورگىنى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) يولغا قويۇلغان «يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ۋە شۆبىلىرىنىڭ ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىش قائىدىسى»

دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىگە ئاساسەن، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى باشلىقىنىڭ ئۆز مەھكىمىسى ۋە قارىمىقىدىكى سوت مەھكىمىلىرىنى ھەم ناھىيىلەردىكى ئەدلىيە ئورگانلىرى، تۈرمە، سولاقخانىلارنى نازارەت قىلىش، قارىمىقىدىكى مەھكىمىلەرنىڭ سوت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش، باش تەپتىش قارىمىقىدىكى رايوننىڭ تەپتىش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىي ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىمۇ بار ئىدى.

شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئەدلىيە مەمۇرىيىتى جەھەتتە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەدلىيە مەمۇرىيىتى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بىۋاسىتە باشقۇرۇلاتتى، دېلولارنى سوت قىلىش ئىشلىرىغا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى رەھبەرلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلاتتى.

1949 - يىل 9 - ئايدا يەنى شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ئەدلىيە سىستېمىسىنىڭ قارىمىلىق مۇناسىۋىتى مۇنداق بولدى: شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئالىي سوت مەھكىمىسىگە قارىدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا 2 شۆبە مەھكىمە، 18 يەرلىك سوت مەھكىمىسى (ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ سوت مەھكىمىلىرى كىرگۈزۈلمىگەن)، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق سولاقخانا، 5 تۈرمە بار ئىدى. (1 — 1 - سخېمىغا قاراڭ)


2) شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ شۆبىلىرى

شىنجاڭنىڭ يېرىنىڭ كەڭلىكى، قاتنىشىنىڭ قولايسىزلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ نارازىلىق ئەرزىنى سۇنۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948- يىلى) ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكىگە تەستىقلىتىلىپ، كۇچا بىلەن قەشقەردە شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ شۆبىسى تەسىس قىلىندى. كۇچا شۆبە مەھكىمىسى 1948- يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلدى، تيەن چىڭجى مەھكىمە باشلىقى، لى پېيۈەن باش تەپتىش بولدى. قەشقەر شۆبە مەھكىمىسى شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلدى، خۇاڭ داۋ مەھكىمە باشلىقى بولدى (1948 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن)، 1949 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى لياڭ گوجېن مەھكىمە باشلىقى، يۈەن لياڭفېن باش تەپتىش بولدى، 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى لىن رۇنمىن باش تەپتىش بولدى.

قەشقەر شۆبە مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى قەشقەر، خوتەن، يەكەن، قاغىلىقلاردىكى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەم قەشقەر، خوتەن، يەكەن ۋىلايەتلىرى قارىمىقىدىكى ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ نارازىلىق، تەكشۈرۈپ سوت قىلىش دېلولىرىنى باشقۇردى. كۇچا شۆبە مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى كۇچا، ئاقسۇ، قاراشەھەرلەردىكى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ، ئاقسۇ، قاراشەھەر ۋىلايەتلىرى قارىمىقىدىكى ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ نارازىلىق، تەكشۈرۈپ سوت قىلىش دېلولىرىنى باشقۇردى. شۆبە مەھكىمىنىڭ قارىمىقىدىكى ئەدلىيە مەمۇرىيىتىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى ۋە دائىرىسى ئاساسلىقى مۇنداق: شۆبە مەھكىمىنىڭ باشلىقى ئۆز مەھكىمىسىنى قانۇن بويىچە باشقۇرىدۇ، تەۋەلىكىدىكى يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدۇ، تەۋەلىكىدىكى ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدۇ؛ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، باش تەپتىشنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، تەۋەلىكىدىكى قاماقخانا ۋە قوشۇمچە تەسىس قىلىنغان تۈرمىنى نازارەت قىلىدۇ.

## ئازادلىق ھارپىسىدا شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگىنى ۋە تەۋەلىكىدىكى ئورگانلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

سخېما: 1 — 1



## شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى شۆبە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ 1949 ـ يىلدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى

جەدۋەل: 1 — 2

| سوت مەھكىمىلىرى / ئادەم سانى / ۋەزىپىسى | شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى | شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قەشقەر شۆبىسى | شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى كۇچا شۆبىسى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|
| مەھكىمە باشلىقى | 1 | 1 | 1 | 3 |
| باش تەپتىش | 1 | 1 | 1 | 3 |
| كوللېگىيە باشلىقى | 2 | 1 | 0 | 3 |
| سوتچى | 6 | 3 | 2 | 11 |
| تەپتىش | 3 | 1 | 1 | 5 |
| باش پۈتۈكچى | 1 | 1 | 1 | 3 |
| مۇدىر پۈتۈكچى | 1 | 1 | 1 | 3 |
| بوغالتىر مۇدىر | 1 | 0 | 0 | 1 |
| كادىرلار ئىشلىرى مۇدىرى | 1 | 1 | 1 | 3 |
| ستاتىستىكا مۇدىرى | 1 | 0 | 0 | 1 |
| قانۇن دوختۇرى | 1 | 0 | 0 | 1 |
| تەرجىمان | 3 | 2 | 2 | 7 |
| بۆلۈم دەرىجىلىك پۈتۈكچى | 5 | 0 | 0 | 5 |
| پۈتۈكچى | 38 | 10 | 7 | 55 |
| بوغالتىر | 0 | 1 | 1 | 2 |
| بۆلۈم ئەزاسى | 4 | 0 | 0 | 4 |
| ياردەمچى | 2 | 0 | 0 | 2 |
| كۆچۈرگۈچى | 32 | 4 | 4 | 40 |
| باللانما خادىم | 5 | 0 | 0 | 5 |
| ئىجرا ئۇقتۇرۇشنى يەتكۈزگۈچى | 3 | 2 | 2 | 7 |
| قانۇن ساقچىسى | 11 | 5 | 4 | 20 |
| سوتخانا مۇلازىمى | 4 | 2 | 2 | 8 |
| خىزمەتچى | 17 | 7 | 6 | 30 |
| جەمئىي | 143 | 43 | 36 | 222 |

## 2 § . ئاساسىي قاتلام سوت ئاپپاراتلىرى

### 1. ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر

مىڭگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، مەمۇرىيەت بىلەن ئەدلىيە تەدرىجىي ئايرىۋېتىلدى، شىنجاڭ چېگرا رايونىغا جايلاشقان بولغاچقا، شۇ مەزگىلدە ئىختىساسلىقلار بىلەن ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەس بولدى. مىڭگونىڭ 18 - يىلى (1929 - يىلى) ئۆلكە رەئىسى جىن شۇرېن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان بولدى. ئالتاي مىڭگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) 6 - ئايدىن بۇرۇن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بىۋاسىتە قارايتتى، مىڭگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) 5 - ئايدا سوت ئورنى تەسىس قىلىنىپ، بىر بۆلۈم باشلىقى، ئىككى ھەيئەت قويۇلۇپ، 1 -، 2 - سوت ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ۋە تۈرمە ئىشلىرىنى باشقۇردى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، شىنجاڭدا بىر قانچە يەرلىك سوت مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، قارىمىقىدىكى جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ ئەرزلىرىنى باشقۇردى، يىراق يەرلىك سوت مەھكىمىسى قۇرمىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر يەنىلا ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى. مىڭگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 3 - ئايدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 50ى، باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 7سى بار بولغان. 1949 - يىلى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، شىنجاڭدا ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 15ى قالدى.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قوشۇمچە باشقۇرغان ئەدلىيە ئاپپاراتلىرىدىكى ئادەم سانى كۆپ ئەمەس ئىدى، ئادەتتە بىر سوتلىغۇچى، بىر كۆچۈرگۈچى، بىر باشلىق، بىر تىببىي خادىم، مۇدىر دەرىجىلىك بىر كۆزەتچى، 3 كۆزەتچى، بىر مۇلازىم بولۇپ، جەمئىي 9 ئادەم بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەدلىيە جەھەتتىكى باشقۇرۇش تەۋەلىكى بىلەن مەمۇرىي جەھەتتىكى باشقۇرۇش تەۋەلىكى ئوخشاش ئىدى. ئەدلىيە جەھەتتە بىرىنچى سوتنىڭ جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى.

### 2. ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىلىرى (ئەدلىيە مەھكىمىلىرى)

مىڭگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىل) دىن بۇرۇن شىنجاڭدا سوت قىلىشنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. گۇچۇڭ، ماناس، چۆچەك - دۆربىلجىنلەردە ئەدلىيە مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغانىدى. كېيىن شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، سوت قىلىشنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. مۇستەقىل سوت قىلىشنىڭ روھى ۋە «ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى تەشكىللىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى گۇچۇڭ، ماناس، چۆچەك - دۆربىلجىنلەردىكى ئەدلىيە مەھكىمىلىرى ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسىغا، نازارەتچى سوتچى مۇدىر سوتچىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەدلىيە مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭى قۇرۇلغان يەرلىك سوت مەھكىمىسىدىن باشقا ئەدلىيە - سوت ئاپپاراتلىرى ئومۇميۈزلۈك ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى دەپ بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. كېيىن يەرلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇش شەرتى

پىشىپ يېتىلگەنلىكتىن ھەممە جايلاردىكى ئەدلىيە باشقارمىلىرى كېيىنى - كېيىندىن يەرلىك سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن، يېڭىدىن ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى قۇرۇلمىدى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) دىن باشلاپ پەقەت يەرلىك سوت مەھكىمىسى بىلەن ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلا ئەدلىيە - سوت ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىلىرىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ۋە مۇدىر سوتچىلارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋاقتى جەدۋەل: 1 — 3تە كۆرسىتىلدى.

### شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىلىرى مەسئۇللىرىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 3

| نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| كۈچۈڭ ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى | 1936 | مۇدىر سوتچى | خۇاڭ داۋ | |
| | | مۇدىر سوتچى | دەي يۈچى | |
| | | مۇدىر سوتچى | ليۇ پېيشەن | 1938.10 |
| | | مۇدىر سوتچى | جۇ فېڭشياڭ | 1940.2.17 |
| | | مۇدىر سوتچى | لى پېيۋېن | 1942.1.18 |
| | | مۇدىر سوتچى | خاۋ شۇدې | 1942.3.25 |
| | | مۇدىر سوتچى | ۋۇشىرۇي | 1943 |
| | | مۇدىر سوتچى | ۋاڭ گۇاڭخېن | 1944.2.13 |
| ماناس ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى | 1936 | مۇدىر سوتچى | لى پېيۋېن | 1936 |
| | | مۇدىر سوتچى | جاڭ زۇدې | 1941 |
| | | مۇدىر سوتچى | چېن لىربىن | 1944.2.18 |
| چۆچەك - دۆربىلجىن ئەدلىيە باشقارمىسى | 1937.10.10 | مۇدىر سوتچى | جېن گوجېن | 1937.5.4 |
| | | مۇدىر سوتچى | جۇ فېڭشياڭ | 1941.10.28 |
| ئاقسۇ (ئاقسۇ - ئونسۇ) ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى | 1939.8.1 | مۇدىر سوتچى | ۋاڭ جاۋلىن | 1939.8.1 |
| | | مۇدىر سوتچى | تۇ سۇڭجۇن | 1941.3.20 |
| قۇمۇل ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى | 1940.2.16 | مۇدىر سوتچى | ۋۇ زىجيا | 1940.2.16 |
| | | مۇدىر سوتچى | يەن ۋېي | 1944.2.18 |
| ئالتاي ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى | 1941.9.1 | مۇدىر سوتچى | جاڭ جيەنخېڭ | 1940.11 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| قاراشەھەر ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى | 1941.12 | مۇدىر سوتچى | ۋاڭ گۇاڭخەن | 1942.1 |
| | | مۇدىر سوتچى | سۇڭ شىفەن | 1943.2.26 |
| كۇچا ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى | 1942 | مۇدىر سوتچى | ۋاڭ ۋېنچۇ | |
| | | مۇدىر سوتچى | لۇ زې | 1942.5.9 |
| | | مۇدىر سوتچى | ۋاڭ جاۋلىن | 1943.3.27 |
| | | مۇدىر سوتچى | خۇاڭ تىڭجېن | 1945 |

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىل) 9 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تۈزىتىش كىرگۈزگەن «ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ تەشكىلىي نىزامى»نى ئېلان قىلدى. نىزامغا ئاساسەن، ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسىغا سوتچى قويۇلۇپ، سوت ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزدى، ئەگەر سوتچى 2دىن ئارتۇق بولسا، بىرى مۇدىر سوتچى بولدى ھەمدە پۈتۈكچى قويۇلۇپ، دېلو خاتىرىلەش، خەت - ئالاقىنى ستاتىستىكا قىلىش ھەم باشقا ئىشلارنى باشقۇردى، سوتچى 2دىن ئارتۇق بولغاندا بىرى مۇدىر پۈتۈكچى بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەكشۈرگۈچى، ئىجرا ئۇقتۇرۇشىنى يەتكۈزگۈچى، كۆچۈرگۈچى، سوتخانا مۇلازىمى، ئەدلىيە ساقچىسى قويۇلدى. ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ تەپتىشلىك ۋەزىپىسىنى ھاكىم قوشۇمچە ئۆتىدى.

ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى بىلەن ناھىيىنىڭ مەمۇرىي رايونى ئوخشاش، بىراق بەزى ئەدلىيە باشقارمىسى ئىككى ناھىيىنىڭ جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ ئەرزلىرىنى باشقۇردى، مەسىلەن: چۆچەك - دۆربىلجىن ئەدلىيە باشقارمىسى چۆچەك، دۆربىلجىن ناھىيىلىرىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئاقسۇ - ئونسۇ ئەدلىيە باشقارمىسى ئاقسۇ، ئونسۇ ناھىيىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ ئەرزلىرىنى باشقۇردى. ئونسۇ ناھىيىسى ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىر قەدەر يېنىك بولغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئۆز تەۋەلىكىدىلا بىرتەرەپ قىلدى، ئەگەردە مۇرەسسەدە كېلىشەلمىسە، قايتىدىن بۇيرۇق بىلەن ئەدلىيە باشقارمىسىغا ئەرز قىلدى.

## 3. يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى

1) تەسىس قىلىنغان ۋاقتى   مىنگونىڭ 18 - يىلى (1929 - يىلى) شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، نوپۇسى كۆپ، دېلو كۆپرەك يۈز بېرىدىغان جايلاردا يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى تەدرىجىي تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945-يىلى)غىچە شىنجاڭ بويىچە ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، خوتەن، چۆچەك، ئالتاي، قۇمۇل، گۇچۇڭ، ماناس، قاراشەھەر، ئاقسۇ، يەكەن، تۇرپاندىن ئىبارەت 13 جايدا يەرلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ھارپىسىغىچە يەنە كۇچا، قاغىلىق، پىچان، قۇتۇبى، كورلا، مارالبېشى، باي، كېرىيە قاتارلىق 8 جايدا يەرلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى، يەرلىك سوت مەھكىمىسى جەمئىي 21گە يەتتى. 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت (ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي) ئىنقىلابى پارتلاپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ سوت مەھكىمىلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارىمىدى. يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ۋە مەھكىمە باشلىقى، باش تەپتىشلەرنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋاقتى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

## شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى يەرلىك سوت مەھكىمىسى باشلىقلىرى ۋە باش تەپتىشلەرنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 4

| نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | تەيىنلەنگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى سوت مەھكىمىسى | 1935 | مەھكىمە باشلىقى | ليۇ خەنشىڭ | 1934.12.10 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | پىڭ جىيۇەن | |
| | | مەھكىمە باشلىقى | ياۋ جىپىڭ | 1941.8 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ جۇنلىن | 1944.6.16 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ ۋەنجۇ | 1947 |
| | | باش تەپتىش | خۇ جىنشەن | 1935.3 |
| | | باش تەپتىش | ۋاڭ جۇنلىن | 1936.5.9 |
| | | باش تەپتىش | دەي سىڭباۋ | 1941.5.28 |
| | | باش تەپتىش | جاڭ جاۋچىڭ | 1943.6 |
| | | باش تەپتىش | لى پېيۇەن | 1945 |
| | | باش تەپتىش | جاۋ دۇفاڭ | 1946 |
| | | باش تەپتىش | دەي خۇڭبىڭ | 1947 |
| | | باش تەپتىش | فىڭ جۇمىن | 1948.4.14 |
| | | باش تەپتىش | ساۋ زىجيۇ | 1949.5 |
| ئىلى سوت مەھكىمىسى | 1936 | مەھكىمە باشلىقى | پىڭ خۇيجيا | 1936 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | جىن باۋگىڭ | |
| | | مەھكىمە باشلىقى | چىڭ پىڭجۇ | 1939.3.16 |
| | | باش تەپتىش | تاشمۇھەممەت | 1936 |
| | | باش تەپتىش | خې يۇفۇ | 1937.3.4 |
| | | باش تەپتىش | فىڭ يۇۋېن | 1939 |
| | | باش تەپتىش | ئەن ۋېيفۇ | 1939.9.12 |
| قەشقەر سوت مەھكىمىسى | 1936 - يىل ياز | مەھكىمە باشلىقى | لاڭ داۋجيې | 1937 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | جاڭ شيەنياۋ | 1938 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | خۇ جىنشەن | 1939 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | تيەن چىڭجى | 1941.5.7 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | لى گۇەنجۇ | 1944.9.27 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | رېن شىجۇ | 1946.10.31 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | | مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ يۈجۇن | 1948.10.16 |
| | | باش تەپتىش | سۇڭ شىفەن | 1938.6 |
| | | باش تەپتىش | ۋېن دېاڭ | 1939.10.17 |
| خوتەن سوت مەھكىمىسى | 1938.8 | ھاكىم مەھكىمە ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇرغان | گې يەنتيەن | |
| | | مەھكىمە باشلىقى | جاڭ جىندۇڭ | 1938.6 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ جۇنلىن | 1940.5 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | ياۋ شىجۇن | 1944.9 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | چېن زۇڭچى | 1946.10.9 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | ياۋ جىبىڭ | 1948.4.24 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ يۈجۇن | 1949.7.19 |
| | | باش تەپتىش | چى يەنرېن | 1940.5، 1945.8.17 ئىككى قېتىم تەيىنلەنگەن |
| | | باش تەپتىش | گو مىڭياڭ | 1944.5 |
| | | باش تەپتىش | ۋاڭ جاۋلىن | 1946 |
| | | باش تەپتىش | كې جيارۇي | 1948.3 |
| | | باش تەپتىش | يۈ چىڭبىڭ | 1949.3 |
| | | باش تەپتىش | جۇ قىڭشياڭ | 1949.10 |
| چۆچەك سوت مەھكىمىسى | 1943.5 | مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ يۈجۇن | 1943 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | خۇ جىنشەن | 1944.8 |
| | | باش تەپتىش | جۇ قىڭشياڭ | 1943 |
| | | باش تەپتىش | جياڭ زىجۇڭ | 1946.9 |
| ئاقسۇ سوت مەھكىمىسى | 1944.11 | مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ يۈجۇن | 1944.11 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | تۇ سۇڭيۇن | 1947.2.11 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | تۇ ۋېن | 1948.7 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | جياڭ جاۋچىڭ | 1949.2.9 |
| | | باش تەپتىش | تۇ سۇڭيۇن | 1944.11 |
| | | باش تەپتىش | جاڭ جىفاڭ | 1945.6.26 |
| | | باش تەپتىش | ۋاڭ چاۋيەن | 1948.6 |
| | | باش تەپتىش | ۋۇ شىرۇي | 1949.8.5 |
| ئالتاي سوت مەھكىمىسى | 1945 ـ يىل ئەتىياز | مەھكىمە باشلىقى | زاكىرخان | |
| ماناس سوت مەھكىمىسى | 1945 ـ يىل ئەتىياز | مەھكىمە باشلىقى | بەن ۋېي | |
| | | مەھكىمە باشلىقى | جاڭ جۇچۇەن | 1948.8 |
| | | باش تەپتىش | ۋېن دېاڭ | 1949.3 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1945.3.1 | يەن يۆجيې | مەھكىمە باشلىقى | 1945 | كۆچۈڭ سوت مەھكىمىسى |
| 1945.5.9 | ۋاڭ يۆجۇن | مەھكىمە باشلىقى | | |
| 1948 | ۋاڭ جۇنلىن | مەھكىمە باشلىقى | | |
| 1948 | فىڭ جۇمىن | مەھكىمە باشلىقى | | |
| 1946 | جۇ فىڭشياڭ | باش تەپتىش | | |
| 1948.7 | دىڭ يۇفۇ | باش تەپتىش | | |
| 1944.10 | جاڭ جاۋچىڭ | مەھكىمە باشلىقى | 1945.3.10 | يەكەن سوت مەھكىمىسى |
| 1946.9.12 | گۇەن رىندو | مەھكىمە باشلىقى | | |
| 1948.3 | جاڭ گېڭشى | مەھكىمە باشلىقى | | |
| 1949.10.10 | ۋاڭ چاۋبەن | مەھكىمە باشلىقى | | |
| | جاڭ جىفاڭ | باش تەپتىش | | |
| 1946.10 | جاڭ گېڭشى | باش تەپتىش | | |
| 1949.8 | ۋاڭ شۈخۇ | باش تەپتىش | | |
| 1945.5.1 | گۇەن رىندو | مەھكىمە باشلىقى | 1945.3.26 | قاراشەھەر سوت مەھكىمىسى |
| 1946.9.12 | ۋاڭ جاۋلىن | مەھكىمە باشلىقى | | |
| 1946.12.16 | خۇ جىنشەن | مەھكىمە باشلىقى | | |
| 1946.7.18 | يەن ۋېي | باش تەپتىش | | |
| | خەن يۇلۇ | باش تەپتىش | | |
| 1949.4 | نيۇ چىرۋاڭ | باش تەپتىش | | |
| 1944.10.3 | يەن ۋېي | مەھكىمە باشلىقى | 1945.4.6 | قۇمۇل سوت مەھكىمىسى |
| 1945.4.6 | ۋاڭ زوبىڭ | مەھكىمە باشلىقى | | |
| 1949.1.22 | ۋاڭ يىنتەن | مەھكىمە باشلىقى | | |
| 1949.3.7 | ماۋ لىگرۋاڭ | مەھكىمە باشلىقى | | |
| 1944.5 | جۇ فىڭشاڭ | باش تەپتىش | | |
| 1946.5.22 | شاۋ شىنجىن | باش تەپتىش | | |
| 1947.6.4 | جاڭ جۇجۇن | باش تەپتىش | | |
| 1948.3 | خەن چۇنشىڭ | باش تەپتىش | | |
| 1948.9 | شى بىڭيى | باش تەپتىش | | |
| 1949.7 | ما مىڭ | باش تەپتىش | | |
| 1945.7.28 | يەن ۋېي | مەھكىمە باشلىقى | 1945.9.1 | تۇرپان سوت مەھكىمىسى |
| 1947.10.30 | سۇن شىشۇ | مەھكىمە باشلىقى | | |
| 1945.3.26 | ياۋ جىبىڭ | مەھكىمە باشلىقى | 1946.12.11 | كۇچا سوت مەھكىمىسى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | | مەھكىمە باشلىقى | خۇاڭ تىڭجېن | 1946.12.11 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | جاۋ ياچىلاڭ | 1948.5.1 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | جياڭ گوجېن | 1948.12.1 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | چېن جۇڭكۇي | 1949.7.1 |
| | | باش تەپتىش | تۇڭ يەن | 1946.12.1 |
| قاغىلىق سوت مەھكىمىسى | 1948 | مەھكىمە باشلىقى | تۇ سۇڭيۈن | 1948.4.22 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | جاڭ شيەنۋېن | 1949.2 ۋاقىتلىق |
| | | مەھكىمە باشلىقى | خۇاڭ تىڭجېن | 1949.6.1 |
| پىچان سوت مەھكىمىسى | 1949.3.1 | مەھكىمە باشلىقى | جۇ بىڭ | 1949.6.22 |
| | | باش تەپتىش | لۇ چۇنتاڭ | 1949.7 |
| قۇتۇبى سوت مەھكىمىسى | 1949.5.1 | مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ جۇنلىن | 1949.5.23 |
| | | باش تەپتىش | خەن يۇلۇ | 1949.2 |
| كورلا سوت مەھكىمىسى | 1949.5.7 | مەھكىمە باشلىقى | ليۇ ئي | 1949.5.11 |
| | | باش تەپتىش | خۇاڭ يۇشەن | 1949.2 |
| مارالبېشى سوت مەھكىمىسى | 1949.7 | مەھكىمە باشلىقى | بى مىڭ | 1949.7.9 |
| | | باش تەپتىش | جاڭ جىڭاڭ | 1949.3 |
| باي سوت مەھكىمىسى | 1949.8.1 | مەھكىمە باشلىقى | رېن شىجيۇ | 1949.8.22 |
| | | باش تەپتىش | جاڭ يۇنجېن | 1949.10 |
| كېرىيە سوت مەھكىمىسى | 1949.8.22 | مەھكىمە باشلىقى | خۇ جىنشەن | 1949.8.22 |
| | | باش تەپتىش | كې جيارۇي | 1949.3 |

2) باشقۇرۇش دائىرىسى ۋە خىزمەت ھوقۇقى  شىنجاڭدىكى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئادەتتە مەمۇرىي باشقۇرۇش رايونى بىلەن ئوخشاش، ئىككى، ئۈچ ناھىيىنىڭ جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى باشقۇرىدىغانلىرىمۇ بار، مەسىلەن: قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىنى قەشقەر سوت مەھكىمىسى باشقۇردى؛ ئونسۇ ناھىيىسىنى ئاقسۇ سوت مەھكىمىسى باشقۇردى؛ قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرىنى خوتەن سوت مەھكىمىسى؛ دۆربىلجىن ناھىيىسىنى چۆچەك سوت مەھكىمىسى؛ خوشۇت، خېجىڭ ناھىيىلىرىنى قاراشەھەر سوت مەھكىمىسى؛ مىچۈەن ناھىيىسىنى ئۈرۈمچى سوت مەھكىمىسى قوشۇمچە باشقۇردى. يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ئۆز تەۋەلىكىدىكى جايلارنىڭ بىرىنچى سوت جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىشتىن ئىبارەت بولدى، بەزى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسى كەڭرەك بولدى. مەسىلەن: مىنگونىڭ 28. يىلى (1939 ـ يىلى) يۇقىرى سوت مەھكىمىسى چىقارغان ۋاقىتلىق بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قەشقەر سوت مەھكىمىسى قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كوناشەھەر، پەيزاۋات، يېڭىسار ناھىيىلىرىنىڭ تۈرمە باشقۇرغۇچىلىرىنى بىۋاستە نازارەت قىلىش، باھالاشقا، خوتەن سوت مەھكىمىسى خوتەن، قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرىنىڭ تۈرمە باشقۇرغۇچىلىرىنى بىۋاستە نازارەت قىلىش،

باماللاشقا ھوقۇقلۇق قىلىندى.

3) ئىچكى ئاپپاراتلار ۋە شتات   مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) ئۈرۈمچى، خوتەن، قەشقەرلەرنىڭ سوت مەھكىمىلىرىدە ھەق تەلەپ ۋە جىنايى ئىشلاردىن ئىبارەت ئىككى كوللېگىيە تەسىس قىلىنىپ، ھەر قايسىسىغا بىردىن 2گىچە كوللېگىيە باشلىقى شتاتى، 4دىن 7گىچە سوتچى شتاتى، 2دىن 3گىچە تەپتىش شتاتى، قالغان يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىگە پەقەت 2دىن 3كىچە سوتچى شتاتى، بىردىن 2گىچە تەپتىش شتاتى بېرىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، خوتەن، ئاقسۇ، قاراشەھەر، قەشقەر، گۇچۇڭ، تۇرپان، كۇچا، يەكەن سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئەمەلىي ئادەم سانى 311، بۇنىڭغا يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ 70 ئادىمىنى قوشقاندا جەمئىي 381 ئادەم بار ئىدى. يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئادەم سانى جەھەتتە ئۈرۈمچى (55 ئادەم) بىلەن قەشقەر (40 ئادەم) نىڭ ئەڭ كۆپ، تۇرپان (24 ئادەم)، كۇچا (24 ئادەم) ۋە گۇچۇڭ (22 ئادەم) لارنىڭ بىر قەدەر ئاز ئىدى.

1949 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يەرلىك سوت مەھكىمىسى 18گە يەتتى، ئەدلىيە خادىملىرى 1947 ـ يىلدىكىدىن سەل كۆپەيدى.

**شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ 1947 ـ يىلدىكى ئەمەلىي شتاتى**

جەدۋەل: 1 — 5

| ۋەزىپىسى / ئادەم سانى / جايلار | يۇقىرى سوت | ئۈرۈمچى | قۇمۇل | خوتەن | ئاقسۇ | قاراشەھەر | قەشقەر | گۇچۇڭ | تۇرپان | كۇچا | يەكەن | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مەھكىمە باشلىقى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 11 |
| كوللېگىيە باشلىقى | 3 | 2 | | 1 | | | | | | | | 6 |
| سوتچى | 6 | 7 | 3 | 2 | 3 | 3 | 4 | 2 | 2 | 3 | 3 | 38 |
| باش پۈتۈكچى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | | 1 | | 1 | 9 |
| مۇدىر بۆلۈم دەرىجىلىك پۈتۈكچى | 5 | 2 | | 1 | | | 1 | | | | | 9 |
| پۈتۈكچى | 23 | 18 | 7 | 12 | 7 | 7 | 12 | 6 | 8 | 7 | 7 | 114 |
| تەرجىمان | 1 | 2 | 2 | 3 | 2 | 2 | 2 | 1 | 2 | 2 | 2 | 21 |
| ئىجرا ئۇقتۇرۇشىنى يەتكۈزگۈچى | 4 | 6 | 5 | 5 | 5 | 5 | 6 | 4 | 4 | 4 | 5 | 53 |
| كۆچۈرگۈچى | 13 | 9 | 5 | 2 | 4 | 3 | 8 | 3 | 2 | 3 | 5 | 62 |
| باش تەپتىش | | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | | | 1 | 8 |
| تەپتىش | 3 | 3 | 1 | 3 | | 1 | 2 | 1 | 1 | 1 | 1 | 17 |
| قانۇن دوختۇرى | 1 | | | | | | | | | | | 1 |
| تەكشۈرگۈچى | | 1 | 1 | 1 | | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 9 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇدىر پۈتۈكچى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | | 1 | 1 | 1 | 1 | 10 |
| بوغالتىر - ستاتىستىكچى (مۇدىر) | 1 | 1 | 1 | | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 10 |
| كادىرلار ئىشلىرىنى (مۇ- دىر) باشقۇرغۇچى | 1 | | 1 | | | | 1 | | | | | 3 |
| جەمئىي | 69 | 55 | 30 | 34 | 26 | 27 | 41 | 22 | 24 | 24 | 29 | 381 |
| ئەسكەرتىش | 1. جەدۋەل 1947 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر بولدى.<br>2. يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىك ۋەزىپىسىنى تەپتىش ۋاكالىتەن يۈرگۈزگەن. | | | | | | | | | | | |

## شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە قاراشلىق يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى ۋە سولاقخانىلارنىڭ 1949 - يىلدىكى خادىملىرى

جەدۋەل: 1 — 6

| مەھكىمە / ئادەم سانى / ۋەزىپىسى | ئۈرۈمچى | قەشقەر | خوتەن | قۇمۇل | قاراشەھەر | يەكەن | قاغىلىق | تۇرپان | گۇچۇڭ | كۇچا | ئاقسۇ | ماناس | پىچان | قۇتۇبى | كورلا | باي | مارالبېشى | كېرىيە | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مەھكىمە باشلىقى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 18 |
| باش تەپتىش | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 12 |
| كوللېگىيە باشلىقى | 2 | 1 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 4 |
| سوتچى | 6 | 5 | 5 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 49 |
| تەپتىش | 3 | 2 | 2 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 22 |
| ھۆكۈمەت قويغان ئاق- لىغۇچى | 1 | 1 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 3 |
| باش پۈتۈكچى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 18 |
| مۇدىر پۈتۈكچى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 12 |
| كادىرلار ئىشلىرى خا- دىمى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 12 |
| بوغالتىر | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 18 |
| ستاتىستىكچى | 1 | 1 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 3 |
| تەرجىمان | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 30 |
| پۈتۈكچى | 20 | 14 | 14 | 9 | 9 | 9 | 9 | 9 | 9 | 9 | 9 | 9 | 4 | 4 | 4 | 4 | 4 | 4 | 153 |
| تەكشۈرگۈچى | 2 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 19 |
| كۆچۈرگۈچى | 15 | 9 | 9 | 5 | 5 | 5 | 5 | 5 | 5 | 5 | 5 | 5 | 4 | 4 | 4 | 4 | 4 | 4 | 102 |
| ئىجرا ئۇقتۇرۇشنى يەتكۈزگۈچى | 6 | 4 | 4 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 47 |
| سوتخانا مۇلازىمى | 4 | 3 | 3 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 34 |
| قانۇن ساقچىسى | 20 | 14 | 14 | 10 | 10 | 10 | 10 | 10 | 10 | 10 | 10 | 10 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 156 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سولاقخانا باشلىقى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 18 |
| سولاقخانا باشقۇرغۇچى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 11 |
| مەشغۇلات يېتەكچىسى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 11 |
| تېببىي خادىم | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 18 |
| باش كۆزەتچى | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 23 |
| ياللانما خادىم | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 5 |
| كۆزەتچى | 15 | 12 | 12 | 12 | 12 | 10 | 10 | 10 | 10 | 10 | 10 | 7 | 7 | 7 | 7 | 7 | 7 | 7 | 172 |
| خىزمەتچى | 10 | 9 | 9 | 7 | 7 | 7 | 7 | 7 | 7 | 7 | 7 | 7 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 109 |
| جەمئىي | 120 | 91 | 91 | 68 | 68 | 64 | 64 | 64 | 64 | 64 | 64 | 59 | 33 | 33 | 33 | 33 | 33 | 33 | 1079 |

## 3 § . جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 41 - يىغىنىدا «جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنىڭ تەشكىلىي نىزامى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭ جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنى قۇردى. كوللېگىيە باشلىقلىقىنى شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يىۋۇ قوشۇمچە ئۆتىدى. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 247 - يىغىنىدا «جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنىڭ تەشكىلىي نىزامى»، «شىنجاڭ جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامنامىسى»گە ئۆزگەرتىلدى. بۇ نىزامنامىنىڭ 4 - ماددىسىدا كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقلىرىنى شىنجاڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئالىي ئوفىتسېرلار مەھكىمىسى تەيىنلەيدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. جاڭ يىۋۇ ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلگەچكە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قايتىدىن يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى لۇ شياۋزۇنى قوشۇمچە كوللېگىيە باشلىقلىقىغا ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاۋ جيەنفېڭ، ئۈرۈمچى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى پېڭ جيۇەنلەرنى قوشۇمچە مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. سوتچىلارنى ئۆلكىلىك ھەربىي - مەمۇرىي ئالىي ئوفىتسېرلار مەھكىمىسى ھەر قايسى ئورگانلاردىكى خىزمەتچىلەر ئارىسىدىن تاللىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەيىنلىگەن سوتچىلاردىن لەن يەنشۇ، فېڭ لياڭ، ئا باۋ، مەخسۇرلار بار ئىدى. كېيىن يەنە پېڭ جيۇەن، لى يىڭچى، ليۇ شياۋلى، ۋۇ يۇنجۇ، ئابدۇللا، ئا باۋ، ليۇ خەنشىڭ، ياڭ فېڭچۈن، چېڭ گۇاڭرۇي قاتارلىق كىشىلەر تەيىنلەندى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ليۇ شياۋلى جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى بولدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىل) 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق بىلەن «جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى تەشكىلىي نىزامى»نى ئېلان قىلدى. بۇ نىزامدا جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى پەقەت مەركەز جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى بىلەن يۇقىرى جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىندۇ دەپ

بەلگىلەنگەن. شۇنىڭغا ئاساسەن شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئۈرۈمچى، قەشقەرلەردە بىردىن يۇقىرى جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىندى. ئۈرۈمچى يۇقىرى جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقلىقىنى جىيا خۇەنچېن قوشۇمچە ئۆتىدى، كېيىن لياڭ گوجىن ئۆتىدى، ئۇ مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇردى؛ قەشقەر يۇقىرى جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقلىقىنى خۇاڭ داۋ، خۇاڭ تىڭجىن ئۆتىگەن بولۇپ، مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 1 - ئايدا ۋەزىپىگە ئولتۇردى.

شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلغان ئۈرۈمچى، قەشقەر جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىلىرى ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن قەشقەر شۆبە مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى دەۋا دېلولىرىنى بىرتەرەپ قىلغاندىن سىرت، كۇچا شۆبە مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى ئاقسۇ مەمۇرىي رايوندىكى كومپارتىيە ئەزالىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش دېلولىرى قەشقەر جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا، قاراشەھەر مەمۇرىي رايوندىكى كومپارتىيە ئەزالىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش دېلولىرى ئۈرۈمچى جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئايرىپ بېرىلدى. بۇ دېلولار «مىنگو جىنايى ئىشلار ئالاھىدە دېلولىرى دەۋا نىزامى»غا ئاساسەن قاراپ چىقىلدى.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 4 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى نەنجىڭنى ئازاد قىلدى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى گۇمران بولۇش ئالدىدا، 5 - ئايدا ئالدىراپ - تېنەپ «جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى تەشكىلىي نىزامى»، «جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى سوتلاش نىزامى» ۋە «توپىلاڭنى باستۇرۇش مەزگىلىدىكى دۆلەتكە خەۋپ يەتكۈزگەنلەرنى جىددىي جازالاش نىزامى»نى بىكار قىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىسى شۇ ھامانلا ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردىكى جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى تەشكىلاتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

ئۇنىڭدىن باشقا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە شىنجاڭدا ئالاھىدە سوت فۇنكسىيىلىرىدىن يەنە ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسى بىلەن شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابى بار ئىدى.

## §4 . ئۈچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىسى

شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى 1944 - يىلى كۈزدە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى، شۇ يىلى 11 - ئايدا غۇلجىنى ئىشغال قىلىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تۆۋەندىكى سوت ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلدى.

### 1. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى

1945 - يىل 2 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مۇھەممەتجان مەخسۇمنى ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىدى، ئۇ سوت مەھكىمىسى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 4 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى غۇلجىدا قۇرۇلدى، مۇھەممەتجان مەخسۇم سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىت-

لىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئەڭ يۇقىرى سوت ئورگىنى بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارىتىدە بولدى. ئۇنىڭغا تارباغاتاي، ئالتاي ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىلىرى ۋە ۋىلايەتلەرگە قاراشلىق ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرى قارىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىگە بىر مەھكىمە باشلىقى، 1 — 2گىچە مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى قويۇلدى، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلەندى، تەڭ دەرىجىلىك فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ تەمىناتىدىن بەھرىمان بولدى. 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ 185 - يىغىنىدا مائاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى، ئۇنىڭدا ھۆكۈمەت ئىچكى قىسمىدا تەسىس قىلغان نازارەت باشلىقى، سوت رەئىسى (مەھكىمە باشلىقى)، ھۆكۈمەتنىڭ باش تەپتىشى، بانكا باشلىقى، ھۆكۈمەت مەسئۇل كاتىپى، مەمۇرىي مەھكىمىلەرنىڭ ۋالىيلىرى بىرىنچى تۈردىكى مائاشتىن بەھرىمەن بولدى، ئايلىق مائاشى 15 مىڭ يۈەن (ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تارقاتقان قەغەز پۇل ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) بولىدۇ. نازارەتلەرنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن نازىرلىرى، سوت مەھكىمىسىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن باش تەپتىشى، بىرىنچى مۇئاۋىن ۋالىيلار ئىككىنچى تۈردىكى مائاش دەرىجىسىگە تەۋە بولۇپ، ھەر ئايدا 10 مىڭ يۈەن ئالىدۇ. ھۆكۈمەت كېڭەشخانىسىنىڭ باشلىقى، ئىككىنچى مۇئاۋىن ۋالىي، مەمۇرىي مەھكىمە سوت مەھكىمىسىنىڭ رەئىسى (مەھكىمە باشلىقى)، مەمۇرىي مەھكىمە باش تەپتىشى ئۈچىنچى تۈردىكى مائاش دەرىجىسىگە تەۋە بولۇپ، ھەر ئايدا 9000 يۈەن ئالىدۇ، دەپ بېكىتىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئىچكى قىسىم ئاپپاراتلىرىدىن جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ ئىشلىرى، كاتىبات، ئىجرائىيە بۆلۈم - ئىشخانىلىرىنى تەسىس قىلىپ، بۆلۈم باشلىقى، سوتچى، پۇتۇكچى، ئىجراچى، قانۇن ساقچىسى قاتارلىقلارنى قويدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سوت ھەيئىتى تەسىس قىلدى، مەھكىمە باشلىقىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە چوڭ دېلولار ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى ۋە قارار چىقىرىلدى. دەۋا دېلولىرىنى سوتچى بىلەن خەلق زاسېداتېللىرى مەسئۇل بولۇپ سوت قىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلولارنى باشقۇرۇش ۋە سوت قىلىش ھوقۇق دائىرىسى مۇنداق: (1) ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى» دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىگە ئاساسەن، سوت قىلىپ «ئىككى يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر» ئۈستىدىن چىقىرىلغان بىرىنچى سوت ھۆكۈمى ئاخىرقى سوت ھۆكۈمى بولۇپ، ئۇ قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلىنىپ، نارازىلىق ئەرز بېرىشكە يول قويۇلماي ئىجرا قىلىنىدى. ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ دېلوسى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە يوللاپ تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئىجرا قىلىنىدى. ئەگەر دەۋالاشقۇچى بىرىنچى سوت ھۆكۈمىگە قايىل بولمىسا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماسەن ئەرز قىلىشقا ياكى جىنايى جازاسىنى يېنىكلىتىش، كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا يول قويۇلدى. سوت مەھكىمىسى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭ ئۈستىدىن چىقارغان قارارىنى شۇ بويىچە بېجىردى. (2) «ئىككى يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر» نىڭ دېلولىرىنى سوت مەھكىمىسى ئەھۋالغا قاراپ ئۈچ ۋىلايەت «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» نىڭ 245 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن،

ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ بەردى، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بېجىردى. (3) باسقۇنچىلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئىسراپچىلىق، پارا ئېلىش قاتارلىق بىرىنچى سوت جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىدى. (4) جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ نارازىلىق دېلولىرى. ئۇنىڭدىن باشقا سوت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئەل ئىچىدىكى قازىخانىلارنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىگە قايىل بولماي دەۋاگەر ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماسەن ئەرز قىلسا، سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، سوت قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىپ ئەسلى ھۆكۈمنى ئۆزگەرتتى ياكى مۇناسىۋەتلىك ناھىيەلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشىنى بەلگىلەپ ھۆكۈمنى ئۆزگەرتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەپتىش ئورگىنى ئايرىم ئاپپارات قىلىنماي، قوشۇمچە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىدە تەسىس قىلىندى. تەپتىش ئاپپاراتىغا مەسئۇل كاتىپ، تەپتىش، كاتىپ، ئىشلەمچى قاتارلىقلار قويۇلدى، ئۇلار تەپتىش باشلىقىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت قىلىپ، قانۇننىڭ نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى.

1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەسمىي قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 24 - نومۇرلۇق قارار چىقىرىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نامنى ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتتى، ئۈچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىسى ئىلى ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە مۇھەممەتجان مەخسۇم ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا قوشۇمچە سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، مەرمەن بىرىنچى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولدى (باش تەپتىشلىكنى قوشۇمچە ئۆتىدى).

1947 - يىل 9 - ئايدا ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسى ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيە تەپتىشلىكىنى جاخان ئىشقابايىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشىنى قارار قىلدى. 1948 - يىلدىن شىنجاڭ ئازاد بولغىچە سالىجان باي ئۆتىدى.

## 2. ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

1945 - يىل 8 - ئايدا تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى چۆچەك ناھىيىسىدە قۇرۇلدى، شۇ چاغدا مۇقماخۇن روزىبايېف، 1946 - يىل 7 - ئايدا دۈسەنبو سەمبايېف، 1947 - يىل 12 - ئايدا نازاربېك تۇرسۇنبېك، كېيىن تاكى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغىچە ئابلىز راخمانوف مەھكىمە باشلىقى بولدى.

ئالتاي ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى 1945 - يىل 9 - ئايدا ئالتاي ناھىيىسىدە قۇرۇلدى، زاكىرخان مەھكىمە باشلىقى بولدى.

ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋاكالەت ئورگىنى بولۇپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلدى ھەم ۋىلايەت قارمىقىدىكى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرىنى باشقۇردى. ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى بەرگەن خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى، بىراق نارازىلىق دېلولىرىنى

سوت قىلمىدى. ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىچكى ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭكىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولدى، لېكىن ئاپپارات كۆلىمى ۋە ئادەم سانى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىدىن كىچىك ۋە ئاز ئىدى.

ۋىلايەتنىڭ تەپتىش ئورگىنى ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىدە قوشۇمچە تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭغا ۋىلايەتنىڭ باش تەپتىشى ھەم كاتىپ، تەپتىش خادىمى بولۇپ بىر قانچە كىشى قويۇلدى. 1946 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە مەرمەن، جاخان ئىشقىباي، سالىجان باي قاتارلىقلار ئىلى ۋىلايىتىنىڭ باش تەپتىشى؛ توختى ئەلموف تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ باش تەپتىشى بولدى.

## 3. ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسى ۋە سوتى

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى كۆپ ساندىكى ناھىيىلەردە سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. 1946 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ تارباغاتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى چۆچەك، شىخۇ، ساۋەن، دۆربىلجىن ناھىيىلىرىدە سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. بىراق ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى بەزى چەت ناھىيىلەردە سوت مەھكىمىسى قۇرۇلمىدى.

ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىچكى ئاپپاراتلىرى 1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تۈزگەن «ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى تەشكىلى ۋە ۋاقىتلىق خىزمەت قوللانمىسى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن تەسىس قىلىنىپ، تۆۋەندىكى خادىملار قويۇلدى:

1) سوت رەئىسى (مەھكىمە باشلىقى) بىر كىشى بولۇپ، يەرلىكتە سايلام ئارقىلىق ھۆجۆتقا كېلىدۇ ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ تەستىقلىتىلىدۇ. ئۇ ناھىيىلىك سوت مەھكىمىنىڭ بارلىق خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ.

2) سوتچى 2 كىشى، شتات سىرتىدا، تەمىناتى يوق بولۇپ، خالىسانە خىزمەت قىلىدۇ. سوتچى ھەر مىللەت كىشىلىرىدىن تەركىب تاپتى. دائىملىق ئىككى كىشىدىن باشقا، شۇ ناھىيىدىكى ئابرويلۇق كىشىلەر ئىچىدىن 20 — 30 كىشى تاللىنىپ نۆۋەت بىلەن زاسېداتىللىق قىلىدۇ، ھەر قېتىم ئۇلاردىن 2 كىشى سوتقا قاتناشتى، ئۇلارنىڭ سوراق قىلىش ھەم سوت رەئىسى بىلەن بىللە ھۆكۈمنامىگە قول قويۇپ تامغا بېسىش ھوقۇقى بار ئىدى.

3) كاتىپ بىر، ئۇ ئاساسلىقى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ كاتىپلىق، ئالاقە ئەۋەتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

4) ئىجراچى بىر، ئۇ ھەق تەلەپ دېلولىرىدىكى مال - مۈلۈك تۆلىمى ۋە باشقا ھۆكۈمنامىنىڭ ئىجراسىغا مەسئۇل بولىدۇ، ئەگەر ئىجرا قىلىش جەريانىدا قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ ماسلىشىپ ئىجرا قىلىشىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت مەمۇرلىرىدىن بىر قانچە كىشى قويۇلدى.

ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مۇنداق: (1) ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن بىرىنچى سوت جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قانۇن بويىچە سوت قىلىدۇ. باسقۇنچىلىق قىلىش، قاتىللىق قىلىش، ئىسراپچىلىق، پارا ئېلىش دېلولىرىنىڭ ماتېرىيالىنى تەپسىلىي يېزىپ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشىغا يوللايدۇ؛ (2) ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ كۆرسەتمىسىگە

ئاساسەن ئۇلار تاپشۇرغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلىدۇ؛ (3) ئۆز ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بارلىق ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلولىرىنى سوت قىلىدۇ؛ (4) دەۋالاشقۇچى قازىنىڭ كېسىمىگە قايىل بولماي ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماسەن ئەرز قىلغان دېلولاردىن تۆۋەننىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆز ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئاممىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بەرگەن ئەرزىنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

ناھىيىلىك تەپتىش ئورگىنى ئايرىم تەسىس قىلىنماي ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە تەپتىش بۆلۈمى نامىدا قوشۇمچە تەسىس قىلىنىپ، تەپتىشلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى، بۇ بۆلۈمگە بىر باش تەپتىش، بىر قانچە تەپتىش قويۇلدى. ناھىيىلىك تەپتىش ئورگىنى ئاساسلىقى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلولارنى تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىش، ئەرزنى تەكشۈرۈش، ئېتىراز بىلدۈرۈش ۋە سوت پائالىيىتىگە قاتنىشىپ سوت نازارەت فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈش ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىدى.

ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى چەت، يىراق رايونلاردىكى خەلقنىڭ ئەرز قىلىشىغا ئاسان بولۇش ئۈچۈن، چەت يىراق رايونلاردا سەييارە سوت قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى سوۋېت پرىبىتىرىيالىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن سوۋېتلىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك دەۋا دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، مەخسۇس سوت قۇرۇشقا قوشۇلدى.

### 4. ھەربىي سوت مەھكىمىسى

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىدە ھەربىي سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى، غەنى باتۇروف مەھكىمە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

### 5. مەھكىمە شەرئى

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە تارىختا ئەزەلدىنلا بار بولغان ئەل ئىچىدىكى مەھكىمە شەرئى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلىش، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارەتچىلىكىگە بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا سوت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. مەھكىمە شەرئى بىلەن ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش تەقسىماتى بار بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سوت فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزدى.

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ناھىيىلەردە مەھكىمە شەرئى بار ئىدى، لېكىن ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ سوت ئاپپاراتلىرى بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. مەھكىمە شەرئىدە قازى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، قازىنىڭ قول ئاستىدا يەنە سوتچى، ساقچى بار ئىدى، مەھكىمە شەرئىنىڭ تامغىسى بولاتتى. مەھكىمە شەرئى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارەتچىلىكىدە قانۇن بويىچە بىر قىسىم سوت ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى.

ئەل ئىچىدىكى مەھكىمە شەرئىنىڭ دېلولارنى باشقۇرۇش دائىرىسى مۇنداق: ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» دا «دىنىي ئېتىقادقا چېتىشلىق دېلولارغا دىنىي ئىشلار نازارىتى بىلەن مەھكىمە شەرئى كېسىم چىقىرىدۇ» ، «دىنىي ئىشلار نازارىتى بىلەن مەھكىمە شەرئى چىقارغان كېسىمنى ئىجرا ئورگىنى ئىجرا قىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن» ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى» دا: «دەلىل - ئىسپاتلىرى تولۇق

بولمىغان دەۋالار مەھكىمە شەرئىي بىلەن گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ كېسىم چىقىرىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى تۈزگەن «مال - مۈلۈككە دائىر ئىلتىماسەن ئەرز قىلىش ۋاقىتلىق قوللانمىسى»دا: «مەھكىمە شەرئىي گۇمانلىق بولغان دەۋا دېلولىرىنى سوتلاشقا مەسئۇل بولىدۇ (مەسىلەن: مىراس، نىكاھ، نىكاھتىن ئاجرىشىش) ھەمدە ئۇلارنى مەھكىمە شەرئىينىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسەن ئىجرا قىلىدۇ»، «يېتىم بالا، تويلۇق قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىلتىماسەن دېلولىرى بولسا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئاساسەن مەھكىمە شەرئىي سوت قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

ئۈچ ۋىلايەت ئەل ئىچىدىكى مەھكىمە شەرئىينىڭ سوت قىلىش ھوقۇقى مۇنداق: (1) دىنىي ئېتىقادقا چېتىشلىق دېلولارنى سوت قىلىدۇ؛ (2) دەلىل - ئىسپاتى يوق ياكى گۇمانلىق ھەق تەلەپ ماجىراسى دېلولىرىنى سوت قىلىدۇ. مەھكىمە شەرئىيدە 1 - سوت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، سوت قىلىپ كېسىم چىقارغاندىن كېيىن دەۋالاشقۇچى ئەگەر ئىجرا قىلمىسا ئىجرا ئورگىنىغا مەجبۇرىي ئىجرا قىلىشقا تاپشۇرۇلىدۇ. ئەگەر دەۋالاشقۇچى قايىل بولمىسا مەھكىمە شەرئىيگە نارازىلىق ياكى ئىلتىماسەن ئەرز قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، لېكىن دىنىي ئىشلار نازارىتى ياكى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماسەن ئەرز قىلسا بولىدۇ. دىنىي ئىشلار نازارىتى ياكى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى مۇناسىۋەتلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قايتىدىن سوت قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ؛ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئەھۋالغا قاراپ بىۋاسىتە قوبۇل قىلىپ، قايتىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ مەھكىمە شەرئىي چىقارغان ناتوغرا كېسىمنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ ھەمدە قايتىدىن ھۆكۈم قىلىدۇ. مەھكىمە شەرئىينىڭ سوت پائالىيىتى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بەلگىلىك چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

1947 - يىل 8 - ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلاندى، ئۈچ ۋىلايەت ئەدلىيەسى تاكى 1950 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغىچە شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلمىدى.

### ئۈچ ۋىلايەت سوت، تەپتىش ئورگانلىرىدىكى مەسئۇل ئەمەلدارلارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 7

| ئاپپاراتنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى | ئاپپارات نامى | ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | تەيىنلەنگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| 1945.4 | ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | مۇھەممەتجان مەخسۇم | 1945.4 |
| | | بىرىنچى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | مەرمەن | |
| | | باش تەپتىش | مەرمەن | 1945.10 |
| 1946.7 | ئىلى مەمۇرىي مەھكىمە (ۋىلايەت) سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | مۇھەممەتجان مەخسۇم | 1946.7 |
| | | بىرىنچى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | مەرمەن | 1946.7 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | | باش ئەيتىش | مەرمەن | 1946.7 |
| | | باش ئەپتىش | جاخان ئىشقىباي | 1947.9 |
| | | باش ئەپتىش | سالىجانباي | 1948 — 1949 |
| 1945.8 | تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | مۇقىماغۇن روزىباىيىق | 1945.8 — 1946.7 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | دۇسەنبۇ سەنباييف | 1946.7 — 1947.12 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | نازارىبېك تۇرسۇبېك | 1947.12 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | ئابلىز راخمانوف | |
| | | باش ئەپتىش | توختى ئەلىموف | |
| 1945.9 | ئالتاي ۋىلايەتلىك سوت مەھ-كىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | زاكىرخان | 1945.9 |

# III باب

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ سوت ئاپپاراتلىرى

## § 1 . شىنجاڭ يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ شۆبىلىرى

### 1. شىنجاڭ يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى

#### 1) ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 37 يىل مابەينىدە، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك سوت ئاپپاراتلىرى قۇرۇش، ئاجىزلىشىش، تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىش، مۇكەممەللىشىش ۋە تەرەققىي قىلىش قاتارلىق بىر قانچە باسقۇچنى باشتىن ئۆتكۈزدى.

(1) سوت ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى (1949.9 — 1954 - يىلغىچە)

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقى جاكارلاندى. ئارقىدىنلا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىردى ھەم شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتى. 12 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمى ھەربىي ۋەكىل ۋە كادىر ئەۋەتىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ خادىملىرى، كەسپى، ماددىي بۇيۇملىرى ۋە ئارخىپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۆتكۈزۈ-ۋېلىشقا توختى ئەلىموف، مەجكە ھەم يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ سابىق باشلىقى ليۇ شياۋلى


قاتارلىقلار قاتناشتى. سابىق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن ئۆزلۈكىدىن خىزمەتتىن چېكىنىشنى تەلەپ قىلغانلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ساقلاپ قېلىندى.

1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەيىدى قوشۇمچە مەھكىمە باشلىقى، يې ياڭشۇەن بىرىنچى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، توختى ئەلىموف مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولدى. سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچى شەھىرى مىنچۇەن يولى (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 51 - قورۇ) غا جايلاشتى. ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى، ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى، كاتىبات باشقارمىسىدىن ئىبارەت 3 كەسىپى ئاپپارات تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، سوت مەھكىمىسى يەنە تۈرمە - قاماقخانىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، تۈرمە باشقۇرۇش ئىشخانىسىنى تەسىس قىلدى. تۈرمە، قاماقخانىلارنى باشقۇ- رۇش خىزمىتى 1951 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ شتاتى 58 بولۇپ، ئەمەلىي ئادەم سانىمۇ 58 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 37، ئاز سانلىق مىللەت 21. 1952 - يىلى شتاتى 73كە كۆپەيتىلدى. 1954- يىلى ئەدلىيە مەمۇرىي باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى 9 - ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ نامى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1950 - يىلدىكى تەشكىلىي ئاپپاراتى

سخېما: 1 — 2




**(2) سوت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى (1955 — 1965 - يىلغىچە)**

1955 - يىلى ئەدلىيە نازارىتى قۇرۇلدى. ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتى ئەدلىيە نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، سوت مەھكىمىسى مەخسۇس سوت خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئىچكى ئاپپاراتلارمۇ قايتىدىن تەڭشەلدى، مەمۇرىي باشقارما، كاتىبات باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئەسلىدىكى جىنايى ئىشلار ۋە ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىلىرى ساقلاپ قېلىنىپ، ئىشخانا، تەتقىقات ئىشخانىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.


1955 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ

2 ـ يىغىنىدا شىنجاڭ ئۆلكىسى دېگەن نامنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» غا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا قارار ماقۇللاندى، ئابلىز مۇھەممەت ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى» گە ئۆزگەرتىلدى (تۆۋەندە قىسقارتىپ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى دېيىلىدۇ). شۇ يىلى قىشتا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى 1954 ـ يىلدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ 10 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن، سوت ھەيئىتى تەسىس قىلدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى سوت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، چوڭ ياكى چىگىش دېلولارنى ۋە سوت خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. سوت ھەيئىتىنىڭ خىزمىتىگە مەھكىمە باشلىقى رىياسەتچىلىك قىلدى.

1957 ـ، 1958 ـ يىللىرى «سول» چىللىقنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭ سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى بىر قىسىم ئوڭچىلارنى خاتا ئايرىپ، سوت كەسپىنىڭ زور بىر قىسىم تايانچلىرىنى تارتىپ چىقتى. جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت مەھكىمىسى قاتارلىق ئۈچ ئورگاننىڭ ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولۇش، ئۆزئارا ماسلىشىش، ئۆزئارا چەكلەشتىن ئىبارەت جىنايى ئىشلار دەۋا تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «بىر باشلىق ئۈچ باشلىقنىڭ ئىشىنى قىلىش»، «بىر خادىم ئۈچ خادىمنىڭ ئىشىنى قىلىش» نى يولغا قويدى، بەزى جايلاردا جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت مەھكىمىسى قاتارلىق ئۈچ ئورگان بىرلەشتۈرۈلۈپ «سىياسىي قانۇن بۆلۈمى» قۇرۇلۇپ ياكى بىرلىكتە ئىش بېجىرىپ، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىش فۇنكسىيىسى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلدى.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1955 ـ يىلدىكى تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى**

سىخېما: 1 — 3




1958 ـ يىلى ئەدلىيە نازارىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىرلىكتە ئىش بېجىرىپ، سوتقا قارىتا ئىككى ئورۇن، ئىچكى قىسىمدا بىر بەنزە بىر تۈتاش رەھبەرلىك

قىلدى. جىنايى ئىشلار كوللېگىيىسى، ھەق تەلەپ كوللېگىيىسى، ئىشخانا ۋە ئەدلىيە مەمۇرىي باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ شتاتى 78 بولدى.

1959 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا توختى ئەلىمۇف شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى، لى فۇيۈەن مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، ۋاڭ چېڭجۇڭ، مۇسا چاۋار مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولدى. سابىق مەھكىمە باشلىقى ئابلىز مۇھەممىدى بىلەن مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى سوپى سەلەي باشقا ۋەزىپىگە يۆتكەلدى.

1964 - يىل 3 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا مۇسا چاۋار ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى. لى فۇيۈەن، ۋاڭ چېڭجۇڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتىدى.

1965 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدىكى خىزمەتچى 858گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ خادىمى 55.

**(3) سوت ئاپپاراتىنىڭ ھەربىي ئىدارە قىلىنىشى ۋە تۈزۈلمىسىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى (1966 - يىل 5 - ئايدىن 1976 - يىلغىچە)**

1966 - يىل 5 - ئايدا باشلانغان 10 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» رەھبەرلىك خاتا قوزغىغان، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلگەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كەلگەن بىر مەيدان ئىچكى قالايمىقانچىلىقتىن ئىبارەت. لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىكى نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىپ، خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىجرا قىلىۋاتقان قانۇن - تۈزۈملەرنى كاپىتالىزمنىڭ نەرسىسى دەپ بۆھتان چاپلاپ، ئەدلىيە كادىر - ساقچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىلىرىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلارنىڭ كۈشكۈرتىشى ھەمدە «ج خ، تەپتىش، سوت ئورگانلىرىنى پاچاقلاش»نى يولغا قويۇشى ئارقىلىق خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى، سوت خىزمىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

1966 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ قايىنىمىغا كىردى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ شتاتى 60 بولۇپ، كېيىن ئىلتىماس قىلىپ تەستىقلىتىلىپ، 9 شتات كۆپەيتىلىپ، ئومۇمىي شتات 69غا يەتكۈزۈلدى.

1967 - يىل 1 - ئايدىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، سوت خىزمىتى توختاپ قالدى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى (جۈملىدىن ج خ، تەپتىش، سوت ئورگانلىرى)نى ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشنى قارار

قىلدى. 1968 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنى ھەربىي ئىدارە قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ [68] ھ س 1 - نومۇرلۇق ئۇقتۇرۇشىدا: «1968 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن باشلاپ ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ پارتىيە، مەمۇرىي، ئىقتىساد، يېزىقچىلىق قاتارلىق بارلىق رەھبەرلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ» دەپ جاكارلاندى. بۇنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ھەر دەرىجىلىك ج خ، تەپتىش، سوت ئورگانلىرىدا ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى. 1968 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايونلۇق ج خ، تەپتىش، سوتتىن ئىبارەت ئۈچ ئورگان بىرلىكتە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قۇردى. خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت خىزمىتى فۇنكسىيىسىنى جايلاردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىغا قاراشلىق سوت خىزمىتى گۇرۇپپىسى يۈرگۈزدى، ئىلگىرىكى سوت ئاپپاراتى يوق بولدى. سابىق سوت مەھكىمىسىنىڭ بارلىق خادىملىرى مەركەزلىك ھالدا «كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتىگە ياكى «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپىگە بېرىپ ئەمگەككە قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى سوت خىزمىتى گۇرۇپپىسىغا گاۋ لىنخەي (1968 — 1971 - يىلغىچە ۋەزىپە ئۆتىدى)، خەن مىڭزېڭ (1971 -، 1972 - يىللىرى ۋەزىپە ئۆتىدى) لار باشلىق؛ ۋەن دېجۇڭ، جۇ زېڭخۇالار مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

1971 - يىلى 2 - ئايدا جۇ ئېنلەي زۇڭلى 15 - قېتىملىق مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرىكى 17 يىللىق نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش سەپسەتىسىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى.

1972 - يىلى سوت خىزمىتى گۇرۇپپىسى جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتى جەنۇبىي شىنجاڭ گۇرۇپپىسى، شىمالىي شىنجاڭ گۇرۇپپىسى ۋە ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلدى. جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتى جەنۇبىي شىنجاڭ گۇرۇپپىسىغا گوشىيى باشلىق، ئابلىز مۇئاۋىن باشلىق؛ شىمالىي شىنجاڭ گۇرۇپپىسىغا ۋەن دېجۇڭ باشلىق، جاڭ جيۇلىڭ مۇئاۋىن باشلىق؛ ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسىغا ۋاڭ چى باشلىق بولدى.

1973 - يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قۇرۇلدى، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سوت مەھكىمىلىرىمۇ تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدە جىنايى ئىشلار 1 - سوت كوللېگىيىسى، جىنايى ئىشلار 2 - سوت كوللېگىيىسى، ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانا تەسىس قىلىندى، شتاتى 60 بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ فۇنكسىيىسى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە سابىق ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر قىسىم كادىرلىرى يۆتكەپ كېلىنىپ، ھەر قايسى تارماقلار تولۇقلاندى. ئەينى ۋاقىتتىكى رەھبەرلەردىن مەھكىمە باشلىقى مۇسا چاۋار، مۇئاۋىن مەھكىمە

باشلىقى خەن مىڭزىڭ، جۇ زېڭخۇا، لى فۇيۈەن قاتارلىقلار بار.

1973 - يىل 9 - ئايدا قۇربان روزى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى نۇرىيوف ئەنۋەرنى مەھكىمە باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. نۇرىيوف ئەنۋەر، خەن مىڭزىڭ، لى فۇيۈەن، جۇ زېڭخۇا، قۇربان روزىدىن ئىبارەت بەش كىشى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلدى، خەن مىڭزىڭ پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، لى فۇيۈەن، نۇرىيوف ئەنۋەر مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، جۇ زېڭخۇا، قۇربان روزى ئەزا بولدى. 1975 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ بىڭتۈەن سوت مەھكىمىسىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەزكۇر سوت مەھكىمىسىنىڭ 9 كادىرى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە يۆتكەپ كېلىندى.

**(4) سوت ئاپپاراتىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى (1977 — 1985 - يىللىرى)**

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش ئېنىق بەلگىلەنگەندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. 1979 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى يوليورۇق چىقىرىپ، تېز سۈرئەتتە ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە ئاپپاراتلىرىنى تولۇقلاپ، تىرىشىپ كۈچلۈك ئەدلىيە خىزمىتى قوشۇنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەسلىدىكى 90 شتات ئاساسىدا يەنە 100 شتات كۆپەيتىپ، ئومۇمىي شتاتىنى 190گە يەتكۈزۈشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئارقا - ئارقىدىن ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلاردىن سىياسىي قانۇن كەسپىي بىلىملىرىگە ئىگە بولغان، سوت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان 40 نەچچە كادىرنى يۆتكەپ كېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىرلار قوشۇنىنى تولۇقلاپ كۈچەيتتى.

1979 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا نۇرىيوف ئەنۋەر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا (پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا) سايلاندى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى لى فۇيۈەن بىلەن قۇربان روزى ئەدلىيە نازارىتىگە يۆتكەلدى. 1980 - يىلى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى خەن مىڭزىڭ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى جۇ زېڭخۇا غەربىي شىمال سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىغا يۆتكەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋاڭ شېننى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىلىقىغا، گاۋ يىڭكۈي (1981 - يىلى)، مىڭ كەي، ئابلىزلارنى پارتگۇرۇپپىنىڭ ھەيئەتلىكىگە تەيىنلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىلگىرى - كېيىن ۋاڭ شېن، گاۋ يىڭكۈي، مىڭ كەي، ئابلىز قاسىملارنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى.

1980 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدە جىنايى ئىشلار 1 - سوت كوللېگىيىسى، جىنايى ئىشلار 2 - سوت كوللېگىيىسى، ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى،

ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى، ئىشخانا، تەتقىقات ئىشخانىسى، كادىرلار باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. ئىشخانا قارىمىقىدا يەنە كاتىبات بۆلۈمى، ئەرزىيەت بۆلۈمى، ئەدلىيە مەمۇرىي بۆلۈمى، خوجىلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.


1982 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ۋاڭ شېن ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سىياسىي قانۇن كومىتېتىغا يۆتكەلدى. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشەشنى قارار قىلدى، 6 - ئايدا نورىيوف ئەنۋەرنى مەھكىمە پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىلىقىغا (شۇ يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقلىقىغا سايلاندى)، گاۋ يىڭكۇي پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، ئابلىز قاسىم، دۇڭ ياڭيۇلەر پارتگورۇپپىسىنىڭ ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دۇڭ ياڭيۇ، دۇڭ جىيننى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. مىڭ كەي مەسلىھەتچىلىككە قويۇلدى، 10 - ئايدا دۇڭ ياڭيۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتىغا يۆتكەلدى. شۇ يىلى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى يې يىڭشۇەن دەم ئېلىشقا چىقتى.

1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىچكى ئاپپاراتى تەڭشىلىپ، ئەدلىيە مەمۇرىي باشقارمىسى قوشۇلدى، 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئورگان پارتكومى قۇرۇلدى، ئورگان پارتكوم شۇجىلىقىنى نورىيوف ئەنۋەر قوشۇمچە ئۆتىدى، مۇئاۋىن شۇجىلىقىنى جىن جىشيەن (مەخسۇس) ئۆتىدى.

1985 - يىلى مەملىكەتلىك ئىشتىن سىرتقى قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ خىراجىتى يەرلىك مالىيە چىقىمىغا كىرگۈزۈلدى، شتاتى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ شتاتىدىن ھەل قىلىندى، يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدىكى باشقارما دەرىجىلىك رەسمىي سوت ئاپپاراتى ۋە مەمۇرىي ئاپپارات 10غا، ۋاقىتلىق ئاپپارات بىرگە يەتتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى 228گە يەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 147، ئاز سانلىق مىللەت 81، سوت كەسپى خادىمىدىن جىنايى ئىشلار كوللېگىيىسىدە 61 ئادەم، ھەق تەلەپ كوللېگىيىسىدە 21 ئادەم، ئىقتىسادىي كوللېگىيىدە 16 ئادەم بولۇپ، ئەمەلىي ئادەم سانىنىڭ %43نى ئىگىلىدى. ۋەزىپىسىگە ئاساسەن ئايرىغاندا، مەھكىمە باشلىقى بىر، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى 4، كوللېگىيە باشلىقى ۋە مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى 12، سوتچى 19، ياردەمچى سوتچى 42، پۈتۈكچى 31، قانۇن دوختۇرى 3، قانۇن ساقچىسى 6، تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرى 3، تەتقىقاتچى 4، ئەرزىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى 2، ئەرزىيەت خادىمى 5، كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى 4، كادىرلار ئىشلىرى كادىرى 6، مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، باشقارما باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى 18، مەمۇرىي كادىر 42، ئىشچى 25، باشقا خادىم بىر. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلىي ئادەم سانى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىدىكى ئادەم سانى (5273 ئادەم)نىڭ %3.4نى ئىگىلىدى.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1985 - يىلدىكى تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى

سخېما: 1 — 4




2) ۋەزىپە، خىزمەت ھوقۇقى ۋە كەسىپ دائىرىسى

1982 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دا خەلق سوت مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ سوت ئورگىنىدۇر دەپ بەلگىلەندى. 1979 - يىل 7- ئاينىڭ 1 - كۈنى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ 3 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى مۇنداق: جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ۋە ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىش ھەمدە سوت پائالىيىتى ئارقىلىق، بارلىق جىنايەتچىلەرنى جازالاش ۋە ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى ھەل قىلىش، شۇنىڭ بىلەن پرولېتارىيات دىكتاتورىسى تۈزۈمىنى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مال - مۈلكىنى قوغداش، ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوللېكتىپ مال - مۈلكىنى قوغداش، پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدىكى قانۇنلۇق مال - مۈلكىنى قوغداش، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىنى، دېموكراتىيە ھوقۇقىنى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بارلىق پائالىيىتى ئارقىلىق پۇقرالارغا سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە سادىق بولۇش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ. «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» دا يەنە خەلق سوت

مەھكىمىلىرى دېلولارنى سوت قىلىشتا چوقۇم تۆۋەندىكى پرىنسىپقا ئەمەل قىلىشى كېرەك: خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزگەندە، مەمۇرىي ئورگانلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر ئارلاشماسلىق كېرەك، دېلولارنى سوت قىلىشتا پۇقرالارنىڭ مىللىتىگە، ئىرقىغا، جىنسىغا، كەسپىگە، ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشىغا، دىنىي ئېتىقادىغا، تەربىيىلىنىش دەرىجىسىگە، مال - مۈلكىگە، ئولتۇراقلىشىش مۇددىتىگە قارىماي، قانۇننى ھەممىسىگە باراۋەرلىك ئاساسىدا تەتبىق قىلىدۇ، ھەر قانداق ئالاھىدە ئىمتىيازغا يول قويمايدۇ. ھەر مىللەت پۇقرالىرى دەۋا ئىشلىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىشقا ھوقۇقلۇق دەپ بەلگىلەندى.

«خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نىڭ 28 - ماددىسىدا، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تۆۋەندىكى دېلولارنى سوت قىلىدۇ دەپ بەلگىلەندى: «(1) 1 - سوت دېلولىرىدىن قانۇن - پەرمانلاردا يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن دېلولار؛ (2) 1 - سوت دېلولىرىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلىشقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن دېلولار؛ (3) تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى ۋە كېسىمى ئۈستىدىن نارازىلىق ئەرز بېرىلگەن دېلولار ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن دېلولار؛ (4) خەلق تەپتىش مەھكىمىسى سوت نازارەتچىلىكى تەرتىپى بويىچە ئېتىراز بىلدۈرگەن دېلولار». ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانۇن بويىچە يېڭىباشتىن قاراپ چىقىدىغان ياكى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى بېرىلگەن بىر قىسىم ئۆلۈم جازاسى دېلولىرى.

شىنجاڭ ئۆلكىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە كوللېگىيە، باشقارما، ئىشخانا مەسئۇللىرى ۋە سوتچىلارنىڭ تىزىملىكىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىڭ.

**شىنجاڭ ئۆلكىلىك، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 1 — 8

| ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | مەلۇماتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| مەھكىمە باشلىقى (ئۆلكە رەئىسى قوشۇمچە ئۆتىدى) | بۇرھان شەھىدى | ئەر | ئۇيغۇر | ئاقسۇ | ئالىي مەكتەپ | 1950.1 — 1955.9 |
| مەھكىمە باشلىقى | ئابلىز مۇھەممەدى | ئەر | ئۇيغۇر | قورغاس | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 1955.9 — 1959 |
| مەھكىمە باشلىقى | توختى ئەلىمۇف | ئەر | ئۇيغۇر | ئاتۇش | تولۇق ئوتتۇرا | 1959 — 1964.3 |
| مەھكىمە باشلىقى | مۇسا چاۋار | ئەر | ئۇيغۇر | پوسكام | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 1964.3 — 1973 |
| مەھكىمە باشلىقى | نۇرىيوف ئەنۋەر | ئەر | ئۇيغۇر | غۇلجا | ئالىي تېخنىكوم | 1974 — 1985 |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | ۋې يېڭشۈەن | ئەر | خەنزۇ | سەنشى شاۋىي ناھىيىسىدىن | ئالىي مەكتەپ | 1950.2 — 1955<br>1978.6 — 1983.6 |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | توختى ئەلىمۇف | ئەر | ئۇيغۇر | ئاتۇش | تولۇق ئوتتۇرا | 1950.1 — 1959 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | لى فۇيۈەن | ئەر | خەنزۇ | شەنشى مىجى ناھىيىسىدىن | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 1979 — 1955 |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | سوپى سەلەي | ئەر | ئۇيغۇر | يوپۇرغا | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 1959 — 1956 |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ چېڭجۇڭ | ئەر | خەنزۇ | خۇبېي خۇڭئەن ناھىيىسىدىن | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 1978 — 1960 |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | خەن مىڭزېڭ | ئەر | خەنزۇ | سەنشى لىنشى ناھىيىسىدىن | تولۇق ئوتتۇرا | 1980.4 — 1971.3 |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | جۇ زېڭخۇا | ئەر | خەنزۇ | شاڭخەي | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 1980 — 1973 |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | قۇربان روزى | ئەر | ئۇيغۇر | ئاتۇش | ئالىي تېخنىكوم | 1979 — 1973.9 |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ شېن | ئەر | خەنزۇ | خېبېي شېنزې ناھىيىسىدىن | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 1982 — 1980 |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | گاۋ يىڭكۈي | ئەر | خەنزۇ | شەنشى جياشەن ناھىيىسىدىن | تولۇق ئوتتۇرا | 1985 — 1981 |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | ئابلىز قاسىم | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر | ئالىي تېخنىكوم | 1985 — 1980.5 |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | مېڭ كەي | ئەر | خەنزۇ | شەنشى چۇنخۇا ناھىيىسىدىن | | 1983 — 1980 |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | دۇڭ ياخېيۇ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ۋۇگۇڭ ناھىيىسىدىن | تولۇق ئوتتۇرا | 1983.8 — 1983.6 |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | دۇڭ جېن | ئەر | خەنزۇ | خېبېي سۇنىڭ ناھىيىسىدىن | ئالىي تېخنىكوم | 1985 — 1983 |

## شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1950 — 1985 - يىلغىچە بولغان سوت ھەيئىتى ئەزالىرى

ئابلىز مۇھەممەدى
ياڭ جىگېيى
شەمشىدىن
لى گاڭ
شەمشىرىپ
مۇسا چاۋار
ھاشىم قاسىم
جۇ زېڭخۇا
ئابلىز قاسىم
ھېزىم ئەزىز
شۇ خۇيىڭ
خالىدە خالىق

يې يىڭشۇەن
سوپى سەلەي
پىدا
ليۇ يۇرېن
ھېلىم ئەيسا
جۇ دىڭجۇ
ئىسھاق توختى
نۇرىيوف ئەنۋەر
گاۋ يىڭكۈي
دۇڭ جېن
ليۇ تىڭخەن

لى فۇيۈەن
توختى ئەلىمۇف
قاسىمجان
دۇەن خېڭ
ۋاڭ چېڭجۇڭ
بەي گويىڭ
خەن مىڭزېڭ
ۋاڭ شېن
دۇڭ ياخېيۇ
مەمەت ئابدۇللا
ياۋ ياۋۋېن

## شىنجاڭ ئۆلكىلىك، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1950 — 1985 ـ يىلغىچە بولغان كوللېگىيە، باشقارما، ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

جەدۋەل: 1 — 9

| ئورنى | ۋەزىپىسى | ئىسىم ـ فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جىنائى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى | مەجىكە | ئەر | مانجۇ | 1950.1 | |
| | كوللېگىيە باشلىقى | شەمشىدىن | ئەر | ئۇيغۇر | 1952 — 1959 | |
| | كوللېگىيە باشلىقى | ھاشىم قاسىم | ئەر | ئۇيغۇر | | پارتگورۇپپا ئەزاسى |
| | كوللېگىيە باشلىقى | ئەيسا توختى | ئەر | ئۇيغۇر | 1966 — 1972 | |
| | كوللېگىيە باشلىقى | گو شىيى | ئەر | خەنزۇ | 1972 — 1974 | 1972 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان |
| | كوللېگىيە باشلىقى | ۋەن دېجۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 1973 | 1972 ـ يىلى شىمالىي شىنجاڭ گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | ۋاڭ شياۋفېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1951 — 1953 | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | ياڭ جىڭخېي | ئەر | خەنزۇ | 1954.6 — 1955 | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | پىدا مىناخۇن | ئەر | ئۇيغۇر | 1955 — 1967 | 1967 ـ يىل 6 ـ ئايدا سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | دۇەن خىياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1957.8 — 1959.9 | سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | لى گاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1959.9 — 1968 | 1964 ـ يىلى پارتگورۇپپا ئەزاسى بولغان |
| | | | | | | |
| جىنائى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى | يۇ زىچاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1975.12 | |
| | كوللېگىيە باشلىقى | ھېزىم ئېزىز | ئەر | ئۇيغۇر | 1981.2 | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | باۋدۇن ئىسلام | ئەر | ئۇيغۇر | 1974.5 — 1984 | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | مەمەت ئابدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | 1978.4 — 1983 | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | جىن خۇئېبىن | ئەر | خەنزۇ | 1984.8 | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | سۇڭ جۇڭشۇەن | ئەر | خەنزۇ | 1984.8 | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | خۇ ۋېنكدي | ئەر | خەنزۇ | 1984.8 | |
| | كوللېگىيە باشلىقى | جاڭ جۇلىن | ئەر | خەنزۇ | 1978.4 | |
| | كوللېگىيە باشلىقى | مەمەت ئابدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | 1984.8 | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | جاڭ جۇلىن | ئەر | خەنزۇ | 1972.12 — 1977 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | ھېزىم ئىزىز | ئەر | ئۇيغۇر | 1981.2 — 1974.6 | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | گو دېڭياۋ | ئەر | خەنزۇ | 1984.8 | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | چېن مىنجىن | ئەر | خەنزۇ | 1984.12 | |
| | | | | | | |
| ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى | جاقان | ئەر | قازاق | 1954 — 1953.12 | |
| | كوللېگىيە باشلىقى | دۇەن خېلى | ئەر | خەنزۇ | 1964.1 — 1959.9 | كېيىن ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە سوتقا يۆتكىلىپ، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولغان |
| | كوللېگىيە باشلىقى | بەي گويىڭ | ئايال | خەنزۇ | 1978 — 1964 | |
«ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش»، «يەر ئىسلاھاتى» سوتى ئاممىۋى خاراكتېر ئالغان ئەدلىيە ئاپپاراتى ئىدى. خەلق سوتى ھەم ئۇنىڭ شۆبىلىرى بىۋاسىتە ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولاتتى، سوت كەسپىدە ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلدى. سوت ھەيئىتى تەسىس قىلىندى، ئۇ بىر باش سوتچى، بىر مۇئاۋىن باش سوتچى، بىر قانچە سوتچىدىن تەركىب تاپتى، باش سوتچىلىقنى ھاكىم ياكى مۇئاۋىن ھاكىم قوشۇمچە ئۆتىدى، مۇئاۋىن سوتچىلىقنى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ئۆتىدى. كۆپ بولغاندا 9، ئاز بولغاندا 3 سوتچى بار ئىدى. سوتچىلارنىڭ يېرىمى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، رايونلۇق ھۆكۈمەت ھەم «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش» خىزمەت ئەترىتىدىن تاللاپ ئەۋەتىلەتتى، قالغان يېرىمى ھەرساھە ۋەكىللەر يىغىنى ياكى مەسلىھەت كېڭىشى بىلەن دېھقانلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن سايلىناتتى. سوتتا سوتچىدىن باشقا يەنە كاتىپ، تەرجىمان، پۈتۈكچى قاتارلىقلار بولاتتى.

«ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش» خەلق سوتى قۇرۇلغاندىن

كېيىن، خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىلەن دېلو قوبۇل قىلىشتا ئىش تەقسىماتى بولدى. سوت
مەھكىمىسى ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى قوبۇل قىلدى، خەلق سوتى
تۆۋەندىكى دېلولارنى قوبۇل قىلدى: (1) خەلق مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەن، توپىلاڭ كۆتۈرۈش
غەرىزىدە بولغان، ئامانلىق ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان زومىگەرلەر، باندىتلار، ئىشپىيونلار،
ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ دېلولىرى؛ (2) غەللە ـ پاراق تاپشۇرۇشقا قارشى چىققان ياكى ئىجارە
ھەققىنى كېمەيتىشكە، قەرز ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغان قانۇنسىز پومېش-
چىكلارغا دائىر دېلولار؛ (3) ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىشتە سىنىپىي تەركىب ئايرىش تالاش ـ
تارتىشىغا دائىر دېلولار؛ (4) ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، قەرز ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتى-
كى باشقا تالاش ـ تارتىشقا دائىر دېلولار. خەلق سوتىنىڭ ئۆلۈم جازاسى، مال مۈلۈكنى مۇسادىرە
قىلىش ياكى 5 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسىنى تەستىقلاش ھوقۇقى ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت ياكى ھوقۇق بېرىلگەن ۋالىيدا بولىدۇ؛ 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى
بېرىش ۋە جىنايەتسىز دەپ ئېلان قىلىش ھۆكۈمىنى تەستىقلاش ھوقۇقى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە
تەۋە بولىدۇ؛ خەلق سوتى ھۆكۈم چىقارغان دېلولاردىن ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىدا نارازىلىق ئەرز
بېرىشكە بولمىغاندىن سىرت، باشقا ھۆكۈملەرگە ئەگەر دەۋاگەر قايىل بولمىسا، ھۆكۈم ئېلان
قىلىنغاندىن كېيىن 10 كۈن ئىچىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سوتنى قايتا سوت قىلىشقا بۇيرۇشى-
نى تەلەپ قىلسا بولىدۇ، ئەگەر قايتا سوتقىمۇ قايىل بولمىسا، ۋالىي مەھكىمىسىگە نارازىلىق
ئەرز قىلسا بولىدۇ. 1952 ـ يىلى مۇددەتسىز قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى باش
سوتچى ئۆزى سوراق قىلىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
ئىجرانى تەستىقلىشىغا يوللىشى بەلگىلەنگەنىدى. چەت ئەللىگە ۋە ئالاقىدار سىياسەتلەرگە چېتىلىدى-
غان چوڭ دېلولار يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگاننىڭ تەستىقى بويىچە بىر تەرەپ قىلىناتتى، ئەكسىل-
ئىنقىلابىي دېلولاردا نارازىلىق ئەرز بېرىشكە بولمىغاندىن سىرت، باشقا دېلولارغا دائىر ئەرز
خەلق سوتىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن بېجىرىلەتتى.

«يەر ئىسلاھاتى» خەلق سوتى سوت خىزمىتىدە ئاممىۋى لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇپ،
ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك سوت ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوچۇق سوت قىلىش،
شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە سوت قىلىش، سەييارە سوت قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىلنى قوللاندى.
شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك رايون ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن پارتىيىنىڭ «سالماق قەدەم بىلەن
ئالغا ئىلگىرىلەش» فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىشقا دىققەت قىلدى. سىياسەت جەھەتتە «ئاز كۆرەش
قىلىش»، «ئاز تۇتۇش»، «ئاز ئۆلتۈرۈش» ۋە پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپىغا ئەمەل
قىلىپ، خىزمەتتە تەۋەككۈلچىلىك قىلىش ۋە زەربە بېرىش دائىرىسى كەڭ بولۇشنىڭ ئالدىنى
ئېلىشقا دىققەت قىلدى.

سوت خىزمىتىدە مىللىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە تۆۋەندىكى ھەرخىل ئۇسۇلنى
قوللاندى: (1) ھەر مىللەت ئىچىدىكى جىنايەت دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا شۇ مىللەتتىن
بولغان كادىر سوت قىلىشقا قاتناشتى ھەم رىياسەتچىلىك قىلدى؛ (2) سوت قىلىشتا سوتچىلار-
نىڭ يېرىمىنى ئاز سانلىق مىللەت سوتچىلار تەشكىل قىلدى؛ (3) دېلونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا
ئاساسەن ھەر مىللەت ئىچىدىن ئىلغار دىنىي، يۇقىرى قاتلامدىكى دېموكراتىك زاتلارنى تاللاپ
ياكى تەكلىپ بىلەن زاسېداتېللىققا قاتناشتۇردى؛ (4) زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۆز مىللە-
تىدىن بولغان زومىگەر پومېشچىكلارنىڭ جىنايەت قىلمىشىنى شىكايەت قىلدى؛ (5) دېلو
ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشتا بولۇپمۇ چوڭ دېلولاردا ئالدى بىلەن جىنايەت پاكىتى ۋە بىر تەرەپ

قىلىش پرىنسىپىنى ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ياكى ئاممىغا تاپشۇرۇپ مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن ھۆكۈم ئېلان قىلىپ ئىجرا قىلدى؛ (6) ئېلان قىلماقچى بولغان ھۆكۈمنى خەنزۇچە ۋە يەرلىك مىللەت يېزىقىدا تەڭ ئېلان قىلدى، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ كەڭ كۆلەملىك ھىمداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى، بۇ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ئىدىيىسىنى تىكلىشىگە پايدىلىق بولدى، بۇنىڭ بىلەن خەلق سوتى ھەرىكەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

3) «ئۇچكە قارشى تۇرۇش» خەلق سوتى 1952 - يىلى شىنجاڭدا «ئۇچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغاندا ئۆلكىلىك ئورگان خەلق سوتى ۋە ھەرقايسى سىستېمىلاردا خەلق سوتى قۇرۇلدى. مەسىلەن: مالىيە - ئىقتىساد سىستېمىسىدا 6 شۆبە سوت قۇرۇلدى. «ئۇچكە قارشى تۇرۇش» خەلق سوتى رەھبەرلەر بىلەن ئاممىنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، 1400دىن ئارتۇق كىشىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. «ئۇچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنىڭ غەلىبىلىك ئاياغلىشىشىغا ئەگىشىپ «ئۇچكە قارشى تۇرۇش» خەلق سوتىمۇ ۋەزىپىسىنى تاماملاپ توختىتىلدى.

4) ئومۇمىي سايلام خەلق سوتى 1953 - يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 1954-يىل 3 - ئايغىچە شىنجاڭدىكى 82 ناھىيە، شەھەردە ئاساسىي قاتلام ئومۇمىي سايلام خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. سايلام قانۇنى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شەھەرلەردە، يەر ئىسلاھاتى رايونلىرىدا شۇنداقلا خىزمەت ئاساسى بار جايلاردا بىردىن ئىككىنگىچە رايوندا بىر خەلق سوتى تەسىس قىلىش، ناھىيە، شەھەرلەردە ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق سوتى تەسىس قىلماسلىق توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئومۇمىي سايلام خەلق سوتىدىن 114ى، سەييارە سوت گۇرۇپپىسىدىن 125ى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 965 سوت كادىرى سەپلەندى.

ئومۇمىي سايلام سوتىدىكى خادىملار جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت مەھكىمىسى ۋە ئومۇمىي سايلام خىزمەت ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن ئاجرىتىلغان ھەم ئەسلىدىكى يەر ئىسلاھاتى سوتىنىڭ مەخسۇس كادىرلىرىدىن تەركىب تاپتى، سوتقا بىر باشلىق، بىر مۇئاۋىن باشلىق قويۇلدى، 2دىن 6 گىچە سوتچى، 1 تەرجىمان، بىرنەچچە پۈتۈكچى بار بولدى، ئۇلارنى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتى تەيىنلىدى. سوت ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، ۋەزىپىسى سايلام رايونى ئارقىلىق كېلىپ چىققان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار ۋە بارلىق سايلامغا مۇناسىۋەتلىك دەۋا دېلولىرى، بولۇپمۇ سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان چوڭ دېلولارنى ۋاقتىدا، توغرا سوت قىلىپ، ئومۇمىي سايلام خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئاخىرلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

ئومۇمىي سايلام سوتىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى دېلولار: (1) ئومۇمىي سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش؛ (2) سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان قانۇنسىز ئالدامچىلىق قىلمىشلىرى ۋە پاش قىلغان، ئەرز قىلغانلارنى باسقان، ئۆچ ئالغانلارنى جازالاش؛ (3) سايلام ھەيئىتى بىر تەرەپ قىلغان مۇناسىۋەتلىك سايلىغۇچىلارنىڭ لاياقىتىگە قايىل بولماي ئىلتىماسەن ئەرز قىلىش دېلولىرى؛ (4) سايلامغا مۇناسىۋەتلىك باشقا دەۋا دېلولىرى. ئۇنىڭ ھوقۇق چەكلىمىسى ئومۇمىي سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىغا ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەت. ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولاردىن سىرت، جاۋابكار ئەگەر خەلق سوتى چىقارغان ھۆكۈمگە قايىل بولمىسا، 10 كۈن ئىچىدە ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بەرسە بولىدۇ. بۇ ھۆكۈم ئاخىرقى ھۆكۈم بولىدۇ. سايلىغۇچىلار لاياقىتىنى

تىزىملاش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىلتىماسەن ئەرز دېلولىرىنى سوت ياكى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) سوت مەھكىمىسى ئەڭ ئاخىرىدا بېكىتىدۇ.

ئومۇمىي سايلام خەلق سوتى 9 ئاي ئىچىدە، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان دېلودىن 219نى بىر تەرەپ قىلغان، ئېغىر تارقىتىپ بۇزغۇنچىلىق قىلغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان يومىشچىكتىن 136نى بىر تەرەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سايلام قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن بىر تۈركۈم سايلىغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىگە دائىر ماجىرا دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئارقىلىق 5820 كىشىگە سايلام ھوقۇقى بېرىلدى، 4542 كىشىگە سايلام ھوقۇقى بېرىلمىدى. يەنە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرىغا ماسلىشىپ رېجىمغا ئېلىنغان ئۇنسۇرلاردىن 337نى ئېنىقلىدى، ئۇلاردىن ئىپادىسى ياخشىلىرىنى رېجىمدىن بوشىتىپ، سايلام ھوقۇقى بېرىلمىگەنلىرىگە سايلام ھوقۇقى بەردى. ئۇنىڭدىن سىرت مۇرەسسە گورۇپپىسىدىن 678نى قۇرۇپ، ئاممىنىڭ ماجىراسىدىن 2341نى ۋاقتىدا مۇرەسسە قىلدى، بەزىلىرى يەنە بېسىلىپ قالغان دېلولارنى ئېنىقلاش ۋە خاتالىقنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ھەمكارلاشتى.

سايلام تاماملانغان رايونلاردا ئومۇمىي خەلق سوتىنى ناھىيىلىك (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇيرۇق بىلەن ئەمەلدىن قالدۇردى.

5) سەييارە سوت مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئەدلىيە يىغىنى سەييارە سوت قۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقارغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا 1953 - يىل 11 - ئايدىن 1954 - يىل 10- ئايغىچە 65 ناھىيىدە 68 سەييارە سوت قۇرۇلدى، ئۇلار ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قىسمى شۇنداقلا ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتى بولۇپ، سوت مەھكىمىسى كادىرلىرىدىن تەركىب تاپتى.

سەييارە سوتنىڭ ۋەزىپىسى مۇنۇلار: (1) چوڭ، چىگىش بولمىغان جىنايى ئىشلار ۋە ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش؛ (2) تەۋەلىكىدىكى رايوننىڭ مۇرەسسە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش؛ (3) دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق خەلق ئاممىسى ئارىسىدا قانۇن - ئىنتىزام تەشۋىقات، تەربىيە ئېلىپ بېرىش. سەييارە سوت جىنايى ئىشلارغا جازا ھۆكۈم قىلغاندا ياكى چوڭ ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت ھەيئىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئاندىن ئىجرا قىلدى.

سەييارە سوت دېلولارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدى ھەمدە بېسىلىپ قالغان دېلولارنى ئېنىقلىدى. 43 سوتنىڭ يېرىم يىللىق ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا بىر تەرەپ قىلغان جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلوسى 3763كە يەتكەن. سەييارە سوتنى يولغا قويۇشنىڭ ياخشى تەرىپى: ئاممىنىڭ دەۋا قىلىشىغا قولايلىق يارىتىش، ئىشلەپچىقىرىشقا پايدىلىق بولۇش، مەركىزىي خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەدلىيە خىزمىتىنى مەركىزىي خىزمەتكە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلدۇرۇشقا قولايلىق يارىتىش؛ دېلونى ۋاقتىدا بېجىرىش، ئۈنۈم يۇقىرى بولۇش؛ سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، سوت خىزمىتىنىڭ تەربىيىلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش؛ مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشقا قولايلىق يارىتىشتىن ئىبارەت.

1955 - يىلى شىنجاڭدا ئومۇمیيۈزلۈك مۇقىم خەلق سوتى قۇرۇلغاندا، %40 سەييارە سوت تەدرىجىي مۇقىم خەلق سوتىغا ئۆزگەرتىلدى.

6) خەلق سوتى 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى «ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە خەلق سوتى قۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقىرىپ، مۇددەتكە بۆلۈپ خەلق سوتى قۇرۇش قائىدىسىنى بەلگىلەپ، دېلو كۆپ،

ئاماله مەركەزلەشكەن، شەھەر بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدا ئۇقتىلىق خەلق سوتى قۇرۇپ چىقتى. شۇ يىلى 23 خەلق سوتى قۇرۇلدى، خەلق سوتى ئادەتتە ئۆزى قاراشلىق رايون مەركىزى بولغان رايونلۇق مەھكىمە تۇرۇشلۇق ئورۇنغا تەسىس قىلىندى. چارۋىچىلىق رايونىدا ۋاقىتلىق خەلق سوتى قۇرۇلماي، سەييارە سوت ياكى شۇ جايلارنىڭ ئۆزىدە سوت قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1956 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە ئومۇميۈزلۈك خەلق سوتى قۇرۇلدى. لېكىن 1959 ـ، 1960 ـ يىللىرى خەلق سوتى بىر مەزگىل تۇرغۇن، كېمىيىش ھالىتىدە تۇردى. 1961 ـ يىل 9 ـ ئايدا شىنجاڭدا ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئەھۋال ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە 42 خەلق سوتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قۇرۇلدى. 1963 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدىكى خەلق سوتلىرى تەرتىپكە سېلىندى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا خەلق سوتى ياكى تۇراقسىز خەلق سوتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى، دېلولار شۇ جاينىڭ ئۆزىدە سوت قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن سوت تـەشكىلى خېلى تەرەققىي قىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا خەلق سوتى بىكار قىلىندى. 1973 ـ يىلدىن باشلاپ خەلق سوتى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، خەلق ئەدلىيە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، زور بىر تۈركۈم كادىر ـ ساقچى ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق سوتىغا تولۇقلىنىپ، بىرىنچى سەپنىڭ سوت كۈچى كۈچەيتىلدى. 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 182 خەلق سوتى قۇرۇلۇپ، 404 سوت كادىرى سەپلەندى.

خەلق سوتىدا ئادەتتە 2 ـ 3، بەزىدە 5تىن 10غىچە ئادەم بار بولدى. سوت كادىرلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئادەتتە يەرلىك سوتتا يەرلىك كادىرلارنى تاللاپ ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

خەلق سوتىنىڭ ۋەزىپىسى ئادەتتىكى ھەق تەلەپ دېلولىرى ۋە يېنىكرەك جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلىش، خەلق مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، سىياسەت، قانۇن ـ پەرمانلارغا خىلاپ مۇرەسسە كېلىشىمىنى تۈزىتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىش؛ خەلقنىڭ ئەرزىيەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش؛ ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسى تاپشۇرغان ئىشلارنى بېجىرىش. خەلق سوتلىرىنىڭ ئەكسلىئىنقىلابىي دېلولار، جىنايى جازا بېرىپ تۈرمىدە ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى ۋە چوڭ ـ چوڭ ھەق تەلەپ دېلولىرىنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، ئۇ ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلىدۇ. خەلق سوتى چىقارغان ھۆكۈم كېسىملەر ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنىدۇ، خەلق سوتىنىڭ ھۆكۈم ـ كېسىمىگە قايىل بولمىغانلار، نارازىلىق ئەرز بېرىش مۇددىتى ئىچىدە بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز قىلسا بولىدۇ. خەلق سوتىنىڭ جىنايەتچىنى تۇتۇپ قېلىش ۋە ئاختۇرۇش ھوقۇقى بولمايدۇ، جەرىمانە قويۇش، ھارام ماللارنى مۇسادىرە قىلىشنى بېكىتىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

خەلق سوتى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئادەتتە قايىل قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇرەسسەنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىدۇ. ئايرىم تەربىيىلەش، چاقىرتىپ سوراق قىلىش تەربىيىسى، ئاگاھلاندۇرۇش ھەم دەۋالاشقۇچىنى كەچۈرۈم سوراشقا

بۇيرۇش، ھۆججەت بېرىپ كېپىللىككە بېرىش، ئەسلىدىكى بۇيۇملارنى قايتۇرغۇزۇش، زىياننى تۆلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. خەلق سوتى كۆپلىگەن جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوتلاش ئارقىلىق، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاشنى تېزلىتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## § 4 . بىڭتۇەن سوت مەھكىمىسى

1954 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇلدى (تۆۋەندە قىسقارتىپ بىڭتۇەن دېيىلىدۇ)، شۇ يىلى 10 - ئايدا بىڭتۇەن ھەربىي سوت باشقارمىسى قۇرۇلدى. ۋاڭ جىلوڭ باشقارما باشلىقى (بىڭتۇەن سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى قوشۇمچە ئۆتىگەن)، ياڭ جېنلىي مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولدى. ئارقىدىنلا ھەر قايسى شىلاردا ھەربىي سوت باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1956 - يىل 8 - ئايدا بىڭتۇەن ھەربىي سوت باشقارمىسى بىڭتۇەن ھەربىي سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى، تۇرۇشلۇق ئورنى ئۈرۈمچى بولدى، مەھكىمە باشلىقلىقنى ۋاڭ جىلوڭ قوشۇمچە ئۆتىدى، ۋاڭ شېڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولدى. 1958 - يىلى بىڭتۇەن ھەربىي سوت مەھكىمىسىدە سوت كوللېگىيىسى، ئەدلىيە بۆلۈمى، تەربىيىلەش بۆلۈمى، كاتىبات ئىشخانىسى، «يېڭى ھايات» گېزىتخانىسى تەسىس قىلىندى، 7 ئادەم مەخسۇس سوتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ تەۋەلىكىدە سولاقخانا بار بولدى.

بىڭتۇەن ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مۇنۇلار:

1) بىڭتۇەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ بىرىنچى سوت دېلولىرى ۋە بىڭتۇەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ قايتىدىن جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېلولىرى؛ بىڭتۇەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش؛ 2 - سوت دېلولىرىنى سوت قىلىش، ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرگەنلەرنىڭ ھۆكۈمىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى؛ ھەرقايىسى شى (باشقارما) ھەربىي سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت نازارەتچىلىكى خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش.

2) ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ جازا مۇددىتىنى كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرۈش ۋە سولاقخانىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشى بىلەن كەسپىي رەھبەرلىكىگە مەسئۇل بولۇش.


بىڭتۇەن ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى ۋىلايەت دەرىجىلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن باراۋەر بولۇپ، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى؛ سوت كەسپىدە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە نازارەتچىلىكىدە بولدى. 1975 - يىلى مەركەز بىڭتۇەننىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىڭتۇەن ھەر دەرىجىلىك ھەربىي سوت مەھكىمىلىرىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بىڭتۇەن ھەربىي سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ھەر دەرىجىلىك ھەربىي سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئاپپارات تۈزۈلۈشى ۋە مەسئۇللىرىنىڭ تەيىنلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكى سخېمىدا كۆرسىتىلدى.

## شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەربىي سوت مەھكىمىسى ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى

(1956 - يىل 8 - ئايدىن 1973 - يىل 4 - ئايغىچە)

سخېما: 1 — 8




ئىزاھ: 1. 1965 -، 1969 - يىللىرى بىڭزا ئىگىلىك 10 -، 3 -، 9 - شىلىرىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ھەربىي سوت مەھكىمىلىرىمۇ قۇرۇلدى.

2. بىناكارلىق - قۇرۇلۇش باشقارمىسى 1959 - يىل 1 - ئايدا بىناكارلىق - قۇرۇلۇش 1 - شىسىغا، 1969 - يىل 4 - ئايدا بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

3. ترانسپورت باشقارمىسى 1958 - يىل 7 - ئايدا ئورگان ئىشلىرى باشقارمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئورگان ئىشلىرى - ترانسپورت باشقارمىسىغا، 1964 - يىل 12 - ئايدا سانائەت قاتناش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، 1969 - يىل 4 - ئايدا بىڭتۇەن ئارقا سەپ بۆلۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى، قىسىملارنىڭ نومۇرىنى ئۆزگەرتىشكە ئەگىشىپ، ھەربىي سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىمۇ ئۆزگەرتىلدى.

4. بىۋاستە قاراشلىق ھەربىي سوت مەھكىمىسى 1973 — 1975 - يىلغىچە بىڭتۇەننىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي سوت مەھكىمىسىدۇر.

## شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ھەر دەرىجىلىك ھەربىي سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى

(1956 — 1975)

جەدۋەل: 1 — 14

| سوت مەھكىمىسىنىڭ نامى | ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ۋەزىپىسى | تەيىنلەنگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يېزا ئىگىلىك 1 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | فېڭ خەيىڭ | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1956 — 1968 |
| يېزا ئىگىلىك 2 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى* | مەھكىمە باشلىقى | لى گۇاڭشەن | ئەر | خەنزۇ | مەخسۇس | 1956.10 — 1957.7 |
| يېزا ئىگىلىك 2 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | لى فادي | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1960.4 — 1968.9 |
| يېزا ئىگىلىك 2 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | لى شۇ | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1969.9 — 1974.6 |
| يېزا ئىگىلىك 2 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | جاڭ فۇيەن | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1974.7 — 1975.5 |
| يېزا ئىگىلىك 3 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | لىۋ مۇلىن | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | |
| يېزا ئىگىلىك 4 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | لىۋ جىڭ | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1956 — 1961 |
| يېزا ئىگىلىك 4 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | جۇ چىڭجياڭ | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1962 — 1965.4 |
| يېزا ئىگىلىك 5 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | شى خەنيىڭ | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1959 — 1963 |
| يېزا ئىگىلىك 5 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | چى جىڭشۇن | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1964 — 1969 |
| يېزا ئىگىلىك 6 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | يۈ يۇنفاڭ | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1955 — 1959 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يېزا ئىگىلىك 7 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | لىيۇ چاڭجىن | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1958.4 — 1956.8 |
| يېزا ئىگىلىك 7 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | ژاڭ كېچۈن | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1960.3 — 1959.5 |
| يېزا ئىگىلىك 7 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | ژاڭ جىنشەن | ئەر | خەنزۇ | مەخسۇس | 1970.2 — 1960.4 |
| يېزا ئىگىلىك 8 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | ژاڭ جىجۇڭ | ئەر | خەنزۇ | مەخسۇس | 1959.8 — 1956.10 |
| يېزا ئىگىلىك 8 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | ياڭ تىڭجۇ | ئەر | خەنزۇ | مەخسۇس | 1960 — 1959.9 |
| يېزا ئىگىلىك 8 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | خۇ جىنشەن | ئەر | خەنزۇ | مەخسۇس | 1963 — 1960 |
| يېزا ئىگىلىك 8 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | چياڭ خاۋشياڭ | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1965 — 1964 |
| يېزا ئىگىلىك 8 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | ياڭ تىڭجۇ | ئەر | خەنزۇ | مەخسۇس | 1967.2 — 1965 |
| يېزا ئىگىلىك 8 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | ياڭ ۋېنخەي | ئەر | خەنزۇ | مەخسۇس | 1972.5 — 1967 |
| يېزا ئىگىلىك 8 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | يۇ جاۋخەن | ئەر | خەنزۇ | مەخسۇس | 1975 — 1973 |
| يېزا ئىگىلىك 9 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | لىيۇ يامىن | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1975 — 1969.4 |
| يېزا ئىگىلىك 10 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | فۇ جىجاڭ | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1963 — 1959 |
| يېزا ئىگىلىك 10 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | جاڭ كاۋيۈن | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1965 — 1963 |
| يېزا ئىگىلىك 10 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | خاۋ جاۋلياڭ | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1968 — 1965 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يېزا ئىگىلىك 10 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | شۈ چياۋ | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1975 — 1969 |
| بىناكارلىق 1 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | چاۋ ماۋ | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1958 — 1956 |
| بىناكارلىق 1 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | سۇن جىجۇڭ | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1965 — 1958 |
| بىناكارلىق 2 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ جىجۇڭ | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1965 — 1959 |
| بىناكارلىق 3 - شى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | لى مىڭبى | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1970.4 — 1966.2 |
| ئۈرۈمچى دەرياسى سۇچىلىق قۇرۇلۇش باشقارمىسى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | گو چىڭخۇ | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1957 — 1955.4 |
| ماناس دەرياسى سۇچىلىق قۇرۇلۇش باشقارمىسى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | لى تىڭجى | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1957 — 1956.9 |
| بىڭتۈەن ترانسپورت باشقارمىسى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | جىن خۇيىرۇڭ | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1958 — 1956 |
| بىڭتۈەن ترانسپورت باشقارمىسى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | جاڭ چىخۇا | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1965 — 1958 |
| سۇچىلىق قۇرۇلۇش باشقارمىسى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | لى تىڭجى | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1958 — 1957 |
| شىخەنزە باشقارمىسى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ پېيمو | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1966 — 1960 |
| قۇمۇل باشقارمىسى ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | | | | | |
| بىڭتۈەنگە بىۋاستە قاراشلىق ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | | | | | |

| بىڭتۇەن ئارقا سەپ ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| بىڭتۇەن ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ جىلۇڭ | ئەر | خەنزۇ | قوشۇمچە | 1962 — 1956.8 |
| بىڭتۇەن ھەربىي سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ شىن | ئەر | خەنزۇ | مەخسۇس | 1961 — 1956.8 |

1982 ـ يىلى بىڭتۇەننىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 ـ يىلى بىڭتۇەندە ئۈچ دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىدىن 36سى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. ئۇلار: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىڭتۇەن شۆبىسى ھەم تەۋەلىكىدىكى 10 يېزا ئىگىلىك شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە 25 بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى سوت مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبە مەھكىمىسى بار. 1975 ـ يىلدىن بۇرۇنقى ئەسلىدىكى بىڭتۇەن ئىككى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7 ـ 8دىن ئادەم بار ئىدى، ئىچكى ئاپپاراتلار مۇكەممەل ئەمەس ئىدى. 1984 ـ يىلى بىڭتۇەن ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كىيىن، كۆپ بولغاندا 20 نەچچە كىشى ئىشلىدى. شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى، ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى، ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى، ئىشخانا تەسىس قىلىندى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى، ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى، ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

يېزا ئىگىلىك شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى قانۇن بويىچە تۆۋەندىكى بىرىنچى سوت دېلولىرىنى بىجىردى: ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولار، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى، چەت ئەللىكلەر جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياكى دۆلەتىمىز پۇقرالىرى چەت ئەللىكلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىغا دەخلى تەرۇز قىلغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى، دىپلوماتىيىگە ئالاقىدار ھەق تەلەپ دېلولىرى ۋە ئۆز تەۋەلىكىدىكى تەسىرى چوڭ ھەق تەلەپ دېلولىرى، تالاش ـ تارتىش نىشانى 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي توختام ماجىرا دېلولىرى، تەۋەلىكىدىكى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى يوللىغان ئەرز قىلىنغان جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ، ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلدى ھەم تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت نازارەت يېتەكچىلىكىگە مەسئۇل بولدى. يېزا ئىگىلىك شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن دېلولارنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ قايتا تەكشۈرۈشىگە يوللىدى.

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. قانۇندا بەلگىلەنگەن بىرىنچى سوت ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى، بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ ئىقتىسادىي دېلولىرىنى باشقۇردى.

1985 ـ يىلدىكى بىڭتۇەن ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئاپپاراتلىرىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ۋە مەھكىمە باشلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

## بىڭتۇەندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى ئاپپاراتلىرىنىڭ 1985 ـ يىلى تەۋەلىك مۇناسىۋىتى

سخېما: 1 — 9

- شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىڭتۇەن شۆبىسى
  - بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 ـ شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى
    - جىنىنچۇەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
    - قارا يۇلغۇن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
    - ئارال بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
  - بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 ـ شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى
    - بۇغشى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
    - قاراشەھەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
    - ئۈلۈق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
  - بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى
    - ساۋخۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
    - تۇمشۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
  - بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى
    - غۇلجا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
    - قورغاس بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
    - موڭغۇلكۈرە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
  - بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 ـ شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى
    - چىندالا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
    - تاسرقاي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
  - بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 ـ شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى
    - فائساۋخۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
    - ۋۇجياچۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
    - گۇچۇڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
  - بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 ـ شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى
    - كۈيتۇڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
    - چېبەيزى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
  - بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 ـ شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى
    - موسۇۋەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
    - شىيابېدى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
  - بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 9 ـ شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى
    - دۆربىلجىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
    - يېرگەت بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
  - بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 10 ـ شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى
    - بېيتۈن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
    - بالبەگە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى
  - قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى

## بىڭتۇەندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ 1985 - يىلدىكى باشلىقلىرى

جەدۋەل: 1 — 15

| سوت مەھكىمىسىنىڭ نامى | ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئىشلىگەن ۋاقتى | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىڭتۇەن شۆبە مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | ئىبراھىم يۈسۈپ | ئەر | ئۇيغۇر | 1983 .12 | |
| شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىڭتۇەن شۆبە مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ شىجېن | ئەر | خەنزۇ | 1983 .12 | |
| يېزا ئىگىلىك 1 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | جاڭ شۇداۋ | ئەر | خەنزۇ | 1984 .6 | |
| ئارال بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | ليۇ خەن | ئەر | خەنزۇ | 1984 | |
| قارايۇلغۇن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | چېن زىڭخەي | ئەر | خۇيزۇ | 1984 .6 | |
| جىنىنچۈەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | | | | | | ئورنى بوش |
| يېزا ئىگىلىك 2 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | لەن گۇچاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1984 .4 | |
| يېزا ئىگىلىك 2 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | يې شۇلىيەن | ئەر | خەنزۇ | 1984 .5 | |
| بوقشى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ فۇتەن | ئەر | خەنزۇ | 1984 .4 | |
| يەنجى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | | | | | ئورنى بوش |
| ئۇلۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | يۇ شۇجاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1984 .5 | |
| يېزا ئىگىلىك 3 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | دىڭ چاڭتەن | ئەر | خەنزۇ | 1984 .10 | |
| يېزا ئىگىلىك 3 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | جۇ خەنشياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1984 .10 | |
| يېزا ئىگىلىك 3 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | تۇرسۇن قۇربان | ئەر | ئۇيغۇر | 1984 .10 | |
| ئۇمشۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | | | | | ئورنى بوش |
| ساۋغو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | | | | | ئورنى بوش |
| يېزا ئىگىلىك 4 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | خې شىڭتاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1984 .2 | |
| يېزا ئىگىلىك 4 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | لى يۈڭشىن | ئەر | خەنزۇ | 1984 .3 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| غۇلجا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | جاڭ جۇڭبى | ئەر | خەنزۇ | 1984.6 | |
| قورغاس بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | شۇ چىڭمىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1985.9 | |
| كۈنەس بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | مۇسا ئەزىز | ئەر | ئۇيغۇر | 1984.4 | |
| بېزا ئىگىلىك 5 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | يەن چىڭشى | ئەر | خەنزۇ | 1984.5 | |
| بېزا ئىگىلىك 5 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | ۋېن شىڭچيەن | ئەر | خەنزۇ | 1984.8 | |
| تاسىرقاي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | جۇ جىمىڭ | ئەر | موڭغۇل | 1984.7 | |
| چىندالا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | ماناق | ئەر | قىرغىز | 1984.5 | |
| بېزا ئىگىلىك 6 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | سۇن مۇجىن | ئەر | خەنزۇ | 1984.7 | |
| بېزا ئىگىلىك 6 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | يۈ چاۋزو | ئەر | خەنزۇ | 1984.6 | |
| ۋۇجياچۈ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | جۇ بوچى | ئەر | خەنزۇ | 1984.5 | |
| فاڭساۋخۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | خۇ مىڭخەي | ئەر | خەنزۇ | 1984.8 | |
| گۇچۇڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | يەن كېۋۇ | ئەر | خەنزۇ | 1984.5 | |
| بېزا ئىگىلىك 7 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | لىيۇ گۈەنبىن | ئەر | خەنزۇ | 1984.1 | |
| بېزا ئىگىلىك 7 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | لى خۇيشىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1984 | |
| كۈيتۇڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | ۋاڭ يەنچىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1984.5 | |
| چېبەيزى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | مۇ يىجاۋ | ئەر | خەنزۇ | 1984.5 | |
| بېزا ئىگىلىك 8 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | سېڭ جىڭدۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 1981.1 | |
| بېزا ئىگىلىك 8 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | جېن باۋدىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1979.1 | |
| بېزا ئىگىلىك 8 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | لو مىڭمىڭ | ئايال | خەنزۇ | 1985.2 | |
| شيايېدى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | يەن زىلىن | ئەر | خەنزۇ | 1981.4 | |
| موسوۋەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | سۈي جىنرۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 1985 — 1983.3 | |
| بېزا ئىگىلىك 9 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | گېڭ شىچاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1984.4 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يېزا ئىگىلىك 9 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | جاڭ خۇڭشۈن | ئەر | خەنزۇ | 1984.4 | |
| دۆربىلجىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | چېن زىشياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1984.4 | |
| يىرگەت بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | | | | | | ئورنى بوش |
| يېزا ئىگىلىك 10 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | ژاڭ جىنمىن | ئەر | خەنزۇ | 1984.5 | |
| يېزا ئىگىلىك 10 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | لى گۇاڭفۇ | ئەر | خەنزۇ | 1984 | |
| بېيتۈن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | | | | | ئورنى بوش |
| بالىپاي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | ليۇ خېڭباڭ | ئەر | خەنزۇ | 1984.4 | |
| قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | | | | | ئورنى بوش |

## 5 § . مەخسۇس سوت مەھكىمىلىرى

### 1. ھەربىي سوت مەھكىمىسى

ھەربىي سوت مەھكىمىسى دۆلەت جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئىچىدە تەسىس قىلغان، سوت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزىدىغان مەخسۇس خەلق سوت مەھكىمىسى. ھەربىي سوت مەھكىمىسى قوش خاراكتېرگە ئىگە، بىر تەرەپتىن ئۇ دۆلەت سوت ئاپپاراتىنىڭ تەركىبىي قىسمى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىي قىسمنىڭ ئورگانىنىڭ تەركىبىي قىسمى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە ھەربىي قىسىم شتات تەرتىپى بويىچە تەسىس قىلىنغان ھەربىي سوت مەھكىمىسىدىن شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى (1955 - يىلى قۇرۇلغان) ھەم ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى ۋە ئىلى ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە دۆلەت مۇداپىئە پەن - تېخنىكا خىزمىتى ھەيئىتى ×× ھەربىي سوت مەھكىمىسى، ھاۋا ئارمىيە ئۈرۈمچى قوماندانلىق ئورنى ھەربىي سوت مەھكىمىسى بار. ھەربىي سوت مەھكىمىسى تەشكىلىي قۇرۇلۇش جەھەتتە ھەربىي قىسىم شتات تەرتىپىگە تەۋە بولۇپ، سوت خىزمىتىگە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى يېتەكچىلىك قىلغاندىن سىرت، باشقا تەشكىلىي رەھبەرلىك، كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي قىسىمغا تەۋە، خادىملىرى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەردىن تەركىب تاپتى.

ھەر دەرىجىلىك ھەربىي سوت مەھكىمىلىرى ھەربىي قىسىمنىڭ ئوخشاش دەرىجىدىكى سىياسىي ئورگىنىنىڭ رەھبەرلىكى ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدى. ھەربىي سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك باشلىقلىرىنى تەيىنلەشتە ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمى قوللىنىلىدى، ھەر دەرىجىلىك ھەربىي سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىشى ھەربىي قىسىم-

نىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش هوقۇق دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلدى.

1955 ـ يىل 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت باشقارمىسىنىڭ شتاتى ھەربىي سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئوخشاش دەرىجىدىكى قوغداش ئورنىغا قوشۇۋېتىلدى. 1978 ـ يىل 5 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1979 ـ يىل 5 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ نامى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، قارمىقىدا 1 ـ كوللېگىيە، 2 ـ كوللېگىيە، ئەدلىيە مەمۇرىي بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەربىي رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ھەربىي سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا يەنە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى ھەربىي سوت مەھكىمىسى بار؛ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ئىچىدە يەنە دۆلەت مۇداپىئە پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى ھەيئىتى ×× ھەربىي سوت مەھكىمىسى، ھاۋا ئارمىيە ئۈرۈمچى قوماندانلىق ئورنى ھەربىي سوت مەھكىمىسى بار. 1983 ـ يىلى شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى ھەربىي سوت مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1985 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى، ھاۋا ئارمىيە ئۈرۈمچى قوماندانلىق ئورنى ھەربىي سوت مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ نامى لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

شىنجاڭ (ئۈرۈمچى) ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى باشلىقلىرىنىڭ تەيىنلەنگەن ۋاقتى تۆۋەندىكىچە: لو جاڭ (1956.6 — 1957.10)، فەن گەنجۇڭ (1960.7 — 1961.12)، جۇ جياشېڭ (1961.12 — 1969)، جۇ جۇڭ (1978.7 — 1979.9)، لۇ جاۋۋېي (1980.8 — 1985.8)، لى خۇڭشۇ (1985.9).

مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى: فەن گەنجۇڭ (1955.8 — 1960.7)، جاڭ يۈلىن (1961.11 — 1973.11)، شياۋ رېنلۇڭ (1966.3 — 1980.6)، ۋاڭ جىنچى (1981.3 — 1985.8)، لى خۇڭشۇ (1984.12 — 1985.8)، فاڭ جىفۇ (1985.9).

## 2. تۆمۈر يول ترانسپورتى سوت مەھكىمىسى

تۆمۈر يول ترانسپورتى سوت مەھكىمىسى دۆلەت تۆمۈر يول ترانسپورتى سىستېمىسىدا تەسىس قىلىنغان سوت ئورگىنى، ئۇ جۇڭگو سوت ئورگىنىنىڭ تەركىبىي قىسمى. شىنجاڭدا تەسىس قىلىنغان تۆمۈر يول ترانسپورتى سوت مەھكىمىسىدىن ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ترانسپورتى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى ۋە ئۈرۈمچى، قۇمۇل ئىككى ئاساسىي قاتلام تۆمۈر يول ترانسپورتى سوت مەھكىمىسى بار، ئۇلار 1981 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلدى، 62 كىشى سەپلەندى. ئۇلار كەسىپ جەھەتتە بىر دەرىجە يۇقىرى تۆمۈر يول ترانسپورتى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ نازارەتچىلىكىدە بولدى. سىياسەت جەھەتتە ھەر قايسىسى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى تۆمۈر يول ئىدارىسى پارتكومى، شۆبە ئىدارە پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1987 ـ يىل 5 ـ ئايدا تۆمۈر يول ترانسپورتى يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن،

ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ترانسپورتى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت خىزمىتى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ نازارىتىدە بولدى.

ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ترانسپورتى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىدە جىنايى ئىشلار 1 ـ سوت كوللېگىيىسى، ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى، تەتقىقات ئىشخانىسى، ئەدلىيە كادىرلىرى بۆلۈمى، ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېت شۆبىسى، ئىشخانا تەسىس قىلىندى. ئۈرۈمچى، قۇمۇل ئاساسىي قاتلام تۆمۈر يول ترانسپورتى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەر قايسىسىدا جىنايى ئىشلار 1 ـ سوت كوللېگىيىسى، جىنايى ئىشلار 2 ـ كوللېگىيىسى، ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى، ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

تۆمۈر يول ترانسپورتى سوت مەھكىمىسى تۆۋەندىكى دېلولارنى بىجىردى:

1) جىنايى ئىشلار دېلولىرى

(1) تۆمۈر يول سىستېمىسىدىكى ئورگان، ئىدارە، ئورۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن دېلولار؛

(2) ۋوگزال، بېكەت ئالدىدىكى پويىز كۈتۈش رايونىدا يۈز بەرگەن دېلولار؛

(3) يولوچىلار پويىزىدا يۈز بەرگەن دېلولار؛

(4) تۆمۈر يول بويىدا يۈز بەرگەن ئوغرىلىق، تۆمۈر يول تېلېفون سىمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، توك سىمىنى ئوغرىلاش ۋە باشقا مۇھىم مۈئەسسەسەلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش دېلولىرى، ئىچكى قىسىمدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قاتناش لىنىيىسىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا زىيانكەشلىككە ئۇچراش دېلولىرى؛

(5) تۆمۈر يول سىستېمىسىدىكى قورۇ، ياتاق ۋە يول بويىدىكى كىچىك بېكەت، ئىش ئورنى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تۇرۇشلۇق قورۇدا يۈز بەرگەن دېلولار؛

(6) تۆمۈر يول ئىدارىلىرى، شۆبە ئىدارىلىرى ۋاكالىتەن باشقۇرۇۋاتقان زاۋۇت شۆبە ئىدارىلەر رەھبەرلىك قىلىۋاتقان چوڭ ـ كىچىك كوللېكتىپ ئورۇنلاردا يۈز بەرگەن دېلولار.

2) ئىقتىسادىي دېلولار

(1) تۆمۈر يول يۈك (يۈك ـ تاق، خالتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ترانسپورتى توختام ماجىرالىرى؛

(2) تۆمۈر يول ترانسپورتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرى. ئاساسلىقى پاراۋوز، ۋاگون، تۆمۈر يول مەخسۇس مۈئەسسەسەلىرىنى ئىجارىگە بېرىش، رېمونت قىلىش توختام ماجىرالىرى؛ يەرلىك تۆمۈر يول، مەخسۇس رېلىس، مەخسۇس لىنىيە قاتارلىق قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئېلىش توختام ماجىرالىرى؛ تۆمۈر يول سىرتىدىكى قاچىلاش ـ چۈشۈرۈش توختام ماجىرالىرىغا دائىر دېلولار ھەم يەرلىك تۆمۈر يول، مەخسۇس لىنىيە، يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋاقىتلىق تىجارەت لىنىيىسى قاتارلىق ترانسپورت كەسپىدە يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرى؛

(3) تۆمۈر يول سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرى، تۆمۈر يول سىستېمىسىدىكى كوللېكتىپ ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەم ئۇلار بىلەن يەككە تىجارەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي توختام ماجىرالىرى ۋە باشقا ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

(4) تۆمۈر يول تىجارىتى جەھەتتە ھوقۇقىقا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلىتىش دېلولىرى؛

(5) چەت ئەلگە چېتىشلىق ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرى، تۆمۈر يول ترانسپورتى جەريانىدا يۈز بەرگەن چەت ئەلگە چېتىشلىق ترانسپورت توختام ماجىرا دېلولىرى ۋە تۆمۈر يول سىستېمىسىدىكى ئورۇنلار تاشقى ئالاقە قىلىش جەريانىدا يۈز بەرگەن باشقا ئىقتىسادىي دېلولار؛

(6) توختام تۈزۈلگەن جاي ياكى توختامغا ئەمەل قىلىنىدىغان جاي تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ (شۆبىسىنىڭ) باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇپ دەۋالاشقۇچى تەرەپ تۆمۈر يول ترانسپورتى سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرى؛

3) مەمۇرىي دېلولار

تۆمۈر يول مەمۇرىي ئورگىنى جازالىغان، قانۇن بويىچە تۆمۈر يول سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدىغان مەمۇرىي دېلولار.

4) ئىلتىماسەن ئەرز دېلولىرى

تۆمۈر يول ترانسپورتى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىناۋەتلىك ھۆكۈمىگە، كېسىمىگە قايىل بولماي ئىلتىماسەن ئەرز قىلىنغان دېلولار.

شىنجاڭدىكى ئىككى دەرىجىلىك تۆمۈر يول ترانسپورتى سوت مەھكىمىسى باشلىقلىرىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

شىنجاڭدىكى ئىككى دەرىجىلىك تۆمۈر يول ترانسپورتى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى

جەدۋەل: 16 — 1

| ئورۇن | ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تەيىنلەنگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى | مۇۋەققەت مەھكىمە باشلىقى (مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى) | لى زۈگۈيېن | ئەر | خەنزۇ | 1985.10 — 1982 |
| | مەھكىمە باشلىقى | جاۋ چىڭشەن | ئەر | خەنزۇ | 1984.3 |
| | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | ماخمۇت مەخمۇت | ئەر | ئۇيغۇر | 1985.5 |
| قۇمۇل تۆمۈر يول سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | جاۋ يەنجيۇ | ئەر | خەنزۇ | 1980.11 |
| ئۈرۈمچى تۆمۈر يول سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | جاڭ يۈەنشىن | ئەر | خەنزۇ | 1985.10 — 1982.2 |
| | مەھكىمە باشلىقى | ليۇ شىلىن | ئەر | خەنزۇ | 1985.10 |

# ئىككىنچى قىسىم

# سوت تۈزۈمى

# ئىككىنچى قىسىم

# سوت تۈزۈمى

چىڭ ھۆكۈمىتى چيەنلۇڭ 5 - يىلى (1741 - يىلى) ئېلان قىلغان «بۈيۈك چىڭ قانۇنلىرىدىن ئۆرنەكلەر» دە تارىختىن بۇيانقى فېئوداللىق قانۇن - تۈزۈملەر مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا فېئوداللار سىنىپىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە مانجۇلارنىڭ ئىمتىيازىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قاتتىق جازالاش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، پۇقرالارنى باستۇرۇش تەكىتلەنگەن. داۋگۇاڭ 20 - يىلى (1840 - يىلى) دىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە پەيدىنپەي قەدەم قويدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ قانۇنلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) 9 - ئايدا «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھازىر يولغا قويۇلىۋاتقان جىنايى ئىشلار قانۇنى»، 12 - ئايدا «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ لايىھىسى»، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ لايىھىسى» تۈزۈپ چىقىلدى. 2 - يىلى 8 - ئايدا «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ لايىھىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، ئىلگىرىكى ھەق تەلەپ قانۇنى بىلەن جىنايى ئىشلار قانۇنى ئايرىۋېتىلمەي، كۆپ قانۇن بىر گەۋدە قىلىنغان قانۇن تۈزۈلمىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، سوت ئىشلىرىدا ئاقلاش، زاسېداتېللىق، ئوچۇق سوت قىلىش، كېسىش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. 1911 - يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلابىدا چىڭ خانىدانلىقى ھالاك بولۇپ، يۇقىرىقى قانۇنلار يولغا قويۇلمىدى.

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدە ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئۈرۈمچى — باركۆل ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى، ئۇ گەنسۇنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇپ، «بۈيۈك چىڭ قانۇنلىرىدىن ئۆرنەكلەر» نى قوللاندى. شىنجاڭدا ئالتاي شۇ چاغدىكى قوبدۇ جياڭجۇنىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولغاندىن باشقا، قالغان جايلار ئىلى جياڭجۇنىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولدى. ئىلى جياڭجۇنى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزۈش بىلەن بىللە ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى. موڭغۇللار، قازاقلار، بۇيرۇتلار (قىرغىزلار) بەگلەر، قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، ئۇلاردا ئەدلىيە تۈزۈمى يوق ئىدى، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر قەبىلىنىڭ ئادەت - قانۇنى بويىچە جازالىناتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ھاكىمبەگلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، سوت ئىشلىرى ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى.

1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇپ، ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. دېلولارنى ئۆلكىلىك تەپتىش يامۇلى، دوتەي يامۇلى، مەھكىمە يامۇلى، ئامبال

يامۇلى چىڭ ئۇردىسىنىڭ قانۇنلىرى ۋە دەۋا تەرتىپى بويىچە سوت قىلدى. گۇاڭشۇ 33 - يىلى (1907 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت نازارىتى، ئۈرۈمچى يەرلىك سوت نازارىتى، ئۈرۈمچى باشلانغۇچ سوت نازارىتى قۇرۇلدى، بىراق ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا تەرىپىدىن بىكار قىلىندى. جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى يەنىلا ئامباللار سورايدىغان بولدى.

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) «جۇڭخۇا مىنگونىڭ ۋاقىتلىق قانۇنى» تۈزۈلۈپ، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، ئەدلىيە ھوقۇقى، مەمۇرىي ھوقۇقتىن ئىبارەت «ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىۋېتىش» تۈزۈمى ۋە سودىيىلەر مۇستەقىل سوت قىلىش قاتارلىق ئەدلىيە پرىنسىپلىرى بەلگىلەندى، كېيىن يۈەن شىكەي ھوقۇق تارتىۋالغاچقا ئىشقا ئاشمىدى. شىنجاڭدا يەنىلا كونا تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ، ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئامبال قوشۇمچە باشقۇردى، تۆت دەرىجە - ئۈچ سوت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. مىنگونىڭ 16 - يىلى (1927 - يىلى) نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاساسىي قانۇن، ھەق تەلەپ قانۇنى، سودا قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى ئېلان قىلىندى (بۇ قانۇنلارنىڭ توپلىمى «ئالتە قانۇن قامۇسى» دەپ ئاتالدى) ھەمدە نەنجىڭدا مەملىكەتلىك ئالىي سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، ئۆلكىلەردە يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، ئاساسىي قاتلامدا يەرلىك سوت مەھكەمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۈچ دەرىجە - ئۈچ سوت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شىنجاڭدا شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇپ بولالمىدى، سوت قىلىش ھوقۇقىنى يەرلىك سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە باشقارمىسى، ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يۈرگۈزدى. 1947 - يىلدىن باشلاپ ئەدلىيە باشقارمىلىرىنىڭ ھەممىسى يەرلىك سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ئازادلىق ھارپىسىغىچە شىنجاڭدىكى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى، ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر ئادەتتەكى جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى قاراپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلدى، ئالاھىدە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى قاراپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلدى. چوڭ-چوڭ دېلولاردا كېڭىشىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، تەپتىش ئەمەلدارى سوتقا چىقىپ ئەيىبلەشنى قوللەندى، ئادەتتىكى دېلولاردا يەككە سوراق قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يەنە ئادۋوكات ئاقلاش تۈزۈمى، نارازىلىق ئەرز بېرىلگەن دېلولارنى سەييارە سوت قىلىش تۈزۈمى قاتارلىقلار يولغا قويۇلدى. لېكىن سىياسىي جىنايەتچىلەرنى سوت قىلىشتا، مەخپىي سوت قىلىش تۈزۈمى قوللەنىلدى، بەزىلىرى سوت قىلىنمايلا مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپى جەھەتتە تەرتىپ مۇرەككەپ ھەم كۆپ بولغاچقا، پۇقرالارنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىسى سوت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىش ئارقىلىق، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەرتىپىنى ساقلىدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى مۇستەھكەملىدى ۋە قوغدىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى «جىنايى ئىشلارقانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ۋە ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا دائىر بەزى نىزاملارنى تۈزۈپ ئېلان قىلدى ۋە يولغا قويدى. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى سوتنى ئىككى سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش تۈزۈمى، ئوچۇق سوت

قىلىش تۈزۈمى، كېڭىشىش تۈزۈمى، ئاقلاش تۈزۈمى، چەكلەش تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈملەرنى يولغا قويدى. جىنايى ئىشلار سوت تەرتىپى جەھەتتە 1 ـ سوت تەرتىپى؛ نارازىلىق ئەرز بېرىش، ئەرز بېرىش، ئۆلۈم جازاسىنى قايتا قاراپ چىقىش تەرتىپى؛ ھۆكۈم، كېسىملەرنى ئىجرا قىلىش تەرتىپى بەلگىلەندى. ھەق تەلەپ دېلولىرىنى قوبۇل قىلىش، قاراپ چىقىش تەرتىپى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تۈزگەن «پۇل ـ بېساتقا دائىر ئەرز توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق قوللانما» بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. دەلىل ـ ئىسپاتى تولۇق، ماتېرىيالى تەل بولغانلىكى ھەق تەلەپ ماجىراسى، مال ـ مۈلۈك ماجىراسى دېلولىرى ئۈستىدە سوت مەھكىمىسى كېسىم چىقاردى؛ دىنىي ئىشلارغا چېتىلىدىغان ياكى گۇمان بولسىمۇ دەلىل ـ ئىسپاتى تولۇق بولمىغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنى مەھكىمە شەرئى ئىسلام شەرئىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا بولىدىغان قەرز دېلولىرىنى مۇرەسسە قىلىشقا سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى مەسئۇل بولدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن كونا قانۇنلار بىكار قىلىنىپ، يېڭى قانۇن چىقىرىلدى ۋە خەلق ئەدلىيە تۈزۈمى ئورنىتىلدى. خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىپىسى جىنايى ئىشلار ھەق تەلەپ دېلولىرى ۋە ئىقتىسادىي دېلولارنى سوت قىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق، بارلىق جىنايەتچىلەرنى جازالاپ، خەلق دېموكراتىيىسى، دىكتاتورىسى تۈزۈمىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق ئىگىدارلىقىدىكى مال ـ مۈلۈكنى، ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى مال ـ مۈلۈكنى، پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدىكى قانۇنلۇق مال ـ مۈلۈكنى قوغداش، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت خىزمىتى داۋامىدا، تۆۋەندىكى ئاساسىي پرىنسىپلارنى ئىزچىللاشتۇردى: جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈش؛ پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش، بارلىق پۇقرالار قانۇننى تەتبىق قىلىش جەھەتتە باراۋەر بولۇش؛ مۇرەسسە قىلىشقا، سەييارە قاراپ چىقىشقا، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە دېلو بېجىرىشكە ئەھمىيەت بېرىش؛ دەۋانى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ تىل ـ يېزىقى بىلەن قىلىش. تۆۋەندىكى سوت تۈزۈملىرىنى ئىزچىللاشتۇردى: سوتنى تۆت دەرىجە، ئىككى سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش تۈزۈمى، قايتا قاراپ چىقىش تۈزۈمى، ئاشكارا سوت قىلىش تۈزۈمى، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە تەكشۈرۈش، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە سوت قىلىش، سەييارە سوت قىلىش تۈزۈمى، چەكلەپ تۇرۇش تۈزۈمى، ئاقلاش تۈزۈمى، خەلق زاسىداتېللىق تۈزۈمى، كېڭىشىش تۈزۈمى ۋەھاكالازالار. 1980 ـ يىل 1 ـ ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»، 1982 ـ يىل 10 ـ ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)» ئېلان قىلىندى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرى ۋە ئىقتىسادىي دېلولارنى يۇقىرىقى قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن مەشغۇلات قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا قاراپ چىقىپ دېلولارنىڭ ۋاقتىدا، توغرا بىر تەرەپ قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

# I باب

# چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئەدلىيە - دەۋا تۈزۈمى

## 1 § . چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئەدلىيە تۈزۈمى

### 1 . مەمۇرىيەت بىلەن ئەدلىيىنى بىرلەشتۈرۈش

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئوردىدا سوت ئىشلىرىغا مەسئۇل مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىنغان، يەرلىكتە سوت ئىشلىرىغا مەسئۇل مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىنمىغانىدى. ئەدلىيە ئىشلىرىنى ناھىيە ياممۇلىنىڭ باش مەمۇرىي ئەمەلدارى قوشۇمچە باشقۇرغانىدى، دېمەك مەمۇرىيەت بىلەن ئەدلىيىنى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى.

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئىلى جياڭجۈنى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقنى تەڭ يۈرگۈزۈپ، ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى. قارمىقىدىكى ئەمەلدارلاردىن پۇقرالار قوزغىلىڭى مەھكىمىسىنىڭ بىر ئەمەلدارى توققۇز شەھەرنىڭ چارۋىچىلىق، كۆمۈر كان، باج-سېلىق، ئۆي ئىجارىسى، يەر ئىجارىسى، پۇل قويۇش ئىدارىسى زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى ۋە سودىگەرلەرگە، يېشىل تۇغلۇقلار بارگاھىدىكى ئوغرىلىق قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان دەۋا دېلولىرىنى بېجىردى؛ كېڭەش مەھكىمىسىنىڭ بىر ئەمەلدارى ئىككى شەھەردىكى مانجۇلار بارگاھىغا تەۋە ھەر قايسى قەبىلىلەردىكى ئوغرىلىق، قېچىپ كېتىش دېلولىرىنى ۋە خوشۇن پۇقرالىرىغا چېتىشلىق دېلولارنى باشقۇردى؛ يەنە تۆت سەييارە ئامبال قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى كۇرە ئامبىلى تۈرمە ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇردى.

1884 - يىلى ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئۈرۈمچى - باركۆل ۋىلايىتى قوشۇمچە تەپتىش ياممۇلى پۈتۈن شىنجاڭدىكى جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بىر تۇتاش تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى، جايلاردىكى ۋالىيلار، ئايماقدارلار، ئامباللار ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى.

### 2 . سوت دەرىجىسى

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئىلى جياڭجۈنىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەدلىيە ئەمەلدارى سوت ۋە تۈرمە ئىشلىرىنى باشقۇرغاندىن سىرت، جياڭجۈنىنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ - چوڭ قاتىللىق دېلولىرىنى سوت قىلىپ بىر تەرەپ قىلدى. مەسىلەن: جياچىڭ 4 - يىلى (1799-يىل) 6 - ئايدا ئىلى جياڭجۈنى باۋ نىڭ تۇرغۇت ئائىلىسىنىڭ قۇلى سەنجىگە قىيما - چىيما

قىلىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىپ، خانىغا مەلۇم قىلىپ تەستىق ئالغانىدى (ئايال خوجىدار، تۇل خوتۇن بەگمۇقتا باستۇنچىلىق قىلماقچى بولغاندا، بەگمۇق قارشىلىق قىلغاچقا، ئۇنى بوينىدىن قايرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن). 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇپ، باش مۇپەتتىش قويۇلدى، ئۇ ئۆلكىنىڭ ئالىي ئەمەلدارى بولۇپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. يەنە ئىلى جياڭجۈنى ئىلى، تارباغاتايلارنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىگىلا مەسئۇل بولدى، مەمۇرىي ئىشلار بىلەن ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرمىدى.

شىنجاڭنىڭ يەرلىك سوت ئىشلىرى تۆت دەرىجىگە ئايرىلدى، ئايماق، ناھىيىلەر 1 - سوت دەرىجىسى بولدى، ئامبال دەررىلەش، كالتەكلەش قاماق جازاسى بېرىشكە ھوقۇقلۇق بولدى؛ مەھكىمە 2 - سوت دەرىجىسى؛ ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسى 3 - سوت دەرىجىسى بولدى؛ ئۆلكىنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى، باش مۇپەتتىشى 4 - سوت دەرىجىسى بولدى. ئۆلكە تەپتىشى ۋە باش مۇپەتتىش جىنايەت ئۆتكۈزگەن يەرلىك ئەمەلدارلارنى سوت قىلىشتا (سۈرگۈن قىلىش جازاسىدىن يۇقىرى جازاغا لايىق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر جازا پىرقىسىنىڭ سوت قىلىشىغا يوللاندى) ھوقۇقلۇق بولدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگىنى نارازىلىق ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ ھۆكۈمىنى تەكشۈرۈشكە، رەت قىلىپ قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق بولدى، چوڭ - چوڭ دېلولارنى جازا پىرقىسى، باش ئەدلىيە دۇۋانى، باش تەپتىش مەھكىمىسىدىن تەشكىللەنگەن «ئۈچ مەھكىمە» سوت قىلدى، ئۇ ئەڭ ئالىي سوت دەرىجىسى بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، جازا پىرقىسى قانۇن پىرقىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، مەخسۇس ئەدلىيە مەمۇرىيىتىنى باشقۇردى؛ باش ئەدلىيە دۇۋانى باش ئەدلىيە مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، مەملىكەت بويىچە ئالىي سوت ئورگىنى بولدى؛ يەرلىكتە يۇقىرى سوت نازارىتى، يەرلىك سوت نازارىتى، باشلانغۇچ سوت نازارىتى تەسىس قىلىنىپ، ئۈچ دەرىجىلىك سوت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئۆلكىدە يۇقىرى سوت نازارىتى، ئۈرۈمچىدە يەرلىك سوت نازارىتى، باشلانغۇچ سوت نازارىتى قۇرۇلدى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، باش مۇپەتتىش يۈەن داخۇا ئۇلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كونا تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

### 3. مانجۇلار بەھرىمەن بولىدىغان ئەدلىيە ئىمتىيازى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جىنايەت ئۆتكۈزگەن مانجۇلارنىڭ دېلوسىنى ئادەتتىكى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى، ئۇنى مانجۇلارنى باشقۇرىدىغان ئەدلىيە ئورگىنى سوت قىلاتتى. جىنايەت ئۆتكۈزگەن مانجۇلارنى جازالاشتا «دەرىجىسىنى كېمەيتىش» كە، «باشقىچە جازا بېرىش» كە بولاتتى، ئوغرىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر يۈزىگە خەت چېكىشتىن كەچۈرۈم قىلىناتتى؛ مانجۇلار بارگاھىدىكى سەركەردە - چېرىكلەر قېچىپ كېتىش جىنايىتى ئۆتكۈزسە قامچىلاش جازاسىلا بېرىلىپ، تۈرمىگە قاماش، سۈرگۈن قىلىش، پالاش جازاسى بېرىلمەيتتى.

### 4. ئەمەلدارلارنى سوتلاشنى، خانىغا ئىلتىماس قىلىش تۈزۈمى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئەدلىيە ئورگانلىرى قوبۇل قىلغان ئەمەلدارلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېلولىرىنى سوت قىلىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىلگىرى، خانىنىڭ تەستىقىنى ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتى قانۇنلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى، يەنە تۆۋەندىكى سوت قىلىش تۈزۈملىرىنى يولغا قويدى: (1) ئادۋوكاتلىق

تۈزۈمى؛ (2) چەكلەش تۈزۈمى؛ (3) ئاشكارە سوراق قىلىش تۈزۈمى (جىنسىي مۇناسىۋەتكە چېتىلىدىغان ۋە باشقا ئالاھىدە ئىشلار بۇنىڭ سىرتىدا)؛ (4) زاسېداتېللىق تۈزۈمى. سوراقخانىلار ئالتە ئايدىن يۇقىرى تۈرمىگە قاماش، 500 يۈەندىن يۇقىرى جەرىمانە قويۇش ھەققىدە، كېسىم چىقىرىشتا ھوقۇقلۇق بولدى. قاماق جازاسى، سۈرگۈن قىلىش جازاسىدىن يۇقىرى جازا بېرىشكە لايىق جىنايى ئىشلار دېلولىرى ۋە سومما مىقدارى 300 يۈەندىن يۇقىرى بولغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىشتا زاسېداتېللار قاتناشتۇرۇلدى، زاسېداتېللار كېڭىشىپ، ئاز سانلىق كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىگە بويسۇنۇش پرىنسىپى بويىچە بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن سوراقخانىنىڭ سوتلىغۇچى ئەمەلدارى دېلونى بېكىتتى. ئۆلۈم جازاسى بېرىشتە، بارلىق زاسېداتېللارنىڭ پىكرى بىرلىككە كەلگەندىلا ئاندىن دېلو بېكىتىلدى، لېكىن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە يامۇللىرى ئادۋۇكاتلىق، زاسېداتېللىق تۈزۈملىرىنى يولغا قويمىدى.

## 2 §. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دەۋا تۈزۈمى

### 1. نارازىلىق ئەرز بېرىشنى چەكلەش

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، يامۇل كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، خەلقنىڭ نارازىلىق ئەرز بېرىشنى چەكلەپ، فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنى قوغدىدى. (1) يۇقىرىغا ئەرز سۇنغۇچىلار ۋىلايەت، مەھكىمە، ئايماق، ناھىيە قوبۇل قىلمىغاندا، ئاندىن باش مۇپەتتىش يامۇلىغا ئەرز سۇنۇش؛ (2) ئۇۋال قىلىنغانلار ئالدى بىلەن ئايماق، ناھىيىگە ئەرز سۇنۇش، ئۇلار ئادىل بىر تەرەپ قىلمىغاندا ئاندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگىنىغا ئەرز سۇنۇش، يەنىلا ئۇۋال قىلىنسا، ئاستانىگە بېرىپ خانغا ئەرز سۇنۇش؛ (3) دەرىجە ھالقىپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگىنىغا ئەرز سۇنغانلاردىن دېلو ئەھۋالى ھەقىقىي بولغانلىرىنىمۇ قانۇن بويىچە جازاس؛ (4) نارازىلىق ئەرز بېرىلگەن دېلولار تەكشۈرۈلۈپ ئەھۋال ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئەگەر ئەھۋال ئەسلىدىكى دېلودىكى بىلەن ئوخشاش چىقسا ياكى ئايرىم سۆز ـ جۈملىلەر ئۆزگەرتىلسىمۇ جىنايەتنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسا، يېڭىباشتىن قاراپ چىقماي ئەرزنى قايتۇرۇۋېتىش دېگەنگە ئوخشاش چەكلىمىلەرنى بەلگىلىدى.

### 2. ئەرز ـ شىكايەت قىلىشنى چەكلەش

ئەرز ـ شىكايەت قىلىشنى چەكلەش توغرىسىدا: (1) قاماقتىكى جىنايەتچىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى پاش قىلىشنى مەنئى قىلىش؛ (2) باللار ۋە ئاياللارنىڭ چوڭلار ۋە ئېرى ئۈستىدىن ئەرز ـ شىكايەت قىلىشىغا يول قويماسلىق؛ (3) يەرلىك يامۇللار قەمەرىيىسىنىڭ 4 — 7 ـ ئايغىچە ئائىلە ـ نىكاھ، تېرىلغۇ يەرگە دائىر دېلولارنى ئادەتتە قوبۇل قىلماسلىق دېگەندەك بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى.

### 3. جاۋابكارلارنى قىيناپ سوراق قىلىش، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇشقا رۇخسەت قىلىش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇندا تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ سوراق قىلغاندا

ھەركۈنى 30 كالتەكتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك؛ بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش دېلولىرىدا قىسماققا ئېلىشقا، كالتەكلەشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەندى. «بۈيۈك چىڭ قانۇنلىرىنى شەرھىلەش ئۆرنەكلىرى»دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش دېلولىرىدا ئاۋۋال ئېنىق ئىقرار قىلىپ كېيىن تېنىۋالغانلار ياكى دەلىل - ئىسپات ئېنىق بولسىمۇ، قايتا - قايتا سورىغاندا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتمىغانلار قىسماققا ئېلىنىدۇ، باشقا كىچىك ئىشلاردا قىسماق، كالتەك ئىشلىتىلمەيدۇ»؛ ئاياللارنىڭ بارمىقىنى ئىككى قېتىم قىسماققا ئېلىشقا بولىدۇ: «چىڭ سۇلالىسى تارىخى جىنايى ئىشلار تەزكىرىسى»، «ئېتىبار قىلىش①، خانغا يوللاش②، جازا كېمەيتىش③» ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئەمەلدار - ئاقسۆڭەكلەر ياكى 70 ياشتىن ئاشقان قېرىلار، 15 ياشتىن تۆۋەن بالىلار، ئېغىر كېسەللىك بارلار، مېيىپلارنى قىيناپ سوراق قىلىشقا بولمايدۇ، ھامىلدار ئايال جىنايەت ئۆتكۈزسە، تۇغۇپ 100 كۈندىن كېيىن قىيناپ سوراق قىلىشقا بولىدۇ. قىيناپ سوراق قىلىپ، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇشقا يول قويۇلغانلىقتىن، ناھەق دېلولار كۆپىيىپ كەتكەنىدى، «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھازىر يولغا قويۇلىدىغان جىنايى ئىشلار قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن قىيناپ سوراق قىلىش بىكار قىلىندى.

## 4. «سەككىزگە ئېتىبار بېرىش» تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

«سەككىزگە ئېتىبار بېرىش» تۈزۈمى جوڭگونىڭ فېئوداللىق جىنايى ئىشلار قانۇنىدا سەككىز خىل مەنسەپدار - ئېسىلزادىگە سوت قىلىش ۋە جازا ئۆلچەش جەھەتتە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغان قانۇن - تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ. قانۇن كودېكسىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن «سەككىزگە ئېتىبار بېرىش» ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ساۋ، ۋېي بەگلىكلىرىدىن باشلاپ يولغا قويۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسىغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇلۇپ كەلدى. «سەككىزگە ئېتىبار بېرىش» تۇغقانلارغا، كونا دوستلارغا، دانىشمەنلەرگە، ئىقتىدارلىقلارغا، تۆھپىكارلارغا، ئېسىلزادىلەرگە، تىرىشچانلارغا، دۆلەت مېھمىنىغا ئېتىبار بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى «تۇغقانلا» خان جەمەتىنىڭ مۇئەييەن دائىرىدىكى تۇغقانلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ «كونا دوستلار» خاننىڭ كونا دوستلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ «دانىشمەنلەر» ئوردا تەرىپىدىن ئالاھىدە ئەخلاق - پەزىلەتلىك دەپ تونۇلغان دانىشمەن - ئالىيجاناپلارنى كۆرسىتىدۇ؛ «ئىقتىدارلىقلار» قابىلىيەتتە كامال تاپقان، چوڭ قوشۇنغا ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، خانغا ياندىش، ئەلگە ئۇستاز بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ؛ «تۆھپىكارلار» ئالاھىدە تۆھپە ياراتقانلارنى كۆرسىتىدۇ؛ «ئېسىلزادىلەر» 3 - دەرىجىدىن يۇقىرى رەسمىي مەنسەپتىكىلەرنى، 2 - دەرىجىدىن يۇقىرى پەخرىي مەنسەپتىكىلەرنى، 1 - دەرىجىلىك ئۇنۋان بېرىلگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ «تىرىشچانلار» خىزمەتتە ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ چوڭ نەتىجە ياراتقانلارنى كۆرسىتىدۇ. «دۆلەت مېھمىنى» ئالدىنقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول باشلاپ كېلىۋاتقان دۆلەت ئەربابلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدىكى سەككىز خىل كىشىلەردىن ئۆلۈم جازاسىغا لايىق گۇناھ قىلغانلارغا مەھكىمىلەر بىۋاسىتە جىنايەت بېكىتىپ جازا ھۆكۈم قىلالمايتتى، ئۇلارنىڭ جىنايەت ئەھۋالى ۋە ئالاھىدە سالاھىيىتى ئوردىغا مەلۇم قىلىناتتى، ئوردا ئەمەلدارلىرى كوللېكتىپ قاراپ چىقىپ، پىكىرىنى

① «ئېتىبار بېرىش» — مۇشۇ پاراگرافنىڭ 4 - تارمىقىغا قاراڭ.

② «خانغا يوللاش» — ۋالىدەسى، تۇغقان خانىشى ۋە خاننىڭ تۆھپىكار تۇغقانلىرىغا، 5 - دەرىجىدىن يۇقىرى ئەمەلدارلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە توغرا كەلسە، خاننىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا يوللاش كېرەك ئىدى.

③ «جازا كېمەيتىش» — 7 - دەرىجىدىن يۇقىرى ئەمەلدارلار سۆرگۈن قىلىشتىن تۆۋەن جازاغا لايىق گۇناھ قىلسا، جازانى بىر دەرىجە تۆۋەنلىتىشكە بولاتتى.

ئوتتۇرىغا قويۇپ، خاننىڭ كېسىم قىلىشىغا يوللايتتى؛ سۈرگۈن قىلىش جازاسىدىن تۆۋەن جازاغا
لايىق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ جازاسى بىر دەرىجە چۈشۈرۈلەتتى؛ «ئون قەبىھ جىنايەت»
ئۆتكۈزگەنلەرگىلا يۇقىرىقى بەلگىلىمە تەدبىق قىلىنمايتتى. قانۇندا يۇقىرىدىكى «سەككىز خىل»
ئىمتىياز ئىگىلىرىنىڭ ئۆزىگىلا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىپ قالماي ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ
ئېتىبار بېرىلەتتى.

## 5. ئۆلۈم جازاسىنى قايتا تەكشۈرۈش تۈزۈمى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان جىنايەتچىلەر ئۈستىدىن
ھۆكۈم چىقىرىشتا جەزمەن خاننىڭ تەستىقى ئېلىناتتى. خاندا ئەڭ ئالىي ئەدلىيە ھوقۇقى بار
ئىدى، ئۇ سوت ئورگىنىنىڭ ھۆكۈمىنى تەستىقلاش، ئۆزگەرتىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى شۇنداقلا
ئۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپنى قايرىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ جىنايىتىنى خالىغانچە بېكىتەلەيت-
تى. ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىشتا «قايتا قاراپ چىقىشقا يوللاش» تۈزۈمى يولغا قويۇلغان
بولۇپ، ئىجرا قىلىنىشتىن ئىلگىرى خاننىڭ تەستىقى ئېلىناتتى. ئۆلۈم جازاسى دەرھال ئىجرا
قىلىنىدىغانلارنىڭ دېلو ماتېرىيالى جازا پىرقىسىنىڭ قايتا قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلۇپ، ئۇنىڭ
تەستىقى ئېلىناتتى، دەرھال ئىجرا قىلىنمايدىغان ئۆلۈم جازاسى دېلولىرى ھەر يىلى كۈزدە
يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئەۋەتىلىپ بىرلىكتە قاراپ چىقىلاتتى. ئاستانىدىكى ئۆلۈم جازاسى
دېلولىرىنى قايتا قاراپ چىقىش ئوردىنىڭ قاراپ چىقىشى دەپ ئاتىلاتتى، باشقا ئۆلكىلەردىكى
ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى قايتا قاراپ چىقىش كۈزلۈك قاراپ چىقىش دەپ ئاتىلاتتى. قايتا قاراپ
چىقىلغان ئۆلۈم جازاسى دېلولىرى يەنىلا خاننىڭ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىناتتى. قايتا قاراپ
چىقىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئىتىگە خىلاپلىق قىلىش دەرىجىسىگە قاراپ،
«دېلو ئەھۋالى راستلار»، «جازا كېچىكتۈرۈلىدىغانلار»، «رەھىم قىلىنىدىغانلار»، «گۇمانلىق-
لار»، «قالدۇرۇپ نەزىر - چىراقتا سېلىنىدىغانلار» دەپ 5 تۈرگە ئايرىلاتتى. ھەر يىلى كۈزلۈك
قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن، «دېلو ئەھۋالى راستلار» كۈزدە شەبنەم چۈشكەندىن كېيىن قىشلىق
كۈن - تۈن توختىشىغىچە بولغان ئارىلىقتا قەتلى قىلىناتتى. «رەھىم قىلىنىدىغانلار»غا ئومۇمەن
جازا يەڭگىللىتىلىپ، سۈرگۈن قىلىش جازاسى، قاماق جازاسى بېرىلىپ، شۇ يىلى ئىچىدە ئايرىم-
ئايرىم ئىجرا قىلىناتتى. قىيما - چىيما قىلىش جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك ھامىلىدار ئايال
جىنايەتچىلەر تۇغۇپ بىر ئايدىن كېيىن قەتلى قىلىناتتى، قەتلى قىلىنىدىغان جىنايەتچىلەر قەتلى
قىلىنىش ئالدىدا «ئۇۋال بولدى» دەپ نالە قىلسا، ئىجرا قىلىش ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈلۈپ،
يۇقىرىنىڭ قاراپ چىقىشىغا مەلۇم قىلىناتتى.

1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلۈم جازاسىنى قايتا قاراپ
چىقىشتا يۇقىرىقى تۈزۈم يولغا قويۇلدى. ئالتايدىكى يەرلىك موڭغۇللاردىن ئۆلۈم جازاسىغا لايىق
گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ دېلوسىنى قايتا قاراپ چىقىشتا، يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلگىرىكى
كونا قائىدىلىرىگە ئاساسەن، ۋاسساللار مەھكىمىسى قايتا قاراپ چىقىپ، ئەدلىيە ئورگىنى بىلەن
بىرلىكتە جازا ھۆكۈم قىلدى؛ جىنايى جازا تەتبىقلىنىدىغانلارنىڭ دېلوسىنى باش ئەدلىيە مەھكە-
مىسى قايتا سوتلاپ، ئەدلىيە ئورگىنى بىلەن بىرلىكتە جازا ھۆكۈم قىلدى. شۈەنتۇڭ 2 - يىلى
(1910 - يىلى) 2 - ئايدا يەنە موڭغۇللاردىن ئۆلۈم جازاسىغا لايىق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ
دېلوسىنى قاراپ چىقىشتا، قانداق قانۇن تەتبىقلىنىشىدىن قەتئىي نەزەر، ۋاسساللار مەھكىمىسى
رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، باش ئەدلىيە مەھكىمىسى، قايتا قاراپ چىقىدۇ، دەپ

بەلگىلەندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەۋا تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، جىنايى ئىشلار بىلەن ھەق تەلەپ ئىشلىرى ئايرىلمايتتى، ھەق تەلەپ دېلولىرى بىلەن جىنايى ئىشلار دېلولىرى ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈلمەيتتى. ھەق تەلەپ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا مەسىلەن، ھەق تەلەپ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش، قەرزدارلىقنى ئادا قىلماسلىق، ھەق تەلەپ دەۋاسىدا يالغان ئىقرار قىلىش قىلمىشلىرىغا جىنايى جازا تەتبىقلىناتتى.

# باب II

# مىنگو دەۋرىدىكى سوت ۋە دەۋا تۈزۈمى

## §1 . سوت تۈزۈمى

### 1. مەمۇرىيەت بىلەن ئەدلىيىنى ئايرىش

1912 - يىلى جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلدى، سۇن جۇڭشەن ۋاقىتلىق بۈيۈك زۇڭتۇڭ بولغان جۇڭخۇا مىنگو ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا مىنگونىڭ ۋاقىتلىق قانۇنى»نى تۈزۈپ ئېلان قىلدى ۋە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، مەمۇرىي ھوقۇق، ئەدلىيە ھوقۇقىدىن ئىبارەت «ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىۋېتىش»، سوت مەھكىمىسى سوت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش، سودىيىلەر مۇستەقىل سوت قىلىشقا ئوخشاش ئەدلىيە پرىنسىپلىرىنى جاكارلىدى، بىراق بۇلار ئەمەلگە ئاشمىدى. شىنجاڭدا يەنىلا ئەدلىيە ئىشلىرىنى ھاكىم قوشۇمچە باشقۇردى.

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) دىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئارقا- ئارقىدىن سوت مەھكىمىلىرى قۇرۇلدى، يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى جايلاردا مەمۇرىيەتنىڭ دەۋا دېلولىرىنى قوبۇل قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر ھۆكۈمەتلىرىگە تېلېگرامما يوللاپ، «قەشقەر يەرلىك سوت مەھكىمىسى دېلولارنى قاراپ چىققاندا مەزكۇر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرسا بولمايدۇ، يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ يېقىندا يوللىغان مەلۇماتىغا قارىغاندا، مەزكۇر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئۆز ئالدىغا قاراپ چىققان، سوت ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن ھوقۇق دائىرىلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ قويىمىزكى بۈگۈندىن كېيىن ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ھەق تەلەپ جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قاراپ چىقىشىڭلارغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ئالاھىدە پەرمان چۈشۈرۈلدى، ئەمەل قىلغايسىلەر» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن سوت ئىشلىرى ئىلگىرىكى مەمۇرىيەت بىلەن ئەدلىيىنى بىرلەشتۈرۈۋېتىش يولىدىن مەمۇرىيەت بىلەن ئەدلىيىنى ئايرىۋېتىش يولىغا قەدەممۇ قەدەم ئۆتتى.

## 2. سوت دەرىجىسى ۋە قايتا سوتلاش

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىنجاڭدا يەنىلا كونا تۈزۈم يولغا قويۇلدى، ھەق تەلەپ دېلولىرى مۇرەسسە قىلىنغان ياكى ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىن، دېلو دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلدى؛ جىنايى ئىشلار دېلولىرى شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە سوتلىنىپ، دەسلەپكى ھۆكۈمنامە ئۆلكىلىك تۇنتۇق مەھكىمىسى، ئۆلكىلىك ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسى، مەسئۇل دوتەي مەھكىمىسىگە ئەۋەتىلدى، ئۆلكىلىك ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسى دېلونى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، قايتا سوتلاپ بېكىتتى. مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) دىن كېيىن، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى ئارقا - ئارقىدىن «سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «ھەق تەلەپ قانۇنى» ۋە ئۇنىڭغا دائىر دەۋا قانۇنلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۈچ دەرىجە ئۈچ سوت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1 - سوتنىڭ ھۆكۈمىگە نارازىلىق ئەرز بېرىلمىگەن بولسا، جىنايى ئىشلار ھۆكۈمنامىسى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە، يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە، يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش باشقارمىسىغا ھەمدە شۇ رايون مەھكىمىسىگە يوللاندى، ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى دېلونى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، قايتا سوتلاپ بېكىتتى. ئەگەر بىرىنچى سوتنىڭ كېسىمىگە، ھۆكۈمىگە قايىل بولمىسا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بېرىشكە رۇخسەت قىلىندى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى مىنگونىڭ 22 - يىلىدىن مىنگونىڭ 26 - يىلىغىچە (1933 — 1937 - يىلىغىچە) ھۆكۈمى قايتا قاراپ چىقىلىدىغان جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 397نى قوبۇل قىلىپ، 386نى ئاياغلاشتۇردى (تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قارالسۇن).

مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قىسمەن يىللاردا ھۆكۈمىنى قايتا قاراپ چىقىش ئۈچۈن قوبۇل قىلغان ۋە ئاياغلاشتۇرغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى

جەدۋەل: 2 — 1

| ۋاقتى / دېلو سانى / تۈرى | قوبۇل قىلىنغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى |
|---|---|---|
| مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) | 40 | 29 |
| مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) | 73 | 73 |
| مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) | 116 | 116 |
| مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) | 104 | 104 |
| مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) | 64 | 64 |
| جەمئىي | 397 | 386 |

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ 2 - سوت ھۆكۈمىگە قايىل بولمىغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنى قاراپ چىقىش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ «چارە»دە: يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقارغان 2 - سوت ھەق تەلەپ دېلولىرىدا ھۆكۈمنامىنى تاپشۇرۇۋېلىپ 20 كۈن ئىچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قاراپ چىقىشىغا ئىلتىماس قىلىنمىغان بولسا، ھۆكۈم بېكىتىلگەن ھېسابلىنىپ قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ؛ ئەگەر شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ 2 - سوت ھەق تەلەپ ھۆكۈمىگە قايىل بولمىغانلار ھۆكۈمنامىنى تاپشۇرۇۋېلىپ 20 كۈن ئىچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قاراپ چىقىشىنى ئىلتىماس قىلسا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەش ئادەمنى قايتا قاراپ چىقىشقا بەلگىلەيدۇ، ئۇلار پىكىرنامە تەييارلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارار قىلىشىغا سۇنىدۇ. ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قارار قىلغان ھۆكۈمى توغرا ھۆكۈم دەپ قارىلىپ، يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا قايىل بولمىسا، مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

## § 2 . دەۋا تۈزۈمى

### 1. جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دەۋا تۈزۈمىنىڭ بېكىتىلىشى

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى «ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «ۋاقىتلىق يولغا قويۇلغان يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، يەنە ئارقا - ئارقىدىن «ئاددىي جازالاش نىزامى»، «قاراقچى - باندىتلارنى جازالاش قانۇنى»، «قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ جىنايى ئىشلار نىزامى» قاتارلىق يەككە قانۇن - نىزاملارنى ئېلان قىلدى. ھەق تەلەپ قانۇنى، سودا قانۇنى جەھەتلەردىمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «شىركەت قانۇنى»، «سودىگەرلەر نىزامى»، «ئاكسىيە سودىسى قانۇنى»، «كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش نىزامى» قاتارلىقلارنى ئېلان قىلىپ، جىنايى ئىشلار ۋە ھەق تەلەپكە دائىر ئەمەلىي قانۇنلارنى ئايرىۋەتتى.

دەۋا قانۇنى جەھەتتە، مىنگونىڭ 1 - يىلىدىن 8 - يىلىغا قەدەر (1912 — 1919 - يىللىرىغىچە)، شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى ئارقا - ئارقىدىن «ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دەۋالىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى ئايرىمىسى»، «ھەق تەلەپكە دائىر ئالاھىدە ئەرز - شىكايەت ۋاقىتلىق نىزامى»، «يەرلىك سوت نازارەتلىرى جىنايى ئىشلار ئاددىي سوت كوللېگىيىلىرىنىڭ ۋاقىتلىق قائىدىسى»، «ئامباللارنىڭ دەۋالارنى قاراپ چىقىش ۋاقىتلىق نىزامنامىسى»، «ئامباللارنىڭ ئەدلىيە كەسپىنى قوشۇمچە باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى»، «قانۇننى تەتبىقلاش نىزامى»، «كونسۇلنىڭ ھۆكۈم-كېسىم چىقىرىش ھوقۇقى بولمىغان دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دەۋالىرىنى قاراپ چىقىش نىزامنامىسى» قاتارلىقلارنى ئېلان قىلدى. مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) «جىنايى ئىشلار دەۋا نىزامى» ۋە «ھەق تەلەپ دەۋا نىزامى»نى ئېلان قىلدى. 1927 - يىلى جياڭ جيېشىنىڭ نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن «ئالتە قانۇن قامۇسى»نى يەنى ئاساسىي قانۇن، ھەق تەلەپ قانۇنى، سودا قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرى شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى ۋە نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى

ئېلان قىلغان يۇقىرىقى ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلارغا دائىر ئەمەلىي قانۇن ۋە تەرتىپ قانۇنلىرى بويىچە دېلو بېجىردى.

## 2. مىنگو دەۋرىدىكى قانۇن سىستېمىسىنىڭ پرىنسىپلىرى

مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ «ئالتە قانۇن قامۇسى» نامدا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ قانۇن سىستېمىسىنى تەقلىد قىلغان، يەنە چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ۋە شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى مەزگىلىدىكى فېئوداللىق قانۇن ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى ئاساسىي پرىنسىپلار كۆزگە كۆتۈرۈلگەن:

(1) خۇسۇسىي مال - مۈلۈك مۇقەددەستۇر، ئۇنىڭغا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ، پومېشچىكلار ۋە دەللال بيۇروكرات بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئىتى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى قوغدىلىدۇ. (2) كېلىشىم تۈزۈش ئەركىنلىكى. (3) قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش (ئەمەلىيەتتە «ئىشكى جەنۇبقا قاراپ ئېچىلغان يامۇللارغا دەۋاسى يوللۇق پۇلى يوقلار كىرەلمەيتتى»، ئەمگەكچى خەلق ئۇچۇن ئۆۋالچىلىقنى ئېيتىپ، ئەرز - شىكايەت قىلىدىغان جاي يوق ئىدى). (4) جىنايەت بىلەن جازانى قانۇندا بېكىتىش مەسلىكى (ئەمەلىيەتتە جىنايەت ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بېكىتىلەتتى). (5) گۇناھسىز دەپ پەرەز قىلىش (ئەمەلىيەتتە ھەر قانداق ۋاقىتتا ئىنقىلابىي خەلق گۇناھكار دەپ پەرەز قىلىناتتى). (6) ئەركىن ئىسپاتلاش (ئەمەلىيەتتە بۇ سۆز «خالىغانچە باستۇرۇش» دېگەن گەپنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى)①. (7) بىۋاسىتە بولۇش پرىنسىپى (ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئىنقىلابچىلار مەخپىي سوت قىلىنىپ، بىۋاسىتە بولۇش پرىنسىپى ئىنكار قىلىندى). (8) قىيناپ سوراق قىلىشنى بىكار قىلىش (ئەمەلىيەتتە ئىنقىلابىي خەلققە قىيناپ سوراق قىلىپ، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش ۋاستىسى قوللىنىلدى).

شىنجاڭدىكى ئەدلىيە ئورگانلىرى دەۋا جەريانىدا، چوڭ - چوڭ دېلولار ئۈستىدە كېڭىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، تەپتىش ئەمەلدارى سوتقا چىقىپ ئەيىبلەشنى قوللىدى؛ ئادەتتىكى دېلولاردا يەككە سوت قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ سىياسىي جىنايەتچىلەرگە قارىتا، مەخپىي سوت قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ نارازىلىق ئەرز دېلولىرىنى سوت قىلغاندا، سەييارە سوت قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ۋەھاكازالار. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى دېلو بېجىرىشتە 9 ماددىلىق دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى بېكىتىپ، دېلو قوبۇل قىلىش، سوت قىلىش ۋە بېجىرگۈچىلەرنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى ئۈستىدە بەلگىلىمە چىقاردى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1) قوبۇل قىلىنغانلىكى جىنايى ئىشلار دەۋا دېلولىرىنى تېزدىن سوت قىلىش كېرەك، ئارقىغا سۆرەشكە يول قويۇلمايدۇ؛

2) دېلونىڭ دەلىل - ئىسپاتى تولۇق بولۇشى، قانۇنغا ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىلىشى كېرەك.

3) سوتچى، تەپتىش ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە ئۆتىدىغان ھاكىم قاتارلىقلار دېلو بېجىرگەندە قانۇن بويىچە ئادىل، ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك. ھەق - ناھەق، توغرا - خاتانى

---

① ئەركىن ئىسپاتلاش — دەلىل ئىسپاتىنىڭ ئىسپات بولۇش كۈچىنىڭ ۋە ئۇنى ئىشلىتىش - ئىشلەتمەسلىكىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا سودىيە ئۆزىنىڭ قانۇن ئېڭىغا ئاساسەن ئەركىن ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پرىنسىپ باشتا بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى مەزگىلىدە، فېئوداللار سىستېمىسىنىڭ دەلىل - ئىسپات قانۇندا بەلگىلىنىدۇ دېگەن پرىنسىپىغا قارشى ئىشلىتىلگەنىدى، كېيىن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەمگەكچى خەلققە زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئەدلىيە ۋاستىسى بولۇپ قالدى.

خالىغانچە ئاستىن - ئۈستىن قىلىپ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھوقۇقىنى زىيانغا ئۇچراتقان بېجىرگۈچى خادىملارنى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىش كېرەك.

4) مۇھىم دېلولاردا دەۋا خېتى يېزىپ، دەۋا رەسمىيىتى بويىچە ئىش كۆرگەندىن باشقا، ئاددىي دېلولاردا ئەگەر دەۋالاشقۇچىلار دەۋا خېتى يازالمىسا، ئاغزاكى بايان قىلىپ ھۆكۈم - كېسىم چىقىرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ھاكىم خەلق ئاممىسىنىڭ دەۋا قىلىشىغا قۇلايلىق يارىتىش ئۈچۈن، دېلونى دەرھال تىزىملاپ قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئاددىي تەرتىپنى قوللىنىپ، ۋاقتىدا ئاياغلاشتۇرۇشى كېرەك.

5) خەنزۇچە ئەرز خېتى يازالمايدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئەرز خېتىنى ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىدا يازسا بولىدۇ. ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۇنى تەرجىمە قىلدۇرۇشى كېرەك. لېكىن تەرجىمان، ساقچى قاتارلىقلارنىڭ بۇ جەرياندا ساختىلىق ئىشلىتىپ قويۇشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

6) مۇھىم دېلولارنى يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىپ، ۋاقتىدا، قانۇنغا ئۇيغۇن، ئەقىلگە مۇۋاپىق قارار چىقىرىش كېرەك.

## 3. ئۆلۈم جازاسىنى قايتا قاراپ چىقىش تۈزۈمى

جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى ئۆلۈم جازاسىنى «قايتا قاراپ چىقىشقا يوللاش» «قايتا تەستىقلىتىش»قا ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) 5 - ئايدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى: ئاستانىدىن باشقا جايلاردىكى ئەدلىيە تارماقلىرى ھۆكۈم قىلغان ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى قانۇن بويىچە قايتا تەستىقلايدۇ، ئۇلاردىن كەچۈرۈم قىلىش ئاساسى بارلىرىنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى قانۇنغا ئاساسەن بۈيۈك زۇڭتۇڭنىڭ چوڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى ياكى جازانى يېنىكلىتىشنى جاكارلىشىغا سۇنىدۇ، قانۇن جەھەتتە ياكى پاكىتتا خاتالىق بارلىقى سېزىلگەنلىرىنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى قانۇن - پەرمان بويىچە مەسئۇل تەپتىش ئەمەلدارىنى ئالاھىدە شىكايەت قىلىشقا ياكى قايتىدىن سوت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى سوت مەھكىمىلىرى ھۆكۈم قىلغان ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىدىن، تەكشۈرۈش ئارقىلىق قانۇن جەھەتتە ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش ئاساسى ۋە دەۋا جەھەتتە ئالاھىدە شىكايەت قىلىش ھەم قايتىدىن سوت قىلىش سەۋەبى بولمىغانلىرىنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى قانۇن بويىچە قايتا تەستىقلىدى.

مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) 7 - ئايدا ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ چارىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلارنى قايتا سوتلاشقا يوللاش تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىندى. ئاستانىدىكى سوت مەھكىمىلىرى ھۆكۈم قىلغان ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى ھەر قايسى سوت مەھكىمىلىرىدە تەسىس قىلىنغان تەپتىش نازارەتلىرى ئەدلىيە مىنىستىرلىكىگە مەلۇم قىلدى. ئۆلكىلىك سوت نازارىتى، سوت باشقارمىسى ياكى ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسى ھۆكۈم قىلغان ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى يۇقىرى تەپتىش نازارىتى سوت باشقارمىسى، ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسىنىڭ سەييارە تەپتىشى ياكى تۇتۇق مەسلىھەتچىلەر بۆلۈمى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلدى. مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) 7 - ئايدا بۇ چارە بىكار قىلىنىپ، يەنىلا ئەدلىيە مىنىستىرلىكى قايتا

تەستىقلايدىغان بولدى. شىنجاڭدا مىنگونىڭ 1 — 4 - يىلىغىچە (1912 — 1915 - يىلغىچە) ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ قايتا قاراپ تەستىقلىشى بىلەن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغانلارنىڭ سانى: 1912 - يىلى 10 ئادەم، 1913 - يىلى 12 ئادەم، 1914 - يىلى 4 ئادەم، 1915 - يىلى 6 ئادەم، جەمئىي 32 ئادەم بولدى، يۇقىرىقى سان ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ سانى بولۇپ، قاراقچى - باندىتلارنى جازالاش قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر بۇنىڭغا كىرمەيدۇ.

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئالتايدا ئەدلىيە ئورگىنى يوق ئىدى. جايلاردا جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئۈستىدە دەسلەپكى سوت ھۆكۈمى چىقىرىلغاندىن كېيىن، قايتا قاراپ چىقىش تەرتىپى ئېلىپ بېرىلمىدى. مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) 11 - ئاينىڭ 12- كۈنىدىن باشلاپ، مەمۇرىي مەھكىمە ئۆلۈم جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان دېلولارنى باش تەپتىش نازارىتى يازما پىكىر يېزىپ، باش ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ قايتا قاراپ چىقىشىغا يوللىدى. قايتا ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن جىنايەتچىلەرنىڭ دېلوسى باش تەپتىش نازارىتى تەرىپىدىن ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئەنگە ئېلىپ تەستىقلىشىغا يوللىنىپ، تەستىقلانغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدى.

ئەنجاڭ مىللىي ھۆكۈمىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنى ئېلان قىلىپ يولغا قويغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۆلۈم جازاسىنى قايتا تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلدى. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاخىرقى مەزگىللەردە، ئەدلىيە ئاپپاراتلىرى قىسمەن ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دەۋالىرىنىلا باشقۇردى، ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىك دېلولىرى ئالاھىدە جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولدى. ئالاھىدە جىنايى ئىشلار دېلولىرى، مەسىلەن، ئەينى چاغدىكى ئاتالمىش توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاش سىياسىي دېلولىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ياكى يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بىجىردى. ئىنقىلابچىلار، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ۋە بىگۇناھ ئاما ھەممىشە سوت قىلىنمايلا مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

## 4. جىنايى ئىشلار ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپى

### 1) ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپى

مىنگو دەۋرىدە، شىنجاڭدىكى سوت ئورگانلىرى دەۋالاشقۇچىلار ئەرز، نارازىلىق ئەرز بەرگەندە، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولغانلىرىنى قوبۇل قىلمىدى. باشقۇرۇش تەۋەلىكى ئويغۇن بولمىغانلارنى قوبۇل قىلمىدى، دەۋالاشقۇچىلار لاياقەتسىز بولسا، قوبۇل قىلمىدى، قانۇنلۇق ۋاكالەتچىسى بولمىسا قوبۇل قىلمىدى؛ ئەرز خېتى ئۆلچەمسىز بولغانلارنى قوبۇل قىلمىدى؛ دەۋا ھەققى تاپشۇرمىغانلارنى قوبۇل قىلمىدى؛ بىر قېتىم قوبۇل قىلغاننى قايتا قوبۇل قىلمىدى، ئەرز قىلمىغانلارنى سورىمىدى؛ يارنىشىپ قالغانلارنى سورىمىدى، نارازىلىق بىلدۈرۈش ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشقا ياتمايدىغانلارنى قوبۇل قىلمىدى. يۇقىرىلارنىڭ ئەرز قىلىپ ھەقىقەتكە ئېرىشىشى تەس ئىدى.

### 2) جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى

ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى:

(1) جاۋابكارلارنىڭ بىۋاستە دەۋا قىلىش ھوقۇقىغا قاتتىق چەك قويۇلدى      ھەرىكەت ئىقتىدارى يوقلار ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلەنگەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بىۋاستە دەۋا

قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى؛ «بىۋاستە تۇغقانلار ياكى جۆرىسىنىڭ بىۋاستە دەۋا قىلىشقا بولمايدىغانلىقى» بەلگىلەندى (شىكايەت قىلىشقا بولىدۇ). شىكايەت قىلىنغان ياكى جازالاش تەلەپ قىلىنغان جىنايەت شىكايەت قىلىش سۈرۈكىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، قايتىدىن بىۋاستە دەۋا قىلىشقا يول قويۇلمىدى؛ تەپتىش ئەمەلدارى تەھقىقلەپ ئاياغلاشتۇرغان ياكى بىۋاستە دەۋا قايتۇرۇۋېتىلگەن دېلولار ئۈستىدە، قايتا بىۋاستە دەۋا قىلىشقا يول قويۇلمىدى.

(2) مۈلۈكدارلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى قوغدالدى   5 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جاۋابكارلار ۋە يۇقىرى سوت مەھكىمىسى 1 - سوت قىلغان دېلودىكى جاۋابكارلارغا سوت مەھكىمىسى ئاقلىغۇچى بولۇشقا ئادۋوكات بەلگىلەپ بەردى. ئاقلىغۇچى كىشى ئادۋوكات بولمىسا، باش سوتچىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ئاقلىغۇچى بولدى؛ جاۋابكارنىڭ يېقىن ئادىمى ياكى ئاقلىغۇچىسى جاۋابكارنى قاماقتىن چىقىرىۋېتىشنى ئىلتىماس قىلسا، كاپالەتنامە ۋە بەلگىلەنگەن كاپالەت پۇلى تاپشۇرسا بولىدىغان بولدى.

(3) ئىنقىلابىي زاتلار ۋە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى نارازىلىق ئەرز بېرىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى   «ئىچكى مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇش جىنايىتى»، «سىرتتىكىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش جىنايىتى» ۋە «دۆلەت دىپلوماتىيىسىگە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى» ئۆتكۈزگەنلەرگە قارىتا، ئىككى سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش تۈزۈمى قوللىنىلدى؛ يېنىك جىنايى ئىشلار دېلولىرىدا 2 - سوت ھۆكۈمى چىقىرىلغاندىن كېيىن، 3 - سوت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ نارازىلىق ئەرز بېرىشكە يول قويۇلمىدى. ئالاھىدە جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىن «مىنگوغا خەۋپ يەتكۈزگەن» دېلولار ئۈستىدە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلىشقىلا رۇخسەت قىلىنىپ، نارازىلىق ئەرز بېرىشكە رۇخسەت قىلىنمىدى؛ ئالاھىدە جىنايى ئىشلار دېلوسىدىكى بەزى ئۆلۈم جازالىرىدا تېلېگرامما ئارقىلىق تەستىقلاشتا مەلۇم قىلىش تۈزۈمى قوللىنىلدى.

## § 3 . ئۈچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت تۈزۈمى ۋە سوت تەرتىپى

### 1. سوت تۈزۈمى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەت تەۋەلىكىدىكى رايونلاردا ئۈچ دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى (ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى، ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى) قۇرۇلۇپ، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ۋە ھەق تەلەپ قانۇنى ئېلان قىلىنىپ، تۆۋەندىكى سوت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1) ئىككى سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش تۈزۈمى   ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇقى، ۋەزىپىسى ۋە دېلو باشقۇرۇش تەۋەلىكى قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنمىدى. ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىدىغان دېلولاردا سوت قىلىپ ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن، جاۋابكار قايىل بولماي، 14 كۈن ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز قىلسا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇ ھەقتە چىقارغان ھۆكۈمى ياكى كېسىمى ئاخىرقى سوت ھۆكۈمى بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىككى يىلدىن ئارتۇق قاماق جازاسى بېرىلىدىغان دېلونى سوت قىلىپ چىقارغان 1 - سوت ھۆكۈمى ياكى كېسىمىگە قارىتا، نارازىلىق ئەرز بېرىشكە يول قويۇلمىدى، لېكىن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈمى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىندى.

2) ئاشكارە سوت قىلىش تۈزۈمى    رەسمىي سوت قىلغاندا جاۋابكار، بىۋاستە دەۋا قىلغۇچى (زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى)، گۇۋاھچى سوتتا ھازىر بولدى. ئاممىنىڭ چەتتىن ۋاكلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. يۈز تۇرانە سوراق قىلىش، ئىسپاتلاش، ھەممە جىنايەت پاكىتىنى نەقلەشتۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق ھۆكۈم ئاممىا ئالدىدا جاكارلاندى.

3) كېڭىشىش تۈزۈمى    ئۈچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلىشتا كېڭىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. رەسمىي سوت قىلغاندا باش سوتچى سوت خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغاندىن سىرت، بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە، يەنە ئىككى سوتچى سوت قىلىشقا قاتنىشىپ، باش سوتچىنىڭ سوت قىلىشىغا ھەمكارلىشىپ، سوتتا بىرلىكتە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. جىنايەت قىلمىشى ۋە مەسىلىلەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن، باش سوتچى ئىككى ئەزا (سوتچى) بىلەن كېڭىشىپ، يوشۇرۇن بېلەت تاشلاش ئۇسۇلى بىلەن ھۆكۈم چىقاردى. باش سوتچى ئىككى ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا، ھەر قايسى ئەزا بىردىن ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. باشقىلارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشقا ئارىلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»دا كېڭىشىش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋە ھۆكۈمنى تەييارلاۋاتقان چاغدا «بۇ ئۈچ كىشى (باش سوتچى ۋە ئىككى سوتچى)دىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھۆكۈم تەييارلاش ئۆيىگە كىرىشىگە يول قويۇلمايدۇ»، «ئەگەر ئۇچەيلەندىن بىرەرسىنىڭ سىرتقا چىققانلىقى ياكى تەل ئەمەسلىكى سېزىلسە، بۇنداق ئەھۋالدا چىقىرىلغان ھۆكۈم پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەندى.

4) ئاقلاش تۈزۈمى    سوت مەھكىمىسى دېلو سوت قىلغاندا دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىغا رۇخسەت قىلىنغاندىن باشقا، يەنە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئاقلىغۇچى بولۇشىغا، ئادۋوكات تەكلىپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. لېكىن ئەينى چاغدا ئادۋوكاتلارنىڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلغاندا ئاقلىغۇچى بولۇشى ئاز كۆرۈلدى.

5) چەتكە ئېلىش تۈزۈمى    جىنايى ئىشلار دەۋاسى جەريانىدا سوتچى خادىملار، تەپتىش خادىملىرى، تەھقىقلىگۈچى خادىملاردىن دېلو ياكى دەۋالاشقۇچىلار بىلەن مەلۇم ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بولۇپ، دېلونى ئادىل بىر تەرەپ قىلىشقا تەسىر يېتىش ئېھتىمالى بولغاندا، دېلودىكى دەۋالاشقۇچىلار ئۇلارنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇشىنى ئىلتىماس قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولدى. لېكىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش ئاساسى ياكى نارازىلىق پىكىرىنىڭ ھەقىقىيلىكى ئىسپاتلانغاندىلا ئاندىن پۈت تىرەپ تۇرالىدى. سوت رەسمىي سوت قىلىشتىن ئىلگىرى، دەۋاگەر بىلەن جاۋابكاردىن سوتتا، باش سوتچى ۋە سوت تەركىبىدىكى خادىملارغا پىكرى بار - يوقلۇقى سورالدى. دەۋالاشقۇچىلار ئەگەر سوت تەركىبىدىكى خادىملاردىن بىرەرسىنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلسا، باشقا خادىم تاللاپ كىرگۈزۈلدى؛ ئەگەر باش سوتچىغا پىكرى بولسا، دېلو ماتېرىيالى باشقا سوتنىڭ سوت قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى؛ ئەگەر مەھكىمە باشلىقىغا نارازىلىق پىكرى بولسا، جىنايەت پاكىتى تولۇق بولغان دەلىل - ئىسپات ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ بېرىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ يوليورۇقى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

## 2. جىنايى ئىشلار دەۋاسى

ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تۈزگەن «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»غا ئاساسەن، سوت قىلدى.

1) ئاساسىي جىنايەت ناملىرى    سىياسىي جىنايەت (ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى مۇھىم خادىملارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، ئىشپىيونلۇق، جاسۇسلۇق جىنايەتلىرى)؛ ئوغرىلىق جىنايىتى؛ مەمۇرلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايىتى؛ خىزمەتتىكى بىپەرۋالىق جىنايىتى (خىزمەتتە پاسسىپلىق قىلىش، پارىخورلۇق، تۆھمەت چاپلاش، خىيانەتچىلىك جىنايىتى قاتارلىقلار)؛ ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنماسلىق جىنايىتى (ھەربىي قىسىمدىن قېچىش، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا رىئايە قىلماسلىق، تۈرمىدىن قېچىش، زەھەر چېكىش، دۆلەت چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈش، ئۆز ئالدىغا قورال - ياراغ ساقلاش، يالغان ئىسپات ياساش جىنايىتى قاتارلىقلار)؛ يالغان دوكۇمېنت ياساش جىنايىتى (يالغان پۇل ياساش، ھۆكۈمەتنىڭ نەق پۇل چېكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ھۆكۈمەت بەلگىسىنى ياساش جىنايىتى قاتارلىقلار)؛ تۇرمۇشقا قارشى تۇرۇش جىنايىتى (قەستەن، سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش، باشقىلارنىڭ ئائىلىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى قاتارلىقلار)؛ باسقۇنچىلىق جىنايىتى (ئاياللارغا، نارەسىدە قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلىش، زورلۇق بىلەن بەچچىۋازلىق قىلىش جىنايىتى قاتارلىقلار).

2) ئاساسلىق جىنايى جازالار    ئاساسىي جازا: ئۆلۈم جازاسى، قاماق جازاسى (ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 8 يىل)، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جازاسى، توختىتىپ قويۇش جازاسى؛ قوشۇمچە جازا: سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، ئىقتىسادىي تۆلۈم تۆلىتىش.

3) جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى    ئۈچ ۋىلايەتنىڭ «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»دا: ساقچى ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، تەھقىقلەش، قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە سوت قىلىش ھوقۇقىنى ئايرىم - ئايرىم يۈرگۈزىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قوبۇل قىلىپ سوتلىغاندا دېلونى باشقۇرۇش تەۋەلىكى دائىرىسى بويىچە ئايرىدى، يەنى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرى شۇ ناھىيە تەۋەلىكىدە سادىر بولغان ھەق تەلەپ ماجىرا دېلولىرىنى ۋە شۇ ناھىيىدە سادىر بولغان ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قوبۇل قىلدى؛ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى بېجىرىشكە تاپشۇرغان ئىككى يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىغان دېلولار ئۇنىڭ يوليورۇقى بويىچە سوت قىلىنىدى؛ ئەيىبكار ئىككى ناھىيىدە جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن جايدا بىر تەرەپ قىلىنىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى نارازىلىق ئەرز بېرىلگەن ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ۋە ئىككى يىلدىن يۇقىرى قاماق جازاسى بېرىلىدىغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىلا قوبۇل قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى خادىملىرىنىڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن، دېلو تۇرغۇزۇپ بىر تەرەپ قىلىنىدى ياكى ئۇنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلدى.

## 4) سوتتا سوت قىلىش تەرتىپى

(1) 1 ـ سوت تەرتىپى دەۋالاشقۇچىلارنى چاقىرتىش، ئەرز خېتىنى ئوقۇپ ئۆتۈش، سوتتا تەكشۈرۈش، جاۋابكار ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنى بايان قىلىش، دېموكراتىك كېڭىشىش، ھۆكۈمنى جاكارلاش.

(2) 2 ـ سوت (نارازىلىق ئەرز بېرىش، ئېتىراز بىلدۈرۈش) تەرتىپى دەۋالاشقۇچىلار ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ 1 ـ سوت ھۆكۈمى ياكى كېسىمىگە قايىل بولمىسا، 14 كۈن ئىچىدە نارازىلىق ئەرز بېرىشكە ھوقۇقلۇق بولىدۇ. باش تەپتىش ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ 1 ـ سوت ھۆكۈمىدە توغرا بولمىغان جايلارنىڭ بارلىقىنى سەزسە، ئۆز نامىدا ئېتىرازنامە يازىدۇ. ئۆچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى نارازىلىق ئەرز، ئېتىرازنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئادەتتە دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپنى چاقىرتمايلا يازما مۇئەييەنلەشتۈرۈپ قارار چىقىرىپ، ئەسلى ھۆكۈم توغرا بولغانلىرىنى كۈچكە ئىگە قىلىپ، نارازىلىق ئەرزنى رەت قىلىدۇ؛ ئەسلى ھۆكۈم خاتا بولغانلىرىدا ھۆكۈمنى ئۆزگەرتتى. 2 ـ سوت ھۆكۈمىنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سوتچى خادىملارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقىرىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. مەھكىمە باشلىقى پىكىرىنى يازغاندىن كېيىن، ئاندىن قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

(3) ئەرز قىلىش ۋە ئۆلۈم جازاسىنى قايتا قاراپ چىقىش تەرتىپى ئۆچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم قىلغان چوڭ دېلولاردىكى دەۋالاشقۇچىلار ياكى ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر يېنىك جازا ھۆكۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىشتا، ئۆچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئەرز سۇنۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر «ئەرز»نى ھۆكۈم چىقىرىلىپ 72 سائەت ئىچىدە ئۆچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئۆتتۈرىغا قويۇشى شەرت قىلىنىدۇ. ئۆچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە ئەرز قىلغۇچىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇش ياكى قوشۇلماسلىق ھەققىدە قارار چىقاردى. ئۆچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئۆچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بويىچە بېجىردى.

سوت مەھكىمىسى ئەڭ يۇقىرى جىنايى جازا (ئۆلۈم جازاسى) ھۆكۈم قىلغان جىنايەتچىلەر-نىڭ جازاسى ئۆچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى جازا ئېغىر بولۇپ كەتتى دەپ قارىسا، 72 سائەت ئىچىدە ئۆچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدىن كەڭچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا يول قويۇلدى. ۋاقىت چېكىنى ئۆزارتماقچى بولسا، «جىددىي نارازىلىق ئەرز بېرىش»كە ھوقۇقلۇق بولىدۇ. ئەگەر ئۆچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە جاۋاب بەرسە، ئۆچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئۆچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى جاۋاب بەرگەن مەزمۇن بويىچە ئىجرا قىلىدۇ؛ ئەگەر بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە «جاۋاب بەرمىسە» ئۆچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ئادا قىلىپ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىدۇ.

(4) سوت نازارەتچىلىكى

1. تەپتىش ئورگىنى سوتقا چىقىپ ئەيىبلەشنى قوللاش، ئېتىراز بىلدۈرۈش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ نارازىلىق ئەرزنى قوللاش يولى بىلەن سوت پائالىيىتىگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ.

2. يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى ئۈستىدە-كى نازارەتچىلىكى نارازىلىق ئەرز بېرىلگەن دېلولارنى سوت قىلىپ، نامۇۋاپىق چىقىرىلغان ھۆكۈمنى تۈزىتىش، تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى ئۈستىدىن بېرىلگەن شىكايەتنى قوبۇل قىلىش ۋە مەھكىمە باشلىقىنىڭ چەكلەپ تۇرۇشى ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى تەستىقلاش قاتارلىق

يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

3. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى قايتا قاراپ چىقىش، ئەرز قىلىنغان بەزى دېلولارنى قوبۇل قىلىش ۋە بەزى دېلولارنى سوت قىلىشنى تەستىقلاشقا ئوخشاش يوللار بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلدى.

4. خەلق ئاممىسىنىڭ سوت پائالىيىتىگە بولغان نازارەتچىلىكى جارى قىلدۇرۇلدى.

(5) ئىجرا قىلىش   ئۆلۈم جازاسى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، توختىتىپ قويۇش، مەجبۇ- رىي ئەمگەككە سېلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، مال - مۈلۈكىنى مۇسادىرە قىلىش، ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلىتىش قاتارلىقلارغا دائىر ھۆكۈملەرنى ئىجرا ئورگىنى (ساقچى ئىدارىسى) ئىجرا قىلدى. مەھكىمە شەرئىنىڭ كېسىملىرىنىمۇ ساقچى ئىدارىسى مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇردى.

## 3. ھەق تەلەپ دەۋاسى

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى ئېلان قىلمىدى. 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى «پۇل - بىساتقا دائىر ئەرز توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق قوللانما»نى تۈزۈپ چىقىپ، سوت مەھكىمىلىرى ھەق تەلەپ ماجىرا دېلولىرىنى قوبۇل قىلىپ، دېلو تۇرغۇزۇشنىڭ شەرتى، باشقۇرۇش تەۋەلىكى، دەۋا تەرتىپى ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى بەلگىلىدى. بۇ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەق تەلەپ ماجىرا دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى مۇھىم ئاساسى ئىدى.

1) ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ تۈرى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغۇچى ئورۇن   پۇقرالار ئارىسىدىكى ھەقدارلىق، قەرزدارلىق، مىراس، نىكاھ ماجىرالىرى ھەمدە يېتىم باللارنى بېقىپ تەربىيىلەش، تويلۇق تالاش - تارتىش قاتارلىق ماجىرالارنىڭ ھەممىسى ھەق تەلەپ دېلوسى ھېسابلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە دەلىل - ئىسپاتى تولۇق، ماتېرىيالى تەل بولغان ھەمدە 10 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن دېلولارنى سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلىپ كېسىم چىقاردى. يۈز بەرگىنىگە 10 يىلدىن ئېشىپ كەتكەن ھەق تەلەپ دېلولىرى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ 1945- يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى تەستىقىغا ئاساسەن ۋاقىتىنچە قوبۇل قىلىنمىدى. گۇمان بولغان ئەمما دەلىل - ئىسپاتى تولۇق بولمىغان ياكى دىنىي ئىشلارغا چېتىلىدىغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنى مەھكىمە شەرئى سوت قىلىپ كېسىم چىقاردى؛ مۇرەسسە يولى بىلەن ھەل قىلىشقا بولىدىغان ھەق تەلەپ دەۋا دېلولىرىنى (ئاساسلىقى قەرزدارلىق) مۇرەسسە قىلىشقا سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى مەسئۇل بولدى.

2) ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپى   1 - سوت دەۋالاشقۇچىلار «ئەرز خېتى» (دەۋا خېتى) نى تاپشۇرۇش، سوت مەھكىمىسى دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ ۋە گۇۋاھچىلارنى چاقىرتىش؛ دەلىل- ئىسپاتلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يۈز تۇرانە كېسىم چىقىرىش تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. مال - مۈلۈك دېلولىرىدا سوت قىلىشتىن ئىلگىرى جاۋابكاردىن مال - مۈلۈك تىزىملىكى ئېلىندى. زۆرۈر تېپىلغاندا دەۋادا ئامان ساقلاش تەدبىرى قوللىنىلدى. دەۋالاشقۇچىلار 1 - سوتنىڭ ھۆكۈمى ياكى كېسىمىگە قايىل بولمىسا، 14 كۈن ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز قىلسا بولىدىغان بولدى. سۈرۈك ئىچىدە نارازىلىق ئەرز قىلمىسا، 1 - سوت ھۆكۈمى قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىندى.

2 ـ سوتتا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى دەۋالاشقۇچىلار بەرگەن نارازىلىق ئەرزنىڭ ئاساسى، پاكىتى، دەلىل ئىسپاتىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەسلى ھۆكۈمنى توغرا دەپ قارىسا، نارازىلىق ئەرزنى رەت قىلىپ، ئەسلى ھۆكۈمنى كۈچكە ئىگە قىلدى؛ ئەسلى ھۆكۈمنى خاتا دەپ قارىسا، دېلو ئەھۋالىغا قاراپ ھۆكۈمنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ئۆزگەرتتى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق تەلەپ ئۈستىدە 2 ـ سوتتا چىقارغان ھۆكۈمى ئاخىرقى سوت ھۆكۈمى بولۇپ، ئىجرا ئورگىنى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدى.

1 ـ سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسى ھەقدارلىق، قەرزدارلىق ۋە مال ـ مۈلۈك ماجىرا دېلولىرىدا دەۋالاشقۇچىلاردىن دەۋا نىشانىنىڭ 2%ى بويىچە دەۋا ھەققى ئېلىپ، ھەر ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىگە تاپشۇردى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئۈچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ دېلولىرىدىن 479 مىڭ 119 يۈەن دېلو بېجىرىش رەسمىيەت ھەققى ئالغان.

## 4. ئۈچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت پائالىيىتى

ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ھەر يىلى زور مىقداردىكى جىنايى ئىشلار ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. ستاتىستىكىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1945 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 111نى قوبۇل قىلىپ، 42نى بېجىرىپ ئاياغلاشتۇرغان ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 48نى قوبۇل قىلىپ، 40نى بېجىرىپ ئاياغلاشتۇرغان. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئامما ئەرز قىلغان ھەق تەلەپ ماجىرا دېلوسىدىن 68نى تاپشۇرۇۋېلىپ، 37نى قوبۇل قىلىپ، 21نى بېجىرىپ ئاياغلاشتۇرغان. 1946ـ يىلى ۋە 1947 ـ يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ھەر يىلى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن تەخمىنەن 200نى قوبۇل قىلىپ، 70 نەچچىنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى؛ ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 900 نەچچىنى قوبۇل قىلىپ، بىر يىلدا 700 نەچچىنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىن ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، زەخىملەندۈرۈش، قاتىللىق قاتارلىق چوڭ دېلولاردا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىپ قاتتىق جازالىدى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى 1945 ـ يىل 12 ـ ئايدا خەلق باغچىسىدا ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، بۇلاڭچىلىق قىلغان جىنايەتچى قۇدايبەرگەنگە ئۆلۈم جازاسى، ئالتە ئورتاق جىنايەتچىگە مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. 1949 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى خەلق كۇلۇبىدا 1000 كىشىلىك ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، باندىتلار باشلىقى مويلۇقاغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ دەرھال ئىجرا قىلدى. ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە ھەقدارلىق، قەرزادارلىق ماجىراسى، نىكاھ ماجىراسى، مال ـ مۈلۈك ماجىراسى، ئۆي ئورنى ماجىراسى، ئوتلاق ماجىراسى، توختام ماجىراسى كۆپرەك بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى 1945 ـ يىل 7 ـ ئايدا زاكىشىر ناسىپنىڭ ۋاكالەتچىسى ئالمىاخۇن ئاقا مەتجانوپ دەۋا قىلغان قەرز ماجىراسى دېلوسىنى قاراپ چىقتى؛ غۇلجا ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى 1946 ـ يىل 10 ـ ئايدا سىماغۇل ئايۇپنىڭ مال ـ مۈلۈك ماجىرا دېلوسى قاتارلىق قەرزدارلىق، مال ـ مۈلۈك ماجىراسى دېلولىرىنى قاراپ چىقتى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى زور مىقداردىكى جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قانۇن تەرتىپى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپىنى قوغداپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلدى.

# III باب

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سوت خىزمىتى ۋە دەۋا تەرتىپى

## 1 § . خەلق ئەدلىيە تۈزۈمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى

### 1. كونا قانۇنلارنى بىكار قىلىپ، يېڭى قانۇن بەرپا قىلىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرۇشلۇق جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تېزدىن كونا ئەدلىيە - سوت ئورگانلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنى قۇردى. ھەر دەرىجىلىك سوت ئورگانلىرى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1949 - يىل 2 - ئايدىكى «گومىنداڭنىڭ ئالتە قانۇن قامۇسىنى بىكار قىلىش ۋە ئازاد رايونلارنىڭ ئەدلىيە پرىنسىپىنى بېكىتىش توغرىسىدا يوليورۇق» نىڭ روھىغا بىنائەن، كونا قانۇنلار بىلەن كونا ئەدلىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. خەلق ئەدلىيە ئورگانلىرى يېڭى قانۇنلارغا ئاساسەن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. يېڭى قانۇنلار تېخى مۇكەممەل بولمىغان ئەھۋالدا، شىنجاڭدىكى ئەدلىيە ئورگانلىرى ئىش بېجىرىشتە: پروگرامما، قانۇن، ئەمىر - پەرمان، نىزام، قارارلاردا بەلگىلىمە بولسا، شۇ بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىش، بەلگىلىمە بولمىسا يېڭى دېموكراتىزملىق سىياسەت بويىچە ئىش كۆرۈش پرىنسىپىنى قوللاندى. شىنجاڭ ئۆز رايونىنىڭ كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خىيانەتچىلەرنى جازالاش ۋاقىتلىق نىزامى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق قوشۇمچە بەلگىلىمىسى»، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يېزىلاردىكى قەرز ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە يولغا قويۇپ، ئۇنى ئەينى چاغدىكى ئالاقىدار جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاساسى قىلدى.

سوت خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى 1954 — 1956 - يىلغىچە تارقاتقان مەخسۇس تېمىدىكى تۈرلۈك خۇلاسىلەرنى، مەسىلەن: «نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تېگىش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش تەجرىبىلىرىدىن خۇلاسە ۋە نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تەگكەنلەرنى جازالاش توغرىسىدا پىكىر»، «1955 - يىلدىن بۇيانقى نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تېگىش دېلولىرىنى تەكشۈرۈشتىن خۇلاسە»، «بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق 14 چوڭ شەھەردىكى يۇقىرى، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلىش تەرتىپىدىن دەسلەپكى خۇلاسە»، «ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىش تەرتىپىدىن خۇلاسە (لايىھە)»، «جىنايى ئىشلار

دېلولىرىدىكى جىنايەت نامى، جازا تۈرى ۋە جازا ئۆلچەش دەرىجىسىدىن خۇلاسە (دەسلەپكى نۇسخىسى)» قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوت تەرتىپىنى بىرلىككە كەلتۈردى. 1959- يىلى شىنجاڭ يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، نىكاھ، قەرزدارلىق قاتارلىقلارغا ئالاقىدار جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرى توغرىسىدىكى مەخسۇس خۇلاسىنى تاماملىدى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش ۋە نىكاھ، قەرزدارلىق دېلولىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، سىياسەت - قانۇنلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىجرا قىلىشتا پائال رول ئوينىدى. شۇنىڭدىن كېيىن «سول» چىللىق خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى ئاستىلاپ قالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دەپسەندە قىلىندى.

1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىراسخورلۇق قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» ۋە باشقا بىر قاتار قانۇن - نىزاملار ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇپ، يېڭى جۇڭگونىڭ قانۇن سىستېمىسى كۆنسېرى مۇكەممەللەشتى، سوت تۈزۈمى قۇرۇلۇشىمۇ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇن بولغان ئىكەن جەزمەن ئاساسلىنىش، قانۇننى جەزمەن قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش يېڭى ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

## 2. سوت پرىنسىپى ۋە سوت تۈزۈمى

### 1) سوت پرىنسىپى

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت ئورگانلىرى تۆۋەندىكى ئاساسىي پرىنسىپلارنى ئىزچىللاشتۇردى.

(1) جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزۈش پرىنسىپى 1954 - يىلدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» نىڭ 78 - ماددىسىدا: «خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشتە قانۇنغىلا بويسۇنىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. 1982 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ 126- ماددىسىدا: «خەلق سوت مەھكىمىلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن، سوت ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، مەمۇرىي ئورگانلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا ئۇچرىمايدۇ» دەپ بەلگىلەندى. خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيە فۇنكسىيىسىنى مۇستەقىل ئادا قىلىشى، خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى ھەمدە ئۇنىڭغا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىشى بۇرژۇئازىيە سودىيىلىرىنىڭ مۇستەقىل سوت قىلىشىغا ئوخشاش بولمايدۇ. بۇرژۇئا دۆلەتلىرىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، ئەدلىيە ھوقۇقىدىن ئىبارەت ئاتالمىش «ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىۋېتىش» نىمۇ ئوخشاشمايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى مۇستەقىل سوت قىلىش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا تۈرلۈك كاشىلىلارنى تۈگىتىپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، قانۇن بولغان ئىكەن، ئۇنىڭغا جەزمەن ئاساسلىنىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دېلولارنى قانۇنلۇق،

توغرا، ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ قەتئىيلىكىنى قوغداشتا پائال رول ئوينىدى.

(2) پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش پرىنسىپى   دەۋا ئىشلىرىدا ئوبيېكتىپ پاكىتنى ئاساس قىلىپ، قەتئىي قانۇن بويىچە دېلو بىجىرىپ، جىنايەتچىلەرنى توغرا جازالاپ، پۇقرالارنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىش؛ ھەق تەلەپ ھوقۇق - مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، قانۇنغا خىلاپ ھەق تەلەپ ھەرىكىتىنى جازالاش شەرت. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بۇ پرىنسىپنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئاساسەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بىر تەرەپنىڭ سۆزىنى ئاساس قىلماي، ھەر تەرەپنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلاپ، سۇبيېكتىپ ئىرادىسى ياكى ھېسسىياتى بويىچە ئىش قىلمىدى. دەۋا داۋامىدا دەلىل-ئىسپاتقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاغزاكى ئىقرارىغا ئاسانلىقچە ئىشەنمەي، قېيناپ سوراق قىلىش، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش ياكى تەھدىت سېلىش، ئازدۇرۇش، ئالداش ۋە باشقا قانۇنسىز ئۇسۇللار بىلەن دەلىل - ئىسپات توپلاشنى قاتتىق مەنئى قىلدى؛ دېلو سوت قىلىشتا قەتئىي قانۇن (جۈملىدىن نەق قانۇن ۋە تەرتىپ قانۇنى) دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىش قىلدى. خاتالىق سېزىلگەن دېلولارنى «خاتالىق بولغانىكەن جەزمەن تۈزىتىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن تۈزەتتى.

(3) پۇقرالار قانۇننى تەتبىقلاش جەھەتتە بىردەك باراۋەر بولۇش پرىنسىپى   «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»دا: «خەلق سوت مەھكىمىلىرى دېلو سوت قىلغاندا بارلىق پۇقرالار مىللىتى، ئىرقى، جىنسى، كەسپى، ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشى، دىنىي ئېتىقادى، مەلۇماتى، مال - مۈلۈك ئەھۋالى، ئولتۇرۇشلۇق مۇددىتى ئايرىلماستىن، قانۇننى تەتبىقلاش جەھەتتە بىردەك باراۋەر بولىدۇ، ھەر قانداق ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇشقا يول قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ پرىنسىپ ئاساسىي قانۇندىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى قانۇن ئالدىدا باپ - باراۋەر» دېگەن پرىنسىپنىڭ سوت تۈزۈمىدىكى گەۋدىلىنىشى. بۇ ماھىيەتتە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن ھالقىپ ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشقا قارشى تۇرۇپ، دۆلەت قانۇنىنىڭ بىردەكلىكىگە رىئايە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

(4) مۇرەسسەگە ئەھمىيەت بېرىش، سەييارە سوت قىلىش، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە دېلو بىجىرىش پرىنسىپى   سوت مەھكىمىسى مۇرەسسە قىلىش — جۇڭگو ھەق تەلەپ سوت ئىشلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىسى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھەق تەلەپ، ئىقتىسادىي دېلولارنى سوت قىلغاندا مۇرەسسەگە ئەھمىيەت بەردى. مۇرەسسە ئارقىلىق دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىم ھاسىل قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ماجىرالارنى تېزدىن ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلدى. خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھەق تەلەپ، ئىقتىسادىي دەۋالارنى سوت قىلىشتا ھەر قانداق باسقۇچىدا مەيلى 1 - سوت تەرتىپى بويىچە سوت قىلىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق باسقۇچىدا، سوت ئېچىش باسقۇچىدا بولسۇن ياكى 2 - سوت تەرتىپىدە بولسۇن، مۇرەسسە خىزمىتى ئىشلىسە بولىدۇ. نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىدا مۇرەسسە خىزمىتىنى تېخىمۇ كۆپرەك ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. مۇرەسسە يولى بىلەن ھەل قىلىشقا بولىدىغانلىكى ئىشلارنى ئىمكانقەدەر مۇرەسسە يولى بىلەن ھەل قىلىش كېرەك. لېكىن پرىنسىپتىن ۋاز كېچىشكە ۋە «ئۇزۇنغىچە مۇرەسسە قىلىپ ھەل قىلماسلىققا» قارشى تۇرۇش لازىم. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دەسلەپكى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە مۇرەسسە يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغىنى 20 مىڭ 997 بولۇپ، سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولارنىڭ %77.80نى ئىگىلىدى.

خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھەق تەلەپ، ئىقتىسادىي دېلولارنى سوت قىلىشتا، ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە قاراپ ۋاكالەت سوتى تەشكىللەپ، سەييارە سوت قىلىپ، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە دېلو بېجىردى. بۇنداق قىلىش بىرىنچىدىن، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا، ماجىرانى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا ۋە قانۇن ھۆججەتلىرىنى ئىجرا قىلىشقا پايدىلىق؛ ئىككىنچىدىن، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ شۇ جايغا بېرىپ ئاممىغا تايىنىپ دېلو بېجىرىشىگە تېخىمۇ قولايلىق؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە سوت قىلغاندا ئامىغا قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا قولايلىق. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دەسلەپكى سوت قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرى، ئىقتىسادىي دېلولاردىن شۇ جاينىڭ ئۆزىدە سەييارە سوت قىلىنغىنى 6987 بولۇپ، شۇ يىلى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو سانىنىڭ %21.28نى ئىگىلىدى.

(5) دەۋا پائالىيىتىدە مىللىي تىل - يېزىق ئىشلىتىش پرىنسىپى

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، دەۋا پائالىيىتىنى شۇ جايدا ئورتاق ئىشلىتىلىۋاتقان تىل - يېزىق بىلەن ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مىللەتلەر باراۋەر بولۇش پرىنسىپىنىڭ خەلق ئەدلىيە خىزمىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» (1954 - يىلى ئېلان قىلىنغان) نىڭ 6 - ماددىسىنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا، دەۋا ئىشلىرىنى مىللىي تىل - يېزىق بىلەن ئېلىپ بېرىش پرىنسىپى — دەۋا ئىشتىراكچىلىرى بارلىق دەۋا پائالىيىتىدە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىشكە ھوقۇقلۇق؛ خەلق سوت مەھكىمىسى شۇ جاينىڭ تىل - يېزىقىنى بىلمەيدىغان دەۋالاشقۇچىلارغا تەرجىمە قىلىپ بېرىپ، شۇ جايدا ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان تىل - يېزىقنى قوللىنىپ دېلو سوت قىلىش، قانۇن ھۆججەتلىرىنى ئېلان قىلىش دېگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1979 - يىلى ئېلان قىلىنغان «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» دا بۇ پرىنسىپ يەنە تەكىتلەندى. مىللىي تىل - يېزىقنى قوللىنىش پرىنسىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئاز سانلىق مىللەت دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشقا، سوت پائالىيىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ سوت پائالىيىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشىغا قولايلىق، سوت پائالىيىتى ئارقىلىق ھەر مىللەت پۇقرالىرىغا قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقىمۇ قولايلىق.

2) سوت تۈزۈمى

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت ئورگانلىرى تۆۋەندىكى سوت تۈزۈملىرىنى ئىجرا قىلدى:

(1) سوتنى تۆت دەرىجە - ئىككى سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش تۈزۈمى

1950 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، سوت ھوقۇقىنى خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىر تۇتاش يۈرگۈزىدىغان بولدى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرۇش ئەمەلدىن قالدى. ئەدلىيە سوت دەرىجىسى تۈزۈمىدە ئۈچ دەرىجە - ئۈچ سوت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، يەنى بارلىق ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرى 1 - سوتتا سوت قىلىنىپ (ناھىيە ياكى خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن) ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئەگەر قايىل بولمىغاندا باشقۇرۇش تەۋەلىكى بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ شۆبىسى (يەنى ۋىلايەتلىك خەلق سوت مەھكىمىسى) ياكى شۆبە سوتنىڭ 2 - سوت قىلىشىغا نارازىلىق ئەرز بېرىلدى؛ ئەگەر 2 - سوت ھۆكۈمىگە يەنىلا قايىل بولمىغاندا، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى غەربىي شىمال شۆبىسىنىڭ 3 - سوت قىلىشىغا نارازىلىق ئەرز بېرىلدى. 3 - سوتنىڭ ھۆكۈم كېسىمى ئاخىرقى سوت ھۆكۈمى بولىدۇ. كېيىن غەربىي شىمال

رايونىنىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ، قاتنىشى قولايسىز ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، دەۋالاشقۇچىلارغا ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن جانلىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى يەنى دەۋالاشقۇچىلار شۆبە مەھكىمىنىڭ ھۆكۈمىگە قايىل بولمىسا، ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قايتا قاراپ چىقىشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلتىماس قىلىش ئاساسى تولۇق دەپ قارىسا، ئەسلى سوت قىلغان شۆبە مەھكىمىنىڭ يېڭىۋاشتىن سوت قىلىشىغا قايتۇرسا بولىدۇ؛ بىر قەدەر چوڭ دېلولاردىن دەۋالاشقۇچىلار ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ يېڭىۋاشتىن سوت قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلىرىنى ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسى يېڭىۋاشتىن سوت قىلىدۇ، ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمىگە قايىل بولمىسا ھەمدە چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلغىلى بولمىسا، ئاندىن ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى غەربىي شىمال شۆبە مەھكىمىسى يەنى 3 - سوت قىلغۇچى ئورگانغا نارازىلىق ئەرز بېرىشكە تونۇشتۇرۇلىدۇ؛ ئەگەر ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسى شۆبە مەھكىمىنىڭ ھۆكۈمى توغرا، يېڭىۋاشتىن سوت قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش ئاساسى يوق دەپ قارىسا، ئەستىق جاۋاب ئارقىلىق رەت قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتچىلەرگە بىر سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، جاۋابكارنىڭ نارازىلىق ئەرز قىلىش ھوقۇقى بولمىدى.

1954 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تۆت دەرىجە ئىككى سوت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى يەنى مەملىكەت بويىچە تۆت دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى. ئۇلار: ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى؛ ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىلىرى؛ ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق)، شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى؛ ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك)، شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىدىن ئىبارەت. خەلق سوت مەھكىمىلىرى دېلو سوت قىلىشتا سوتنى ئىككى دەرىجىلىك سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتچىلەردىن يەرلىك سوت مەھكىمىسى 1 - سوت ھۆكۈمى چىقارغانلىرىنىڭ نارازىلىق ئەرز قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

**(2) قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىش تۈزۈمى** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ دەسلەپكى مەزگىلدە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلى مۇكەممەل بولمىغان، كادىرلارنىڭ كەسپىي تەجرىبىسى كەمچىل بولغان ئەھۋالدا، تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ جازا ئۆلچىشىدە ئېغىش يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئاساسىي دۈشمەنگە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، جىنايى ئىشلاردا (ئۆلۈم جازاسى ۋە مۇددەتلىك قاماق جازاسى) قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىش تۈزۈمى بەلگىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە قاماق جازاسىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىش تۈزۈمىدە 1 - سوت جىنايى ئىشلار دېلولىرىدا 3 يىلدىن تۆۋەن جازا ھۆكۈم قىلىنىدىغانلار ئۈستىدە ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقىرىش بەلگىلەندى. لېكىن ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمنامە ھەر ئايدا ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە يوللاندى. 3 يىلدىن يۇقىرى 5 يىلدىن تۆۋەن جازا ھۆكۈم قىلىنىدىغانلارنى ئۈرۈمچى رايونىغا قاراشلىق ناھىيىلىك، شەھەرلىك سوت مەھكىمىلىرى ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىلگىرى ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللىدى. باشقا ۋىلايەتلەرگە قاراشلىق ناھىيىلىك، شەھەرلىك سوت مەھكىمىلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك شۆبە مەھكىمىنىڭ قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللىدى. 5 يىلدىن يۇقىرى

10 يىلدىن تۆۋەن جازا ھۆكۈم قىلىنىدىغان دېلولار ئالدى بىلەن ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بېكىتىشىگە يوللىنىدۇ دەپ بېكىتىلدى. كېيىن «5 يىلدىن يۇقىرى جازا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ شۆبىسىنىڭ قايتا تەكشۈرۈشىگە يوللىنىپ تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىلدى. كېيىن ئاساسىي قانۇن ۋە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى ئېلان قىلىندى، سوت مەھكىمىسى كادىرلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسى ئۆستى، مۇشۇنداق ئەھۋالدا قاماق جازاسىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىش تۈزۈمى ۋەزىيەتكە روشەن ھالدا ماس كەلمەي قالدى. شىنجاڭ ئۆلكىسى 1955 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ ئەسلى بەلگىلەنگەن قاماق جازاسى دېلولىرىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. مۇددەتسىز قاماق جازاسىدىن تۆۋەن بولغانلىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللانمىدى. ئۆلۈم جازاسىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە ھەر قايسى دەۋرلەردە ئوخشاشمىغان ئۇسۇل قوللىنىلغان بولسىمۇ، بىر خىل سوت تۈزۈمى ۋە تەرتىپى سۈپىتىدە ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ كەلدى (تەپسىلاتىدا 2 - پاراگرافنىڭ 4 - تارمىقىدىكى «ئۆلۈم جازاسىنى قايتا تەكشۈرۈش تەرتىپى»دىن كۆرۈۋېلىڭ).

**(3) ئوچۇق سوت قىلىش تۈزۈمى** قانۇن بويىچە ئوچۇق سوت قىلىنىدىغان دېلولاردا خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت ئېچىشتىن ئىلگىرى دېلو مەزمۇنى، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئىسمى، فامىلىسى، سوت ئېچىلىدىغان ۋاقىت ۋە ئورۇننى ئېلان قىلىدۇ. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، دۆلەت مەخپىيىتىگە، شەخسلەرنىڭ شەخسىيىتىگە چېتىلىدىغان، قۇرامىغا يەتمىگەن جىنايەتچىلەرنىڭ دېلولىرى ئوچۇق سوت قىلىنمايدۇ.

دۆلەتنىڭ دەۋا تۈزۈمىدە ئوچۇق سوت قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئوچۇق سوت قىلىش ئارقىلىق كېڭىشىش، زاسېداتېللىق، ئاقلاش، ئۆزىنى چەتكە ئېلىش قاتارلىق باشقا سوت تەرتىپلىرى ۋە تۈزۈملىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ؛ ئۇ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دېلو پاكىتلىرىنى ئويېكتىپ، ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ توغرا بىر تەرەپ قىلىشىغا پايدىلىق، ئۇ ئارقىلىق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت پائالىيىتىنى خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويغىلى بولىدۇ؛ دېلو بېجىرگۈچى خادىملارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچىيىدۇ؛ ئوچۇق سوت قىلىش يەنە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ بىر تۈرلۈك ياخشى شەكلى. 1956 - يىل 7 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتچىلەرنى ئوچۇق سوت قىلىش يىغىنىغا 30 مىڭدىن ئارتۇق ئامما قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن 25 كۈن ئىچىدە 205 ئەكسىلئىنقىلابچى ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسى ھۆكۈمەتكە ئۆزىنى مەلۇم قىلدى، ئاممىدىن كەلگەن 222 پارچە پاش قىلىش ماتېرىيالى تاپشۇرۇۋېلىندى. 1961 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى، قۇمۇل، تۇرپان، قەشقەر، غۇلجا، شىخەنزە قاتارلىق 26 شەھەر - بازاردا ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، 18 جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، 208 جىنايەتچىگە جازا ھۆكۈم قىلىندى. يىغىنغا قاتناشقان ئامما 250 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۈرۈمچى شەھىرى ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچقاندىن كېيىن، ئاممىدىن كەلگەن 4400 پارچە پاش قىلىش خېتى تاپشۇرۇۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە قىممەتلىك بارلىرى 946 پارچە، 110 ئادەم ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

1985 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوت جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 3659نى ئوچۇق سوت قىلدى، بۇ ئوچۇق سوت قىلىنىدىغان دېلولارنىڭ

95.16%نى ئىگىلىدى. ھەق تەلەپ، ئىقتىسادىي دېلولارنى ئوچۇق سوت قىلىش نىسبىتى 85.47% بولدى.

**(4) ئاقلاش تۈزۈمى**   ئاقلاش تۈزۈمى جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى مۇھىم پرىنسىپ. ئاقلاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ دېلولارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، دېلو بىجىرگۈچى خادىملارنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى، بىر تەرەپلىمىلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، خاتالىقتىن ساقلىنىش ياكى ئۇنى ئازايتىشتا پايدىلىق؛ جاۋابكارلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، جىنايىتى يوقلارنى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتماسلىق، جىنايەتچىلەرگە تېگىشلىك جازا بېرىشكە پايدىلىق؛ قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىپ، جىنايەتچىلەرگە قارشى كۈرەش داۋامىدا ئۇلارنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا پايدىلىق. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1954 - يىلدىن باشلاپ ئاقلاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1957 - يىلى ئوڭچىللارغا قارشى كۈرەشتە ئادۋوكات ئاقلاش تۈزۈمى تەنقىد قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىرىنىڭ ئاقلاش ھوقۇقى بىكار قىلىندى. ج ك پ. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاقلاش تۈزۈمى ئاندىن تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوندا دەسلەپكى سوت قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئاقلاشقا 2643 ئادەم قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاقلىغۇچى بولغان ئادۋوكات 2190 بولۇپ، ئاقلىغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 82.86%نى ئىگىلىدى.

**(5) زاسېداتېللىق تۈزۈمى**   زاسېداتېللىق تۈزۈمى — دۆلەتنىڭ سوت ئورگانلىرى ئاممىنى دېلو سوت قىلىشقا قاتناشتۇرىدىغان تۈزۈم. قانۇندا خەلق زاسېداتېللىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋەزىپە ئىجرا قىلغان مەزگىلدە ئۆزى قاتناشقان سوتنىڭ تەركىبىدىكى خادىم ھېسابلىنىپ، سوتچىلار بىلەن ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. خەلق زاسېداتېللىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت پائالىيىتىنى بىۋاسىتە ئاممىنىڭ نازارىتى ۋە قوللىشىغا ئىگە قىلىپ، توغرا ھۆكۈم چىقىرىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە خەلق زاسېداتېللىرى ئارقىلىق ئاممىغا قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

1956 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى «ئومۇمىي سايلامغا بىرلەشتۈرۈپ، خەلق زاسېداتېللىرىنى سايلاپ چىقىش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقىرىپ، خەلق زاسېداتېللىرىنىڭ شەرتىنى بەلگىلىدى. يوليورۇقتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نىڭ 35 - ماددىسىدىكى «سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى بولغان، 23 ياشقا توشقان پۇقرالار خەلق زاسېداتېللىقىغا سايلانسا بولىدۇ، لېكىن سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار بۇنىڭ سىرتىدا» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن سايلاپ چىقىلىدۇ ھەمدە سىياسىي جەھەتتە تەرەققىيپەرۋەر، خەلق ئۈچۈن ئادىل ئىش قىلىدىغان، ئىستىلى دۇرۇس، مەيدانى مۇستەھكەم، ئامما بىلەن ئالاقىلىشالايدىغان، مۇئەييەن خىزمەت ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرنى سايلاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. زاسېداتېللارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ۋاقىتىنچە ئىككى يىل بولىدۇ. سوت مەھكىمىسىگە كېلىپ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى پرىنسىپ جەھەتتە 14 كۈندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر دېلو سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلمىغان بولسا، ئەھۋالغا قاراپ ۋاقىتنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ. شۇ يىلى 71 ناھىيە، شەھەردە 6164

زاسېداتېل بار بولدى، ئادەتتە قەرەللىك تۈردە نۆۋەت بىلەن زاسېداتېللىق قىلىش ئاساس قىلىندى، ئۇنىڭغا ۋاقىتلىق زاسېداتېل تەكلىپ قىلىش ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى، پىچان، خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى ئاساسى بىر قەدەر ياخشى بولغان سوت مەھكىمىلىرى قانۇن بويىچە زاسېداتېل قاتناشمىسىمۇ بولىدىغان دېلولاردىن باشقىلىرىغا زاسېداتېل قاتناشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ 1978 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى «خەلق سوت مەھكىمىلىرى زاسېداتېللىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»ىدا زاسېداتېل بولىدىغان ئاما ۋەكىللىرى سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلسىمۇ، ۋاقىتلىق تەكلىپ قىلىنسىمۇ بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى. 1985 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلغان جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ، ئىقتىسادىي دېلولاردىن 2606 سىگە خەلق زاسېداتېللىرى قاتناشتى.

(6) **كېڭىشىش تۈزۈمى** خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: خەلق سوت مەھكىمىلىرى دېلو سوت قىلىشتا كېڭىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوت دېلوسىنى بىوت قىلىشتا ئاددىي ھەق تەلەپ دېلولىرى، ئىقتىسادىي دېلولار، يېنىك جىنايى ئىشلار دېلولىرى ۋە قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەن دېلولاردىن باشقىلىرىنى سوتچىلاردىن كېڭەشمە سوت ئۇيۇشتۇرۇپ ياكى سوتچىلار ۋە خەلق زاسېداتېللىرىدىن كېڭەشمە سوت ئۇيۇشتۇرۇپ سوت قىلىدۇ؛ خەلق سوت مەھكىمىلىرى نارازىلىق ئەرز ۋە ئېتىراز دېلولىرىنى سوتچىلاردىن كېڭەشمە سوت ئۇيۇشتۇرۇپ سوت قىلىدۇ. كېڭەشمە سوت دېلو باھالىغاندا پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلسە، ئاز سانلىق كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىگە بويسۇنۇش پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈلىدۇ، ئەمما ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ پىكرى خاتىرىلەپ قويۇلۇشى كېرەك.

كېڭەشمە سوت سوت خىزمىتى داۋامىدا دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان تەشكىلىي شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى دېلوغا ئورتاق مەسئۇل بولىدۇ. كېڭىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا دېموكراتىيىنى، كوللېكتىپنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز بېشىمچىلىق، سۇبيېكتىپ بىر تەرەپلىمىلىك، ساختىپەزلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، دېلو بېجىرىش سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. كېڭەشمە سوت چوڭ ياكى چىگىش دېلولارنى سوت قىلغاندا مەھكىمە باشلىقى زۆرۈر دەپ قارىسا، سوت ھەيئىتىنىڭ قارار قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ، سوت ھەيئىتىنىڭ قارارىنى كېڭەشمە سوت قەتئىي ئىجرا قىلىشى كېرەك. 1985 - يىلى شىنجاڭدا سوت قىلىنغان جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرى، ئىقتىسادىي دېلولاردىن 9699 ىدا سوتچىلار ياكى سوتچىلار بىلەن زاسېداتېللاردىن كېڭەشمە سوت ئۇيۇشتۇرۇلۇپ كېڭىشىش ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار دېلوسى 4085، ھەق تەلەپ دېلوسى 4311، ئىقتىسادىي دېلو 1303.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت دەرىجىسى تۈزۈمى، قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىش تۈزۈمى، ئوچۇق سوت قىلىش تۈزۈمى، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە تەكشۈرۈش، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە سوت قىلىش، سەييارە سوت قىلىش تۈزۈمى، خەلق زاسېداتېللىق تۈزۈمى، كېڭىشىش تۈزۈمى، ئاقلاش تۈزۈمى قاتارلىق سوت تۈزۈملىرىنى پەيدىنپەي تۇرغۇزدى شۇنداقلا قانۇن - ئىنتىزام تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، بۇ تۈزۈملەرنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. بۇ تۈزۈملەر خەلق ئەدلىيىسى خىزمىتىنىڭ خەلقنى كۆزلەش، خەلققە تايىنىشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دېلولارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلدى.

# 2 § . جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى

## 1. جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى

1954 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»دا جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھەققىدە پرىنسىپال بەلگىلىمە چىقىرىلغان بولسىمۇ، جايلارنىڭ ئىجراسىدا بەزى قالايمىقانچىلىقلار ساقلاندى. 1958 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «شىنجاڭدىكى يۇقىرى، ئوتتۇرا، ئاساسىي قاتلامدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە»نى تۈزۈپ چىقىپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىن خەتىرى، خەۋپى زور، تەسىر دائىرىسى كەڭ، ئەھۋالى مۇرەككەپ، چېگىش بولغان ياكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارغا ياكى تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسىدىكى تەپتىش، سوتچىلاردىن يۇقىرى كادىرلارغا چېتىلىدىغان جىنايەت دېلولىرىنى ئوتتۇرا - يۇقىرى سوت مەھكىمىلىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان بەش تۈرلۈك دېلونىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىگە قاراپ 1 - سوتتا بىر تەرەپ قىلىدۇ، باشقىلىرىنى ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى بىر تەرەپ قىلىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. شۇ يىلى يەنە ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، يۇقىرىقى ۋاقىتلىق چارىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ «جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى باشقۇرۇش تەۋەلىكىنى ۋاقىتلىق ئايرىش توغرىسىدا قارار» تۈزۈلدى. رايون تەۋەلىكىنى بېكىتىش پرىنسىپ جەھەتتە، جىنايەت سادىر بولغان جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغاندىن سىرت، دېلونىڭ خاراكتېرى، خەۋپلىك دەرىجىسى، تەسىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە جىنايەتچىنىڭ سالاھىيىتىگە قاراپ، دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى بېكىتىلدى.

1979 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا «جىنايى ئىشلار قانۇنى» ، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ماقۇللاندى، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى ئۈستىدە «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»دا بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى جەھەتتە، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»دا 1 - سوت ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ، لېكىن دەۋا قانۇنىغا بىنائەن، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدىغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا؛ ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولار ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى ھەمدە چەت ئەللىكلەرنىڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرى ياكى جۇڭگو پۇقرالىرى چەت ئەللىكلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ؛ ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى چوڭ - چوڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى. جايلار بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى جەھەتتە، جىنايى ئىشلار دېلولىرى پىرىنسىپ جەھەتتە دېلو سادىر بولغان جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدى. شىنجاڭدا جىنايى ئىشلار دېلولىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان باشقۇرۇش تەۋەلىكى بويىچە قوبۇل قىلىندى، لېكىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولغان قارامايى شەھىرىدە 1980 - يىل 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇق

بېرىشى بىلەن، قاراماي شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى 1 - سوت جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى بويىچە قوبۇل قىلدى.

1982 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، شەخسىي ئېرىشكەن پايدىسى 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغان خىيانەتچىلىك، ھايانكەشلىك، ئالدامچىلىق دېلولىرى، 5000 يۈەندىن يۇقىرى بولغان پارىخورلۇق دېلولىرى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، پەرزەنتلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جىنايەت دېلولىرى چوڭ، مۇھىم دېلو دەپ قارىلىپ، ئۇلار ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن 1 - سوت قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلىدى.

## 2. 1 - سوت تەرتىپى

1) 1 - سوت تەرتىپىنىڭ ۋەزىپىسى    يېڭى جۇڭگونىڭ جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى 1 - سوت تەرتىپىنىڭ مەزمۇنى ۋە ۋەزىپىسى: ئەيىبلىگۈچى ياكى بىۋاسىتە دەۋا قىلغۇچىلار، داۋالاشقۇچىلار ياكى باشقا دەۋا ئىشتىراكچىلىرىنىڭ قاتنىشىشى ئاستىدا ئەيىبلەنگەن ياكى بىۋاسىتە دەۋا قىلىنغان دېلولارنىڭ پاكىتى ۋە دەلىل - ئىسپاتىنى سوتتا تەكشۈرۈپ ۋە مۇنازىرە قىلىپ، دېلو پاكىتىنى ئېنىقلاپ ھەمدە ئالاقىدار قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، جاۋابكارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن - ئۆتكۈزمىگەنلىكى، نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى، جىنايى جازا ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىك ياكى تېگىشلىك ئەمەسلىكى ھەمدە قانداق جازا ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، جىنايەتچىلەرگە تېگىشلىك جازا بېرىش، جىنايىتى يوقلارنىڭ جىنايى جازاغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلىش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

2) سوتنىڭ تەشكىللىنىشى    «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ۋە «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دېلو سوت قىلىش تەشكىلىي شەكلى كېڭەشش تۈزۈمى ۋە يەككە سوت قىلىش تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل. بۇ ئىككى خىل تەشكىلىي شەكىلنىڭ پەرقى: كېڭەشمە سوتنىڭ تەشكىللىنىشى بىلەن پائالىيىتىدە ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش پرىنسىپى ئاساس قىلىنىدۇ. دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ كوللېكتىپ دېلو بېجىرىلىپ، سوت نەتىجىسىگە كوللېكتىپ مەسئۇل بولىدۇ؛ يەككە سوت قىلىشتا سوتچى يالغۇز ئۆزى رەسمىي سوت قىلىدۇ. «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، يەككە سوت قىلىنىدىغان دېلولار ئادەتتە ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلغان بىۋاسىتە دەۋا قىلىنغان دېلولار ۋە باشقا يېنىك جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسىنى خالىغانچە كېڭەيتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

سوت خىزمىتىگە بولغان كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى يەنە سوت ھەيئىتى قۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى: سوت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش، چوڭ، چىگىش دېلولار ۋە سوت خىزمىتىگە ئالاقىدار باشقا مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. سوت ھەيئىتى دېلو مۇزاكىرە قىلغاندا كېڭەشمە سوتنىڭ دېلونى قاراپ چىقىش ۋە باھالاش نەتىجىسى ھەققىدىكى ئىزاھاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە كېڭەشمە سوتنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئويلاشتى، مۇزاكىرە جەريانىدا دېموكراتىيە مەركەزلەش-

تۈزۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئوخشاش بولمىغان پىكىرگە دۇچ كەلگەندە ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا بويسۇنۇش پرىنسىپى بويىچە قارار چىقاردى. سوت ھەيئىتىنىڭ قارارىنى كېڭەشمە سوت جەزمەن ئىجرا قىلدى.

3) دېلونى قاراپ چىقىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق    خەلق سوت مەھكىمىلىرى دېلونى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، دەرھال تەكشۈرۈپ، جىنايەت پاكىتى ئېنىق، دەلىل ئىسپاتى تولۇق بولغانلىرىنى رەسمىي سوت قىلىشنى قارار قىلدى؛ ئاساسلىق پاكىتى ئېنىق بولمىغان، دەلىل - ئىسپاتى تولۇق بولمىغانلىرىنى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تولۇقلاپ تەھقىقلىشىگە قايتۇردى؛ جازا ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغانلىرىدا، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەيىبلەشتىن كېچىشىنى تەلەپ قىلدى.

خەلق سوت مەھكىمىلىرى رەسمىي سوت قىلىشنى قارار قىلغان دېلولاردا، سوت ئېچىشتىن ئىلگىرى كېڭەشمە سوت ئەزالىرىنى بېكىتتى؛ خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەيىبنامىسىنىڭ كۆچۈرمىسى كېچىككەندە يەتتە كۈن ئىلگىرى جاۋابكارغا يەتكۈزۈپ بېرىلىپ، جاۋابكارنىڭ ئاقلىغۇچىغا ھاۋالە قىلسا بولىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇپ قويۇلدى ياكى زۆرۈر تېپىلغاندا جاۋابكارغا ئاقلىغۇچى بەلگىلەپ بېرىلدى؛ سوت ئېچىش ۋاقتى، ئورنى سوت ئېچىشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۇقتۇرۇلدى؛ دەۋالاشقۇچىلار چاقىرتىلدى، ئاقلىغۇچى، گۇۋاھچى، باھالىغۇچى ۋە تەرجىمانغا ئۇقتۇرۇش قىلىندى، چاقىرىق قەغىزى ۋە ئۇقتۇرۇشنامە كېچىككەندە ئۈچ كۈن ئىلگىرى يەتكۈزۈلدى؛ ئوچۇق سوت قىلىنىدىغان دېلولاردا ئالدى بىلەن دېلو مەزمۇنى، جاۋابكارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، سوت ئېچىش ۋاقتى ۋە ئورنى ئېلان قىلىندى.

4) سوتتا قاراپ چىقىش    سوتتا قاراپ چىقىش داۋامىدا باش سوتچى سوت پائالىيىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. ئەيىبلىگۈچى، دەۋالاشقۇچىلار ۋە باشقا دەۋا ئىشتىراكچىلىرىنىڭ بارلىق پائالىيىتى، جۈملىدىن سۆز قىلىش، سوئال قويۇش، سوراش، بايان قىلىش ۋە مۇنازىرىلىشىش قاتارلىقلاردا باش سوتچىنىڭ رۇخسىتى ئېلىنىدى. باش سوتچى نۆۋەتچى خادىملار، قانۇن ساقچىلىرىنىڭ سوتخانا تەرتىپىنى ساقلىشىغا قوماندانلىق قىلدى. «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، سوتتا قاراپ چىقىش تەرتىپى: سوت ئېچىش، سوتتا تەكشۈرۈش، سوت مۇنازىرىسى، جاۋابكار ئەڭ ئاخىرى سۆز بايان قىلىش، باھالاش ۋە ھۆكۈم ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت بەش باسقۇچقا ئايرىلدى. دېلو ئاشكارا قاراپ چىقىلغان ياكى يوشۇرۇن قاراپ چىقىلغان بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھۆكۈم بىردەك ئاشكارە جاكارلاندى. جاۋابكار ئەگەر ھۆكۈمگە قايىل بولمىسا، نارازىلىق ئەرز بېرىش سورۇكى ئىچىدە نارازىلىق ئەرز بېرىشكە ھوقۇقلۇق بولدى.

«قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ نارازىلىق ئەرز بېرىش سورۇكى قاتارلىقلاردا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يېڭى بەلگىلىمە چىقاردى. 1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى جەمئىيەت تەرتىپىگە ئېغىر دەرىجىدە خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنى تېز سوت قىلىش تەرتىپى توغرىسىدا مۇنداق قارار چىقاردى: (1) قاتىللىق، باسقۇنچىلىق، ئوغرىلىق، پارتلىتىش جىنايىتى ۋە جامائەت ئامانلىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزىدىغان باشقا جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلەردىن ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك بولغان جىنايەتچىلەرنى ئاساسلىق پاكىتى ئېنىق، دەلىل - ئىسپاتى تولۇق، ئاممىنىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولسا، تېزدىن ۋاقتىدا سوت قىلىش كېرەك. جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 110 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن ئەيىبنامىنىڭ كۆچۈرمىسىنى جاۋابكارغا يەتكۈزۈپ بېرىش سورۇكى ۋە چاقىرىق قەغىزى - ئۇقتۇرۇشنامىنى

يەتكۈزۈش سۈرۈكىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ؛ (2) يۇقىرىقى ماددىدا ئېيتىلغان جىنايەتچىلەرنىڭ نارازىلىق ئەرز بېرىش سۈرۈكى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈش سۈرۈكى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 131 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن 10 كۈندىن ئۈچ كۈنگە ئۆزگەرتىلدى.

## 3. ئىككىنچى سوت تەرتىپى

1) 2 - سوت تەرتىپىنىڭ ۋەزىپىسى     2 - سوت تەرتىپىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى 1 - سوت قىلغان سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم - كېسىمىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ھۆكۈم-كېسىملەردىن توغرىلىرىنى كۈچكە ئىگە قىلىپ، خاتالىرىنى تۈزىتىپ، جىنايەتچىلەرنى تېگىشلىك جازالاش، گۇناھسىز كىشىلەرنى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتماسلىق، خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلغان دېلولاردا «خاتالىق بولماسلىق، چۈشۈرۈپ قويماسلىق، قانۇننى بۇزماسلىق، ئۆز مەيلىچە ئىش قىلماسلىق» قا كاپالەتلىك قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە 2 - سوت قىلىش ئارقىلىق، تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

2) نارازىلىق ئەرز بېرىش - ئېتىراز بىلدۈرۈش     «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، جىنايى ئىشلار دەۋاسى داۋامىدا نارازىلىق ئەرز بېرىشكە بولىدىغان كىشىلەر بىۋاسىتە ئەرز بەرگۈچى، جاۋابكار ياكى ئۇنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋاكالەتچىسى شۇنداقلا جاۋابكارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغان جاۋابكارنىڭ ئاقلىغۇچىسى ۋە يېقىن تۇغقىنى، قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى دەۋالاشقۇچى ۋە ئۇنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋاكالەتچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار 1 - سوتنىڭ ھۆكۈم كېسىمىدىكى قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋا قىسمى ئۈستىدە نارازىلىق ئەرز بەرسە بولىدۇ، لېكىن ئۇ جىنايى ئىشلار قىسمى ئۈستىدىكى ھۆكۈمنىڭ قانۇنىي كۈچىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەڭ دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1 - سوت ھۆكۈم-كېسىمىدە ھەقىقەتەن خاتالىق بار دەپ قارىسا، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ھوقۇقلۇق. 1 - سوتنىڭ كۈچكە ئىگە بولمىغان ھۆكۈم - كېسىمى ئۈستىدە قانۇندا بەلگىلەنگەن نارازىلىق ئەرز بېرىش سۈرۈكى ئىچىدە نارازىلىق ئەرز بېرىش، ئېتىراز بىلدۈرۈش كېرەك. ھۆكۈمگە قايىل بولماسلىقتىكى نارازىلىق ئەرز بېرىش، ئېتىراز بىلدۈرۈش سۈرۈكى 10 كۈن بولىدۇ. كېسىمگە قايىل بولماسلىقتىكى نارازىلىق ئەرز بېرىش، ئېتىراز بىلدۈرۈش سۈرۈكى 5 كۈن بولىدۇ. سۈرۈك ھۆكۈمنامە ۋە كېسىمنامىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ.

3) 2 - سوتتا سوت قىلىش     خەلق سوت مەھكىمىلىرى نارازىلىق ئەرز بېرىلگەن ياكى ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن دېلونى قاراپ چىققاندا سوتچىلاردىن كېڭەشمە سوت تەشكىللەپ، دېلونى ئومۇميۈزلۈك قاراپ چىقىدۇ. 2 - سوتنىڭ سوت قىلىش ئۇسۇلى جايلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ۋە نارازىلىق ئەرز ياكى ئېتىرازنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكىچە بىر نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ:

(1) 1 - سوتنىڭ دېلو ماتېرىيالىغىلا ئاساسەن قاراپ چىقىپ، دەۋالاشقۇچىلار، گۇۋاھچىلار ۋە باھالىغۇچىنى سوتقا چاقىرماسلىق، سوتتا تەكشۈرۈش، سوت مۇنازىرىسى ئېلىپ بارماسلىق.

(2) جاۋابكارنى ئالدۇرۇپ سوت قىلىپ، شۇ جايغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، پاكىتنى ئايدىڭلاش-

تۈزۈغان، دەلىل - ئىسپاتنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن كېيىن، كېڭەشمە سوت باھالاپ، كېسىم قارارى چىقىرىش.

(3) دەۋالاشقۇچىلار ۋە باشقا دەۋا ئىشتىراكچىلىرىنى سوتقا چاقىرتىپ سوت ئېچىپ قاراپ چىقىش، نارازىلىق ئەرز بېرىلگەن ياكى ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن دېلولارنى سوت قىلغاندىن كېيىن، كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىر تەرەپ قىلىش:

1. ئەسلى ھۆكۈمدىكى پاكىت ئېنىق، دەلىل ئىسپات تولۇق، ئۆلچەنگەن جازا مۇۋاپىق، خاراكتېرىنىڭ بېكىتىلىشى توغرا، تەرتىپى قانۇنلۇق بولسا، كېسىم چىقىرىپ، نارازىلىق ئەرز ياكى ئېتىرازنى رەت قىلىپ، ئەسلى ھۆكۈمنى كۈچكە ئىگە قىلىش.

2. ئەسلى ھۆكۈمدە پاكىت ئېنىق، دەلىل - ئىسپات تولۇق بولسىمۇ، قانۇننى تەتبىقلاش جەھەتتە خاتالىق بولسا ياكى ئۆلچەنگەن جازا مۇۋاپىق بولمىسا، ئەسلى ھۆكۈمنى كۈچتىن قالدۇرۇپ، قايتىدىن ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىش ھەمدە ھۆكۈمگە ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىش ئاساسىنى ئېنىق ئىزاھلاپ قويۇش. شىخەنزە رايونلۇق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جياڭ ئەيجىنىنىڭ قاتىللىق دېلوسىنى سوت قىلىپ، 1 - سوتتا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلغانىدى. جياڭ ئەيجىن قايىل بولماي نارازىلىق ئەرز بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى 2 - سوتتا قاراپ چىقىپ، 1 - سوتتا ئۆلچەنگەن جازا مۇۋاپىق بولمىغان دەپ قاراپ، ئەسلى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىپ مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن 5 يىل مەھرۇم قىلدى.

3. ئەسلى ھۆكۈمدىكى پاكىت ۋە ئەھۋاللار ئېنىق بولمىسا، ئاساسلىق جىنايەت پاكىتى تولۇق بولمىسا، يېڭى جىنايەت پاكىتى ياكى يېڭى جىنايەتچى سېزىلسە ۋە ياكى ئەسلى ھۆكۈمدە بېكىتىلگەن مۇھىم دەلىل - ئىسپاتلار تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەن بولسا، 2 - سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسى پاكىتنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىپ ياكى كېسىم ئارقىلىق ئەسلى ھۆكۈمنى بىكار قىلىپ، قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرۇش.

2 - سوت قىلغان سوت مەھكىمىسى ناۋادا 1 - سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسى دەۋا تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن توغرا ھۆكۈم چىقىرىشقا تەسىر يېتىش ئېھتىمالى بارلىقىنى بايقىسا، ئەسلى ھۆكۈمنى بىكار قىلىپ، ئەسلى سوت مەھكىمىسىنىڭ قايتا سوت قىلىشىغا قايتۇرۇش.

2 - سوتنىڭ ھۆكۈمى ۋە كېسىمى ئاخىرقى سوتنىڭ ھۆكۈم - كېسىمى بولۇپ، دەرھال قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

(4) نارازىلىق ئەرز بەرگەنلەرگە جازا قوشماسلىق. 2 - سوت قىلغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى جاۋابكار تەرەپ نارازىلىق ئەرز بەرگەن دېلونى سوت قىلغاندا جاۋابكارنىڭ جىنايى جازاسىنى ئېغىرلىتىشقا بولمايدۇ. خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئېتىراز بىلدۈرگەن دېلولار ياكى بىۋاستە دەۋا قىلغۇچى نارازىلىق ئەرز بەرگەن دېلولاردا 2 - سوت قىلغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى «نارازىلىق ئەرز بەرسە جازا قوشماسلىق» پرىنسىپىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ئەگەر ئەسلى ھۆكۈم ھەقىقەتەن يېنىك بولۇپ قالغان بولسا، 2 - سوت قىلغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىپ، جاۋابكارنىڭ جىنايى جازاسىنى ئېغىرلاتسا بولىدۇ.

(5) 2 - سوت دېلولىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى. 1951 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭدا 2 - سوت دېلوسىدىن 18 مىڭ 296سى قوبۇل قىلىنىپ، 17 مىڭ 953ى ئاياغلاشتۇرۇلدى. ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولارنىڭ كۆپ قىسمىدا ئەسلى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە قىلىندى، ئاز بىر

قىسمىنىڭ ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلدى، پاكىت ئېنىق بولمىغان، دەلىل - ئىسپات تولۇق بولمىغان ياكى دەۋا تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلىنغانلىقتىن قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرۇلغىنى 1915 ، باشقىچە بىر تەرەپ قىلىنغىنى 387 بولدى. 2 - سوتتا ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگەن جاۋابكارلاردىن جىنايى جازاسى ئېغىرلىتىلغىنى 1000، جىنايى جازاسى يېنىكلىتىلگىنى 3400، جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى 307، گۇناھسىزى 493، باشقىلىرى 32 بولدى.

50 - يىللاردا 2 - سوت دېلولىرى 1954 - يىلدىن باشلاپ، ئاساسەن يىلدىن - يىلغا كۆپىيىش ھالىتىدە بولدى. 1958 - يىلى قوبۇل قىلىنغان 2 - سوت دېلوسى 1488، ئاياغلاشتۇرۇلغىنى 1368 بولۇپ، 50 - يىللاردا ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى.

1960 - يىلدىن باشلاپ، دېلو سانى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلىدى.

1951 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە 2 - سوت دېلوسىدىن 5332سى قوبۇل قىلىنىپ، 5062سى ئاياغلاشتۇرۇلدى، كونكرېت سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

### 1951 — 1960 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە جىنايى ئىشلار 2 - سوت دېلولىرىنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 2

| قوبۇل قىلىش، ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالى / يىل | يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | دېلو ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالى: ئەسلى ھۆكۈم كۈچىگە ئىگە قىلىنغىنى (ئادەم) | ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگىنى (ئادەم) | بۇنىڭ ئىچىدە: جازاسى ئېغىرلىتىلغىنى (ئادەم) | جازاسى يېنىكلىتىلگىنى (ئادەم) | جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى (ئادەم) | گۇناھسىزلىرى (ئادەم) | قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرۇلغىنى: پاكىتى، دەلىل - ئىسپاتى تولۇق بولمىغىنى | دەۋا تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلىنغىنى | جەمئىي | ئەرزدىن ياكى دەۋادىن كەچكىنى | باشقىلار (پارچە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1951 | 275 | 209 | 132 | 44 | 20 | 21 | | 3 | | | 12 | | 59 |
| 1952 | 190 | 192 | | | | | | | | | | | |
| 1953 | 123 | 131 | 78 | 42 | 8 | 34 | | | | | 11 | | |
| 1954 | 291 | 253 | 196 | 72 | 32 | 26 | | 14 | | | 15 | | |
| 1955 | 463 | 415 | 290 | 141 | 28 | 95 | | 18 | | | 38 | | |
| 1956 | 654 | 668 | 293 | 270 | 11 | 212 | | 47 | | | 171 | | |
| 1957 | 761 | 696 | 431 | 224 | 29 | 134 | 36 | 25 | | | 179 | | |
| 1958 | 1488 | 1368 | 1163 | 265 | 126 | 119 | 9 | 11 | | | 80 | | |
| 1959 | 807 | 880 | 675 | 256 | 53 | 174 | | 29 | | | 64 | | |
| 1960 | 280 | 250 | 184 | 48 | 10 | 34 | | 4 | | | 27 | | 11 |
| جەمئىي | 5332 | 5062 | 3442 | 1362 | 317 | 849 | 45 | 151 | | | 597 | | 70 |

ئىزاھ: 1952 - يىلى ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو 192 بولۇپ، ئەسلى مەلۇمات جەدۋىلىدە كونكرېت بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسى بېرىلمىگەن.

1961 — 1965 - يىلغىچە 2 - سوت دېلوسىدىن 1697سى قوبۇل قىلىنىپ، 1679ى ئاياغلاشتۇرۇلدى، دېلو ئاز قوبۇل قىلىنغان يىللىرى 200 نەچچە، كۆپ قوبۇل قىلىنغان يىللىرى 400 نەچچە بولۇپ، 1963 - يىلى 491گە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە سوت

ئاپپاراتلىرى بىر مەھەل پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن 2 ـ سوت دېلولىرى ناھايىتى ئاز بولدى. 1961 — 1965 ـ يىلغىچە قوبۇل قىلىنغان 2 ـ سوت دېلولىرىنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

## 1961 — 1965 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە 2 ـ سوت دېلولىرىنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 3

| قوبۇل قىلىش، ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالى / يىل | يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | دېلو ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالى: ئەسلى ھۆكۈم كۈچىگە ئىگە قىلىنغىنى (ئادەم) | ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىلگىنى (ئادەم) | بۇنىڭ ئىچىدە: جازاسى ئېغىرلىتىلغىنى (ئادەم) | جازاسى يېنىكلىتىلگىنى (ئادەم) | جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى (ئادەم) | گۇناھسىزلار (ئادەم) | باشقىلار | قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرۇلغىنى: جەمئىي | دەۋا ئەرزىنىڭ سىلاپلىق قىلىنغىنى | پاكىتى ياكى دەلىل ـ ئىسپاتى تولۇق بولمىغىنى | ئېتىراز ياكى دەۋادىن كەچكىنى | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1961 | 273 | 227 | 113 | 85 | 18 | 57 | | 10 | | 19 | | | | 10 |
| 1962 | 389 | 354 | 229 | 107 | 21 | 67 | | 19 | | 30 | | | | 19 |
| 1963 | 491 | 532 | 438 | 136 | 31 | 95 | | 10 | | 36 | | | | 26 |
| 1964 | 271 | 294 | 227 | 78 | 29 | 44 | | 3 | 2 | 24 | | | | 11 |
| 1965 | 273 | 272 | 201 | 83 | 32 | 46 | | 1 | 4 | 14 | | | | 10 |
| جەمئىي | 1697 | 1679 | 1208 | 489 | 131 | 309 | | 43 | 6 | 123 | | | | 76 |

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن 2 ـ سوت دېلولىرى يىلدىن يىلغا كۆپەيدى. 1980 ـ يىلى 1167 دېلو يېڭىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكى 532دىن بىر ھەسسە كۆپەيدى. 1984 ـ يىلى 2265 دېلو يېڭىدىن قوبۇل قىلىنىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. 1976 — 1985 ـ يىلغىچە جەمئىي 10 مىڭ 792 دېلو قوبۇل قىلىنىپ (1975 ـ يىلدىكى قالدۇق دېلو بۇنىڭغا كىرگۈزۈلمىدى)، 10 مىڭ 798ى ئاياغلاشتۇرۇلدى.

## 1976 — 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە 2 ـ سوت دېلولىرىنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 4

| قوبۇل قىلىش، ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالى / يىل | يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | دېلو ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالى: ئەسلى ھۆكۈم كۈچىگە ئىگە قىلىنغىنى: ئادەم | پارچە | ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىلگىنى: ئادەم | پارچە | بۇنىڭ ئىچىدە: جازاسى ئېغىرلىتىلغىنى (ئادەم) | جازاسى يېنىكلىتىلگىنى (ئادەم) | جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى (ئادەم) | گۇناھسىزلىرى (ئادەم) | باشقىلار | قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرۇلغىنى: جەمئىي | دەۋا ئەرزىنىڭ سىلاپلىق قىلىنغىنى | پاكىتى ياكى دەلىل ـ ئىسپاتى تولۇق بولمىغىنى | ئېتىراز ياكى دەۋادىن كەچكىنى | باشقىلار (پارچە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1976 | 209 | 171 | 134 | كەم | 20 | 24 | 10 | 13 | 1 | | | 5 | | 5 | | 12 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1977 | 251 | 226 | 166 | كەم | 34 | 32 | 15 | 9 | 5 | 3 | | 10 | | 10 | | 16 |
| 1978 | 272 | 237 | 152 | كەم | 54 | 46 | 4 | 17 | 9 | 16 | | 14 | | 14 | | 17 |
| 1979 | 532 | 539 | 263 | كەم | 206 | 179 | 11 | 98 | 30 | 40 | | 47 | | 47 | | 23 |
| 1980 | 1167 | 1111 | 697 | كەم | 280 | 323 | 56 | 180 | 47 | 40 | | 111 | | 111 | | 23 |
| 1981 | 1278 | 1316 | 832 | كەم | 293 | 391 | 112 | 217 | 20 | 42 | | 153 | | 153 | | 38 |
| 1982 | 1344 | 1380 | 805 | كەم | 369 | 475 | 99 | 342 | 28 | 36 | | 160 | | 160 | | 46 |
| 1983 | 2132 | 2047 | 1271 | كەم | 420 | 519 | 122 | 342 | 28 | 27 | | 229 | 24 | 253 | 89 | 14 |
| 1984 | 2265 | 2428 | 1410 | 2737 | 580 | 1025 | 55 | 833 | 68 | 69 | | 264 | 26 | 290 | 141 | 7 |
| 1985 | 1342 | 1343 | 908 | 1327 | 225 | 320 | 51 | 201 | 21 | 21 | 26 | 123 | 12 | 135 | 58 | 17 |
| جەمئىي | 10792 | 10798 | 6638 | | 2481 | 3334 | 535 | 2222 | 257 | 294 | 26 | 1116 | 62 | 1178 | 288 | 213 |

ئىزاھ: ئەسلىدىكى مەلۇمات جەدۋىلىنىڭ ئەسلى مۆكۆمىتى كۆچكە ئىگە قىلىش تۈرىدە، دېلو سانىلا بېرىلىپ، ئادەم سانى بېرىلمىگەن؛ مۆكۆمى ئۆزگەرتىلگەنلەرنىڭ سانىدا 1976 — 1979 - يىلغىچە ۋە 1981 - يىلىنىڭ ئەسلى مەلۇمات جەدۋىلىدىكى ئادەم سانى دېلو سانىدىن ئاز بولۇپ قالغان، بۇ يەردە ئۆزگەرتىلمىدى.

## 4. ئۆلۈم جازاسىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىش تەرتىپى

### 1) ئۆلۈم جازاسىنى قاتتىق تىزگىنلەش

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر غالجىرلىشىپ كەتتى، خەلق سوت مەھكىمىلىرى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ سىياسىتى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنىغا بىنائەن، ھەققانىيەتنى تەشەببۇس قىلىپ، خەلقنىڭ غەزىپىنى پەسەيتىپ، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، باندىت، زومىگەر، جاسۇس قاتارلىق جىنايەتنى چېكىدىن ئاشقان بىر تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئاتتى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى ئارقىلىق، ئەكسىلئىنقىلابچىلار زور دەرىجىدە ئازايدى، لېكىن تامامەن تازىلىنىپ بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى يېڭى ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلاردىن پەۋقۇلئاددە ئېغىر جىنايىتى بار ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارغا يەنىلا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەمئىيەتتە يەنە قاتىللىق، ئوت قويۇش، باسقۇنچىلىق، بۇلاڭچىلىق، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق قاتارلىق ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەر كۆرۈلۈپ تۇردى، ئۇلاردىن جىنايىتى ئالاھىدە ئېغىر بولغانلىرىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمىسە، جىنايەتچىلەرنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۆلۈم جازاسى تۈزۈمى دۆلىتىمىزدە ئۇزۇن مەزگىل دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىشتىكى مۇھىم قورال قىلىندى.

ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلماسلىق، لېكىن ئاز ئۆلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، ئۆلۈم جازاسىنى قاتتىق كونترول قىلىش — يېڭى جۇڭگونىڭ ئىزچىل سىياسىتى. 1951 - يىل 5 - ئايدا تۆتىنچى قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەندە ماۋزېدۇڭ ۋاقتىدا «ئۆلتۈرسىمۇ، ئۆلتۈرمىسىمۇ بولىدىغانلارنى چوقۇم ئۆلتۈرۈمەسلىك كېرەك، ئۆلتۈرسەك خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىمىز» دەپ يوليورۇق بەردى. 1956 - يىل 4 - ئايدا ماۋزېدۇڭ «10 چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا» دا يەنە: «بۇنىڭدىن كېيىن جەمئىيەتتىكى ئەكسىلئىنقىلابچە-

لارنى باستۇرۇشتا ئاز تۇتۇش، ئاز ئۆلتۈرۈش كېرەك»، «ئورگانلار، مەكتەپلەر، قىسىملاردىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئېنىقلاشتا، يەنئەننىڭ يولىنى تۇتۇپ، بىرنىمۇ ئۆلتۈرمەسلىك، كۆپ قىسمىنى تۇتماسلىق كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. 1962 - يىل 1 - ئايدا ماۋزېدۇڭ مەركىزىي كومىتېتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا: تۇتمىساقمۇ، ئۆلتۈرمىسەكمۇ بولمايدۇ، لېكىن كۆپ تۇتۇش، كۆپ ئۆلتۈرۈشكە مۇتلەق بولمايدۇ. «تۇتسىمۇ، تۇتمىسىمۇ بولىدىغان، ئۆلتۈرسىمۇ، ئۆلتۈرمىسىمۇ بولىدىغانلارنى تۇتماسلىق، ئۆلتۈرمەسلىكتە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك» دەپ قايتا تەكىتلىدى. بۇ سىياسەتلەر 1979 - يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى»دا گەۋدىلەندۈرۈلدى. جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ئۆلۈم جازاسى جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان جىنايەتچىلەرگە تەتبىقلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. يەنە بۇ خىل جىنايەتچىلەردىن جىنايەت ئۆتكۈزگەن چاغدا 18 ياشقا توشمىغان ياكى سوت قىلغاندا ھامىلىدار ئاياللارغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جىنايىتى ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، دەرھال ئىجرا قىلىنمىسىمۇ بولىدىغانلارغا قارىتا، «ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىپ كېيىنكى ئىپادىسىگە قاراش» سىياسىتى ۋە قانۇن بەلگىلىمىسى يولغا قويۇلدى. ئۆلۈم جازاسىنى توغرا قوللىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېڭى جۇڭگونىڭ قانۇنىدا يەنە، ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى، قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە ئىجرا قىلىش تۈزۈمى بەلگىلەندى.

2) ئۆلۈم جازاسىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىش بەلگىلىمىسى     1950 - يىل 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، «ئۆلۈم جازاسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە، مەركەز تەكشۈرۈپ بېكىتىش چارىسىنى ئېنىق بەلگىلەشتىن ئىلگىرى، ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەئىسىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ ئىجرا قىلىش»نى تەلەپ قىلدى. 1951 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى پۈتۈن ئۆلكىدىكى ۋالىيلارغا تېلېگرامما ئارقىلىق ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئاز ساندىكى چوڭ - چوڭ ئەكسىلئىنقىلابچى جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشتە، ئىجرا قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆلكە رەئىسىگە تېلېگرامما ئارقىلىق يوللاپ تەستىقلىتىش كېرەك، باشقا ئەكسىلئىنقىلابچى جىنايەتچىلەردىن سوت مەھكىمىسى ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىرىنى ھوقۇق بېرىلگەن شۇ جاينىڭ ۋالىيسىغا تەستىقلىتىپ ئىجرا قىلغاندىن كېيىن يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش كېرەك دەپ كۆرسەتتى.

1953 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى «قاماق جازاسىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق»تا، ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىدا «سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نىڭ 11 - ماددىسىدىكى «ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى چىقارغان ئۆلۈم جازاسى ھەققىدىكى ئاخىرقى سوتنىڭ ھۆكۈمى ياكى كېسىمگە دەۋالاشقۇچىلار قايىل بولمىسا، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسى چىقارغان ئۆلۈم جازاسى دېلوسىنىڭ ھۆكۈمىگە ۋە ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى چىقارغان ئۆلۈم جازاسى دېلوسىنىڭ ھۆكۈم ۋە كېسىمىگە قارىتا، دەۋالاشقۇچىلار نارازىلىق ئەرز بەرمىسە، قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىشنىمۇ ئىلتىماس

قىلمىسا، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىش كېرەك» دېگەن بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىش كېرەك، لېكىن قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە يوللاشتا ئالدى بىلەن ھۆكۈم ئېلان قىلىش شەرت دەپ كۆرسىتىلدى.

1957 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق مەھكىمىلىرىگە «1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم قىلىش ياكى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇق»نى تارقىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، تەۋەلىكىدىكى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئۆلۈم جازاسى دېلوسى ئۈستىدە چىقارغان ھۆكۈمى ۋە ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۆلۈم جازاسى دېلوسى ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈم، كېسىمگە قارىتا، دەۋالاشقۇچىلار نارازىلىق ئەرز بەرمىسە، قايتا تەشكۈرۈپ بېكىتىشنىمۇ ئىلتىماس قىلمىسا، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللاشنى تەلەپ قىلدى.

1980 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»دىكى «ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ» دېگەن بەلگىلىمە ئىجرا قىلىندى.

1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە بىر قىسىم ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقىتىپ، جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان مەزگىلدە، جامائەت بىخەتەرلىكىگە ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى ۋاقتىدا قاتتىق جازالاش ئۈچۈن، جايلار ئەكسىلئىنقىلابىي دېلو ۋە خىيانەتچىلىك قاتارلىق ئېغىر ئىقتىسادىي دېلولار (جۇملىدىن پارە ئېلىش، ئەتكەسچىلىك دېلولىرى، ھايانكەشلىك دېلولىرى، زەھەر ئېلىپ سېتىش دېلولىرى، قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېكسپورت قىلىش دېلولىرى) دىن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلىرىنى يەنىلا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قايتا تەكشۈرۈپ قوشۇلغاندىن كېيىن، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىش كېرەك. قاتىللىق، باسقۇنچىلىق، بۇلاڭچىلىق، پارتلىتىش دېلولىرى ھەمدە جامائەت بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزگەن باشقا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك دېلولارنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قايتا تەكشۈرىدۇ ۋە تەستىقلايدۇ دەپ قارار قىلدى.

«جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۆلۈم جازاسى دېلولىرىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە ئۈچ سوتچىدىن تەركىب تاپقان كېڭەشمە سوت ئۆلۈم جازاسى دېلوسىنىڭ پاكىتى، دەلىل - ئىسپاتى، جىنايەت بېكىتىش ۋە جازا بېرىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئۆلۈم جازاسى دېلوسىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە، جاۋابكارنى ئالدۇرۇپ سوراق قىلىپ، پاكىت ۋە دەلىل - ئىسپاتلارنى نەقلەشتۈردى. سوتچى خادىملار قايتا تەكشۈرۈشكە يوللانغان ئۆلۈم جازاسى دېلوسىنىڭ پاكىتى، دەلىل-ئىسپاتى، جىنايەت بېكىتىش ۋە جازا بېرىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقتى. كېڭەشمە سوت بىجىرگۈچى خادىم ئوتتۇرىغا قويغان تەكشۈرۈش دوكلاتىغا

ئاساسەن، دېلونىڭ پاكىتى ئېنىق، دەلىل - ئىسپاتى تولۇق، ھەقىقىي، قانۇننىڭ تەتبىقلىنىشى توغرا، ئۆلچەنگەن جازا مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقىنى تەپسىلىي باھالاپ چىقتى ھەمدە كېڭەشمە سوتنىڭ بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەڭ ئاخىرىدا سوت ھەيئىتى مۇزاكىرە قىلىپ قارار چىقاردى.

ئۆلۈم جازاسى دېلوسى قايتا تەكشۈرۈپ چىقىلغاندىن كېيىن، دېلونىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئايرىم - ئايرىم بىر تەرەپ قىلىندى: ئەسلى ھۆكۈمدە بېكىتىلگەن پاكىت ۋە قانۇننىڭ تەتبىقلىنىشى توغرا، ئۆلچەنگەن جازا مۇۋاپىق بولسا، ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈمى كېسىم ئارقىلىق تەستىقلاندى ۋە مەھكىمە باشلىقى ئىمزا قويۇپ، ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. ئەسلىي ھۆكۈمدە بېكىتىلگەن پاكىت ئېنىق بولمىسا ياكى دەلىل - ئىسپات تولۇق بولمىسا، ئەسلى ھۆكۈم كېسىم ئارقىلىق بىكار قىلىنىپ، ئەسلى قاراپ چىققان خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قايتا سوت قىلىشىغا قايتۇرۇلدى، ئەسلى ھۆكۈمدە بېكىتىلگەن پاكىت توغرا بولسىمۇ، قانۇننى تەتبىقلاش جەھەتتە خاتالىق بولغان ياكى ئۆلچەنگەن جازا مۇۋاپىق بولمىغانلىرىدا، ئەسلى ھۆكۈم كېسىم ئارقىلىق بىكار قىلىنىپ، ئەسلى سوت قىلغان خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قايتا سوت قىلىشىغا قايتۇرۇلدى ياكى ھۆكۈم ئارقىلىق ئەسلى ھۆكۈم بىۋاسىتە ئۆزگەرتىلدى.

سوتچى خادىملار ئۆلۈم جازاسى دېلولىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشتا، ئىنتايىن ئېھتىياتچان ۋە مەسئۇلىيەتچان بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى خاۋ سۇڭنىڭ «باسقۇنچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش» دېلوسىنى قايتا تەكشۈرۈپ، بىر ناھەق ئۆلۈم جازاسى دېلوسىنى تۈزەتتى. جاۋابكار خاۋ سۇلىڭ، ئەر، 1959 - يىل 8 - ئايدا جياڭسۇدىن چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن ياش، قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى بىڭتۇەن سىياسىي كادىرلار مەكتىپىنىڭ كۇرسانتى ئىدى. 1959 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچتە بىڭتۇەن سىياسىي كادىرلار مەكتىپىنىڭ قىز ئوقۇغۇچىسى لى لىيەنفاڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىدۇ، 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بىر قاراڭغۇ كۆكتات گەمىسىدە ئۇنىڭ جەسىتى بايقىلىدۇ، نەق مەيداننى كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، باسقۇنچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى لى لىيەنفاڭ جياڭسۇدىن تۇنجى تۈركۈمدە چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن ياش بولۇپ، بۇ ئىش لى لىيەنفاڭ شىخەنزىگە كېلىپ ئەتىسى يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمى جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ زور دەرىجىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. ئەينى چاغدا ئالاقىدار تارماقلار بىر تۈركۈم كادىر ئاجرىتىپ، تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەيدۇ. مەكتەپنىڭ ئىستىل تۈزىتىش يىغىنىدا بەزىلەرنىڭ خاۋ سۇڭنىڭ تۇرمۇش ئىستىلى دۇرۇس ئەمەس، دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كەيپىياتى نورمالسىز، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىلەن تونۇشىدۇ، دېلو سادىر بولغان كېچىسى سىرتقا چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىدى، دېگەن گېپى بىلەن دېلو بېجىرگۈچى خادىملاردا قاتىل خاۋ سۇلىڭ ئىكەن دەيدىغان سۇبيېكتىپ بىر تەرەپلىمە قاراش پەيدا بولىدۇ. ئۇلار تەكشۈرۈش ۋە تەييارلىق سوراق داۋامىدا، خاۋ سۇڭنى قاتىل دەپ بېكىتىش ئۈچۈن دەلىل - ئىسپات ئىزدەيدۇ. تەييارلىق سوراقتا ئاتالمىش «تېرىسىنى قاتمۇ قات شۇلۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خاۋ سۇڭنىڭ ئىقرار سۆزىدىكى زىددىيەتلەرنى تۈزۈۋېلىپ، قىيىن - قىستاققا ئالىدۇ، يەنە ئالداپ ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئاغزىغا گەپ سېلىپ بېرىپ، ئېغىز ئىقرارىنى نەق مەيدان ئەھۋالىغا ياكى تەييارلىق سوراق قىلغۇچىلارنىڭ ئويلىغىنىغا ماس كەلتۈرىدۇ. خاۋ سۇلىڭ ئامالسىزلىقتىن، ئۆزى ئاڭلىغان بىر قاتار دېلو ئەھۋالىغا

ئاساسەن قاتىللىق ئىقرارىنى توقۇپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاتىل دەپ بېكىتىلىدۇ، بىڭتۇەن ھەربىي سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىدۇ ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە مەلۇم قىلىدۇ. بۇ دېلونى قايتا تەكشۈرۈش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ بېجىرگۈچىسى ۋۇ شياۋشيەن دېلو ماتېرىياللىنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە كۆرۈپ، ئەسلى ھۆكۈمدە خاۋ سۇڭخىنىڭ جىنايىتىنى بېكىتىشتىكى دەلىل - ئىسپاتلار يېتەرلىك ئەمەس، پاكىت مۇجمەل، جاۋابكار خاۋ سۇڭخىنىڭ ئىقرارى زىددىيەتلىك، تۇرۇپ ئېتىراپ قىلىپ، تۇرۇپ ئۇۋال بولدى دەپ نالە قىلغان، دېلو سادىر قىلىش ۋاقتىدىمۇ يوچۇق بار، ئېغىز ئىقرارىغا قاراپلا دېلونى بېكىتىشكە بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ۋۇ شياۋشيەن بۇ دېلو ئۈستىدە توققۇز تۈرلۈك گۇماننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاساسلىقى: 1) قاتىل نەق مەيداننى پىششىق بىلىدىغان ئادەم، ئۇ كۆكتات گەمىسىدە دېلو سادىر قىلسا ئاسان بايقالمايدۇ، دەپ قارىغان؛ 2) قاتىل ياش قىزغا باسقۇنچىلىق قىلغان، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تونۇپ قالغاچقا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن؛ 3) دېلو سادىر قىلىشقا يېتەرلىك ۋاقىت بولۇش كېرەك. ۋۇ شياۋشيەن مۇشۇ مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، خىلمۇ خىل قىيىنچىلىق، بېسىملارغا بەرداشلىق بېرىپ، شىخەنزىگە ئۈچ قېتىم بېرىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش ئارقىلىق، مۇھىم جىنايەت يىپ ئۇچىنى بايقاپ زور جىنايەت گۇماندارى لۇ جۇڭيىڭ (بىڭتۇەن كادىرلار مەكتىپىنىڭ ئاشپىزى)نى تۇيۇقسىز سوراق قىلىدۇ، سوراقتا دېلو سادىر قىلىش ۋاقتى، ۋاستىسى قاتارلىق جەھەتلەردە بۆسۈش ھاسىل قىلىدۇ، دېلو سادىر بولغان ۋاقىتنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندا نۇرغۇن ئادەم لۇ جۇڭيىڭنىڭ شۇ چاغدا ھەقىقەتەن ئۆيىدە يوقلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتا نەدە ئىكەنلىكىنى، ئوڭ قول بېغىشىدىكى تىرناق زەخمىسى قاتارلىقلار (زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بىلەن ئېلىشقاندا زەخىملەنگەن)نى ئىسپاتلاشقا ئادەم چىقمايدۇ. دېلو بېجىرگۈچى ۋۇ شياۋشيەن دەلىل - ئىسپاتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن دېلو سادىر قىلغۇچى لۇ جۇڭيىڭنى باش ئەگدۈرىدۇ. لۇ جۇڭيىڭ مۇنداق دەپ ئىقرار قىلىدۇ: «كىنودىن تارقىغاندىن كېيىن، سۇ ئالغىلى چىققان بىر قىز ئوقۇغۇچىغا يولۇقۇپ، ئۇنى كۆكتات گەمىسىگە باشلاپ بېرىپ باسقۇنچىلىق قىلدىم، ئىشتىن كېيىن ئۇ قىز قولىدىكى قول چىرىغىنى يۈزۈمگە قارىتىپ يېقىپ، رەھبەرلىككە ئېيتىمەن دېدى، مەن قورقۇپ كېتىپ ئۇنى بېسىۋالدىم ئۈستىگە مىنىۋېلىپ، سول قولۇم بىلەن قولىنى بېسىپ تۇرۇپ، ئوڭ قولۇم بىلەن گېلىنى بوغۇپ ئۆلتۈردۈم». «ئۇنىڭ گېلىنى بوغقاندا ئۇ ئوڭ قولۇمنىڭ بېغىشىنى تاتىلاپ زەخىملەندۈردى».

بۇ باسقۇنچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، خاۋ سۇڭخىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرمىگەنلىكى تەلتۆكۈس ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھۆكۈم ئۆزگەرتىلىپ، لۇ جۇڭيىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى (1961 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىندى)؛ خاۋ سۇڭ گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىپ، بىر قېتىملىق خاتا ئۆلتۈرۈش ناھەق دېلوسى يۈز بېرىشنىڭ ئالدى ئېلىندى. بۇ دېلو مىسالى ھەر ساھەنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. ئەينى چاغدا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى شيې جۆجەيمۇ بۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قايتا قاراپ چىقىلغان دېلو مىسالى دەپ قارىدى.

## 5. سوت نازارەتچىلىكى تەرتىپى

قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈم - كېسىملەردىن، پاكىتنى بېكىتىش ۋە قانۇننى تەتبىق-

لاش جەھەتتە ھەقىقەتەن خاتالىق بارلىرىنى خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئاساسەن ۋاقتىدا تۈزەتتى. 1980 - يىلى ئۈلۈغچات ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم قىلغان نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىش دېلوسىدا جىنايەتچى زارىپ مەمەت، بېك تۇردى، پاپا ئىمامقۇللارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇددەتلىك 4 يىللىق قاماق جازىسى، مۇددەتلىك 2 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ ئۈچ يىل كېچىكتۈرۈش ۋە 3 ئايلىق تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بەرگەنىدى. قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈمنامىنى تەكشۈرۈپ، ئۆلچەنگەن جازا يېنىك بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ، سوت نازارەتچىلىكى تەرتىپى بويىچە دېلونى ئالدۇرۇپ سوت قىلىپ، ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇددەتلىك 9 يىللىق، 7 يىللىق، 5 يىللىق قاماق جازاسى بەردى.

خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت نازارەتچىلىكى تەرتىپى بويىچە قايتا سوت قىلىنىدىغان دېلولارنى باشقىدىن كېڭەشمە سوت ئۇيۇشتۇرۇپ سوت قىلدى. قايتا سوت قىلىش تەرتىپىنى ئەسلىدىكى سوت دەرىجىسىگە ئاساسەن بېكىتتى. ئەگەر ئەسلى 1 - سوت دېلوسى بولسا، 1 - سوت تەرتىپى بويىچە سوت قىلدى، چىقىرىلغان ھۆكۈم - كېسىمگە نارازىلىق ئەرز - ئېتىراز بىلدۈرۈشكە رۇخسەت قىلدى؛ ئەگەر 2 - سوت دېلوسى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى ئالدۇرۇپ سوت قىلغان دېلو بولسا، 2 - سوت تەرتىپى بويىچە سوت قىلدى، چىقىرىلغان ھۆكۈم-كېسىم ئاخىرقى سوت ھۆكۈم - كېسىمى بولدى.

## 6. ئىجرا تەرتىپى ۋە ئىجرا داۋامىدىكى دەۋا

1979 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىجرا تەرتىپى ھەققىدە مۇئەييەن بەلگىلىمە بار ئىدى. «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئىجرا تەرتىپى بويىچە بېجىرىلدى.

### 1) ئىجرا تەرتىپى

ھۆكۈم ۋە كېسىمنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولمىغاچقا، بەزىلىرىنى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆزى ئىجرا قىلدى، بەزىلىرىنى خەلق سوت مەھكىمىسى ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كونكرېت ئىجرا تەرتىپىمۇ ئوخشاش بولمىدى.

**(1) گۇناھسىز ۋە جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنىدى دەپ چىقىرىلغان ھۆكۈمنىڭ ئىجراسى**

1 - سوت قىلغان خەلق سوت مەھكىمىسى جاۋابكارنى گۇناھسىز، جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنىدى دەپ ھۆكۈم چىقارغان بولسا، ئەگەر جاۋابكار قاماقتا بولسا، ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن دەرھال قويۇپ بېرىلدى.

**(2) ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈمىنىڭ ئىجراسى** ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ياكى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئىمزا قويۇپ ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئىجراغا تاپشۇرۇلدى، تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش بۇيرۇقى تاپشۇرۇۋېلىپ 7 كۈن ئىچىدە ئىجراغا تاپشۇردى. ئەگەر ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىشتىن ئىلگىرى، ھۆكۈمدە خاتالىق بولۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى بايقىسا ياكى جىنايەتچى ھامىلىدار بولسا ۋە ياكى چوڭ خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولسا، ئىجرا توختىتىلىپ، دەرھال ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە ياكى يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىنىدى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ياكى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى كېسىم

چىقارىدى. ئىجراغا تاپشۇرۇشتىن ئىلگىرى، تەڭ دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ نەق مەيدانغا نازارەتچىلىك قىلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلىنىدى. ئىجراغا قوماندانلىق قىلىدىغان سوتچى جىنايەتچىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلاپ، قالدۇرىدىغان ۋەسىيىتى، خېتى ۋە نەرسىسى بار - يوقلۇقىنى سورىغاندىن كېيىن ئاندىن ئىجرا خادىمىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرىدى. جازا ئىجرا قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئەگەر خاتالىق بولۇش ئېھتىمالى بارلىقى بايقالسا، ئىجرا ۋاقتىنچە توختىتىلىپ، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ياكى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىم قىلىشىغا مەلۇم قىلىنىدى. ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش ئېلان قىلىنىدى، لېكىن جىنايەتچى سازايى قىلىنمىدى. ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن جىنايەتچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلىنىدى.

**(3) ئۆلۈم جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ۋە قاماق جازاسىنىڭ ئىجراسى** ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈلگەن، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنى ئىجراغا تاپشۇرغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىجرا ئۇقتۇرۇشنامىسى، ھۆكۈمنامىسىنى تۈرمە ياكى باشقا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا يەتكۈزۈپ بەردى ھەمدە ئىجرا ئورگىنى جىنايەتچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويىدى.

**(4) تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ۋە مۇددەتلىك قاماق جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ھۆكۈمىنىڭ ئىجراسى** تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن ۋە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن قاماق جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن جىنايەتچىلەرنى خەلق سوت مەھكىمىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇردى ھەمدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئالاھىدە خادىمى ياكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ قوغداش تەشكىلاتى ئىجراغا كونكرېت نازارەتچىلىك قىلدى ۋە ئۇنى كۆزىتىپ تۇردى، جازانى كېچىكتۈرۈپ سىناش مۆھلىتى ئىچىدە ئەگەر يېڭى جىنايەت سادىر قىلمىسا، كېچىكتۈرۈش جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئەسلى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايى جازا قايتا ئىجرا قىلىنمىدى.

**(5) رېجىم جازاسى ۋە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى ھۆكۈمىنىڭ ئىجراسى** رېجىم جازاسى، ئايرىم سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىنى ھۆكۈم قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن خەلق سوت مەھكىمىسى ناھىيە دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى ياكى ناھىيە دەرىجىلىككە تەڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇردى.

ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا قوشۇپ بېرىلگەن سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش جازاسى ئاساسىي جازا بىلەن بىرلىكتە ئىجرا قىلىنىدى؛ مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسىغا قوشۇپ بېرىلگەن سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازا ئاساسىي جازا ئىجرا قىلىنىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلاندى، لېكىن سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشنىڭ كۈچى ئاساسىي جازا ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە يۈرگۈزۈلدى؛ ئەمەلىيەتتە رېجىم جازاسىغا قوشۇپ بېرىلگەن سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسىنىڭ سۇرۇكى رېجىم جازاسىنىڭ سۇرۇكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا ئىجرا قىلىنىدى.

**(6) جەرىمانە قويۇش، مال - مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش جازاسى ھۆكۈمىنىڭ ئىجراسى** جەرىمانە جازاسىنىڭ ھۆكۈمىنى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىجرا قىلدى؛ مال - مۈلۈكنى

مۇسادىرە قىلىش جازاسى قوشۇمچە تەتبىقلانغان ياكى مۇستەقىل تەتبىقلانغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىجرا قىلىدۇ.

### 2) ئىجرا داۋامىدىكى دەۋا مەسىلىسى

**(1) ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش** ئۆلۈم جازاسىنىڭ ئىجراسى كېچىكتۈرۈلگەن مەزگىلدە، ئەگەر جىنايەتچى ھەقىقەتەن تۈۋا قىلغان بولسا، ئىككى يىل مۆھلەت توشقاندىن كېيىن، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا چۈشۈرۈلىدۇ؛ ئەگەر ھەقىقەتەن تۈۋا قىلىش ھەمدە خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولسا، ئىككى يىل مۆھلەت توشقاندىن كېيىن، 15 يىلدىن يۇقىرى 20 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا چۈشۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئۆزگەرتىشكە قارشىلىق كۆرسىتىپ، قەبىھ قىلمىشتا بولغانلىقى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلانسا، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ياكى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىم قىلىشى ياكى تەستىقلىشى بىلەن، ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ.

**(2) رېجىم جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، مۇددەتلىك قاماق جازاسى ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈمىنىڭ ئىجراسى** جىنايەتچى جازا ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە ھەقىقەتەن تۈۋا قىلىش ياكى خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسىدە بولغان بولسا، قانۇن بويىچە جازا كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىشتە ئىجرا ئورگىنى يازما پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىم چىقىرىشىغا يوللىدۇ. لېكىن بىر قېتىم ياكى بىر نەچچە قېتىم جازا كېمەيتىلگەندىن كېيىن، ئەمەلىي ئىجرا قىلىنغان جازا ئەسلى ھۆكۈم قىلىنغان رېجىم جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، مۇددەتلىك قاماق جازاسى مۇددىتىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىدىن تۆۋەن بولۇشىغا؛ مۇددەتسىز قاماق جازاسىنىڭ ئىجراسى 10 يىلدىن تۆۋەن بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى؛ مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى ئەسلى ھۆكۈمدىكى جازا مۇددىتىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىجرا قىلىپ بولغان ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى ئەمەلىيەتتە 10 يىلدىن يۇقىرى جازا ئىجرا قىلىپ بولغان، شۇ جەرياندا ھەقىقەتەن تۈۋا قىلىش ئىپادىسىدە بولۇپ، جەمئىيەتكە قايتا خەۋپ يەتكۈزمەيدىغان بولسا شەرتلىك قويۇپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بولسا، شەرتلىك قويۇپ بېرىش يۇقىرىقى ئىجرا قىلىنىدىغان جازا مۇددىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىدى.

## قوشۇمچە

## جياڭ ئەيجېننىڭ جىنايى ئىشلار نارازىلىق ئەرز دېلو مىسالى

جياڭ ئەيجېن، ئايال، خەنزۇ، 1984 ـ يىلى 29 ياش، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ شەھىرىدىن، ئەسلى شىخەنزە رايونى 144 ـ تۇەن دوختۇرخانىسىنىڭ كۈتكۈچىسى. 1978 ـ يىل 3 ـ ئايدىن باشلاپ، شۇ دوختۇرخانىدىكى لى پېڭخۇا، شيې شىپىڭ قاتارلىق كىشىلەر ئۇنىڭغا يولسىزلىق بىلەن تۆھمەت قىلغان. جياڭ ئەيجېن تەشكىلنىڭ ئاق ـ قارىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ، كۆپ قېتىم 144 ـ تۇەننىڭ مەسئۇلى فېڭ جۇنفا ۋە مەزكۇر دوختۇرخانىدا تۇرۇپ جاڭ ئەيجېن بىلەن جاڭ گوجېڭ (144 ـ تۇەن دوختۇرخانىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ

مۇئاۋىن شۇجىسى) نىڭ ئاتالمىش پاھىشە ئويناش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈۋاتقان ياڭ مىڭسەن قاتارلىقلارنى ئىزدەيدۇ، ئۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىغانلىقىنىڭ ئۇستىگە ئەكسىچە ئۇلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدۇ. ياڭ مىڭسەن لى يۈچېڭ (تۇەن دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) لارنىڭ قوللىشى، كۈشكۈرتىشى بىلەن لى پېيخۇا قاتارلىقلار چوڭ خەتلىك گېزىت، ھەجۋىي رەسىم چاپلاپ، جياڭ ئەيجېنگە ھاقارەت كەلتۈرىدۇ ھەمدە يىغىن ئېچىپ، جياڭ ئەيجېننى قارا چاپلانغان پاكىتنى ئېتىراپ قىلىشقا قىستايدۇ، جياڭ ئەيجېن چىقىش يولى تاپالماي، خەتەرلىك يولغا ماڭىدۇ. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 لاردا، جياڭ ئەيجېن خەلق ئەسكەرلىرى راست ئوق بىلەن قارىغا ئېتىش مەشقى قىلغاندا ئالغان «53» تىپلىق مىلتىقتا ئىلگىرى تىقىپ قويغان 8 تال ئوقنى سېلىپ، دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى بۆلۈم ئىشخانىسىغا كىرىپ، لى پېيخۇا ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ، تالاغا چىقىپ يەنە ئوق بەتلەپ، ئىشخانىغا كىرىپ يەنە قاتىللىق قىلماقچى بولغاندا، جاڭ فېڭۋۇ ئىشىكنى ئېتىۋالغاچقا، دېرىزىنى ئايلىنىپ قاراپ بېقىپ كېتىپ قالىدۇ. ئارقىدىنلا يەنە تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ كارىدورىدا ئارقا ـ ئارقىدىن جۇڭ چيۇ (ئايال، مەزكۇر دوختۇرخانا ئارخىپ ئىشخانىسىنىڭ ستاتىستىكچىسى)، دەي شۇجې (ئايال، مەزكۇر دوختۇرخانىنىڭ تۇغۇت ياردەمچى سېستراسى) نى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. كېسەلخانىدىن چىققاندا ئىشقا كېلىۋاتقان دوختۇر گو جيەنشۇڭنى ئېتىپ تەگكۈزەلمەيدۇ، ئۇ يەنە شىي شىپىڭ، ياڭ مىڭسەن، لى يۈچېڭلارنى ئىزدەپ ماڭغاندا ئامما ئۇنى قورشاپ تۇتۇۋالىدۇ.

شىخەنزە شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 1984 ـ يىل 9- ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۈچۈن، جياڭ ئەيجېنگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشنى ھۆكۈم قىلىدۇ. جياڭ ئەيجېن قايىل بولماي، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بېرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى 2 ـ سوت قىلىپ، نارازىلىق ئەرز بەرگۈچى جياڭ ئەيجېن دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرگەن؛ جاڭ فېڭۋۇ، گو جيەنشۇڭ، شىي شىپىڭ، ياڭ مىڭسەن، لى يۈچېڭلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئادەم ئۆلتۈرۈشنى توختىتىش، ئىشقا ئاشۇرۇلماسلىق، تەييارلىق قىلىشقا كىرىدۇ. يۇقىرىقى پاكىتلار ئېنىق، دەلىل ئىسپاتلار تولۇق، ۋاستىسى ئېچىنىشلىق، قىلمىشى قەبىھ، ئاقىۋىتى ئېغىر، جىنايىتىگە قارىغاندا ئېغىر جازالاشقا تېگىشلىك. لېكىن جىنايەتچى كىشىلىك غۇرۇرى، نام ـ شەرىپى تۆھمەتكە، ھاقارەتكە ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭدىن ئاقلىنالماي ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە جىنايى ھەرىكەت ئېلىپ بارغان. قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن جىنايىتىنى تونۇش پوزىتسىيىسى بىر قەدەر ياخشى بولغان. قاماقتىكى مەزگىلدە يەنە خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسىدە بولغان، ئەسلى ھۆكۈمدە ئۆلچەنگەن جازا ئېغىر بولۇپ قالغان دەپ قاراپ، كېڭەشمە سوتنىڭ باھالىشى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى سوت ھەيئىتىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى بىلەن، 1 ـ سوتنىڭ ھۆكۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلىپ، ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىپ 15 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن 5 يىل مەھرۇم قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جياڭ ئەيجېننىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى 2 ـ سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلىدۇ.

بۇ دېلوغا جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھە ئىنتايىن دىققەت قىلىدۇ، بۇ دېلونى سوت قىلىشنى چەتتىن ئاڭلاشقا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە بىڭتۇەندىكى 60 نەچچە ئورۇن شۇنداقلا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىدى-

كى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشىدۇ، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، خەلق گېزىتى، شىنجاڭ گېزىتى، مەركىزىي ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسلىرى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى، جۇڭگو قانۇنچىلىق گېزىتى، شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى، بىڭتۇەن ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش گېزىتى مۇخبىرلىرى سوتنى زىيارەت قىلىدۇ.

2 ـ سوت ھۆكۈم ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى جىياڭ ئەيجېننى زىيارەت قىلىدۇ. مۇخبىرلار ئۇنىڭدىن 2 ـ سوت ھۆكۈمىگە قانداق قارايسەن، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماقچى دەپ سورىغاندا، ئۇ «سوت مېنىڭ دېلويىمنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ قانۇن بويىچە سوت قىلدى، مەن يۈرۈكىمدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە رەھمەت ئېيتىمەن، مىلتىق بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشۈمگە قانۇننى بىلمىگەنلىكىمدىن باشقا ئۆز ئورنۇمدىكى پارتىيە تەشكىلاتىغا بولغان ئىشەنچىمنى يوقىتىشىم ئاساسىي سەۋەب بولدى. 2 ـ سوتنىڭ ھۆكۈمى ماڭا پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، ئەستايىدىل پارتىيە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى، ماڭا قارا چاپلاش پاكىتى ئايدىڭلاشتى، ئەڭ مۇھىمى مۇشۇ. مەن ئادەم ئۆلتۈردۈم، جىنايەت ئۆتكۈزدۈم، سوت ماڭا «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»نىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىغا ئاساسەن تېگىشلىك جازا ھۆكۈم قىلدى، مەن بۇنىڭغا ئىچ ـ ئىچىمدىن قايىل دەيدۇ. مۇخبىر ئۇنىڭدىن بەزىلەر ساڭا خەت يېزىپ ھېسداشلىق قىلسا قانداق قارايسەن دەپ سورىغاندا، ئۇ: «مەن جىنايەتچى، ھېسداشلىق قىلىشقا ئەرزىمەيمەن»، «قانۇن مۇقەددەس، جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئىكەنمەن، جازالىنىشىم كېرەك، ئۇنداق بولماي ماڭا ئوخشاش ئۇدۇل كەلگەن يەردە ئادەم ئۆلتۈرۈپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر جازالانمىسا، قانۇننىڭ نىمە رولى بولسۇن، ئۇنداق بولغاندا، جەمئىيىتىمىز قانداق بولۇپ قالىدۇ، مېنىڭ دېلويىمدىن قاتتىق ساۋاق ئېلىش كېرەك، قانداقلا مەسىلە بولسۇن، پارتىيىگە ئىشىنىش كېرەك ئىكەن، قانداقلا ئۆچمەنلىك بولسۇن، دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش كېرەك ئىكەن، پارتىيە ھامان پارتىيىنىڭ سىياسىتى بويىچە مۇۋاپىق ھەل قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپ، جازا ئۆتەش مەزگىلىدە جىنايىتىنى تونۇپ، قانۇنغا بويسۇنۇپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئۆزگىرىپ يېڭىدىن ئادەم بولۇپ، جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ كۈچىنى تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## § 3 . ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپى

### 1. ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپىنىڭ ئورنىتىلىشى

ئىنقىلابىي بازىلارنىڭ خەلق ئەدلىيىسى ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن «ئاممىغا تايىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە ھەل قىلىش، مۇرەسسەنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنى — پۈتۈن مەملىكەت ھەق تەلەپ سوت خىزمىتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى. دۆلىتىمىز يېڭى قۇرۇلغاندا مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ۋاقىتلىق تەشكىلىي نىزامى»، 1954 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇن ۋە خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا سوت مەھكىمىلىرىنى تەسىس قىلىش، خەلق سوتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، سوت دەرىجىسى ۋە دېلولارنىڭ باشقۇرۇلۇش تەۋەلىكى، ئوچۇق سوت قىلىش، ئاقلاش، كېڭىشىش، زاسېداتېللىق، ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، سەييارە سوت قىلىش، مۇرەسسە قىلىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش، سوتنى ئىككى سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش، سوت

نازارەتچىلىكى شۇنداقلا ئىجرا قاتارلىق جەھەتلەردە پرىنسىپال بەلگىلىمە چىقىرىلدى، ئۇلار يېڭى جۇڭگونىڭ دەۋا تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىي ئاساسى قىلىندى. شىنجاڭدا 1950 - يىلدىن باشلاپ تۈرلۈك ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپى تۈزۈملىرى تەدرىجىي ئورنىتىلدى ۋە يولغا قويۇلدى. مەسىلەن: سوت دەرىجىسى، نارازىلىق ئەرز، مۇرەسسە، كېڭىشىش، زاسېداتېللىق، ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، ئوچۇق سوت قىلىش، ئاقلاش ۋە سوت ھەيئىتى تۈزۈمى قاتارلىقلار تۇرغۇزۇلدى ۋە يولغا قويۇلدى. 1956 - يىل 10 - ئايدا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى «ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىش تەرتىپىدىن خۇلاسە» چىقىرىپ، جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا چۈشۈردى. 1957 - يىلدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھارپىسىغا قەدەر «سول» چىللىق خاتالىق سوت خىزمىتىدە ئەكس ئېتىپ، دەۋا تەرتىپى تۈزۈمىنى كۆپ جەھەتتىن ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرغىلى بولمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ھەق تەلەپ دەۋا تۈزۈمى تاشلىۋېتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىش تەرتىپى تۈزۈمى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى (سىناق نۇسخىسى)»نى تۈزۈپ چىقىپ، دېلو قوبۇل قىلىش، سوت قىلىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق خىزمەت، دېلو ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە ئامان ساقلاش تەدبىرى قوللىنىش، مۇرەسسە قىلىش، رەسمىي سوت قىلىش، ھۆكۈم، كېسىم، نارازىلىق ئەرز، ئىجرا، ئەرز ۋە قايتىدىن سوت قىلىش، قايتا ئەھۋال ئۇقۇش، دېلونى ئارخىپلاشتۇرۇش ھەققىدە بىر قاتار بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى، بۇلار شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپى تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى.

1982 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)»نى ماقۇللاپ ۋە ئېلان قىلىپ، شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. ھەق تەلەپ دەۋا خىزمىتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دېلونى قانۇن بويىچە بېجىرىش يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، «دېلو تۇرغۇزۇشتا ئۆلچەم بولۇش، دېلو بېجىرىشتە قائىدە بولۇش، ئىجرا قىلىشتا ئاساس بولۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ۋە بەزى ئوتتۇرا، ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىپ، 119 قارار ھەق تەلەپ سوت كادىرلىرى كۇرسى ئېچىپ، 1600 دىن ئارتۇق كادىرنى تەربىيىلىدى. سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى، ئاز ساندىكى سوت مەھكىمىلىرى نۇقتىدا سىناق قىلدى، بەزى سوت مەھكىمىلىرى يەنە ھەق تەلەپ سوت كادىرلىرى قوشۇنىنى تەڭشەپ ۋە تولۇقلاپ، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش ئۈچۈن، كۆپ تەرەپلىمە تەييارلىق خىزمىتى ئىشلىدى. 1983 - يىل 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)نى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەردىن پايدىلىنىپ، «(ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى))نى ئىزچىللاشتۇرۇشتا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر»نى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ پىكىر سۆھبەت يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، 1984 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەردەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىشتا پايدىلىنىشىغا تارقىتىلدى.

## 2. ھەق تەلەپ دەۋا تۈزۈمىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى

### 1) دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش

يېڭى جۇڭگونىڭ ھەق تەلەپ دەۋا تۈزۈمىدە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلدى. دەۋالاشقۇچىلار ئەرز قىلىش ھوقۇقى، مۇنازىرىلىشىش ھوقۇقى ۋە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىندى. ئەرز قىلىش ھوقۇقى دەۋالاشقۇچىلار باشقا دەۋا ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، دەۋاگەرنىڭ ئەرز قىلىشلا ئەمەس، بەلكى دەۋاگەرنىڭ دەۋا تەلىپىنى كۆپەيتىش ياكى ئۆزگەرتىشى، ئورتاق دەۋا قىلغۇچىلار ياكى 3 - كىشىنىڭ دەۋاغا قاتنىشىشى، جاۋابكارنىڭ قارشى دەۋا قىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەرز قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ھېسابلىنىدۇ، يازما ئەرز يېزىشتا قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ ئاغزاكى دەۋا قىلىسىمۇ بولىدىغانلىقى، دەۋا ھەققى تاپشۇرۇشتا قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ دەۋا ھەققىنى كېمەيتىشنى، كېچىكتۈرۈشنى، كەچۈرۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدىغانلىقى ئەرز قىلىش ھوقۇقىنى تولۇق قوغداشنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. شىنجاڭدىكى بەزى سوت مەھكىمىلىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، قانۇن ساۋاتى كەمچىل بولغان دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا ھوقۇقىنى ئوڭۇشلۇق يۈرگۈزۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئەرز خېتى، دەۋاغا جاۋاب بېرىش خېتىنىڭ نۇسخىسىنى تەييارلاپ، كۆتۈۋېلىش ئىشخانىسىنىڭ تېمىغا چاپلاپ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئەرز قىلىشىغا ياكى ئەرزگە جاۋاب قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. دەلىل - ئىسپات بىلەن تەمىن ئېتىش — دەۋالاشقۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى. رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇش دەۋالاشقۇچىلارنىڭ مۇنازىرىلىشىش ھوقۇقىنى بىر قىسمى. ھەق تەلەپ بويىچە دەۋالاشقۇچىلار قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرىدە ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇقى ۋە دەۋا ھوقۇقىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. سۇبىستانسىيە ھوقۇقى جەھەتتە، دەۋالاشقۇچىلار ئۆزىنىڭ دەۋا تەلىپىدە چىڭ تۇرسا، ئۇنى ئۆزگەرتسە ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسە بولىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ دەۋا تەلىپىنى رەت قىلسىمۇ، بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە قارشى تەرەپ بىلەن كېلىشىم تۈزۈش - تۈزمەسلىكنى قارار قىلسا بولىدۇ؛ دەۋا ھوقۇقى جەھەتتە، دەۋالاشقۇچى ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، مۇرەسسە قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش - قىلماسلىقنى، نارازىلىق ئەرز بېرىش - بەرمەسلىكنى، ئىجرا قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش - قىلماسلىقنى، قارشى تەرەپ بىلەن يارىشىۋېلىش - يارىشىۋالماسلىقنى قارار قىلسا بولىدۇ.

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت ئەمەلىيىتى داۋامىدا، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلدى ۋە كاپالەتلىك قىلدى، شۇنداقتىمۇ قانۇن بويىچە قوبۇل قىلىنمىدىغان ئەرزلەرنى قوبۇل قىلماسلىق ياكى دېلونى مۇرەسسە قىلغاندا مۇرەسسە پىكىرىنى دەۋالاشقۇچىلارغا مەجبۇرىي تېڭىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. بۇنداق ئەھۋاللار سېزىلگەن ھامان قانۇن بويىچە تۈزىتىلدى.

### 2) خەلقنىڭ دەۋا ئىشلىرىغا، سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو بېجىرىشىگە قولايلىق يارىتىش

ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدا دېلو بېجىرىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، تەرتىپىنى تەبىقلاش، سوت ئاپپاراتلىرى ۋە سوت پائالىيىتى شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە خەلقنىڭ

دەۋا پائالىيىتى داۋامىدىكى قىيىنچىلىقنى ئازايتىدىغان، سوت مەھكىمىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتىدىغان، ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان مۇھىم بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى. ئۇنىڭدا خەلقنىڭ دەۋا قىلىشىغا ۋە سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو بىجىرىشىگە قولايلىق يارىتىش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلدى، بۇ قىسقارتىلىپ «ئىككىگە قولايلىق يارىتىش پرىنسىپى» دېيىلدى.

ئاددىي تەرتىپنىڭ ئورنىتىلىشى ئىككىگە قولايلىق يارىتىش پرىنسىپىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى. ئۇنىڭدا ئومۇمىي تەرتىپتىكى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان دەۋا رەسمىيەتلىرى قىسقارتىلىپ، ئۇنى يولغا قويۇش ئاسانلاشتۇرۇلدى. بىرىنچى، دەۋا قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش تەرتىپى ئاددىيلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭدا دەۋاگەرلەر ئاغزاكى دەۋا قىلسا بولىدۇ؛ دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ بىرلا ۋاقىتتا ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسىگە ياكى ئۇنىڭ ۋاكالەت سوتىغا بېرىپ، تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ؛ دەرھال سوت قىلىسىمۇ، ئايرىم ۋاقىت بەلگىلەپ سوت قىلىسىمۇ بولىدۇ. ئىككىنچى، چاقىرتىش ئۇسۇلى ئاددىيلاشتۇرۇلدى، ئۇنىڭدا ئاغزاكى ئۇقتۇرۇش قىلىشقا ئوخشاش ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن دەۋالاشقۇچىلارنى، گۇۋاھچىلارنى سوتقا چاقىرتىپ كېلىشكە بولىدۇ. ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئۇقتۇرۇش قىلىش ھاجەتسىز، چاقىرىق قەغىزى ئەۋەتىش زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. ئۈچىنچى، سوت تەشكىلاتى ۋە سوت تەرتىپى ئاددىيلاشتۇرۇلدى، ئۇنىڭدا سوتتا قاراپ چىقىش داۋامىدا، سوتتا تەكشۈرۈش، سوت مۇنازىرىسى ئېلىپ بېرىش تەرتىپىنى بېكىتىپ يۈرمەي، سوتچى يەككە سوت قىلىپ، پاكىتنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ماجىرانى توغرا ھەل قىلسىلا بولىدۇ.

خەلق سوت مەھكىمىسى ئاددىي ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلغاندا ئاددىي تەرتىپنى قوللانسا بولىدۇ. ۋاكالەت سوت سەييارە سوت قىلغاندا چوڭ، چىگىش دېلولاردىن باشقىلىرىغا ئاددىي تەرتىپنى قوللانسا بولىدۇ؛ يېزىلاردا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يۈز بەرگەن ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاددىي تەرتىپ بويىچە سوت قىلىنسا بولىدۇ. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى ئاددىي تەرتىپنى تەتبىقلاپ سوت قىلغان ھەق تەلەپ دېلولىرى سوت قىلىنغان بارلىق ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ تەخمىنەن %80نى ئىگىلىدى، بەزى جايلاردا %90تىن ئېشىپ كەتتى.

خەلق سوتلىرىنى قۇرۇش ئاپپارات تەسىس قىلىش جەھەتتە خەلقنىڭ دەۋا قىلىشىغا قولايلىق يارىتىشتىكى مۇھىم تەدبىر. شىنجاڭدا خەلق سوتلىرى ئاساسلىقى چەت، يىراق ناھىيە بازارلىرىدا شۇنداقلا ئاھالىلەر نىسبەتەن مەركەزلەشكەن يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كەنت بازارلىرىدا قۇرۇلدى، ئايرىم خەلق سوتلىرى كان رايونلىرىدا قۇرۇلدى. قارامايى شەھىرىنى ئالساق، ئەڭ دەسلەپتە مايتاغدا كۆلىمى بىرقەدەر زور بولغان خەلق سوتى قۇرۇلغاندىن سىرت، كېيىن يەنە جەرەنبۇلاقتا خەلق سوتى قۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەزى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلق سوتلىرى باشقۇرۇش تەۋەلىكى بىرقەدەر كەڭ بولغاچقا، شۇ جايدا تۇرۇپ دېلو بېجىرىش، دەۋالاشقۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش ۋە سەييارە سوت قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلق سوتلىرىنىڭ سوتچى خادىملىرى ھەتتا چارۋىچىلارغا ئەگىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ ئاممىنىڭ دەۋا قىلىشىغا يەنىمۇ قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. ئاساسىي قاتلامدا كۆپ ساندىكى ھەق تەلەپ دېلولىرىنى جۈملىدىن ئاددىي ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى خەلق سوتلىرى بېجىردى، يەنە كېلىپ مۇتلەق كۆپ ساندىكىنى مۇرەسسە ئارقىلىق ئاياغلاشتۇردى. 1984 - يىل 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى يەنە: چەت - يىراق جايلاردىكى خەلق سوتلىرى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، خەلق

سوتنىڭ نامىدا مۇرەسسەنامە چىقىرىپ بەرسە بولىدۇ، ئۇنىڭغا سوتچى خادىم ۋە پۈتۈكچى ئىمزا قويىدۇ، خەلق سوتىنىڭ تامغىسى بېسىلىدۇ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدى.

سەييارە سوت قىلىشتا، سوت پائالىيىتى شەكلى جەھەتتە ئاممىنىڭ دەۋا قىلىشىغا قولايلىق يارىتىلدى. ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى ۋە ئۇنىڭ ۋاكالەت سوتلىرى دېلو بېجىرگەندە، ئامما ئارىسىغا بېرىپ سەييارە سوت قىلىپ ھەم دەۋالاشقۇچىلارغا قولايلىق يارىتىپ بەردى، ھەم دېلو بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈردى. 1983 - يىلى ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇغان 1 - سوت ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ %40ى سەييارە بېجىرىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى سەييارە سوت قىلغان دېلولار تېخىمۇ كۆپ بولدى.

### 3) مۇرەسسەگە ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش

سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىشتا، مۇرەسسەگە ئەھمىيەت بېرىشى دەۋا ئىشلىرىنى ئازايتىش، ئارازلىقنى تۈگىتىش، ئۈچمەنلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خەلق ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھەق تەلەپ دېلولىرىنى مۇرەسسە قىلىشقا بولىدۇ، ھەر قايسى دەۋا باسقۇچلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇرەسسە قىلىشقا بولىدۇ. مۇرەسسە پاكىتنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، ھەق - ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مۇرەسسە كېلىشىمى ھاسىل قىلىشتا ئىككى تەرەپ ئىختىيارىي قىلغان بولۇشى شەرت؛ مۇرەسسەنىڭ مەزمۇنى دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەت، بەلگىلىمىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى شەرت. خەلق سوت مەھكىمىسى دېلولارنى مۇرەسسە قىلغاندا، ئەھۋالغا ۋە ئېھتىياجغا قاراپ ئالاقىدار ئورۇن ۋە ئاممىنى ھەمكارلىشىشقا تەكلىپ قىلسا بولىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسى تەييارلىغان مۇرەسسەنامە دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپكە يەتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىلگىرى دەۋالاشقۇچىلار يېنىۋالسا، مۇرەسسە ھاسىل قىلىنمىدى دەپ قارىلىپ، خەلق سوت مەھكىمىسى داۋاملىق سوت قىلىدۇ.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوت دېلوسىدىن %80 تىن ئارتۇقنى مۇرەسسە يولى بىلەن ئاياغلاشتۇردى، بەزى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ %95 ئەتراپىدا بولدى. سوت مەھكىمىلىرى سوت ئەمەلىيىتى داۋامىدا، تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلانغان بولسىمۇ، يەنىلا كېلىشىم ھاسىل قىلغىلى بولمىسا، مۇرەسسە ئۈنۈم بەرمىدى دەپ قارىدى: بىرىنچى، پاكىت ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان، ھەق - ناھەق ئايدىڭلاشتۇرۇلغان؛ ئىككىنچى، ئەستايىدىل، ئىنچىكىلىق بىلەن قايىل قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلغان، يېتەكلەش، كېڭىشىش خىزمىتى ئىشلەنگەن؛ ئۈچىنچى، دەۋالاشقۇچىلارغا تولۇق ئويلىنىش ۋاقتى بېرىلگەن؛ تۆتىنچى، ئېھتىياجغا قاراپ دەۋالاشقۇچىلارنىڭ تۇغقانلىرى، دوستلىرى ۋە ئالاقىدار تەشكىلاتلار مۇرەسسەگە ھەمكارلىشىشقا سەپەرۋەر قىلىنغان.

شەھەر - يېزىلاردا خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئەلئارا مۇرەسسە تۈزۈمى كەڭ كۆلەمدە ئورنىتىلدى. بۇ تۈزۈم يېڭى جۇڭگونىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى) دا تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە ئۇنىڭ ۋاكالەت خەلق سوتلىرىنىڭ خەلق ئىچىدىكى بۇ خىل مۇرەسسە پائالىيىتىگە بولغان يېتەكچىلىكى ھەق تەلەپ سوت خىزمىتىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم ئاساسىي خىزمەت ھېسابلىنىدۇ.

## 3 . 1 ـ سوت تەرتىپى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)» دا ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپى 1 ـ سوت، 2 ـ سوت، سوت نازارەتچىلىكى ۋە ئىجرادىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ سوت تەرتىپى يەنە ئومۇمىي تەرتىپ، ئاددىي تەرتىپ ۋە ئالاھىدە تەرتىپ دەپ بۆلۈنىدۇ، ئومۇمىي تەرتىپ باشقا تەرتىپلەرنىڭ ئاساسى ۋە سېلىشتۇرۇش بەلگىسى، دەپ بەلگىلەندى.

1) ئومۇمىي تەرتىپ   ئومۇمىي تەرتىپ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھەق تەلەپ دېلولىرى (جۈملىدىن ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرى)نى سوت قىلىشتا دائىم قوللىنىلىدىغان ئۆلچەملىك تەرتىپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەرتىپتە تۆۋەندىكى يەتتە ھالقا بار، ئۇلارنى ئەرز قىلمىش ۋە ئەرزنى قوبۇل قىلىش؛ قاراپ چىقىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق؛ دەۋادا ئامان ساقلاش ۋە ئالدىن تۆلىتىش؛ مۇرەسسە قىلىش، رەسمىي سوتتا قاراپ چىقىش؛ دەۋانى توختىتىش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش؛ ھۆكۈم، كېسىم ۋە قارار چىقىرىش.

(1) ئەرز قىلىش ۋە ئەرزنى قوبۇل قىلىش   دەۋاگەر ئەرز قىلىش، سوت مەھكىمىسى ئەرزنى قوبۇل قىلىش — دېلو تۇرغۇزۇشنىڭ ئاساسى ۋە كونكرېت دېلودىكى تۇرلۇك دەۋا پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 81 ـ ماددىسىدا: ئەرز قىلىشتا مۇنداق ئۈچ شەرت ھازىرلىنىشى شەرت: دەۋاگەر شۇ دېلو بىلەن بىۋاستە مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولغان پۇقرا ياكى قانۇنىي ئىگە بولۇشى؛ جاۋابكار ئېنىق بولۇشى، كونكرېت دەۋا تەلىپى ۋە پاكىت ئاساسى بولۇشى؛ خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولۇشى ۋە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇشى كېرەك دەپ بەلگىلەندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئەرز خېتى ۋە ئۇنىڭ كۆچۈرمىسى، قوبۇل قىلىنمايدىغان ئەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى، ئەرزنى تەكشۈرۈش ۋە جاۋاب بېرىش خىزمىتى ھەققىدىمۇ بەلگىلىمە چىقىرىلدى. ئەمەلىيەت داۋامىدا، شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئاز ساندىكى دەۋالار، مەسىلەن: سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىنغان جاۋابكارنىڭ دەۋا نىشانى بىلەن بىۋاستە مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولمىغان، جاۋابكار ئېنىق بولمىغان ياكى ئىز ـ دېرىكى بولمىغان، دەۋاغا ئاساس بولىدىغان پاكىت ئاساسى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بەزى دېلولارنى سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە قوبۇل قىلمىدى. 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە يېڭى جۇڭگونىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى ئېلان قىلىنمىغاچقا، بەزى دەۋالاشقۇچىلار سىياسىي ھەرىكەت ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش داۋامىدىكى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خاراكتېرىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنىمۇ سوت مەھكىمىسىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى تەلەپ قىلدى؛ بەزى سوتچى خادىملار دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى توغرا ئىگىلىيەلمەي، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان بەزى دېلولارنى قوبۇل قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت فۇنكسىيىسى بىلەن ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشنى كۆپ قېتىم تەكىتلەپ، بۇ جەھەتتىكى سەۋەنلىكلەرنى تۈزەتتى.

(2) قاراپ چىقىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق   ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، خەلق سوت مەھكىمىلىرى دېلونى قاراپ چىقىشتىن ئىلگىرى تۆۋەندىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ: ئەرز خېتىنىڭ كۆچۈرمىسىنى جاۋابكارغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، جاۋابكارنىڭ جاۋاب خېتى يېزىشىنى تەلەپ قىلىش؛ دەۋا ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ چىقىش، تەكشۈرۈپ دەلىل-

ئىسپات توپلاش؛ شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان دەۋاگەر، جاۋابكارنى ئالماشتۇرۇش؛ ئورتاق دەۋادىكى دەۋالاشقۇچىلار ۋە سىرتلىگەن 3 - كىشىنىڭ دەۋاغا قاتنىشىشىنى ئۇقتۇرۇش قىلىش؛ ھاۋالە قىلىنغان ۋاكالەتچىنىڭ ھاۋالە رەسمىيىتى تولۇق، ۋاكالەتلىك ھوقۇق چېكى ئېنىق بولغان- بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش؛ ئەگەر دېلو ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلا- غان بولسا مۇرەسسە قىلىپ كۆرۈش.

ئىشتىن ئاۋۋال سوتتا قاراپ چىقىش تىزىسىنى ياخشى تەييارلىۋېلىش سوت پائالىيىتىنى ياخشى تەشكىللەشتىكى مۇھىم خىزمەت ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

(3) رەسمىي سوتتا قاراپ چىقىش    رەسمىي سوتتا قاراپ چىقىش ئومۇمىي تەرتىپىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى. رەسمىي سوتتا قاراپ چىقىش داۋامىدا، كۆپ خىل مۇھىم دەۋا تۈزۈملىرى، ئالايلۇق ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، ۋاكالەتلىك، مۇنازىرە، كېڭىشىش قاتارلىق تۈزۈملەر مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. رەسمىي سوتتا قاراپ چىقىش ئادەتتە ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىدۇ يەنى پۇقرالارنىڭ چەتتىن ئاڭلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. دۆلەت مەخپىيەتلىكىگە، شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە چېتىلىدىغان ۋە قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەن دېلولار ئاشكارا قاراپ چىقىلمايدۇ. نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىدىن دەۋالاشقۇچىلار ئاشكارا قاراپ چىقماسلىقنى تەلەپ قىلغانلىرىمۇ ئاشكارا قاراپ چىقىلمايدۇ. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلغان ھەق تەلەپ ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىدىن ئوچۇق سوت قىلىنغانلىرى ئوچۇق سوت قىلىشقا تېگىشلىك دېلولارنىڭ %85دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

رەسمىي سوتتا قاراپ چىقىش قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە بىنائەن قەدەم - باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇ تۆۋەندىكى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. رەسمىي سوت قىلىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق. رەسمىي سوت قىلىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن دەۋالاشقۇچىلار ۋە باشقا دەۋا ئىشتىراكچىلىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ. ئاشكارا قاراپ چىقىشتا يەنە، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، دېلو مەزمۇنى ۋە سوت ئېچىلىدىغان ۋاقىت، ئورۇن ھەققىدە ئېلان چىقىرىلىدۇ. سوت باشلىنىشتىن ئىلگىرى، پۈتۈكچى دەۋالاشقۇچىلار ۋە باشقا دەۋا ئىشتىراكچىلىرىنىڭ تولۇق كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى ئېنىقلاپ، سوت ئىنتىزامىنى ئېلان قىلىدۇ. رەسمىي سوتتا قاراپ چىققاندا، باش سوتچى ياكى يەككە سوتچى خادىم دەۋالاشقۇچىلارنى نەقلەشتۈرىدۇ، دېلو مەزمۇنىنى ئېلان قىلىدۇ، سوتچى خادىملار ۋە پۈتۈكچىنىڭ ئىسمىلىكىنى ئېلان قىلىدۇ، دەۋالاشقۇچىلارغا دەۋا ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئۇقتۇرىدۇ. دەۋالاشقۇچىلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىنى سورايدۇ. سوتتا قاراپ چىقىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، دەۋالاشقۇچىلارغا سوت تەشكىلاتىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇش - تۇرماسلىق ھەققىدە پىكىر ئالىدۇ. سوت ئاچقاندا دەۋالاشقۇچىلار سوتچى خادىملارنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇشىنى ئىلتىماس قىلسا، سوتنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، مەھكىمە باشلىقى قارار قىلغاندىن كېيىن، سوتنى قايتىدىن باشلايدۇ.

2. سوتتا تەكشۈرۈش. سوتتا دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا تەلىپى، پاكىت ئاساسى ۋە تۈرلۈك دەلىل - ئىسپات ماتېرىياللىرى ئومۇمىيۈزلۈك قاراپ چىقىلىپ، دېلو ئەھۋالى تەكشۈرۈپ ئايدىڭ- لاشتۇرۇلىدۇ. قانۇندا بەلگىلەنگەن تەكشۈرۈش تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: دەۋالاشقۇچىلاردىن سوراش ۋە دەۋالاشقۇچىلار سۆز بايان قىلىش؛ گۇۋاھچىلارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئۇقتۇرۇش، گۇۋاھچىلاردىن سوراش، سوتقا كەلمىگەن گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىنى ئو-

قۇش، باھالىغۇچىدىن سوراش، باھالاش نەتىجىسىنى ئوقۇپ ئۆتۈش؛ يازما ئىسپات، ماددىي ئىسپات ۋە ئۈن - سىن ماتېرىياللىرىنى كۆرسىتىش، تەكشۈرۈش خاتىرىسىنى ئوقۇپ ئۆتۈش. شىنجاڭدىكى بەزى سوت مەھكىمىلىرى قىسمەن دېلولارنى سوت قىلىش داۋامىدا بەزى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ مەلۇماتى بىر قەدەر تۆۋەن بولغاچقا، سوت سورۇنىدا سۆز بايان قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدى، سوت مەھكىمىسى سوت جەريانىنى جىپسىلاشتۇرۇش ئۈچۈن سوت باشلانغاندا ئالدى بىلەن دەۋا خېتى بىلەن جاۋاب خېتىنى ئوقۇپ، ئاندىن دەۋالاشقۇچىلاردىن سورىدى ۋە ئۇلارغا تولۇقلاپ بايان قىلىشقا يول قويدى. دەۋالاشقۇچىلارنىڭ سوتتا يېڭى دەلىل - ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا، سوتنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن گۇۋاھچى، باھالىغۇچى قاتارلىقلاردىن سوئال سورىشىغا رۇخسەت قىلدى.

3. سوت مۇنازىرىسى. سوت مۇنازىرىسىنىڭ تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: ئالدى بىلەن دەۋاگەر ۋە دەۋا ۋاكالەتچىسى سۆز قىلىدۇ. ئاندىن جاۋابكار ۋە ئۇنىڭ دەۋا ۋاكالەتچىسى جاۋاب بېرىدۇ. 3 - كىشى داۋاغا قاتناشقان بولسا، ئىككى تەرەپ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن سۆز قىلسا بولىدۇ، ئاندىن ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىدۇ، سوتچى خادىم ۋاقتىدا سوئال قويۇپ، تولۇقلاش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، تېمىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكنى ئاگاھلاندۇرۇپ، دەۋالاشقۇچىلارنى تالاش-تارتىشتىكى مۇھىم مەزمۇنلار ۋە تالاش - تارتىش نۇقتىسىنى چۆرىدەپ مۇنازىرە قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

4. ھۆكۈم، كېسىم ۋە قارار. ھۆكۈم سوت مەھكىمىسىنىڭ كونكرېت دېلونى سوت قىلىش نەتىجىسى، قانۇن بويىچە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى ۋە جاۋابكارلىقى ئۈستىدە چىقارغان قارارى. ھەق تەلەپ كېسىمى ئەرزنى رەت قىلىش، دەۋادا ئامان ساقلاش، ئالدىن تۆلەش، دەۋادىن كېچىشكە رۇخسەت قىلىش ياكى رۇخسەت قىلماسلىق، دەۋانى توختىتىش ياكى ئاخىرلاشتۇرۇش، ھۆكۈمنامىدىكى سەۋەنلىكنى تۈزىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كېسىمنىڭ شەكلى ئاغزاكى ۋە يازما ئىككى خىل بولىدۇ. ھەق تەلەپ قارارى ئاساسلىقى ئالدۇرۇپ يېڭىۋاشتىن سوت قىلىش، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇش ئىلتىماسىنى بىر تەرەپ قىلىش، سۈرۈكنى ئۇزارتىش ياكى قايتىدىن باھالاشنى تەلەپ قىلىش ۋە ھەق تەلەپ دەۋا ھەرىكىتىگە كاشىلا قىلىش قىلمىشى ئۈستىدە مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) ئاددىي تەرتىپ ۋە ئالاھىدە تەرتىپ ئاددىي تەرتىپنى تەتبىقلاپ دېلو سوت قىلىش جەريانىدا، ئەگەر دېلونىڭ چوڭ، چىگىش دېلو ئىكەنلىكى سېزىلسە، ۋاقتىدا ئومۇمىي تەرتىپكە ئۆزگەرتىلىدۇ. ئالاھىدە تەرتىپ بولسا، سايلىغۇچىلارنىڭ تىزىملىكىگە دائىر دېلولارنى سوت قىلىش تەرتىپى ۋە يوقاپ كەتكۈچىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جاكارلاش، پۇقرالارنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى يوقلۇقىنى بېكىتىش ۋە ئىگىسىز مال - مۈلۈكنى بېكىتىشكە دائىر دېلولارنى سوت قىلىش تەرتىپىدىن ئىبارەت. ئالاھىدە تەرتىپ ئارقىلىق سوت قىلىنىدىغان دېلولاردا سوتنى بىر سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، نارازىلىق ئەرز بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ. سايلىغۇچىلارنىڭ تىزىملىكىگە دائىر دېلولار ۋە دەۋاغا كىرمەيدىغان ئايرىم ساندىكى چوڭ، چىگىش دېلولارنى كېڭەشمە سوت سوت قىلغاندىن سىرت، باشقىلىرىنى سوتچى خادىم يالغۇز سوت قىلىدۇ. دېلو قوبۇل قىلىش جەھەتتە سايلىغۇچىلارنىڭ تىزىملىكىگە دائىر دېلولار ئۈستىدە پۇقرالار ئەرز قىلغاندىن سىرت، يوقاپ كەتكەن كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جاكارلاش دېلولىرىدا مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولغان كىشى ئىلتىماس قىلىدۇ؛ پۇقرالارنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى يوقلۇقى-

نى بېكىتىشكە دائىر دېلولاردا شۇ پۇقرانىڭ يېقىن تۇغقىنى ياكى تورۇشلۇق ئورنى ئىلتىماس قىلىدۇ؛ ئىگىسىز مال - مۈلۈكنى بېكىتىشكە دائىر دېلولاردا ئالاقىدار ئورگان، تەشكىلات، ئورۇننىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى ياكى شەخسلەر ئىلتىماس قىلىدۇ. دەۋاغا كىرمەيدىغان دېلو ئۈستىدە هۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئەگەر يېڭى ئەھۋال كۆرۈلسە ياكى سېزىلسە، سوت نازارەتچىلىكى تەرتىپى بويىچە يېڭىۋاشتىن سوت قىلىنماي، ئالاقىدار خادىملارنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن، سوت مەھكىمىسى يېڭى هۆكۈم چىقىرىپ، ئەسلىدىكى هۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرسا بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالاھىدە تەرتىپ بويىچە سوت قىلىنغان دېلولار ئىنتايىن ئاز بولدى، ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1883 — 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلغان 1 - سوت ھەق تەلەپ (جۈملىدىن ئىقتىسادىي ماجىرا) دېلولىرى 72 مىڭ 992 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي تەرتىپنى تەتبىقلاپ سوت قىلىنغىنى 13 مىڭ 750، ئاددىي تەرتىپنى تەتبىقلاپ سوت قىلىنغىنى 59 مىڭ 110، ئالاھىدە تەرتىپنى تەتبىقلاپ سوت قىلىنغىنى 132 بولدى.

## 4. 2 - سوت تەرتىپى ۋە سوت نازارەتچىلىكى تەرتىپى

### 1) 2 - سوت تەرتىپى

2 - سوتنىڭ هۆكۈم - كېسىمى ئاخىرقى سوت بولىدۇ يەنى قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان هۆكۈم - كېسىم بولىدۇ. ئالاھىدە تەرتىپ بويىچە سوت قىلىنغان دېلولار ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىۋاسىتە قوبۇل قىلغان 1 - سوت دېلولىرىدىن باشقا دېلولار ئۈستىدە ھەق تەلەپ دەۋاسى داۋامىدا ئىككى سوت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى ئۈستىدە سوت نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇپ، دېلونىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم تۈزۈم ھېسابلىنىدۇ. 1985 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى بېجىرگەن 2 - سوت دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ ۋە باھالاپ، بۇ سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت نازارەتچىلىكى ۋە يېتەكچىلىك رولىنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولدى.

**(1) نارازىلىق ئەرز بېرىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش** نارازىلىق ئەرز قىلغۇچى 1 - سوت دېلوسىدىكى دەۋالاشقۇچى بولۇپ، دەۋاگەر، جاۋابكار ۋە 3 - كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1 - سوت هۆكۈمى ياكى كېسىمىگە قايىل بولماي نارازىلىق ئەرز بېرىش سۈرۈكى 15 كۈن ۋە 10 كۈن بولىدۇ. نارازىلىق ئەرز بېرىشتە، نارازىلىق ئەرز خېتىنى ۋە داۋالاشقۇچى قارشى تەرەپنىڭ ئادەم سانىغا قاراپ ئۇنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى تاپشۇرۇش كېرەك. نارازىلىق ئەرز خېتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نارازىلىق ئەرز قىلىش تەلىپى ۋە ئاساسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. نارازىلىق ئەرز خېتىنى ئەسلى سوت قىلغان سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويسىمۇ، 2 - سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە نارازىلىق ئەرز بەرسىمۇ بولىدۇ. 2 - سوت مەھكىمىسى نارازىلىق ئەرز خېتى ۋە ئۇنىڭ كۆچۈرمىسىنى 5 كۈن ئىچىدە ئەسلى سوت قىلغان سوت مەھكىمىسىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ؛ ئەسلى سوت قىلغان سوت مەھكىمىسى نارازىلىق ئەرز خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆچۈرمىسىنى 5 كۈن ئىچىدە دەۋالاشقۇچى قارشى تەرەپكە ئەۋەتىپ بېرىدۇ؛ دەۋالاشقۇچى قارشى تەرەپ 15 كۈن ئىچىدە جاۋاب بېرىشى كېرەك. ئەسلى سوت قىلغان سوت مەھكىمىسى نارازىلىق ئەرز خېتى، جاۋاب خېتى ۋە بارلىق دېلو ماتېرىياللىنى 2 - سوت قىلغۇچى

سوت مەھكىمىسىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. نارازىلىق ئەرز بېرىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى دېلولارنى 2 ـ سوت قىلغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلىدۇ؛ ئەگەر دەۋالاشقۇچى قارشى تەرەپ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرمىسا، نارازىلىق ئەرزنى قوبۇل قىلىشقا تەسىر يەتمەيدۇ.

(2) نارازىلىق ئەرز بېرىلگەن دېلولارنى سوت قىلىش ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، 2 ـ سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسى 1 ـ سوتتا بېكىتىلگەن پاكىت ۋە قانۇننىڭ تەتبىقلىنىشىنى ئەتراپلىق تەكشۈرىدۇ، نارازىلىق ئەرز بېرىش دائىرىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، نارازىلىق ئەرز بېرىلگەن دېلولارنى بىردەك سوتچى (جۈملىدىن ياردەمچى سوتچى) لاردىن تەركىب تاپقان كېڭەشمە سوت سوت قىلىدۇ. نارازىلىق ئەرز دېلوسى شۇ مەھكىمىدە سوت قىلىنىشى، دېلو سادىر بولغان جايدا ياكى ئەسلى سوت مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جايدا سوت قىلىنىشى بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى. ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، نارازىلىق ئەرز دېلولىرى ئومۇمەن رەسمىي سوت قىلىنىدۇ. كېڭەشمە سوت دېلو ئارخىپىنى كۆرۈش ۋە تەكشۈرۈش، دەۋالاشقۇچىلاردىن سوراپ، پاكىتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق، رەسمىي سوت قىلىش زۆرۈرىيىتى يوق ئىكەن دەپ قارىغانلىرى ئۈستىدىمۇ ھۆكۈم چىقىرىلسا بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، قاتنىشى قولايسىز شۇنداقلا سوت كادىرلىرى كەمچىل ۋە ماددىي شارائىت بىر قەدەر ناچار بولغانلىقتىن، رەسمىي سوت قىلىنغان نارازىلىق ئەرز دېلولىرىنىڭ سانى بىر قەدەر ئاز ئىدى.

(3) نارازىلىق ئەرز دېلولىرىنىڭ ھۆكۈم ـ كېسىمى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 151 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، نارازىلىق ئەرز دېلولىرى سوت قىلىنغاندىن كېيىن، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا قاراپ پەرقلىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئەسلى ھۆكۈمدە بېكىتىلگەن پاكىتلار ئېنىق، قانۇننىڭ تەتبىقلىنىشى توغرا بولسا، نارازىلىق ئەرز ھۆكۈم ئارقىلىق رەت قىلىنىپ، ئەسلى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە قىلىنىدۇ؛ ئەسلى ھۆكۈمدە بېكىتىلگەن پاكىتلار ئېنىق بولسىمۇ قانۇننى تەتبىقلاش جەھەتتە خاتالىق بولسا، قانۇن بويىچە ھۆكۈم ئۆزگەرتىلىدۇ؛ ئەسلى ھۆكۈمدە بېكىتىلگەن پاكىتلار ئېنىقسىز، دەلىل ـ ئىسپاتلار يېتەرسىز بولسا ياكى قانۇن تەرتىپىگە خىلاپ بولغانلىقتىن توغرا ھۆكۈم چىقىرىشقا تەسىر يېتىش ئېھتىمالى بولسا، ئەسلى ھۆكۈم كېسىم ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەسلى سوت قىلغان سوت مەھكىمىسىنىڭ قايتا سوت قىلىشىغا قايتۇرۇلىدۇ ياكى پاكىتنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن ھۆكۈم ئۆزگەرتىلىدۇ. سوت ئەمەلىيىتىدە دەۋا تەرتىپى تۈزۈمىنىڭ بەزى كونكرېت بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىنغان بولسا، لېكىن بۇ توغرا ھۆكۈم چىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزمىگەن بولسا، قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرۇلماستىن، ئادەتتە دەۋالاشقۇچىلارغا ئىزاھات بېرىپ قويۇلىدۇ، يەنە ئەسلى سوت قىلغان سوت مەھكىمىسىگە كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. 1 ـ سوتنىڭ كېسىمىگە قايىل بولماي بېرىلگەن نارازىلىق ئەرز دېلولىرىنى 2 ـ سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسى كېسىم ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىدۇ، جۈملىدىن ئەسلى كېسىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ قايتىدىن كېسىم قىلىدۇ. شىنجاڭدا بۇنداق دېلولار كۆپ بولمىدى، 1 ـ سوتنىڭ كېسىمىنى 2 ـ سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرغىنى تېخىمۇ ئاز بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئاز ساندىكى نارازىلىق ئەرز دېلولىرىنى سوت قىلىش جەريانىدا بەزى 1 ـ سوت دېلولىرىغا ھۆكۈمنامە چىقىرىشنى تەتبىقلاشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئەسلى سوت قىلغاندا كېسىمنامە چىقىرىش تەتبىقلانغانلىقىنى بايقىدى. بۇنىڭدا سوتچى خادىملارنىڭ تونۇشى مۇجمەل بولغاچقا، قانۇن ھۆججىتىنى قالايمىقان ئىشلىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بۇ ئەھۋالنى

كۆزدە تۇتۇپ 2 - سوت دېلوسىنى ئاياغلاشتۇرغاندا يەنىلا ھۆكۈم ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلدى، ئەمما ھۆججەت تۈرلىرىنى ئىشلىتىشتىكى خاتالىقنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. 2 - سوت مۇرەسسە ھاسىل قىلغاندا بىردەك مۇرەسسەنامە تەييارلاندى: 2 - سوتنىڭ مۇرەسسەنامىسى يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئەسلى سوت ھۆكۈمى ئەمەلدىن قالدى دەپ قارالدى.

نارازىلىق ئەرز دېلولىرىنى سوت قىلىشتا، 2 - سوت تەرتىپى توغرىسىدىكى ئالاھىدە بەلگىلىمە تەدبىقلانغاندىن سىرت، 1 - سوتنىڭ ئومۇمىي تەرتىپى تەدبىقلاندى.

(4) 2 - سوت ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالى 1951 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە 2 - سوت ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 19 مىڭ 138ى قوبۇل قىلىنىپ، 18 مىڭ 869ى ئاياغلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1952 -، 1969 - يىللىرى ئاياغلاشتۇرۇلغان 460 دېلونىڭ تۈرگە ئايرىلىش ئەھۋالى يوق بولغاندىن سىرت، ئاياغلاشتۇرۇلغان 18 مىڭ 409 دېلودىن ئەسلى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە قىلىنغىنى 10 مىڭ 878، ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگىنى 4561 (بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلگىنى 2153، قىسمەن ئۆزگەرتىلگىنى 2408)، قايتۇرۇلغىنى 255، باشقىلىرى (جۈملىدىن 2 - سوتتا مۇرەسسە قىلىنغىنى) 1433، قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرۇلغىنى 1282 بولدى. ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگىنى 2 - سوتتا ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو سانىنىڭ %1 .24نى ئىگىلىدى. 50 - يىللاردا يىغىمدىن قوبۇل قىلىنغان 2 - سوت دېلوسى 8347، سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغىنى 8213 بولدى. ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگىنى 2147 (بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلگىنى 1103، قىسمەن ئۆزگەرتىلگىنى 1044) بولۇپ، ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگەن دېلو ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو سانىنىڭ %1 .26نى ئىگىلىدى. 1951 — 1960 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ھەق تەلەپ 2 - سوت دېلولىرىنىڭ سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى:

**1951 — 1960 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ھەق تەلەپ 2 - سوت دېلولىرىنىڭ سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 2 — 5

| قوبۇل قىلىش، ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالى / يىل | يىغىمدىن قوبۇل قىلىنغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە: ئەسلى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە قىلىنغىنى | ھۆكۈم ئۆزگەرتىلگىنى: تولۇق ئۆزگەرتىلگىنى | ھۆكۈم ئۆزگەرتىلگىنى: قىسمەن ئۆزگەرتىلگىنى | ھۆكۈم ئۆزگەرتىلگىنى: جەمئىي | دەۋادىن كەچكىنى | قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرۇلغىنى | باشقىلار | ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگەنلەرنىڭ ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولاردىكى نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1951 | 763 | 737 | 296 | 67 | 76 | 143 | 79 | 51 | 168 | 19.4% |
| 1952 | 443 | 423 | | | | | | | | |
| 1953 | 717 | 620 | 377 | 105 | 127 | 232 | | 11 | | 37% |
| 1954 | 1154 | 1197 | 736 | 195 | 216 | 411 | | 50 | | 34.3% |
| 1955 | 992 | 985 | 669 | 116 | 172 | 288 | | 28 | | 29.2% |
| 1956 | 1053 | 1018 | 663 | 143 | 121 | 264 | | 91 | | 25.9% |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 1633 | 1529 | 938 | 223 | 211 | 434 | | 157 | | 28.3% |
| 1958 | 815 | 951 | 675 | 131 | 83 | 214 | | 62 | | 22.5% |
| 1959 | 453 | 455 | 331 | 78 | 26 | 104 | | 20 | | 22.8% |
| 1960 | 320 | 298 | 205 | 45 | 12 | 57 | | 9 | 27 | 19% |
| جەمئىي | 8347 | 8213 | 4890 | 1103 | 1044 | 2147 | 79 | 479 | 195 | 26.1% |

ئىزاھ: ئالدىنقى يىلدا ئاپاغلاشتۇرۇلمىغان دېلو سانى كىرگۈزۈلمىدى، شۇڭا بەزى يىللىرى ئاپاغلاشتۇرۇلغان دېلو سانى شۇ يىلى يېگەدىن قوبۇل قىلىنغان دېلو سانىدىن كۆپ بولدى.

1961 — 1965 ـ يىلغىچە يېگەدىن قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ 2 ـ سوت دېلوسى 2894 بولۇپ، 2859ى ئاپاغلاشتۇرۇلدى. ئاپاغلاشتۇرۇلغان دېلولاردىن ئەسلى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە قىلىنغىنى 1842، ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگىنى 636 (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئۆزگەرتىلگىنى 347، قىسمەن ئۆزگەرتىلگىنى 289)، باشقا دېلولار 186، قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرۇلغىنى 195. ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگەن دېلولارنىڭ ئاپاغلاشتۇرۇلغان دېلو ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 22.2% بولدى. 1961 — 1965 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ھەق تەلەپ 2 ـ سوت دېلولىرىنىڭ سوت قىلىپ ئاپاغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

### 1961 — 1965 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەق تەلەپ 2 ـ سوت دېلولىرىنىڭ سوت قىلىپ ئاپاغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 6

| قوبۇل قىلىش، ئاپاغلاشتۇرۇش ئەھۋالى / يىل | يېگەدىن قوبۇل قىلىنغىنى | ئاپاغلاشتۇرۇلغىنى | ئاپاغلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە: ئەسلى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە قىلىنغىنى | ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگىنى: تولۇق ئۆزگەرتىلگىنى | ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگىنى: قىسمەن ئۆزگەرتىلگىنى | ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگىنى: جەمئىي | دەۋادىن كەچكىنى | قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرۇلغىنى | باشقىلار | ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگەن دېلولارنىڭ ئاپاغلاشتۇرۇلغان دېلولاردىكى نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1961 | 401 | 351 | 221 | 38 | 41 | 79 | | 25 | 26 | 22.5% |
| 1962 | 720 | 699 | 414 | 100 | 70 | 170 | | 66 | 49 | 25.8% |
| 1963 | 658 | 678 | 460 | 70 | 69 | 139 | | 42 | 37 | 20.5% |
| 1964 | 600 | 606 | 399 | 82 | 53 | 135 | | 34 | 38 | 22.3% |
| 1965 | 515 | 525 | 348 | 57 | 56 | 113 | | 28 | 36 | 21.3% |
| جەمئىي | 2894 | 2859 | 1842 | 347 | 289 | 636 | | 195 | 186 | 22.2% |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەلگە ئالدىنقى يىلدا ئاپاغلاشتۇرۇلمىغان دېلولارنىڭ سانى كىرگۈزۈلمىدى، شۇڭا بەزى يىللىرى ئاپاغلاشتۇرۇلغان دېلو سانى يېگەدىن قوبۇل قىلىنغان دېلو سانىدىن كۆپ بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ھەق تەلەپ 2 ـ سوت دېلولىرى ئاز بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى) يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھوقۇقىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك

قىلىندى، ھەق تەلەپ 2 ـ سوت دېلولىرى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. 1981 — 1985 ـ يىلىغىچە 5193 دېلو قوبۇل قىلىنىپ، 5259 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو 1000دىن كۆپ بولدى. 1220 دېلونىڭ ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلدى، بۇ ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو سانىنىڭ %23.2نى ئىگىلىدى.

1976 — 1985 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ 2 ـ سوت دېلوسى 7118 بولۇپ، 7059ى ئاياغلاشتۇرۇلدى، ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە ئەسلى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە قىلىنغىنى 3686، ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگىنى 1625 (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئۆزگەرتىلگىنى 624، قىسمەن ئۆزگەرتىلگىنى 1001)، دەۋادىن كەچكىنى 176، باشقىلار 995، قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرۇلغىنى 579 بولدى. ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگەن دېلو ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولارنىڭ %23نى ئىگىلىدى. 1976 — 1985 ـ يىلىغىچە ھەق تەلەپ 2 ـ سوت دېلولىرىنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى «جەدۋەل: 2 — 7»دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**1976 — 1985 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ بويىچە ھەق تەلەپ 2 ـ سوت دېلولىرىنىڭ سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 2 — 7

| قوبۇل قىلىش، ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالى / يىل | يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە: ئەسلى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە قىلىنغىنى | ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگىنى: تولۇق ئۆزگەرتىلگىنى | ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگىنى: قىسمەن ئۆزگەرتىلگىنى | ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگىنى: جەمئىي | دەۋادىن كەچكىنى | قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرۇلغىنى | باشقىلار | ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگەنلەرنىڭ ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولاردىكى نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1976 | 217 | 214 | 72 | 8 | 14 | 22 | | 8 | 22 | 17.7% |
| 1977 | 198 | 258 | 147 | 28 | 40 | 68 | | 10 | 33 | 26.4% |
| 1978 | 334 | 304 | 171 | 20 | 38 | 58 | | 16 | 59 | 14.4% |
| 1979 | 427 | 410 | 199 | 25 | 45 | 70 | | 32 | 109 | 17.1% |
| 1980 | 749 | 704 | 380 | 65 | 122 | 187 | | 41 | 96 | 26.5% |
| 1981 | 1035 | 1036 | 554 | 82 | 171 | 253 | | 96 | 133 | 24.4% |
| 1982 | 983 | 985 | 534 | 108 | 135 | 243 | | 80 | 128 | 24.7% |
| 1983 | 977 | 1047 | 579 | 87 | 119 | 206 | 54 | 94 | 116 | 19.7% |
| 1984 | 1073 | 1076 | 544 | 101 | 166 | 267 | 67 | 94 | 104 | 24.8% |
| 1985 | 1125 | 1115 | 506 | 100 | 151 | 251 | 55 | 108 | 195 | 22.5% |
| جەمئىي | 7118 | 7059 | 3686 | 624 | 1001 | 1625 | 176 | 579 | 995 | 23% |

ئىزاھ: جەدۋەلگە ئالدىنقى يىلى ئاياغلاشتۇرۇلمىغان دېلو سانى كىرگۈزۈلمىدى، شۇڭا بەزى يىللىرى ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو سانى شۇ يىلى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان دېلو سانىدىن كۆپ بولدى.

### 2) سوت نازارەتچىلىكى تەرتىپى

ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدا دەۋالاشقۇچىلار، قانۇنىي ۋاكالەتچىلەر كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈم-كېسىمدە ھەقىقەتەن خاتالىق بار دەپ قارىسا، ئەسلى سوت قىلغان سوت مەھكىمىسىگە ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىگە ئەرز بەرسە بولىدۇ، لېكىن ھۆكۈم - كېسىمنىڭ ئىجراسى توختىتىلمايدۇ دەپ بەلگىلەندى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئەرز دېلولىرىغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن دەرىجىگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش يولىنى تۇتتى. ئادەتتە ئاۋۋال ئەسلى سوت قىلغان سوت مەھكىمىسى قايتا تەكشۈرۈپ چىقتى، قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەسلى ھۆكۈم - كېسىم توغرا، ئەرزى يولسىز دەپ قارىغانلىرىنى ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق رەت قىلدى؛ ھۆكۈم - كېسىمدە ھەقىقەتەن خاتالىق بارلىرىنى ئادەتتە قانۇن تەرتىپى بويىچە ئالدۇرۇپ يېڭىباشتىن سوت قىلدى. يېڭىباشتىن سوت قىلىنىدىغان دېلولارنى كېڭەشمە سوت قاراپ چىقتى. شۇ مەھكىمىدە يېڭىۋاشتىن سوت قىلغاندا ئەسلى سوت قىلغۇچى خادىملار يېڭىۋاشتىن سوت قىلىدىغان كېڭەشمە سوتقا قاتناشتۇرۇلمىدى. ئەسلى 1 - سوت قىلىنغان بولسا 1 - سوت تەرتىپى بويىچە سوت قىلىنىدى، ھۆكۈم - كېسىم ئۈستىدە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ نارازىلىق ئەرز بېرىشىگە رۇخسەت قىلىنىدى؛ ئەسلى 2 - سوت قىلىنغان ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى ئالدۇرۇپ سوت قىلغان بولسا، 2 - سوت تەرتىپى بويىچە سوت قىلىنىدى، چىقىرىلغان ھۆكۈم، كېسىم ئاخىرقى سوت ھۆكۈمى، كېسىمى بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە نارازىلىق ئەرز بېرىشكە رۇخسەت قىلىنمىدى. قايتا سوت قىلىش جەريانىدا مۇرەسسە ھاسىل قىلىنغان بولسا، مۇرەسسە كۈچكە ئىگە بولغان چاغدا ئەسلىدىكى ھۆكۈم، كېسىم ياكى مۇرەسسەنامە ئەمەلدىن قالدى دەپ قارالدى.

**1976 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ھەق تەلەپ ئەرز دېلولىرىنىڭ سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 2 — 8

| قوبۇل قىلىش، ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالى / يىل | يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئەسلى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە قىلىنغىنى | ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگىنى | | | دەۋادىن كەچكىنى | قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرۇلغىنى | باشقىلار |
| | | | | تولۇق ئۆزگەرتىلگىنى | قىسمەن ئۆزگەرتىلگىنى | جەمئىي | | | |
| 1976 | 100 | 109 | 65 | 3 | 17 | 20 | | | 24 |
| 1977 | 119 | 128 | 75 | 2 | 7 | 9 | | | 44 |
| 1978 | 146 | 129 | 45 | 32 | 2 | 34 | | | 50 |
| 1979 | 163 | 146 | 118 | 6 | 10 | 16 | | | 12 |
| 1980 | 281 | 268 | 216 | 12 | 30 | 42 | | | 10 |
| 1981 | 214 | 232 | 164 | 21 | 24 | 45 | | | 23 |
| 1982 | 132 | 131 | 69 | 20 | 22 | 42 | | | 20 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1983 | 540 | 519 | 326 | 14 | 46 | 60 | 36 | | 97 |
| 1984 | 445 | 498 | 348 | 17 | 27 | 44 | 65 | | 41 |
| 1985 | 633 | 651 | 431 | 24 | 40 | 64 | 46 | | 110 |
| جەمئىي | 2773 | 2881 | 1857 | 151 | 225 | 376 | 147 | | 431 |

ئىزاھ: ئالدىنقى يىلدا ئاياغلاشتۇرۇلمىغان دېلو سانى جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى، شۇڭا ئاياغلاشتۇرۇلغىنى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغىنىدىن كۆپ بولدى.

## 5. ئىجرا تەرتىپى

«خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»دا ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە ئىجراچى قويۇلىدۇ دەپ بەلگىلەندى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)»دا كۆچكە ئىگە بولغان ھەق تەلەپ ھۆكۈم - كېسىمى ۋە مۇرەسسە كېلىشىملىرىنى ئەسلى 1 - سوت قىلغان خەلق سوت مەھكىمىسى ئىجرا قىلىدۇ. ئىجرا قىلىش سوتچى يوللاپ بەرگەندە ياكى دەۋالاشقۇچىلار ئىلتىماس قىلغاندا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ دەپ بەلگىلەندى.

خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان دېلولاردا، كۆچكە ئىگە بولغان قانۇن ھۆججىتىدە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دەۋالاشقۇچىلار ئۆزلۈكىدىن ئادا قىلىدۇ، ئۇلارنى مەجبۇرلاش ھاجەتسىز، ئىجرا ھەق تەلەپ دەۋاسىنىڭ زۆرۈر تەرتىپى ئەمەس. ئىككى تەرەپنىڭ قارشىلىشىش ئەھۋالى ئېغىر بولغان ئەھۋالدا نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ھۆكۈم قىلىنغان ھەمدە ئىككى تەرەپنىڭ ئارازلىقى كۈچلۈك بولغان دېلولاردا، نەرسە - كېرەك بۆلۈشۈش ياكى تۆلەش داۋامىدىكى سۈركىلىشنى ئازايتىش ئۈچۈن، بەزى سوتچى خادىملار تەشەببۇسكارلىق بىلەن مال - مۈلۈك بۆلۈشۈش ۋە تۆلەش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدۇرغان نەق مەيدانغا بېرىپ نازارەت قىلىدۇ، بۇمۇ مەجبۇرلاش تەدبىرىنى قوللىنىش قېتىم سانىنى ئازايتقانلىق بولىدۇ. ساۋەن ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ 1984 - يىللىق ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك دېلو سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو سانىنىڭ %3.5نى ئىگىلىگەن. ئىجراغا بېرىلگەنلىرىدىمۇ، ئادەتتە ئىجرا قىلىنغۇچىغا ئالدى بىلەن قانۇنغا رىئايە قىلىش تەربىيەسى بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە ئادا قىلىشى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ.

ئىجرا تەدبىرى قوللىنىش جەريانىدا، ئىجرا قىلىنغۇچىنىڭ ئامانەت پۇل ياكى ئەمگەك كىرىمىنى تۇتۇپ قېلىش، ئېلىۋېتىش دائىملىق ئىجرا تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئىجرا قىلىنغۇچىنىڭ مال - مۈلكىنى پېچەتلەش، تۇتۇپ قېلىش، توڭلىتىش، ئۆزگەرتىپ سېتىش ۋە ئۆيدىن مەجبۇرىي كۆچۈرۈۋېتىش ياكى يېرىنى تارتىۋېلىش، ئىجرا قىلىنغۇچى باشقىلارنى ۋاكالىتەن ئورۇنلاشقا بەلگىلەش ھەرىكىتىدىكى خىزمەتنى ئۈستىگە ئېلىش قاتارلىق تەدبىرلەرمۇ بار. ئىجرا قىلىنغۇچىنىڭ پۇل - بىساتىنى ئىگىلەپ تۇرغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بويىچە ئىجراغا ھەمكارلىشىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. ئىجرا داۋامىدا ۋاقتىنچە ئىجرا قىلدۇرۇشقا بولمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلسە، ئىجرا كېسىم ئارقىلىق توختىتىلىدۇ. ئىجرا قىلىش ھاجەتسىز بولسا ياكى ئىجرا قىلغىلى بولمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلسە، ئىجرا كېسىم ئارقىلىق ئاياغلاشتۇرۇلىدۇ، دېلو سىرتىدىكى كىشى ئىجرا نىشانى ئۈستىدە باشقىچە پىكىر ئوتتۇرىغا قويسا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئورۇنلۇق بولغانلىرىدا ئىجرانى توختىتىشنى مەھكىمە

باشلىقنىڭ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىپ، كېڭەشمە سوت تەكشۈرىدۇ ياكى سوت ھەيئىتى مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىدۇ.

شىنجاڭدىكى بىرمۇنچە سوت مەھكىمىلىرىدە ئىجراچى قويۇلمىدى ياكى ئىجراچىلار بەك ئاز بولدى، شۇڭا ئىجرا خىزمىتى ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى ئاجىز ھالقا بولۇپ كەلدى.

## 6. ھەق تەلەپ دەۋا ھەققى تۈزۈمى

ھەق تەلەپ دەۋا ھەققى تۈزۈمى ھەر قايسى دۆلەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈمدۇر. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىمۇ ھەق تەلەپ دەۋا ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. 1 ـ سوت ھۆكۈم ـ كېسىم ھەققى تالاش ـ تارتىش سوممىسىنىڭ %1ى بويىچە، 2 ـ، 3 ـ سوت دەۋا ھەققى تالاش ـ تارتىش سوممىسىنىڭ %1.5ى بويىچە ئېلىنىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا، دەۋا جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەرتىپكە ئالاقىدار ئىلتىماس قاتارلىقلارغا ئايرىم ھەق تاپشۇرۇلىدۇ؛ تەرجىمە ھەققىنى دەۋالاشقۇچىلار ئۈستىگە ئالىدۇ؛ ئىجرا ھەققى ئىجرا نىشانى سوممىسىنىڭ ‰5ى بويىچە ئېلىنىدۇ. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) ھۆكۈم ـ كېسىم ھەققى بۇنىڭ %30ىغا باراۋەر بولۇپ، شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىلىرى 1 ـ سوت ھۆكۈم. كېسىم ھەققىنى تالاش ـ تارتىش سوممىسىنىڭ %1.6ى بويىچە ئالغان، 2 ـ، 3 ـ سوت ئالغان دەۋا ھەققى %2.4كە يەتكەن، يەنە بۇنىڭدىن باشقا قانۇن ھۆججىتىنى يەتكۈزۈپ بېرىش ھەققى ئېلىنغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھەق تەلەپ دەۋالىرىغا ئومۇمەن ھەق ئالمىدى. 1982 ـ يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)» ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ 80 ـ ماددىسىدا: دەۋالاشقۇچىلار ھەق تەلەپ دەۋالىرىدا بەلگىلىمە بويىچە دېلو قوبۇل قىلىش ھەققى تاپشۇرۇشى كېرەك؛ مال ـ مۈلۈك دېلولىرىدا دېلو قوبۇل قىلىش ھەققى تاپشۇرغاندىن سىرت بەلگىلىمە بويىچە باشقا دەۋا خىراجەتلىرىنى تاپشۇرۇش كېرەك دەپ بەلگىلەندى. 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى «ھەق تەلەپ دەۋا ھەققى ئېلىش چارىسى (سىناق نۇسخىسى)»نى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1) ھەق ئېلىش تۈرى ۋە سومما مىقدارى    دېلو قوبۇل قىلىش ھەققى نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىدا 10 يۈەندىن 50 يۈەنگىچە، مال ـ مۈلۈككە چېتىلمايدىغان باشقا دېلولاردا 5 يۈەندىن 20 يۈەنگىچە ئېلىنىدۇ؛ مال ـ مۈلۈك دېلولىرىدا تالاش ـ تارتىش سوممىسى 1000 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىدىن 30 يۈەن، 1000 يۈەندىن ئاشقان قىسمىدىن %1 بويىچە، 50 مىڭ يۈەندىن ئاشقان قىسمىدىن دەرىجىگە بۆلۈپ كېمەيتىلگەن نىسبەت بويىچە ھەق ئېلىنىدۇ. 2. سوت دېلولىرىنى قوبۇل قىلىش ھەققى 1 ـ سوتنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. مال ـ مۈلۈك دېلولىرىدا دەۋالاشقۇچىلار باھالاش، ئېنىقلاش، ئېلان چىقىرىش، گۇۋاھچىلارنىڭ ئىشتىن قالغانلىق تولۇقلىما پۇلى ۋە قاتناش ھەققى قاتارلىق خىراجەتلەرنى تۆلەيدۇ. دەۋالاشقۇچىلار دەۋا ماتېرىيالى، قانۇن ھۆججىتىنى كۆپەيتىۋېلىشنى تەلەپ قىلسا، كۆپەيتىش ھەققىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. دەۋالاشقۇچىلار يەنە ئەمەلىي چىقىم قىلىنغان ئىجرا ھەققى ۋە باشقا قانۇن ھۆججەتلىرىنى ئىجرا قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش ھەققىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئىجرانى ئىلتىماس قىلىش ھەققى، ئىجرا نىشانى 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولسا، 10 يۈەندىن 50 يۈەنگىچە، ئىجرا نىشانى 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولسا ‰1 بويىچە ئېلىنىدۇ.

2) دەۋا ھەققىنى ئۈستىگە ئېلىش    دېلو سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، دەۋا ھەققىنى دەۋادا يېڭىلگەن دەۋالاشقۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ، نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسىدا دەۋا ھەققى ئۈستىگە ئېلىشنى خەلق سوت مەھكىمىسى ئەھۋالغا قاراپ قارار قىلىدۇ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ يولسىز دەۋا ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن چىقىم قىلىنغان خىراجەتنى شۇ دەۋالاشقۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ ئەمەلىي چىقىم قىلىنغان ئىجرا خىراجىتى ۋە ئىجرانى ئىلتىماس قىلىش ھەققىنى ئىجرا قىلىنغۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ.

3) دەۋا ھەققىنى كېمەيتىش، كېچىكتۈرۈش، كەچۈرۈم قىلىش    ئېقتىسادىي قىيىنچىلىق، ئىشەنچىلىك ئاھالىدىن ھەققى بېرىش تەلەپ قىلىنغان دېلولاردا ئالاھىدە تەرتىپ بويىچە سوت قىلىنىدىغان، ئەممەس، يار - يۆلەك بولۇش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ھەققى ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان دېلولاردا ئالاھىدە تەرتىپ بويىچە سوت قىلىنىدىغان، يېڭىباشتىن سوت قىلىنىدىغان، ئالدۇرۇپ سوت قىلىنىدىغان دېلولاردا دەۋا ھەققى ئېلىش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. يۇقىرىلار دەۋا ھەققى تاپشۇرۇشتا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بولسا، كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش، كېمەيتىپ تاپشۇرۇش ياكى كەچۈرۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

1985 - يىلدىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلغان ئادەتتىكى ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ تولىسىدا دەۋا ھەققى ئېلىنمىدى. ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىدىن 1981 - يىل 9 - ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلىغان سىناق چارىسى بويىچە ھەق ئېلىندى. 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ھەق تەلەپ دېلولىرى ۋە ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى تۈزگەن چارە بويىچە ھەق ئېلىندى. نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى قوبۇل قىلىش ھەققى ئادەتتە 30 يۈەندىن ئېشىپ كەتمىدى. كەسىپىي ماتېرىياللارنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش راسخوتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1985 - يىلدىن باشلاپ تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئالغان دەۋا ھەققىنى يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىگە تاپشۇرغاندا ئازراق پىرسەنت ئايرىپ قالدى. 1987 - يىلى بۇنداق قىلىش توختىتىلدى.

## 7. ئىقتىسادىي دەۋاغا دائىر بىر نەچچە بەلگىلىمە

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا ھەق تەلەپ دەۋە تەرتىپىنى تەتبىقلىدى، شىنجاڭ ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىدە ھەق تەلەپ دەۋاسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلغاندىن سىرت يەنە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، بەزى كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى يولغا قويدى.

1) ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى

(1) جايلار بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى    ئىقتىسادىي توختام ماجىراسىغا دائىر دەۋالار توختام ئادا قىلىنىدىغان جاي ياكى توختام تۈزۈلگەن جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ؛ ئىقتىسادقا دائىر ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش ھەرىكىتى ئۈستىدىن قىلىنغان دەۋالار ھوقۇقا دەخلى - تەرۇز قىلىنغان جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ، يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختامى ماجىراسىغا دائىر دەۋالار ھۆددىگەرلىك توختامى ئادا قىلىنىدىغان جاي ياكى جاۋابكار تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ؛ زاۋۇت، كان - كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىجارە - ھۆددىگەرلىك توختامى ماجىراسىغا دائىر دەۋالار توختام ئادا قىلىنىدىغان جاي ياكى

جاۋابكار تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ؛ تۆمۈر يول ترانسپورتى جەريانىدا يۈز بەرگەن دەۋالار مەزكۇر ماجىرانى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل باشقۇرغۇچى ئاپپارات تۇرۇشلۇق جايدىكى تۆمۈريول ترانسپورت سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ.

(2) دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش تەۋەلىكى 1 - سوت ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى: دەۋا نىشانى سوممىسى بىر مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولغان دېلولار ۋە ئاپتونوم رايوندا تەسىرى زور بولغان دېلولار يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ؛ دەۋا نىشانى سوممىسى 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغان دېلولار، چەت ئەلگە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنغا چېتىشلىق دېلولار، پاتېنت ماجىراسى دېلولىرى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ؛ دەۋا نىشانى سوممىسى 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولغان دېلولار ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ، خەلق سوتلىرى دەۋا نىشانى سوممىسى بىر قەدەر ئاز، تالاش - تارتىش زور بولمىغان دېلولارنى سوت قىلسا بولىدۇ. تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى 1 - سوت دېلولىرىدىن سوت قىلىشقا قولايسىز ياكى قىيىنلىشىپ قالىمىز دەپ قارىغانلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشىغا سۇنسا بولىدۇ؛ يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى 1 - سوت دېلولىرىنى سوت قىلىشقا هوقۇقلۇق، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى 1 - سوت دېلوسىنى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشىغا تاپشۇرسىمۇ بولىدۇ.

2) ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىدىكى دەۋاغا قاتناشقۇچىلار

(1) دەۋالاشقۇچىلار ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى) نىڭ 44 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، دەۋا ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىدا دەۋالاشقۇچى بولسا بولىدۇ. 1. كارخانا، كەسپىي ئورۇن، كوللېكتىپ تەشكىلات قاتارلىق قانۇنىي ئىگىلەر؛ 2. پۇقرالار، يەككە سودا - سانائەتچىلەر، يېزىلاردىكى ھۆددىگەر تىجارەتچىلەر؛ شەخسلەر شېرىكچىلىك توختامىدىكى ئورتاق دەۋالاشقۇچىلار، شېرىكلەشكۈچىلەر دەۋا ۋەكىلى بولۇشقا كۆرسىتىپ بەرگەن مەسئۇللار؛ 3. كارخانىلار قوشۇلغاندىن كېيىنكى يېڭى كارخانا دەۋالاشقۇچى بولىدۇ. تارقالغان كارخانىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇن ياكى ھېساباتىنى ئېنىقلىغۇچى ئورۇن دەۋالاشقۇچى بولىدۇ؛ 4. بىر تەرەپ قانۇنىي ئىگە شەرتىنى ھازىرلىمىغان ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدە بولسا، شۇ بىرلەشمە گەۋدىنى تەشكىل قىلغۇچىلار ياكى شېرىكلەشكەن تەرەپلەر ئورتاق دەۋاغا قاتنىشىدۇ.

(2) قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىل ئورگان، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇن ۋە باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلات قاتارلىق قانۇنىي ئىگىلەر دەۋا قىلىشتا، بۇ ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق مەمۇرىي مەسئۇلى قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىل بولۇشى كېرەك.

(3) ئۈچىنچى كىشى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى) نىڭ 48 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىقتىسادىي دەۋادىكى ئۈچىنچى كىشى دەپ، دەۋالاشقۇچىلار تالاش - تارتىش قىلىشقان دەۋا نىشانىغا قارىتا مۇستەقىل تەلەپ قويۇش هوقۇقى بولغان ياكى مۇستەقىل تەلەپ قويۇش هوقۇقى بولمىسىمۇ، دېلونىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نەتىجىسى بىلەن قانۇن جەھەتتە مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئالدىنقىسى بولسا، مۇستەقىل سۇبىستا- سىيە هوقۇقى سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ، خەلق سوت مەھكىمىسىگە يېڭى دەۋانى ئوتتۇرىغا قويسا،

ئۇنىڭ دەۋا جەريانىدىكى ئورنى دەۋاگەرلەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، شۇڭا دەۋاگەرنىڭ دەۋا هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ۋە دەۋاگەرنىڭ دەۋا مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. كېيىنكىسى بولسا، دەۋالاشقۇچىلار بىر تەرەپ بىلەن قانۇن جەھەتتە مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇش قىلىشى بىلەن دەۋاغا قاتنىشىدۇ، ئۇ ھەم دەۋاگەر، ھەم جاۋابكار بولمىغاچقا، مۇستەقىل تەلەپ قىلىش هوقۇقى بولمىغان ئۈچىنچى كىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇني هوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش مەقسىتىدە دەۋا قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ ئۇ سوتتا پىكىرنى بايان قىلسا، سوت مۇنازىرىسى ۋە مۇرەسسەگە قاتناشسا بولىدۇ، لېكىن كۆچكە ئىگە بولغان كېسىم ـ قارارى، مۇرەسسە كېلىشىمى ئۇنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىشلىق بولسا، ئۇ جەزمەن ئىجرا قىلىشى كېرەك.

(4) دەۋا ۋاكالەتچىسى   ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى) نىڭ 50 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىدىكى دەۋالاشقۇچى 1 ـ، 2 دەۋا ۋاكالەتچىسىگە ۋاكالىتەن دەۋا قىلىشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

### 3) ئەرز قىلىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش

(1) دېلو تۇرغۇزۇش   دەۋاگەرنىڭ ئەرزى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسىگە كىرىپ، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى) نىڭ 81 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن شەرتكە ئۇيغۇن كەلسىلا، ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى ئەرزنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

(2) دېلو مەزمۇنى   ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىنىڭ مۇرەسسەنامىسى، ھۆكۈمنامىسىغا دېلو مەزمۇننى ئېنىق يېزىش كېرەك، ئىقتىسادىي توختام دېلوسىنىڭ مەزمۇننى بېكىتىشتە، ئىقتىسادىي توختام قانۇنىدا كۆرسىتىلگەن 10 چوڭ تۈردىكى ئىقتىسادىي توختام بويىچە تۈرگە ئايرىپ دېلو مەزمۇننى بېكىتىش كېرەك؛ دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلار يۈزىسىدىن ۋاقتىدا ھېساب كىتاپ قىلىۋېتىش ھەققىدە ئاغزاكى كېلىشىم تۈزۈشكەن ماجىرا دېلولىرىدا دېلو مەزمۇننى ئىقتىسادىي توختام دېلولىرىدىن پايدىلىنىپ مۇئەييەنلەشتۇرۇش كېرەك.

### 4) ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىغا تەتبىقلىنىدىغان تەرتىپلەر

(1) ئومۇمىي تەرتىپ   خەلق سوت مەھكىمىسى 1 ـ سوت ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىنى سوت قىلىشتا، ئاددىي دېلولارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتىكى دېلو، چەتكە چېتىشلىق دېلو ۋە ئىقتىسادىي دېلو، مەمۇرىي دېلولارغا ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى) دا بەلگىلەنگەن ئومۇمىي تەرتىپنى تەتبىقلايدۇ.

(2) ئاددىي تەرتىپ   خەلق سوت مەھكىمىسى پاكىتى ئېنىق، ئەھۋالى ئاددىي، تالاش ـ تارتىش چوڭ بولمىغان ئىقتىسادىي دېلولارنى سوت قىلىشتا، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى) دا بەلگىلەنگەن ئاددىي تەرتىپنى تەتبىقلايدۇ. دەسلەپتە ئاددىي تەرتىپ بويىچە سوت قىلىنغان دېلولارنىڭ سوت قىلىش داۋامىدا ئاددىي دېلو ئەمەسلىكى سېزىلسە، ئۇنىڭغا ئومۇمىي تەرتىپنى تەتبىقلايدۇ. لېكىن ئومۇمىي تەرتىپ بويىچە سوت قىلىنىپ بولغان دېلولارغا ئاددىي تەرتىپنى تەتبىقلاشقا بولمايدۇ.

### 5) ئىجرا قىلىش

ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىدىكى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى قانۇنىي ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئىجرا قىلىش جەھەتتە مۇئەييەن خاسلىققا ئىگە. ئىجرا قىلىش قېيىن بولغانلىرى ئادەتتە تۆۋەندە-

كى ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىنىدۇ: (1) تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئادا قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، دەۋالاشقۇچىلارغا قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاڭلىق ئادا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىنىدۇ. (2) ۋاقتىنچە تۆلەش ئىقتىدارى بولمىسا، دەۋالاشقۇچى قوشۇلغاندىن كېيىن، تۆلەش مۇددىتى مۇۋاپىق ئۇزارتىپ بېرىلىدۇ. (3) ھەقىقەتەن ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىجرا قىلىشقا تەسىر يەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ توسالغۇنى تۈگىتىشى، ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىلىپ، ئادا قىلىش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىلىدۇ. (4) ئادا قىلىش ئىقتىدارى بار تۇرۇقلۇق ئادا قىلمىغان، تەربىيە بەرسىمۇ ئۇنۇمى بولمىغانلارغا قارىتا خەلق بانكىسىغا «ئىجراغا ھەمكارلىشىش ئۇقتۇرۇشنامىسى» ئەۋەتىپ، ئامانەت پۇلىنى مەجبۇرىي ئاجرىتىش ياكى مال - مۈلكىنى پېچەتلەش، تۇتۇپ قېلىش، كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. (5) ئىجرا قىلىنىدىغان مال -مۈلۈك باشقا جايدا بولسا، شۇ جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ۋاكالىتەن ئىجرا قىلىشىغا ھاۋالە قىلىنىدۇ. (6) ئىجرا جەريانىدا ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)نىڭ 182 -، 183 - ماددىلىرىدا بەلگىلەنگەن ئەھۋاللار كۆرۈلسە، كېيىن ئارقىلىق ئىجرا توختىتىلىدۇ ياكى ئىجرا ئاياغلاشتۇرۇلىدۇ.

6) دېلو قوبۇل قىلىش ھەققى

ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)نىڭ 80 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە دەۋالاشقۇچىلار ھەق تەلەپ دەۋاسى قىلغاندا، بەلگىلىمىگە بىنائەن دېلو قوبۇل قىلىش ھەققى تاپشۇرۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تۈزگەن «ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا دەۋا ھەققى ئېلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن 1981 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ماقۇللىنىپ يولغا قويۇلدى. چارىدە دېلو قوبۇل قىلىش ھەققى تالاش - تارتىش نىشانىغا قاراپ ئېلىنىدۇ. تالاش - تارتىش نىشانى 3000 يۈەن خەلق پۇلىغا يەتمىسە 30 يۈەن، 3000 يۈەندىن يۇقىرى، 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولسا، %1 بويىچە ئېلىنىدۇ؛ 30 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولسا %1 — %1.5 بويىچە ئېلىنىدۇ. چەتكە چېتىشلىق دېلودا تالاش - تارتىش نىشانى 10 مىڭ يۈەنگە يەتمىسە 100 يۈەن؛ 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولسا، %2 بويىچە ئېلىنىدۇ. 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولسا، %3 بويىچە ئېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

دېلو قوبۇل قىلىش ھەققىنى دەۋاگەر ۋە نارازىلىق ئەرز بەرگۈچى ئۆلچەم بويىچە ئالدىن تاپشۇرۇپ تۇرىدۇ، دېلو سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، دەۋادا يېڭىلگەن تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ، بىر قىسمىدا يەڭگەن، بىر قىسمىدا يېڭىلگەن بولسا، جاۋابكارلىقنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ نىسبەتەن بويىچە بۆلۈپ ئۈستىگە ئالىدۇ.

1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ھەيئىتىنىڭ 203 - يىغىنىدا «ھەق تەلەپ دەۋا ھەققى ئېلىش چارىسى (سىناق نۇسخىسى)» ماقۇللاندى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە 1985-يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئۇنى ئىجرا قىلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى ھەمدە ئۆزى تۈزگەن «ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى سوت قىلىشتا دەۋا ھەققى ئېلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى»نى شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەمەلدىن قالدۇردى.

ئۈچىنچى قىسىم

# جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتى

# ئۈچىنچى قىسىم

# جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى جىنايى ئىشلار سوت تۈزۈمى ئاساسلىقى فېئوداللىق جەمئىيەت تەرتىپىنى، فېئوداللىق دەرىجە تۈزۈمىنى قوغداش ئۈچۈن، فېئوداللىق دۆلەتكە ۋە خانلىق مۇستەبىتلىك تۈزۈمگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش قىلمىشلىرىنى باستۇرۇپ، كۈنسايىن مەركەزلەشتۈرۈلۈۋاتقان مۇستەبىت تۈزۈمنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلاتتى. خان جەمەتىدىكىلەر، ۋەزىر - ۋۇزۇرالار «ئون قەبىھ جىنىيەت»تىن باشقا جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن بولسا، «كېڭىشىش تۈزۈمى» قوللىنىلىپ، يېنىكلىتىپ جازا بېرىلەتتى ھەمدە جىنايى جازالارنىڭ ئورنىغا جەرىمانە قويۇش، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش، مەنسەپتىن قالدۇرۇشقا ئوخشاش جازالارنى بېرىش بەلگىلەنگەندى. مانجۇلار جىنايەت ئۆتكۈزسە، «دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش»، «ئالماشتۇرۇش» جازاسى بېرىلەتتى؛ مانجۇ سەركەردە - چېرىكلەر قاماق جازاسى، سۈرگۈن قىلىش جازاسىغا لايىق جىنايەت ئۆتكۈزسە قاماققا ئېلىنماي، سۈرگۈن قىلىنماي، قامچىلاش جازاسى بېرىلەتتى؛ «يات مىللەت»تىن بولغانلار جىنايەت ئۆتكۈزسە ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلەتتى. 1910 - يىلدىن كېيىن جىنايى ئىشلار سوت ئىشلىرىدا «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنى»غا ئاساسەن، جىنايەتچىلەرگە رەھىمسىز جازا بېرىلمەيدىغان بولدى، جىنايى جازانى تەستىقلاش جەھەتتە «ئەمەلدارلىق دەرىجەسى»، «ئېسىلزادىلەر بىلەن گادايلار»، «كېيىم - كېچەك تۈزۈمى» قاتارلىق جەھەتلەردىن پەقلەندۈرۈش بىكار قىلىندى. جىنايى ئىشلار سوت ئىشلىرىدا تىغ ئۇچى يەنىلا فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمگە قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قارىتىلدى. خان ئوردىسىغا خەۋپ يەتكۈزۈش ۋە ئىچكى قالايمىقانلىق تۇغدۇرۇش، سىرتتىكىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش، خان جەمەتىدىكىلەرگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش داۋاملىق قوللىنىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دەھشەتلىك جازالاش ئۇسۇللىرى فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمنى ھالاكەت تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرالمىدى.

مىنگو دەۋرىدە ئەدلىيە، سوت ئورگانلىرى، بيۇروكرات بۇرژۇئازىيىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن، سوت پائالىيىتى ئارقىلىق جىنايى جازانى تەتبىقلاپ ئىنقىلابچىلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنى باستۇردى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا سۇن جۇڭشەن ۋاقىتلىق دازۇڭتۇڭ بولدى، نەنجىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىر قاتار سىياسىي، ئەدلىيە تۈزۈملىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، فېئوداللىق قىيناپ سوراق قىلىش ۋە تەن جازاسى بېرىشنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئىسلاھاتلار يۈەن شىكەينىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشى بىلەن يولغا قويۇلمىدى. شىمال مىللىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە شىنجاڭدا جىنايى ئىشلار-دېلولىرىنى يەنىلا ناھىيە ئامبىلى شىمال مىللىتارىستلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ «ۋاقىتلىق يېڭى جىنايى ئىشلار

قانۇنى» بويىچە سوت قىلىپ، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى «قاراقچى»، «باندىت»، «ئىچكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغۇچى» دېگەندەك جىنايەتناملىرى بىلەن قاتتىق جازالىدى، ئىش تاشلىغانلار ۋە ئىنقىلابىي تەشۋىقات ئېلىپ بارغانلارنى «تەرتىپكە دەخلى يەتكۈزۈش» جىنايىتى بىلەن ئېغىر جازالىدى. جىنايى جازا جەھەتتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئاللىقاچان بىكار قىلىنغان سۈرگۈن قىلىش جازاسى بىلەن پالاق جازاسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قىسقا مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ۋە بەزى جەرىمانە جازالىرىنى پالاق جازاسىغا ئۆزگەرتتى. نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايى ئىشلار سوتىدا ئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن، يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا «ئىچكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش جىنايىتى»، «تەرتىپكە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى»، «قاراقچىلىق جىنايىتى» ۋە «دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى» قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. ئالاھىدە جىنايى ئىشلار نىزامىدا «ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت»، «مىنگوغا خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى» ۋە «دۆلەتكە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى» تەسىس قىلىندى. «ئىچكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش جىنايىتى»، «سىرتتەكىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش جىنايىتى» ۋە «دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى» ئۆتكۈزمەكچى بولغان ۋە مەخپىي پىلانلىغان جىنايەتچىلەر قاتتىق جازالاندى، «ئىچكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش جىنايىتى» ۋە «تەرتىپكە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى» ئۆتكۈزگەنلەردىن كۆپىنچىسىگە ئۆلۈم جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ۋە ئەڭ يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى، ئۇلار يەنە قانۇن سىرتىدىكى قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن جازالاندى، سىياسىي جىنايەتچىلەر نارازىلىق ئەرز بېرىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى.

يېڭى جۇڭگونىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار سوت پائالىيىتى ئارقىلىق جىنايى ئىشلار جازاسىنى تەتبىقلاپ، بارلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلار ۋە باشقا جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىپ، خەلق دېمۇكراتىيىسى دىكتاتورىسى تۈزۈمىنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مال - مۈلۈكنى ۋە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى مال - مۈلۈكنى، پۇقرالار ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ قانۇنلۇق مال - مۈلكىنى، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىنى، دېموكراتىيە ھوقۇقىنى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى قوغداپ، ئىجتىمائىي تەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى، خىزمەت تەرتىپى، مائارىپ - ئىلمىي تەتقىقات تەرتىپى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىنى ساقلاپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

يېڭى جۇڭگونىڭ جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتىدە جازالاش بىلەن كەڭچىلىك قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش سىياسىتى يولغا قويۇلدى، بۇ سىياسەت دۈشمەنلەر ۋە جىنايەتچىلەرگە قارشى ئۈزلۈكسىز مۇددەتلىك كۈرەش ئەمەلىيىتىدە تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى.

1950 - يىل 6 - ئايدا رەئىس ماۋزېدۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارغا قارىتا «باستۇرۇش بىلەن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش سىياسىتىنى يولغا قويۇش كېرەك، يەنى قەبىھ باش جىنايەتچىلەرنى قەتئىي باستۇرۇش، ئەگەشكۈچىلەرنى سۈرۈشتە قىلماسلىق، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش سىياسىتىدە بىرىگە ئېغىپ، يەنە بىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ». 1951 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلىپ يولغا قويغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش

نىزامى»، 1952 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلىپ يولغا قويغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىيانەتچىلەرنى جازالاش نىزامى»، 1957 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنى جازالاش ۋاقىتلىق نىزامى»، 1952 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش ۋاقىتلىق چارىسى» قاتارلىقلاردا يەنە شىنجاڭنىڭ جىنايى ئىشلارغا دائىر يەرلىك نىزاملىرىدا، مەسىلەن، 1950 - يىل 1 - ئايدا ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خىيانەتچىلەرنى جازالاش ۋاقىتلىق نىزامى»دا جازالاش بىلەن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتىدە جىنايى ئىشلارغا دائىر يۇقىرىقى توپ سىياسەت ۋە قانۇن - نىزاملارنى ئىجرا قىلىشتا، تۆۋەندىكى پرىنسىپلارنى كونكرېت ئىگىلىدى:

1) ئەكسىلئىنقىلابچىلار ۋە ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى زەربە بېرىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جىنايى قىلمىشى قەبىھ بولغانلارغا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىش ھەمدە سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش، ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە جىنايىتىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ، قانۇن بويىچە مۇۋاپىق جىنايى جازا بېرىش.

2) جىنايەتچىلەر گۇرۇھىدىكى باش جىنايەتچىلەر ۋە ئورتاق ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتتىكى ئاساسىي جىنايەتچىلەرگە ئېغىر جازا ھۆكۈم قىلىش، ئۇلار ئىچىدىكى خەۋپى پەۋقۇلئاددە ئېغىر، قىلمىشى پەۋقۇلئاددە قەبىھ بولغانلىرىغا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىش؛ ئورتاق ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان ياكى ياردەمچىلىك رول ئوينىغان ئەگەشكۈچى جىنايەتچىلەرگە باش جىنايەتچىلەرگە سېلىشتۇرۇپ يېنىك، يېنىكلىتىپ جازا بېرىش ياكى ئۇلارنى جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىش؛ مەجبۇرلاش ياكى ئازدۇرۇش تۈپەيلىدىن جىنايەتكە قاتنىشىپ قالغانلارغا ئۇلارنىڭ جىنايەت قىلمىشىغا قاراپ، ئەگەشكۈچى جىنايەتچىلەرگە سېلىشتۇرۇپ يېنىك جازا بېرىش ياكى جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىش. ئىقتىسادىي جىنايەت گۇرۇھىدىكى باش جىنايەتچىلەرگە گۇرۇھنىڭ قانۇنسىز ئورتاق ئېرىشكەن ئومۇمىي سومما مىقدارىغا قاراپ جازا بېرىش؛ باشقىلىرىغا شەخسىي قانۇنسىز ئېرىشكەن سومما مىقدارى، ھارام پۇل ۋە مالنى قايتۇرۇش ئەھۋالى ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى ئورنى، رولىغا قاراپ، قانۇن بويىچە ئايرىم - ئايرىم جازا بېرىش.

3) ئىزچىل تۈردە جىنايى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغان، قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەن ياكى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىش؛ تەساددىپى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغانلارنى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىش.


4) ئۆسمۈرلەرنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كۈشكۈرتكەنلەرنى قاتتىق جازالاش، ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرگە كەڭچىلىك قىلىش.

5) تارىخىي جىنايەتچىلەرگە كەڭچىلىك قىلىش، نەق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى قاتتىق جازالاش.

1979 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەت خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 -

1950 — 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ ئۆرلەش ـ تۆۋەنلەش سخېمىسى

سخېما: 3 — 1



يىغىنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ماقۇللىنىپ، 1980 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت خىزمىتى ھەم ئاساسلىنىدىغان سۇبىستانتىۋ قانۇن (نەق قانۇن)، ھەم ئاساسلىنىدىغان تەرتىپ قانۇنى بولغان يېڭى باسقۇچقا كىردى.

1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى دەسلەپكى سوت قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 200 مىڭدىن ئارتۇقنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى؛ 2 - سوت (نارازىلىق ئەرز بېرىلگەن) جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 17 مىڭدىن ئارتۇقنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلىش ئارقىلىق، دۈشمەنلەرنى باستۇرۇپ، جىنايەتچىلەرنى جازالاپ، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئىتىنى قوغداپ ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلاپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

# I باب

# چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ جىنايى ئىشلار سوتى

## § 1 . جىنايەت نامى ۋە جىنايى جازا

### 1. جىنايەت نامى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن ئاساسلىق جىنايەت ناملىرى:

1) «10 قەبىھ جىنايەت»     «10 قەبىھ جىنايەت»نى بېكىتىش چىن - خەن سۇلالىلىرىدىن باشلىنىپ، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىغا كەلگەندە مۇكەممەللەشتى. «10 قەبىھ جىنايەت» تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ئىسيان كۆتۈرۈش (فېئودال خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش قەستىدە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ). (2) يۈز ئۆرۈش (خان جەمەتىنىڭ ئىبادەتخانىسى، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسى ۋە خان ئوردىسىنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىش قەستىدە بولۇش). (3) ئاسىيلىق قىلىش (ئۆز دۆلىتىگە ئاسىيلىق قىلىپ، چەت ئەللەر بىلەن خۇپىيانە تىل بىرىكتۈرۈش قەستىدە بولۇش). (4) ۋەھشىيلىك قىلىش (يېقىن ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، قاتتىق ئۇرۇش). (5) يولسىزلىق قىلىش (ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ، قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن باشقىلارنى ئۆلتۈرۈش). (6) خاندانغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش (خان جەمەتىنىڭ جاۋاھىراتلىرىنى ئوغرىلاش، ھۆرمەتلىك نامىغا شەك كەلتۈرۈش، خاننىڭ مۆھرىنى يالغاندىن ياساش قاتارلىقلار). (7) ۋاپاسىزلىق قىلىش (يېقىن، قانداش تۇغقانلىرىنىڭ ئارقى-

سىدىن سۆز - چۆچەك قىلىش) . (8) ئىناقسىزلىق (يېقىن تۇغقانلىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ياكى سېتىۋېتىش، ئېرىنى، ئاتا - بوۋىسىنى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىنى ئۇرۇش ياكى ئۇلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش) . (9) ۋاپاسىزلىق قىلىش (ئۆز ئايمىقىدىكى ئەمەلدار، ئامبال، بەگلەرنى ۋە ئۇستىسىنى ئۆلتۈرۈش، لەشكەرلەردىن ئۆز قوشۇنىدىكى بەشىنچى دەرىجىدىن يۇقىرى ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈش؛ ئاياللار ئېرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ماتەم تۇتماسلىق ياكى ئويۇن-تاماشا قىلىپ يۈرۈش، قارىلىق كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، ئۆزىنى پەردەزلەپ باشقىدىن ياتلىق بولۇش) . (10) ئىچكى مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇش (يېقىن ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى، ئاتىسى ياكى بوۋىسىنىڭ توقلىنىڭ نومۇسىغا تېگىش ھەمدە بۇ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىسى بولغانلار بىلەن پاھىشە ئويناش) .

2) «يەتتە خىل قاتىللىق جىنايىتى» قاتىللىق جىنايىتىدىكى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، قەستەن ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق قىلىپ ئۆلتۈرۈش، ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇش، خاتا ئۆلتۈرۈپ قويۇش، ئوينىشىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇش، سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويۇش قاتارلىق يەتتە خىل جىنايەتنى كۆرسىتىدۇ.

3) «ئالتە خىل ھارام پايدا ئېلىش جىنايىتى» بۇ ئومۇمنىڭ ۋە خۇسۇسىيلار-نىڭ پۇل - بىساتىنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىشتىكى ئالتە خىل جىنايەتنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. كونكرېت ئېيتقاندا، ئۆزى قاراۋاتقان نەرسىنى ئوغرىلاش، باشقىلارنىڭكىنى ئوغرىلاش، ھارام مالنى يوشۇرۇش، مال - مۈلۈكنى دەپ قانۇننى بۇزۇش (مائاشى بارلار قانۇننى بۇزۇش، مائاشى يوقلار قانۇننى بۇزۇش) ، قانۇننى بۇزمىسىمۇ پۇل - بىسات قوبۇل قىلىش (مائاشى بارلار قانۇننى بۇزمىسىمۇ پۇل - بىسات قوبۇل قىلىش، مائاشى يوقلار قانۇننى بۇزمىسىمۇ پۇل - بىسات قوبۇل قىلىش) ۋە ئوغرىلىق قىلىش جىنايىتىنى كۆرسىتىدۇ.

4) زەخمىلەندۈرۈش

5) داخانلىق قىلىش داخانلار پىرە ئويناپ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ جىنايەت شەكىللەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

6) ئاسىيلىق قىلىش ئوردا ئەمەلدارلىرى خانغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش ۋە ئوردا ئىچى - سىرتىدىكى ئەمەلدارلار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

7) قىل دېگەننى قىلماسلىق قانۇندا چەكلەنمىگەن بولسىمۇ «قائىدە» بويىچە قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

8) زىناخورلۇق قىلىش فېئوداللىق قانۇن - قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، نىكاھ سىرتىدا نورمالسىز جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ.

9) تاشقى بالايىئاپەت جىنايىتى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايى ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تارتىۋېلىش، قورقۇتۇپ قاقتى - سوقتى قىلىش، ئالداش، ئازدۇرۇش، يالغان تامغا ياساش، قەبرىلەرنى ئوغرىلىقچە قېزىش، جەسەتنى تاشلىۋېتىش، قارا چاپلاش، ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنى كۆيدۈرۈۋېتىش قاتارلىق جىنايەتناملىرى بار.

## 2. جىنايى جازا

چىڭ سۇلالىسى شۇنجى يىلىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرىنى

ئاساس قىلىپ، دەسلەپكى جىنايى ئىشلار قانۇنىنى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا دەررىلەش، كالتەكلەش، قاماق جازاسى، سۈرگۈن قىلىش، ئۆلۈم جازاسىدىن ئىبارەت بەش خىل جازا بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار:

1) دەررىلەش جازاسى    بۇ 5 دەرىجىگە بۆلۈنگەن، 10دىن 50كىچە دەررە ئۇرۇلىدۇ، ھەر 10 دەررە بىر دەرىجە قىلىنغان. دەررە جازاسىدا «تۆتكە سۇندۇرۇپ، ئۆلگە بۆلۇش» چارىسى قوللىنىلغان يەنى 10 دەررە 4 پالاقتا سۇندۇرۇلغان، 20 دەررە 5 پالاقتا سۇندۇرۇلغان، 30 دەررە 10 پالاقتا سۇندۇرۇلغان، 40 دەررە 15 پالاقتا سۇندۇرۇلغان، 50 دەررە 20 پالاقتا سۇندۇرۇلغان.①

2) كالتەكلەش جازاسى    بۇ جازا 5 دەرىجىگە بۆلۈنگەن، 60دىن 100گىچە كالتەك ئۇرۇلىدۇ. ھەر 10 كالتەك بىر دەرىجە قىلىنغان. 60 كالتەك 20 پالاقتا، 70 كالتەك 25 پالاقتا، 80 كالتەك 30 پالاقتا، 90 كالتەك 35 پالاقتا، 100 كالتەك 40 پالاقتا سۇندۇرۇلغان. كالتەكلەش جازاسىدا جىنايەتچى چوڭ پالاق بىلەن ئۇرۇلاتتى. چوڭ پالاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.5چى، چوڭ بېشىنىڭ كەڭلىكى 2 سۇڭ، كىچىك بېشىنىڭ كەڭلىكى 1.5 سۇڭ، ئېغىرلىقى 2 جىڭ كېلەتتى.

3) قاماق جازاسى    5 دەرىجىگە بۆلۈنەتتى، بىر يىللىق قاماق جازاسىغا 60 كالتەك ئۇرۇش، بىر يېرىم يىللىق قاماق جازاسىغا 70 كالتەك ئۇرۇش، ئىككى يىللىق قاماق جازاسىغا 80 كالتەك ئۇرۇش، ئىككى يېرىم يىللىق قاماق جازاسىغا 90 كالتەك ئۇرۇش، ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا 100 كالتەك ئۇرۇش قوشۇلغانىدى.

4) سۈرگۈن قىلىش جازاسى    چىڭ سۇلالىسىنىڭ سۈرگۈن قىلىش جازاسى مىڭ سۇلالىسىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، جىنايەتچىلەر چەت - ياقا، يىراق جايلارغا ئەمگەككە ياكى چېگرىنى ساقلاشقا ئەۋەتىلەتتى، جازا مۇددىتى مەزگىلىدە سۈرگۈن رايونىدىن ئايرىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. سۈرگۈن قىلىش جازاسىغا كالتەك بىلەن ئۇرۇش قوشۇمچە قىلىناتتى، يارماق بېرىپ گۇناھىنى تىلەشكە رۇخسەت قىلىناتتى. سۈرگۈن قىلىش جازاسى ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنگەن. 2000 چاقىرىمغا 100 كالتەك قوشۇپ ئۇرۇلاتتى، تىلىۋېلىشقا 30 تىزىق يارماق ئېلىناتتى، 2500 چاقىرىمغا 100 كالتەك قوشۇپ ئۇرۇلاتتى، تىلىۋېلىشقا 33 تىزىق يارماق ئېلىناتتى، 3000 چاقىرىمغا 100 كالتەك قوشۇپ ئۇرۇلاتتى، تىلىۋېلىشقا 36 تىزىق يارماق ئېلىناتتى، بۇ ئۈچ دەرىجە سۈرگۈن قىلىش جازاسىدا ئۈچ يىل تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىناتتى.

5) ئۆلۈم جازاسى    كاللىسىنى ئېلىش، دارغا ئېسىش جازاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، چاناپ ئۆلتۈرۈش جازاسى گۇاڭشۇ 31 - يىلى (1905 - يىلى) قانۇندىن چىقىرىۋېتىلدى.

شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) 9 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھازىر يولغا قويۇلىۋاتقان جىنايى ئىشلار قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، چاناپ ئۆلتۈرۈش، كاللىسىنى كېسىپ ئېسىپ قويۇش، جەسەتنى پارچىلىۋېتىش، يېقىنلىرىنى قوشۇپ جازالاش، خەت چېكىش قاتارلىق ۋەھشىي جازالارنى ئەمەلدىن قالدۇردى ھەمدە دەررە، كالتەك، قاماق، سۈرگۈن، ئۆلۈمدىن ئىبارەت 5 جازانىڭ ئورنىغا جەرىمانە، قاماق، سۈرگۈن، قايتۇرۇش، ئۆلۈم جازاسىنى دەسەتتى. شۇ يىلى 12 - ئايدا ئېلان قىلىنغان «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى-

① دەررىلەش جازاسى — جۇڭگودا قەدىمكى زاماندا يېنىك جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە قوللىنىلغان جازا ۋاسىتىسى ئىدى. بۇنىڭدا قومۇش پالاق ياكى چۆپۈق بىلەن جىنايەتچىنىڭ دۈمبىسى ياكى كاسىسىغا ئۇرۇلاتتى. پالاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 چى 5 سۇڭ، چوڭ بېشىنىڭ كەڭلىكى 1.5 سۇڭ، كىچىك بېشىنىڭ كەڭلىكى بىر سۇڭ، ئېغىرلىقى 1.5 جىڭ كېلەتتى.

نىڭ يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنى»دا جىنايى جازا ئاساسىي جازا (ئۆلۈم جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، جەرىمانە) ۋە قوشۇمچە جازا (پۇقرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش ۋە مۇسادىرە قىلىش)تىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلدى. «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي چىڭ سۇلالىسى گۇمران بولدى.

## §2. جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ سوت قىلىنىشى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەدلىيە يامۇللىرى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسى بويىچە «10 قەبىھ جىنايەت»كە ئېغىر جازا ھۆكۈم قىلاتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىسيان كۆتۈرۈش، يۈز ئۆرۈش جىنايىتىگە تېخىمۇ ئېغىر جازا ھۆكۈم قىلىناتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا بۇنداق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر چاناپ ئۆلتۈرۈلەتتى ھەمدە ئۇنىڭ ئۇرۇغ ـ ئەۋلادى قۇرۇتۇلاتتى يەنى «بوۋىسى، ئاتىسى، بالىسى، نەۋرىسى، ئاكا ـ ئىنىسى شۇنداقلا بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلار (جىنس ئايرىماستىن) ھەمدە تاغىسى، ئاكا ـ ئىنىسىنىڭ بالىلىرى (شۇ يۇرتتا ياكى باشقا يۇرتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر)، 16 ياشتىن يۇقىرى بولسىلا، ئېغىر كېسەل، مېيىپ بولغان تەقدىردىمۇ ھەممىسى قەتلى قىلىناتتى». ئىسيان كۆتۈرۈش، يۈز ئۆرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنىڭ قۇرۇتۇۋېتىلىدىغان، ئۇرۇغ ـ ئەۋلادى دائىرىسىگە كىرمەيدىغان 15 ياشتىن تۆۋەن ئوغۇللىرى، شۇنداقلا ئاپىسى، قىزى، خوتۇنى، توقىلى، ئاچا ـ سىڭىللىرى ياكى ئوغۇللىرىنىڭ خوتۇنى ۋە توقىلى ئوردا ئەمەلدارلىرىغا قۇل قىلىپ بېرىلەتتى، مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ ئوردا غەزىنىسىگە يىغىۋېلىناتتى. «10 قەبىھ جىنايەت» ئۆتكۈزگەنلەر «كەچۈرۈشكە ئېتىبار بېرىلىدىغان سەككىز خىل ئادەم» ۋە پۇل بېرىپ گۇناھىنى تىلىۋالىدىغانلار دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمەيتتى.

«10 قەبىھ جىنايەت» ئۆتكۈزگەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىلگەندىن سىرت، باشقا ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن ئايرىم ـ ئايرىم ئېغىر جازا بېرىلەتتى.

### 1. قاتىللىق جىنايىتىگە بېرىلىدىغان جازا

چىڭ سۇلالىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، قەستەن ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق قىلىپ ئۆلتۈرۈش، ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئۆلتۈرۈش، خاتا ئۆلتۈرۈپ قويۇش، ئويناشىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇش، سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت يەتتە خىل قاتىللىق جىنايىتىنى بەلگىلىگەنىدى. «يەتتە خىل قاتىللىق» جىنايىتىدە، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش «يەتتە خىل قاتىللىق» جىنايىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا قويۇلغان. قەستلەپ ئۆلتۈرۈش جىنايىتىگە ئادەتتە ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلەردىن يېنىك، ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلاردىن ئېغىر جازا بېرىلەتتى. مەھبۇسلارنى قۇتقۇلدۇرماقچى بولۇپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە باش جىنايەتچى ياكى ئەگەشكۈچى جىنايەتچى دەپ ئايرىماستىن، بىردەك ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى؛ ئۇرۇشۇپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر دارغا ئېسىلاتتى، ھەربىي ياراغ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئوخشاش جازا بېرىلەتتى. خاتا ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلارغا بېرىلىدىغان جازا ئۇرۇشۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلارغا بېرىلىدىغان جازادىن

بىر دەرىجە تۆۋەن بولاتتى؛ ئوينىشىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلارغا بېرىلىدىغان جازا ئۇرۇشۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلارنىڭكىدىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن بولاتتى. ئۇرۇشۇش جەريانىدا چەتتە تۇرغانلارغا تاياق تېگىپ كېتىپ ياكى ئۇلارنى يېقىتىۋېتىپ ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولغانلار ئوينىشىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلار قاتاردا بىر تەرەپ قىلىناتتى. سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئادەتتە قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە بېرىلىدىغان جازاغا ئاساسلىنىپ، بەرگەن پۇلىغا قاراپ گۇناھتىن ساقىت قىلىش بەلگىلەنگەنىدى.

## 2. قاراقچىلىق جىنايىتىگە بېرىلىدىغان جازا

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا قاراقچىلىق قىلىپ پۇل - بىسات بۇلىغانلارغا باش جىنايەتچى ياكى ئەگەشكۈچى جىنايەتچى دەپ ئايرىماستىن، بىردەك ئۆلۈم جازاسى بېرىش بەلگىلەنگەنىدى.

## 3. باسقۇنچىلىق جىنايىتىگە بېرىلىدىغان جازا

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاش پرىنسىپى مۇنداق بەلگىلەنگەنىدى: باسقۇنچىلىق قىلغانلارنى پاھىشەۋازلاردىن ئېغىر جازالاش، ئېرى بار تۇرۇپ پاھىشە قىلىشقانلارنى ئېرى يوق پاھىشە قىلىشقانلاردىن ئېغىر جازالاش، يېقىن تۇغقانلار ئارا پاھىشە قىلىشقانلارنى ئادەتتىكى كىشىلەر ئارا پاھىشە قىلىشقانلاردىن ئېغىر جازالاش، ئەركىن كىشىلەر بىلەن پاھىشە قىلىشقان قۇللارنى پاھىشە قىلىشقان ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئېغىر جازالاش، پەس - گادايلار بىلەن پاھىشە قىلىشقان ئېسىلزادىلەرنى پاھىشە قىلىشقان ئادەتتىكى كىشىلەردىن يېنىك جازالاش، پاھىشە قىلىشقان ئەر - ئاياللارغا ئوخشاش جىنايەت بېكىتىش. باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئاياللارنى قاماسلىق. ئاتىسى ياكى بوۋىسىنىڭ توقلى بىلەن پاھىشە قىلىشقان بولسا، 10 قەبىھ جىنايەت ئىچىدىكى «ئىچكى قالايمىقانلىق پەيدا قىلىش» جىنايىتى قاتارىدا ھېسابلاپ، ئەر بىلەن ئايالنى دارغا ئېسىش، باسقۇنچىلىق قىلغانلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش.

## 4. «ئالتە خىل ھارام مال ئىگىلەش» جىنايىتىگە بېرىلىدىغان جازا

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا ئومۇمنىڭ ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ پۇل - بىساتىنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىشقا دائىر ئالتە خىل جىنايەت ئومۇملاشتۇرۇپ «ئالتە خىل ھارام مال ئىگىلەش» دېيىلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن «ئالتە خىل ھارام مال ئىگىلەش» نازارەت قىلغۇچى تۇرۇقلۇق ئوغرىلىق قىلىش، ئادەتتىكى كىشىلەر ئوغرىلىق قىلىش، ھارام مالنى يوشۇرۇش، پۇل - بىساتنى دەپ قانۇننى بۇزۇش (مائاشى بارلار قانۇننى بۇزۇش، مائاشى يوقلار قانۇننى بۇزۇش)، قانۇننى بۇزمىغان بولسىمۇ پۇل - بىسات ئېلىش (مائاشى بارلار، مائاشى يوقلار) ۋە ئوغرىلىق قىلىشتىن ئىبارەت. نازارەت قىلغۇچى تۇرۇقلۇق ئوغرىلىق قىلىش ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ئومۇمنىڭ پۇل - بىساتىنى خىيانەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا نازارەت قىلغۇچىلاردىن 40 سەر كۈمۈش ئوغرىلىغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ئادەتتىكى كىشىلەر ئوغرىلىق قىلىش نازارەت قىلغۇچىلاردىن باشقا ئەمەلدارلار ياكى ئادەتتىكى كىشىلەر غەزىنىدىكى پۇل ياكى ئامباردىكى ئاشلىق قاتارلىقلارنى ئوغرىلاشنى كۆرسىتىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا ئادەتتىكى كىشىلەردىن 80 سەر كۈمۈش ئوغرىلىغانلار دارغا ئېسىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ھارام مالنى يوشۇرۇش ئەمەلدارلار ياكى ئادەتتىكى كىشىلەر پارا ئېلىش ياكى ئوغرىلاش مەقسىتىدە ئەمەس بەلكى ئومۇم ئۈچۈن ياكى خۇسۇسىيلار ئۈچۈن ئېلىشقا

تېگىشلىك بولمىغان نەرسە ـ كېرەكنى قوبۇل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئالتە خىل ھارام مال ئىگىلەش جىنايىتى ئىچىدىكى ئەڭ يېنىك جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا 500 سەر كۈمۈشنى ھارام ئالغانلارغا 100 كالتەك ئۇرۇپ، 3 يىل قاماق جازاسى بېرىش بەلگىلەنگەن. مال ـ مۈلۈكنى دەپ قانۇننى بۇزۇش ئەمەلدارلارنىڭ پارا ئېلىپ، قانۇننى بۇزمىلاپ، پارا بەرگۈچىلەرگە پايدىلىق ھۆكۈم چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل ھارام پايدىغا ئېرىشىش جىنايىتىگە قاتتىق جازا ھۆكۈم قىلىناتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا: مائاشى بارلاردىن قانۇننى بۇزۇپ 80 سەر كۈمۈش پارا ئالغانلار دارغا ئېسىلىدۇ، پۇل ـ بىسات بىلەن گۇناھىنى تىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، مائاشى يوقلاردىن قانۇننى بۇزۇپ 120 سەر كۈمۈش پارا ئالغانلار دارغا ئېسىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. قانۇننى بۇزمىغان بولسىمۇ پۇل ـ بىسات ئېلىش ئەمەلدارلارنىڭ پارا ئالغان بولسىمۇ پارا بەرگۈچىنى جازالاشتا قانۇننى بۇزمىلىمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جىنايەت پۇل ـ بىسات ئېلىپ قانۇننى بۇزۇش جىنايىتىدىن يېنىك بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا مائاشى بارلاردىن قانۇننى بۇزمىغان بولسىمۇ 120 سەردىن كۆپ كۈمۈش پارا ئالغانلار دارغا ئېسىلىدۇ؛ مائاشى يوقلاردىن قانۇننى بۇزمىغان بولسىمۇ پارا ئالغانلار كۆپ بولسا 100 دەررە ئۇرۇلۇپ، 3000 چاقىرىم يىراقلىققا پالىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا يەنە، 120 سەردىن ئارتۇق كۈمۈش ئوغرىلىغانلار دارغا ئېسىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

«ئالتە خىل ھارام مال ئىگىلەش» جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاشتا، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئىتى ۋە فېئوداللىق جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن، نازارەت قىلغۇچى تۇرۇقلۇق ئوغرىلىق (خىيانەت) قىلغان ۋە پارا ئېلىپ قانۇننى بۇزغانلار قاتتىق جازالىناتتى. چيەنلۇڭ 46 ـ يىلى (1781 ـ يىلى) شەنشى ـ گەنسۇ ۋالىيلىقىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن لى شىياۋ گەنسۇدا يۈز بەرگەن سوممىسى بىر مىليون 600 مىڭ سەر كۈمۈش بولغان، كىشىنى چۆچىتىدىغان بىر خىيانەتچىلىك دېلوسىنى داۋاملىق ئېنىقلاش بۇيرۇقى تاپشۇرۇۋالغاندا، قۇمۇلنىڭ يانداش ئايماق بېگى جىڭ فاڭنىڭمۇ خىيانەتچىلىك، پارا بېرىش ۋە ھۆكۈمەت پۇلىنى بۇزۇپ ـ چېچىش قىلمىشى بارلىقىنى سېزىدۇ، لى شىياۋ دەرھال مۇپەتتىش، قۇمۇل ئامبىلى فۇدې، ياردەمچى ئامبال خاجىنئانى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. جىڭ فاڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاجراتقان قۇتقۇزۇش پۇلىغا خىيانەت قىلغانلىقى، يەنە كۆز بويامچىلىق بىلەن خەزىنىدىن 23 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش ئالغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. كېيىن يەنە سوراق قىلىش ئارقىلىق، 61 مىڭ سەر كۈمۈشنىڭ ئورنىنى يوقاتقانلىقى، ترانسپورت، ئاشلىق، يەم ـ خەشەك ھەققىگە توغرىلاپ 67 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش ئېلىۋالغانلىقى، بۇلارنى قوشقاندا جەمئىي 150 مىڭ سەر كۈمۈشكە يەتكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خىيانەتچى جىڭ فاڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قائىدە بويىچە زىيان بولغان كۈمۈشلەرنى ئۈرۈمچىنىڭ تۇتۇقى سونومۇسىلىن، كۈيلىن، باركۆل ئايماقدارى بايانداي، فۇمىڭئا، قۇمۇل ئامبىلى فۇدې، خاجىنئالارنى تەڭ كۆتۈرۈپ تۆلەشكە بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، فۇدې، خاجىنئالارنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ. كېيىن يەنە فۇمىڭئا باركۆل ئايماقدارى باياندايىنىڭ جىڭ فاڭدىن كۈمۈش پارا ئالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلايدۇ، لېكىن پاش قىلسا، ئۆزىنىڭمۇ بىر قىسمىنى تۆلەيدىغانلىقىدىن قورقۇپ پاش قىلمايدۇ. ئىشتىن كېيىن، بايانداي بىلەن فۇمىڭئا يەنىلا يوشۇرۇپ مەلۇم قىلمىغاچقا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى باياندايغا پارا ئېلىش جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، كېچىكتۈرۈپ كۈزدىن كېيىن ئېتىۋېتىدۇ. فۇمىڭئا ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ مەلۇم قىلمىغاچقا، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. سونومۇسىلىن ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە ئامباللىرىنىڭ 20 نەچچە

مىڭ سەر سوغىتى ۋە پارىسىنى قوبۇل قىلغان، قىلمىشى ئېغىر بولغاچقا، چىيەنلۇڭ 47 - يىلى (1782 - يىلى) 8 - ئايدا ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يارلىقى چۈشۈرۈلىدۇ.

## 5. زەخمىلەندۈرۈش جىنايىتىنى جازالاش

زەخمىلەندۈرۈش ئۇرۇشۇپ زەخمىلەندۈرۈش ۋە قورال بىلەن زەخمىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئايرىلاتتى. ئۇرۇشۇپ زەخمىلەندۈرۈشكە بىر قەدەر يېنىك جازا ھۆكۈم قىلىناتتى. قورال بىلەن زەخمىلەندۈرۈش (قەستەن زەخمىلەندۈرۈش) جىنايىتى ئۇرۇشۇپ زەخمىلەندۈرۈشتىن ئېغىر ھېسابلىناتتى. ئۇرۇشۇپ زەخمىلەندۈرۈش دېلوسىدىكى جاۋابكار مەلۇم سۈرۈك ئىچىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ زەخىم ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشكە مەسئۇل بولاتتى. مەسىلەن: زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى سۈرۈك ئىچىدە زەخىمسى ئېغىرلىشىپ ئۆلۈپ كەتسە، جاۋابكار قاتىللىق جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىناتتى. ئويۇنشىپ زەخمىلەندۈرۈش، خاتا زەخمىلەندۈرۈش ياكى سەۋەنلىكتىن زەخمىلەندۈرۈشتە، ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ جازانى يېنىكلىتىش، پۇل تۆلىتىش قاتارلىقلار بەلگىلەنگەنىدى.

## 6. ئاسىيلىق جىنايىتىنى جازالاش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا ئاغۋاتلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلىشىشى، ئوردا سىرتىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەمرەم بەگلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشى، خان جەمەتىدىكى بەگ - غوجاملارنىڭ ئوردا سىرتىدىكى ئەمەلدارلارغا ئۇچۇر يەتكۈزۈشى، ئاستانىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ يۇرت بايلىرى بىلەن قالايمىقان ئالاقە باغلىشى قاتتىق مەنئى قىلىناتتى، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار قەتلى قىلىناتتى ياكى مەنسىپىدىن قالدۇرۇلاتتى، ئاسىيلىق جىنايىتى بېكىتىلگەنلەر بىردەك قەتلى قىلىناتتى.

## 7. تۆھمەت چاپلاش جىنايىتىنى جازالاش

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۆھمەت چاپلاش جىنايىتىدە تۆھمەت قىلغۇچىنى جازالاش پرىنسىپى قوللىنىلاتتى يەنى قەستەن پاكىت ئويدۇرۇپ ئەدلىيە ئورگىنىغا باشقىلارنى چېقىپ، بىگۇناھ ئادەمنى جىنايىتى بار دەپ جازالاتقان ياكى يېنىك جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە ئېغىر جازا بەرگۈزگەنلەر باشقىلارغا تۆھمەت چاپلاش جىنايىتى بويىچە جازالىناتتى، چىڭ سۇلالىسى قانۇنىدا تۆھمەت چاپلىغانلارنى جازا قوشۇپ جازالاش ۋە زىياننى تۆلىتىش بەلگىلەنگەنىدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، جىنايى ئىشلار سوت ئىشلىرىدا گۇناھىدىن ساقىت قىلىش تۈزۈمى بار ئىدى يەنى جىنايەتچىلەرنىڭ پۇل - مال چىقىرىپ گۇناھىنى تىلىۋېلىشىغا، تېگىشلىك جىنايى جازاغا تارتىلماسلىقىغا رۇخسەت قىلىناتتى. گۇناھىدىن ساقىت قىلىش يېنىك جىنايەت بىلەن چەكلىنەتتى. گۇناھىدىن ساقىت قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مانجۇلار بىلەن جازادا «كېڭىشىپ ئېتىبار بېرىلىدىغان 8 خىل ئادەم» ئەدلىيە ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولغانلىقى ئۈچۈن، جىنايەتچىلەر «ئەمىلى»، «مەرتىۋىسى»، «ئەمەلدارلىق تونى»نىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ جىنايى جازانى تەتبىقلاش جەھەتتە باراۋەر ئەمەس ئىدى. بۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1884 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان رايونلاردا جىنايەتچىلەرنى جازالاشتا بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنى قوللىنىلدى، ئەمما موڭغۇل - قازاق، بۇيرۇت (قىرغىز) مىللەتلىرى جىنايەتچىلەرنى جازالاشتا ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئادەت قانۇنىغا ئاساسەن ئىش كۆردى، ئۇلاردا ئەدلىيە تۈزۈمى يوق ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار جىنايەتچىلەرنى

ئىسلام شەرىئىتىگە ئاساسەن سوت قىلىپ، زىندانغا تاشلاش، قامچىلاش، قولىنى سۇندۇرۇۋېتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن جازالىدى. 1884 - يىلدىن كېيىن جىنايەتچىلەرنى جازالاش يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنى بويىچە بولدى.

# II باب

# مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتى

## §1 . جىنايەت نامى ۋە جىنايى جازا

### 1. جىنايەت نامى

مىنگو دەۋرىدە نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «جىنايى ئىشلار قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يولغا قويدى. ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق جىنايەت ناملىرى مۇنۇلار: (1) ئىچكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش جىنايىتى؛ (2) تاشقى بالايىئاپەت جىنايىتى؛ (3) دۆلەتكە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى؛ (4) مەسئۇلىيەتسىزلىك جىنايىتى؛ (5) ھۆكۈمەت ئىشىغا زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى؛ (6) سايلامغا زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى؛ (7) تەرتىپكە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى؛ (8) قېچىپ كېتىش جىنايىتى؛ (9) جىنايەتچىلەرنى يوشۇرۇش ۋە دەلىل - ئىسپاتلارنى يوقىتىۋېتىش جىنايىتى؛ (10) يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە قارا چاپلاش جىنايىتى؛ (11) جامائەت ئىشلىرىغا خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى؛ (12) يالغان پۇل ياساش جىنايىتى؛ (13) باھالىق ئاكسىيە ياساش جىنايىتى؛ (14) ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى يالغاندىن ياساش جىنايىتى؛ (15) ھۆججەت - تامغا ياساش جىنايىتى؛ (16) قائىدە - يوسۇنغا زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى؛ (17) نىكاھ - ئائىلە ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى؛ (18) ئاخىرەت ئىشلىرىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش ۋە قەبرە - جەسەتلەرگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى؛ (19) دېھقانچىلىق، سانائەت، سودا ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى؛ (20) ئەپيۇن جىنايىتى؛ (21) قىمارۋازلىق جىنايىتى؛ (22) قاتىللىق جىنايىتى؛ (23) زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى؛ (24) ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش جىنايىتى؛ (25) تاشلىۋېتىش جىنايىتى؛ (26) ئەركىنلىككە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى؛ (27) نام - شۆھرەت ۋە ئىناۋەتكە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى؛ (28) مەخپىيەتلىككە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى؛ (29) ئوغرىلىق جىنايىتى؛ (30) تارتىۋېلىش، بۇلاڭچىلىق، دېڭىز قاراقچىلىقى جىنايىتى؛ (31) ئىگىلىۋېلىش جىنايىتى؛ (32) ئالداملىق قىلىپ ئىشەنچكە ئىرىشىۋېلىش ۋە زور پايدا ئېلىش جىنايىتى؛ (33) قورقۇتۇپ قاقتى - سوقتى قىلىش جىنايىتى؛ (34) ھارام مال جىنايىتى؛ (35) كۆيدۈرۈۋېتىش، بۇزۇۋېتىش جىنايىتى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى ئىنقىلاب ۋە

خەلقنى باستۇرۇش ئۈچۈن يەنە «مىنگوغا زىيان يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنى جىددىي جازالاش قانۇنى (تۈزىتىلگەن)»، «ئالاھىدە مەزگىلدە ئامانلىقنى ساقلاش جىددىي چارىسى»، «ئوغرى، قاراقچىلارنى جازالاش نىزامى»غا ئوخشاش بىر مۇنچە «ئالاھىدە جىنايى ئىشلار قانۇنى»لىرىنى تۈزدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، گومىنداڭ ئومۇميۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى، 1947 - يىل 12 - ئايدا «توپىلاڭنى باستۇرۇش مەزگىلىدە دۆلەتكە زىيان يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنى جىددىي جازالاش نىزامى»نى ئېلان قىلدى. بۇ ئالاھىدە جىنايى ئىشلار قانۇن - نىزاملىرىدا ئاساسلىقى ئاتالمىش ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت، مىنگوغا زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى، توپىلاڭ كۆتىرىش جىنايىتى، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي سەپەرۋەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى قاتارلىق جىنايەت ناملىرى بەلگىلەندى.

### 2. جىنايى جازا

ئەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق جىنايى جازالىرىدىن ئۆلۈم جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، جەرىمانە جازاسى بار ئىدى؛ قوشۇمچە جازالاردىن پۇقرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، مۇسادىرە قىلىش جازالىرى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئامانلىق ساقلاش بويىچە جازالاش» بىر خىل قوشۇمچە جىنايى جازا قىلىنغانىدى. «ئامانلىق ساقلاش بويىچە جازالاش» تەسىرلەندۈرۈش - تەربىيە بېرىش جازاسى، ۋەسىيگە تاپشۇرۇپ بېرىش جازاسى، نەزەربەنت قىلىش جازاسى، مەجبۇرىي داۋالىتىش جازاسى، قوغداش - باشقۇرۇشقا بېرىش جازاسى ۋە چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش جازاسى (چەت ئەللىكلەرگە تەتبىقلانغان) قاتارلىقلارغا ئايرىلغانىدى.

## § 2. ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش

شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى (10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى) بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابىي قوشۇن ۋۇچاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئەتىسى ۋۇچاڭ قايتۇرۇۋېلىندى، شۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئۆلكىلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن قايتۇرۇۋېلىندى. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنى شىنجاڭغا يېتىپ كېلىپ، ئامما ئىنقىلاب قىزغىنلىقى ئەۋجىگە چىقتى، ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىدە كۆتۈرۈلۈش بولدى. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى (مىلادىيە 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى) ئۈرۈمچىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، ئىشتىن ئىلگىرى سودىگەرلەر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا ھەربىي ۋە ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ باستۇردى، ئىنقىلابچىلارنىڭ ھۇجۇمى مەغلۇپ بولدى، ئاز ساندىكى ئىنقىلابچى ئىلىگە قېچىپ كەتكەندىن سىرت، ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئىرادىلىك زاتلاردىن بولۇپ 143 ئادەم قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۆلتۈرۈلگەن ئىنقىلابچىلارنىڭ كاللىسى ئۈرۈمچىنىڭ ھەر قايسى قوۋۇقلىرىغا ئېسىپ قويۇلدى.

ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلاب مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى (شىنخەي يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى) ئىلى قوزغىلىڭى غەلىبە قىلدى. شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا ئىستېپا بېرىپ، 6 - ئايدا شىنجاڭدىن كەتتى. شىمال مىللەتارىستلىرى ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى قىلىپ تەيىنلىدى.

يالڭ زېڭشىن شىمال مىللىتارىستلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ئىلى ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىگە قارىتا ئاجىزلاشتۇرۇش، ئىنقىلابىي كۈچلەرنى چېچىۋېتىش، ئاندىن ئىنقىلابنى تەدرىجىي باستۇرۇشتىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلابىي تاكتىكا قوللاندى. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913- يىلى) 12 - ئايدا ئىلى ئىنقىلابىدىكى مۇھىم شەخسلەر، ئىلى - تارباغاتاينىڭ تەكشۈرگۈچىسى قوشۇمچە ئىلى چېگرا تىنچلاندۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىسى فېڭ تېمىن ۋە ئىلى - تارباغاتاي ئايمىقىنىڭ ئەمەلدارى لى فۇخۇاڭ كوچىغا سۆرەپ چىقىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلى ئىنقىلابىي ھەرىكىتى مەغلۇب بولدى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئۇيۇشما - پارتىيىلەر ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى، ئۈچ يىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى يەنجى، بۈگۈر، كۇچا، ئاقسۇ، مارالبېشى، قەشقەر، چاقىلىق، شىمالىدىكى بارىكۆل قاتارلىق جايلاردىكى يەرلىك ئەمەلدارلار ئۆلتۈرۈلدى. يالڭ زېڭشىن ئۇيۇشما - پارتىيىنى باستۇرۇپ، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنى بىردەك ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. كۇچا ئامبىلى ماۋ يىڭۋېينى ئۆلتۈرۈش دېلوسىدا جۇڭ گۈەنخۇا قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلۈپلا قالماستىن، يەنە مۇداپىئەگە مەسئۇل چېن كۈنلىن، كۇچا پارتىزانلىرىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى تەن چاڭگۇ، كۇچا چارلاش پونكىتىنىڭ باشلىقى چېن فۇكۇي قاتارلىقلار ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. مىنگونىڭ 1 - يىلىدىن 8 - يىلىغىچە (1912 — 1919 - يىلغىچە) شىنجاڭدا 17 ئەمەلدار ئۆلتۈرۈلدى، ئۇيۇشما - پارتىيىلەرنىڭ باشلىقلىرىدىن 165 ئادەم قىرغىن قىلىندى. يالڭ زېڭشىن مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بۇيرۇق بىلەن گېلاۋخۇينى تارقىتىۋەتتى.

مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شىمال مىللىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى «ئوغرى - باندىتلارنى جازالاش ۋاقىتلىق قانۇنى»نى ئېلان قىلدى، مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يالڭ زېڭشىن شىمال مىللىتارىستلىرى ھۆكۈمىتىگە دوكلات يوللاپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنى «ئوغرى - باندىتلارنى جازالاش ۋاقىتلىق قانۇنى» يولغا قويۇلىدىغان رايون قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى يۈەن شىكەي ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى، يالڭ زېڭشىن ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە پۈتۈن ئۆلكىگە «توپىلاڭچىلار»نىڭ مورىتلىرىنى ۋە پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ قۇتراتقۇلۇق قىلغانلارنى تۇتۇلغان ھامان ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقاردى. نازارەتچىلىك مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ئەمەلدارى قوشۇمچە قوغداش گازارمىسىنىڭ باشلىقى شيا دىڭ، توپچىلار قىسمىنىڭ يىڭجاڭى لى يەن بۇنىڭغا نارازى بولۇپ، ھوقۇق تارتىۋېلىپ مۇستەقىللىقنى جاكارلاشنى پىلانلىدى، ئىش ئاشكارىلىنىپ قېلىپ شيا دىڭ، لى يەنلەر ئۆلتۈرۈلدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى شېڭ شىسەي بىر تەرەپتىن يالغاندىن «تەرەققىيپەرۋەر» بولۇۋېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنقىلابىي زاتلارنى ۋە بىگۇناھ ئاممىنى ھەدەپ قولغا ئېلىپ قىرغىن قىلدى. ئۇ 1937 — 1943 - يىلغىچە كومپارتىيە ئەزالىرى، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ۋە بىگۇناھ ئاممىدىن 120 نەچچە مىڭ ئادەمنى قولغا ئېلىپ، 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قىرغىن قىلدى. «ئالتايدا توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاش دېلوسى»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاش دېلوسى»، «پارتىزانلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاش دېلوسى»، «كومپارتىيىنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش دېلوسى» قاتارلىقلارنى ئويدۇرۇپ چىقاردى. 1942 - يىلى شېڭ شىسەي نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، كومپارتىيە ئەزالىرىدىن چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلو قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق

ئادەمنى، ئۇلارغا چېتىشلىق بىگۇناھ كىشىلەر ۋە دېموكراتىك زاتلاردىن 300دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئېلىپ، قىيناپ سوراق قىلىپ، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇپ، يالغان گۇۋاھلىق سۆزى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۇلارغا مەخپىي بوغۇپ ئۆلتۈرۈش، زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش، تىرىك كۆمۈش، تېرىسىنى سويۇش، كۆيدۈرۈش، چېپىش، مىلتىق بىلەن ئېتىش قاتارلىق قەبىھ ۋاسىتىلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى 1944 ـ يىلى ئىلى، تارباغاتاي، چۆچەك ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋەھشىيلىك بىلەن قايتارما ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قالغان 7 ۋىلايەتتىكى خەلققە قارىتىلغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ئوخشاش بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي زاتلارنى ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈردى.

## § 3 . ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى

مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ سانى خېلى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوغرىلىق، زەخىملەندۈرۈش دېلولىرى كۆپ سالماقنى ئىگىلىدى. ئۈرۈمچى يەرلىك سوت مەھكىمىسى مىنگونىڭ 23 — 31 ـ يىلىغىچە (1934 — 1942 ـ يىلىغىچە) جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 5509نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوغرىلىق دېلوسى 1268 بولۇپ، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇردى. زەخىملەندۈرۈش دېلوسى 1151 بولۇپ، 2 ـ ئورۇندا تۇردى؛ قىمارۋازلىق دېلوسى 678؛ ئائىلە ـ نىكاھ ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزۈش دېلوسى 608؛ ئەپيۇن ۋە نەشە دېلوسى 539 بولدى. قېچىپ كېتىش دېلولىرى، نىكاھ ـ ئائىلە ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزۈش دېلولىرى، ئەپيۇن ۋە نەشە دېلولىرى، زەخىملەندۈرۈش دېلولىرى، ئوغرىلىق دېلولىرى يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ باردى.

**ئۈرۈمچى يەرلىك سوت مەھكىمىسى 1934 — 1942 ـ يىلغىچە قوبۇل قىلغان ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى**

جەدۋەل: 3 — 1

| يىل / سانى / دېلو مەزمۇنى | 1934 | 1935 | 1936 | 1937 | 1938 | 1939 | 1940 | 1941 | 1942 | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مەسئۇلىيەتسىزلىك | 2 | 12 | 12 | 5 | 13 | 15 | 8 | 7 | 17 | 91 |
| ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزۈش | | 3 | 2 | | 2 | 2 | 6 | 10 | 4 | 29 |
| تەرتىپكە زىيان يەتكۈزۈش | | 2 | 5 | 2 | 4 | 1 | 4 | 10 | 5 | 33 |
| قېچىپ كېتىش | 1 | 1 | 13 | 6 | 2 | 7 | 18 | 14 | 22 | 84 |
| جىنايەتنى يوشۇرۇش | | | | | | 1 | | 2 | 3 | 6 |
| يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە قارا چاپلاش | 3 | 7 | 3 | | 4 | 6 | 10 | | | 33 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جامائەت ئىشلىرىغا خەۋپ يەتكۈزۈش | | 2 | 2 | | 2 | 6 | 3 | 4 | 6 | 25 |
| يالغان پۇل ياساش | | 5 | 3 | | | | | 2 | 6 | 16 |
| يالغان ھۆججەت ياساش | | | | | | 2 | | | | 2 |
| قائىدە يوسۇنغا زىيان يەتكۈزۈش | 13 | 18 | 68 | 4 | 4 | 10 | 17 | 17 | 19 | 170 |
| نىكاھ ـ ئائىلىگە زىيان يەتكۈزۈش | 21 | 29 | 30 | 87 | 45 | 102 | 94 | 100 | 100 | 608 |
| قەبرە ۋە جەسەتكە زىيان يەتكۈزۈش | | | | | | 1 | | | | 1 |
| دېھقانچىلىق، سودا ـ سانائەتكە زىيان يەتكۈزۈش | | | 1 | | | | | | | 1 |
| ئەپيۇن ۋە نەشە | | 5 | 25 | 32 | 66 | 101 | 108 | 90 | 112 | 539 |
| قىمارۋازلىق | 4 | 22 | 74 | 87 | 107 | 103 | 80 | 90 | 111 | 678 |
| قاتىللىق | 24 | 17 | 9 | 9 | 12 | 18 | 22 | 13 | 16 | 140 |
| زەخىملەندۈرۈش | 108 | 66 | 124 | 125 | 52 | 99 | 118 | 165 | 294 | 1151 |
| ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش | | | | | | 1 | | | | 1 |
| تاشلىۋېتىش | 2 | 1 | 2 | | 2 | | 35 | 25 | 14 | 81 |
| ئەركىنلىككە زىيان يەتكۈزۈش | | 10 | 6 | 10 | 22 | 11 | 9 | 10 | 20 | 98 |
| نام ـ شۆھرەتكە زىيان يەتكۈزۈش، ئېگىلىۋېلىش | 1 | 1 | 4 | 7 | 4 | 4 | 2 | 1 | 4 | 28 |
| ئوغرىلىق | 121 | 121 | 181 | 98 | 108 | 94 | 173 | 117 | 256 | 1268 |
| تارتىۋېلىش، قاراقچىلىق | 6 | 2 | 4 | 1 | 2 | 6 | | 1 | 2 | 24 |
| ئىگىلىۋېلىش | | 20 | 29 | 5 | 12 | 6 | 14 | 28 | 20 | 134 |
| ئالدامچىلىق قىلىپ پايدا ئېلىش | 18 | 5 | 12 | 10 | 8 | 10 | 44 | 37 | 35 | 179 |
| قورقۇتۇش | | | | | 1 | 2 | | | 2 | 5 |
| ھارام مال | 6 | 3 | 2 | 2 | 5 | 11 | 8 | 12 | 12 | 61 |
| بۇزۇۋېتىش | | | | | | | | 2 | 7 | 9 |
| ھاراقكەشلىك ۋە باشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش | | | | | | | | | 14 | 14 |
| جەمئىي | 330 | 351 | 611 | 490 | 477 | 619 | 773 | 757 | 1101 | 5509 |

## 1. قاتىللىق دېلولىرى

مىنگو دەۋرىدىكى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا: ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى 1 ـ دەرىجىلىك مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرگەندىن كېيىن پۇل ـ بىساتىنى ئېلىۋالغان ياكى پۇل ـ مالىنى دەپ ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئۆرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىپ ئىزىنى يوقاتقان بولسا قاتىللىق جىنايىتى ۋە جەسەتنى تاشلىۋېتىش جىنايىتى بويىچە قوشۇپ جازا بېرىلىدۇ، قوشۇمچە پۇقرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. ئېرىنى پاھىشە قىلىشۋاتقان سورۇندا ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلغان بولسا، مەلۇم قىلىش ئەھۋالىغا

قاراپ، قاتىللىق جىنايىتى بويىچە يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ. پاھىشە سورۇنىدىن قېچىپ چىققان ئايالنى قوغلاپ بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، قاتىللىق جىنايىتى بويىچە جازا بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. مىنگونىڭ 24 — 31 - يىلىغىچە (1935 — 1942 - يىلىغىچە) ئۈرۈمچى يەرلىك سوت مەھكىمىسى قاتىللىق دېلوسىدىن 116نى قوبۇل قىلدى، بۇ بىرلا ۋاقىتتا قوبۇل قىلىنغان ئادەتتىكى 5179 جىنايى ئىشلار دېلوسىنىڭ %2.2نى ئىگىلىدى.

## 2. بۇلاڭچىلىق دېلولىرى

مىنگونىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا، ئۆزى ياكى 3 - كىشىنىڭ قانۇنسىز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، زورلۇق ئىشلىتىش، مەجبۇرلاش، دورا بېرىش، گېپىندۇلۇق قىلىش ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق، باشقىلارنى قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ پۇل - بىساتىنى ئېلىۋالغانلارغا بۇلاڭچىلىق جىنايىتى بېكىتىپ، ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، 10 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغانلارغا ئۆلۈم جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ ئېغىر زەخىملەندۈرگەنلەرگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ بۇلاڭچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر، مەسىلەن ئوت قويۇش، باسقۇنچىلىق، قاقتى - سوقتى قىلىش، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش قىلمىشىدىن بىرىنى سادىر قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ دېڭىز قاراقچىلىقى جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەردىن يۇقىرىقى جىنايەت قىلمىشلىرىدىن بىرىدە بولغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

## 3. پاھىشىۋازلىق دېلولىرى

مىنگونىڭ قانۇنىدا، جۆرىسى بار تۇرۇپ باشقىلار بىلەن پاھىشە ئوينىغانلارغا بىر يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، ئۆزئارا پاھىشە ئويناشقانلارغىمۇ ئوخشاش جازا بېرىلىدۇ؛ 20 ياشقا توشمىغان ئوغۇل - قىزلارنى ئازدۇرۇپ ئائىلىسىدىن ياكى ۋەسىيلىك ھوقۇقى بارلارنىڭ قولىدىن قاچۇرۇۋەتكەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، جۆرىسى بارلارنى قاچۇرۇۋەتكەنلەرگىمۇ ئوخشاش جازا بېرىلىدۇ؛ پايدا ئېلىش ياكى ئازدۇرۇش غەرىزىدە باشقىلارغا بەتقىلىقلىق قىلغان ياكى نومۇسىغا تەگكەنلەردىن يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك جىنايەتنى سادىر قىلغانلارغا 6 ئايدىن يۇقىرى 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ 20 ياشقا توشمىغان ئوغۇل - قىزلارنى ئازدۇرۇپ ئائىلىسىدىن ياكى باشقا ۋەسىيلىك ھوقۇقى بارلارنىڭ قولىدىن قاچۇرۇۋەتكەنلەرگە بىر يىلدىن يۇقىرى 7 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. پايدا ئېلىش ياكى ئازدۇرۇش غەرىزىدە باشقىلارغا بەتقىلىقلىق قىلغان ياكى نومۇسىغا تەگكەنلەردىن يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك جىنايەتنى سادىر قىلغانلارغا 3 يىلدىن يۇقىرى 10 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ 16 ياشقا توشمىغان ئوغۇل- قىزلار ئازدۇرغانلار يۇقىرىقىغا ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؛ جۆرىسى بار تۇرۇقلۇق باشقىلار بىلەن پاھىشە ئوينىغانلار، جۆرىسى بارلارنى ئازدۇرۇپ قاچۇرۇۋەتكەنلەر ئەرز قىلىنغاندىن كېيىن سۈرۈشتۈرۈلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

## 4. ئوغرىلىق دېلولىرى

مىنگونىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا، ئوغرىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرگە 5 يىلدىن تۆۋەن

مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ ياكى 500 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ، ئوغرىلىقنى كەسىپ قىلىۋالغانلارغا بىر يىلدىن يۇقىرى 7 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، بىۋاسىتە قانداش تۇغقانلار، جۆرىلەر ياكى مال-مۈلكى ئورتاق بولغان بىرگە ئۆتتۇۋاتقانلار، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارا ئوغرىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

شىنجاڭدا چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوغرىلىق دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، مىنگونىڭ 9-يىلى (1920-يىلى) 11-ئايدا مىنگو ھۆكۈمىتى مۇنداق بۇيرۇق چۈشۈرگەن: كۆچمە چارۋىچىلار، جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، دېلونىڭ ئېغىر-يېنىكلىكى، چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن ئايرىم-ئايرىم بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئېغىر ياكى چوڭ دېلو بولسا، ئاقساقالنى جىنايەتچىنى ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇپ، قانۇن بويىچە جازالاپ، يامۇلنىڭ قاقتى-سوقتى قىلىشى، ساختىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كۆپكە چېتىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. جىنايىتى يېنىك ۋە كىچىك بولغانلارنى ئاقساقال ئادەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، ھۆكۈمەتكە ئەنگە ئالدۇرۇپ قويۇشى كېرەك. ئەينى چاغدا قازاقلار ئارىسىدا ئوغرىلىق دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ھۆكۈمەت بىر تەرەپ قىلىش ياكى شەخسلەر تۆلەم بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلدى. ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت بېجىرگەندە قەبىلە ئاقساقىلىغا تۆلەتكۈزەتتى، ئاقساقال قەبىلىدىكى كىشىلەرگە سېلىق سېلىپ، قاتلامۇ قاتلام قاقتى-سوقتى قىلاتتى، نەتىجىدە يۈتكەن مال ئىگىسى تۆلەمگە تولۇق ئېرىشمەيلا قالماي، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ دەردى-بالاسىغا قالاتتى؛ شەخسىي تۆلەم بېرىشتە مېڭبېشى، يۈز بېشى ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەل قىلغاچقا، ساختىلىقمۇ كۆپ بولاتتى.

باشقا ئوغرىلىق دېلولىرىنى يەرلىك سوت مەھكىمىسى ياكى ئەدلىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۈرۈمچى يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، مىنگونىڭ 23 — 31-يىلىغىچە (1934 — 1942-يىلىغىچە) ئوغرىلىق دېلوسىدىن 1268ى قوبۇل قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى) 121، مىنگونىڭ 24-يىلى (1935-يىلى) 120، مىنگونىڭ 25-يىلى (1936-يىلى) 181، مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) 98، مىنگونىڭ 27-يىلى (1938-يىلى) 108، مىنگونىڭ 28-يىلى (1939-يىلى) 94، مىنگونىڭ 29-يىلى (1940-يىلى) 173، مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) 117، مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) 256 دېلو قوبۇل قىلىنغان.

## 5. خىيانەتچىلىك-پارىخورلۇق دېلولىرى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار چىرىكلىشىپ، خىيانەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى، بولۇپمۇ شېڭ شىسەي دۇبەن ۋە ئۆلكە رەئىسى بولغان مەزگىلدە تېخىمۇ شۇنداق بولغانىدى. خىيانەتچىلىك قىلىپ قانۇننى بۇزۇش گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي نۇقسان ئىدى. نورمال بولغان ھۆكۈمرانلىق تەرتىپى ۋە ھۆكۈمران سىنىپنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىرى خىيانەتچىلەرنى جازالاش يۈزىسىدىن كۆرۈنۈشتە بەزى تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، ئۇنى يىلتىزىدىن قۇرۇتالمىدى.

ياڭ زېڭشىن يېڭى ھۆكۈمران بولغان مەزگىلدە، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى پوچتا يوللانمىسى

ئارقىلىق پاش قىلىشقا يول قويۇپ، تەكشۈرۈپ راستلىقى ئىسپاتلانغانلىرىغا يېنىك بولسا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى، ئېغىر بولسا قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بەرگەنىدى. كېيىنى چاغدا ئەمەلدارلاردىن 500 يۈەن پارا ئالغانلىرى ئېتىپ تاشلاندى. ئۈرۈمچى ئامبىلى شىيۋېيشىن، ئىلى ئامبىلى ياۋيەنجۈنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دېلو بېجىرىش باھانىسى بىلەن قاقتى - سوقتى قىلغانلارغا جەرىمانە قويۇلدى. مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) 3 - ئايدا ياڭ زېڭشىن ناھىيە ئامباللىرىغا جەرىمانە قويۇلىدىغان بارلىق دېلولاردا جەرىمانە پۇلىنى ئېنىق بېكىتىپ، تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىش كېرەك دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) 10 - ئايدا يەنە مەيلى ھەق تەلەپ دېلوسى بولسۇن، جىنايى ئىشلار دېلوسى بولسۇن، جەرىمانە قويۇلماستىن، بىردەك قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك دەپ پەرمان چۈشۈردى.

شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئاتالمىش «پاكلىق» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) 5 - ئايدا «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى جازالاش نىزامى»نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا 500 يۈەندىن ئارتۇق خىيانەت قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىش، 400 يۈەندىن ئارتۇق 500 يۈەندىن تۆۋەن خىيانەت قىلغانلارغا 10 يىلدىن يۇقىرى، 15 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىش؛ 300 يۈەندىن يۇقىرى، 400 يۈەندىن تۆۋەن خىيانەت قىلغانلارغا 5 يىلدىن يۇقىرى 10 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك ماماق جازاسى بېرىش؛ 100 يۈەندىن يۇقىرى 300 يۈەندىن تۆۋەن خىيانەت قىلغانلارغا بىر يىلدىن يۇقىرى 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىش بەلگىلەندى. بۇ نىزام ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جىمىسار ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋۇ جىنباڭ، كۇچا مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لۇشياڭ، ترانسپورت ئىدارىسى قارا ئىش بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ فېڭمىڭ قاتارلىق بىر نەچچە ئەمەلدار ئېتىپ تاشلاندى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942-يىلى) 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك دۇبەن مەھكىمىسى، ھۆكۈمەت تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خىيانەت قىلغان مەمۇرلارنى جازالاش نىزامى» (1941 - يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن)نى ئېلان قىلدى. 2 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەزكۇر نىزامدا ئۆلچەنگەن جازا مىللىي ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان نىزامدىكى جازادىن يېنىك بولۇپ قالغان دەپ قاراپ، خىيانەتچىلىك جىنايىتىنى جازالاشتا، مىللىي ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان خىيانەتچىلەرنى جازالاش ۋاقىتلىق نىزامىنىڭ ماددىلىرىنى ئۆلچەم قىلىشنى بەلگىلەپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خىيانەتچىلەرنى جازالاش نىزامىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئەمەلىيەتتە شېڭ شىسەي خىيانەت قىلىش ۋاستىسىنىڭ قەبىھلىكى، خىيانەت سوممىسىنىڭ كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە كۆپلۈكى بىلەن شىنجاڭدىكى خىيانەتچىلەرنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. مىنگونىڭ 43 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭگو چېگرا ئىشلىرى جەمئىيىتى نەشر قىلغان «شېڭ شىسەي شىنجاڭغا قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلغان» دېگەن كىتابتا مۇنداق دەپ پاش قىلىنغان: «شېڭ شىسەي ئومۇمنىڭ مال مۈلكىگىمۇ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ مال - مۈلكىگىمۇ خىيانەت قىلاتتى، ئۇ مال - مۈلكى بار كىشىلەرنى بايقىسىلا، مال - مۈلۈكنى كۆزلەپ ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئالدى بىلەن ئۇلارنى ‹توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىدە بولغان›، ‹يامان غەرەزدە بولغان› دېگەن جىنايەتلەر بىلەن قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلاتتى؛ باي - سودىگەرلەرنىڭ مال - مۈلكىنى قاقتى - سوقتى قىلىش چارىسىنى قوللىنىشتا، يەنە باشقا ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلىتەتتى، ئۇلارنى ئالدى بىلەن قولغا ئالاتتى، سوراقچىلار ئۇلارنى قىيىن- قىستاققا ئېلىپ ئېغىر جىنايەتلەرنى ئىقرار قىلدۇراتتى

ھەمدە مەلۇم تەرەپتىن ناھايىتى جىق پائالىيەت راسخوتى ئالدىم دەپ ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئاندىن شېڭ شىسەينىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراتتى، شېڭ شىسەي يالغاندىن خەيرخاھلىق قىلغان بولۇۋېلىپ، بارلىق پائالىيەت راسخوتىنى تاپشۇرسا، ھاياتىغا كېپىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. . . ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تەھدىت ۋە ئازدۇرۇش نەتىجىسىدە، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئامالسىزلىقتىن بارلىق مال - مۈلكىنى شېڭ شىسەيگە تاپشۇراتتى، شۇنداق بولسىمۇ شېڭ شىسەي ئۇلارنى قاق - سەنەم قىلىپ قويغاندىن كېيىن يەنىلا مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتەتتى، مۇسادىرە قىلىنغان قىممەت باھالىق مال - مۈلكنىڭ ھەممىسى شېڭ شىسەينىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتەتتى، ئۇنىڭغا ھۆججەت بېرىلمەيتتى، ئاتالمىش 《مال - مۈلۈك ئېنىقلاش كومىتېتى》 ئۆي - زېمىن، يەر، ئائىلە جاھازلىرى، كېيىم - كېچەك قاتارلىقلارنىلا باشقۇراتتى». يەنە سابىق شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىجتىمائىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گۇ گېڭيې يازغان «مېنىڭ نەزەرىمدىكى شېڭ شىسەي» دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «سابىق مالىيە نازىرى چېن دېلى دېلوسىغا كەلسەك. . . مەن دېلو ماتېرىيالىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم، قوشۇمچە قىلىنغان ماتېرىيالنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم، مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكلەر جەدۋىلىدە: بىلىيارد 990 تال، بىلىيارت جىلتىكە (رومانوف خان سارىيىدىكى نەچچە ئەۋلادتىن قالغان تەۋەررۈك، چوڭ مۇراسىملاردا خانىش كەيـ-گەن) بىر، بۆكەن مۈڭگۈزى 8 جۈپ، ئامېرىكا دوللىرى، ئەنگلىيە فوند ستېرلىڭى ۋە باشقا مال - مۈلۈكلەر جامئىي 130 نەچچە خىل دەپ يېزىلىپتۇ، جەدۋەلنىڭ ئاستى تەرىپىگە مال - مۈلۈك ئېنىقلاش كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى بولىن، مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇ يۈنجۈنىڭ ئىمزاسى قويۇلۇپتۇ. يان تەرىپىگە بىر قۇر كىچىك خەت بىلەن: بىلىيارت جىلتىكە، بىلىيارت، بۆكەن مۈڭگۈزى، ئامېرىكا دوللىرى، ئەنگلىيە فوند ستېرلىڭى دۇبەنگە يۈز تۇرانە تاپشۇرۇپ بېرىلدى دەپ ئىزاھلاپ قويۇلۇپ تامغا بېسىلىپتۇ». شېڭ شىسەي مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا ماڭغاندا ئۆزى 80 نەچچە ساندۇق قىممەت باھالىق ئەتىۋارلىق مال - مۈلۈكنى ئېلىپ كەتتى. 10 - ئايدا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئاپتوموبىل بىلەن ئۈرۈمچىدىن ئايرىلغاندا 70 نەچچە ئاپتوموبىلغا يۈك - تاق بېسىپ ماڭدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق كېڭەش گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگرامما يوللاپ، شېڭ شىسەينى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 10 - ئايدا ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى خې زۇڭشەن ئارقىلىق مەمۇرىي پالاتا كاتىباتى باشقارمىسىغا «سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشتا، مەمۇرىي پالاتانىڭ مەسلىھەتچىسى گۇەن ئوۋ، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئەۋەتكەن بۆلۈم باشلىقى ۋۇ مىڭلۇڭ ۋە مەزكۇر مىنىستىرلىك ئەۋەتكەن شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى خې زۇڭشەنلەر مەزكۇر دېلودىكى مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاپ ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ» دەپ تېلېگرامما ئالاقىسى ئەۋەتتى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىش باشقا چىقىرىلمىدى.

جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭدا ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەسىس قىلىنمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىغا شىنجاڭدىكى بارلىق خىيانەتچىلىك دېلولىرىنى ۋاقىتىنچە ھەربىي سوت ئورگىنى سوت قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى بۇ تەكلىپنى تەستىقلىدى. ئەينى چاغدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك

ھۆكۈمەت خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى ۋاڭ شىشى، ياردەمچىسى تيەن يۈكۈن، بوغالتىر جۇ شۈرېن قاتارلىقلارنىڭ خىيانەتچىلىك، ساختىپەزلىك دېلوسىنى ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ھەربىي سوت ھەيئىتى سوت قىلدى. خىيانەتچىلەرنى جازالاش نىزامى بويىچە، ۋاڭ شىشىغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ، پۇقرالىق ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش، تۇتۇپ قالغان 350 مىڭ يۈەن پۇلنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا ئېلىپ بېرىش ھۆكۈمى چىقىرىلدى؛ تيەن يۈكۈنگە مۇددەتلىك 4 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، پۇقرالىق ھوقۇقىدىن 4 يىل مەھرۇم قىلىش، تۇتۇپ قالغان 50 مىڭ يۈەن پۇلنى قايتۇرغۇزۇش ھۆكۈمى چىقىرىلدى؛ جۇشۈرېنغا مۇددەتلىك بىر يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، پۇقرالىق ھوقۇقىدىن 2 يىل مەھرۇم قىلىش ھۆكۈمى چىقىرىلدى. لى جىنچاڭ قېچىپ كەتكەچكە، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلدى. ئەينى چاغدا شىنجاڭدىكى ئەدلىيە ئورگانلىرىدا خىيانەتچىلىك، قاقتى - سوقتى قىلىش بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئىدى، بەزىلەر «ئەمگەك پۇلى» تاپشۇرۇشنى بەلگىلەپ، جىنايەتچىنى «سىرتتا جازا ئۆتەش»كە بەرگەنىدى. 1946 - يىلى قۇمۇل يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زوبىڭ جىنايەتچىگە مەجبۇرىي 30 مىڭ يۈەن «ئەمگەك پۇلى» تاپشۇرتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۈرمىدىن چىقىپ «سىرتتا جازا ئۆتەش»كە رۇخسەت قىلغان. ۋاڭ زوبىڭ يەنە پارە ئېلىپ جىنايەتچىلەرنى قانات ئاستىغا ئالغان. زەھەر جىنايەتچىسى، قۇمۇل غەربىي يىشۈن سودا سارىيىنىڭ دىرېكتورى جاڭ يۈرۇ ئۇنىڭغا «دۇمىلۇ» ماركىلىق تاماكىدىن 100 بولاق، ئۈچ توپ تاۋار، بىر نەچچە كىيىملىك سارجا پارا بەرگەن. يەنە قۇمۇل يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى جۇ فېڭشياڭ، تەپتىش ئەمەلدارى جاڭ جۇچۇەنلەرنىڭ ھەر بىرىگە 50 بولاقتىن «دۇمىلۇ» ماركىلىق تاماكا، ئىككى توپتىن تاۋار، بىر قۇردىن سارجا شىم بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەسلى بەش يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ھەر ئايدا 100 يۈەن كاپالەت پۇلى تاپشۇرىدىغان قىلىپ، بىر ھەپتە بولمايلا قويۇپ بېرىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىماي، گۇناھسىز ئادەم بولۇپ قالغان. ئەرز خېتى يېزىشقا ماھىر بەزى كىشىلەر دەۋاگەرگە ئەرز خېتى يېزىپ بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بىر تۈرگە قىممىتىدە ھەق ئالغان.

## 6. زەھەر دېلولىرى

### 1). ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدىكى ئەپيۇن چەكلەش ئەھۋالى

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) يۈەن شىكەي ئەپيۇن تېرىش، چېكىش ۋە ساقلاش، سېتىش - سېتىۋېلىشنى چەكلەش قاتارلىقلار توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقارغانىدى. مىنگونىڭ 2- يىلى (1913 - يىلى) شىمال مىللىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى يەنە زەھەر چەكلەش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كۆكنار تېرىشنى مەنئى قىلىش نىزامى ئېلان قىلىندى، كۆكنار تېرىش قاتتىق مەنئى قىلىنىپلا قالماستىن، زورۇر تېپىلغاندا ھەربىي قوشۇننى ئىشقا سېلىشقا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى، ئەپيۇننى چەكلەش ئامباللارنىڭ نەتىجىسىنى باھالاشنىڭ بىر ئۆلچىمى قىلىندى. مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) ئالدىنقى بۇيرۇق يەنە قايتا چۈشۈرۈلدى. شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) ئەپيۇن چېكىش، سېتىش، توشۇش، تېرىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش پەرمانى چۈشۈرۈپ، مۇنداق تۆت ماددىلىق قائىدە بەلگىلىدى:

(1) شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ناھىيىلەرنىڭ ئامباللىرى بۇ يىل كۈزدىن باشلاپ بىردەك كۆكنار تېرىشنى مەنئى قىلىشى كېرەك. مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) 1 ـ ئايدىن كېيىن، ھەر قايسى ناھىيىلەردە كۆكنار تېرىلغانلىقى بايقالسا، ئامبالغا باشتا ئۆچ قېتىم چوڭ گۇناھ يېزىلىپ، ھەر قېتىملىقىغا 50 يۈەنلىك كۈمۈش تەڭگە جەرىمانە قويۇلىدۇ. 2 ـ قېتىم تەكشۈرۈپ سېزىلسە، ئامبال مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاشقا مەلۇم قىلىنىدۇ.

(2) ناھىيىلەرگە قاراشلىق يېزا ـ كەنتلەردە مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) كۆكنار تېرىلغانلىقى بايقالسا، ھەر قېتىملىقىغا 50 يۈەندىن جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئەگەر شاڭيۇ ئۆزى تېرىغان بولسا، جەرىمانە قويۇلغاندىن سىرت، شاڭيۇلۇقتىن دەرھال قالدۇرۇلىدۇ.

(3) ناھىيىلەردىكى دېھقانلاردىن ئوغرىلىقچە كۆكنار تېرىغانلارغا قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ تۆتىنچى دەرىجىلىك مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ. ئەگەر جازا مۇددىتى توشۇپ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يەنە تېرىسا، 3 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ ھەمدە كۆكنار تېرىغان يېرىنى ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋالىدۇ.

(4) ناھىيىلەرنىڭ تەۋەسىدە مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) ئىچىدە 4 يېزىدا كۆكنار تېرىلمىغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانسا، ئەمەلدارلارغا تۆھپە يېزىلىدۇ، شاڭيۇلارنىڭ ئىشىك بېشىغا بېغىشلىمىلىق تاختا ئېسىلىدۇ. لېكىن ئەزەلدىن ئەپيۇن تېرىلمايدىغان جايلار بۇنىڭ سىرتىدا.

مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915 ـ يىلى) يۇقىرىلارنىڭ كۆكنار ئۇرۇقىنى قورۇپ ياغ تارتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ، كۆكنار تېرىش يىلتىزىدىن چەكلەندى. كېيىن يەنە كۆكنار تېرىغۇچىلارغا ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلىدىغانلىقى، ئەگەر كۆكنار ئېتىزى بايقالسا، ئەمەلدارلار قاتتىق سۈرۈشتۈرۈلىدىغانلىقى، تېرىغۇچىلار ئېتىلىدىغانلىقى تەكىتلەندى. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئەپيۇن قاتتىق مەنئى قىلىنىپ، يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىشتەك ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغانىدى، كېيىنچە بۇ ئىش بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى. جىن شۇرېن دەۋرىدە (1928 — 1933 ـ يىلغىچە) زەھەر يەنە ئەدەپ كەتتى.

## 2) شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدىكى ئەپيۇن چەكلەش ئەھۋالى

مىنگونىڭ 26 — 28 ـ يىلغىچە (1937 — 1939 ـ يىلغىچە) ئەپيۇننى قاتتىق مەنئى قىلىش تېرىش، توشۇش، سېتىش، چېكىشنى مەنئى قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كۆكنار تېرىشنى مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) دىن ئىلگىرى تۈپتىن مەنئى قىلىش، ئەپيۇن چېكىدىغانلارنى مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) دىن ئىلگىرى ياش قورامىغا قاراپ مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ تۈپتىن تاشلاتقۇزۇش بەلگىلەندى. ئەپيۇن توشۇش، سېتىشنى مەنئى قىلىش جەھەتتە، مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بىر تۇتاش پىلانى بويىچە ئىش كۆرۈلدى. ئومۇمىي ستاتىستىكا قىلىنىشچە، مىنگونىڭ 28 — 31 ـ يىلغىچە (1939 — 1942 ـ يىلغىچە) ئەپيۇن سېتىش دېلوسىدىن 258ى پاش قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 209، ئايال 103؛ ئەپيۇن چېكىش دېلوسىدىن 1529ى قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 908، ئايال 844؛ ئەپيۇن ئېلىپ سېتىش دېلوسىدىن 13ى قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئەر 17، ئايال 2؛ نەشە چېكىش دېلوسىدىن 20سى قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 28، ئايال بىر؛ نەشە چېكىش سايمىنىدىن 1169ى، چىلىمدىن 2995ى، غاڭزىدىن 2178ى، نەشىدىن 203 سەر قولغا چۈشۈرۈلدى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەپيۇن چەكلەش كومىتېتى 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىنى ئەپيۇن چەكلەش بايرىمى قىلىشنى قارار قىلدى ھەمدە قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. شەھەر خەلقى ئىچىدىكى ئەپيۇن ئېلىپ توشىغۇچىلار ياكى ئەپيۇن ساتقۇچىلاردىن تۇتۇلغانلىرى ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ جىنايى جازا بېرىشىگە يوللاپ بېرىلىدىغان بولدى. پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، مەكتەپ، ھەربىي قىسىمدىكىلەر، مەمۇرلاردىن «3 - ئىيۇن» ئەپيۇن چەكلەش بايرىمىدا قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئەپيۇن چېكىشكە خۇمار بولۇپ قالغانلار بىر ئاي ئىچىدە ئۆزلۈكىدىن تاشلاشقا بۇيرۇلدى. يەنىلا تاشلىمىغانلارغا مەسئۇل ئورگان مەمۇرىي جازا بېرىدىغان ھەمدە ئۇلارنى ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىدىغان بولدى. شەھەر خەلقى ئىچىدىكى ئەپيۇن چەككۈچىلەر ئۆزلىرىنى باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ساقچى شۆبە ئىدارىسىغا ياكى ئۇنىڭ شۇ جايدىكى شۆبىسىگە تىزىمغا ئالدۇرۇش، ياش قورامىغا ئاساسەن ئۈچ قارارغا بۆلۈپ تاشلاتقۇزۇش بەلگىلەندى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شىتابى، سوت مەھكىمىسى 23 مىڭ 700 سەر ئەپيۇن توپىسى، 1977.83 سەر ئەپيۇن مەلھىمى، 260 نەچچە مىڭ سەر نەشىنى قولغا چۈشۈردى، بۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيداندا كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

### 3) شىنجاڭنىڭ ئەپيۇن چەكلەش چارىسى ۋە بىر تەرەپ قىلغۇچى ئورگانلار

(1) مىنگونىڭ 27 - يىل (1938 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسى ئەپيۇن چەكلەش - ئەپيۇن جىنايىتىنى جازالاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: ئەپيۇن، نەشە، مورفىن، خىروئىن ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىك ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ياكى چەككەن، كۆكنار تېرىغان ياكى ئىگىسى يوق كۆكنار غوزىكىنى يىغىۋالغانلارغا ئۆلۈم جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى 10 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. كۆكنار ئۇرۇقىنى ئېلىپ ساتقان ياكى توشۇغان، ساقلىغانلارغا 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئەپيۇن-نەشە تۈرىدىكىلەرنى ئېلىپ ساتقان ياكى توشۇغانلارغا 10 يىلدىن تۆۋەن بىر يىلدىن يۇقىرى قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. يۇقىرىقى چېكىملىك تۈرىدىكىلەرنى ساقلىغانلارغا 3 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. تۆھمەت چاپلاش ياكى دەلىل - ئىسپات ئويدۇرۇپ چىقىش يولى بىلەن باشقىلارنى مۇشۇ ماددىغا چۈشىدىغان جىنايەت ئۆتكۈزدى دەپ قارىغانلارغا ھەر قايسى ماددىلاردا بەلگىلەنگەن جىنايەتلەر بويىچە جازا بېرىلىدۇ. زەھەر جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ زەھەر تۈرلىرى ياكى ئۇرۇقى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. زەھەر جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرنى باشقا ھەرقايسى ئورگان قوبۇل قىلماستىن، سوت مەھكىمىسى، ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسى ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ، مەمۇرلاردىن زەھەر جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرگە جىنايىتىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن جازادىن ئىككىدىن بىر ھەسسە ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

(2) مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تۆۋەندىكىدەك پەرمان چۈشۈردى: ناھىيىلىك ج خ ئىدارىلىرى زەھەر جىنايەتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە پاش قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. زەھەر جىنايەتچىلىرىنى قاماققا

ئېلىش، سوتلاش ھوقۇقى يەنىلا ھاكىمدا ۋە ئەدلىيە ئىدارىسىدە بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، ئەپيۇن تېرىغان، چەككەن، ساتقان، توشىغانلارنى قولغا ئېلىش ئىشىنى بېجىرىشكە ھەر دەرىجەلىك ج خ ئىدارىلىرى مەسئۇل بولىدۇ. قولغا ئېلىنغان زەھەر جىنايەتچىلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ يېنىدىن چىققان ئەپيۇن توپىسى ياكى ئالتۇن - كۈمۈش، كېيىم - كېچەك، ئات - ئۇلاق شۇنداقلا باشقا ھەر قانداق بۇيۇملارنى ج خ ئورگىنى سانى بويىچە شۇ جايدىكى سوت مەھكىمىسى ياكى ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىدۇ. ئەدلىيە ئورگىنى بولمىغان ناھىيەلەردە ھاكىم ياكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى باشلىقىنىڭ سوت قىلىشىغا تاپشۇرۇش كېرەك، بىر - بىرىگە ئىتتىرىشكە بولمايدۇ، ج خ ئورگىنىنىڭ ھوقۇقىدىن ھالقىپ بىر تەرەپ قىلىشىغىمۇ بولمايدۇ.

(3) مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شىنجاڭنىڭ نەشە جىنايىتىنى جازالاش چارىسى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەندى: نەشە جۈملىدىن نەشە ئارىلاشتۇرۇلغان بۇيۇملارنى ياسىغان، ئېلىپ ساتقان ياكى توشىغانلارغا بىر يىلدىن يۇقىرى 7 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ باشقىلارنى نەشە بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرگە ئالتە ئايدىن يۇقىرى ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ نەشە چەككۈچىلەرگە ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. نەشىنى ساقلىغۇچىلارغىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش جازا بېرىلىدۇ.

(4) مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى مۇنداق پەرمان چۈشۈردى: ناھىيىلەر قوبۇل قىلغان زەھەر دېلولىرىنى ۋالىي مەھكىمە ۋە قوشۇمچە ھەربىي سوتقا مەسئۇل ھاكىم بېجىرىدۇ، ۋالىي مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جايدىكى ناھىيىنىڭ ۋە ۋالىي مەھكىمىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر ئۆتەڭ كېلىدىغان ناھىيىنىڭ ھاكىمى ھەربىي سودىيىلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ، بۇنداق دېلولارنى ناھىيە ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، بارلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋالىي مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقارغان دېلولارنى ئۆلكىلىك ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىشى كېرەك.

زەھەر دېلولىرى ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىدا بەلگىلىك نىسبەتنى ئىگىلەيتتى. مىنگونىڭ 24 — 31 - يىلىغىچە (1935 — 1942 - يىلىغىچە) ئۈرۈمچى يەرلىك سوت مەھكىمىسى زەھەر دېلوسىدىن 539نى قوبۇل قىلدى، بۇ شۇ مەزگىلدىكى ئادەتتىكى 5179 جىنايى ئىشلار دېلوسى ئىچىدە %4 .10نى ئىگىلىدى.

## § 4 . چوڭ كەچۈرۈم قىلىش، جازا كېمەيتىش ۋە شەرتلىك قويۇپ بېرىش

### 1 . چوڭ كەچۈرۈم قىلىش

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى چوڭ

كەچۈرۈم قىلىش ۋە ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىنى ئېلان قىلدى ھەمدە يېڭى ـ كونا جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا زامىن بولۇش ۋە قاراقچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى تۈردىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرنى چوڭ كەچۈرۈم قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. شىنجاڭ رايونىدا تەكشۈرۈپ چوڭ كەچۈرۈم قىلىنغانلارنىڭ سانى مىنگونىڭ 1 ـ يىلى (1912 ـ يىلى) 50، مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) 10، مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) 3، مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915 ـ يىلى) 27، جەمئىي 90 ئادەم بولدى.

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە گومىنداڭ ئۆز ئالدىغا قوراشتۇرغان «مىللىي قۇرۇلتاي» نەنجىڭدا ئېچىلىپ، ئاتالمىش «ئاساسىي قانۇن» تۈزۈپ چىقىلدى؛ 1948 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە يەنە ئاتالمىش «ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇش خەلق كونگرېسى» ئېچىلىپ، جياڭ جيېشى «بۈيۈك زۇڭتۇڭ»لۇققا سايلاندى، شۇنىڭدىن كېيىن «ئاساسىي قانۇن تۈزۈش تاماملىنىپ»، «چوڭ كەچۈرۈم قىلىش» جازا كېمەيتىش جاكارلاندى. ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1) جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزگەن، بېرىلىدىغان ئەڭ ئېغىر جازا مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن تۆۋەن قىلىپ بەلگىلەنگەن ئەيىبكارلار چوڭ كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ.

2) ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى ۋە تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلەرنى چوڭ كەچۈرۈم قىلىشقا ياكى جازاسىنى كېمەيتىشكە بولمايدۇ: (1) خائىنلارنى جازالاش نىزامىنىڭ 2 ـ ماددىسىدىن 4 ـ ماددىسىغىچە بولغان ماددىلاردا بەلگىلەنگەن جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەر؛ (2) خىيانەتچىلەرنى جازالاش نىزامىنىڭ 2 ـ، 3 ـ، 5 ـ، 8 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەر؛ (3) بىۋاسىتە قانداش تۇغقانلىرىنى ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر؛ (4) زەھەر چەكلەش ۋە ئۇنى جازالاش نىزامىدىكى ئۆلۈم جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدىغان جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەر.

3) يۇقىرىقى جىنايەتلەردىن باشقا، جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزگەن، بېرىلگەن ئەڭ يۇقىرى جازا مۇددەتسىز قاماق جازاسىدىن تۆۋەن بولغان ئەيىبكارلارنىڭ جازاسى تۆۋەندىكى ئۆلچەم بويىچە كېمەيتىلىدۇ: (1) ئۆلۈم جازاسى مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماق جازاسىغا كېمەيتىلىدۇ. (2) مۇددەتسىز قاماق جازاسى مۇددەتلىك 10 يىللىق قاماق جازاسىغا كېمەيتىلىدۇ. (3) مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى قوشۇمچە جەرىمانە جازاسى مۇددەتلىك قاماق جازاسىنىڭ ياكى جەرىمانىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىغا كېمەيتىلىدۇ.

شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىلەرنىڭ شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنىشىغا پەرمان چۈشۈردى. ھەر قايسى جايلار مەلۇم قىلغان چوڭ كەچۈرۈم قىلىنغانلارنىڭ سانى: ئۈرۈمچى يەرلىك سوت مەھكىمىسى ۋە تۈرمىدىن 337 ئادەم، گۇچۇڭ يەرلىك سوت مەھكىمىسىدىن 64 ئادەم، تۇرپان يەرلىك سوت مەھكىمىسىدىن 20 ئادەم، قەشقەر يەرلىك سوت مەھكىمىسى ۋە تۈرمىدىن 298 ئادەم، ئاقسۇ يەرلىك سوت مەھكىمىسى ۋە تۈرمىدىن 141 ئادەم، كۇچا يەرلىك سوت مەھكىمىسى ۋە تۈرمىدىن 37 ئادەم، خوتەن يەرلىك سوت مەھكىمىسى ۋە تۈرمىدىن 176 ئادەم، قاراشەھەر يەرلىك سوت مەھكىمىسىدىن 95 ئادەم، قۇمۇل يەرلىك سوت مەھكىمىسىدىن 24 ئادەم، مىچۈەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 10 ئادەم، مورى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 18 ئادەم،

قۇتۇبى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 11 ئادەم، توقسۇن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 8 ئادەم، فۇكاڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 13 ئادەم، جىمسار ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 8 ئادەم، پەيزاۋات ناھىيە-لىك ھۆكۈمەتتىن 80 ئادەم، مارالبېشى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 15 ئادەم، توقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 5 ئادەم، باي ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 3 ئادەم، چىرا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 10 ئادەم، قاغىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 7 ئادەم، چەرچەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 4 ئادەم، چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 7 ئادەم، كورلا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 3 ئادەم، خوشۇت ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 4 ئادەم بولۇپ، جەمئىي 1398 ئادەم «چوڭ كەچۈرۈم» قىلىندى.

## 2. جازا كېمەيتىش

### 1) جازا كېمەيتىش چارىسى ۋە جازا كېمەيتىشنى بېجىرگۈچى ئورگان

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان جازا كېمەيتىش چارىسىدا مۇنداق بەلگىلەندى: مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ جازاسىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمى كېمەيتىلىدۇ، لېكىن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىك جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر-نىڭ جازاسى كېمەيتىلمەيدۇ. ھۆكۈمدە بېكىتىلگەن جازاسى تېخى ئىجرا قىلىنمىغان ياكى ئىجرا قىلىنىپ بولمىغانلاردىن، ئەسلى ھۆكۈمدىكى ئۆلۈم جازاسى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا، ئەسلى ھۆكۈمدىكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماق جازاسىغا كېمەيتىلىدۇ. ئەسلى ھۆكۈمدە مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، جەرىمانە جازاسى بېرىلگەنلەرنىڭ جازا مۇددىتى ياكى جەرىمانىسىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمى كېمەيتىلىدۇ.

مىنگو دەۋرىدە ئەدلىيە ئورگانلىرى جازا كېمەيتىش دېلولىرىنى بېجىرىشتە، ئەدلىيە ئىشلى-رىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ھاكىم ياكى تەكشۈرگۈچى كېسىمنى تەكشۈ-رۈشكە مەسئۇل بولدى. سوت مەھكىمىسى ياكى ئەدلىيە باشقارمىسىدا تەپتىش ياكى تەپتىشلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە بېجىرگۈچى ھاكىم سوت مەھكىمىسى ياكى سوتچىنىڭ كېسىم چىقىرىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى.

### 2) شىنجاڭدا جازاسى كېمەيتىلگەنلەرنىڭ سانى

شىنجاڭدىكى ئەدلىيە ئورگانلىرى مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) دىكى چوڭ كەچۈرۈم قىلىش پەرمانىغا ئاساسەن، چوڭ كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلارنى ئەستىقلاش بىلەن بىرگە، جازا كېمەيتىش شەرتىگە توشىدىغان خادىملارنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشنىمۇ ئەستىقلىدى. جايلاردىكى جازاسى كېمەيتىلگەنلەرنىڭ سانى: ئۈرۈمچى يەرلىك سوت مەھكىمىسى ۋە تۈرمىدىن 2 ئادەم، تۇرپان يەرلىك سوت مەھكىمىسىدىن بىر ئادەم، كۇچا يەرلىك سوت مەھكىمىسى ۋە تۈرمىدىن 22 ئادەم، خوتەن يەرلىك سوت مەھكىمىسى ۋە تۈرمىدىن 57 ئادەم، قۇمۇل يەرلىك سوت مەھكىمىسىدىن 53 ئادەم، قۇتۇبى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن بىر ئادەم، توقسۇن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 6 ئادەم، قاغىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 5 ئادەم بولۇپ، جەمئىي 147 ئادەمنىڭ جازاسى كېمەيتىلدى.

## 3. شەرتلىك قويۇپ بېرىش

مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭ ئۆلكىسىدىمۇ شەرتلىك قويۇپ بېرىشتىن ئىبارەت ئەدلىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) 11 - ئايدا ئىلى ۋىلايەتلىك سوت

مەھكىمىسى غۇلجا ناھىيىلىك تۈرمىنى باشقۇرغۇچى سۇن زولىننىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن، تۈرمە-دىكى جيا زۇۋۇ قاتارلىق 9 جىنايەتچىنى شەرتلىك قويۇپ بەرمەكچى بولدى. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك مەھكىمىنىڭ تەستىقى بىلەن لۇڭ ۋېنشى، كەي جۇڭخۇالارنىڭ جازا مۇددىتى ئۇزۇن بولغاچقا (جازا مۇددىتىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئۆتەپ بولمىغان) شەرتلىك قويۇپ بېرىلمىدى، قالغان جيا زۇۋۇ قاتارلىق 7 جىنايەتچى بىردەك شەرتلىك قويۇپ بېرىلدى.

# III باب

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ جىنايى ئىشلار سوت ئىشلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، ھەرخىل جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلىپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچى-لىرىنى قەتئىي جازالىدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغا قەدەر 200 مىڭدىن ئارتۇق جىنايى ئىشلار دېلوسىنى دەسلەپكى قەدەمدە سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى.

1958 - يىلى 190 مىڭدىن ئارتۇق ھەرخىل جىنايى ئىشلار دېلوسى قوبۇل قىلىندى، بۇ شىنجاڭ ئازاد بولغان 37 يىل جەريانىدا دېلو سادىر بولۇش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر يىل بولدى.

1979 - يىلدىن كېيىن، جەمئىيەتتە جىنايەتنىڭ سادىر بولۇشى گەۋدىلىك بولۇپ، قاتىل-لىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، لۈكچەكلىك قىلىشتىن ئىبارەت چوڭ - چوڭ دېلولار ئۈزلۈك-سىز سادىر بولۇپ كەلدى. ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي قانۇن كومىتېتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەملىكەتلىك شەھەر ئامانلىق يىغىنى ۋە بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، ۋۇخەن قاتارلىق 5 چوڭ شەھەرنىڭ ئامانلىق سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئىنتايىن ئاز ساندىكى قاتىللىق قىلغان، ئوت قويغان، بۇلاڭچىلىق قىلغان، باسقۇنچىلىق قىلغان، پارتلىتىش ئېلىپ بارغان جىنيەتچىلەرگە ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزگەن باشقا جىنايەتچىلەرگە قانۇن بويىچە ئېغىر، تېز زەربە بېرىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇ مەزگىلدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قاتىللىق قىلغان، بۇلاڭچىلىق قىلغان، باسقۇنچىلىق قىلغان، پارتلىتىش ئېلىپ بارغان ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن دېلولارنى ئۆلكە-لىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى

تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى قارار قىلدى ھەم «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەر ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلاردىن قاچقان ياكى قايتا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى. 1979 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى قانۇن بويىچە ۋاقتىدا جازالىدى، جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەرگە، بولۇپمۇ ئادەتلەنگەن، تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەر ۋە باش جىنايەتچىلەرگە قانۇن بويىچە قەتئىي ئېغىر، تېز زەربە بەردى، ئۇنىڭدىكى قىلمىشى پەۋقۇلئاددە قەبىھ، خەۋپى ئىنتايىن ئېغىر بولغانلارغا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بەردى. شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 5070ى قوبۇل قىلىنىپ، جەمئىي 4476سى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلدى، دېلونىڭ ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 87.6% بولدى. ھۆكۈم قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان دېلو 3314، جاۋابكار 4192 بولدى.

ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشى ئارقىلىق، 1983 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا جەمئىيەت ئامانلىقى بىر ئاز ئوڭشالغان بولسىمۇ، ئەمما تۈپ ئاساسىدىن ئوڭشىلىپ كېتەلمىدى، بەزى جايلاردىكى جىنايى ھەرىكەتلەر يەنىلا ئەدەپ كېتىپ، «يامانلار كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقان، ياخشىلار ئەلەم، ئاكتىپلار خاپىچىلىق تارتىۋاتقان» ئەھۋال كېلىپ چىقتى، كەڭ ئاممىا بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمىدى ۋە نارازى بولدى. 1983 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. قاراردا قاتىللىق قىلغان، ئوت قويغان، پارتلىتىش ئېلىپ بارغان، باسقۇنچىلىق، بۇلاڭچىلىق، لۈكچەكلىك، چوڭ - چوڭ ئوغرىلىق قىلغان، ئادەمنى ئالداپ ساتقان، ئاياللارنى ئېيپەت - نومۇسىنى سېتىشقا مەجبۇرلىغان ۋە ئالدىغان، شەھۋانىي بۇيۇملارنى ياسىغان ۋە ساتقان ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە 3 يىل ۋاقىتتا قانۇن بويىچە «قاتتىق، تېز زەربە بېرىپ، تور سېلىپ ھەممىسىنى يوقىتىش»تەك روھ بىلەن قەتئىي زەربە بېرىش لازىم دەپ كۆرسىتىلدى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدا قارار» ۋە «جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنى تېزلىكتە سوت قىلىشنىڭ تەرتىپى توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى يۇقىرىقى قارارلارنىڭ روھى ۋە ئالاقىدار سىياسەت، قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ۋە قانۇن بويىچە دېلو بېجىرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە بىر قانچە قېتىم مەركەزلىك زەربە بەردى. 1983 - يىل 8 - ئايدىن 1984 - يىل 8 - ئايغىچە شىنجاڭ بويىچە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىن جەمئىي 10 مىڭ 344ى سوت قىلىنىپ، 14 مىڭ 605 جىنايەتچىگە جازا ھۆكۈم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق زەربە بېرىش ئوبيېكتى 7439 بولۇپ، 71.9%نى ئىگىلىدى. 6151 ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى (كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسى)، مۇددەتسىز قاماق جازاسى شۇنىڭدەك 5 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى؛ 6274 ئادەمگە 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى؛ 2180 ئادەمگە باشقىچە جازا بېرىلدى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى. لۈكچەكلىك گۇرۇھىدىكى ۋە ئورتاق لۈكچەكلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر ئىچىدىكى باش جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى، بۇلار ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەرنىڭ 17%نى ئىگىلىدى.

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋېتىپ قايتىدىن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەردىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىرى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەرنىڭ 14.5%نى ئىگىلىدى.

ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشىدە، جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى چوڭ ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنلىرىنى ئاچتى، 1983 - يىل 9 -، 10 - ئايلاردا شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى جەمئىي 134 قېتىم ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، 1505 دېلونى سوت قىلدى، 2325 جىنايەتچىگە ھۆكۈم ئېلان قىلدى، 860 مىڭدىن ئارتۇق ئامما ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى. مۇشۇ مەزگىلدە ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئىچىدە لۈكچەكلىك جىنايىتى 1 - ئورۇندا تۇرۇپ، 35.4%نى ئىگىلىدى، باسقۇنچىلىق جىنايىتى 2 - ئورۇندا تۇرۇپ، 25.2%نى ئىگىلىدى. 3 يىللىق «قاتتىق زەربە بېرىش» ئارقىلىق، جەمئىيەت ئامانلىقى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

80 - يىللاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىغا ئەگىشىپ، بەزى جىنايەتچىلەر «ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش» پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھەدەپ ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەت ئېلىپ باردى. 1982 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ئىقتىسادتا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى. 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدا قارار» ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۈرۈمچى، كۈيتۇڭ، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردە بۆلەكلەر بويىچە جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭ بويىچە ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش يولىدىكى سوت خىزمىتىنى قانداق قىلىپ قانات يايدۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى. 1982 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن بىرلىشىپ ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، قەتئىي ھالدا قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، دېلو بېجىرىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا ئوخشاش مەسىلىلەر ھەققىدە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى يىغىنغا قاتناشقۇچى ۋەكىللەر بىلەن ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش ئەھۋالى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇردى ھەمدە ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە يەنىمۇ زەربە بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. 1985 - يىل 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئېغىر ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى؛ 1985 - يىلدىن بۇيان جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش ئەھۋالى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى؛ ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىنى سوت قىلىشتا سىياسەت ۋە قانۇننى تەدبىقلاش جەھەتتىكى مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى؛ ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى يەنىمۇ چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1985 - يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، بەزى ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى 1985 - يىل 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ھۆكۈم قىلغان ھەمدە ھۆكۈمى كۈچكە ئىگە بولغان ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ باھالىدى. خاراكتېرىنى بېكىتىش، جازا ئۆلچەش مۇۋاپىق

بولماسلىقتەك مەسىلىلەرنى بايقاپ، سەۋەبلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە بەزى دېلولارنى سوت نازارەتچىلىكى تەرتىپى ئارقىلىق تۈزەتتى. 1982 - يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون بويىچە ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرى يۇقىرى ئۆرلىدى، 1982 - يىلى 327، 1983 - يىلى 936، 1984 - يىلى 743، 1985 - يىلى 992 بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 10 مىڭ يۈەنلىكتىن يۇقىرى چوڭ ۋە مۇھىم دېلولار كۆپەيدى، «قويمىچىلىق شىركىتى» شەكلىدە پۇرسەت كۈتۈپ ئالدامچىلىق قىلىدىغان، كېنىشكىسىز تىجارەت قىلىدىغان ۋە ئىقتىسادىي توختامدىن ئىبارەت قانۇنلۇق شەكىل ئارقىلىق جىنايەت سادىر قىلىدىغان ئەھۋال بىر قەدەر گەۋدىلىك بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدىكى فاڭجېننى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، چوڭ - چوڭ ۋە مۇھىم دېلولارنى قاراپ چىقىشنى چىڭ تۇتۇپ، ھارام پۇل، ھارام ماللارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بەردى.

## §1 . جىنايەت نامى ۋە جىنايى جازا

### 1. جىنايەت نامى

1979 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» دا 140 خىل جىنايەت نامى كۆرسىتىلدى، ئۇ 8 تۈرلۈك جىنايەتكە ئايرىلدى («ھەربىي نىزام» دا كۆرسىتىلگەن 26 خىل جىنايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). كونكرېت جىنايەتناملىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت

(1) ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى؛ (2) ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش قەستىدە بولۇش جىنايىتى؛ (3) دۆلەتنى پارچىلاش قەستىدە بولۇش جىنايىتى؛ (4) ئاسىيلىق قىلىشقا قۇترىتىش جىنايىتى؛ (5) توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى؛ (6) دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى؛ (7) قولىغا قورال ئېلىپ، ئادەم توپلاپ توپىلاڭ كۆتۈرۈش جىنايىتى؛ (8) ئادەم توپلاپ تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەرنى ئېلىپ قېچىش جىنايىتى؛ (9) تۈرمىدىن قېچىشنى ئۇيۇشتۇرۇش جىنايىتى؛ (10) جاسۇسلۇق جىنايىتى؛ (11) ئىشپىيونلۇق جىنايىتى؛ (12) دۈشمەنگە ماددىي ياردەم بېرىش جىنايىتى؛ (13) ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھ ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش جىنايىتى؛ (14) ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھقا ئاكتىپ قاتنىشىش جىنايىتى؛ (15) فېئودال خۇراپىيلىقتىن پايدىلىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش جىنايىتى؛ (16) خۇيداۋمېن تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش جىنايىتى؛ (17) ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق جىنايىتى؛ (18) ئەكسىلئىنقىلابىي قاتىللىق جىنايىتى؛ (19) ئەكسىلئىنقىلابىي زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى؛ (20) ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات - تەرغىبات جىنايىتى.

2) جامائەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى

(1) ئوت قويۇش جىنايىتى؛ (2) ئوت كەتكۈزۈۋېتىش جىنايىتى؛ (3) پارتلىتىش جىنايىتى؛ (4) سەۋەنلىكتىن پارتلىتىۋېتىش جىنايىتى؛ (5) زەھەرلەش جىنايىتى؛ (6) سەۋەن-

لىكتىن زەھەرلەش جىنايىتى؛ (7) يار قويۇۋېتىش جىنايىتى؛ (8) سەۋەنلىكتىن يار
قويۇۋېتىش جىنايىتى؛ (9) باشقا خەتەرلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق جامائەت خەۋپسىزلىكىگە بۇزغۇن-
چىلىق قىلىش جىنايىتى؛ (10) قاتناش ۋاستىلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى؛ (11)
سەۋەنلىكتىن قاتناش ۋاستىلىرىنى بۇزۇپ قويۇش جىنايىتى؛ (12) قاتناش مۇئەسسەسىلىرىگە
بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى؛ (13) سەۋەنلىكتىن قاتناش مۇئەسسەسىلىرىنى بۇزۇپ قويۇش
جىنايىتى؛ (14) ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى؛ (15)
سەۋەنلىكتىن ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرىنى بۇزۇپ قويۇش جىنايىتى؛ (16) كۆمۈر گازى
ئۈسكۈنىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى؛ (17) سەۋەنلىكتىن كۆمۈر گازى ئۈسكۈنىلىرى-
نى بۇزۇپ قويۇش جىنايىتى؛ (18) ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان ئۈسكۈنىلەرگە
بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى؛ (19) ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان ئۈسكۈنىلەرنى
سەۋەنلىكتىن بۇزۇپ قويۇش جىنايىتى؛ (20) ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش
جىنايىتى؛ (21) ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى سەۋەنلىكتىن بۇزۇپ قويۇش جىنايىتى؛ (22)
قورال - ياراق، ئوق - دورا، پارتلاتقۇچ بۇيۇملىرىنى قانۇنسىز ياساش جىنايىتى؛ (23) قورال-
ياراق، ئوق - دورا، پارتلاتقۇچ بۇيۇملىرىنى قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش جىنايىتى؛ (24) قورال-
ياراق، ئوق - دورا، پارتلاتقۇچ بۇيۇملىرىنى قانۇنسىز توشۇش جىنايىتى؛ (25) قورال - ياراق،
ئوق - دورا، پارتلاتقۇچ بۇيۇملىرىنى ئوغرىلاش جىنايىتى؛ (26) قورال - ياراق، ئوق - دورا،
پارتلاتقۇچ بۇيۇملىرىنى بۇلاش جىنايىتى؛ (27) قاتناش ھادىسىسى جىنايىتى؛ (28) زور
جاۋابكارلىق ھادىسىسى جىنايىتى؛ (29) خەتەرلىك بۇيۇملارنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپ-
لىق قىلىش ھادىسىسى جىنايىتى.

3) سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرتىپكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش
جىنايىتى

(1) ئەتكەسچىلىك جىنايىتى؛ (2) ھايانكەشلىك جىنايىتى؛ (3) پىلانلىق تەمىنلىنىدىغان
تالون - ئىسپاتلارنى ياساش جىنايىتى؛ (4) پىلانلىق تەمىنلىنىدىغان تالون - ئىسپاتلار ھايانكەش-
لىكى جىنايىتى؛ (5) باج ئوغرىلاش جىنايىتى؛ (6) باج تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلىش جىنايە-
تى؛ (7) يالغان دۆلەت پۇلى ياساش جىنايىتى؛ (8) يالغان دۆلەت پۇلى توشۇش جىنايىتى؛
(9) باھالىق يالغان ئاكسىيە ياساش جىنايىتى؛ (10) باھالىق يالغان تالون - ئىسپات ياساش
جىنايىتى؛ (11) كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى؛ (12) دۆلەت-
نىڭ ئالاھىدە بەلگىلەپ قويغان پۇل ۋە ماددىي ئەشيالىرىنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىش
جىنايىتى؛ (13) يالغان تاۋار ماركىسى ياساش جىنايىتى؛ (14) يالغان پاتېنت پەيدا قىلىش
جىنايىتى؛ (15) دەل - دەرەخنى ئوغرىلىقچە كېسىش جىنايىتى؛ (16) دەل - دەرەخنى كەلسە-
كەلمەس كېسىش جىنايىتى؛ (17) سۇ مەھسۇلاتىنى قانۇنسىز تۇتۇش جىنايىتى؛ (18) قانۇنسىز
ئوۋچىلىق جىنايىتى.

4) پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز
قىلىش جىنايىتى

(1) قەستەن قاتىللىق جىنايىتى؛ (2) سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇش جىنايىتى؛
(3) قەستەن زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى؛ (4) سەۋەنلىك بىلەن ئادەمنى ئېغىر زەخىملەندۈرۈپ
قويۇش جىنايىتى؛ (5) قىيناپ سوراق قىلىپ، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش جىنايىتى؛ (6)
قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش جىنايىتى؛ (7) ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى؛ (8)

نارەسىدە قىزنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تېگىش جىنايىتى؛ (9) ئاياللارنى ئىپپەت - نومۇسىنى سېتىشقا مەجبۇرلاش جىنايىتى؛ (10) ئادەمنى ئالداپ سېتىش جىنايىتى؛ (11) سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى؛ (12) قانۇنسىز سولاش جىنايىتى؛ (13) قانۇنسىز رېجىمغا ئېلىش جىنايىتى؛ (14) قانۇنسىز ئاختۇرۇش جىنايىتى؛ (15) باشقىلارنىڭ تۇرالغۇسىغا قانۇنسىز بېسىپ كىرىش جىنايىتى؛ (16) ھاقارەتلەش جىنايىتى؛ (17) تۆھمەت قىلىش جىنايىتى؛ (18) ئۆچ ئېلىپ زىيانكەشلىك قىلىش جىنايىتى؛ (19) دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن قانۇنسىز مەھرۇم قىلىش جىنايىتى؛ (20) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى؛ (21) يالغان گۇۋاھلىق بېرىش جىنايىتى؛ (22) خەت - ئالاقە ئەركىنلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى.

5) مال - مۈلۈككە دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى

(1) بۇلاڭچىلىق جىنايىتى؛ (2) ئوغرىلىق جىنايىتى؛ (3) ئالدامچىلىق جىنايىتى؛ (4) تارتىۋېلىش جىنايىتى؛ (5) ئادەتلەنگەن ئوغرىلىق جىنايىتى؛ (6) ئادەتلەنگەن ئالدامچىلىق جىنايىتى؛ (7) قاقتى - سوقتى قىلىش جىنايىتى؛ (8) خىيانەتچىلىك جىنايىتى؛ (9) پۇل - مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتى.

6) جەمئىيەتنى باشقۇرۇش تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى

(1) ھۆكۈمەت ئىشىغا دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى؛ (2) خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم - كېسىمىنى قارشىلىق كۆرسىتىپ ئىجرا قىلماسلىق جىنايىتى؛ (3) جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى؛ (4) جامائەت سورۇنى تەرتىپى، قاتناش تەرتىپىنى توپلىشىپ قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى؛ (5) لۈكچەكلىك جىنايىتى؛ (6) قېچىپ كېتىش جىنايىتى؛ (7) يوشۇرۇش جىنايىتى؛ (8) قانات ئاستىغا ئېلىش جىنايىتى؛ (9) قورال - ياراق، ئوق-دورىنى يوشۇرۇپ ساقلاش جىنايىتى؛ (10) يالغان دورا ياساش، سېتىش جىنايىتى؛ (11) فېئوداللىق خوراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ ئېغۋا تارقىتىپ ئالدامچىلىق قىلىش جىنايىتى؛ (12) دۆلەت خىزمەتچىلىرى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ كۆز بويامچىلىق قىلىش جىنايىتى؛ (13) ھۆججەت، ئالاقە، گۇۋاھنامە، تامغا ياساش، ئۆزگەرتىپ ياساش، ئوغرىلاش، تارتىۋېلىش، يوقىتىۋېتىش جىنايىتى؛ (14) قىمارۋازلىق جىنايىتى؛ (15) ئاياللارنى ئىپپەت - نومۇسىنى سېتىشقا ئازدۇرۇش، سولاپ بېرىش جىنايىتى؛ (16) شەھۋانىي كىتاب - رەسىملەرنى ئىشلەش - ئېلىپ سېتىش جىنايىتى؛ (17) زەھەر ياساش، ئېلىپ سېتىش، توشۇش جىنايىتى؛ (18) يوشۇرۇش جىنايىتى؛ (19) ھارام مال سېتىش جىنايىتى؛ (20) قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئوغرىلاپ ئېكسپورت قىلىش جىنايىتى؛ (21) قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى، مەشھۇر ئاسارە ئەتىقىلەرنى ۋەيران قىلىش جىنايىتى؛ (22) دۆلەتنىڭ چېگرا تاختىسى، چېگرا قوزۇقىنى بۇزۇۋېتىش جىنايىتى؛ (23) مەڭگۈلۈك ئۆلچەش بەلگىلىرىنى بۇزۇۋېتىش جىنايىتى؛ (24) باشقىلارنى دۆلەت تەۋەسى (چېگرىسى) دىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈش جىنايىتى؛ (25) باشقىلارنى دۆلەت تەۋەسى (چېگرىسى) دىن ئوغرىلىقچە چىقىدىغانلارنى توشۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش جىنايىتى؛ (26) دۆلەت تەۋەسىنىڭ تازىلىق - كارانتىن بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىش جىنايىتى؛ (27) جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىش جىنايىتى.

7) نىكاھ، ئائىلىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى

(1) نىكاھ ئەركىنلىكىگە زورلۇق بىلەن ئارىلىشىش جىنايىتى؛ (2) قوش نىكاھلىنىش جىنايىتى؛ (3) ھەربىيلەرنىڭ نىكاھىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى؛ (4) خورلاش جىنايە-

تى؛ (5) تاشلىۋېتىش جىنايىتى؛ (6) بالىلارنى ئالداپ سېتىش جىنايىتى.

## 8) مەسئۇلىيەتسىزلىك جىنايىتى

(1) پارا ئېلىش جىنايىتى؛ (2) پارا بېرىش جىنايىتى؛ (3) پارا بەرگۈچىنى تونۇشتۇرۇش جىنايىتى؛ (4) دۆلەتنىڭ مۇھىم مەخپىيىتىنى ئاشكارلاش جىنايىتى؛ (5) خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش جىنايىتى؛ (6) نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ قانۇنىنى بۇزۇش جىنايىتى؛ (7) تۈرمىگە قامالغانلارغا تەن جازاسى بېرىپ خورلاش جىنايىتى؛ (8) قاماقتىكىلەرنى ئاستىرتتىن قويۇپ بېرىش جىنايىتى؛ (9) پوچتا - تېلېگراف ئالاقىسىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى.

## 2. جىنايى جازا

«جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 27 -، 28 -، 29 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، جىنايى جازا ئاساسىي جازا ۋە قوشۇمچە جازاغا ئايرىلىدۇ. ئاساسىي جازا: ئۆلۈم جازاسى (ئۆلۈم جازاسىنى ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشنى ئىچىگە ئالىدۇ)، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش، رېجىم. قوشۇمچە جازا: جەرىمانە، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، مال - مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش. قوشۇمچە جازانى ئايرىم بېرىشكىمۇ بولىدۇ.

# § 2 . ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولارنى سوت قىلىش

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جاھانگىرلار ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىلەر ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، ھەر خىل شەكىل ئارقىلىق بۇزغۇنچىلىق ۋە پاراكەندىلىك قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. خەلق دېموكراتىيە - دىكتاتۇرىسىنىڭ قورالى بولغان خەلق سوت مەھكىمىسى ئەزەلدىن كەڭ خەلق مەنپەئىتىنى قوغداش، ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتچىلەرنى جازالاشنى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ۋەزىپە قىلىپ، بارلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا پۇختا، دەل ۋە قاتتىق زەربە بېرىپ كەلدى. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى 1951 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامى» دا خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ۋە خەلقنىڭ دېموكراتىيە ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەقسىتىدىكى قىلمىشلاردا بولغانلار ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتچى بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى. 1979 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 90 - ماددىسىدا: «پرولېتارىيات دىكتاتۇرلىقىدىكى ھاكىمىيەتنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە زىيان يەتكۈزگەن قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت بولىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. چەت ئەل بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا، زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ۋە خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغان، دۆلەتنى پارچىلىماقچى بولغان؛ دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى، قوراللىق قىسىم، خەلق ساقچىلىرى، خەلق ئەسكەرلىرىنى دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ ئاسىيلىق قىلىشقا ياكى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتكەن، ئۆز ئالدىغا تارتقان؛ قوراللىق توپىلىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن؛ توپلىشىپ تۈرمە بۇلىغان ياكى تۈرمىدىن قېچىشنى تەشكىللىگەن؛ ئاسىي-

لىق، ئىشپىيونلۇق قىلغان، دۈشمەنگە ماددىي ياردەم بەرگەن؛ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان؛ فېئوداللىق خۇراپاتلىقتىن، خۇيداۋمېن تەشكىلاتىدىن پايدىلىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغان؛ ئىنقىلابقا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلغان، زەھەر تاشلىغان، ئادەم ئۆلتۈرگەن، زەخىملەندۈرگەن ۋە تەشۋىقات - تەرغىبات ئېلىپ بارغان، قۇتراتقۇلۇق قىلغان ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولارنى خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە سوت قىلىپ قاتتىق جازالىدى.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە دەسلەپكى سوتتا قاراپ چىققان تۈرلۈك ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولاردىكى جاۋابكارلاردىن 5 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن تارتىپ مۇددەتسىز قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەر ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان جاۋابكارلار ئومۇمىي سانىنىڭ 42.76% نى ئىگىلىدى؛ 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەنلەر ۋە باشقا جىنايى ئىشلار بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغانلار 45.8% نى ئىگىلىدى؛ جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنغانلار 9.86% نى ئىگىلىدى؛ گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەنلەر 1.53% نى ئىگىلىدى. 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولارنىڭ كۆپىيىش - ئازىيىش ئەھۋالى 3 — 2 سخېمىدا كۆرسىتىلدى.

## 1. باندىتلىق، ئىشپىيونلۇق دېلولىرى


### 1) ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى

دۆلىتىمىز يېڭى قۇرۇلغان مەزگىلدە، جەمئىيەت تەرتىپى دېگەندەك مۇقىم بولمىدى، ئۆلسىمۇ نىيىتىدىن يانماي خەلق بىلەن قەتئىي دۈشمەنلەشكەن بەزى باندىت، ئىشپىيون، زومىگەرلەر، ئەكسىيەتچىل پارتىيە - گۇرۇھ تايانچىلىرى، ئەكسىيەتچىل خۇيداۋمېننىڭ كاتتىۋاشلىرىغا ئوخشاش ئەكسىلئىنقىلابچىلار ھەدەپ ئېغۋا تارقىتىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات ۋارەقلىرىنى تارقىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، خەلق ھۆكۈمىتىگە تىل تەككۈزۈپ ئۇنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇندى، لۈكچەك چاپارمەنلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆكتەملىك قىلىپ، قاقتى - سوقتى قىلىپ، خەلق ئاممىسىغا زوراۋانلىق ئىشلەتتى ۋە ئۇلارنى ھوقۇق ۋە كۈچىگە تايىنىپ بوزەك قىلدى، ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئىنتايىن غالجىرلىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا بەزى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئۇلارغا زەربە بېرىشى كۈچلۈك بولمىدى، چەكسىز كەڭچىلىك قىلىندىغان ھالەت پەيدا بولدى، بۇ ئەھۋال ئاممىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى، ئامما ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى قاتتىق باستۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت بويىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

1950 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ ج ك پ 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا «خەلققە زىيان يەتكۈزگەن بارلىق باندىت، ئىشپىيون، زومىگەر ۋە باشقا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى قەتئىي تازىلاش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن بىرلىكتە ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش ھەققىدە يوليورۇق تارقاتتى. 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ج ك پ مەركىزى كومىتېتى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەققىدە يوليورۇق تارقىتىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاش ۋەزى-

**1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان ئەكسىلئىنقىلابىي دېلو سانىنىڭ ئۆرلەش - پەسىيىش سىخېمىسى**

سىخېما: 3 — 2



پىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشنىڭ فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى بەلگىلىدى. 1951 ـ يىل 2 ـ ئايدا مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامى»نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

شىنجاڭ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، بارلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغان، خەلق دېموكراتىيە ئىشلىرىغا قارشى تۇرغان گومىنداڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى ۋە باشقا يامان يولدىن قايتمىغان بارلىق ئەكسىلئىنقىلابىي باش جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالىدى.

بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە 5 جەھەتتىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا مەركەزلىك زەربە بېرىلدى، ئۇلار: (1) باندىتلار؛ (2) زومىگەرلەر؛ (3) ئىشپىيون، جاسوسلار؛ (4) ئەكسىيەتچىل پارتىيە، ئىتتىپاق تايانچىلىرى؛ (5) ئەكسىيەتچىل خۇيداۋمېن كاتىۋاشلىرى. بۇ 5 جەھەتتىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار ۋەيران قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈنلەي يوقىتىلمىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى ئەكسىلئىنقىلابىي قالدۇق كۈچلەرنىڭ ئاساسىي كۈچى ئىدى.

ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىپ، باستۇرۇش بىلەن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى يەنى «باش جىنايەتچىلەرنى جەزمەن جازالاش، ئەگەشكۈچىلەرنى سۈرۈشتە قىلماسلىق، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش» سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلدى. سىياسەت چېكىنى ئىگىلەشتە، قەبىھ باش جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاپ، پۇقرالارنىڭ غەزىپىنى پەسەيتىشكە ئەھمىيەت بەردى. خەلق ئاممىسى ئۆلتۈرۈش، قولغا ئېلىش، رېجىمغا ئېلىش كېرەك دەپ قارىغانلار ئۆلتۈرۈلدى، قولغا ئېلىندى، رېجىمغا ئېلىندى؛ بۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلار ئۆلتۈرۈلمىدى، قولغا ئېلىنمىدى، رېجىمغا ئېلىنمىدى. قان قەرزى كۆپ، ئۆلتۈرۈلمىسە ئاممىنىڭ غەزىپىنى پەسەيتكىلى بولمايدىغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قەتئىي ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. باشقىلىرى جىنايىتىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى، ئاممىنىڭ غەزىپىنىڭ كۈچلۈك ـ كۈچلۈك ئەمەسلىكى، ئىقرار قىلىش، خىزمەت كۆرسىتىش قاتارلىق تەرەپلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا ئاساسەن، ئوخشىمىغان دەرىجىدە بىر تەرەپ قىلىندى. جىنايەتچى ئېتىلىشتىن بۇرۇن ئوچۇق سوت قىلىنىپ، دۈشمەن ئەھۋالى ئېغىر بولغان رايون ياكى جىنايەت ئەڭ كۆپ سادىر بولىدىغان، ئاممىنىڭ غەزىپى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان رايونلارغا ئېلىپ بېرىپ ئىجرا قىلىندى. خەلق ئاممىسى ئىشپىيون، زومىگەر، باندىتلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىپ، دۈشمەننى چۈچىتىش، ئاممىنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش ئۈنۈمى ھاسىل قىلىندى.

1951 ـ، 1952 ـ يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە، تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىنجاڭ بويىچە 3760 ئەكسىلئىنقىلابىي دېلو سوت قىلىنىپ، 4416 جاۋابكار بىر تەرەپ قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە جاسوسلۇق، ئىشپىيونلۇق دېلوسىدىن 967سى سوت قىلىنىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان، 1058 جاۋابكار بىر تەرەپ قىلىنغان (865 جاۋابكارغا قانۇن بويىچە قاماق جازاسىدىن تارتىپ ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا بېرىلگەن، باشقا 24 جاۋابكار جىنايى ئىشلار بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان، 156 جاۋابكار گۇناھلىق بولۇپ تەربىيىلەپ قويۇپ بېرىلگەن، 13 ئادەم گۇناھسىز دەپ جاكارلانغان)؛ سىياسىي باندىت

دېلوسىغا كىرىدىغان 444 دېلو سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلۇپ، 700 جاۋابكار بىر تەرەپ قىلىنغان (قانۇن بويىچە قاماق جازاسىدىن تارتىپ ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا بېرىلگىنى 592، باشقا جىنايى ئىشلار بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغىنى 40، گۇناھلىق بولۇپ تەربىيە ئارقىلىق قويۇپ بېرىلگىنى 63، گۇناھسىز دەپ جاكارلانغىنى 5)؛ ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات دېلوسىغا كىرىدىغان 463 دېلو سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلۇپ، 769 جاۋابكار بىر تەرەپ قىلىنغان، (قانۇن بويىچە قاماق جازاسىدىن تارتىپ ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا بېرىلگىنى 562، باشقا جىنايى ئىشلار بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغىنى 49، گۇناھلىق بولۇپ تەربىيە بېرىپ قويۇپ بېرىلگىنى 154، گۇناھسىز دەپ جاكارلانغىنى 4)؛ زومىگەرلىك ۋە يەر ئىسلاھاتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش دېلوسىغا كىرىدىغان 915 دېلو سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلۇپ، 823① جاۋابكار بىر تەرەپ قىلىنغان (قانۇن بويىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن تارتىپ ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا بېرىلگىنى 697، باشقا جىنايى ئىشلار بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغىنى 58، گۇناھلىق بولۇپ تەربىيە بېرىپ قويۇپ بېرىلگىنى 50، گۇناھسىز دەپ جاكارلانغىنى 18)؛ ئەكسىلئىنقىلابىي قاتىللىق دېلوسىغا كىرىدىغان 78 دېلو سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلۇپ، 108 جاۋابكار بىر تەرەپ قىلىنغان (قانۇن بويىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن تارتىپ ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا بېرىلگىنى 105، باشقا جىنايى ئىشلار بويىچە چارە كۆرۈلگىنى بىر، گۇناھلىق بولۇپ تەربىيە بېرىپ قويۇپ بېرىلگىنى بىر، گۇناھسىز دەپ جاكارلانغىنى بىر)؛ باندىت، ئىشپىيونلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش ۋە ئۇلارنى يوشۇرۇش دېلوسىغا كىرىدىغان 32 دېلو سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلۇپ، 37 جاۋابكار بىر تەرەپ قىلىنغان (قانۇن بويىچە قاماق جازاسىدىن تارتىپ ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا بېرىلگىنى 34، جىنايى ئىشلار بويىچە باشقىچە چارە كۆرۈلگىنى بىر، جىنايىتى بار دەپ تەربىيە بېرىپ قويۇپ بېرىلگىنى 2). باشقا دېلولاردىن 861ى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلۇپ، 921 جاۋابكار بىر تەرەپ قىلىنغان (قانۇن بويىچە قاماق جازاسىدىن تارتىپ ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا بېرىلگىنى 676، جىنايى ئىشلار بويىچە باشقىچە چارە كۆرۈلگىنى 75، جىنايىتى باز دەپ تەربىيە بېرىپ قويۇپ بېرىلگىنى 142، گۇناھسىز دەپ جاكارلانغىنى 28).

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «قورال كۆتۈرۈپ، توپلىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن باندىتلار، جاسۇسلار، زومىگەرلەر شۇنداقلا ئەكسىلئىنقىلابىي مەقسەت بىلەن كادىرلارنى، خەلقنى ئۆلتۈرگەنلەر، خەلق ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇشنى تەشكىللىگەن، ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلغانلارنى ۋە باش تايانچ ئۇنسۇرلارنى قەتئىي باستۇرۇش، يوقىتىش، جىددىي ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك جازا ھۆكۈم قىلىش كېرەك» دېگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا 1950 - يىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى باندىت، خەلقنى قىرغان جاللات ساۋ باۋ شەن (خەنزۇ)؛ باندىت، چوڭ زومىگەر، قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ما جۇڭكۇي (خۇيزۇ)؛ ئىشپىيون، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى پولات مالىك (ئۇيغۇر)؛ جۇڭتۇڭ ئىشپىيونى گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ شۇجىسى، زومىگەر ما جيۇن (خۇيزۇ)؛ شېڭ شىسەينىڭ ياردەمچىسى، جۇڭتۇڭ ئىشپىيونى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يەنشۈەن (خەنزۇ)؛ شاۋ شياۋ دەرىجىلىك ژاندارما ئىشپىيونى، جۇڭشياۋ دەرىجىلىك يىڭجاڭ زۇڭ شياۋ (خەنزۇ)؛ ئىشپىيون، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ شىجۇن (خەنزۇ)؛ جۇڭتۇڭ ئىشپىيونى، باندىتلار باشلىقى، قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، جاسۇسلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى جۇ چيەن (خەنزۇ)؛ قورچاق

① ئەينى چاغدا بەزى سوت مەھكىمىلىرى جاۋابكارلارنىڭ سانىنى كەم تولدۇرۇپ قويغاچقا، جاۋابكارلارنىڭ سانى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو سانىدىن ئاز بولۇپ قالغان.

ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ شاۋ شياۋ دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى، باندىتلار تۈەننىڭ باشلىقى زاكىر (قازاق)؛ پارتىيە خائىنى، تروتسكىچى، جۇنتۇڭ ئىشپىيونى ۋاڭ يۈشىڭ (خەنزۇ)؛ ئىشپىيون، ساقچىخانا باشلىقى، ئالاھىدە ژاندارما ئىشپىيونلۇق گورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى با شىيىڭ (موڭغۇل) قاتارلىق 22 ئەكسىلئىنقىلابچى باش ئۇنسۇرلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

1951 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 13 مىللەت ۋە جايلارنىڭ ۋەكىللىرى شۇنداقلا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسى بولۇپ 80 نەچچە مىڭ كىشى قاتناشقان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئوچۇق سوت قىلىش يىغىنى ئېچىلدى، ئۇنىڭغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بورھان شەھىدى باش سوتچى بولدى، پۈتۈن شىنجاڭدا بىگۇناھ ئاممىنى ۋە ئىنقىلابچىلارنى قىرغىن قىلغان باندىتلار باشلىقى ئوسمان، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى چېن تەنچيۇ، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرگەن ئاساسلىق قاتىل لى يىڭچى، فۇ باۋلىيەن، جاڭ گۇاڭچيەن قاتارلىقلارغا شۇنداقلا كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى ئۆلتۈرگەن باندىتلار باشلىقى، قىرى ئىشپىيون پېڭ جيا يۈ، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش، قېچىشنى پىلانلاپ، ئۈرۈمچىدە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان ئەكسىلئىنقىلابچى لىيۇ خەنمىن، كەسپىي ئىشپىيون، باندىتلار باشلىقى شى بىنجىڭ، ئازاتلىقتىن كېيىن داۋاملىق يوشۇرۇنۇپ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بارغان ئىشپىيون، باندىتلار باشلىقلىرىغا ۋە بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قىلىپ، ئوت قويۇپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان 26 جىنايەتچىگە تۈركۈمگە بۆلۈپ جازا ھۆكۈم قىلىندى، ئۇلاردىن 25گە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى، بىرىگە مۇددەتلىك 20 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن 8 يىل مەھرۇم قىلىندى. ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەر شادلىققا چۆمدى، بۇ ئىش پۈتۈن شىنجاڭدا غايەت زور تەسىر قوزغىدى.

1955 - يىلى ئەتىيازدا يېزا ئىگىلىكى، قول سانائەت ۋە كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھالقىلىق پەيتكە كىرگەندە، ئەكسىلئىنقىلابچىلار تېخىمۇ غالجىرلارچە قارشىلىق كۆرسەتتى. مەكىت ناھىيىسىدىكى ئەكسىيەتچى پومېشچىك ئابدۇراخمان دىنىي تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ، ئەكسىيەتچى مەيدانىدا چىڭ تۇ- رۇپ، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى تەشكىلاتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى؛ ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر كەكە پىچاق كۆتۈرۈپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىغا بېسىپ كىرىپ قاتىللىق قىلدى؛ ئۇنسۇ ناھىيىسىدىكى ئەكسىيەتچى پومېشچىك ئاۋۇت مەمەتنىياز دېھقانلاردىن ئۆچ ئېلىپ ئۆي، قوتان، چارۋا، يەم - خەشەكلەرنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى؛ گۇچۇڭ ناھىيىلىك شىپاخانىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر جۇاڭ شىمىن قىڭراق، پالتا كۆتۈرۈپ دوختۇرخانا قورۇسىغا بۆسۈپ كىرىپ، دوختۇرخانا خادىملىرى ۋە كېسەلدىن 14نى قالايمىقان چېپىپ، 3نى ئۆلتۈردى، 11 كىشى زەخمىلەندۈردى؛ پەيزاۋات ناھىيىسى 5 - رايون 5 - يېزا دېھقانچىلىق كوپېراتىپى يازلىق دارامەت تەقسىماتى لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ھوسەن ئايىرىم كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ نارازى- لىق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي مەقسەتتە ئاممىنى «كوپېراتىپنى يوقىتىش» قا كۈشكۈرتۈپ، رايون، يېزا كادىرلىرى ۋە ئاكتىپلارنى ھاقارەتلىدى، ئۇردى ھەمدە 200دەك ئادەمنى توپلاپ بانكىدىكى قورال - ياراق، زايوم، نەق پۇل قاتارلىقلارنى بۇلاپ، بانكا ھېسابات

دەپتىرى ۋە چەك - ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى، يەنە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججەت، ئارخىپلىرىنى كۆيدۈرۈپ، جامائەت ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ پۇل - بىساتىنى بۇلاپ، 129 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق زىيان سالدى. ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە داۋاملىق زەربە بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى 1955 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ 9 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ۋە تۈرلۈك جىنايەتچىلەرگە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار»غا ۋە 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيىگە چىقارغان «پۈتۈن پارتىيە ھوشيارلىقىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلار ۋە تۈرلۈك جىنايەتچىلەرگە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىش شەرت» دېگەن يوليورۇققا ئاساسەن، سوت خىزمىتىنىڭ تىغ ئۇچىنى بارلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلار ۋە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاراتتى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى پارتىيىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشتا دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، زور بىر تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت دېلولىرىنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، قان قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن، قەبىھلىكتە ئۇچىغا چىققان، خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولغان ئەكسىلئىنقىلابچى باش ئۇنسۇرلارنى قاتتىق جازالاپ، سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇردى؛ ئاممىنى تەربىيىلەپ ۋە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىش ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈردى. بىر يىل ئىچىدە شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسى ئەكسىلئىنقىلابچى ۋە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ ماتېرىيالىدىن 21 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق پاش قىلىپ، ئۇزاقتىن بۇيان يوشۇرۇنۇپ تۇردىن چۈشۈپ قالغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئاشكارىلىدى، كۈچلۈك دىكتاتورىمىزنىڭ قۇدرىتى ۋە سىياسىتىمىزنىڭ تەسىرلەندۈرۈشى ئاستىدا سىنىپىي دۈشمەنلەردىن 1427سى ئۆزىنى مەلۇم قىلدى، بۇنىڭ بىلەن دۈشمەن ئىچكى جەھەتتىن يەنىمۇ پارچىلاپ تاشلاندى.

شۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى غەلىبىگە ئېرىشكەن پەيتتە، 1956-يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «1956 - يىلدىن 1967- يىلغىچە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پروگراممىسى (لايىھە)»نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ 5 - ماددىسىدا يېزىلاردىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە تۆۋەندىكىچە بەلگىلىمە چىقىرىلدى: (1) بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە تارىختا ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئۇنسۇرلاردىن خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولغانلارنى قولغا ئېلىپ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش؛ (2) ئادەتتىكىچە تارىخىي جىنايىتى بولسىمۇ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانمىغانلاردىن خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولمىغانلارنى يېزىلىق خەلق كومىتېتى كوپىراتىپنىڭ نازارەت قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە تاپشۇرۇش؛ (3) جىنايەت قىلمىشى يېنىك بولۇپ، جىنايىتىگە تولۇق ئىقرار قىلىپ ئۆزگەرگەن، جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئىپادىسى ياخشى بولغانلار شۇنداقلا جىنايىتى بولسىمۇ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنىڭ كوپىراتىپقا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىش ھەمدە ئۇلارنىڭ تولۇق قىلىپ ئۆزگىرىش دەرىجىسى ۋە تۆھپىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ، بەزىلىرىنى كوپىراتىپقا ئەزا قىلىش، ئەكسىلئىنقىلابچى قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ، دېھقان ھېسابلاش؛ بەزىلىرىنى كاندىدات كوپىراتىپ ئەزاسى ھېسابلاپ، ۋاقتىنچە دېھقان دېگەن نامنى بەرمەسلىك، لېكىن دېھقان دېگەن نامغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، كوپىراتىپقا

كىرگەن مۇئەييەن مەزگىل ئىچىدە كوپېراتىپنىڭ ھەر قانداق مۇھىم ۋەزىپىسىگە تەيىنلىمەسلىك. (4) كوپېراتىپنىڭ نازارەت قىلىپ ئەمگەككە سېلىشىغا تاپشۇرۇلغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارىتا، كوپېراتىپ-ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىش پرىنسىپىنى قوللىنىپ، ئۇلارغا تېگىشلىك ئەمگەك ھەققى بېرىش. (5) ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن جىنايەت قىلمىشىغا قاتناشمىغانلىرىنىڭ كوپېراتىپقا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىش ھەمدە ئۇلارغا ئادەتتىكى كوپېراتىپ ئەزالىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش كېرەك، ئۇلارنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ. شۇ يىلى قىشتا، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلدى.

دۆلەت قالدۇق ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا جىنايىتىگە توۋا قىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولۇش پۇرسىتى بېرىش، قالدۇق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يەنىمۇ يېتىم قالدۇرۇش ۋە تازىلاش، سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرگىلى بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن، 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «شەھەرلەردىكى قالدۇق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى.

1955 -، 1956 - يىللىرى شىنجاڭ بويىچە دەسلەپكى سوت قىلىنىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي دېلودىن 1032سى قوبۇل قىلىنىپ، 838ى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلدى، بۇنى 1950 — 1952 - يىلغىچە بولغان 1 - قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، دېلو قوبۇل قىلىش ۋە ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، دەرىجىسى بىر قەدەر زور بولدى، بولۇپمۇ باندىتلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى.

بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، تازىلاش ھەرىكىتى دۆلەت قانۇنچىلىق ئىشلىرىنى كۆچەيتكەن ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت خىزمىتىدە قانۇن - تۈزۈمگە قاتتىق ئەمەل قىلىندى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت ئورگانلىرى ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ ماسلىشىپ ئىش كۆردى، بىر - بىرىنى چەكلىدى، ج خ ئورگىنى تەييارلىق سوراق قىلىش، تەپتىش مەھكىمىسى ئەيىبلەش، سوت مەھكىمىسى ئوچۇق سوت قىلىش، زاسېداتېللار قاتنىشىش، ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇش، ئاقلاش، كېڭىشىش، نارازىلىق ئەرز بېرىش قاتارلىق سوت تۈزۈملىرى يولغا قويۇلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى، گۇچۇڭ ناھىيىسى، كۇچا ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرى ئوچۇق سوت قىلغان دېلو %89نى ئىگىلىدى. پۈتكۈل ھەرىكەت داۋامىدا باستۇرۇش بىلەن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش سىياسىتى ۋە كېيىنكىنى قاتتىق جازالاش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. كۆپ ساندىكى سوت مەھكىمىلىرى ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولارنى ۋاقتىدا، توغرا سوت قىلدى، ئاقسۇ، ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى 8 ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، تەۋەلىكىدىكى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ۋە يېتەكلەپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، تازىلاش ھەرىكىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ قانات يېيىشىغا تۈرتكە بولدى، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

1958 - يىلى پارتىيە خىزمىتىدە سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىش خاھىشى ساقلانغانلىقتىن، شىنجاڭدىكى بەزى سوت مەھكىمىلىرى ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولارنى سوت قىلىش جەھەتتە، خاتا ھالدا دوستنى دۈشمەن ھېسابلاشتەك كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنى سادىر قىلدى، ئالايلۇق، خاتا ھالدا «ئوڭچى» قىلىپ قويۇلغانلارنىڭ نارازىلىق سۆز - ھەرىكەتلىرى ئەكسىلئىنقىلابىي

بۇزغۇنچىلىق دەپ قارالدى؛ خەلق ئاممىسىنىڭ «مۇلۇكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شاملى»نى توسۇش يولىدىكى سۆز - ھەرىكەتلىرى سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ «ئۈچ قىزىل بايراققا ھۇجۇم قىلىشى» دەپ قارالدى؛ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن مال - چارۋىلارنى ئۆلتۈرۈش، ئاشلىق بۆلاش ھەرىكەتلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق ياكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىك دەپ قارالدى؛ خەلق ئاممىسى پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرىغا ئەھۋال ئىنكاس قىلىپ يازغان نامسىز تەنقىدىي خەتلەر ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ قارا چاپلاپ تۆھمەت قىلغانلىقى دەپ قارالدى؛ تەبىئىي ھادىسە ياكى مەسئۇلىيەت ھادىسىسى سىياسىي بۇزغۇنچىلىق دەپ قارالدى، ۋەھاكازا. جازا ئۆلچەمدە، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئېغىر جازا بېرىشنى تەكىتلەش، قارىغۇلارچە ئۇزۇن مۇددەتلىك جازا ھۆكۈم قىلىش خاھىشى كۆرۈلدى. بۇنداق ئېغىشلار كېيىن «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جەزمەن تازىلاش، خاتا بولۇپ قالغانلارنى جەزمەن تۈزىتىش» فاڭجېنىغا ئاساسەن قايتا تەكشۈرۈپ تۈزىتىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھلىرى دۆلەتنىڭ قانۇنچىلىقىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، ج خ، تەپتىش، سوت ئورگانلىرىنى پاچاقلاپ، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. جايلاردىكى ج خ ئورگانلىرىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتلىرى ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولار ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارغاندا، جىنايەتنى ھەدەپ سۈيىيېكتىپ خاھىشى بويىچە بېكىتىپ، نۇرغۇن ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى پەيدا قىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، خاتا ھۆكۈم قىلىنغان ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولار ئاقلاندى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ئارقىلىق، دۆلەتنىڭ قانۇنچىلىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولارنى سوت قىلىش خىزمىتىمۇ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى.

2) سىياسەت چەك - چېگرىسى

خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا دەل ۋە توغرا زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم شەرتلەرنى توغرا تونۇشتىن سىرت، تۆۋەندىكى چەك - چېگرىنى ئېنىق ئايرىشقا ئەھمىيەت بەردى:

(1) ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ جىنايىتى بىلەن قالاق كىچىك گۇرۇھ ياكى باشقا جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى گۇرۇھىنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش.

(2) ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات - تەرغىبات جىنايىتى بىلەن قالاق سۆز - چۆچەكلەر ياكى ئادەتتىكى ئەكسىيەتچىل سۆز - چۆچەكلەرنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش.

(3) ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق بىلەن مەسئۇلىيەت ھادىسىلىرى ياكى باشقا جىنايى ئىشلار بۇزغۇنچىلىقىنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش.

(4) ئاخبارات ئوغرىلاپ، تىڭتىڭلاپ، دۈشمەنگە يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن دۆلەت مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويۇشنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش.

(5) فېئودال خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىش ياكى خۇيداۋمىن تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش بىلەن ئادەتتىكى فېئو-

دال خوراپاتلىق ھەرىكەتلىرىنى ياكى فېئودال خوراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ باشقا جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش.

(6) دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن دۆلەت چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈش جىنايىتىنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش.

## 2. ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش، دۆلەتنى پارچىلاش جىنايىتى

شىنجاڭدا تارىخ، مىللەت، دىن، جۇغراپىيىلىك ئورۇن قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۆلگۈنچىلىك قىلىش بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئۈزۈلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئايرىم كاتىباشلىرى چارروسىيىنىڭ يول كۆرسىتىشى ئاستىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنغاندا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇن چىقىرىپ تىنچىتتى.

1865 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا قوقان خانلىقىنىڭ ياقۇپبەگ باندىتلىرى ئەنگلىيە، چارروسىيەنىڭ قوللىشى ئاستىدا شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىنى بېسىۋالدى. 1871 — 1881 - يىلغىچە چارروسىيە يەنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىلى رايونىنى بېسىۋېلىپ، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىۋالماقچى بولدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ماسلىشىپ، ياقۇپبەگ باندىتلىرىنى يوقاتتى ھەمدە دىپلوماتىيە كۈرىشى ئارقىلىق ئىلىنى قايتۇرۇۋالدى.

1933 - يىلى «پانتۈركىزم» شىنجاڭغا كىردى، ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، پانتۈركىست مۇھەممەت ئىمىن توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، قاراقاش، خوتەننى ئىگىلەپ، ئاتالمىش «ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇپ، ئۆزى خان بولىۋالدى، يەنە ئەسكەر چىقىرىپ يەكەن، يېڭىسار ۋە مارالبېشىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، جايلاردىكى پانتۈركىستلار بىرلىشىپ، قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇردى، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكىتى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، بىر نەچچە ئايغا بارماي بەربات بولدى.

1944 - يىل 11 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى، ئۇنىڭ ئاساسىي ئېقىمى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى قىسمەن ھۆكۈمرانلىقىنى قورallıق ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئىدى. دەسلەپكى مەزگىلدە، يەنە ئايرىم ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىنقىلابىي قوشۇنغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالدى ۋە «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىنقىلابنى ۋەتەننى پارچىلاش پاتقىقىغا سۆرەپ كىرمەكچى بولدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە ئىنقىلابچىلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇپ، بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئىنقىلابىي قوشۇندىن تازىلاپ چىقىرىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ساغلام يولنى بويلاپ تەرەققىي قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىق ئورۇشىغا ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، بەزىلەر شىنجاڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىپ قىلىپ، ئاتال-

مىش «ئۇيغۇرىستان»، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش خىيالىدا بولدى. 1954 — 1957 - يىلغىچە شىنجاڭدا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ۋە توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاش دېلولىرى كۆپ قېتىم يۈز بەردى، بۇلار خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلارغا چېتىلدى، جىنايەتچىلەر چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن پانتۈركىست مۇھەممەت ئىمىن بىلەن دوست تارتىشتى، ئۇلارنىڭ خورىكى ئىنتايىن ئۆسۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار دىننى قوغداشنى نىقاب قىلىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئىچكى - تاشقى جەھەتتە تىل بىرىكتۈرۈپ، مەخپىي ئالاقە باغلاپ، قارا نىيەتلەرنى توپلاپ، كادىرلارنى، جەڭچىلەرنى، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش قىسمى- دىكى خادىملارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ، ج خ ئىدارىسىنىڭ قورال - ياراغ، ئوق - دورىلىرىنى بۇلاپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش قەستىدە بولدى.

خوتەندىكى ئابدۇلھەمىت ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋەتەننى پارچىلاش ۋە ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى ھەمدە چەتئەلگە قېچىپ كەتكەن پانتۈركىستلاردىن يوشۇرۇ- نۇپ ھەرىكەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. 1950 - يىل 1 - ئايدا بۇ جىنايەتچى ئابدۇللا داموللا، باقى داموللا قاتارلىق 10 نەچچە ئەكسىلئىنقىلابچى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمىمىزنىڭ قورال - ياراقلىرىنى تارتىۋېلىشنى پىلانلاپ، مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى؛ كېيىن يەنە روزىمەت دامولla، نامان دامولla قاتارلىق ئەكسىلئىنقىلابچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يەنە بىر قېتىم خوتەندە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمنى ئاسىيلىق قىلىشقا كۈشكۈرتتى، ھەربىي قىسىم ۋە ج خ ئورگىنىنىڭ قورال - ياراقلىرىنى تارتىۋېلىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. 1954 - يىل 1 - ئايدا، جىنايەتچى ئابدۇلھەمىت باشقا بىر باندىتلار كاتتىبېشى پەتھىدىن قاتارلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قاراقاش، خوتەن، لوپ، گۇما، كېرىيە، نىيە قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنى توپلاپ، ماددىي ئەشيا، قورال - ياراق يىغدى، يەنە قەشقەر، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنى خوتەندە توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە ماسلىشىشقا دەۋەت قىلدى. 1954- يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جىنايەتچى ئابدۇلھەمىت خوتەندە مەخپىي يىغىن ئېچىپ، ئەكسىيەت- چىل تەشكىلات قۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزى رەئىس قوشۇمچە ھەربىي نازىر بولدى، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، خوتەن شۆبە ھەربىي رايونى، خوتەن ۋالىي مەھكىمىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىرىدا خوتەن ناھىيە بازىرىنى ئىگىلەشنى پىلانلىدى. 1954 - يىل 12 - ئاينىڭ 23- كۈنى جىنايەتچى ئابدۇلھەمىتنىڭ قوماندانلىقىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى، توپىلاڭچىلار ئاچۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىمىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، تۈرمىنى ئېچىۋېتىپ، جىنايەتچىلەرنى قاچۇرۇۋەتتى ۋە كادىر - ساقچىلىرىمىزدىن توختىتۇرسۇن ئابلا قاتارلىق 9 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، چوڭ - كىچىك 7 قورال، بىر ئاپتوموبىلنى بۇلاپ كەتتى. توپىلاڭچىلار دەرھال شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمىمىز تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، جىنايەتچى ئابدۇلھەمىت جىنايىتىدىن قورقۇپ 4 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت گەمىدە يوشۇرۇنۇپ ياتتى. ج خ تارماقلىرىمىز خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، 1959 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جىنايەتچى ئابدۇلھېمىتنى تۇتتى. 1962 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قەبىھ نىيىتىدىن يانماي كۆپ قېتىم ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ئۇيۇشتۇرغان، پىلانلىغان ۋە قوماندانلىق قىلغان باش جىنايەتچى ئابدۇلھەمىتقا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

# قوشۇمچە

## ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولاردىن مىساللار

### 1. ئوسمان ئىسلام ئەكسىلئىنقىلابىي دېلوسى

ئوسمان ئىسلام، ئەر، قازاق، 52 ياش. شىنجاڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن، 1946 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە ئالتاينىڭ ۋالىيسى بولغان، كېيىن يەنە ئامېرىكا، جياڭ جېشى ئەكسىيەتچى تەشكىلاتى — «كومپارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتى»نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

ئوسمان 1946 - يىلى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، ئامېرىكا، جياڭ جېيشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى راۋا كۆرۈپ، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئامېرىكا، جياڭ جېشىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئۈچ قېتىم ئالتايغا پاراكەندىلىك سالغان. شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى، ئىشپىيونلار كاتتىبېشى ماكنان قاتارلىقلارنىڭ بىۋاسىتە يوليورۇقى ئاستىدا، ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەرنى پائال كۆپەيتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئۇجۇقتۇرۇشقا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى. ئازادلىقتىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەل بولۇش دالالەتلىرىگە قۇلاق سالماي، ئامېرىكا ئىشپىيونلىرىنىڭ يوليورۇقىنى ئىجرا قىلىپ، ئەكسىيەتچى ھەربىي ئوفىتسېرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى ئاسىيلىق قىلىشقا كۈشكۈرتتى، ھەر مىللەت ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. باندىتلار باشلىقى ئوسمان كۆپ يىل ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرۈش داۋامىدا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۇ 230 نەچچە قېتىم بۇلاڭچىلىق قىلغان، ئارمىيىمىز بىلەن نەچچە يۈز قېتىم ئۇرۇش قىلغان، قازاق ئاممىسىدىن 319نى، خەلق ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى، خەلق ھۆكۈمىتى خادىملىرى ۋە بىگۇناھ ئاممىدىن 1175نى ئۆلتۈرگەن، خەلقنىڭ ئۆيىدىن 48نى، 10 ئاپتوموبىلنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، 88 مىڭ 885 تۇياق ئات - كالا، 352 مىڭ 461 تۇياق قوي، 530 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق، 3684 سەر ئالتۇن، 17 مىڭ 435 سەر كۈمۈش ۋە باشقا ھۆكۈمەت، خۇسۇسىيلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىغان. پەقەت ئالتاي رايونىدىلا بۇلىغان مال - مۈلۈكنىڭ قىممىتى 1947 - يىلىدىكى ئۈچ ۋىلايەت پۇلى ھېسابىدا 9 مىليارد 200 مىليون يۈەندىن ئاشقان، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى كۆيدۈرگەن، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرىدىن 11نى ئۆلتۈرگەن. ئوسمان ھەقىقەتەن جىنايىتى قەبىھلىكتە چېكىدىن ئاشقان ئەكسىلئىنقىلابچى باندىتلار باشلىقى. 1951 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامىنىڭ 3 -، 4 -، 5 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئامېرىكا، جياڭ جېشى ئىشپىيونلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ،

ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغان، قوراللىق توپىلاڭ ئۇيۇشتۇرغان ئوسمانغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

## 2. لى يىڭچى ئەكسىلئىنقىلابىي دېلوسى

لى يىڭچى، 51 ياش، خەنزۇ، غەربىي لياۋنىڭنىڭ كەييۈەن دېگەن يېرىدىن، شىڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسى كونۋيلار باشقارمىسىدا بۆلۈم باشلىقى، مالىيە نازارەتچىلىكى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سىياسىي تەلىم - تەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ج خ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مەخپىي سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ۋە سوت ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

لى يىڭچى — شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى قىرغان ئاساسلىق قاتىل، ئۇ شىڭ شىسەينىڭ فېئودال مۇستەبىتلىكىنى يولغا قويۇشى ئۈچۈن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى كۆپەيتىپ، باشقىچە پىكىردىكىلەرنى يوقاتقان، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى بىگۇناھ زاتلارنى كەڭ كۆلەمدە قولغا ئالغان ۋە قىرغىن قىلغان.

لى يىڭچى 1939 - يىلى جاڭ گۇاڭچيەن، ۋۇشاۋبىن قاتارلىق باندىتلار بىلەن بىرلىكتە سۇيىقەست پىلانلاپ، «ئالتايدىكى توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاش دېلوسى»، «قەشقەردىكى زىيانكەشلىك قىلىش دېلوسى»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاش دېلوسى»، «پارتىزانلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاش دېلوسى»، «شىڭ شىچەينى قەستلەش دېلوسى» قاتارلىق ۋەقەلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى تۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان.

ئۇ 1937 — 1943 - يىلغىچە كومپارتىيە ئەزالىرى، ئىلغار زاتلار ۋە بىگۇناھ ئاممىدىن 120 نەچچە مىڭ كىشىنى قولغا ئېلىپ، شىنجاڭ بويىچە 60 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قىرغان. 1942 - يىل ئەتىيازدا، ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق 100 نەچچە ئادىمىنى قولغا ئالغان، بۇنىڭغا 300دىن ئارتۇق بىگۇناھ ئامما ۋە دېموكراتىك زاتلارنى چېتىۋالغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن زاتلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئالغان. قاماقتىكىلەرنى ئاغزىغا گەپ سېلىپ بېرىش، كۆرسىتىپ بېرىش، قىيناپ سوراق قىلىپ قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش، يالغان يۈزلەشتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى مەخپىي بوغۇپ ئۆلتۈرۈش، زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش، تىرىك كۆمۈش، تېرىسىنى سويۇش، كۆيدۈرۈش، قىلىچ بىلەن چېپىش، مىلتىق بىلەن ئېتىشقا ئوخشاش قەبىھ ۋاستىلەر بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئەكسىلئىنقىلابىي چوڭ قىرغىنچىلىققا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1939 - يىل لى يىڭچى يەنە شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى جاسۇسلۇق تورى ئورۇنلاشتۇرغان.

جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان، قاتمۇقات قان قەرزگە بوغۇلغان لى يىڭچى — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. 1951 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامى»نىڭ 7 - ماددا 3 - تارمىقى ۋە 9 - ماددا 4 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ھەمدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، لى يىڭچىغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

## 3. پەتىھدىن ھۆرمەت ئەكسىلئىنقىلابىي دېلوسى

پەتىھدىن ھۆرمەت، ئەر، 34 ياش، ئۆزبېك، خوتەن ناھىيىسىدىن، پەتىھدىن 1954 - يىل
5 - ئايدا باندىت مەمەت قارىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق باندىتلار باشلىقى ئابدۇلھېمىت بىلەن
تونۇشقان. بۇ ئىككى جىنايەتچى خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەقسىتىدە
قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاپ، مەمەت ئىبراھىم قاتارلىق 7 ئادەمنى يادرۇلۇق كۈچ
قىلىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى تەشكىللەپ، نەق پۇل، ئاشلىق، قوي - كالا قاتارلىقلارنى توپلىغان
ھەمدە بىر يەرگە ئۆگكۈر كولاپ، توپىلاڭ مەغلۇپ بولۇپ قالسا باندىتلار باشلىقىنى يوشۇرۇپ
قويماقچى بولغان. دۆلەت ئىچىدە قولغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باندىت توختاخۇن
ئابدۇلھېمىت، پەتىھدىن قاتارلىق باندىتلارنى باشلاپ چەت ئەلگە قاچماقچى بولغان ھەمدە ئەمگەك
بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچى ئابدۇل داموللا بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ تۈرمىدىن
قېچىپ چىقىپ توپىلاڭغا قاتنىشىشىنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش
ئۈچۈن، ئاتالمىش «كۆكۈل ئىزھارى» ژۇرنىلىنى تەھرىرلەپ، كومپارتىيىگە ۋە خەلق ھۆكۈمە-
تىگە كۆچىنىڭ بارىچە ھاقارەت كەلتۈرگەن. 1954 - يىل 12 - ئايدا باندىتلار باشلىقى ئابدۇلھې-
مىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە پەتىھدىننىڭ ئاكتىپ پىلانلىشى بىلەن ئاتالمىش «ئىتتىپاقداشلار يىغى-
نى» ئېچىلىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانى ماقۇللانغان، ئەكسىيەتچى تەشكىلات قۇرۇلۇپ، ئەك-
سىيەتچى تايانچلار بېكىتىپ چىقىلغان. پەتىھدىن باندىتلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئىتتىپاقداش-
لار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە ئەكسىيەتچى تەشكىلات ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى
بولغان. يىغىندىن كېيىن، جىنايەتچى پەتىھدىن ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئەكسىيەتچى تەشكىلات-
نىڭ ئېلانى، لوزۇنكىسى، شۇئارى، بايرىقىنى تەييارلىغان، توپىلاڭچى مەمەت قۇربان تەلپەك،
ئىمىنبەگ قاتارلىقلارنى پىچاق، توقماق، كەكە، پالتا، يۇڭ ئارغامچا قاتارلىق قاتىللىق قورالل-
رىنى تەييارلاشقا بۇيرۇغان. توپىلاڭچى مەمەتتۇرسۇن غازىبەگنى خوتەندە تۇرۇشلۇق ھەربىي
قىسىممىزنىڭ ھەربىي ئىشلار ئاخباراتىنى ئىگىلەش، ئورگان باشلىقلىرىنىڭ ئىسىم - فامىلى-
سىنى ئېنىقلاشقا مەسئۇل قىلغان. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى يېرىمغا تارتقان 300دىن
ئارتۇق توپىلاڭچىنى جىنايەتچى نىياز بەگ بىلەن ياسىننىڭ ئۆيىگە توپلىغان، جىنايەتچى پەتىھدىن
توپىلاڭچى ئايمەمەت بىلەن مەمەتتۇرسۇن غازىبەگنى خومدان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى-
نىڭ يەر شەكلىنى، ئەھۋالىنى ۋە بىز تەرەپنىڭ كۈچىنى كۆزىتىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. پەتىھدىن
بىلەن باندىت ئابدۇلھېمىت 300 نەچچە توپىلاڭچىغا بۆلۈنۈپ قوماندانلىق قىلىپ، قوللىرىغا
پىچاق، توقماق، پالتا قاتارلىق قاتىللىق قوراللىرىنى ئېلىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن. جىنايەتچى
پەتىھدىن ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ، 12 ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرنى تاللاپ گۇرۇپپا باشلىقى
قىلىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىنىڭ خومدان شۆبە ئەترىتىدىكىلەردىن 9 كىشىنى
ئۆلتۈرگەن، بىر كىشىنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرگەن، 8 تال مىلتىق ۋە كىيىم - كېچەك، ئوق
قاتارلىق نەرسىلەرنى بۇلىغان، قوشۇنىمىز قورشىۋالغاندا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىنىڭ
بىر ئاپتوموبىلىنى بۇلاپ، باندىتلار باشلىقى ئابدۇلھېمىت قاتارلىقلار بىلەن ئاپتوموبىلغا ئولتۇ-
رۇپ قېچىپ، مەمەت قۇرباننىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنغان. قېچىپ يۈرگەن مەزگىلدە ھۆكۈمىتىمىز
باندىتلارنى ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشقا چاقىرىق قىلغان بولسىمۇ، پەتىھدىن ئەل

بولماي قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتكەن.

1957 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامى»نىڭ 2 ـ، 5 ـ، 9 ـ، 10 ـ ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن، پەتھىدىنگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

## § 3 . قاتىللىق دېلولىرىنى سوت قىلىش

### 1 . قاتىللىق دېلولىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1950 — 1985 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان قاتىللىق دېلولىرى 1 ـ سوت جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ %2.58نى ئىگىلىدى. قاتىللىق دېلولىرى ئىچىدە ئەكسىلئىنقىلابىي قاتىللىق دېلولىرىدىن باشقا، ئۆچ ئېلىپ قاتىللىق قىلىش، ئۆزگەرتىشكە قارشىلىق كۆرسىتىپ قاتىللىق قىلىش، مال ـ مۈلۈكنى دەپ قاتىللىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىپ قاتىللىق قىلىش، پاھىشە ئويناپ قاتىللىق قىلىش، ھاراق ئىچىۋېلىپ قاتىللىق قىلىش، خورلاپ قاتىللىق قىلىش، ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن قاتىللىق قىلىش، سەۋەنلىكتىن قاتىللىق قىلىش قاتارلىقلار بار. يۇقىرىقى قاتىللىق دېلولىرىدا، ئادەتتىكى قاتىللىق دېلولىرى (ئۆچ ئېلىپ، ئۆزگەرتىشكە قارشىلىق كۆرسىتىپ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ، مال ـ مۈلۈكنى دەپ، ھاراق ئىچىۋېلىپ ۋە ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن قاتىللىق قىلىش) قاتىللىق دېلولىرى ئومۇمىي ساننىڭ %74.3نى ئىگىلىدى؛ نىكاھ سەۋەبىدىن، پاھىشە ئويناپ قاتىللىق قىلىش ۋە بوۋاقلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ، خارلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىش دېلولىرى %18.7نى ئىگىلىدى؛ سەۋەنلىك بىلەن قاتىللىق قىلىش دېلولىرى %7نى ئىگىلىدى (باشقا قاتىللىق دېلولىرى تۈرگە ئايرىپ ھېسابلانمىدى). 36 يىل ئىچىدە قاتىللىق جىنايەتلىرىدىن قانۇن بويىچە 6 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا ھۆكۈم قىلىنغىنى %65.40نى ئىگىلىدى؛ 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغىنى، جىنايى ئىشلار بويىچە باشقىچە جازا بېرىلگىنى ۋە جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى %28.22نى ئىگىلىدى؛ گۇناھسىز دەپ جاكارلانغىنى %6.38نى ئىگىلىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، كونا جەمئىيەتتىن قېلىپقالغان بەزى ئىجتىمائىي داشقاللار، جىنسىدىن تويغانلار ۋاقتىدا ئۆزگەرتىلىپ ۋە تازىلىنىپ بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكنى دەپ ئۆچ ئېلىپ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ قاتىللىق قىلىشى ھەمىشە كۆرۈلۈپ تۇردى. 1950 ـ يىل «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، فېئوداللىق نىكاھنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىپ، نىكاھ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان بەزى ئاياللار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى قاتىللىق دېلوسىدىن 1951 ـ يىلى 452نى، 1952 ـ يىلى 363نى قوبۇل قىلدى، بۇ ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭدا ھەر قايسى يىللاردا قوبۇل قىلىنغان قاتىللىق دېلولىرىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغان ئىككى يىل بولدى. قوبۇل قىلىنغان قاتىللىق دېلولىرى ئىچىدە نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتى بىلەن ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتكە قاتنىشىش تۈپەيلىدىن كېلىپ

چىققان قاتىللىق دېلوسى 1951 - يىلى 138 بولۇپ، شۇ يىلدىكى قاتىللىق دېلولىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %30.5نى ئىگىلىدى، 1952 - يىلى 211 بولۇپ، شۇ يىلدىكى قاتىللىق دېلولىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %58.1نى ئىگىلىدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قاتىللىققا ئوخشاش ئېغىر جىنايى ئىشلار ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. ئاياللارنى ئۆلتۈرگەن، ۋاستىسى قەبىھ، قىلمىشى ۋەھشىي، خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولغان جىنايەتچىلەرگە ئېغىر جازا ھۆكۈم قىلىندى ھەتتا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. جىنايەتچىلەرنى ئوچۇق سوت قىلىش ئارقىلىق كەڭ ئامما تەربىيىگە ئىگە قىلىندى، شىنجاڭدا 1955 - يىلدىن كېيىن، ئاياللارنى ئۆلتۈرۈش دېلولىرى يىلدىن يىلغا ئازايدى.

1958 - يىل قاتىللىق دېلولىرى بىر ئاز كۆپىيىپ قالدى، 1959 - يىلدىن كېيىن يەنە يىلدىن يىلغا ئازايدى. لېكىن نىكاھقا دائىر قاتىللىق يەنىلا قاتىللىق دېلولىرى ئىچىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلىدى. 1959 - يىل 1 — 9 - ئايغىچە بولغان تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، شىنجاڭ بويىچە قاتىللىق دېلوسىدىن 100ى سادىر بولغان، ئۇنىڭ ئىچىدە نىكاھقا دائىر قاتىللىق %60 ئەتراپىدا بولدى، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار بولدى. ئاساسلىقى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان ياكى نورمال بولمىغان جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغان، ۋە ياكى ئىجتىمائىي پائالىيەتكە، ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشقان ئاياللارغا ئۆچمەنلىك قىلىپ قاتىللىق قىلىندى. شىنجاڭدا نىكاھقا دائىر قاتىللىقنىڭ گەۋدىلىك بولۇشى ئۆزۈندىن بۇيانقى فېئودالىزم ئىدىيە ۋە دىنىنىڭ تەسىرىدىن بولدى، قاتىللىق قىلغۇچىلارنىڭ تولىسى ئەخلاقى قەبىھ بولغان ناچار كىشىلەردىن ئىبارەت. ئەمما بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى قاتىللىق دېلولىرى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان. بەزى خەلق سوت مەھكىمىلىرى نىكاھ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى ۋاقتىدا قوللانمىغاچقا، ئالدىنى ئېلىشقا بولىدىغان نىكاھقا دائىر بەزى قاتىللىق دېلولىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدى ئېلىنمىدى. 1959 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى قاسىمنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسىنى سوت قىلغاندا، ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن قاسىم ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپ جار سالغان ھەمدە ھۆكۈمنامىنى سوتتا يىرتىۋەتكەن بولسىمۇ، سوتچى خادىملار بىخەستەلىك قىلىپ ئايال تەرەپنى قوغداش تەدبىرى قوللانمىغان، نەتىجىدە ئايال ئىشىكتىن چىقىشى بىلەنلا قاسىم ئۇنىڭ يەتتە يېرىگە پىچاق تىقىۋەتكەن. شۇ سوت مەھكىمىسى يەنە بىر نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسىنى سوت قىلغاندا، جاۋابكار ئوخشاشلا ئىشتىن ئاۋۋال قاتىللىق قورالى تەييارلاپ، نىكاھتىن ئاجرىشىش ھۆكۈمى ئېلان قىلىنغان ھامان قول سالماقچى بولغان، سوتچى خادىملار جاۋابكارنىڭ بىنورمال ھالىتىنى ئالدىن بايقاپ، ئۇنىڭغا سىياسەتنى تاپشۇرۇپ، پايدا - زىيانىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، خاتالىقنى كۆرسىتىپ بەرگەن، نەتىجىدە ئۇ تەسىرلىنىپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۆزىنى «خەتەرلىك يولدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى»غا رەھمەت ئېيتقان ھەمدە قاتىللىق قورالىنى نەق مەيداندا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

1961 — 1965 - يىلغىچە قاتىللىق دېلولىرى بىر ئاز ئازايدى، 668 دېلو سوت قىلىنىپ ئاياغلاشتۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ باشلىرىدا، سوت مەھكىمىلىرىگە دەۋا قىلىنغان قاتىللىق دېلولىرى ئاز بولدى، 1967 - يىلى 49 دېلو بولدى، 1973 - يىلى سوت

مەھكىمىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1974 ـ يىلى قاتىللىق دېلوسىدىن 145ى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئازراق ئۆرلىدى.

1983 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرى غالجىرلىشىپ، چوڭ ـ مۇھىم دېلولار كۆپەيدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا باشلانغان جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىدە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى قانۇن بويىچە قاتتىق، تېز جازالاش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، بىرلا ۋاقىتتا جازالاش بىلەن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇردى. 1983 — 1985 ـ يىلغىچە سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان قاتىللىق دېلولىرىدىكى جاۋابكارلاردىن قانۇن بويىچە 5 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا ھۆكۈم قىلىنغىنى %57.78نى، 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغىنى ۋە جىنايى ئىشلار بويىچە باشقىچە چارە كۆرۈلگىنى %21نى، گۇناھسىز دەپ جاكارلانغىنى %43.0نى ئىگىلىدى.

1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلغان 2 ـ سوت ۋە ئۆلۈم جازاسىنى تەستىقلاش دېلولىرىدا قاتىل جىنايەتچىلەردىن ئۆلۈم جازاسى، كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغىنى ئۆلۈم جازاسى، كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %6.65نى ئىگىلىدى. ئۆلۈم جازاسى، كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان قاتىل جىنايەتچىلەرنىڭ سالاھىيىتىدىن قارىغاندا، دېھقان ـ چارۋىچىلار %6.48نى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەر %5.10نى، تۈزەن ـ مەيدانلاردىكى دېھقانچىلىق ئىشچىلىرى %6.5نى ئىگىلىدى، قالغىنى كادىرلار ۋە ئوقۇغۇچىلار بولدى. بۇ قاتىل جىنايەتچىلەر ئىچىدە ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر %8.42نى ئىگىلىدى.

## 2. قاتىللىقنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى

1) ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت يامانلىشىش، مۇھەببەت ئۈزۈلۈش. ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى ئىناقسىزلىق ياكى ۋارىسلىق قىلىش، بېقىش قاتارلىق مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان قاتىللىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلولىرى %2.35نى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى 43 ـ تۈەن ـ مەيداندىكى دېھقانچىلىق ئىشچىسى ئوبۇل غوپۇر نۇرگۈل بىلەن مۇھەببەتلىشىپ، نىكاھلىنىشنى تېزلىتىش رەسمىيىتى بېجىرمەكچى بولۇپ 4 قېتىم تەشكىلنى ئىزدەپ بارغان، قىز 18 ياشقا توشمىغاچقا رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىلمىگەن. ئوبۇل نۇرگۈلنى يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ توي خېتى ئېلىشقا قىستىغاندا، نۇرگۈل ئۇنى رەت قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ئۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن جىنايەتچى ئوبۇل ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋاتقان نۇرگۈلنى يېرىم يولدا توسۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، 1985 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان.

2) مال ـ مۈلۈكنى دەپ قاتىللىق قىلغانلار قاتىللىق دېلوسىنىڭ %2.14نى ئىگىلىدى. شەنشى ئۆلكىسى جىشەن ناھىيىسىدىن شىنجاڭغا ئېقىپ كەلگەن شاۋ گۈەنجى ئاپتونوم رايونلۇق

3 - بىناكارلىق شىركىتىنىڭ ئۇلانباي قوم - شېغىل مەيدانىدا ۋاقىتلىق ئىشلەپ يۈرگەن مەزگىلدە، «باھار شاملى» ماگىزىنىنىڭ خوجايىنى بەي شىنجۇاڭ، ۋاڭ سۇخېجېن ئەر - خوتۇن بىلەن تونۇشۇپ قالغان. شاۋ گۇەنجى ئۇلارنىڭ پۇلى بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن. شاۋ پېيكې بىلەن بىرلىكتە 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كەچ سائەت 11لەردە پىچاق ۋە قورۇق بوتۇلكا ئېلىپ «باھار شاملى» ماگىزىنىغا كەلگەن. شاۋ گۇەنجى سېتىۋالغان يېمەكلىكنىڭ پۇلىنى بېرىمەن دەپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقۇزغان، شاۋ پېيكې بەي شىنجۇاڭنىڭ ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھاراق بوتۇلكىسى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇرغان، ئىككى جىنايەتچى ئۇنى سۆرەپ كارىۋاتقا باسقان، شاۋ گۇەنجى ئۇنىڭ بېشىغا ئىككى پىچاق سالغان. ۋاڭ سۇخېجېن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ۋارقىرىغاندا، شاۋ گۇەنجى پىچاق تەڭلەپ: «يەنە ۋارقىرىساڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ تەھدىت سالغان. بەي شىنجۇاڭ ياستۇقنىڭ تېگىدىكى ئۈچ قىرلىق پىچاقنى ئېلىپ ئېلىشقان ھەمدە ۋاڭ سۇخېجېننى كىچىك بالىنى قوغداپ قېچىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغان. شاۋ گۇەنجى ئۈستەلدىكى سائەت، كىرسىن چىرىقىنى ۋاڭ سۇخېجېنغا ئاتقان، ۋاڭ سۇخېجېن تاشقارقى ئۆيگە قېچىپ چىققاندا، شاۋ گۇەنجى ئۇنى تۇتۇپ بېسىۋېلىپ بېشى ۋە مۈرىسىگە نەچچە پىچاق سالغان ھەمدە بەي شىنجۇاڭنىڭ ئوغلى بەي مىڭنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرگەن، ئاندىن يەنە ئۆيگە كىرىپ، بەي شىنجۇاڭنىڭ بېشىغا بىر پىچاق سالغان، ۋاڭ سۇخېجېن جان تالىشىپ سىرتقا قېچىپ چىقىپ قۇتقۇزۇڭلار دەپ ۋارقىرىغاندا، ئىككى جىنايەتچى پىچاق، سومكا قاتارلىق نەرسىلەرنى تاشلىۋېتىپ، نەق مەيداندىن قېچىپ كەتكەن. ئەتىسى شاۋ پېيكې تۇتۇلغان، شاۋ گۇەنجى 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى پويىزغا ئولتۇرۇپ گەنسۇ ۋۇۋېيغا قېچىپ بارغاندا تۇتۇلغان.

جىنايەتچى شاۋ گۇەنجى بىلەن شاۋ پېيكېنىڭ مال - مۈلۈكنى دەپ قاتىللىق قىلىش (ئەمەلگە ئاشمىغان) دېلوسى 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سوت قىلىنىپ، ئاساسىي جىنايەتچى شاۋ گۇەنجىغا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى، ئەگەشكۈچى جىنايەتچى شاۋ پېيكېغا قانۇن بويىچە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

كەسپىي ئائىلىلەر، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ باي بولغانلىقىنى كۆرۈپ «كۆزى قىزىرىپ» قاتىللىق قىلىش قاتىللىق جىنايىتىدىكى يېڭى ئەھۋال. چۆچەك شەھىرى ئەرگۈڭ كەنتىدىكى دېھقان شا چۇنمىڭ ترانسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان جاۋ جىشىننىڭ كىچىك تىپتىكى تۆت چاقلىق تراكتور بىلەن يۈك توشۇپ كۆپ پۇل تاپقانلىقىنى كۆرۈپ، تراكتور ئىشلىتىشنى باھانە قىلىپ جاۋ جىنشىننى ئورمانلىققا ئالداپ ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، تراكتورىنى بۇلاپ كەتكەن (كېيىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى).

3) دېھقانچىلىق ھۆددىگەر ئائىلىلىرىدىن يەر، سۇ تالىشىپ، زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكتىن قاتىللىق قىلغانلار 4.7%نى ئىگىلىدى. جىمسار ناھىيىسى ئەرگۈڭ يېزىسىدىكى دېھقان پەن شياڭخې 6 مو مەسئۇلىيەت ئېتىزىنى ھۆددىگە ئالغان، ئۇ ئۆزى يالغۇز بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانچىلىق سايمانلىرى بولمىغاچقا، يەرنى ما سەيشېڭنىڭ تېرىشىغا بەرگەن، كېيىن پەن شياڭخې يەرنى قايتۇرۇۋېلىپ ئۆزى تېرىماقچى بولغان. ئەترەت، يېزا، ناھىيە كادىرلىرى ئارىغا چۈشۈپ مۇرەسسە قىلىسىمۇ، ما سەيشېڭ يەنىلا يەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان، كۈز بولغاندا پەن شياڭخې ماسەيشېڭغا 600 كىلوگرام ياڭيۇ بەرگەن، قىشنى ئۆتكۈزۈۋالاي

دېمە ماسەيشېڭ بەرمىگەن، پەن شياڭخې غەزەپكە كېلىپ ما سەيشېڭنى ئۆلتۈرىۋەتكەن.

4) پاھىشە ئويناپ قاتىللىق قىلىش دېلوسى %11.4نى ئىگىلىدى. بۇ خىلدىكى دېلولارنىڭ تولىسى ئالدىن پىلانلانغان بولۇپ، ئىشتىن كېيىن تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن جىنايەت يوشۇرۇلىدۇ، شۇڭا يوشۇرۇن خاراكتېر ئالغان بولىدۇ. قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسىدىن كان ئىشچىسى رېن گوشىن جاڭ لىنفېڭ بىلەن پاھىشە ئوينىغان ۋە ھەر ئىككىلىسى نىكاھتىن ئاجرىشالماي، جاڭ لىنفېڭنىڭ ئېرى جاڭ كۈننى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن، رېن گوشىن بىلەن جاڭ لىنفېڭ شۇ كېچىسى قان يۇقى كىيىملىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، قان داغلىرىنى تازىلاپ، جەسەتنى ئۆي ئىچىگە ئورەك كولاپ كۆمۈپ، ئۈستىگە خىش ياتقۇزۇپ، تاملارنى ئاقارتقان، كېيىن يەنە جاڭ كۈننى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن دەپ يالغان ھالەت ياساپ، ئادەم ئىزدەش ئېلانى چىقارغان ۋە تۇغقانلىرىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، جىنايىتىنى يوشۇرۇپ، جىنايى جازادىن قېچىپ قۇتۇلماقچى بولغان.

5) ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ياكى ئۆسەك سۆزلەر تۈپەيلىدىن قاتىللىق قىلغانلار %5.7نى ئىگىلىدى. سانجى شاباخۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىسى ۋۇ فۇجۇڭ قوشنىسى بىر چىغ قالپاق سورىغانلىق تۈپەيلىدىن ماجىرالىشىپ قېلىپ، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتكەن. دۆربىلجىن ناھىيە شاڭخۇ يېزىسىدىكى دېھقان ياڭ ئېگو شۇ كەنتلىك دېھقان لىيۇ خۋايىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، لىيۇ خۋايىڭ «سەن ھەقىقەتەن يۇمىلاق تاۋۇز ئىكەنسەن» دەپ قويغىنىغىلا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى 4 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، بىر ئادەمنى زەخىملەندۈرگەن.

6) ھاراق ئىچىپ چاتاق چىقىرىش، قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇپ قويۇپ پۇل بۇلاش، نەشە چېكىپ خىيالىي تۇيغۇغا كېلىپ قېلىش، شەھۋانىي كىتابلارنى ئوقۇشقا ئوخشاش سەۋەبلەردىن ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر %6.6نى ئىگىلىدى. گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى خەلق ساقچىسى نۇرخۇسۇم ھاراق ئىچكەندىن كېيىن، جامائەت سورۇنىدا چاتاق تېرىپ، ئوق چىقىرىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغان.

7) ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەردىن ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر %10.4نى ئىگىلىدى. بۇلاردىن بەزىلىرى تۈرمىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن ئادەم ئۆلتۈرگەن. بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىدىكى فۇجيەندىن يۆتكەپ كېلىنگەن جىنايەتچى سۇڭ چىڭخۇا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن قورال بۇلاپ ئادەم ئۆلتۈرگەن. جىنايەتچى سۇڭ چىڭخۇا باشقا جىنايەتچىلەر بىلەن سوقۇشقاندا زەخىملىنىپ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە، 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سۇ ئالغىلى چىققان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتكەن. مەزكۇر ئەترەت ساقچىلارنى تەشكىللەپ ئۇنى قوغلىغان، ئۈرۈمچى، قەشقەر تاشيولىنىڭ يەنجىنىڭ شىمالىغا تەخمىنەن 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايىغا كەلگەندە، جىنايەتچى سۇڭ چىڭخۇا ماشىنىغا ئېسىلغاندا تۇتۇلغان، قوراللىق ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ جەڭچىسى شيا جۈنپىڭ يالاپ كېتىۋاتقاندا، جىنايەتچى سۇڭ چىڭخۇا تىركىشىپ باغلاقتىن بوشۇنۇپ ئاتتىن چۈشۈۋېلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىپ شيا جۈنپىڭنى زەخىملەندۈرگەن ھەمدە ئۇنىڭ ئاپتوماتى ۋە ئوقلىرىنى تارتىۋېلىپ، شيا جۈنپىڭنى زەيلىكتىكى قومۇشلۇققا سۆرەپ ئاپىرىپ، كېيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ، قول سائىتىنى يېشىۋېلىپ، پۇت - قولىنى باغلاپ، ماسكىسىنى ئاغزىغا تىقىپ قويۇپ، شيا جۈنپىڭنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىپ قاچماقچى بولغاندا، ئورمانغا قاراۋاتقان ئايال ئىشچى يۇ ياچىڭ كۆرۈپ قالغان، جىنايەتچى سۇڭ چىڭخۇا جىنايىتىنىڭ ئاشكارلىنىپ

قىلىشىدىن قورقۇپ، ئاپتوماتنىڭ پايىنكى بىلەن يۇ ياچىڭنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرغان، يەنە ئۇنىڭ دۈمبىسىگە قارىتىپ بىر پاي ئوق ئېتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. جىنايەتچى سۇڭ چىڭخۇا يەنە ئاپتوماتنىڭ پايىنكى بىلەن شىيا چۇنپىڭنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئۇ قورال، ئوق - دورىلارنى ئېلىپ ئاتقا مىنىپ قېچىپ چىڭسىخوزىغا كەلگەندە ئاپتوماتنى چىقىرىپ ئاپتوموبىل توسقان. شۇ جايدىكى ج خ خادىملىرى شوپۇرنىڭ ھەمكارلىقىدا جىنايەتچى سۇڭ چىڭخۇانى تۇتقان. 1985 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جىنايەتچى سۇڭ چىڭخۇا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

8) ئۆچ ئېلىش يۈزىسىدىن قاتىللىق قىلغانلار %4 . 10نى ئىگىلىدى.

## 3. قاتىللىق جىنايىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

قاتىللىق جىنايەتلىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن، خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى كۈچەيتتى. ھەر قايسى تارماقلار ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىگە بىنائەن، تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدى:

1) قاتىللىق جىنايەتلىرىگە قەتئىي قانۇن بويىچە ئېغىر، تېز زەربە بېرىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ تەلەي سىناش روھىي ھالىتىنى سۇندۇرۇپ، ئۇلارنى چۆچۈتۈش رولىنى ئوينىدى.

2) كوممۇنىستىك ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، «نىكاھ قانۇنى» ، «ۋارىسلىق قانۇنى»نى يەنىمۇ ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ئەر - خوتۇنلار ئىناق، كۆيۈمچان بولۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇردى.

3) قانۇنچىلىقنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇننى بىلىش، قانۇنغا بويسۇنۇش قارشىنى كۈچەيتتى. پاھىشە ئويناش، هاراق ئىچىپ چاتاق تېرىش ۋەقەلىرىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. قىمار ئويناش، نەشە ياساش، ئېلىپ سېتىش، چېكىش، فېئودال خۇراپاتلىق قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

4) ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى.

5) ئاساسىي قاتلامدىكى ئەدلىيە ياردەمچىلىرى، خەلق ئىشلىرى ياردەمچىلىرى، ج خ خاس ۋەكىللىرىنىڭ شۇنداقلا خەلق سوتلىرى، ئامانلىق ساقلاش - مۇرەسسە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش جەريانىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاسان كەسكىنلىشىپ كېتىدىغان زىددىيەتلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى.


6) ھەق تەلەپ سوت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مۇرەسسە قىلىش، يېتەكلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئادەتتىكى ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ قاباھەتلىك قاتىللىق دېلولىرىغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

7) يەككە تىجارەتچىلەر، كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى.

1950 — 1985 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە قوبۇل قىلىنغان قاتىللىق دېلولىرىنىڭ تۈرلەش - تۆۋەنلەش ئەھۋالى تۆۋەندىكى 3 — 3 - سخېمىدا كۆرسىتىلدى.

**1950 — 1985 - يىللىغىچە شىنجاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان قاتىللىق دېلولىرىنىڭ ئۆرلەش - تۆۋەنلەش سىخېمىسى**

سىخېما: 3 — 3



## قوشۇمچە

# قاتىللىق دېلولىرىدىن مىساللار

## 1. چېڭ جيەنچيۇنىڭ پارتلىتىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى

چېڭ جيەنچيۇ، ئەر، خەنزۇ، 33 ياش، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ ناھىيىسىدىن، 1965-يىلى شىنجاڭغا كەلگەن، ئاقسۇ ۋىلايىتى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش 1-تۇەن 20-لىيەنىنىڭ دېھقان ئىشچىسى.

چېڭ جيەنچيۇ چېڭ جېنمىن، دى شىڭجۇن ئەر-خوتۇنلار بىلەن بىر لىيەننىڭ دېھقان ئىشچىسى بولۇپ، بىر مەھەل مۇناسىۋىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان. 1975-يىلدىن كېيىن، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار تۈپەيلىدىن زىددىيەتلىشىپ قېلىپ مۇناسىۋىتى يامانلاشقان. جىنايەتچى چېڭ جيەنچيۇ چېڭ جېنمىن، دى شىڭجۇن ئەر-خوتەن ئىككىسىدىن ئۆچ ئالماقچى بولۇپ، قوڭغۇراقلىق سائەتتىن پايدىلىنىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا پارتلايدىغان پارتلاتقۇچ ياساپ، ئۇنى قەغەز قۇتىغا سېلىپ، سىرتىنى ئاق لاتا بىلەن ئوراپ، يالغاندىن چېڭ جېنمىن، دى شىڭجۇن ئەر-خوتۇننىڭ دوستى جاڭ رۇڭمېي ئەۋەتكەن خالتا قىلىپ تەييارلىغان ھەمدە ئۇنى شۇ تۇەندىكى «55» ئاشخانىسىنىڭ ئاشپىزى رېن جۇنيەندىن چېن جېنمىنغا ئەۋەتىپ بەرگەن. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 7 لەردە چېڭ جېنمىن ئائىلىسىدىكى 3 جان ئادەم «ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ داخېيەندىن قەشقەرگە بارىدىغان يولنىڭ 916 كىلومېتىرلىق يېرىگە كەلگەندە پارتلاتقۇچ پارتلاپ، چېڭ جېنمىن، ، دى شىڭجۇن ۋە شوپۇر دۇنەيلياڭ ئۆلگەن، بىر ياش سەككىز ئايلىق بولغان بالىسىنىڭ سول پۇتى ئۈزۈلۈپ، جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق خەۋپتىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالغان، ئاپتوموبىل پاچاقلىنىپ 10 نەچچە مىڭ يۈەن زىيان بولغان.

جىنايەتچى چېڭ جيەنچيۇ شەخسىي ئاداۋەت بىلەن چېڭ جېنمىن، دى شىڭجۇن ئەر-خوتۇن ئىككىسىدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا پارتلايدىغان پارتلاتقۇچ ياساپ جىنايەت ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، بىر ئادەمنى ئېغىر زەخىملەندۈرۈپ، بىر ئاپتومولنى ۋەيران قىلغان. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئېغىر، ۋاستىسى قەبىھ، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان بولۇپ، خەلق سوت مەھكىمىسى پارتلىتىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچى چېڭ جيەنچيۇغا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

## 2. ئابدۇقادىر تۇرسۇننىڭ نەشە چېكىپ قاتىللىق قىلىش دېلوسى

ئابدۇقادىر تۇرسۇن، ئەر، ئۇيغۇر، 32 ياش، ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىن، ۋاقىتلىق ئىشچى.

جىنايەتچى ئابدۇقادىر تۇرسۇن ئۇدا 6 يىلدىن ئارتۇق نەشە چەككەن. 1979-يىل 12-ئاينىڭ 29-كۈنى كەچ سائەت 11لەردە ئۆيىدە قوشنىسى ما×× ۋە ئە×× ئىككەيلەن بىلەن ئۇدا 7 قېتىم نەشە چەككەن. ما×× بىلەن ئە×× ئۆيىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇقادىر تۇرسۇننىڭ نېرۋىسى قالايمىقانلىشىپ خەنجەر ئېلىپ ما××نىڭ ئۆيىگە بېرىپ، «بېشىم بەك ئېسىلىپ كەتتى، كۆز ئالدىم قاراڭغۇچىلىق، ھەر قىسمان ئادەملەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈۋاتىدۇ، قورقۇپ ئۇخلىيالمىدىم. . . .» دەپ، ما××نى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشقا چاقىرغان. ما×× رەت قىلسا ئۇنى سۆرەپ ئا××نىڭ ئۆيىگە دورۇت ئوقۇشقا ئېلىپ بارغان ۋە جىنايەتچى ئابدۇقادىر

تۇرسۇن ئا××نىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت ما××دىن يولدا نېمە شۇملۇقلارنى قىلدىڭ دەپ سوراپ، ئۇنى بېسىۋېلىپ 28 يېرىگە پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئا××نىڭ خوتۇنى تاجىگۇل بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئالاقىزادىلىك ئىچىدە سىرتقا قاچقاندا، جىنايەتچى ئابدۇقادىر تۇرسۇن ئۇنىڭ سول پىشانىسى ۋە سول بىلىكىگە پىچاق سالغان. ئا×× جىنايەتچى ئابدۇقادىر تۇرسۇننىڭ قاتىللىق قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، جىنايەتچى ئابدۇقادىر تۇرسۇن ئۇنى سۇپىغا بېسىۋېلىپ 42 يېرىگە پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۆلگۈچىنىڭ 3 بالىسى چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەندە، مۇتەللىپ، بەكرى ئىككىسىنىڭ كۆكرىكىگە، بىلىكىگە پىچاق شىلتىپ ئېغىر زەخىملەندۈرگەن. جىنايەتچى ئابدۇقادىر تۇرسۇن دېلو سادىر قىلغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئۇخلاپ قالغان. قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، سوت مەھكىمىسى ئابدۇقادىر تۇرسۇنغا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

### 3. ۋاڭ تېيجۈن قاتارلىقلارنىڭ قاتىللىق، باسقۇنچىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىش ۋە قېچىپ كېتىش دېلوسى

ۋاڭ تېيجۈن، ئەر، خەنزۇ، 29 ياش، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ تيېلىڭ ناھىيىسىدىن. 1974 - يىلى باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئۈچۈن 6 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان، 1980 - يىل 1 - ئايدا جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يەنە بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، ئوغرىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، 18 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان.

فۇ چياڭ، ئەر، خەنزۇ، 25 ياش، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ فۇشۈن شەھىرىدىن. 1974 - يىلى 7 - ئايدا ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، 2 يىل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەن. 1975 - يىلى 2 - ئايدا قېچىپ كەتكەن. كېيىن ئوغرىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، 5 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان. 1982 - يىل 9 - ئايدا جازا مۇددىتى توشۇپ چاۋياڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىدا قېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان. 1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يەنە ئوغرىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، 15 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان.

يۇ يۇڭ، ئەر، خەنزۇ، 24 ياش، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ لياۋنىڭ شەھىرىدىن. 1982 - يىل 11 - ئايدا باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، 10 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان.

ليۇ فۇسەي، ئەر، خەنزۇ، 25 ياش، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ بېنشى شەھىرىدىن. 1977 - يىلى لۈكچەكلىك، ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگەن، 1979 - يىل 7 - ئايدا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ تۈرمىدىن قېچىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، مۇددەتلىك 13 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان.

يۇقىرىقى 4 جىنايەتچى 1984 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىن شىنجاڭ قاراقىلچىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا جازا ئۆتەشكە يالاپ كېلىنىپ، يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان 10 - ئوتتۇرا ئەترەتتە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەن، شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تۈرمىدىن قېچىپ، 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۇتۇلغان.

ۋاڭ تېيجۈن قاتارلىق 4 جىنايەتچى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى چارۋىچى ئايۇپنىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ چاي ئىچىپ دەم ئالغان. تۇتۇلۇپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ۋاڭ تېيجۈننىڭ پىلان كۆرسىتىشى بىلەن ئايۇپنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ

خىلۋەت قورۇ - جاينى ئىگىلەپ يوشۇرۇنۇپ، پۇرسەت كۈتۈپ يەنە قېچىپ كەتمەكچى بولغان. 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 8دىن كەچ سائەت 11لەرگىچە جىنايەتچى ۋاڭ تېيجۈن، فۇ چياڭ، ليۇ فۇسەي، يۇ يۈڭلار پالتا بىلەن چېپىپ، پىچاق تىقىپ، توقماق بىلەن ئۇرۇپ، ئاغامچا بىلەن بوغۇپ، ئايۇپ ئائىلىسىدىكى 8 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، بىر ئادەمنى زەخمىلەندۈرگەن، بىر ئايالغا نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلغان ھەمدە زىيانكەشلىكتە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ 33.90 يۈەن نەق پۇل، بىر قول سائەت، 20 نەچچە قۇر كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىسىنى بۇلاپ كەتكەن. بۇ 4 جىنايەتچى تۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

## §4 . بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنى سوت قىلىش

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى»دا زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىغانلارغا بۇلاڭچىلىق جىنايىتى بېكىتىلىپ 3 يىلدىن يۇقىرى 10 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىدۇ، يۇقىرىقى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغان ياكى ئېغىر زەخمىلىنىش، ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا 10 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىدۇ، قوشۇمچە مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنسا بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى.

1950 — 1955 - يىلغىچە شىنجاڭدا دەسلەپكى سوت قىلىنغان بۇلاڭچىلىق دېلولىرىدىكى جىنايەتچىلەردىن ئۆلۈم جازاسى (ئۆلۈم جازاسىنى كېچىكتۈرۈش)، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، 5 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغىنى 44.6%نى، 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغىنى 47.15%نى، جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى 5.69%نى، گۇناھسىز دەپ جاكارلانغىنى 2.55%نى ئىگىلىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، جەمئىيەت تەرتىپى تىنچ بولمىغانلىقتىن، بۇلاڭچىلىق دېلولىرى كۆپرەك بولدى. جىنايەتچىلەر كۆپرەك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دېلو سادىر قىلدى، ئۇلار كۆپ ھاللاردا مال - چارۋا، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىقلارنى بۇلىدى، دېلودىكى سومما مىقدارى بىر قەدەر ئاز بولدى. جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دېلو سادىر قىلىش يېزىلاردىن شەھەر - بازارلار ۋە قاتناش لىنىيىلىرىگە يۆتكەلدى. كۆپ ھاللاردا نەق پۇل ۋە قىممەت باھالىق بۇيۇملار دېلو سادىر قىلىش ئوبيېكتى قىلىندى، قوللانغان ئۇسۇل كۆپ خىللىشىپلا قالماستىن، سومما مىقدارى بىر قەدەر كۆپ، قىلمىشى قەبىھ، ۋاستىسى رەزىل بولدى، تولىراق ئادەم زەخمىلەندۈرۈش، ئۆلتۈرۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. 1950 — 1952 - يىلغىچە شىنجاڭدا بۇلاڭچىلىق دېلولىرى كۆپرەك سادىر بولدى، زەربە بېرىلگەندىن كېيىن، بۇ خىلدىكى دېلولار يىلدىن يىلغا ئازايدى. 1980 - يىلى بۇلاڭچىلىق دېلولىرى زور دەرىجىدە ئۆرلىدى، 1982 - يىلىغا كەلگەندە بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنىڭ نىسبىتى 1950 — 1952 - يىللىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، 80% ئۆرلىدى. 1983 — 1985 - يىلغىچە بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 1980 — 1982 - يىللىرىدىكىدىن 52.78% ئۆرلىدى؛ 1983 — 1985 - يىلغىچە 1950 — 1952 - يىللىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، دېلو سادىر بولۇش نىسبىتى 3.4 ھەسسە ئۆرلەپ، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان بۇلاڭچىلىق

دېلولىرى ئەڭ كۆپ سادىر بولغان مەزگىل بولدى.

بۇلاڭچىلىق جىنايىتى مال - مۈلۈككە دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتىدىكى ئەڭ ئېغىر بولغان بىر تۈرلۈك جىنايەت قىلمىشى. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي خەۋپى ئىنتايىن زور بولغاچقا، تارىختىن بۇيان زەربە بېرىشنىڭ نۇقتىلىق ئوبيېكتى قىلىنىپ كەلدى. جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى داۋامىدا، ئۇ يەنىلا زەربە بېرىشنىڭ نۇقتىلىق ئوبيېكتى قىلىندى، قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش مەقسىتىدە شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق جامائەت ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ پۇل - بىساتىنى مەجبۇرىي تارتىۋېلىش قىلمىشىدا بولغانلا بولسا، بۇلاڭچىلىق جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. ئەن ۋېيدۇڭ، ۋۇ جيەنجياڭنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق دېلوسى بۇنىڭ مىسالى. ئەن ۋېيدۇڭ، ۋۇجيەنجياڭلار رىئاللىققا نارازى بولۇپ، «تارازا پارتىيىسى» دېگەن تەشكىلات قۇرۇپ، تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قاراتقان. مەبلەغ توپلاش ئۈچۈن، بۇ ئىككى جىنايەتچى 1980 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كەچتە، قاغىلىق ناھىيە چىپان گۇڭشېسىنىڭ كاسسىرى يۈجيەنجۇ پۈتۈن ئەترەتنىڭ ئىش ھەققىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆزى يالغۇز چېدىر ئىچىدە ھېسابات قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چېدىرغا كىرىپ يۈجيەنجۇنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرغان، جىنايەتچى ۋۇجيەنجياڭ يەنە يۈجيەنجۇنىڭ كۆكرىكى، دۈمبىسى قاتارلىق 8 يېرىگە پىچاق تىقىپ، شۇ جايدىلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئىككى جىنايەتچى 16. 4374 يۈەن نەق پۇل، بىر دانە قول سائىتى بۇلىغان ھەمدە باستۇنچىلىق قىلغانلىق نەق مەيدان ياساپ، ھارام پۇل، ھارام ماللارنى ئېلىپ ئاقسۇغا قېچىپ بارغاندا تۇتۇلغان. خەلق سوت مەھكىمىسى ئەن ۋېيدۇڭ، ۋۇ جيەنجياڭ ئىككى جىنايەتچىگە قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.


جىنايەت قىلمىشى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 153 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە چۈشىدىغانلار يەنى «ئوغرىلىق، ئالداملىق، بۇلاڭچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر، ھارام مالنى يوشۇرۇش، قولغا ئېلىشقا قارشىلىق كۆرسىتىش ياكى جىنايەت پاكىتىنى يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن نەق مەيداندا زورلۇق ئىشلەتكەن ياكى زورلۇق ئىشلىتىپ تەھدىت سالغانلار» مۇ بۇلاڭچىلىق جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

خەلق سوت مەھكىمىلىرى بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنى سوت قىلغاندا، ھەمىشە بۇلاڭچىلىق جىنايىتى بىلەن تارتىۋېلىش جىنايىتىنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش مەقسىتىدە تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوچۇق - ئاشكارە ھالدا ئومۇمنىڭ ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ بىر قەدەر كۆپ مىقداردىكى پۇل - بىساتىنى ئاشكارا تارتىۋالغان بولسىمۇ، زورلۇق قىلماي تەھدىت سالماي ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى قارشىلىشالمايدىغان قىلىپ قويغانلارنى تارتىۋېلىش جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. سوت ئەمەلىيىتىدە، بۇلاڭچىلىق قىلغاندا يېنىك دەرىجىدە زورلۇق قىلغان، باشقىلارنىڭ جىسمانىيىتىگە زىيان يەتكۈزمىگەن، بۇلىغان پۇل - بىساتىنىڭ مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولغانلارنىمۇ بۇلاڭچىلىق جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلمىدى. بولۇپمۇ قارامىلىق بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلغان كەسپسىز ياش-ئۆسمۈرلەردىن سومما مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولغانلار ياكى ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ سېزىلىپ قالغاندا قېچىپ كېتىش ئۈچۈن زورلۇق ئىشلەتكەنلەردىن قىلمىشى يېنىك بولغانلارغىمۇ بۇلاڭچىلىق جىنايىتى بويىچە جازا بەرمىدى.

1950 — 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە قوبۇل قىلىنغان بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنىڭ ئۆرلەش - تۆۋەنلەش ئەھۋالى 3 — 4 - سخېمىدا كۆرسىتىلدى.

**1950 — 1985 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە قوبۇل قىلىنغان بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنىڭ ئۆرلەش - تۆۋەنلەش سىخېمىسى**

سىخېما: 3 — 4



# 5 § . باسقۇنچىلىق دېلولىرىنى سوت قىلىش

شىنجاڭ ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش دېلولىرى كۆپ بولمىسىمۇ، نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تېگىش دېلولىرى خېلى كۆپ بولدى. 1950 — 1953 - يىلىغىچە شىنجاڭ بويىچە نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تېگىش دېلوسىدىن 41ى قوبۇل قىلىنىپ، 42 جاۋابكار بىر تەرەپ قىلىندى. جىنايەتچىلەردىن كۆپىنچىسى ئازىراق نەرسە بىلەن ئالداش ۋە زورلۇق ئىشلىتىپ تەھدىت سېلىشقا ئوخشاش ۋاستىلەر بىلەن دېلو سادىر قىلدى، ئۇلارنىڭ تولىسى كونا جەمئىيەتتىن قالغان داشقاللار ئىدى. زەربە بېرىلگەندىن كېيىن، بۇنداق دېلولار يىلدىن يىلغا ئازايدى. 1954 — 1955 - يىللىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، 1958 — 1959 - يىللىرى نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تېگىش دېلوسى 8% تۆۋەنلىدى؛ 1959 - يىلى 1958 - يىلدىكىگە قارىغاندا 12.44% تۆۋەنلىدى. 1962 - يىلى يەنە ئۆرلىدى، دېلو يۈز بېرىشى بىختۇەن سىستېمىسىدا گەۋدىلىك بولدى، ئەيىبكارلارنىڭ تولىسى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇرلار شۇنداقلا كونا جەمئىيەتتىن قېلىپ قالغان ئوفىتسېرلار، مۇتەھەم ھەربىيلەر، لۈكچەكلەر، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىپ قويۇپ بېرىلگەنلەر، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشتىن قېچىپ كەتكەنلەر بولۇپ، ئۇلار 51%نى ئىگىلىدى، يەنە مەلۇم ساندىكى مەدىكارلار، يايمىچىلار شۇنداقلا كان، كارخانا، ئورگان، مەكتەپلەردىكى قارا خىزمەتچىلەرمۇ بار.

1962 - يىلدىن كېيىن باسقۇنچىلىق دېلولىرى ئىزچىل تۈردە جىنايى ئىشلار جىنايەت دېلولىرىنىڭ گەۋدىلىك بىر تەرىپى بولدى. 1962 - يىلى بىختۇەندە جىنايى ئىشلار دېلولىرى 39% تۆۋەنلىدى. لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە باسقۇنچىلىق دېلولىرى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 44% ئۆرلىدى. 1963 - يىل 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە باسقۇنچىلىق دېلولىرى ئالدىنقى يىلدىكى ئاساسىدا 42% ئۆرلىدى.

1965 -، 1966 - يىللىرى زور بىر تۈركۈم باسقۇنچىلىق جىنايىتى دېلولىرى پاش قىلىندى. شىنجاڭ بويىچە 1965 - يىل 2 - ئايدىن 9 - ئايغىچە بولغان ستاتىستىكىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلغان باسقۇنچىلىق دېلولىرى 1964 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىسىدىن 25% كۆپەيگەن. ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە بىختۇەن سىستېمىسىدا، بەزى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، سەھىيە تارماقلىرىدا باسقۇنچىلىق دېلولىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولدى، جىنايەتچىلەر ھەر خىل شەرت - شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، قىز ئوقۇغۇچىلار، كېسەل ئاياللار ۋە ئايال كادىرلارغا ھەدەپ باسقۇنچىلىق قىلدى؛ بەزىلەر بېقىۋېلىش - تەربىيىلەش مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، بېقىۋالغان قىزى ھەتتا ئۆزىنىڭ قىزى ۋە سىڭلىسىنىڭ نومۇسىغا تەگدى؛ بەزىلەر لۈكچەكلەر گۇرۇھى تەشكىللەپ، باغچا، كىنو، تىياتىرخانا، بازار قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلاردا لۈكچەكلىك قىلىپ جىنايى ھەرىكەت ئېلىپ باردى؛ بەزىلەر كوچىكوچىلاردا ئوچۇق - ئاشكارە يول توسۇپ، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى ۋە نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلدى. بەزىلەر باسقۇنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، ئىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈردى؛ بەزىلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى نارەسىدە قىزلارنىڭ تېنىنى زەخىملەندۈرۈپ، روھىي ئازابقا قويۇپ، ئەقلىي ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلدى، ھەتتا نارەسىدە قىزلارنى پالەچ، «گومۇش»، «دەلدۈش» قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنى ئېغىر

دەرىجىدە نابۇت قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئاممىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. بۇ ئەيىبكارلارنىڭ تولىسى كونا جەمئىيەتتىن قېلىپ قالغان داشقاللار، قىرى لۈكچەكلەر، قورچاق ھەربىي، مەمۇرىي خادىملار، مۇتەھەم ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاللىرىغا يوشۇرۇنۇپ ياكى كارخانا، مەكتەپلەرگە سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، مەدىكارلىق، ئاشپەزلىككە ئوخشاش پارچە- پۇرات ئىشلارنى قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەدەپ نارەسىدە قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئادەتلەنگەن جىنايەتچى ۋە قايتا ـ قايتا تەربىيە بېرىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەن جىنايەتچىلەردىن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يېشى چوڭ بولمىسىمۇ، يامان ئادەملەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تەسادىپىي جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، ئىشتىن كېيىن جىنايىتىنى تونۇپ توۋا قىلغانلارمۇ بار.


ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن قىرى لۈكچەكلەر، قىرى پاھىشىۋازلار، چوڭ ـ چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن، ئادەتلەنگەن جىنايەتچىلەر ۋە جىنايەتچىلەر گۇرۇھىدىكى باش ئۇنسۇرلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىدى، جىنايىتى ئېغىر، خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك، ئۆلتۈرمىسە بولمايدىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بەردى؛ ئاقىۋىتى ئانچە ئېغىر بولمىغان ۋە جىنايىتىنى ياخشى تونۇپ، توۋا قىلىپ ئۆزگەرگەن، ئاممىنىڭ پىكرى كۈچلۈك بولمىغانلارغا مۇددەتلىك قاماق جازاسى، رېجىم جازاسى بەردى ياكى بەزىلەرنى جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلدى. قاتتىق زەربە بېرىلگەندىن كېيىن، باسقۇنچىلىق جىنايى ھەرىكەتلىرى خېلى ئازايدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1965 ـ يىلى 2 ـ پەسىلدە 1 ـ پەسىلدىكىگە قارىغاندا 3.12% تۆۋەنلىگەن. 3 ـ پەسىلدە 2 ـ پەسىلدىكىگە قارىغاندا 68% تۆۋەنلەپ، جەمئىيەت تەرتىپى نىسپىي مۇقىملاشقان.

1980 — 1985 ـ يىلغىچە باسقۇنچىلىق جىنايىتى ھەرىكەتلىرى يەنە ئەۋج ئالدى. بۇ مەزگىل، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئازادلىقتىن بۇيان، باسقۇنچىلىق (جۈملىدىن نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تېگىش) دېلولىرى سادىر بولۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەزگىلى بولدى، جاۋابكارلارنىڭ سانىمۇ ئەڭ كۆپ بولدى، بۇنداق ئەھۋال شىنجاڭدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى ئىزچىللاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان باسقۇنچىلىق جىنايىتى دېلولىرىدىكى جاۋابكارلاردىن قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى (ئۆلۈم جازاسىنى كېچىكتۈرۈش)، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ۋە 5 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغىنى 70.51%نى ئىگىلىدى؛ جىنايى ئىشلار بويىچە باشقا چارە كۆرۈلگىنى 26.68%نى ئىگىلىدى؛ جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى 1.51%نى ئىگىلىدى؛ گۇناھسىز دەپ جاكارلانغىنى 1.3%نى ئىگىلىدى. ئالايلۇق، جىنايەتچى جياڭ لىجى 1978 ـ يىلدىن 1982- يىلغىچە كەمپىت، مېۋە ـ چېۋە، پېچىنە، پۇل بېرىشكە ئوخشاش ئالدامچىلىق ۋاستىسىنى قوللىنىپ، 6 نارەسىدە قىزنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تەگكەن، 2 نارەسىدە قىزغا بەتقىلىقلىق قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تەگكەن جىنايەتچى جاڭ ۋېنمىڭغا 1981 ـ يىلى لۈكچەكلىك جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك 3 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان، 1984 ـ يىل 5 ـ ئايدا جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، يەنىلا توۋا قىلماي، شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قومۇلدىكى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ هاراق ئىچىپ، قايتىپ كېلىشىدە «پويىز ئىستانسىسىغا بارىدىغان يولنى بىلمەيمەن» دېگەن باھانە بىلەن، نارەسىدە قىز ۋۇ× (12 ياش)غا يول باشلاتقان

## 1950 — 1985 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە قوبۇل قىلىنغان باسقۇنچىلىق دېلولىرىنىڭ ئۆرلەش - تۆۋەنلەش سخېمىسى

سخېما: 3 — 5



ۋە ئۇنى باغۋەنچىلىك ئەترىتىنىڭ كۆچەتخانىسىغا ئالداپ كېلىپ، زورلۇق ئىشلىتىپ ئۇنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تەگكەن ھەمدە ئۇنىڭ يۈزى، بويۇنى، بېلىكى قاتارلىق كۆپ يېرىنى ۋە ئەۋرىتىنى زەخمىلەندۈرگەن، قىلمىشى ئېغىر بولغانلىقتىن، ئۆلۈم جازاسى بېرىپ 2 يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈر ۋايەت مەھرۇم قىلىشقا ھۆكۈم قىلىندى.

باسقۇنچىلىق جىنايىتىنى بېكىتىشتە، سوت ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ئادەتتە تۆۋەندىكى چەك-چېگرىغا دىققەت قىلىندى:

1. باسقۇنچىلىق جىنايىتى بىلەن قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەتلىشىش جەريانىدا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن نامۇۋاپىق جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش قىلمىشى پەرقلەندۈرۈلدى. تۇرمۇشلۇق بولمىغان ئەرلەردىن «مۇھەببەتلىشىش» نامىدا ئاياللارنى ئويىنىغان، تۇرمۇشلۇق بولمىغان كۆپ ئاياللىڭ نومۇسىغا تەگكەن، قىلمىشى ئېغىر، تەسىرى يامان بولغانلار لۈكچەكلىك جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

2. باسقۇنچىلىق بىلەن پاھىشە ئويناش پەرقلەندۈرۈلدى.

3. نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىش بىلەن لۈكچەك ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت پەرقلەندۈرۈلدى. بەزى لۈكچەكلەر گۇرۇھى دېلو سادىر قىلغاندا، ھەم ئەر - ئاياللار قالايمىقان مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ھەم ياش قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلغان بولسا، كېيىنكىسىگە باسقۇنچىلىق جىنايىتى بېكىتىلدى.

4. باسقۇنچىلىقنى ئىشقا ئاشۇرالماسلىق بىلەن لۈكچەكلىك قىلمىشى، لۈكچەكلىك جىنايە-تى پەرقلەندۈرۈلدى.

## § 6 . لۈكچەكلىك دېلولىرىنى سوت قىلىش

1950 — 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان لۈكچەكلىك دېلولىرىدىكى جاۋابكارلاردىن قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى (ئۆلۈم جازاسىنى كېچىكتۈرۈش)، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ۋە 5 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغىنى %35 . 33نى؛ 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغىنى %31 . 60نى؛ جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى %87 . 4نى؛ گۇناھسىز دەپ جاكارلانغىنى %47 . 1نى ئىگىلىدى.

لۈكچەكلەر شايكىسى يېڭى تارىخىي شارائىتتا پەيدا بولغان جەمئىيەتنىڭ يېڭى داشقاللىرى، قارا جەمئىيەت ئۇنسۇرلىرى. ئۇلار جامائەت سورۇنلىرىدا قەستەن چاتاق چىقىرىپ، توپلىشىپ ئۇرۇشۇش، ئاياللارنى ھاقارەتلەپ، ھەتتا بىر تەرەپكە زومىگەرلىك قىلىپ، ئۆزخان- ئۆزبەگ بولۇۋېلىپ، ئاممىغا زىيان سېلىپ، ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىپ، جەمئىيەتكە ئىنتايىن ئېغىر خەۋپ يەتكۈزدى. لۈكچەكلىك جىنايىتى ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايىتى بولۇپ، «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىدە نۇقتىلىق زەربە بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ بىرى قىلىندى. لۈكچەكلىك جىنايە-تىگە زەربە بېرىشتە، لۈكچەكلىك گۇرۇھىنى تەشكىللىگۈچىلەر ۋە باش ئۇنسۇرلار شۇنداقلا ياشلار- ئۆسمۈرلەرنى ئازدۇرغان، كۈشكۈرتكەن جىنايەتچىلەرگە نۇقتىلىق زەربە بېرىلدى.

1980 - يىلدىن كېيىن، لۈكچەكلىك دېلولىرىنىڭ نىسبىتى يىلدىن يىلغا ئۆرلىدى. قوبۇل قىلىنغان جىنايي ئىشلار دېلولىرىدا 1980 - يىلى %3.6؛ 1981 - يىلى %6.2؛ 1982 -

يىلى 7.2%؛ 1983 - يىل 8 - ئايدىن 1984 - يىل 8 - ئايغىچە 17.5% بولدى. 1983- يىلدىن 1985 - يىلغىچە جەمئىيەتتە لۈكچەكلىك جىنايى ھەرىكەتلىرى ئىنتايىن غالجىرلىشىپ كەتتى، دېلو 2814كە، جاۋابكار 3887گە يەتتى، بۇنداق ئەھۋال شىنجاڭنىڭ تارىخىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى قانات يايدۇرۇلغان تۇنجى يىلى لۈكچەكلىك شايكىسىدىكى جىنايەتچىلەرگە نۇقتىلىق زەربە بېرىلدى، لۈكچەكلىك گۇرۇھى بىلەن ئورتاق ئۆتكۈزۈلگەن لۈكچەكلىك جىنايىتىدىكى باش جىنايەتچىلەردىن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغىنى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن جىنايەتچىلەرنىڭ 17%نى ئىگىلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن جايلاردا لۈكچەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ باشلامچىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى، بۇنى ئامما ئىنتايىن ھىمايە قىلدى، «قاتتىق زەربە» بېرىلگەندىن كېيىن، جەمئىيەت تەرتىپى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى داۋامىدا، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى دۆلەت قانۇنى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاققا پەرۋا قىلماي، توپلىشىپ ئۇرۇشقان، ئۆكتەملىك قىلىپ چاتاق چىقارغان، ئاياللارنى ھاقارەتلىگەن ۋە خورلىغان ياكى باشقا لۈكچەكلىك ھەرىكەتلىرىدە بولغانلاردىن قىلمىشى قەبىھلىرىنى لۈكچەكلىك جىنايىتى بويىچە ئېغىر جازالىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شەھۋانىي بۇيۇملاردىن پايدىلىنىپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى لۈكچەكلىك قىلىشقا كۈشكۈرتكەن، ئازدۇرغان ياكى توپلىشىپ شەھۋانىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلاردىن خەۋپى ئېغىر بولغان باش جىنايەتچىلەرنىمۇ لۈكچەكلىك جىنايىتى بويىچە ئېغىر بىر تەرەپ قىلدى. كۇچا ناھىيىسىدىكى خې جيەنشىن قاتارلىقلار 1981- يىل 6 - ئايدىن 1983 - يىل 9 - ئايغىچە دائىم دېگۈدەك توپلىشىپ ھاراق ئىچىپ، لۈكچەك جىنايەتچىلەر گۇرۇھى تەشكىللەپ، كۇچا ناھىيە بازىرىدا زومىگەرلىك قىلىپ، 21 ياش قىزغا بەتقىلىقلىق قىلغان، ھاقارەت كەلتۈرگەن، 9 ياش - ئۆسمۈر قىزنىڭ نومۇسىغا تەگكەن، 8 ياش قىزغا باسقۇنچىلىق قىلغان، بىر نارەسىدە قىزنىڭ ئېپپەت- نومۇسىغا تەگكەن ھەمدە توپلىشىپ چاتاق چىقىرىپ، 3 قېتىم قاتىللىق قىلغان، يول توسۇپ 8 قېتىم بۇلاڭچىلىق قىلغان، بىر قېتىم ئوغرىلىق قىلغان، ئۇلارنىڭ قىلمىشى قەبىھ بولۇپ، جەمئىيەت تەرتىپىگە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغان. بۇ لۈكچەكلىك جىنايەت شايكىسىدىكى خې جيەنشىن، گاۋ چياڭ، تاڭ يۇڭ، جۇ فۇچۈەنگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى. ما جەنمىنگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى. ما جۈن، ۋۇ يۈگۈيلارغا مۇددەتلىك 20 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. ئادەتتىكى لۈكچەكلىك ھەرىكەتلىرىدە بولۇپ، قىلمىشى يەڭگىللەر لۈكچەكلىك جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنمىدى، ئۇلارغا تەنقىدىي تەربىيە بېرىلدى ياكى ئالاقىدار تارماقلار مەمۇرىي چارە كۆردى.

لۈكچەكلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە دەل زەربە بېرىش ئۈچۈن، سوت ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ئادەتتە تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك لۈكچەكلىك جىنايىتى بىلەن ئادەتتىكى لۈكچەكلىك قىلمىشىنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىشقا دىققەت قىلىنىدى: (1) لۈكچەكلىك گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ توپلىشىپ ئۇرۇشۇش قىلمىشى بىلەن لۈكچەكلىك ئادىتىنى يۇقتۇرۇۋالغان ياشلارنىڭ ئاندا - ساندا ماجىرالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالغان، ئاقىۋىتى ئېغىر بولمىغان قىلمىشى پەرقلەندۈرۈلدى؛ (2) جامائەت سورۇنلىرىدا جېدەل چىقىرىپ، جەمئىيەت تەرتىپىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈش بىلەن ئادەتتىكى ئائىلىدە، قوشنىلار ئارا ماجىرالىشىپ قېلىشتىن كېلىپ چىققان توقۇنۇش پەرقلەندۈرۈلدى؛ (3) زورلۇق بىلەن قاقتى - سوقتى قىلىپ، بازار زومىگىرى بولۇۋېلىپ، نورمال

سودا تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش قىلمىشى بىلەن ئاز مىقداردىكى پۇل - مالنى تەسادىپىي ئېلىۋېلىشقا ئوخشاش يېنىك قىلمىش پەرقلەندۈرۈلدى؛ (4) ئىنچىكە تۈردە شەھۋانىي سۆزلەرنى، پەسكەش ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ئاياللارنى ھاقارەتلەش ياكى ئاياللارنى كەينىدىن قوغلاپ، ئالدىنى توسۇپ بەتقىلىقلىق قىلىش بىلەن ئەر - ئاياللار ئارا ئۇرۇشۇش - تىللىشىش، ئۆزئارا ئوينىشىشتەك يېنىك قىلمىشلار پەرقلەندۈرۈلدى؛ (5) شەھۋانىي سۈرەت، كىتاب - ژۇرنال، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ئىشلەش ياكى تەشكىللەپ تارقىتىش بىلەن يۇقىرىقىدەك شەھۋانىي بۇيۇملارنى ئاندا - ساندا كۆرۈپ قويۇش، كۆچۈرۈۋېلىش ياكى ساقلاش قىلمىشى پەرقلەندۈرۈلدى.

## 7 § . ئوغرىلىق دېلولىرىنى سوت قىلىش

1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان ئوغرىلىق دېلولىرىدىكى جاۋابكارلاردىن ئۆلۈم جازاسى (ئۆلۈم جازاسىنى كېچىكتۈرۈش)، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، 5 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغىنى 21.44%نى ئىگىلىدى؛ 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغىنى 69.88%نى ئىگىلىدى؛ جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى 7.42%نى ئىگىلىدى؛ گۇناھسىز دەپ جاكارلانغىنى 1.26%نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە قوبۇل قىلىنغان ئوغرىلىق دېلولىرى پۈتكۈل جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ 25.55%نى ئىگىلەپ، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭدا قوبۇل قىلىنغان ئوغرىلىق دېلولىرى: 1950 - يىلى 742، 1951 - يىلى 1958، 1952 - يىلى 1335، 1953 - يىلى 1578 بولدى. كېيىن جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرى زور مىقداردا كۆپىيىپ، 1954 - يىلى قوبۇل قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 72.87% كۆپەيدى، شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان ئوغرىلىق دېلولىرى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.49 ھەسسە كۆپەيدى. 1954 - يىلى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قانات يايدۇرۇلدى، شۇ يىلى 4 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق 11 شەھەرلىك، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئوغرىلىق دېلوسىدىن 523نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتلەنگەن ئوغرىلىق، تەكرار قىلىنغان ئوغرىلىق كۆپ ساننى ئىگىلىدى. ئەيىبكارلار ئىچىدە سەرگەردانلار، ئىشسىزلار، ئاققۇنلار، قورچاق دۈشمەن ھەربىيلەر، ساقچىلار، پومېشچىكلار ۋە باشقا كىشىلەر 68.4%نى ئىگىلىدى. ئۇلار ئېكسپىلاتاتسىيە ئاساسىدىكى پارازىتلىق تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان ياكى لۇكچەكلىك ئادىتىنى يېتىلدۈرۈۋالغاچقا، ھالال ئەمگەك قىلىشنى خالىماي ئوغرىلىق قىلغان. ئوغرىلىق ۋاسىتىسى جەھەتتە، شەھەرلەردە ئادەتتە تام تېشىپ، قۇلۇپ قايرىپ، تۈڭلۈك - دېرىزىلەردىن كىرىپ ئوغرىلىق قىلدى ياكى ئاممىۋى سورۇنلاردا يانچۇقچىلىق قىلدى ۋە ياكى دۆلەت ئىلكىدىكى دۇكان ۋە خۇسۇسىي دۇكانلارغا كىرىپ، كېچىسى باشقۇرغۇچى خادىملار يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوغرىلىق قىلدى؛ يېزىلاردا كۆپىنچە دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئالدىراش بولغان، ئاممىۋى يىغىلىش ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتتا، مال - چارۋا بېقىش ياكى يالغاندىن يول سوراش، تونۇش - بىلىشلەرنى يوقلاش، نەرسە ئىزدەش، تۇغقان يوقلاش نامىدا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوغرىلىق قىلدى؛ ئاز ساندىكىلىرى كۆنلۈك ئىشلەش نامىدا دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانىلارغا سۇقۇنۇپ كىرىپ ئوغرىلىق قىلدى

ياكى ئوغرىلىققا ئىچىدىن ماسلاشتى. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ بولغاچقا، ئوغرى جىنايەتچىلەرنىڭ قاتراپ يۈرۈش دائىرىسى چوڭ، ئۇلار ئاساسلىقى ئاسان ساتقىلى بولىدىغان قول سائىتى، قەلەم، تاۋار - دۇردۇن، كىيىم - كېچەك، قىممەتلىك بۇيۇم قاتارلىق نەرسە - كېرەكلەرنى ئوغرىلىدى. بىر جايدا ئوغرىلىغان هارام مالنى باشقا بىر جايغا ئاپىرىپ ساتتى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان 523 دېلودا جامائەت ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ جەمئىي 173 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى قىممىتىدىكى نەرسە - كېرەكنى ئوغرىلاندى، يۇقىرىقى جىنايەتچىلەردىن ئۆلۈم جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، 5 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى هۆكۈم قىلىنغىنى %17.8 نى ئىگىلىدى، 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى هۆكۈم قىلىنغىنى %68.48 نى ئىگىلىدى، تۇتۇپ تۇرۇلغان، تەنقىد - تەربىيە بېرىلگىنى %17.82 نى ئىگىلىدى، 55 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى قىممىتىدىكى هارام مال قايتۇرۇۋېلىندى.

ئوغرىلىق دېلولىرىدا ئادەتلەنگەن، ئوغرىلىق گۇرۇھىنى تەشكىللىگەن ۋە قورامىغا يەتمىگەنلەرنى ئوغرىلىق قىلىشقا كۈشكۈرتكەن جىنايەتچىلەرگە نۇقتىلىق زەربە بېرىلدى، جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن قايتا ئوغرىلىق قىلغان، تېخنىكا ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ ئوغرىلىق قىلغان، ئوغرىلىغان پۇل - بىساتىنىڭ قىممىتى ئىنتايىن زور بولغان ياكى ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا قانۇن بويىچە ئېغىر جازا بېرىلدى، تەسادىپىي ئوغرىلىق قىلغان، ئاپەتكە ئۇچراپ قارىغۇلارچە شەھەرگە ئېقىپ كىرگەنلەردىن تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوغرىلىق قىلغانلارغا قانۇن بويىچە يېنىك جازا بېرىلدى، قىلمىشى بىر قەدەر يېنىك بولغانلار جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىندى ياكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تەۋسىيە قىلىندى.

1954 -، 1955 - يىللىرىدىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش نەتىجىسىدە جىنايى ئىشلار دېلولىرى ۋە ئوغرىلىق دېلولىرى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى. 1957 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قوبۇل قىلىنغان ئوغرىلىق دېلولىرى 1954 - يىلى قوبۇل قىلىنغان ئوغرىلىق دېلولىرىنىڭ %43.9 ىگە توغرا كېلىپ، %56.1 تۆۋەنلىدى. 1958 - يىلى ئوغرىلىق دېلولىرى يەنە زور مىقداردا كۆپىيىپ، ئازادلىقتىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. 1964 - يىلىدىن كېيىن، تەدرىجىي تۆۋەنلىدى.

1982 - يىلى ئېغىر ئىقتىسادىي جىنايەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلگەندىن بۇيان، ئومۇمنىڭ پۇل - بىساتىنى ئوغرىلاش دېلولىرى ئىزچىل تۈردە قوبۇل قىلىنغان ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرى ئىچىدە بىر قەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلىدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئومۇمنىڭ پۇل - بىساتىنى ئوغرىلاش دېلوسى 384 بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان 707 ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسىنىڭ %54.31 نى ئىگىلىدى. 1985- يىلى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئومۇمنىڭ پۇل - بىساتىنى ئوغرىلاش دېلوسى 576 بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان 955 ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسىنىڭ %60.31 نى ئىگىلىدى، ئوغرىلانغان ئومۇمنىڭ پۇل - بىساتىنىڭ سوممىسى 1984 - يىلى 1 مىليون 302 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق، 1985 - يىلى 1 مىليون 537 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بولدى. دۆلەت ۋە كوللېكتىپقا كەلتۈرگەن زىيان 1984 - يىلى 375 مىڭ يۈەندىن، 1985 - يىلى 1 مىليون 274 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بولدى. ئوغرىلىق جىنايىتى هەم جامائەت مال - مۈلكىگە بولغان ئىگىدارلىق هوقۇقىغا ئېغىر دەخلى - تەرۇز يەتكۈزدى، هەم نورمال جەمئىيەت تەرتىپىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى. شۇڭا ئۇ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىزچىل تۈردە نۇقتىلىق زەربە

بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ بىرى قىلىندى.


1983 - يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق، تېز زەربە بېرىشتە، چوڭ - چوڭ ئوغرىلىق دېلولىرى شۇ قېتىمقى زەربە بېرىشنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتلىرىنىڭ بىرى قىلىندى. ئوغرىلىق گورۇھىنى تەشكىللىگۈچىلەر، ئاساسىي جىنايەتچىلەر شۇنداقلا ئادەتلەنگەن جىنايەتچىلەر، تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرگە قانۇن بويىچە ئېغىر جازا ھۆكۈم قىلىندى. ئالايلۇق، ۋاڭ جۈن بىلەن يەن يۇلياڭ 1980 - يىل 10 - ئايدىن 1984 - يىل 4 - ئايغىچە ياڭ جيەنجۇڭ، گۇڭ يۇڭجۇڭ، ۋاڭ بىن، ۋاڭ جىنۋۇ، لو بوۋېن قاتارلىقلار بىلەن ياڭ جيەنجۇڭ، ۋاڭ بىن بىرلىشىپ سېتىۋالغان «جياڭخۇەي» ماركىلىق گاز ماشىنىنى ئوغرىلىق قىلىشتىكى توشۇش قورالى قىلىپ، ئىشىك قومۇرۇش، قۇلۇپ قايرىش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، كالا، قوي، ۋېلسىپىت قاتارلىق 61 خىل نەرسە - كېرەك ئوغرىلىغان، بۇلارنى باھاغا سۇندۇرۇغاندا، 22 مىڭ 78.75 يۈەنگە يەتكەن (بۇنىڭ ئىچىدە، 14 مىڭ 380 يۈەن قىممىتىدىكى نەرسە - كېرەكنى ئوغرىلاش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان). ئاساسىي جىنايەتچى ۋاڭ جۈنگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى، قالغان جىنايەتچىلەرگە مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. جىنايەتچىلەردىن ئۆزىنى مەلۇم قىلغان، تەشەببۇسكارلىق بىلەن زور مىقداردىكى جىنايەت قىلمىشىنى ئىقرار قىلغان ياكى خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولغانلار كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. ئالايلۇق، ۋاڭ گۇاڭچۈەن بىلەن گو رۇڭ 1983 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بىرلىكتە ئوغرىلىغان 174 يۈەن قىممىتىدىكى تاسما بېلىق، قوي گۆشى، چوشقا گۆشىنى يەپ تۈگەتكەن. 21 - كۈنى بۇ ئىككىسى يەنە شىنجاڭ بىئو خىمىيە دورا زاۋۇتىغا كىرىپ، ۋاڭ گۇاڭچۈەن قارانچۇق بولۇپ، گو رۇڭ ئىشتىن ئىلگىرى تەييارلاپ قويغان بولقا بىلەن مالىيە ئىشخانىسىنىڭ ئىشكى ۋە ئۈستەل تارتمىسىنى ئېچىپ، 5 يۈەن نەق پۇل، «يەنشەن» ماركىلىق بىر ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچ، ئىككى تامغا، 2 پارچە قۇرۇق مېمورال چەك ئوغرىلىغان. ئەتىسى چۈشتىن ئاۋۋال بۇ ئىككى جاۋابكار 2 پارچە مېمورال چەكنى ئىشلىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق تۆرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ سائەت - ئاپپارات زاپچاسلىرى ماگىزىنىدىن 10.984 يۈەن قىممىتىدىكى «مېيىنىڭدا» ماركىلىق «135» نۇرلانغۇچ فوتو ئاپپاراتتىن بىرنى، «چايكا» ماركىلىق فوتو ئاپپاراتتىن بىرنى، رەڭلىك ئاپپارات ئەينىكىدىن بىرنى، ئۈچ پۇتلۇق جازىدىن بىرنى، رەسىم قەغىزىدىن ئىككى قاپ، فىلىيونكىدىن 12نى ئالدامچىلىق بىلەن سېتىۋالغان. 1983 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋاڭ گۇاڭچۈەن ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ ھارام ماللارنى قايتۇرغان. سوت مەھكىمىسى سوت قىلىپ، گو رۇڭ، ۋاڭ گۇاڭچۈەنلەر ئوغرىلىق جىنايىتى شەكىللەندۈرگەن، ۋاڭ گۇاڭچۈەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنى مەلۇم قىلغان، توۋا قىلىش ئىپادىسى بار دەپ قاراپ، قانۇن بويىچە گو رۇڭغا مۇددەتلىك 1 يىل 6 ئايلىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى؛ ۋاڭ گۇاڭچۈەننى جىنايى جازا بېرىشتىن كەچۈرۈم قىلىپ، 70 يۈەن ھارام پۇلنى قالتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

پۈتۈن شىنجاڭدا نەق جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش ئارقىلىق جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئازايدى، ئوغرىلىق دېلولىرى 1985 - يىلى 1983 - يىلدىكىدىن 41% ئازىيىپ، جەمئىيەت تەرتىپى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

1950 — 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە قوبۇل قىلىنغان ئوغرىلىق دېلولىرىنىڭ ئۆرلەش - تۆۋەنلەش ئەھۋالى 3 — 6 - سخېمىدا كۆرسىتىلدى.

**1950 — 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە قوبۇل قىلىنغان ئوغرىلىق دېلولىرىنىڭ ئۆرلەش - تۆۋەنلەش سخېمىسى**

سخېما: 3 — 6



## 8 § . زەھەر دېلولىرىنى سوت قىلىش

شىنجاڭدا ئازادلىقتىن ئىلگىرى نەشە چېكىش ئەھۋالى بىر قەدەر ئېغىر ئىدى. 1950 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «ئەپيۇن چېكىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق»نى ئېلان قىلىپ، زەھەر چىقىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىش، زەھەر ياساش، ئېلىپ سېتىش، چېكىشنى قاتتىق مەنئى قىلدى، خىلاپلىق قىلغۇچىلار قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ جازالاندى. 1951 — 1955 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان زەھەر دېلولىرىدىكى جاۋابكارلاردىن ئۆلۈم جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، مۇددەتلىك قاماق جازاسى ۋە باشقا جىنايى جازا ھۆكۈم قىلىنغىنى %81.03نى ئىگىللىدى. ئىزچىل تۈردە زەھەر ئىشلىگەن ۋە ئېلىپ ساتقانلاردىن مىقدارى ناھايىتى كۆپ، قىلمىشى قەبىھ بولغان چوڭ - چوڭ جىنايەتچىلەرگە ياكى جىنايەتچىلەر گۇرۇھىدىكى باش جىنايەتچىلەرگە ئۇقتىلىق زەربە بېرىلدى. جىنايەت قىلمىشى بىرقەدەر يېنىك بولغانلارغا مۇۋاپىق جىنايى جازا بېرىلدى ياكى قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلدى، ئۇلارنىڭ زەھەر ئېلىپ سېتىشتا ئىشلەتكەن مەبلىغى تارتىۋېلىندى. قىلمىشى بىر قەدەر يېنىك بولغان 382 ئادەم جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىندى، ئۇنىڭدىن باشقا 43 ئادەم گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلدى. شىنجاڭدا زەھەر چېكىش جىنايى ھەرىكىتىگە زەربە بېرىش نەتىجىسىدە، زور بىر تۈركۈم زەھەر چەككۈچىلەر تەل تۆكۈس ئۆزگەرتىلىپ، قايتا زەھەر چەكمەيدىغان قىلىندى. زەھەر چېكىشنىڭ زىيىنىنى تەشۋىق قىلىش ھەمدە تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق، جەمئىيەتتىكى بەزى بەڭگىلەرمۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ زەھەر تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن زەھەر دېلولىرىنىڭ نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، 1956 - يىلى 100 نەچچە دېلوغا چۈشتى، ئۇزۇن ئۆتمەي زەھەر چېكىش ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا نەشە ياساش، ئېلىپ سېتىش ۋە چېكىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار يەنە كۆرۈلدى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا بىر قەدەر ئېغىر بولدى، بەزىلەر نەشىگە خۇمار بولۇپ قېلىپ، زەھەرلەنگەندىن كېيىن نېرۋىسى بۇزۇلۇپ، ئورۇقلاپ، ئەمگەك قىلالماس بولۇپ قېلىپ، ئۆلۈك - تىرىكنىڭ ئارىلىقىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆزىنى نابۇت قىلدى ياكى ئۆلۈۋېلىش يولىغا ماڭدى؛ بەزىلەر ئاڭ جەھەتتىن تۇسالغۇغا ئۇچراپ خاتا سەزگۈگە كىرىپ قېلىپ، روھىي جەھەتتە بۇزۇلدى ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرۈپ، جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن 1982 - يىلى «ئەپيۇن، زەھەرنى قاتتىق مەنئى قىلىش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» چىقارغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، 1984 - يىل 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «نەشىنى تۈپتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق» تارقاتتى. يوليورۇقتا تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك دەپ تەكىتلىدى، نەشە ياساش، ئېلىپ سېتىش، چېكىش بىر خىل جىنايى قىلمىش، ئۇنى قەتئىي ۋە تۈپتىن مەنئى قىلىش كېرەك، زەھەر ياسىغان، ئېلىپ ساتقانلارغا قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك، پايدا ئېلىش مەقسىتىدە ئىزچىل تۈردە كۆپ مىقداردا نەشە ياسىغان، ئېلىپ ساتقانلارنى، باشقىلارنى چېكىشكە ئۆگىتىپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارنى ئەدلىيە تارماقلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىشى كېرەك. نەشە چەككۈچىلەردىن تەربىيە بېرىلسىمۇ تاشلىمىغانلارنى بۇيرۇق بىلەن چەكلىك مۇددەت ئىچىدە

مەجبۇرىي تاشلاتقۇزۇش كېرەك. يوشۇرۇن ئەپيۇنخانا ئاچقان قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنى زەھەر ۋە زەھەر چېكىش سايمانلىرىنى بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە ئۆزلۈكىدىن تاپشۇرۇشقا بۇيرۇش كېرەك، يوشۇرۇپ مەلۇم قىلمىغانلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك، دەپ كەسكىن كۆرسەتتى.

1985 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى بىرلىكتە زەھەر ئېلىپ ساتقان جىنايەتچىلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭدىكى ج خ، تەپتىش، سوت، ئەدلىيە تارماقلىرى بىرلىكتە يۇقىرىقى ئۇقتۇرۇشنى تۆۋەنگە تارقاتتى. ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى يۇقىرىقى ئۇقتۇرۇشنىڭ روھىغا ئاساسەن، زەھەر دېلولىرىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، زەھەر ئېلىپ ساتقان جىنايەتچىلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بەردى. 1983 - يىلى 9 - ئايدا ۋاڭ خۇڭبو 63 سەر ئەپيۇن سېتىۋالغان، 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا ۋاڭ خۇڭبو شېرىكى چېڭ جاۋمىڭ، دۇ شاۋشىڭلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۈرۈمچى ئاممىۋى مېھمانخانا ئالدىدا، خەلق باغچىسىدا ما× كە ئەپيۇننى كۆرسىتىپ، باھاسىنى سۆزلەشكەن، ئاخىرىدا ھەر سەرىنى 210 نەچچە يۈەنگە پۈتۈشۈپ، ما× كە سېتىپ بەركچى بولغان. 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋاڭ خۇڭبۇ ما× كە ئەپيۇننى تاپشۇرۇپ پۇل ئېلىۋاتقاندا نەق مەيداندا تۇتۇلۇپ، 63 سەر ئەپيۇن قولغا چۈشكەن. خەلق سوت مەھكىمىسى زەھەر ئېلىپ سېتىش جىنايىتى شەكىللەندۈرگەن ۋاڭ خۇڭبوغا قانۇن بويىچە مۇددەتلىك 12 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى، چېڭ جاۋمىڭ، دۇ شاۋشىڭلارغا مۇددەتلىك 5 يىللىقتىن قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

## 9 § . خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق دېلولىرىنى سوت قىلىش

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپلا، ئىشنى ئىنقىلابنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورنىتىشتىن باشلاپ، قانۇن قورالى ئارقىلىق، ئىنقىلابىي قوشۇن ئىچىدىكى خىيانەتچى، چىرىك ئۇنسۇرلارنى تازىلىدى ۋە ئۇلارغا زەربە بەردى.

1951 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خىيانەتچىلەرنى جازالاش ۋاقىتلىق نىزامى» سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. ئۇنىڭ 3 - ماددىسىدا تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارغا خىيانەتچىلىك جىنايىتى بېكىتىش بەلگىلەندى:

1. ئومۇمنىڭ پۇل - بىساتىنى كۆپەيتىپ مەلۇم قىلىپ، باشقىلارنىڭ نامىدا ئېلىۋېلىپ، تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىگە قالدۇرۇپ، ئالماشتۇرۇپ ۋە باشقا ئىشقا ئىشلىتىۋېلىپ، شەخسىي پايدا ئېلىش مەقسىتىدە بولغانلار.

2. ئومۇمنىڭ نەرسىسىنى سېتىش - سېتىۋېلىش ياكى قۇرۇلۇش قىلىشتا ساختىلىق قىلغانلار؛

3. ۋەزىپە قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئومۇمنىڭ پۇل - بىساتىنى ئوغرىلىغان ياكى ئېلىۋالغانلار؛

4. قانۇنسىز باج يىغىش، پۇل ۋە نەرسە - كېرەك ئىنئانە ئېلىش داۋامىدا ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرغان ياكى باج يىغىش، پۇل ۋە نەرسە - كېرەك ئىنئانە ئېلىش داۋامىدا ساختىلىق قىلغانلار؛

5. ۋەزىپە قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، قاقتى - سوقتى قىلىپ پۇل ۋە نەرسە - كېرەك ئۈندۈرۈۋالغانلار؛

6. خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ پارا ئالغان ياكى باشقا نامۇۋاپىق مەنپەئەتكە ئېرىشكەنلەر؛

7. ئاساسلىق باشقۇرۇۋاتقان ياكى نازارەت قىلىۋاتقان ئىشلاردا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك پايدا ئېلىش مەقسىتىدە بولغانلار؛

8. باشقا خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرىدا بولغانلار.

4 - ماددىسىدا ئالدىنقى تارماقتا ئېيتىلغان قىلمىشلاردىن بىرىنى سادىر قىلغانلىكى كىشىلەر خىيانەت سوممىسىنىڭ مىقدارى بويىچە، ئەينى چاغدىكى شۇ جايدىكى ئۈن مىقدارىغا سۇندۇرۇپ، تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى:

1. ئۈن مىقدارىغا سۇندۇرغاندا، 1000 جىڭغا توشمىغانلارغا 2 ئايدىن يۇقىرى 2 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ ياكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىدۇ؛

2. ئۈن مىقدارىغا سۇندۇرغاندا، 1000 جىڭدىن يۇقىرى 3000 جىڭغا توشمىغانلارغا بىر يىلدىن يۇقىرى 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛

3. ئۈن مىقدارىغا سۇندۇرغاندا، 3000 جىڭدىن يۇقىرى 7000 جىڭغا توشمىغانلارغا 3 يىلدىن يۇقىرى 8 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛

4. ئۈن مىقدارىغا سۇندۇرغاندا، 7000 جىڭدىن يۇقىرى 11000 جىڭغا توشمىغانلارغا 7 يىلدىن يۇقىرى 12 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛

5. ئۈن مىقدارىغا سۇندۇرغاندا، 11000 جىڭدىن يۇقىرى بولغانلارغا 10 يىلدىن يۇقىرى 15 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

«نىزام»دا يەنە، خىيانەت قىلغانلاردىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن بىرىنى سادىر قىلغانلىكى كىشىلەرگە ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەندى:

1. پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنلەر؛

2. ئاممىنىڭ كۆرەش مېۋىسىنى يۇتۇۋالغانلار؛

3. ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ياكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلىدىغان پۇلنى يەۋالغانلار؛

4. كوللېكتىپ خىيانەت قىلغانلار ئىچىدىكى باش ئۇنسۇرلار؛

5. دۆلەت ۋە جەمئىيەت قۇرۇلۇشىغا بىر قەدەر زور زىيان سالغانلار؛

6. تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر.

خىيانەتچىلىك قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر ياكى قوشۇمچە باشقا ئېغىر جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلەرگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىدى.

نىزام ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئىنتىزامى كۈچەيتىلدى، جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىلىپ، چىرىكلىك ئەھۋاللىرى تۈگىتىلدى.

1951 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1952 - يىلغىچە شىنجاڭدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىغا

ئوخشاش «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) ۋە «بەشكە قارشى تۇرۇش» (پارە بېرىشكە، باج ئوغرىلاش - باج قاچۇرۇشقا، دۆلەت مال - مۈلكىنى ئوغرىلاشقا، قۇرۇلۇش قىلغاندا ساختىلىق قىلىشقا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئوغرىلاشقا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ بىر قېتىملىق قانۇنسىز بۇرژۇئا ئۇنسۇرلىرىنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈش، كونا جەمئىيەتنىڭ قالدۇق زەھەرلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلاشتىكى ئۇلۇغۋار ئىجتىمائىي ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى بولدى.

1952 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىيانەتچىلەرنى جازالاش نىزامى» دا بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانىلار، مەكتەپلەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئاپپاراتلارنىڭ خادىملىرىدىن دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى يۇتۇۋېلىش، ئوغرىلاش، ئالداپ ئېلىۋېلىش، تارتىۋېلىش، باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى مەجبۇرىي ئېلىۋېلىش، پارىخورلۇق قىلىش شۇنداقلا ئومۇمنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، قانۇنسىز پايدا ئېلىش قىلمىشىدا بولغانلىرىغا خىيانەتچىلىك جىنايىتى بېكىتىلىپ، قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ جىنايى جازا بېرىلىدۇ ياكى مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

دۆلەت خىزمەتچىسى بولمىغانلاردىن دۆلەت خىزمەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ خىيانەت قىلغان، دۆلەت مال - مۈلكىنى يۇتۇۋالغان، ئوغرىلىغان، ئالداپ ئېلىۋالغان ياكى قاقتى - سوقتى قىلغان، شەخسىي پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى سېتىۋالغان، ئوغرىلىغان شۇنداقلا دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە پارا بەرگەن، پارا بەرگۈچىلەرنى تونۇشتۇرغانلارغىمۇ قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ جازا بېرىلدى. 1952 - ، 1953 - يىللىرى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى خىيانەتچىلىك، مەسئۇلىيەتسىزلىك دېلوسىدىن 1296نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى.

1960 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى كۆرەشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە يوليورۇق» چىقىرىپ، يېڭى «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. 1963 - يىلى 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېڭى «بەشكە قارشى تۇرۇش» (خىيانەتچىلىك - ئوغرىلىققا، ھايانكەشلىككە، ئىسراپچىلىققا، چېچىلاڭغۇلۇققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدە يوليورۇق چىقاردى، كېيىن يەنە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ھەرىكەت داۋامىدا خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق قىلغان ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەر پاش قىلىنىپ، ئۇلارغا قانۇن بويىچە جازا بېرىلدى. قەشقەر 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى لى جىڭ 1955 - يىلى 6 - ئايدىن 1960 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئومۇمنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلىپ ۋە ھايانكەشلىك قىلىپ، 20 نەچچە مىڭ يۈەن پايدىغا ئېرىشكەن، خىيانەت قىلماقچى بولۇپ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان سومما مىقدارى 17 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بولغان، دۆلەتنىڭ 20 مىڭ جىڭ ئاشلىقىنى ئالداپ سېتىۋالغان، ئۇنىڭغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. يۇقىرىقى ھەرىكەتلەر ئارقىلىق، خىيانەتچىلىك زور دەرىجىدە ئازايدى. 1980 - يىلدىن كېيىن، قوبۇل قىلىنغان خىيانەتچىلىك دېلولىرى كۆپەيدى، 1981 - يىلى 90 دېلو قوبۇل قىلىنىپ، 89ى

ئاياغلاشتۇرۇلدى؛ 1982 ـ يىلى 142 دېلو قوبۇل قىلىنىپ، 149ى ئاياغلاشتۇرۇلدى؛ 1983ـ
يىلى 249 دېلو قوبۇل قىلىنىپ، 239ى ئاياغلاشتۇرۇلدى؛ 1984 ـ يىلى 218 دېلو قوبۇل
قىلىنىپ، 226سى ئاياغلاشتۇرۇلدى؛ 1985 ـ يىلى 270 دېلو قوبۇل قىلىنىپ، 262سى
ئاياغلاشتۇرۇلدى. 50 ـ يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا، 80 ـ يىللاردا خىيانەتچىلەرنىڭ خىيانەتچە-
لىك قىلىش مەزمۇنى، ۋاسىتىسى جەھەتتە زور ئۆزگىرىش بولدى، بۇنىڭ ئىپادىسى: (1)
دۆلەتنىڭ كىرىدىت تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، كىرىدىت پۇلى خىيانەتچىلىكنىڭ ئوبيېك-
تى بولۇپ قالدى؛ (2) ئومۇمنىڭ پۇلىنى باشقا ئىشقا يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش ۋاستە قىلىنغان
خىيانەتچىلىك جىنايىتى كۆپلەپ يۈز بەردى؛ (3) يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىنغان ئومۇمنىڭ پۇل -
مۈلكىنى ئۆزى ئىشلىتىپلا قالماستىن، باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە يۆتكەپ بېرىش ئەھۋاللىرىمۇ
كۆپلەپ يۈز بەردى؛ (4) بەزى جىنايەتچىلەر رەسمىيەت ھەققى ئېلىش، شىرىنكانە ئېلىش،
مۇكاپات سوممىسى تارقىتىش قاتارلىقناملار بىلەن، دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكىگە
خىيانەت قىلدى. خىيانەتچىلىك دېلولىرىنىڭ زور مىقداردا كۆپىيىشى ۋە خىيانەتچىلىك سوممىسى
كۆپ بولغان دېلولارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، دۆلەت ۋە كوللېكتىپقا سالغان زىيان ئۈزلۈكسىز
كۆپەيدى. 1985 ـ يىلى شىنجاڭدا سوت قىلىنىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان خىيانەتچىلىك جىنايىتى دۆلەت
ۋە كوللېكتىپنى 566 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراتتى، بۇ 1984 ـ يىلدىكى
489 مىڭ يۈەندىن %15.85 كۆپەيدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى «جىنايى ئىشلار قانۇنى»
غا ۋە 1982 ـ يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتى ئېلان قىلغان ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشكە
ئالاقىدار قارارلارغا ۋە 1985 ـ يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش
مەھكىمىسىنىڭ «نۆۋەتتە ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىنى بېجىرىشتە قانۇننى كونكرېت تەتبىقلاش-
تىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا جاۋاب (سىناق نۇسخىسى)»قا ئاساسەن، دېلولارنى سوت
قىلىپ، خىيانەتچىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىش داۋامىدا، خىيانەتچە-
لىك جىنايىتى بىلەن جىنايەت ئەمەسلىكىنىڭ چەك - چېگرىسىگە دىققەت قىلدى. خىيانەتچىلىك
جىنايىتى شەكىللىنىشتە بىرلا ۋاقىتتا تۆۋەندىكى ئۈچ ئالاھىدىلىك ھازىرلىنىشى شەرت: (1)
خىيانەتچىلىك جىنايىتىنىڭ سۇبيېكتى دۆلەت خادىملىرى، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار-
نىڭ خادىملىرى ياكى ھاۋالە بويىچە ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان باشقا خادىملار بولۇشى
شەرت؛ (2) خىيانەتچىلىك جىنايىتى ئوبيېكتىپ ئىپادىسى — ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدى-
لىنىپ، ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى يۇتۇۋېلىش، ئوغرىلاش، ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىنى قوللى-
نىپ قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش قىلمىشى بولۇش شەرت؛ (3) خىيانەتچىلىك جىنايىتىنىڭ دەخلى-
تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى جامائەتنىڭ مال - مۈلكى بولۇشى، يەنە كېلىپ مۇئەييەن مىقدارغا يەتكەن
بولۇشى شەرت. مەلۇم بىر جەھەتتىكى شەرت كەمچىل بولسا، خىيانەتچىلىك جىنايىتى شەكىللەن-
مەيدۇ. ئادەتتە خىيانەتچىلىك جىنايىتى بىلەن جىنايەت ئەمەسلىكىنىڭ چەك - چېگرىسىنى
تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتىن ئايرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك: (1) خىيانەتچىلىك جىنايىتى بىلەن
ئادەتتىكى ئومۇمغا زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆزى نەپ ئېلىش قىلمىشىنىڭ چەك - چېگرىسىنى

ئېنىق ئايرىش؛ (2) خىيانەتچىلىك جىنايىتى بىلەن ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىشنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش. ئومۇمنىڭ پۇلىنى شەخسىي ئىشلىتىۋېلىشنى خىيانەتچىلىك جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىدا، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئادەتتە مۇنۇ پرىنسىپلار ئىگىلەندى: (1) ئومۇمنىڭ پۇلىنى شەخسىي ئىشلىتىۋالغانلاردىن سوممىسى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، 6 ئايغىچە قايتۇرمىغانلار خىيانەتچىلىك جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى؛ (2) ئومۇمنىڭ پۇلىنى شەخسىي ئىشلىتىۋالغانلاردىن سوممىسى ناھايىتى كۆپ بولغانلار ئىشلەتكەن ۋاقتى 6 ئايدىن ئاشقان - ئاشمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خىيانەتچىلىك جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. دېلو پاش بولۇشتىن ئىلگىرى قايتۇرۇپ بېرىپ، دۆلەت ۋە كوللېكتىپقا ئېغىر زىيان كەلتۈرمىگەنلەر ئادەتتە خىيانەتچىلىك جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنمىدى؛ (3) ئومۇمنىڭ پۇلىنى شەخسىي ئىشلىتىۋېلىپ ھايانكەشلىك، ئەتكەسچىلىك، قىمارۋازلىق قاتارلىق قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن سومما مىقدارى بىر قەدەر كۆپ بولغانلار ئىشلىتىۋالغان ۋاقتى 6 ئايدىن ئاشقان - ئاشمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خىيانەتچىلىك جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. قانۇنسىز ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ باشقا جىنايەتلەرنى شەكىللەندۈرگەنلەرگە قانۇن بويىچە بىر نەچچە جىنايەت قوشۇپ جازا بېرىلدى. دېلو پاش بولۇشتىن ئىلگىرى قايتۇرغان، ئىشلىتىۋالغان ۋاقتى بىرقەدەر قىسقا بولۇپ، زىيىنى زور بولمىغانلار جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىندى. (4) دۆلەت خادىملىرىدىن كرېدىت باشقۇرۇش قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، باشقىلارنىڭ نامىنى ئوغرىلىقچە قوللىنىپ قەرز پۇل ئالغان، ساختىلىق قىلىپ يالغان نام بىلەن قەرز پۇل ئالغان، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ باشقىلارغا قەرز پۇل ئالدۇرغان ياكى قەرز پۇل بېجىرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم قەرز پۇلنى تۇتۇپ قېلىپ شەخسىي ئىشلىتىۋالغانلارمۇ ئومۇمنىڭ پۇلىنى شەخسىي ئىشلىتىۋالغانلارغا كىرگۈزۈلدى. بۇلاردىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان 1 -، 2 -، 3 - تارماقتىكى جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۆلچىمىگە يەتكەنلەر خىيانەتچىلىك جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى ھەمدە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ تارماقتىكى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىندى؛ (5) ئومۇمنىڭ پۇلىنى شەخسىي ئىشلىتىۋېلىپ پايدا ئېلىش ھەرىكىتى ياكى قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان 2 -، 3 - تارماقتىكى ئۆلچەمگە يەتكەنلەر خىيانەتچىلىك جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. ئومۇمنىڭ پۇلىنى شەخسىي ئىشلىتىۋالغانلاردىن خىيانەتچىلىك جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغانلارنىڭ دېلولىرىدا، ئىشلىتىۋېلىنغان سومما مىقدارىنى ھېسابلاش ئۆلچىمى ئادەتتە خىيانەتچىلىك جىنايىتىنىڭ سومما مىقدارىنى ھېسابلاش ئۆلچىمىدىن يۇقىرى بولدى يەنى ئىشلىتىۋېلىنغان سومما مىقدارى 5000 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە بولسا، بۇ «سومما مىقدارى كۆپرەك» بولۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىندى، ئىشلىتىۋېلىنغان سومما مىقدارى 50 مىڭ يۈەن بولسا، بۇ «سومما مىقدارى ناھايىتى كۆپ» بولۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىندى. ئىشلىتىۋېلىنغان سومما مىقدارى 100 مىڭ يۈەندىن 200 مىڭ يۈەنگىچە بولسا، بۇ «سومما مىقدارى پەۋقۇلئاددە كۆپ» بولۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىندى.

1984 -، 1985 - يىللىرى سوت قىلىنغان خىيانەتچىلىك دېلولىرىدا، ئۆلۈم جازاسىنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ۋە 5 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق

جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر خىيانەتچىلىك جىنايىتى بويىچە جازا ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ 23.5%نى ئىگىلىدى. 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، جازاسىنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش، جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىشقا ھۆكۈم قىلىنغانلار 76.5%نى ئىگىلىدى. قاراقاش ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى 47 - تۈەن پوچتىخانىسىنىڭ تىجارەتچىسى يۈ يۈچى 1984 - يىلى خىزمىتىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ 103 مىڭ يۈەن پېرېۋوت پۇلىغا خىيانەت قىلغان، 3000 يۈەن پارە ئالغان (پۇلغا سۇندۇرۇلغان نەرسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، سومما مىقدارى پەۋقۇلئاددە كۆپ، قىلمىشى ئېغىر بولغاچقا، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ھۆكۈم قىلىندى.

1984 - يىلدىن كېيىن، پارا بېرىش، پارا ئېلىش دېلولىرى ئاز - تولا ئۆرلەپ قالدى. 1983 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 12 دېلو قوبۇل قىلىندى، 1985 - يىلى 23كە ئۆرلىدى. ناتوغرا ئىستىلنىڭ چىرىتىشى تەسىرىدىن، بۇنداق دېلولاردا داۋاملىق ئۆرلەش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. پارا بېرىش، پارا ئېلىش دېلولىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى: 1) ۋاسىتىسى كۆپ خىل بولۇش. (1) رەسمىيەت ھەققى، شىرىنكانە شەكلىدە پارا بېرىش، پارا ئېلىش؛ (2) قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش، مەھسۇلات سېتىش داۋامىدا مۇكاپات پۇلى ۋە ئاتالمىش «ئەمگەك ھەققى» شەكلىدە پارا بېرىش، پارا ئېلىش؛ (3) قانۇنىي ئىگىلەر پارا بېرىش، پارا ئېلىش ئەھۋالى ئۈزلۈكسىز كۆرۈلدى. 2) بەزى پارا بېرىش، پارا ئېلىش ئەھۋاللىرى ئاشكارە شەكىلدە كۆرۈلدى. جەمئىيەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى باھانە قىلىپ، خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشقا قولايلىق يارىتىش مەقسىتىدە (ئەمەلىيەتتە شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ) ئاشكارە پارا بېرىش؛ ياكى بەزى ئىشلارنى بېجىرىشكە ياردەملىشىشتە، پۇل ئارقىلىق مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ئاشكارە پارا ئېلىش ئەھۋالى كۆرۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارا بېرىش، پارا ئېلىش جىنايەتلىرىنى سوت قىلىشتا، پارىخورلۇق جىنايىتى بىلەن جىنايەت ئەمەسلىكنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىشقا دىققەت قىلدى. ئىقتىسادىي ئالاقە داۋامىدا دۆلەت خادىملىرى، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ خادىملىرى ياكى ھۆكۈمەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان باشقا خادىملار خىزمەت ھوقۇقىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، باشقىلارنى قانۇنسىز مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، «رەھمەت پۇلى»، «رەسمىيەت ھەققى»، «پىرسەنت ئاجرىتىش»، «شىرىنكانە» قاتارلىق ناملار بىلەن نەرسە - كېرەك ئالسا ياكى قوبۇل قىلسا، ياكى ناچارنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىش، ساختىنى جىن قىلىپ كۆرسىتىش، ئازنى كۆپ مەلۇم قىلىش، كۆپنى ئاز مەلۇم قىلىش، ماددىي بۇيۇملارنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش ياكى تۆۋەنلىتىش، قۇرۇلۇش تەننەرخىنى ئۆستۈرۈش، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىشكە ئوخشاش ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ باشقىلارنى قانۇنسىز مەنپەئەتكە بىرلەشتۈرۈپ، «رەھمەت پۇلى» قاتارلىق ناملار بىلەن ھارام مال ئالسا ياكى قوبۇل قىلسا، پارىخورلۇق جىنايىتى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. 1982 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەت خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئىقتىسادتا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدا قارار»ىنىڭ 1 - ماددا 2 - تارمىقىدا: «جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 185 - ماددا 1 - تارمىقى


ۋە 2 ـ تارمىقىدىكى پارا ئېلىش جىنايىتىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، دۆلەت خادىملىرىدىن پارا تەلەپ قىلغان، پارا ئالغانلار جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 155 ـ ماددىسىغا سېلىشتۇرۇپ، خىيانەتچىلىك جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەندى»، پارا ئېلىش جىنايىتى شەكىللىنىشىنىڭ سومما مىقدارى ئۆلچىمى شەخسلەرنىڭ 2000 يۈەن بولدى. شەخسلەرنىڭ پارا ئالغان سومما مىقدارى 2000 يۈەنگە يەتمىگەن بولسا، قىلمىشىغا قاراپ بېكىتىلدى. قىلمىشى بىر قەدەر ئېغىر بولغانلار پارە ئېلىش جىنايىتى شەكىللەندۈرگەن ھېسابلاندى، قىلمىشى كۆرۈنەرلىك ھالدا يېنىك بولغانلار پارا ئېلىش جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنماستىن، مەسئۇل تارماقلار تەرىپىدىن ئەھۋالغا قاراپ مەمۇرىي چارە كۆرۈلدى. سوت قىلىش داۋامىدا پارا ئېلىش جىنايىتى بىلەن ئادەتتىكى پارا ئېلىش قىلمىشى پارا ئېلىش قىلمىشى جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈلدى، بولۇپمۇ قىلمىشىنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن تۆۋەندىكى بىر نەچچە چەك ـ چېگرىنى ئايرىشقا دىققەت قىلىندى: (1) پارا ئېلىش قىلمىشى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوستلار ئارا ھەدىيە قىلىش ھەرىكىتىنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئايرىش؛ (2) پارا ئېلىش قىلمىشى بىلەن ئەقىلگە مۇۋاپىق ھەق ئېلىشنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئايرىش؛ (3) پارا ئېلىش قىلمىشى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىلنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئايرىش. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا ـ كەسپىي ئورۇنلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ئەقىلگە مۇۋاپىق ياكى قانۇنسىز ئىقتىسادىي پائالىيەت داۋامىدا، تۈرلۈك ناملار بىلەن پارا ئالغان ياكى پارا قوبۇل قىلغان بولسا، بۇنداق دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ «نۆۋەتتە ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىنى بېجىرىش داۋامىدا قانۇننى كونكرېت تەتبىقلاشقا ئائىت بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا جاۋاب (سىناق نۇسخىسى)»دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىندى: (1) ئورۇننىڭ ئاساسلىق مەسئۇل خادىمى ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلار-دىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرۇپ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنىڭ پارا ئالغان بارلىق نەرسە ـ كېرەكلىرى مۇسادىرە قىلىنغاندىن سىرت، ئاساسلىق مەسئۇل خادىم ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلارنىڭ پارا ئېلىش جىنايىتىدىكى جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلدى. (2) ئورۇنلار-دىن ئەتكەسچىلىك، ھايانكەشلىك قاتارلىق قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ ياكى قانۇنسىز مەنپەئەتكە ئېرىشىش مەقسىتىدە پارا ئالغان ۋە پارا بەرگەن، سومما مىقدارى ناھايىتى كۆپ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنىڭ پارا ئالغان بارلىق نەرسە ـ كېرەكلىرى مۇسادىرە قىلىنغاندىن سىرت، ئاساسلىق مەسئۇل خادىم ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلارنىڭ پارە ئېلىش جىنايىتىدىكى جىنايى جاۋابكار-لىقى سۈرۈشتۈرۈلدى. (3) ئورۇن قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانمىغان ياكى بىۋاسىتە مەسئۇل خادىم ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلار ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرمىغان بولسا، مەسئۇل تارماق مەزكۇر ئورۇننىڭ نامۇۋاپىق كىرىمىنى مۇسادىرە قىلدى ھەمدە ئەھۋالغا قاراپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل خادىمىغا مەمۇرىي جازا بەردى.

1983 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە، شىنجاڭ بويىچە بۇنداق جىنايەتچى 35 بولۇپ، 21نگە مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى؛ 14ى باشقىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

1950 — 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان خىيانەتچىلىك دېلولىرىنىڭ تۈرلەش ـ تۆۋەنلەش ئەھۋالى 3 — 7 ـ سخېمىدا كۆرسىتىلدى.

### 1950 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان خىيانەتچىلىك دېلولىرىنىڭ ئۆرلەش - تۆۋەنلەش سخېمىسى

سخېما: 3 — 7



# 10 § . ئالدامچىلىق دېلولىرىنى سوت قىلىش

1985 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئومۇمنىڭ مال ـ
مۈلكىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش دېلوسىدىن 57نى سوت قىلدى، ئالدامچىلىق دېلوسى 1984 ـ
يىلىدىكى 45 دېلودىن %66 . 26 كۆپەيدى، ئالدامچىلىق دېلوسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى: قوبۇل
قىلىنغان دېلو كۆپەيدى، ئالدامچىلىق سوممىسىنىڭ مىقدارى ناھايىتى كۆپ، ۋاستىسى خىلمۇ
خىل، ئىجتىمائىي خەۋپى زور بولدى. ئاساسلىق ئىپادىسى: (1) جىنايەتچىلەر ئىقتىسادىي
توختام شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق جىنايى ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. جىنايەتچىلەر قانۇن-
لۇق بولۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، يالغان ئىسپات، يالغان خىزمەت كىنىشكىسى، يالغان
توختام ياساپ، ۋە ساختا دىرېكتور، زاۋۇت باشلىقى بولۇۋېلىپ ئالدامچىلىق قىلدى. ئۇلار
ھەمىشە قانۇنىي ئىگە تەشكىلاتلارنى ئالداش ئوبيېكتى قىلدى. ئالداپ ئېلىۋالغان كۆپ مىقدارىدى-
كى پۇلنى ھەدەپ بۇزۇپ ـ چېچىپ، دۆلەتكە، كوللېكتىپقا تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان زىيانلار-
نى سالدى. (2) بىرىنچىدىن، مەبلىغى يوق، ئىككىنچىدىن، مۇقىم كەسپىي خادىملىرى يوق،
ئۈچىنچىدىن، تىجارەت سورۇنى يوق، تۆتىنچىدىن، مال مەنبەسى يوق «قويمىچىلىق شىركىتى»
كۆپلەپ پەيدا بولدى. بۇ شىركەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا قاتتىق تەستىقلاش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى-
نىڭ كەمچىل بولغانلىقى سەۋەب بولدى. «قويمىچىلىق شىركىتى» ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق بولۇش
سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەدەپ ئالدامچىلىق قىلىپ، قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىپ،
ناھايىتى كۆپ ياكى پەۋقۇلئاددە كۆپ مىقداردىكى پۇلنى ئالداپ كەتتى.

بۇنداق دېلولارنى سوت قىلىش داۋامىدا، ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى تۆۋەندى-
كى سىياسەت چەك ـ چېگرىسىغا دىققەت قىلدى: 1) ئالدامچىلىق جىنايىتى بىلەن ئادەتتىكى
ئالدامچىلىق قىلمىشىنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىدى. ئومۇمنىڭ ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ
500 يۈەندىن ئارتۇق پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالغان بولسا، ئادەتتە «سومما مىقدارى بىر قەدەر كۆپ»
دەپ قاراپ، جىنايەت شەكىللەنگەن دەپ ھېسابلىدى. گەرچە ئالدامچىلىق سوممىسىنىڭ مىقدارى
«بىر قەدەر كۆپ» بولۇش دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولسىمۇ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنى ئالدامچى-
لىق جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. 2) ئالدامچىلىق جىنايىتى بىلەن باشقىلارغا ۋاكالىتەن
مال سېتىۋېلىپ، مال پۇلىنى ئارقىغا سۈرەپ ۋاقتىدا بەرمەسلىك قىلمىشىنىڭ چەك ـ چېگرىسى-
نى ئېنىق ئايرىدى. 3) ئالدامچىلىق جىنايىتى بىلەن كرېدىت ھەرىكىتىنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى
ئېنىق ئايرىدى. ئەگەر مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋاقتىدا قايتۇرالمىغان، ئۆزى تېنىۋالمىغان،
يەنە ساختىپەزلىك قىلىپ باشقىلارنى ئالدىمىغان بولسا، ئالدامچىلىق جىنايىتى شەكىللەنمىگەن
دەپ قارىدى. تۆلەش ئىقتىدارى، تۆلەش نىيىتى يوقلارنى ئالدامچىلىق جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ
قىلدى. 4) ئالدامچىلىق بىلەن ئىقتىسادىي توختام ماجىراسىنىڭ چەك- چېگرىسىنى ئېنىق
ئايرىدى، بۇنىڭدا ئادەتتە تۆۋەندىكى پرىنسىپلارنى ئىگىلىدى: (1) شەخس ئۆزىنىڭ توختامنى
ئادا قىلىش ئەمەلىي ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ ياكى باشقىلارغا كېپىل بولۇپ،
مال ـ مۈلۈكنى ئالداپ ئېلىۋېلىش مەقسىتىدە ئالدامچىلىق ۋاستىسىنى قوللىنىپ باشقا ئورۇن،
ئىقتىسادىي تەشكىلات ياكى شەخسلەر بىلەن توختام تۈزۈپ، سومما مىقدارى بىر قەدەر كۆپ بولغان
مال ـ مۈلۈكنى ئالداپ ئېلىۋالغان بولسا، ئالدامچىلىق جىنايىتى بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقنى
سۈرۈشتۈردى؛ (2) توختامنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغان دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلار

ياكى كوللېكتىپ تەشكىلاتلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلىرى مال - مۈلۈكنى ئالداپ ئېلىۋېلىش مەقسىتىدە ئالدامچىلىق ۋاستىسى قوللىنىپ، باشقا ئورۇنلار ياكى شەخسلەر بىلەن توختام تۈزۈشۈپ، سومما مىقدارى بىر قەدەر كۆپ مال - مۈلۈكنى ئالداپ ئېلىۋېلىپ، قارشى تەرەپنى ئېغىر ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراتقان بولسا، ئالدامچىلىق جىنايىتى بويىچە ئاساسلىق مەسئۇل ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلارنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈردى.

1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ئالدامچىلىق دېلوسىدىن 175ى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلدى.

## § 11 . ھايانكەشلىك دېلولىرىنى سوت قىلىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھايانكەشلىك جىنايىتىگە زەربە بېرىلگەن بولسىمۇ، تۈپتىن تۈگىتىلمەي، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە، ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» غىچە بولغان ئارىلىقتا، ھايانكەشلىك قىلمىشى ئاساسلىقى بازارنى ئىگىلىۋېلىش، بېسىمدارلىق قىلىش، مال باھاسىنى ھەدەپ ئۆستۈرۈۋېلىش، قاراڭغۇ بازار سودىسى قىلىش، كۆپ پايدا ئېلىش، ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى ھايىنىغا سېتىش؛ ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىپ ماتېرىيال ئوغرىلاش، ساختا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇش، ئالداملىق قىلىپ مەنپەئەتكە ئېرىشىش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەندى. 80 - يىللارغا كەلگەندە، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ھايانكەشلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولدى: (1) كۆپ خىل باھا، كۆپ خىل تەڭشەش ۋاستىسىدىكى يوچۇقتىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ھايىنىغا سېتىش. مەسىلەن: شىنجاڭ «55» دېھقانچىلىق، سانائەت - سودا بىرلەشمە كارخانىسى ئۈچۈر - تەرەققىيات شىركىتى مەسئۇل تارماقنىڭ تەستىقىنى، تىجارەت كېنىشكىسىنى ئالماي قۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا تىجارەت پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. شىركەت دىرېكتورى گاۋ باۋدې، ۋاڭ گېنجىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ھايىنىغا سېتىپ، شىنجاڭ 2 - ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىدىن سېتىۋالغان 38 - نومۇرلۇق «ئازاد» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلىنى 4000 يۈەن باھا قوشۇپ باشقىلارغا سېتىپ، ئارىدىن كۆپ پايدا ئالغان. (2) ھۆددىگە ئالغان قۇرۇلۇشنى باشقىلارغا قانۇنسىز ھۆددىگە بېرىپ، ئارىدىن كۆپ پايدا ئېلىش. (3) «قويىمچىلىق شىركىتى» قۇلدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ ھايىنىغا سېتىپ، قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىش. (4) ئىقتىسادىي توختاملارنى سېتىپ ۋە قانۇنسىز ئۆتنۈپ بېرىپ، ئارىدىن كۆپلەپ پايدا ئېلىش.

جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى بۇ خىل دېلولارنى سوت قىلغاندا، ئومۇمەن مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئىگىلىدى: (1) دۆلىتىمىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدىكى قانۇن، سىياسەت بەلگىلىمىلىرىنى ئاساس قىلدى. ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى زور دەرىجىدە تەڭشىدى، ئىلگىرى ھايانكەشلىك دەپ قارالغان بەزى ھەرىكەتلەر، ئالايلۇق ئۆزئۆزۈن يولدا توشۇش، ئاز ساندا ئىشچى

ياللاش، قۇرۇلۇشنى شەخسىي ھۆددىگە ئېلىش قاتارلىقلار سىياسەت يول قويىدىغان، قانۇن ئارقىلىق قوغدىلىدىغان قانۇنلۇق ھەرىكەت دەپ قارىلىدىغان بولدى. (2) ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ھەرىكەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى جانلاندۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق - پايدىلىق ئەمەسلىكىگە قارالدى، ئەگەر شۇلارغا پايدىلىق بولۇپ، بەزى جەھەتلەردىن سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىنغان بولسىمۇ، ئادەتتىكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى ياكى خاتا قىلمىشقا كىرگۈزۈلۈپ، ھايانكەشلىك جىنايىتى دەپ قارالمايدىغان بولدى.

1985 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى «نۆۋەتتە ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىنى بىجىرىشتە، قانۇننى كونكرېت تەتبىقلاشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا جاۋاب (سىناق نۇسخىسى)»نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، نۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل قىلمىشنى ھايانكەشلىك قىلمىشىغا كىرىدۇ دەپ قارىدى:

1. دۆلىتىمىز ئەركىن ئېلىپ سېتىشقا يول قويمايدىغان ماددىي ئەشيالار (جۈملىدىن بۇ ماددىي ئەشيالارنىڭ كۆرسەتكۈچى، توختام، مال ئېلىش دوكۇمېنتى، ۋاكون كۆرسەتكۈچى قاتارلىقلار)نى ھايىنغا سېتىش. مەسىلەن: دۆلىتىمىز ئەركىن تىجارەت قىلىشقا يول قويمايدىغان مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە قىس، چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ھايىنغا سېتىش؛ دۆلىتىمىز بازارغا سېلىشنى مەنئى قىلغان ماددىي ئەشيالارنى ھايىنغا سېتىش؛ دۆلىتىمىز مەخسۇس ئورۇنلارنىڭ تىجارەت قىلىشىنى بېكىتكەن ماددىي ئەشيالار، مەسىلەن: ئوت ئالدۇرغۇچى سانائەت مەھسۇلاتلىرى (خەلق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان پارتلاتقۇچ دورا، مىلتىق دورىسى قاتارلىقلار)، ھەربىي سانائەت مەھسۇلاتلىرى، تەبىئىي ئالماس، ناركوز دورىسى، زەھەرلىك چەك قويۇلىدىغان ئۆتكۈر دورا قاتارلىقلارنى ھايىنغا سېتىش.

2. تاشقى پېرېۋوت (جۈملىدىن چەت ئەل پۇلى، تاشقى پېرېۋوت ئالماشتۇرۇش چېكى، تاشقى پېرېۋوت كۆرسەتكۈچى)نى ھايىنغا سېتىش.

3. ئالتۇن - كۈمۈش (جۈملىدىن ھەرخىل ھالەتتىكى ئالتۇن - كۈمۈش ۋە يامبۇ)نى ھايىنغا سېتىش؛ ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملىرىنى، ئالتۇن - كۈمۈش ئەسۋابلار، ئالتۇن - كۈمۈش ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى ھايىنغا سېتىش.

4. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى (بۇ تارىخ، سەنئەت، ئىلىم - پەن قىممىتىگە ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ)نى ھايىنغا سېتىش.

5. دۆلىتىمىزنىڭ باھا بەلگىلىمىسى (جۈملىدىن دۆلىتىمىز بېكىتكەن تۇراقسىز باھا)گە خىلاپلىق قىلىپ، مال باھاسىنى ھە - ھۇ بىلەن ئۆستۈرۈپ، بازار تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئارىدىن كۆپ پايدا ئېلىش.

6. ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت داۋامىدا ناچارنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىش، ئازنى كۆپ قىلىپ كۆرسىتىش، ساختا نەرسىلەر بىلەن راس نەرسىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش، ساختا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇش.

7. چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىپ سېتىلىدىغان تاۋارلارنى ئېكسپورت قىلماي، دۆلەت ئىچىدە قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ ھايىنغا سېتىش.

8. قانۇنسىز ھالدا ھايانكەشلىك قىلمىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنى ئىسپات خېتى، تالون، توختامنامە، بانكا ھېسابات نومۇرى، چەك، نەق پۇل ياكى باشقا قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئاردىن پايدا ئېلىش.

ھايانكەشلىك قىلغانلاردىن قىلمىشى بىر قەدەر يېنىك بولغانلارغا ئالاقىدار مەسئۇل تارماق قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆردى؛ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، جىنايەت شەكىللەندۇرگەنلەرگە ھايانكەشلىك جىنايىتى بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جىنايى جازا ھۆكۈم قىلىندى. جىنايەت بىلەن جىنايەت ئەمەسلىكنى پەرقلەندۈرۈش جەھەتتە، ئادەتتە تۆۋەندىكى بىر نەچچە كونكرېت چەك - چېگرىنى ئايرىشقا دىققەت قىلىندى: (1) ھايانكەشلىك قىلمىشى بىلەن قانۇنلۇق تىجارەت ھەرىكە- تىنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىش؛ (2) ھايانكەشلىك قىلمىشى بىلەن ئادەتتىكى سودا - سانائەت، بازار باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىش؛ (3) ھايانكەشلىك جىنايىتى بىلەن ئادەتتىكى ھايانكەشلىك قىلمىشىنىڭ چەك - چېگرى- سىنى ئايرىش.

ھايانكەشلىك قىلمىشىدا «قىلمىشى ئېغىر» بولسا، ھايانكەشلىك جىنايىتى شەكىللەنگەن دەپ قارالدى. «قىلمىشى ئېغىر» دەپ بېكىتىشتە، قانۇنسىز تىجارەت سوممىسىنىڭ مىقدارى ياكى قانۇنسىز تاپاۋەت سوممىسىنىڭ مىقدارى «سومما مىقدارى بىر قەدەر كۆپ» بولۇشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا يەتكەن - يەتمىگەنلىكى ئاساس قىلىندى ھەمدە جىنايەتتىكى باشقا ئېغىر قىلمىشلار بىرلەشتۈرۈپ ئويلىشىلدى. قانۇنسىز تىجارەت سوممىسىنىڭ مىقدارى 10 مىڭ يۈەندىن كۆپ، ياكى قانۇنسىز تاپاۋەت سوممىسىنىڭ مىقدارى 3000 يۈەندىن كۆپ بولسا، ئادەتتە «سوممىسى بىر قەدەر كۆپ» دەپ قارالدى. باشقا ئېغىر قىلمىش دېگەندە، ئاساسلىقى: كۆپ قېتىم ھايانكەش- لىك ھەرىكىتىدە بولغانلاردىن مەمۇرىي جازا بېرىلسىمۇ يەنىلا تۈزىتىپ ئۆزگەرمىگەنلەر؛ بازار زومىگەرى بولۇۋېلىپ، مال باھاسىنى ھە - ھۇ بىلەن ئۆستۈرۈپ، بازارنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرغانلار؛ خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ھايانكەشلىك قىلىپ ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلغانلار؛ ھايانكەشلىك قىلىپ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلار كۆزدە تۇتۇلدى.

دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلاردىن ھايانكەشلىك قىلغانلار ئالاقىدار ئەدلى- يىلىك ئىزاھاتلارغا ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالى پەرقلەندۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى: (1) ئادەتتە قىلمىشى بىر قەدەر يېنىك بولسا، ئالاقىدار تارماق تەرىپىدىن قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىلدى؛ (2) ئۆز جۆتىسىنى تولدۇرغان ئاساسلىق مەسئۇل خادىم ۋە بىۋاسىتە جاۋابكار- لاردىن قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلدى؛ (3) ئاساسلىق مەسئۇل خادىم ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلاردىن ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرمىغان بولسىمۇ، ھايانكەشلىك سومما مىقدارى ئىنتايىن كۆپ (قانۇنسىز تىجارەت سوممىسىنىڭ مىقدارى 200 مىڭ يۈەندىن كۆپ، ياكى قانۇنسىز تاپاۋەت سوممىسىنىڭ مىقدارى 100 مىڭ يۈەندىن كۆپ) بولغان ياكى دۆلەتكە ئېغىر زىيان سالغانلارنىڭمۇ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلدى.

1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە، شىنجاڭ بويىچە ھايانكەشلىك دېلوسىدىن 44ى قوبۇل قىلىنىپ، 43ى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلدى، 41 جىنايەتچىدىن 32سىگە قانۇن بويىچە مۇددەت- لىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى، 9ى باشقىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

# § 12 . دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش

خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھەر خىل دېلولار ئۈستىدىن قانۇن بويىچە چىقارغان ھۆكۈم، كېسىملەردىن مۇتلەق كۆپ قىسمى توغرا بولدى، لېكىن سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈم، كېسىملەردىمۇ خاتالىق كۆرۈلۈپ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلدى. دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈشتە، قانۇننى بۇزماسلىق، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، خاتا قىلىپ قويماسلىق، چۈشۈرۈپ قويماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىندى. پاكىتنى بېكىتىش ياكى قانۇننى تەتبىقلاش جەھەتتە ھەقىقەتەن خاتالىق بارلىقى سېزىلسە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، خاتالىق بولسا جەزمەن تۈزىتىش فاڭجېنى بويىچە تۈزىتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ بىر نەچچە مۇھىم تارىخىي دەۋردە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئۈستىدە 4 قېتىم چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، تەجرىبەلەرنى خۇلاسىلاپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، خىزمەتلەرنى ياخشىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوتچى خادىملارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىپ، دېلو بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى خاتا دېلولارنى تۈزەتكەندىن كېيىن، كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى، سىياسىي جەھەتتە خاتا ھۆكۈم قىلىنىپ قالغانلارنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن سىرت، يەنە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتى، ئىش ھەققى، نوپۇسى، تۇرالغۇ ئۆيى، تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى قاتارلىق جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ياخشى ھەل قىلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بۇنىڭدىن خېلى رازى بولدى، ئۇلارنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە بولغان تونۇشى چوڭقۇرلاشتى، سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئاكتىپلىقى جارى قىلدۇرۇلدى.

## 1. 1953 - يىلى «ئۈچتە خاتا» بولغان دېلولار قايتا تەكشۈرۈلدى

شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ۋە يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق سىياسىي ھەرىكەتلەر غەلىبىلىك تاماملانغاندىن كېيىن، مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئەدلىيە يىغىنىنىڭ روھىغا ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى شۆبە مەھكىمە باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، «ئۈچتە خاتا» بولغان (خاتا قولغا ئېلىش، خاتا قاماش، خاتا ھۆكۈم چىقىرىش) دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى. مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئەدلىيە يىغىنىدا دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش ئۈستىدە ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن، بىر قانچە سىياسەت چەك - چېگرىسى بەلگىلەندى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى شۇ جايدىكى پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە 1952 - يىل 8 - ئايدىن 1953- يىل 4 - ئايغىچە قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ باردى. ئىشنى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئەرزىنى تەكشۈرۈش، دېلو ماتېرىياللىرىنى كۆرۈش، تۈرمە - سولاقخانىلارنى ئېنىقلاشتىن باشلاپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم خاتا دېلولارنى بايقىدى. ئۆلكە بويىچە قايتا تەكشۈرۈپ چىقىلغان خاتا دېلو قايتا تەكشۈرۈلىدىغان ئومۇمىي دېلو سانىنىڭ %18.05 نى ئىگىلىدى (بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي خاتا دېلو %2.6، قىسمەن خاتا دېلو %15.5). ئالايلۇق، گۈچۈڭ ناھىيىسى-

دىكى شۇ جىنغا ئەسلىدە 6 ئادەمنىڭ قان قەرزى بار دەپ بېكىتىلگەن، قايتا تەكشۈرگەندە يالغان بولۇپ چىقتى؛ سۇيدۇڭ ناھىيىسىدىكى ئابدۇراخمان ئابلا ئىلگىرى 47 ئادەمنىڭ قان قەرزى بار دەپ بېكىتىلگەن، قايتا تەكشۈرگەندە ئېنىقلاندىكى، جاۋابكار 1929- يىلى كۆمۈر كاندا ئىشچى بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، كان گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ 38 ئادەم ئۆلگەن، بۇمۇ ئۇنىڭ قان قەرزى دەپ بېكىتىلگەن؛ باي ناھىيىسىدىكى ئەيسانىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى تەشكىللەش قەستىدە بولۇش دېلوسى قايتا تەكشۈرۈلگەندە يالغان بولۇپ چىقتى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى داۋامىدا ھۆكۈم قىلىنغان خاتا دېلولار بىر قەدەر كۆپ بولدى، كۆپىنچىسى «قان قەرزى»، «توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاش» دېلوسى ئىدى. خاتا دېلو كەلتۈرۈپ چىقىرىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى: كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، جىنايەت بىلەن جىنايەت ئەمەسلىكنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىيالمىغان، بەزى كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىدە «سول بولسا بولسۇنكى، ئوڭ بولمىسۇن» دېگەن قاراش ساقلانغان، ئۇلار باشقىلارنىڭ «مەيدانى مۇستەھكەم ئەمەس» دېيىشىدىن قورقqan؛ تەك- شۈرمەي تۇرۇپلا، ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ دېلو بېجىرىدىغان، سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدىغان يامان ئىستىلى ساقلانغان. ھەرىكەت داۋامىدا يۈز بەرگەن دېلولاردا ئالاقىدار تارماقلار ئەۋەتكەن ماتېرىيالغا قاراپلا ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئەھۋال ئومۇميۈز- لۈك ساقلانغان؛ كادىرلار قوشۇنىدا ناپاكلىق ئېغىر بولغاچقا، شۇ چاغدا قايسى سوت مەھكىمىسىدە كونا خادىملار كۆپ بولسا، خاتا دېلومۇ كۆپ بولغان. خاتا دېلولار تۈزىتىلگەندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بۇ ئىشنى قەتئىي ھىمايە قىلدى ۋە ئىنتايىن ياخشى ئىنكاس بىلدۈردى، شۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسى ئارىسىدا پارتىيە ئۈستىدە پەيدا بولغان بەزى يامان تەسىرلەر تۈگىتىلدى.

## 2. 1962 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە ھۆكۈم قىلىنغان دېلولار قايتا تەكشۈرۈلدى

1962 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى مەركىزىي كومىتېت، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ روھىغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1962 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تەستىقلاپ تارقاتقان ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ «دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئائىت پىكىر توغرىسىدا دوكلات» نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە دائىرىسىنى بەلگىلىدى، ئاساسلىقى، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش دېلولىرى، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋارىقى چاپلاش، ئەكسىيەتچىل نامسىز خەت يېزىش، ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، تېرىلغۇ كاللىرىنى ئۆلتۈرۈش، چارۋا - ماللارنى ئوغرىلىقچە ئولتۇرۇش دېلولىرى ھەمدە گۇڭشېنى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا كادىرلارنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرگە جازا قوشۇش دېلولىرىنى قايتا تەكشۈردى. ئوڭچىللارغا قارشى كۈرەش، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش داۋامىدا بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولارنىمۇ قايتا تەكشۈردى. قايتا تەكشۈرۈش داۋامىدا، ئەرز قىلىنغان، ئەسلىدىكى ئورۇن ياكى ئامMINىڭ پىكرى بولغان ۋە ياكى دېلو بېجىرگۈچى خادىملار ياخشى ئىگىلىيەلمىگەن ھەتتا خاتالىق بارلىقىنى ھېس قىلغان دېلولار ئالدى بىلەن ھەل قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىپ، كۈچنى

تولۇقلاپ، كەسكىن، ئەستايىدىل خىزمەت پوزىتسىيىسى بىلەن ئىشلەپ، «ئەكسىلئىنقىلابچىلار بولىدىكەن جەزمەن تازىلاش، خاتالىق بولىدىكەن جەزمەن تۈزىتىش» دېگەن فاڭجېننى قەتئىي ئىجرا قىلدى. پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ قالغان دېلولاردا، خاتا بولغانلىقىنى ئاشكارە ئېتىراپ قىلىپ، نام ـ شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەپۇ سورىدى ۋە ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەپ بەردى؛ ھۆكۈم قىلىنىشقا تېگىشلىك بولمىغان دېلولار، ئەگەر خەلق ئىچىدىكى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتكە ياتسا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەھۋالغا قاراپ تۆلەم بەردى، ئەگەر «بەش خىل ئۇنسۇر» (پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇر، ئوڭچى ئۇنسۇر) لار قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولسا، ئىقتىسادىي جەھەتتە تۆلەم بەرمىدى، لېكىن تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەسلى ھۆكۈمدە بېرىلگەن جازا ئېغىر بولۇپ قالغان بولسا، ھۆكۈمنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئۆزگەرتتى؛ بېرىلگەن جازا يېنىك بولۇپ قالغان بولسا، ئادەتتە قايتا تېگىلمەي، ئىچكى جەھەتتە ساۋاق قىلىندى، قولغا ئېلىش، ھۆكۈم قىلىشتىن چۈشۈپ قالغانلارنى قولغا ئالدى ۋە ئۇلار ئۈستىدە ھۆكۈم چىقاردى.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئېلىپ بېرىلغان قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىدە شىنجاڭ بويىچە 12 مىڭ 54 دېلو قايتا تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھەق، خاتا دېلو قايتا تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي دېلو سانىنىڭ 18%.3نى ئىگىلىدى. بىگتۈەن سوت مەھكىمىسى ناھەق ھۆكۈم قىلغان خاۋ سۈگىنىڭ باسقۇنچىلىق، قاتىللىق دېلوسى، قاغىلىق ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى خاتا ھۆكۈم قىلغان ھەسەنبەگ قاتارلىق 69 ئادەمنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرۈش دېلوسى، لوپ ناھىيىسىدە ناھەق ھۆكۈم قىلىنغان مۇھەممەتنىڭ قاتىللىق دېلوسى قايتا تەكشۈرۈلۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تۈزىتىلدى ھەمدە كېيىنكى خىزمەتلەر ياخشى ئىشلىنىپ، ئۇنىڭ سىياسىي تەسىرى تۈگىتىلىپ، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتۇرۇلدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان خاتا دېلولار يۈز بېرىشنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، «سول» چىللىق ئىدىيىنىڭ كاشىلىسى ۋە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋەزىيىتى ئاستىدىكى يۇقىرى سۈرئەت، يۇقىرى كۆرسەتكۈچنىڭ تەسىرىدە، سوت مەھكىمىسىدىكى سوتچى خادىملارنىڭ ئىدىيىسى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەق ـ ناھەقنى ئايرىيالمىغان، ئۇلاردا «سول بولسا بولسۇنكى، ئوڭ بولمىسۇن»، «ئوڭچىللىقتىن سولچىللىق ياخشى» دەيدىغان، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىستىل پەيدا بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تېز بولۇشنى قوغلىشىپ خىزمەتنى پىرىك، يۈزە ئىشلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قانۇنچىلىق پرىنسىپى ۋە تەرتىپىگە سەل قاراپ، سوت قىلىشتىكى مەسئۇلىيىتىنى بوشاشتۇرۇپ قويغان. ئەينى چاغدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ئىسلىتىلمىدىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كەمچىل بولۇپ، تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەپ كېتەلمىگەن، يەنە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بەك يۇقىرى شوئار ۋە كۆرسەتكۈچلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بەزى خاتا تەجرىبىلەرنى يەتكۈزۈپ، خاتالىقلارنىڭ يۈز بېرىشىگە يول ئېچىپ بەرگەن.

## 3. 1979 ـ يىلدىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدىكى ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار قايتا تەكشۈرۈلدى

ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەركەزنىڭ پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ناھەق، خاتا، يالغان دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى بىر قاتار سىياسەت ـ بەلگىلىمىلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭدىكى

ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇمييۈزلۈك باشلىدى. ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى خادىم ئاجرىتىپ، مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، «خاتالىق بولسا جەزمەن تۈزىتىش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ھۆكۈم قىلىنغان ناھەق، خاتا، يالغان دېلولارنى پائال، ئەستايىدىل قايتا تەكشۈرۈپ تۈزىتىپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ بويىچە قايتا تەكشۈرۈلگەن جىنايى ئىشلار دېلولىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ھۆكۈم قىلىنغان دېلولارنىڭ %97.3نى ئىگىلىدى، قايتا تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە گۇناھسىز دەپ جاكارلانغىنى قايتا تەكشۈرۈلگەن دېلولارنىڭ %18.3نى ئىگىلىدى، ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىپ جىنايى جازا كېمەيتىلگەن، يېنىكلىتىلگىنى %11.9نى ئىگىلىدى. گۇناھسىز دەپ جاكارلانغان دېلولار ئىچىدە ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت بويىچە جازا ھۆكۈم قىلىنغان دېلولار كۆپ بولدى. ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا تۈزىتىلىپ، كېيىنكى خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەندى.

شۇنىڭدىن كېيىن پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى، سوت مەھكىمىلىرىدىكى دېلو بېجىرگۈچى خادىملارنىڭ سىياسىي - ئىدىيە ۋە كەسپىي ساپاسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى يېڭى ئەرز - شىكايەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئارقىسىدا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ھۆكۈم قىلىنغان دېلولاردىن تېخى قايتا تەكشۈرۈلمىگەن ياكى قايتا تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ ئەلتۆكۈس تۈزىتىلمەي قۇيرۇقى قېپقالغان دېلولار ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرى ھۆكۈم قىلىنغان دېلولاردىن ئەرز بېرىلگەن دېلولار قايتا تەكشۈرۈلدى ياكى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

قايتا تەكشۈرۈپ تۈزىتىلگەن ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلاردا تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك روشەن ئالاھىدىلىك ئەكس ئېتىدۇ:

1) «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا قارشى چىققانلار ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىپ قويۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان 10 يىل داۋامىدا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھلىرى چېكىدىن ئاشقان «سول» چىل لۇشيەننى يولغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى دەپسەندە قىلدى، سوت قىلىنغان ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولار ئىچىدە خاتا دېلولارنىڭ نىسبىتى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى. مەسىلەن: دېھقان ئىشچى يۇسۇپ موللا ئۆزئارا سالاملاشقاندا «چەكسىز ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن» دەپ ۋارقىراشقا قوشۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يەتتە يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان.

2) كىشىلەرگە خالىغانچە قالپاق كەيدۈرۈلۈپ، يوق بەتناملار چاپلىنىپ ئېغىر جازا ھۆكۈم قىلىندى. مەسىلەن: گوڭشې ئەزاسى يۇسۇپ بىر نەچچە قارانىيەت تەرىپىدىن بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭ ئوغلى ئېلىشىش داۋامىدا ئۇلاردىن بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، پەقەت يۇسۇپنىڭ كېلىپ چىقىشى ياخشى بولمىغاچقا ھەمدە ئىلگىرى جازالانغان بولغاچقا، ئەكسىلئىنقىلابىي مەقسەتتە قاتىللىق قىلغان دەپ، ئاتا - بالا ئىككەيلەن ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن. يەنە خوشۆت ناھىيىسىدىكى 10 نەچچە ياشلاردىكى بىر توپ بالا ئوينىشىپ، ئىككى توپقا بۆلۈنۈپ «يەر - زېمىننى تالىشىش» ئويۇنى ئوينىغان، ئۇلار يەنە ئاتالمىش «پارتىيە بەدەل پۇلى» يىغىپ ئۇنىڭغا كەمپۈت ئېلىپ يېگەن، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلار «ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇش جىنايىتى» ئۆتكۈزدى دەپ يىغىۋېلىنغان ۋە ئۇلار ئىچىدىكى 18 ياشلىق لىۋ جيۇفېڭ باش جىنايەتچى قىلىنىپ

ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

3) لىن بياۋ، جياڭ چىڭغا قارشى چىققان ۋە ليۇشاۋچى قاتارلىقلارغا قارا چاپلاشنى ناھەق بولدى دەپ قارىغانلار ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىندى. 1970 - يىلى باغراش ناھىيىسىگە ئىچكىرى ئۆلكىدىن ئېقىپ كەلگەن بىر تۈركۈم كىشى باغراش كۆلىدە بېلىق تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلىۋېتىپ، ئۇلاردىن 7سى لىن بياۋ، چياڭ چىڭغا قارشى تۇرۇپ، ئۇلار ئۈستىدىن سۆز - چۆچەك قىلغاچقا ئۆلتۈرۈلگەن. تۆمۈر يول قۇمۇل سۇ ئېلىپكتىر ئۇچاستىكىسىنىڭ تېخنىكى شىن يۈەنخۇا پارتىيىنىڭ 1957 - يىلدىن بۇيانقى سىياسىي لۇشيەنىدە خاتالىق بار دەپ قاراپ، كۆپ قېتىم ماۋجۇشىغا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ باشقا رەھبەرلىرىگە خەت يازغانلىقى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى پارتىيىمىزنىڭ تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان پاجىئە دەپ قاراپ، «ليۇ شاۋچى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پېڭ دېخۇەينى قايتىدىن خىزمەتكە قويۇش»، «بوران - چاپقۇنلۇق سىياسىي ھەرىكەتنىڭ ئورنىغا پۇختا بولغان ئىقتىسادىي خىزمەتنى دەسسىتىش» تەكلىپى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

4) بەزى روھىي كېسەللەرنىڭ قىلغان تاقا - تۇقا سۆزلىرى سىياسىي مەسىلە دەپ قارىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت بىلەن جازا ھۆكۈم قىلىندى. مەسىلەن: ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەتقىقات ئورنىدىكىلەرنىڭ تاۋابىئاتى بولغان ۋاڭ يۈڭشيا روھىي كېسىلى قوزغىلىپ كۆپ قېتىم روھىي كېسەللىك دوختۇرخانىسىدا داۋالانغان، 1970 - يىلى ئۇنىڭغا «زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىش جىنايىتى» بىلەن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئىجرا قىلىنغان.

5) ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىكى قىز زىيالىي ياش بىلەن پاھىشە ئويىنىغان ياكى قىز - يىگىت مۇھەببەتلىشىش داۋامىدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلەر قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلغان دەپ قارىلىپ، ئەرگە جىنايەت بېكىتىلىپ ئېغىرلىتىپ جازا ھۆكۈم قىلىندى.

6) ج خ، تەپتىش، سوت ئورگانلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەدلىيە خادىملىرى «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپىگە ئەمگەككە ئەۋەتىلدى، ئوچۇق سوت قىلىش بىكار قىلىندى. خەلق زاسىداتىللىق تۈزۈمى، كېڭەشمە سوتتا باھالاش تۈزۈمى، ئاقلىغۇچىنىڭ ئاقلاش ھوقۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بولۇپمۇ جاۋابكارلارنىڭ نارازىلىق ئەرز بېرىش ھوقۇقى ھەمدە ئۇلارنىڭ قانۇندا بېرىلگەن قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى تارتىۋېلىندى، بۇلار ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنىڭ كۆپلەپ يۈز بېرىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى بولۇپ قالدى.

زور بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنىڭ قايتا تەكشۈرۈپ تۈزىتىلىشى چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى، بۇ كىشىلەرنىڭ رايىغا تازا ياققاچقا، خەلق بۇنىڭدىن خۇشال بولدى.

## 4. 1985 - يىلى «بىرلىك سەپ» جەھەتتىكى دېلولار قايتا تەكشۈرۈلدى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە دائىر ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى مەخسۇس كۈچ تەشكىللەپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ھۆكۈم قىلىنغان گومىنداڭنىڭ تەسلىم بولغان، ھەقىقەتكە قايتقان خادىملىرى، زىيالىيلار، يۇقىرى قاتلام مىللىي زاتلار قاتارلىقلارنىڭ

دېلولىرىنى ئەستايىدىل قايتا تەكشۈردى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، 6094 دېلونى قايتا تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە گۇناھسىز دەپ جاكارلانغىنى 83.3%نى ئىگىلىدى. بۇ خىل تارىخىي، كونا دېلولارنىڭ سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر زور بولغاچقا، قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىدە خىراجەت، ئادەم كۈچى كۆپ سەرپ قىلىندى، قىيىنچىلىق كۆپ بولدى، پاكىتى ئېنىق بولمىغانلىرىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كەلدى. بىر تەرەپ قىلىشتا ھەر تەرەپنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەسىلىلەر جايىدا ھەل قىلىندى. ھەقىقەتكە قايتقان خادىملارنىڭ دېلوسىنى قايتا تەكشۈرۈشتە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە جىمسار ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان كۆك چىگۆيىنىڭ دېلوسىنى سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو بېجىرگۈچى خادىملىرى دېلو ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل كۆرۈش ئاساسىدا، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى جايلارغا بېرىپ، ئالاقىدار كىشىلەرنى ئىزدىدى، ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ تولىسى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ياشىنىپ قالغانلىقتىن خاتىرىسىدىن قالغانىدى، دېلو بېجىرگۈچى خادىملار ئاخىرى تاغ ئارىسىدىكى ئورمانلىقتىن ياشىنىپ قالغان مۇھىم گۇۋاھچى لىۋ جەنشەن دېگەن كىشىنى تاپتى. بۇ گۇۋاھچى ئارقىلىق، كۆك چىگۆيىن دېلوسىنىڭ پۈتۈنلەي ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى، ئاخىرى بۇ دېلونى تۈزىتىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىدا ھەقىقەتكە قايتىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان لىۋ شياۋلى ئەپەندىنىڭ قاتتىق ئۇۋال قىلىنغان دېلوسى ئاقلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى لىۋ يۈەنلىن خەلق سوت مەھكىمىسىگە: «ئاتامنىڭ 60 تەك پەرزەنتى ۋە ئۇرۇغ ـ تۇغقىنى ئېغىر يۈكنى 30 يىلدىن بېرى كۆتۈرۈپ كەلدۇق، ئەمدى مەسىلە ھەل بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىمىزنى يېنىك تۇتۇپ سەپكە ئاتلىنىپ، دادىل ئىشلەپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىمىز» دېدى.

## 13 § . ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش، كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىش، جازا كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، جازا كېچىكتۈرۈش

### 1. ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش

يېڭى جۇڭگونىڭ يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇنلىرىدا ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىشلا بەلگىلەنگەن بولۇپ، چوڭ كەچۈرۈم قىلىش تۈزۈمى بەلگىلەنمىگەن (مىنگو دەۋرىدە چوڭ كەچۈرۈم قىلىش بەلگىلەنگەن). يېڭى جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىشنى قارار قىلىش ھوقۇقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا بولىدۇ.

1959 ـ يىلى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئۇلۇغۋار غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، خەلق دېموكراتىيە ـ دىكتاتۇرلۇقىدىكى ھاكىمىيەت كۈندىن كۈنگە مۇستەھكەملەندى ۋە قۇدرەت تاپتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا ۋە باشقا جىنايەتچىلەرگە قارىتا «جازالاش بىلەن كەڭچىلىك قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزگەرتىش بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈش» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، زور نەتىجە ھاسىل قىلدى، قاماقتىكى ھەرخىل جىنايەتچە-

لەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئۆزگەردى، ئۇلاردىن بىر مۇنچىسى ھەقىقەتەن يامان يولدىن قايتىپ، توغرا يولغا ماڭدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 - يىغىنىدا ھەقىقەتەن يامان يولدىن قايتىپ توغرا يولغا ماڭغان، ئىلگىرىكى سابىق جياڭ جېيشى گورۇھىنىڭ ۋە قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى، ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتچىلەر ۋە ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش قارار قىلىندى. 1959 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ليۇ شاۋچى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى. ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش دائىرىسى تۆۋەندىكىدەك بېكىتىلدى:

1) جياڭ جېيشى گورۇھى ۋە قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىدىن قاماپ قويۇلغىنىغا 10 يىل توشقان، ھەقىقەتەن يامان يولدىن قايتىپ، توغرا يولغا ماڭغانلارنى قويۇپ بېرىش.

2) ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتچىلەردىن 5 يىلدىن تۆۋەن (5 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، جازا مۇددىتىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىدىن ئارتۇقىنى ئۆتەپ بولغان، ھەقىقەتەن يامان يولدىن قايتىپ، توغرا يولغا ماڭغانلارنى، 5 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، جازا مۇددىتىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇقىنى ئۆتەپ بولغان، ھەقىقەتەن يامان يولدىن قايتىپ، توغرا يولغا ماڭغانلارنى قويۇپ بېرىش.

3) ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىدىن 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ (5 يىلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، جازا مۇددىتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئارتۇقىنى ئۆتەپ بولغان، ھەقىقەتەن يامان يولدىن قايتىپ، توغرا يولغا ماڭغانلارنى، 5 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، جازا مۇددىتىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىدىن ئارتۇقىنى ئۆتەپ بولغان، ھەقىقەتەن يامان يولدىن قايتىپ، توغرا يولغا ماڭغانلارنى قويۇپ بېرىش.

4) ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن جازا كېچىكتۈرۈلگىنىگە بىر يىل توشقان، ھەقىقەتەن يامان يولدىن قايتىپ، توغرا يولغا مېڭىش ئىپادىسىدە بولغانلارنىڭ جازاسى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ياكى مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىلسە بولىدۇ.

5) مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن جازا مۇددىتىنى ئۆتىگىنىگە 7 يىل توشقان، ھەقىقەتەن يامان يولدىن قايتىپ، توغرا يولغا مېڭىش ئىپادىسىدە بولغانلارنىڭ جازاسى 10 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا كېمەيتىلسە بولىدۇ.

ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش بۇيرۇقىنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىجرا قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقى بويىچە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش بۇيرۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، يامان يولدىن قايتىپ، توغرا يولغا ماڭغان بىر تۈركۈم جىنايەتچىنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلدى. ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىشتىن ئىلگىرى، ئالاقىدار تارماقلار جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت پاكىتىنى قايتا - قايتا ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، قاماپ تۇرۇلغان مەزگىلدىكى ئىپادىسىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاپ،

ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلارنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىدى. تۇنجى تۈركۈمدە 47 كىشى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە ئەكسىلئىنقىلابچى جىنايەتچى 27) بۇلارنىڭ ھەممىسى ئازادلىقتىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئالدىدا ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر ئىدى. ئۇلار جازا ھۆكۈم قىلىنىپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، سىياسەتنىڭ تەسىرلەندۈرۈشى بىلەن، ئۇزاق مەزگىل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى تەدرىجىي تونۇپ، ئەسلىدىكى ئەكسىيەتچىل مەيداندىن ۋاز كېچىپ، ئىدىيە ۋە سۆز - ھەرىكىتىدە ھەقىقەتەن يامان يولدىن قايتىپ، توغرا يولغا ماڭغانلىقىنى ئىپادىلىگەچكە، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىشقا ئېرىشتى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايونلۇق 1 - تۈرمىدە ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە قاماقتىكى جىنىيەتچىلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقاندىن سىرت، يەنە ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىنغان قىسمەن جىنايەتچىلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىمۇ قاتناشتى. يىغىندا ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرگە ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش گۇۋاھنامىسى بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى توختى ئەلىموف، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى جاڭ كېيۇ يىغىندا سۆز قىلدى. جىنايەتچىلەردىن بەزىلىرى تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلدى، بەزىلىرى داۋاملىق ئەترەتتە قېلىپ ئىشلەپ، مەڭگۈ كومپارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىپ، ئۆمۈرلۈك كۈچى بىلەن پارتىيىگە جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 2508 ئادەم ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىندى.

## 2. كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىش

### 1) قاماقتىكى سابىق گومىنداڭنىڭ ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرى ۋە ئىشپىيونلىرى كەڭچىلىك بىلەن قويۇپ بېرىلدى

1975 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، قاماقتىكى سابىق گومىنداڭنىڭ ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرىنى ۋە ئىشپىيونلىرىنى بىردەك قويۇپ بېرىپ، ئولتۇراقلاشتۇردى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. جازا مۇددىتى توشۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سابىق گومىنداڭنىڭ ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرى ۋە ئىشپىيونلىرىمۇ مۇناسىپ ھالدا كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، قويۇپ بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايوننىڭ بىر رەھبىرى گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، ج خ، بىرلىكسەپ، سوت مەھكىمىسى، خەلق ئىشلىرى، ئەمگەك، تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قارمىقىدا ئېنىقلاش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى جايلار، ئورۇنلار يوللىغان، كەڭچە-

لىنىڭ قىلىپ قويۇپ بېرىلىدىغان سابىق گومىنداڭنىڭ ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى
پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرى ۋە ئىشپىيونلىرىنىڭ يەككە ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرگەنـ
دىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىدى. 12 ـ ئاينىڭ
5 ـ كۈنى قويۇپ بېرىلىدىغان ۋە كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان خادىملار ئايرىمـ
ئايرىم يىغىلدى، يەنى شىمالىي شىنجاڭ رايونى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكىلەر
1 ـ تۈرمىگە يىغىلدى، ئاقسۇ رايونىدىكىلەر تارىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانى
ياكى قارادۆڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىغا يىغىلدى، خوتەن رايونىدىكىلەر
پەيلو ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىغا يىغىلدى. بۇ ئۈچ يىغىلىش نۇقتىسىدا
قويۇپ بېرىلىدىغانلارغا ۋەزىيەت ۋە سىياسەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى، شەخسلەرنىڭ ئۆزگەـ
رىش نەتىجىلىرى خۇلاسىلىنىپ، تونۇشى ئۆستۈرۈلدى، پوزىتسىيىسى توغرىلاندى. 12 ـ ئاينىڭ
15 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە يۇقىرىقى ئۈچ يىغىلىش نۇقتىسى تۇرۇشلۇق جايدىكى سوت
مەھكىمىلىرى ۋە ج خ ئىدارىلىرى بىرلىكتە قويۇپ بېرىش يىغىنى ئېچىپ، قويۇپ بېرىلىدىغانلارـ
نىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى، ئۇلارغا پۇقرالىق ھوقۇقى بېرىلگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۈلكە،
جياڭجۈن دەرىجىلىكلەرگە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىمنامىسى تارقىـ
تىپ بېرىلدى، ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىكلەرگە ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىمنامىسى
ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ج خ ئىدارىسىنىڭ قويۇپ بېرىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى، كەسىپ
ئالماشتۇرۇپ شۇ مەيداندا ئىشقا ئورۇنلاشقانلارغا پۇقرالىق ھوقۇقى بېرىلىپ، «كەسىپ ئالماشتۇـ
رۇش ئىسپاتنامىسى» تارقىتىپ بېرىلدى.

شىنجاڭ بويىچە قاماقتا تۇرۇۋاتقان سابىق گومىنداڭنىڭ ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىكتىن يۇقىـ
رى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرى ۋە ئىشپىيونى 177 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە،
جياڭجۈن دەرىجىلىكى 12. جازا مۇددىتى توشۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سابىق گومىنداڭنىڭ
ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرى ۋە ئىشپىيونى 159
بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە، جياڭجۈن دەرىجىلىكى 15، بۇلار جەمئىي 336. قويۇپ بېرىلگەنـ
لەردىن تەيۋەنگە كېتىدىغانلىرىغا رۇخسەت قىلىنىپ، قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. قويۇپ بېرىلەـ
دىغانلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇشتا، پرىنسىپ جەھەتتە ئائىلىسى بارلار ئائىلىسىگە قايتۇرۇلدى،
بازاردىمۇ، يېزىدىمۇ ئائىلە تاۋابىئاتى بارلار ئىمكانقەدەر يېزىغا ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. بارىدىغان
يېرى يوقلار ئىقتىيارىغا قويۇپ بېرىلدى، بەزىلىرى ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ كەتتى، بەزىلىرى
ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا ئىشقا ئورۇنلاشتى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا
ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار پرىنسىپ جەھەتتە شۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ
ھەر بىرىگە بىر قۇر كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە ۋە ئاياق، قوللاقچا ھەمدە 100 يۈەن
پارچە خىراجەت تارقىتىپ بېرىلدى. پاختىلىق كىيىم ـ كېچەكى، يوتقان ـ كۆرپىسى يىرتىلىپ
كەتكەن، ئوڭشاشقا قۇربى يەتمەيدىغانلارغا قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قويۇپ
بېرىلگەن ۋە كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار گوڭشېلارغا، زاۋۇتلارغا، شەھەرلەرگە
ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

2) قاماقتىكى سابىق گومىنداڭنىڭ ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىكتىن تۆۋەن پارتىـ
يە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرى ۋە ئىشپىيونلىرى كەڭچىلىك بىلەن قويۇپ بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېـ
تى، گوۋۇيۈەننىڭ يوليورۇقى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 22ـ

يىغىنىدا ماقۇللانغان «قاماقتىكى سابىق گومىنداڭنىڭ ناھىيە، تۇەن دەرىجىلىكتىن تۆۋەن پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرى ۋە ئىشپىيونلىرىنىڭ ھەممىسىنى كەڭچىلىك بىلەن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا قارار»نىڭ روھىغا بىنائەن، 1982 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا قاماقتا تۇرۇۋاتقان سابىق گومىنداڭنىڭ ناھىيە، تۇەن دەرىجىلىكتىن تۆۋەن پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرى ۋە ئىشپىيونىدىن 72سى كەڭچىلىك بىلەن قويۇپ بېرىلدى ھەمدە سابىق گومىنداڭنىڭ مەيداندا قېچىقىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان ناھىيە، تۇەن دەرىجىلىكتىن تۆۋەن 517 نەپەر پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىمى ۋە ئىشپىيوننىڭ ھەممىسى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئۆلكە، شەھەر ئاپتونوم رايونلاردىن يۆتكەپ كېلىنگەن 102 خادىم قوبۇل قىلىنىپ ئۇلارنى ئۆلكە ئاتلاپ ئالاقىلىشىپ ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەندى.

كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىلگەن 72 خادىمدىن، ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئائىلىسىگە قايتقىنى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئولتۇراقلاشقىنى 8، باشقا ئۆلكىلەرگە كەتكىنى 28، شياڭگاڭغا كەتكىنى بىر، ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى يوق ياكى بولسىمۇ قوبۇل قىلمىغاچقا ھەم ئۆزى قايتىپ كەتمەيمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 32، ئۆلگىنى بىر. كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىش جاكارلانغاندىن كېيىن، ھەقىقەتكە قايتقانلار بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغىنى بىر، ئاقلاپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى بىر.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 8 ئادەمدىن، دۆلەت كادىرلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 2، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغىنى 4، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغانلىقتىن، مۇقىم تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلگىنى 2. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 32 ئادەمدىن 60 ياشتىن تۆۋەن، ئەمگەك ئىقتىدارى بار رەسمىي ئىشچى ياكى دېھقان ئىشچىلىقىغا ئۆزگەرتىلگىنى 7، ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىدىن قالغانلىقتىن بېقىلىۋاتقىنى 25.

كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان 517 ئادەمدىن تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئائىلىسىگە قايتقىنى ۋە جەمئىيەتتە ئاپتونوم رايونىمىز ئورۇنلاشتۇرغىنى 21؛ باشقا ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئورۇنلاشقىنى 143؛ ئۇرۇغ - تۇغقىنى يوق، ئۇرۇغ - تۇغقىنى قوبۇل قىلمىغان ياكى قوبۇل قىلسىمۇ ئۆزى قايتقىلى ئۇنىمىغانلار 290؛ ئالاقىلىشىپ ئورۇنلاشتۇرۇش داۋامىدا، باشقا ئۆلكىلەر جاۋاب بەرمىگەنلىكتىن نەتىجىسى چىقمىغىنى ياكى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغىنى 34؛ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش جاكارلانغاندىن كېيىن، ئاقلانغىنى ياكى ئەسلى ھۆكۈم بىكار قىلىنغىنى 9، ھەقىقەتكە قايتقانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنغىنى 3؛ ئۆلگەنلەر 16؛ ئاپتونوم رايونىمىزغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 21 ئادەمدىن دۆلەت كادىرلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 3؛ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغىنى 6، ئەمگەك ئىقتىدارىنى يوقاتقانلىقتىن مۇقىم ياردەم پۇلى بېرىلگىنى 12. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 324 ئادەمدىن 60 ياشتىن تۆۋەن، ئەمگەك ئىقتىدارى بولۇپ، دېھقان ئىشچىلىقىغا ئۆزگەرتىلگىنى 64، ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقانلىقتىن بېقىلىۋاتقىنى 260.

شىنجاڭ بويىچە باشقا ئۆلكىلەردىن قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىلگەنلەر 7، كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 50. يۇقىرىقى 57 ئادەمنىڭ ھەممىسىگە مۇقىم تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىشكە خەلق ئىشلىرى تارمىقى مەسئۇل بولدى، خىراجەت ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن ھەل قىلىندى.

سابىق گومىنداڭنىڭ قاماقتىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرى ۋە ئىشپىيونلىرىنى قويۇپ بەرگەندە، ھەممىسىگە پۇقرالىق ھوقۇقى بېرىلدى؛ جازا مۇددىتى توشۇپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىدا قېپقالغان بۇ خادىملاردىن ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنىۋان قالپىقى بارلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلىپ، ئۇلارغا پۇقرالىق ھوقۇقى بېرىلدى. ئەمگەك ئىقتىدارى ۋە ماھارىتى بارلار دېھقانچىلىق، سانائەت ئەمگىكىگە ياكى باشقا خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىلدى؛ ئەمگەك ئىقتىدارىنى يوقاتقانلاردىن ئائىلىسىدە بېقىلىشتا قىيىنچىلىقى بارلارغا قۇتقۇزۇش بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى؛ تەيۋەنگە قايتىشنى خالايدىغانلارغا رۇخسەت قىلىندى ھەمدە قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى.

گومىنداڭنىڭ زور بىر تۈركۈم پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خادىملىرى ۋە ئىشپىيونلىرى قويۇپ بېرىلىپ، دۆلىتىمىز خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى نامايەن قىلىندى، جىنايەتچىلەرگە قوللىنىلغان «جازالاش بىلەن كەڭچىلىك قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈش» سىياسىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى گەۋدىلەندۈرۈلدى. كۆپ ساندىكى جىنايەتچى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يېڭى ئادەمگە ئايلاندۇرۇلدى. بۇ ھال دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدا ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى، قاماقتىكى جىنايەتچىلەرنىڭ ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولدى.

بۇ ئىككى قېتىملىق كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىش خىزمىتى يەنە ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش خاراكتېرىگىمۇ ئىگە.

## 3. جازا كېمەيتىش

### 1) جازا كېمەيتىش تەرتىپى

جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشتە، ئالدى بىلەن جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئارماق پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەڭ دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قارار قىلىشقا يوللىدى. شىنجاڭدا ئەسلى سوت قىلغان سوت مەھكىمىسى ئارىلىق يىراق، ئىجرا قىلىش قولايسىز بولغاچقا، سوت مەھكىمىسىنىڭ قارارى جىنايەتچىلەرنى كۆپرەك ئۆلكە ۋە ۋالىي مەھكىمە تۇرۇقلۇق جايلارغا مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىجرا قىلىندى. 1953 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىرلىكتە، جازا كېمەيتىش مەسىلىسى ھەققىدە قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقاردى، ئۇنىڭدا جازاسى ئەسلىدىكى ناھىيە، شەھەرلەردە ئىجرا قىلىنىدىغان ئەيىبكارلارنى غەربىي شىمال شۆبە سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بويىچە ئىجرا قىلغاندىن سىرت، ئۆلكىلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشنى ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قارار قىلىدۇ؛ ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشنى ۋىلايەتلىك شۆبە سوت مەھكىمىسى قارار قىلىپ، ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ دەپ بەلگىلەندى.

1957 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى بىرلىكتە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش مەسىلىسى توغرىسىدا: «جايلاردا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش دېلولىرىنىڭ مىقدارى بەك كۆپ بولغاچقا، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىلىرى بۇنداق

دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىنتايىن كۆپ ئادەم كۈچى سەرپ قىلىپ، باشقا خىزمەتلەرگە تەسىر يەتتى شۇنداقتىمۇ يەنىلا ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايۋاتىدۇ. ئەگەر ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىر تەرەپ قىلىشتا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بولسا، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، ج خ ئىدارىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى قاتارلىق 4 ئورگان مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىپ، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا بەرسە بولىدۇ» دەپ ئۇقتۇرۇش چىقاردى. بۇ ئۇقتۇرۇشنىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، قاتنىشى قولايسىز، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۆت ئورگان مۇھاكىمە قىلىپ تۆۋەندىكىچە بېكىتتى:

(1) ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشنى ئۇلار تۇرۇشلۇق جايدىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەستىقلايدۇ. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورگىنى بۇنداق دېلولارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاپ، پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە يوللايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشتە، ئۈرۈمچى شەھىرى يەنىلا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىغان (جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان) دىن سىرت، باشقىلىرىنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى تەستىقلايدۇ (شىنجاڭدىن شىزاڭنىڭ ئالىغىچە، قەشقەردىن تۇرپانغىچە بولغان ئىككى يول قۇرۇلۇشى ئۆچاستىكىسىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەستىقلايدۇ).

(2) شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەۋەلىكىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشنى يەنىلا ئۆزى قاراشلىق شى تەستىقلايدۇ.

(3) ئەسلى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقارغان ۋە دېلونىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى بويىچە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىدىغان، جازا كېمەيتىدىغانلىرىنى يەنىلا يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تەستىقلايدۇ.

1973 - يىلى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بىرلىكتە «جىنايەتچىلەرگە جازا قوشۇش، جازا كېمەيتىشنى تەستىقلاش ھوقۇق چېكى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى. ئۇقتۇرۇشتا جازا كېمەيتىشنى تەستىقلاش ھوقۇق چېكى تۆۋەندىكىچە بەلگىلەندى:

(1) جازا كېمەيتىلىدىغان دېلولارنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاپ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللايدۇ. لېكىن ئەسلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىپ تەستىقلىغان ۋە ھازىر دېلونىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىدىغان دېلولارنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنى ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن

كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللايدۇ.

(2) ئاپتونوم رايونلۇق 1 - تۈرمە، 3 - ئىستانوك زاۋۇتى، دۇڭگوبى دېھقانچىلىق مەيدانى، لۇساۋگۇ كۆمۈر كېنى جازا كېمەيتىشكە يوللىغان دېلولارنى ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسى تەكشۈرۈپ قوشۇلغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ياكى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى، تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللايدۇ.

## 2) ئۆلۈم جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش خىزمىتى نورمال ئېلىپ بېرىلمىدى. پارتىيىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، مەركەزدىكى ج خ، تەپتىش، سوت قاتارلىق ئۈچ ئورگان 1979-يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش دېلوسى توغرىسىدا» بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى:

(1) ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن قانۇنغا، تۈرمە قائىدىسىگە بويسۇنۇپ، ئاكتىپ ئەمگەك قىلىپ ئۆزگىرىپ، ھەقىقەتەن توۋا قىلىش، خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولغانلىرىنىڭ كېچىكتۈرۈلگەن جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، جازاسىنى كېمەيتىش كېرەك. جازا مۇددىتىنى ئۆتىگىنىگە ئىككى يىلدىن ئاشقان، بەش يىلغا توشمىغان بولسا، جازاسىنى مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى 15 يىلدىن يۇقىرى، 20 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا كېمەيتىشكە بولىدۇ؛ جازا مۇددىتىنى ئۆتىگىنىگە 5 يىلدىن ئاشقان 10 يىلغا توشمىغان بولسا، جازاسىنى 12 يىلدىن يۇقىرى 15 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا كېمەيتىشكە بولىدۇ؛ جازا مۇددىتىنى ئۆتىگىنىگە 10 يىلدىن ئاشقان 15 يىلغا توشمىغان بولسا، جازاسىنى يەتتە يىلدىن يۇقىرى 10 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا كېمەيتىشكە بولىدۇ؛ جازا مۇددىتىنى ئۆتىگىنىگە 15 يىلدىن ئاشقان 20 يىلغا توشمىغان بولسا، جازاسىنى ئىككى يىلدىن يۇقىرى بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا كېمەيتىشكە بولىدۇ؛ جازا مۇددىتىنى 20 يىلدىن ئارتۇق ئۆتىگەن بولسا، جازاسىنى ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا كېمەيتىشكە بولىدۇ.

مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن قانۇنغا، تۈرمە قائىدىسىگە بويسۇنۇپ، ئاكتىپ ئەمگەك قىلىپ ئۆزگىرىپ، ھەقىقەتەن توۋا قىلىش ياكى خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولغانلىرى جازا مۇددىتىنى ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئۆتىگەندىن كېيىن، ئەھۋالغا قاراپ جازاسى كېمەيتىلسە بولىدۇ. جازا مۇددىتىنى ئۆتىگىنىگە ئىككى يىلدىن ئاشقان بەش يىلغا توشمىغان بولسا، جازاسىنى 13 يىلدىن يۇقىرى 18 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا كېمەيتىشكە بولىدۇ؛ جازا مۇددىتىنى ئۆتىگىنىگە بەش يىلدىن ئاشقان 10 يىلغا توشمىغان بولسا، جازاسىنى 10 يىلدىن يۇقىرى 13 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا كېمەيتىشكە بولىدۇ؛ جازا مۇددىتىنى ئۆتىگىنىگە 10 يىلدىن ئاشقان 15 يىلغا توشمىغان بولسا، جازاسىنى بەش يىلدىن يۇقىرى سەككىز يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا كېمەيتىشكە بولىدۇ؛ جازا مۇددىتىنى ئۆتىگىنىگە 15 يىلدىن ئاشقان 20 يىلغا توشمىغان بولسا، جازاسىنى ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك

قاماق جازاسىغا كېمەيتىشكە بولىدۇ؛ جازا مۇددىتىنى 20 يىلدىن ئارتۇق ئۆتكەن بولسا، جازاسىنى بىر يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا كېمەيتىشكە ياكى قويۇپ بېرىشكە بولىدۇ.

(2) ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا كېمەيتىلگەن جازا مۇددىتىنى بىردەك كېسىمدە مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا كېمەيتىلگەن كۈندىن باشلاپ ھېسابلاش كېرەك. كېسىم چىقىرىلىشتىن ئىلگىرى قاماپ تۇرۇلغان ۋاقىت جازا مۇددىتىگە سۇندۇرۇلمايدۇ.

(3) ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشتە، جىنايەتچى تۇرۇشلۇق جايدىكى تۈرمە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاپ، ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىم چىقىرىشىغا سۇنۇش كېرەك. جازا كېمەيتىش كېسىمنامىسىنى تۈرمىگە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىگە تاپشۇرغاندىن سىرت، كۆچۈرمىسىنى ئەسلى ھۆكۈم چىقارغان سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك.

(4) بۇنىڭدىن كېيىن، ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشتە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ 1963 - يىل 3 - ئاينىڭ 21-كۈندىكى «مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر جازا مۇددىتىنى قانچىلىك ئۆتەپ بولغاندا ئاندىن جازا كېمەيتىش مەسىلىسىنى ئويلىشىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» نى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك.

شىنجاڭنىڭ 1979 - يىلدىكى ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، شىنجاڭ بويىچە ئىجرا قىلىنىدىغان ئىككى يىللىق جازا مۇددىتى توشقان بولسىمۇ جازاسى كېمەيتىلمىگەنلەر ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن جىنايەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %1 .53نى ئىگىلىگەن؛ مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن جازا مۇددىتىنى ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئىجرا قىلغان بولسىمۇ، جازاسى كېمەيتىلمىگەنلەر مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %8 .87نى ئىگىلىگەن.

يۇقىرىقى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشنىڭ روھىغا ۋە شىنجاڭنىڭ جازا كېمەيتىش جەھەتتىكى كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىز تۆۋەندىكىچە قوشۇمچە ئۇقتۇرۇش چىقاردى: ئۆلۈم جازاسىنى كېچىكتۈرۈش، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلىكى جىنايەتچىلەردىن جازا كېچىكتۈرۈش تەرتىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى بىۋاسىتە ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاپ، ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى كېسىم چىقىرىدۇ. جازا كېمەيتىش كېسىمنامىسى تۈرمە ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

1980 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى يەنە «جازاسى مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا كېمەيتىلگەن ئەسلى ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان

جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش» توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ئۇقتۇرۇش چىقاردى:

(1) ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرى جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، يازما دوكلات يېزىپلا قالماستىن، مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا كېمەيتىلگەن كېسىمنامە ۋە جازاسى كېمەيتىلگەندىن كېيىنكى يىللىق تەكشۈرۈش، باھالاش خۇلاسىلىرى، ئاساسلىق پاكىت - ئىسپات ماتېرىياللىرى ۋە شۇ ئادەمنىڭ ئىدىيە ئۆزگەرتىش خۇلاسىسى قاتارلىقلارنى قوشۇمچە قىلىشى شەرت.

(2) جازاسى مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا كېمەيتىلگەن ئەسلى ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى قايتا كېمەيتىشتە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق) جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاپ، ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە كېسىم چىقىرىدۇ؛ ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاپ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە كېسىم چىقىرىدۇ.

1984 - يىل 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى، بىڭتۇەن سوت مەھكىمىسىنىڭ جازا كېمەيتىش دېلولىرى مەسىلىسى توغرىسىدا چۈشۈرگەن ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق بەلگىلەندى: باشقا ئۆلكە، شەھەرلەردىن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە جازا ئۆتەشكە يۆتكەپ كېلىنگەن مۇددەتسىز قاماق جازاسى، كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن جازا مۇددىتىنى ئۆتەش جەريانىدا قانۇنغا ئەستايىدىل بويسۇنغان ياكى خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولغانلىرىنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشكە يوللاش ئىشىنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىڭتۇەن شۆبىسى كونكرېت بېجىرىدۇ.

مۇددەتسىز قاماق جازاسى مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، جازا مۇددىتى ئەسلى ھۆكۈمدە بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئىجرا قىلىش جاكارلانغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئەسلى ھۆكۈمدە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن بولسا، ئىجرا قىلىنىپ بولغان ۋاقىتنى كېمەيتىلگەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىنىڭ جازا مۇددىتىگە كىرگۈزۈپ ھېسابلاش كېرەك. ئەسلى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن ھۆكۈمدە بېكىتىلگەن قاماپ تۇرۇلىدىغان كۈن سانىنى جازا كېمەيتىلگەندىن كېيىنكى جازا مۇددىتىگە كىرگۈزۈپ، بىر كۈننى بىر كۈنگە سۇندۇرۇش چارىسى بويىچە ھېسابلاش كېرەك.

1985 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى شەندۇڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ «ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئىلتىماس»ىغا بەرگەن تەستىق جاۋابىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: جىنايەتچى ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىشتىن ئىلگىرى قاماپ تۇرۇلغان بىر كۈن جازا مۇددىتىنىڭ بىر كۈنىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنى ئىجرا قىلىنىپ بولغان جازا مۇددىتى دەپ قاراپ، جازا ئۆتىگەن ۋاقىتقا كىرگۈزۈپ ھېسابلاش كېرەك. ئاندىن جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 71 - ماددىسى ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ 1979 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى «ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان

جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش»تىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، مۇناسىپ بولغان جازا كېمەيتىش دەرىجىسىنى تەدبىقلاپ، كېمەيتىلىدىغان جازا مۇددىتىنى بېكىتىش كېرەك.

3) تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى، مۇددەتلىك قاماق جازاسى، جازا كېچىكتۈرۈش ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش

1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى، قىسقا مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن يەنىلا ناھىيىلىك سولاقخانىدا ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىرىنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش رەسمىيىتى ئۈستىدە تۆۋەندىكىچە بەلگىلىمە چىقاردى: مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر (جۈملىدىن ئەسلى ھۆكۈم ئۆلۈم جازاسىنى كېچىكتۈرۈش، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىپ، جازاسى مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا چۈشۈرۈلگەن جىنايەتچىلەر)نىڭ جازاسىنى كېمەيتىشتە، جىنايەتچى تۇرۇشلۇق تۈرمە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ جايدىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قانۇن بويىچە كېسىم چىقىرىشىغا سۇنىدۇ. تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشتە، جىنايەتچى تۇرۇشلۇق جايدىكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش ئورنى ياكى ۋاكالەتەن قاماپ تۇرۇۋاتقان باشقا ئورۇنلار پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاپ، ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قانۇن بويىچە كېسىم چىقىرىشىغا سۇنىدۇ. رېجىمغا ئېلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشتە، رېجىم جازاسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان ناھىيە دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قانۇن بويىچە كېسىم چىقىرىشىغا سۇنىدۇ. قىسقا مۇددەتلىك قاماق جازاسى يەنىلا سولاقخانىدا ئىجرا قىلىنىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشتە، سولاقخانا جازا كېمەيتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىم چىقىرىشىغا يوللايدۇ.

مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش مەسىلىسىنى ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، جازا كېچىكتۈرۈش جاكارلانغان جىنايەتچىلەردىن جازا كېچىكتۈرۈپ سىناش مەزگىلىدە ھەقىقەتەن تۆھپە قىلىش ياكى خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغانلىرىدا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 71 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىدىن پايدىلىنىپ، ئەسلى ھۆكۈم قىلىنغان جازاسىنى كېمەيتىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سىناش مۇددىتىنى مۇناسىپ ھالدا قىسقارتىش كېرەك. جازاسى كېمەيتىلگەندىن كېيىنكى جازا مۇددىتى ئەسلى ھۆكۈم قىلىنغان جازا مۇددىتىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىدىن كەم بولماسلىقى، جازاسى كېمەيتىلگەندىن كېيىنكى مۇناسىپ قىسقارتىلغان جازا كېچىكتۈرۈپ سىناش مۇددىتى كېچىكتۈرۈلگەندىن كېيىنكى جازا مۇددىتىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك.

4) سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسىنى كېمەيتىش

1957 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىپ،

سىياسىي ھوقۇقىدىن بىر نەچچە يىل مەھرۇم قىلىشقا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرگە قارىتا،
جازاسىنى كېمەيتكەن چاغدا مەھرۇم قىلىنغان سىياسىي ھوقۇقىنىڭمۇ بىر قىسمىنى كېمەيتىشكە
بولىدىغانلىقى، جىنايەتچىلەرنى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشقا ھۆكۈم قىلىشنىڭ يىل
چەكلىمىسىنى ئادەتتە بەش يىلدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى بەلگىلىدى.

1977 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم
رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بىرلىكتە «جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ
سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش ۋاقتىنى قىسقارتىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇق
چېكى» توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى:

(1) جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەنلەرگە سىياسىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىش
(مۇددەتلىك ۋە ئۆمۈرۋايەت) تىن ئىبارەت قوشۇمچە جازا ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش نىزامىنىڭ 68 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىدىن پايدىلە-
نىپ، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1956 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى 11772-
نومۇرلۇق جاۋاب ئالاقىسىگە ئاساسەن، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، شۇ مەيداندا
قېپقالغان ئىپادىسى ياخشى بولغان خادىملارنىڭ سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىش ۋاقتىنى
(جۈملىدىن سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىنغانلار) قىسقارتىشقا بولىدۇ.

(2) جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەنلەردىن ئەسلىدە ھۆكۈم قىلىنغان سىياسىي
ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشتىن ئىبارەت قوشۇمچە جازانى ئىجرا قىلىشتا، ئىپادىسى ياخشى
بولۇپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش ۋاقتىنى قىسقارتىشقا توغرا كەلگەنلىرىدە جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش نىزامىنىڭ 70 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە
ئاساسەن، ئىلگىرىكى خىزمەت ئورنىدىكى ئاممىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق، ۋىلايەت، ئوبلاست،
شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەسئۇل جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى تەكشۈرۈپ، شۇ جايدىكى
ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ئىجرا قىلىشنى جاكارلاش كېرەك.

(3) سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش ۋاقتى قىسقارتىلغان دېلولارنىڭ باشقۇرۇش
تەۋەلىكى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي جازانى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇق چېكى بويىچە
بەلگىلىنىدۇ يەنى ئاساسىي جازا مۇددەتلىك قاماق جازاسى بولسا، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى
كېسىم چىقىرىدۇ؛ ئاساسىي جازا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بولۇپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاس-
تىنىڭ تەۋەلىكىدە بولسا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبە مەھكىمىنىڭ كېسىم چىقىرىشىغا
يوللاپ بېرىلىدۇ؛ باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىم
چىقىرىشىغا يوللايدۇ.

(4) سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتقاندا، باشقىدىن قالپاق
كەيدۈرۈلگەن بولسا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قالپاق ئېلىۋېتىل-
گەندىن كېيىن، خەلق سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش
ۋاقتىنى قىسقارتىپ، جازا كېمەيتىش كېسىمى چىقىرىش رەسمىيىتى بېجىرىلىدۇ.

## 4. شەرتلىك قويۇپ بېرىش

شەرتلىك قويۇپ بېرىش يەنە «تۈرمىدىن شەرتلىك چىقىرىۋېتىش» دېيىلىدۇ. بۇ جىنايەتچى
جازا مۇددىتىنى ئۆتەپ بولمىغان بولسىمۇ، ۋاقتىنچە قويۇپ بېرىلىپ، بىر مەزگىل سىنىلىدى-
غان، شۇ مەزگىلدە جىنايەت سادىر قىلمىسا، جازا ئىجرا قىلىنىپ بولدى دەپ قارىلىدىغان

تۈزۈمدىن ئىبارەت. يېڭى جۇڭگونىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى»دا: مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى ئەسلى ھۆكۈم قىلىنغان جازانىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىدىن ئارتۇقىنى ئىجرا قىلىپ بولغان، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى جازا مۇددىتىنى 10 يىلدىن ئارتۇق ئىجرا قىلىپ بولغان بولسا، ھەقىقەتەن توۋا قىلىش ئىپادىسى بولۇپ، جەمئىيەتكە قايتا زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىرى شەرتلىك قويۇپ بېرىلسە بولىدۇ. ئالاھىدە تەرىپى بولغانلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان جازا مۇددىتىنى ئىجرا قىلىش چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرگە شەرتلىك قويۇپ بېرىش تەدبىقلانمايدۇ. مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، جازا مۇددىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىپ بولمىغان قىسمى سىناش سۈرۈكى قىلىنىدۇ، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، 10 يىل سىناش سۈرۈكى قىلىنىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى نازارەت قىلىدۇ، ئەگەر يېڭى جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن بولسا، جازا مۇددىتىنى ئىجرا قىلىپ بولدى دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر قايتا جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، شەرتلىك قويۇپ بېرىش بىكار قىلىنىپ، ئىلگىرىكى ئۆتەپ بولمىغان جازا مۇددىتى ۋە يېڭى جىنايىتىگە ھۆكۈم قىلىنغان جازا مۇددىتى قوشۇپ ھېسابلىنىپ جازا بېرىلىدۇ.

1) ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى شەرتلىك قويۇپ بېرىش

دۆلىتىمىز يېڭى قۇرۇلغاندا، ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا ئادەتتە شەرتلىك قويۇپ بېرىش تەتبىقلانمىدى، ئايرىم تەدبىقلاشقا تېگىشلىكلىرىگىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىندى. 1954-يىل 7-ئاينىڭ 19-كۈنى غەربىي شىمال شۆبە مەھكىمە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى شەرتلىك قويۇپ بېرىشكە بولىدىغان-بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىلتىماسىغا تەستىق جاۋاب بېرىپ مۇنداق قارىدى: ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى شەرتلىك قويۇپ بېرىشنى ئادەتتە تەتبىقلاشقا بولمايدۇ، ئەگەر ئايرىم ئەھۋالدا، مۇددەتلىك قاماق جازاسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇقىنى ئۆتەپ بولغان، مۇددەتسىز قاماق جازاسىنى 15 يىلدىن ئارتۇق ئىجرا قىلىپ بولغانلاردىن ھەقىقەتەن توۋا قىلىش ئىپادىسى بولغانلىرىنى شەرتلىك قويۇپ بېرىشكە بولىدۇ؛ شەرتلىك قويۇپ بېرىشتە، ئەسلى ھۆكۈمدە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلارنىڭ ۋاقتى شەرتلىك قويۇپ بېرىش جاكارلانغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ مەھرۇم قىلىنمىغان بولسا، تولۇقلاپ مەھرۇم قىلىنغانلىقى جاكارلانسا بولىدۇ، ئەگەر ئەكسىلئىنقىلابچى ھەم شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەن، ھەم سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقى جاكارلانمىغان ياكى رىجىمغا ئېلىنمىغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ جەمئىيەتكە قارىتا خەۋپ يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ھوقۇقى ئادەتتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ھوقۇقىغا ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەن مەزگىلدە ئىپادىسى ياخشى بولمىسا، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

2) شەرتلىك قويۇپ بېرىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇق چېكى

1957-يىل 7-ئاينىڭ 2-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، ج خ نازارىتى، ئەدلىيە نازارىتى بىرلىكتە «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنى شەرتلىك قويۇپ بېرىشنى تەستىقلاش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى. «ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار بەلگىلەندى:

(1) ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنى شەرتلىك قويۇپ بېرىشنى ئۇلار تۇرۇشلۇق جايدىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەستىقلايدۇ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش

ئورگىنى بۇنداق دېلولارنى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ج خ ئورگىنىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللاپ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ج خ ئورگىنى ئۇنى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترەتلىرىدىكى جىنايەتچىلەرنى شەرتلىك قويۇپ بېرىشتە، ئۈرۈمچى شەھىرى يەنىلا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىغاندىن سىرت (ج خ نازارىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ)، باشقىلىرىنى ئۇلار تۇرۇشلۇق جايدىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ. شىنجاڭدىن شىزاڭ ئالى رايونىغىچە، تۇرپاندىن قەشقەرگىچە بولغان ئىككى يول ئوچاستىكىسى قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقانلارنى شەرتلىك قويۇپ بېرىشنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەستىقلايدۇ.

(2) شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى تەۋەلىكىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقانلارنى شەرتلىك قويۇپ بېرىشتە، ئىلگىرى شى تەستىقلىغانلىرىنى ھازىرمۇ شى تەستىقلايدۇ.

(3) ئەسلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقارغان ۋە دېلونىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى بويىچە يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىشقا تېگىشلىكلىرىنى شەرتلىك قويۇپ بېرىشنى يەنىلا يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەستىقلايدۇ.

1964 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، ج خ نازارىتى تارقاتقان ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ ئامما كېپىلگە بېرىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەستىق جاۋابىدا: ئامما كېپىلگە بېرىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ئائىلىسىدە ھەقىقەتەن ئەمەلىي قىيىنچىلىقى بولغان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنى ئالدىن قويۇپ بېرىش ۋە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش چارىسىنى قوللىنىپ كېپىلگە بېرىشكە بولمايدۇ. ئۆزگىرىش ئىپادىسى ياخشى بولغان ئايرىم ساندىكى جىنايەتچىلەردىن ئائىلىسىدە ھەقىقەتەن ئەمەلىي قىيىنچىلىقى بولغان، ئامما قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، شۇ جايدىكى گۇڭشې ياكى ج خ ئورگىنى خەت ئەۋەتىپ ئىسپاتلىغانلىرىنى شەرتلىك قويۇپ بېرىش چارىسىنى قوللىنىپ بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ. شەرتلىك قويۇپ بېرىشتە، مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، ئەسلى ھۆكۈم قىلىنغان جازا مۇددىتىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىدىن ئارتۇقىنى ئىجرا قىلىپ بولغان، ھەقىقەتەن تۈزۈلۈش ئىپادىسى بولغان، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن جەمئىيەتكە قايتا خەۋپ يەتكۈزمەيدىغان جىنايەتچى بولۇشى شەرت قىلىنىشى كېرەك. بۇنداق بىر تەرەپ قىلىش چارىسى خەلق ئىچىدىكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ۋە ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگىلا تەتبىقلىنىدۇ، ئەكسىلئىنقىلابچىلار ۋە ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە تەتبىقلانمايدۇ. بۇنداقلارنى شەرتلىك قويۇپ بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشتە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىش ھەمدە يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىم چىقىرىشىغا سۇنۇش كېرەك.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان 10 يىلدا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھلىرىنىڭ كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەن جىنايەت-

چىلەرنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە بىر مۇنچە قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇپ، پارتىيە سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ۋە سىنىپىي دۈشمەنلەرگە دىكتاتورا يۈرگۈزۈشكە تەسىر يەتكۈزدى. قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش ئۈچۈن، 1977 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، ج خ نازارىتى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ «تۈرمە سىرتىدا داۋالىنىش، تۈرمە سىرتىدا شەرتلىك قويۇپ بېرىشنى ئىجرا قىلىش، جازا كېچىكتۈرۈلگەن جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشى»نى تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى، ج خ تارماقلىرى ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىنىڭ مەخسۇس كۈچ تەشكىللەپ، شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەن جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى بىر قېتىم ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، ئۇلارنى ئەستايىدىل باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

### 3) شەرتلىك قويۇپ بېرىشنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ تەمىناتى

1979 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى شەرتلىك قويۇپ بېرىشنى كونكرېت ئىجرا قىلىش چارىسى توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە بەلگىلىمە چىقاردى: شەرتلىك قويۇپ بېرىش جاكارلانغان جىنايەتچىلەر قانۇن بويىچە ج خ ئورگىنىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ، ج خ ساقچىخانىسى، ج خ خاس ۋەكىللىرى ياكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ قوغداش تەشكىلاتلىرى ئامانلىق ساقلاش، قوغداش ھەيئىتىگە تايىنىپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كونكرېت ئىجرا قىلىدۇ، بۇ بەلگىلىمە 1980 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ.

1981 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ج خ مىنىستىرلىكى شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئەترەتتە قېلىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ سىياسىي، ماددىي تەمىناتى مەسىلىسى توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە تەستىق قارارى چىقاردى:

(1) جىنايەتچىلەردىن شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۆيى بارلىرى ئۆيىگە قايتۇرۇلسا بولىدۇ، ئۇلاردىن ھەقىقەتەن ئىشلەپچىقىرىشقا ئالاھىدە ئېھتىياجلىقلىرى، ئۆزى ئىختىيار قىلىش پرىنسىپى ئاستىدا، ئايرىم مەسىلە سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئەسلىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىدا ئىشلەشكە ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قالدۇرۇلسا بولىدۇ.

(2) يۇقىرىقى خادىملارنىڭ شەرتلىك قويۇپ بېرىپ سىناش مەزگىلىدىكى تەمىناتى مەركىزىي سايلام كومىتېتىنىڭ 1953 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى «سايلامغا قاتنىشىدىغان پۇقرالارنىڭ سالاھىيىتىگە دائىر بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدا جاۋاب»نىڭ 17 - ماددىسىدىكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنمىغانلارنىڭ سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقى بولىدۇ، دېگەن بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. ماددىي تەمىناتى ئۇلارنىڭ شۇغۇللانغان ئىش تۈرى ۋە ئۆزىنىڭ تېخنىكا ئىقتىدارىغا قاراپ مۇۋاپىق بېكىتىلسە بولىدۇ.

(3) يۇقىرىقى خادىملارنى شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەن مەزگىلدە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئىشىنى ئۇلار تۇرۇشلۇق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىنىڭ ج خ ساقچىخانىسى ياكى قوغداش تەشكىلاتى كونكرېت ئىجرا قىلىدۇ.

## 5. جازا كېچىكتۈرۈش

جازا كېچىكتۈرۈش مۇئەييەن جازا مۇددىتىدىن تۆۋەن ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنىدىغان

جىنايى جازا بولۇپ، شەرتكە توشىدىغانلىرى ئىجرا قىلىنمايدۇ. يېڭى جۇڭگودا تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش، ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن جىنايى قىلمىشى ۋە توۋا قىلىش ئىپادىسىگە ئاساسەن جازا كېچىكتۈرۈش تەتبىقلانسا، جەمئىيەتكە قايتا خەۋپ يەتكۈزمەيدۇ دەپ قارالغانلىرىغا جازا كېچىكتۈرۈش جاكارلاندى. جازا كېچىكتۈرۈپ سىناش مۇددىتى ئىچىدە ج خ ئورگىنى ئۇلارنى تۇرۇشلۇق ئورنى ياكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە تاپشۇردى، ئەگەر يېڭى جىنايەت ئۆتكۈزمىسە بولسا، جازا كېچىكتۈرۈپ سىناش مۇددىتى توشقاندا ئەسلى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايى جازا قايتا ئىجرا قىلىنمىدى؛ ئەگەر قايتا يېڭى جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، جازا كېچىكتۈرۈش بىكار قىلىنىپ، بىر قانچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش پرىنسىپى بويىچە، ئالدىنقى جىنايەت بىلەن كېيىنكى جىنايەتكە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايى جازا ئىجرا قىلىنىدىغان جازا قىلىپ قارار قىلىنىدى. ئەكسىلئىنقىلابچى جىنايەتچى ۋە ئادەتلەنگەن جىنايەتچىلەرگە جازا كېچىكتۈرۈش تەتبىقلانمىدى. جازا كېچىكتۈرۈش تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىشقىمۇ، مۇددىتىنى ئۇزارتىپ ئىجرا قىلىشقىمۇ ئوخشىمايدۇ.

### 1) جازا كېچىكتۈرۈپ سىناش سۈرۈكى

1979 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» ئېلان قىلىنىدى، ئۇنىڭدا جازا كېچىكتۈرۈشنىڭ سىناش سۈرۈكى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە بەلگىلىمە چىقىرىلدى: تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنى جازا كېچىكتۈرۈپ سىناش سۈرۈكى ئەسلى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايى جازادىن يۇقىرى بىر يىلدىن تۆۋەن بولىدۇ، لېكىن بىر ئايدىن ئاز بولماسلىقى كېرەك. مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ جازا كېچىكتۈرۈپ سىناش سۈرۈكى ئەسلى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايى جازادىن يۇقىرى بەش يىلدىن تۆۋەن بولىدۇ، لېكىن بىر يىلدىن ئاز بولماسلىقى كېرەك، جازا كېچىكتۈرۈپ سىناش سۈرۈكى ھۆكۈمدە بېكىتىلگەن كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ.

### 2) جازاسى كېچىكتۈرۈلگەنلەرنىڭ خىزمەت ستاژى، ئىش ھەققى

ئەل ئارىسىدا جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، جازا كېچىكتۈرۈش ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ خىزمەت ستاژىنى ھېسابلاش مەسىلىسى توغرىسىدا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1957 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈندىكى 2191 - نومۇرلۇق جاۋاب ئالاقىسىدە، قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، جازاسى كېچىكتۈرۈلگەنلەرنىڭ خىزمەت ستاژى، ئۇيۇشما ئەزالىق مەسىلىسى ئۈستىدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قارار چىقىرىدۇ دەپ كۆرسىتىلدى. يەنە گوۋۇيۈەن كادىرلار ئىدارىسىنىڭ لياۋنىڭ ئۆلكىلىك كادىرلار ئىدارىسىغا ئەۋەتكەن (58) 393 - نومۇرلۇق جاۋاب ئالاقىسىدە خىزمەتچى خادىملاردىن جىنايى ئىشلار بويىچە چارە كۆرۈلگەندىن كېيىن يەنە خىزمەتكە قاتناشقانلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار بويىچە چارە كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئىشلىگەن ۋاقتى ئادەتتە خىزمەت ستاژىغا كىرگۈزۈپ ھېسابلانسا بولىدۇ، دېيىلدى.

1964 - يىلى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىدىكى خادىملارنى مۇكاپاتلاش - جازالاش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسىدىكى بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدىكى جاۋابىنىڭ روھىغا ئاساسەن، دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىدىكى خادىملاردىن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، جازا كېچىكتۈرۈش جاكارلانغانلارنىڭ خىزمىتى تەبىئىي ھالدا بىكار قىلىنىدى. جازا كېچىكتۈرۈلگەن مەزگىلدە يەنىلا ئەسلى ئورگىنىدا قېلىپ داۋاملىق ئىشلىسە بولىدىغانلارغا مۇۋاپىق خىزمەت بېرىلدى. ئىش ھەققى دەرىجىسى بېكىتىلمەي، ئەسلىدىكى ئىش ھەققى تەمىناتى تۆۋەنلىتىلدى.

1977 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسى، قاتناش ئىدارىسى قاتناش ۋەقەسى سادىر قىلغان ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىنىڭ ئىش ھەققى مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقاردى، ئۇنىڭدا: جىنايى ئىشلار بويىچە چارە كۆرۈلگەنلىرىنىڭ ئىش ھەققى قاتناش ۋەقەسى سادىر قىلغان كۈندىن باشلاپ توختىتىلىپ، تۇرمۇش پۇلى بېرىلىدۇ، بۇنىڭدا شۇ كىشىنىڭ ئەسلى ئىش ھەققى ئۆلچەم قىلىنىپ (ئاساسىي ئىش ھەققى ۋە تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) %70 بېرىلىدۇ. جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، خىزمەتتىن ھەيدەلمىگەنلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىش ھەققى ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى.

1978 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، دۆلەت ئەمگەك باش ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار تەستىقلىرىدا: «خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەردىن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىپ، جازا كېچىكتۈرۈش ھۆكۈم قىلىنغان، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنمىغان، يەنىلا ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىدا قېلىپ خىزمەت ئىشلەۋاتقانلارنىڭ جازا كېچىكتۈرۈلگەن مەزگىلىنى ستاژغا ھېسابلاشقا بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى.

### 3) شىنجاڭدا جازا كېچىكتۈرۈشنىڭ تەتبىقلىنىش ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىپ جازا كېچىكتۈرۈشنى ئاساسلىقى ئەل ئارىسىدىكى يېنىك جىنايەتلەرگە تەتبىقلىدى، يەنە كېلىپ، نىكاھ - ئائىلە ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، مەسئۇلىيەت ۋەقەسى، ئۇرۇشۇپ زەخىملەندۈرۈش، قانۇن - ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىشتىن ئىبارەت تۆت خىل جىنايەتكە كۆپرەك تەتبىقلىدى. جىنايەت قىلمىشى ۋە ئاقىۋىتى ئانچە ئېغىر بولمىغان، ئىجتىمائىي خەۋپى ئاز، جازا مۇددىتى قىسقا بولغان جىنايەتچىلەرگە، توۋا قىلىش ئىپادىسى بىر قەدەر ياخشى ياكى ئالاھىدە تېخنىكىسى بولغانلىقتىن خىزمەت ئورنى ئېھتىياجلىق بولغان (ئاپتوموبىل شوپۇرلىرى كۆپرەك) ياكى ئائىلىسىدە يۈكى ئېغىر بولۇپ، تۈرمىدە ئىجرا قىلىنسا دۆلەتكە ۋە كوللېكتىپ تەشكىلاتلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇش ئېھتىمالى بولغان جىنيەتچىلەرگە، خىيانەت، ئوغرىلىق سوممىسى ئاز، توۋا قىلىش ئىپادىسى بولغان جىنايەتچىلەرگە، شۇنداقلا تۈرمىگە ئېلىنسا مۇۋاپىق بولمايدىغان ئاز ساندىكى ھامىلدار ئاياللار ۋە ياشانغان ئاياللارغا جازا كېچىكتۈرۈشنى تەتبىقلىدى.

شىنجاڭ بويىچە 1962 - يىلدىن 1963 - يىل 5 - ئايغىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلاردىن 219نىڭ جازاسى كېچىكتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ - ئائىلە ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار 79؛ مەسئۇلىيەت ۋەقەسى سادىر قىلغانلار 37؛ ئۇرۇشۇپ زەخىملەندۈرگەنلەر 21؛ قانۇن - ئىنتىزامغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلار 15؛ خىيانەتچىلىك قىلغانلار 15؛ ئوغرىلىق قىلغانلار 21؛ قىمار ئوينىغانلار 4؛ ھايانكەشلىك قىلغانلار 2؛ مال - چارۋىلارنى ئۆلتۈرگەنلەر 3، ئالدامچىلىق قىلغانلار بىر، باشقىلار 21.

## تۆتىنچى قىسىم

# ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى

# تۆتىنچى قىسىم

# ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر نەچچە قانۇن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، جىنايى ئىشلار بىلەن ھەق تەلەپ ئايرىلمايتتى. شىنجاڭدىكى ھەق تەلەپ ماجىرا دېلولىرىنى شۇ جايدىكى يامۇللار، بەگلەر ياكى ئۇيغۇر ۋاڭلىرى قوبۇل قىلاتتى. خەنزۇلارغا تەۋەلىرىنى ئادەتتە ئايماق، ناھىيە يامۇللىرى چىڭ سۇلالىسى قانۇنىغا ئاساسەن سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇراتتى، يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتكە تەستىقلاتمايتتى. نارازىلىق ئەرز، قايتا سوت قىلىش توغرىسىدا بەلگىلىمە يوق ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق تەلەپ ماجىرا دېلولىرى ئۈستىدە شۇ جايدىكى دىنىي زاتلار ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم چىقىراتتى. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ھەق تەلەپ دېلولىرىغا قۇمۇل ۋاڭلىق مەھكىمىسى ھۆكۈم قىلاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھەق تەلەپ سوت ئاپپاراتلىرى بىردەك بولمىسىمۇ، ئۇلار ماھىيەتتە ۋاڭ - غوجاملار، ئاقسۆڭەكلەر، فېئودالλارنىڭ ئىمتىيازىنى قوغدايتتى. ئەمگەكچى خەلقنى قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىدىن مەھرۇم قىلاتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا، جۇڭگو - روسىيە چېگرا ئاھالىلىرى ئارىسىدا ماجىرا كۆپەيدى. 1878 - يىلى تارباغاتاينىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى شى لۇن روسىيە تەرەپكە «سىياز» (بىرلەشمە سوت) تۈزۈمى[1] ئورنىتىپ، جۇڭگو - روسىيە ئاھالىلىرى ئارىسىدىكى ئالاقىدار دېلولارنى بىر ياقلىق قىلىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تارباغاتايدا «سىياز» تۈزۈمى ئورنىتىلىدۇ. 1885 - يىلى شى لۇن ئىلى جياڭجۈنى بولغاندىن كېيىن، «سىياز» تۈزۈمىنى ئىلىغا كېڭەيتىدۇ. 1904 - يىلى قەشقەردىمۇ بۇ تۈزۈم يولغا قويۇلىدۇ. 1911 - يىلى ئىككى دۆلەت چېگرىسىدىكى «سىياز» تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. تارباغاتايدا «سىياز» تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدا جۇڭگو بىلەن روسىيە 16 قېتىم «سىياز» ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە تارباغاتايدا 9 قېتىم، ئىلىدا 5 قېتىم، قەشقەردە 2 قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپ قېتىم كىچىك «سىياز» ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ، ئۇلاردا جەمئىي 35 مىڭدىن ئارتۇق دېلو بىجىرىپ ئاياغلاشتۇرۇلىدۇ.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى يەنىلا «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ ھەق تەلەپ قىسمىنى قوللاندى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مىنگونىڭ 18 - يىلى (1929) 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىنى ئېلان قىلدى. مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى)نىڭ ئاخىرىدا «جۇڭخۇا مىنگونىڭ ھەق

---

① «سىياز» بىرلەشمە سوت تۈزۈمى جۇڭگو، روسىيە ئەلچىلىرى ئالدىنقى يىللاردا ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولارنى بىر - بىرىگە ئۆتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۈزۈم بويىچە ئىككى تەرەپ دېلو ئەھۋالىغا قاراپ، گۇۋاھچىلارنى يىغىدۇ، ۋاقىتنى بەلگىلەپ، چېگرىدا مۇۋاپىق جاينى تاللاپ، ئىككى دۆلەت ئەمەلدارلىرى بىرلىكتە سوتلايدۇ، سوتلاشتا قازاقلارنىڭ ئادىتى ئۆلچەم قىلىنىپ، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە قۇرئان تۇتقۇزۇپ، قەسەم ئىچكۈزۈش يولى بىلەن ھەق - ناھەققە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

تەلەپ قانۇنى»نى تۈزۈپ، كېيىنكى يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى رەسمىي يولغا قويدى. شىنجاڭدىكى سوت، ئەدلىيە ئورگانلىرى ھەق تەلەپ دېلولىرىنى يۇقىرىقى قانۇنلار بويىچە قوبۇل قىلىپ سوتلىدى. شۇ يىلى قۇمۇل ۋاڭلىق تۈزۈمى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇلارنىڭ ھەق تەلەپ دېلولىرىنى ئەدلىيە ئورگىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى.

مىنگونىڭ ئەدلىيىسى چىرىكلەشتى، ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىش، قاقتى - سوقتى قىلىش قىلمىشلىرى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭدىكى سوت ئورگانلىرى تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن بىرى بولغانلىرىنى قوبۇل قىلمىدى: باشقۇرۇش تەۋەلىكى مۇۋاپىق بولمىسا؛ دەۋالاشقۇچىلار لاياقەتسىز بولسا؛ قانۇنلۇق ۋاكالەتچىسى بولمىسا؛ ئەرز ئۆلچەملىك يېزىلمىغان بولسا؛ دەۋا ھەققى تاپشۇرمىسا؛ بىر ئىش قايتىلانسا؛ ئەرز قىلمىسا؛ كېلىشىۋالغان بولسا؛ نارازىلىق ئەرز سۇنغۇچى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغانلىقىنى ئاساس كۆرسىتەلمىگەن بولسا. بۇ «9 قوبۇل قىلماسلىق» ئەمگەكچى خەلقنىڭ دەۋا ھوقۇقىنى ئېغىر دەرىجىدە چەكلەپ قويدى. ھوقۇقى ۋە كۈچى بارلار پۇلى، كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىگە پايدىلىق ھۆكۈم چىقارغۇزاتتى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتى ناھەق ھۆكۈم تۈپەيلىدىن قوغداشقا ئېرىشەلمەيتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىش خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى قىلىندى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھەق تەلەپ سوت خىزمىتىدە ئاممىغا تايىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە دېلو بېجىرىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، زور بىر تۈركۈم ھەق تەلەپ دېلوسىنى ۋاقتىدا سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. 1950 — 1985 - يىلغىچە 1 - سوتتا قارىلىدىغان ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 591 مىڭ 349نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ - ئائىلە دېلوسى 349 مىڭ 210 بولۇپ، ئاياغلاشتۇرۇلغان ئومۇمىي دېلونىڭ 59.05%نى ئىگىلىدى؛ قەرز دېلوسى 69 مىڭ 155 بولۇپ، ئاياغلاشتۇرۇلغان ئومۇمىي دېلونىڭ 11.69%نى ئىگىلىدى؛ ئۆي، يەر، ئۆي ئورنى دېلولىرى 19 مىڭ 912 بولۇپ، ئاياغلاشتۇرۇلغان ئومۇمىي دېلونىڭ 3.37%نى ئىگىلىدى؛ مىراس دېلوسى 14 مىڭ 796 بولۇپ، ئاياغلاشتۇرۇلغان ئومۇمىي دېلونىڭ 2.50%نى ئىگىلىدى؛ تۆلەم دېلوسى 18 مىڭ 193 بولۇپ، ئاياغلاشتۇرۇلغان ئومۇمىي دېلونىڭ 3.08%نى ئىگىلىدى؛ ئورمان، سۇ ئىنشائاتى، ئوتلاق، ئىش ھەققى قاتارلىقلارغا دائىر دېلو 120 مىڭ 81 بولۇپ، ئاياغلاشتۇرۇلغان ئومۇمىي دېلونىڭ 20.31%نى ئىگىلىدى.

1 - سوتتا ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، مۇرەسسە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، 282 مىڭ 816 دېلو مۇرەسسە قىلىش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. مۇرەسسە ھاسىل قىلغىلى بولمىغان 62 مىڭ 981 دېلو ھۆكۈم چىقىرىش يولى بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلدى.

2 - سوت تەرتىپىدە ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 18 مىڭ 869ى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلدى، نارازىلىق ئەرز قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 3234ى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلدى. 2 - سوت ھەق تەلەپ دېلولىرى ۋە نارازىلىق ئەرز ھەق تەلەپ دېلولىرىدىن سوت نازارەتچىلىك تەرتىپى

بويىچە ئەسلى ھۆكۈم ئۆزگەرتىلگىنى 4981 (تولۇق ئۆزگەرتىلگىنى 2329، قىسمەن ئۆزگەرتىلگىنى 2652) بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاددىي ھەق تەلەپ ماجىراسىدىن 120 نەچچە مىڭى بىر تەرەپ قىلىنغان.

يېڭى جۇڭگودا ھەق تەلەپ دېلولىرى ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىك ۋە مەزمۇنغا ئىگە بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە نىكاھ ئىشلىرى توغرىسىدا شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق قوشۇمچە بەلگىلىمە»نى تۈزۈپ چىقتى (تۆۋەندە قىسقارتىپ «قوشۇمچە بەلگىلىمە» دېيىلدى). 1950 — 1954 - يىلغىچە ئۆلكە بويىچە ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى نىكاھ دېلوسىدىن 63 مىڭ 843نى قوبۇل قىلدى، بۇ شۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان 190 مىڭ 202 ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ %5.33نى ئىگىلىدى. نىكاھ دېلوسىدىن 56 مىڭ 303ى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلدى، ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %2.88كە يەتتى. سوت مەھكىمىلىرى سوت پائالىيىتى ئارقىلىق ئاياللارنى خورلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىش ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتەك ئېغىر قىلمىشلارنى سادىر قىلغان جىنايەتچىلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بەردى. ئاياللارنىڭ ھەقىقانىي كۈرىشىنى قوللاپ، نىكاھقا چات كىرىۋېلىش، نىكاھ سودىسى قىلىشتەك فېئوداللىق نىكاھ ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلدى. شەھەر - يېزىلاردا نىكاھتا ئەركىن بولۇش، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇش، ئەر - ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش تۈزۈمىنى، ئاياللار ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان يېڭى نىكاھ تۈزۈمىنى تەدرىجىي ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمگەكچىلەر بىلەن مۈلۈكدار ئوتتۇرىسىدىكى قەرز، مىراس، ئۆي-زېمىن، زىيان تۆلىمى قاتارلىق ھەق تەلەپ دېلولىرىنىمۇ سوت قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمگەكچى بىلەن مۈلۈكدارنىڭ دېلولىرى 1951 - يىلى 20 مىڭ 56گە يېتىپ، شۇ مەزگىلدىكى ھەق تەلەپ دېلوسى ئومۇمىي سانىنىڭ %40.40نى ئىگىلەپ، ھەق تەلەپ دېلولىرىدا ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى. بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەمگەكچى بىلەن مۈلۈكدار ئوتتۇرىسىدىكى قەرز دېلوسىغا دائىر دەۋالارنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن، 1956 - يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەق تەلەپ دېلولىرى تەدرىجىي ئازايدى.

1960 - يىلدىن كېيىن، ھەق تەلەپ دېلولىرىدا يېڭىچە ئۆزگىرىش بولۇپ، ھەق تەلەپ دېلولىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. (1) نىكاھ دېلولىرى ئىچىدە سىياسىي چەك - چېگرىنى ئايرىش سەۋەبىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىش ياكى تەبىئىي ئاپەت سەۋەبىدىن شىنجاڭغا ئېقىپ كەلگەن ئاياللار تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن قوش نىكاھلىنىش ھەمدە نىكاھ سودىسىغا دائىر دېلولار كۆپەيدى؛ (2) مەركىزىي كومىتېتنىڭ يېزا خىزمىتى توغرىسىدىكى «12 ماددىلىق» ۋە «60 ماددىلىق» بەلگىلىمىلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەڭشۈۋېتىلگەن مال - مۈلۈكنى قايتۇرۇش ياكى ئۇلارغا تۆلەم بېرىشنى تەلەپ قىلىش ۋە ياكى كوپېراتسىيىگە قوشقان مال - مۈلۈكنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىش ماجىرالىرى كۆپەيدى؛ (3) قەرز ماجىرالىرىمۇ كۆپەيدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە سوت ئورگانلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغاچقا خەلقنىڭ دەۋا ھوقۇقى كاپالەتكە ئېرىشەلمىدى، سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ

دېلولىرى زور دەرىجىدە ئازلاپ كەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1966 - يىلى 10 مىڭدىن ئارتۇق دېلو قوبۇل قىلىنغان بولسا، 1969 - يىلى 1300 نەچچىگە چۈشتى، 1979 - يىلى ئەسلىگە كېلىپ 10 مىڭغا يەتتى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تېز تەرەققىي قىلىپ، «ئىككى ئائىلە، بىر گەۋدە» (كەسپىي ئائىلە، نۇقتىلىق ئائىلە، ئىقتىسادىي گەۋدە) بارلىققا كەلدى، نەتىجىدە كرېدىت، ئېلىم - بېرىم، قەرز دېلولىرى كۆندىن كۆنگە كۆپەيدى. ئېلىم - بېرىم، ئىجارە، يېڭىدىن سېلىش، ئۆزگەرتىپ سېلىش، كېڭەيتىپ سېلىش، چېقىش - كۆچۈرۈش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئۆي ماجىرالىرى ۋە ئۆي ئورنى ماجىرالىرى ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر شەھەرلىرىدە زور دەرىجىدە كۆپەيدى. مىراس ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش، قاراش، بېقىش، بېقىۋېلىش دېلولىرىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. يۇقىرىقى يېڭى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى 1982 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە 3 - قېتىملىق ئاپتونوم رايونلۇق ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، 3 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، 1982 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)» دا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ۋە تۈزۈم بويىچە دېلو بېجىرىش، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى 1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 16- كۈنىگىچە 4 - قېتىملىق ئاپتونوم رايونلۇق ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، 4 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەق تەلەپ سوت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش تەدبىرىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە تۈزۈپ چىقتى.


مىراس دېلولىرى 1985 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن مىراسخورلۇق قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشقا باشلىدى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، دەۋالاشقۇچىلار ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق قوغداش ئۈچۈن سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلغان دېلولار كۆپەيدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 26 مىڭ 418 ى قوبۇل قىلىنىپ، 26 مىڭ 221 ى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان، ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 99.2% كە يەتكەن.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىش ئارقىلىق جىسمانىي مۇناسىۋەت ۋە مال - مۈلۈك مۇناسىۋىتىنى قانۇن بويىچە تەڭشەپ، سوتسىيالىستىك نىكاھ تۈزۈمىنى، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش، خەلقنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

1950 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ كۆپىيىش - ئازىيىش ئەھۋالى سخېما 4 — 1 دە كۆرسىتىلدى.

**1950 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ كۆپىيىش - ئازىيىش سىخېمىسى**

سىخېما: 4 — 1    بىرلىكى: تۈمەن



# I باب

# چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى

## 1 § . دېلو تۈرلىرى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ھەق تەلەپ دېلولىرى چوڭ جەھەتتىن يەر، قەرز پۇل، نىكاھ، جەمەت، ئېلىم - بېرىم قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنەتتى. ئەدلىيە ئورگانلىرى ھەق تەلەپ دېلوسىدىكى دەۋالاشقۇچىلارنى تونۇپ تۇرۇش، تىلخەت يېزىشقا بۇيرۇش، دەررە بىلەن ئۇرۇش قاتارلىق ھوقۇقلارغا ئىگە ئىدى. گۇاڭشۈ 33 - يىلى (1907 - يىلى) ھەق تەلەپ قانۇنىنى تۈزۈش باشلاندى. شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) پۈتكەن «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى لايىھىسى» جۇڭگونىڭ قەدىمكى كۆپ قانۇن بىرگەۋدە بولۇش قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ لايىھەدە پۇقرالارنىڭ يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ھەمدە ئۇنىڭ دائىرىسى «يەر ئۈستىدىن يەر ئاستىغىچە بولىدىغانلىقى»، ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ ھوقۇقى، جەمەت ھوقۇقىغا بويسۇنۇشى، مىراسقا نەسەب بويىچە ۋارىسلىق قىلغۇچى بولغاندىلا، جاھانگىرلار جۇڭگو بىلەن تۈزگەن توختامغا، ئېلىم - بېرىم، قانۇنىي ئىگە، ھەقدارلىق ۋە ماددىي ھوقۇقلارغا ۋارىسلىق قىلغىلى بولىدىغانلىقى ۋە بۇ ھوقۇقلارنىڭ قوغدىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. بۇ لايىھە يولغا قويۇلماي تۇرۇپلا، چىڭ سۇلالىسى گۇمران بولدى.

## 2 § . نىكاھ - ئائىلە دېلولىرى

### 1 . نىكاھ دېلولىرى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى نىكاھ تۈزۈمى فېئودال ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئەرلەرنى ئەزىزلەپ، ئاياللارنى پەس كۆرىدىغان، ئەر ھوقۇقى ۋە «ئۈچ ئەركان، بەش ئەھكام» قاتارلىق فېئودallıق ئەخلاق مۇناسىۋىتىنى قوغدايتتى. چىڭ سۇلالىسى قانۇنىدا بىر جەمەتتىكى ئوخشاش فامىلىدىكىلەرنىڭ توي قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ مۆمىن پۇقرا بىلەن تېگى پەسنىڭ توي قىلىشى قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەسكەر، دېھقان، ئىشچى، سودىگەر مۆمىن پۇقرا، قۇل - دېدەكلەر شۇنداقلا سەنئەتچى، دورغىلار تېگى پەس ھېسابلىناتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا نىكاھ ئىشلىرىغا ئائىلە باشلىقى چات كېرىۋالسا بولىدىغان تۈزۈم بارلىققا كەلدى، بۇ تۈزۈم بويىچە نىكاھ ئىشىنى «ئاتا - ئانىلار بەلگىلەيدۇ، ئىككى ئەلچى كېلىشتۈرۈپ قويىدۇ» ھەمدە «ئالتە يوسۇن»نى ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. «ئالتە يوسۇن» ئارىغا ئادەم قويۇش، نام - شەرىپىنى سورۇشتۇرۇش، پۈتۈشۈش، تويلۇق بېرىش، توي كۈنىنى بېكىتىش، قىز كۆچۈرۈش قاتارلىق ئالتە تەرتىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە مۇئەييەن مىقداردا تويلۇق بېرىدۇ، تويلۇق توي قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى قىلىنىدۇ. «ئالتە يوسۇن» ئادا قىلىنغاندىلا، نىكاھلىنىش ۋۇجۇتقا چىقىدۇ، ئادا قىلىنمىسا، ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا يەنە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويۇلمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، توقال ئېلىشقا يول قويۇلغان. خان ۋە ئاقسۆڭەكلەر خوتۇن ئۈستىگە كىچىك خوتۇن ئالسا بولىدۇ، كىچىك خوتۇن خانىش ۋە چوڭ خوتۇنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنى توقالنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. ئادەتتە پۇقرا- پۇقرا ئەمەلدارلار توقال ئالسا بولىدۇ، چوڭ خوتۇن، كىچىك خوتۇن، توقاللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشىمايدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا يەتتە شەرت بەلگىلەنگەن. ئۇ ئاتا- ئانىسىغا ئىتائەت قىلماسلىق، تۇغماسلىق، بۇزۇقچىلىق قىلىش، كۈندەشلىك قىلىش، كېسەل بولۇش، ھازازۇل بولۇش، ئوغرىلىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى يەتتە شەرتتە ئەرنى ئەزىزلەش، ئايالنى پەس كۆرۈش ۋە ئەرلىك ھوقۇقى ئەكس ئېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاجرىشىشقا بولماسلىقنىڭ ئۈچ شەرتىمۇ بەلگىلەنگەن، يەنى خوتۇندا ئاجرىشىشنىڭ يەتتە شەرتى ھازىرلانغان بولسىمۇ، تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋالنىڭ بىرى بولسا، ئەر خوتۇننى قويۇۋەتسە بولمايدۇ؛ ئايالنىڭ بارار جايى بولمىسا؛ ئۈچ يىل قارىلىق تۇتۇشقا توغرا كەلسە (قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىغا ئۈچ يىل قارىلىق تۇتۇلىدۇ)؛ ئەر ئەسلى نامرات بولۇپ، كېيىن بېيىغان بولسا (تويدىن كېيىن ئايال ئېرى بىلەن جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئەرنى بېيىتقان بولسا)، بۇنىڭدىن باشقا ئەر - خوتۇنلاردىن بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ مەلۇم دائىرىدىكى تۇغقانلىرىنى ئۇرغان، ئۆلتۈرىۋەتكەن بولسا، ئۇلارنى ئاجراشتۇرىۋېتىش بەلگىلەنگەن.

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا، موڭغۇللار لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نىكاھلىنىش ئادەتلىرى مىللىي ۋە دىنىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئوغۇل - قىزلارنىڭ نىكاھىغا ئاتا - ئانىلىرى ئىگە بولىدۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر مەيلى ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باشقا دىندىكىلەر بىلەن ئەمەس، ئىسلام دىنىدىكىلەر بىلەنلا نىكاھلىنىشنى شەرت قىلىنىدۇ. توي قىلغاندا دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ، نىكاھ ئوقۇلغاندىن كېيىنلا نىكاھ مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىدۇ، نىكاھتىن ئاجرىشىش دىنىي شەرىئەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ياكى قەبىلە ئاقساقىلى دىنىي شەرىئەت ياكى ئادەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ قويىدۇ، بەزىلىرى «ئۈچ تالاق» قىلىش ئارقىلىق نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدۇ.

## 2. قاراش، بېقىش، بېقىپ تەربىيىلەش دېلولىرى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۈڭزىچىلىق بىلەن قانۇن بىرلەشتۈرۈلگەن، «پادىشاھ پۇقرالارغا، دادا پەرزەنتلەرگە، ئەر خوتۇنغا ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ» دەيدىغان كۈڭزىچىلىق فېئوداللىق تەلىماتى

فېئوداللىق قانۇن چىقىرىشتا ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدا يېتەكچى قىلىناتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا ۋاپاسىزلىق «ئون قەبىھ قىلمىش»نىڭ بىرى قىلىنغان. بوۋا ـ موما، ئاتا ـ ئانىلار ھايات تۇرۇقلۇق بالا ـ نەۋرىلەر بۆلەك بولۇۋېلىپ، ئۇلارغا قارىمىسا قانۇن بويىچە جازالىناتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر ئاساس قىلىنىپ، «بوۋا ـ مومىسىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى ئۇرغۇچىنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ، تىل تەككۈزگۈچى دارغا ئېسىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

ئائىلىق، ئەرلىك ھوقۇقى مەركەز قىلىنغان فېئوداللىق ئائىلە تۈزۈمىدە ئەر خوجايىن، ئايال ئىتائەت قىلغۇچى بولۇپ، بۇنداق ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتىدە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئورنى جەھەتتىكى تەڭسىزلىك گەۋدىلەنگەن بولۇپ خوتۇننىڭ ئائىلە مال ـ مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولمايتتى. نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ يەتتە شەرتى بويىچە نىكاھتىن ئاجراشقان ئايالنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىگە مال ـ مۈلۈك ئېلىپ كېتىشىگە يول قويۇلمايتتى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئائىلە ئىچىدىكى تەڭسىز مۇناسىۋەت مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان ۋە قوغدىلىدىغان بولۇپ، ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرىنى بېقىپ تەربىيىلەش، بېقىش ھوقۇقىدىن سىرت، مال ـ مۈلۈكنى ئۈزلەشتۈرۈش ھوقۇقى، جازالاش ھوقۇقى، ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى، نىكاھ ئىشلىرىغا ئىگە بولۇش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇقلارغا ئىگە ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنىدا، بوۋا ـ موما، ئاتا ـ ئانا نەۋرە، پەرزەنتلەرنى يولسىز ئۇرسا 100 دەررە ئۇرۇلىدۇ؛ قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتسە 60 دەررە ئۇرۇلىدۇ، بىر يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى. ئۇ دەۋردە پەرزەنتلەرنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە جىسمانىي ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى.

## 3 § . مىراس دېلولىرى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىشتا، خان ۋە ئەمەلدار ئاقسۆڭەكلەر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا، يېرىگە ۋە باشقا مال ـ مۈلكىگە چوڭ خوتۇندىن بولغان چوڭ ئوغلى ۋارىسلىق قىلاتتى. چوڭ خوتۇندىن بولغان چوڭ ئوغلى ۋارىسلىق قىلىش مەركەز قىلىنغان بۇ خىل مىراس تۈزۈمى نەسەب بويىچە ۋارىسلىق قىلىش دەپ ئاتىلاتتى. نەسەب بويىچە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولغۇچىنىڭ مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولاتتى. فېئوداللىق ئائىلىدە ئەر ئاساس قىلىنىدىغان بولۇپ، ئوغلى بولسا نەسەبى داۋاملىشاتتى، ئوغۇلى بولمىسا نەسەبى ئۈزۈلۈپ قالاتتى، ئاياللارنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقى بولمايتتى. توقالدىن بولغان بالىلارنىڭ ئورنى چوڭ خوتۇندىن بولغان بالىلارنىڭكىدىن تۆۋەن بولاتتى، چوڭ خوتۇندىن بولغان چوڭ ئوغۇل ئائىلە باشلىقى سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئاساسلىق مال- مۈلۈك ۋارىسى بولاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەدلىيە ئورگانلىرى مىراس دېلولىرىنى يۇقىرىقى ۋارىسلىق تۈزۈمى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى.

مىراسخورلۇق قانۇنىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈش گۇاڭشۈ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) باشلىنىپ، شۈەنتۇڭ 3 ـ يىلى (1911 ـ يىلى) تاماملاندى، ئۇ «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى (لايىھىسى)»نىڭ 5 ـ قىسمى قىلىندى، ئۇنىڭدا يەنىلا نەسەب بويىچە ۋارىسلىق قىلىش ئاساس قىلىنغان.

# II باب

# مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ھەق تەلەپ سوت ئىشلىرى

## §1 . دېلو تۈرلىرى

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947) شىنجاڭنىڭ 1 - سوت ھەق تەلەپ دېلولىرى جەدۋىلىدە دېلولارنىڭ مۇنداق تۈرلىرى كۆرسىتىلگەن:

1. قەرز دەۋاسى    ئېلىم - بېرىم، ھەدىيە، ئىجارە، قەرز، ياللاپ ئىشلىتىش، كاسىنا ئىشلەش، ھاۋالە، توشۇش، شېرىكچىلىك دەۋالىرى ۋە باشقىلار.

2. نەرسە ھوقۇقى دەۋاسى    ئىگىدارلىق ھوقۇقى، كۆك ھوقۇقى، ئورتاقچىلىق ھوقۇقى، مەدىكارلىق ھوقۇقى، گۆرۈگە قويۇش ھوقۇقى، گۆرۈگە ئېلىش ھوقۇقى، قالدۇرۇش ھوقۇقى، ئىگىلەش ھوقۇقى دەۋالىرى ۋە باشقىلار.

3. تۇغقاندارچىلىق دەۋاسى    نىكاھلىنىش، ئاتا - ئانا، پەرزەنت، بېقىش دەۋالىرى ۋە باشقىلار.

4. مىراس دەۋاسى    مىراس، ۋەسىيەت دەۋالىرى.

5. باشقىلار.

1 - سوتنىڭ بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسى: ھۆكۈم، يارىشىۋېلىش، دەۋادىن كېچىش، دەۋانى قايتۇرۇۋېتىش ۋە باشقىلار.

2 - سوتنىڭ بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسى: قايتۇرۇۋېتىش، نارازىلىق ئەرزىنى رەت قىلىش، ئەسلى ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىش، ئەسلى ھۆكۈمنى بىكار قىلىش، ئەسلى ھۆكۈمگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋە باشقىلار.

## §2 . نىكاھ - ئائىلە دېلولىرى

### 1. نىكاھ دېلولىرى

مىنگو دەۋرىدە نىكاھ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا مىنگونىڭ 18 - يىلى (1929 - يىلى) دىن ئىلگىرى، بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قىسمى ئاساس قىلىندى. مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن كېيىن «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ تۇغقاندارچىلىق قىسمى» ئاساس قىلىندى. مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھەق

تەلەپ قانۇنى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودallıق جەمئىيەتنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە تۈزۈمىنى قوغداپ، نىكاھدا مەجبۇرلاش، چات كىرىۋېلىش ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن نىكاھ سودىسى تۈزۈمى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن؛ ئوغۇل ـ قىزلار ئەركىن نىكاھلىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان؛ نىكاھ سودىسى ئېتىراپ قىلىنغان؛ توقال ئېلىشنىڭ قوش نىكاھلىنىش ھېسابلانمايدىغانلىقى، نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ ئاساسى بولمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

مىنگو دەۋرىدە خەنزۇلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش دەۋالىرىنىڭ كۆپىنچىسى شۇ جايدىكى سوت ئورگىنىغا سۇنۇلاتتى؛ ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش دەۋالىرىنىڭ كۆپىنچىسى سوت ئورگىنىغا دەۋا قىلىش ئارقىلىق ئەمەس، مەھكىمە شەرئى ئارقىلىق ھەل قىلىناتتى. قازى مۇھۇر باسقان ئىسپاتقا ئېرىشسىلا، نىكاھتىن ئاجراشقان ھېسابلىناتتى. ئەر ئايال تەرەپنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپلا، ئاغزاكى ياكى يازما شەكىلدە نىكاھتىن ئاجراشقانلىقىنى ياكى نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىلگىنىنى بىلدۈرەتتى. نىكاھتىن ئاجرىشىش ماجىراسىنى بىۋاسىتە سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىدىغانلار ئاز ئىدى ياكى مەھكىمە شەرئىنىڭ ھەل قىلىشىغا قايىل بولمىسا، سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلاتتى. نىكاھ ماجىرالىرى شۇ جايدىكى ھەق تەلەپ ماجىرالىرى ئىچىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئۈرۈمچى يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ مىنگونىڭ 24 — 31 ـ يىلىغىچە بولغان (1935 — 1942 ـ يىلىغىچە بولغان) ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھەق تەلەپ دېلوسىدىن جەمئىي 6610ى قوبۇل قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ دېلوسى (نىكاھتىن ئاجرىشىش، نىكاھ پۈتۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1035 بولۇپ، ھەق تەلەپ ئومۇمىي دېلو سانىنىڭ 16.4%نى ئىگىلىگەن. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) شىنجاڭنىڭ 1 ـ سوت ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ مەلۇمات جەدۋىلىدە خاتىرىلىنىشىچە، قوبۇل قىلىنغان نىكاھ دېلوسى 372 بولۇپ، ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە 2 ـ ئورۇندا تۇرغان، شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 14.3%نى ئىگىلىگەن.

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى ئىلگىرى فېئودال ۋە دىنىي كۈچلەرنىڭ بېسىمىغا قاتتىق ئۇچراپ، نىكاھتىن ئاجرىشىشتا قاتمۇقات توسالغۇغا دۇچ كېلىپ، قانۇننىڭ قوغدىشىغا ئېرىشەلمەيتتى. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى قازىنىڭ ئاياللارنى ئۆز ئالدىغا نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇۋېتىش شامىلىنى توسۇش توغرىسىدا ئىلى يەرلىك سوت مەھكىمىسىدىن ئايال تەرەپنىڭ ئۆز ئالدىغا نىكاھتىن ئاجرىشىش دەۋاسىنى قانۇن بويىچە قاتتىق چەكلەش، خېلى ئېغىر نەزەربەنت قىلىش جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىلغان. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دۇبەن مەھكىمىسى يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش ماجىرالىرىنى ئاخۇن قاتارلىقلار قۇرئان بويىچە بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقى، بىر تەرەپ سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا، دەۋانى قوبۇل قىلماسلىق ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن. ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يۇقىرىقى پەرماننى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى، ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىلىرى، ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە بېجىرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرگە يەتكۈزۈپ، شۇ بويىچە بېجىرىشنى تەلەپ قىلغان. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇھەممەت ياقۇپنىڭ ئەر ـ خوتۇن ئايرىلىپ تۇرۇش ماجىراسىنى مەھكىمە شەرئىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بەرگەن.

## شىنجاڭدا مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) 1 ـ سوت ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش ـ ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 — 1

| نامى / دېلو سانى / تۈرى | قوبۇل قىلىنغان دېلو سانى | ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو سانى | | | | | | ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى | نارازىلىق ئەرز بېرىلگىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ھۆكۈم | يارىشىش | دەۋادىن كېچىش | رەت قىلىش | باشقىلار | | |
| جەمئىي | 2605 | 2242 | 323 | 868 | 762 | 38 | 251 | 363 | 18 |
| ئېلىم ـ بېرىم | 278 | 214 | 19 | 73 | 120 | 1 | 1 | 64 | 1 |
| ھەدىيە | | | | | | | | | |
| ئىجارە | 189 | 172 | 75 | 56 | 33 | 3 | 5 | 17 | |
| قەرز | 812 | 749 | 106 | 228 | 222 | 12 | 181 | 63 | 12 |
| ياللاش | 120 | 113 | 21 | 57 | 27 | 5 | 3 | 7 | |
| كاسسا ئىشلەش | 74 | 70 | 16 | 28 | 22 | 4 | | 4 | |
| ماۋالە قىلىش | 5 | 5 | | 1 | 4 | | | | |
| توشۇش | 94 | 85 | 18 | 34 | 23 | 5 | 5 | 9 | |
| شېرىكچىلىك | 74 | 62 | 12 | 27 | 16 | 2 | 5 | 12 | |
| باشقىلار (قەرز) | 95 | 93 | | 35 | 43 | | 15 | 2 | |
| ئىگىدارلىق ھوقۇقى | 14 | 13 | 2 | 1 | 9 | | 1 | 1 | 1 |
| كۆك ھوقۇقى | 227 | 218 | 3 | 136 | 70 | | 9 | 59 | 1 |
| ئورتاقچىلىق ھوقۇقى | 13 | 13 | 5 | 6 | 2 | | | | |
| مەدىكارلىق ھوقۇقى | 11 | 11 | | 11 | | | | | |
| گۆرۈگە قويۇش ھوقۇقى | 18 | 16 | 5 | 2 | 9 | | | 2 | |
| گۆرۈگە ئېلىش ھوقۇقى | 21 | 18 | 4 | 5 | 9 | | | 3 | |
| رەنە ھوقۇقى | 11 | 11 | 7 | 2 | 2 | | | | 1 |
| قالدۇرۇش ھوقۇقى | 1 | 1 | | 1 | | | | | |
| ئىگىلەش ھوقۇقى | 1 | 1 | | 1 | | | | | |
| نىكاھ | 372 | 322 | 25 | 145 | 124 | 5 | 23 | 50 | 2 |
| ئاتا ـ ئانا، پەرزەنتلەر | 25 | 19 | 4 | 5 | 9 | 1 | | 6 | |
| بېقىپ تەربىيىلەش | 4 | 1 | | | 1 | | | 3 | |
| تۇغقاندارچىلىق يېقىنى | 2 | | | | | | | 2 | |
| مىراس | 66 | 35 | 1 | 15 | 16 | | 3 | 31 | |
| ۋەسىيەت | 1 | | | | | | | 1 | |
| باشقىلار | 27 | | | | | | | 27 | |

## 2. قاراش، بېقىش، بېقىپ تەربىيىلەش دېلولىرى

مىنگو دەۋرىدە قاراش، بېقىش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، مىنگو ھۆكۈمىتى تارقاتقان «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ تۇغقاندارچىلىق قىسمى» ئاساس قىلىندى. بۇ بەلگىلىمە بويىچە ئەر - خوتۇنلاردىن بىر تەرەپ ھۆكۈم ئارقىلىق نىكاھتىن ئاجرىشىش تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىغاندا، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن تەرەپ تۆلەم بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ ياكى ئەر - خوتۇنلاردىن سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىگەن بىر تەرەپ ھۆكۈم ئارقىلىق نىكاھتىن ئاجرىشىش تۈپەيلىدىن تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچراپ قالسا، يەنە بىر تەرەپ سەۋەنلىكى بولمىسىمۇ مۇناسىپ بېقىش ھەققى بېرىدۇ. شىنجاڭدا سادىر بولغان بۇنداق ماجىرالاردىن سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىنغىنى بىر قەدەر ئاز. مەسىلەن: مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلغان ھەق تەلەپ دېلوسى 164، بۇنىڭ ئىچىدە بېقىش دېلوسى ئاران 4 بولۇپ، ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ %5 .2نى ئىگىلىگەن. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا سادىر بولغان بېقىش دېلولىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە مۇرەسسە يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ يەنى ئاز سانلىق مىللەتلەردە نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئەر تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ئايال تەرەپ نىكاھلانغان چاغدا ئېلىپ كەلگەن مال - مۈلۈكنى ھەممە بۆلۈپ بېرىلگەن مال - مۈلۈكنى ئېلىپ كېتىدۇ؛ ئايال تەرەپ تەلەپ قىلغان بولسا، ئەر تەرەپ ھېچقانداق مال - مۈلۈك بەرمەيدۇ، ئايال ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىلا ئېلىپ كېتىدۇ. قىرغىزلار ئايال تەرەپنىڭ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن مال - مۈلۈكنى ئېلىپ كېتىشىگە يول قويىدۇ.

بېقىپ تەربىيىلەش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شىمال مىللىتارىستلىرى ھۆكۈمىتى «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ ھەق تەلەپ قىسمىنى يولغا قويۇپ تۇردى. كېيىن مىنگو «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ تۇغقاندارچىلىق قىسمى»نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەندى: ھۆكۈم ئارقىلىق نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن، پەرزەنتلەر ئاتىسىنىڭ ۋەسىيلىكىدە بولىدۇ، ئالاھىدە ئەھۋال بولسا، سوت مەھكىمىسى پەرزەنت-لەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋەسىينى ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىدۇ، ئانىسى بېقىپ تۇرسىمۇ بولىدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرىدىن قانۇندا ئايرىم بەلگىلىمە يوقلىرى-نى ئاتا - ئانا تەڭ ئادا قىلىدۇ ياكى ئاتا - ئانىلار ھوقۇق، مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشتا بىرلىككە كېلەلمىسە ئاتا ئادا قىلىدۇ.

# § 3 . مال - مۈلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتكە دائىر دېلولار

## 1. مىراس دېلولىرى

مىنگو دەۋرىدە نەسەبكە ۋارىسلىق قىلىش بىكار قىلىنىپ، مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى قوللىنىلغان بولسىمۇ، ۋارىسلىق ھوقۇقى جەھەتتە ئەر بىلەن ئايال، چوڭ خوتۇن بىلەن كىچىك خوتۇن باراۋەر بولمىدى. چوڭ خوتۇندىن بولغان ئوغۇلنىڭ ئالدىن ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى تەكىتلەندى، تول خوتۇننىڭ مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولسىمۇ، مال-مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولمىدى.

مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن مىراس دېلولىرى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تەۋەلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەل ئارىسىدىكى ئادەت بويىچە ياكى ئاخۇننىڭ سۆزى بويىچە بىر تەرەپ

قىلىنىدى، ئىنتايىن ئاز قىسمىلا ئەدلىيە ئورگىنىغا دەۋا قىلىنىدى. ئۈرۈمچى يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، مىنگونىڭ 24 — 31 - يىلىغىچە (1936 — 1942 - يىلىغىچە) بولغان 8 يىلدا ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 6508ى قوبۇل قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە مىراس دېلوسى 74 بولۇپ، ھەق تەلەپ دېلولىرى %1.1نى ئىگىلىگەن. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947 - يىلى) شىنجاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان مىراس دېلوسى 67 بولۇپ، ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ %6.2نى ئىگىلىگەن.

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ئادەتلىرى پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا پەرزەنتلەرنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنىسىمۇ، مىراس ئۈلۈشى تەڭ بولمايدۇ، ئادەتتە ئاياللارنىڭ ئۈلۈشى ئەرلەرنىڭكىگە قارىغاندا بىر ھەسسە ئاز بولىدۇ. بەزى مىللەتلەردە تېخىمۇ ئاز بولىدۇ. بېقىۋالغان پەرزەنتلەرنىڭ ئادەتتە ۋارىسلىق ھوقۇقى بولمايدۇ. ئەر - خوتۇنلاردىن بىر تەرەپ ئۆلۈپ كەتسە، يەنە بىر تەرەپنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقى بولسىمۇ، ئەر - خوتۇنلارنىڭ مىراس ئۈلۈشى بولمايدۇ، ئەر ئۆلۈپ كەتسە پەرزەنتلىك ئايال مىراسنىڭ ئاز بىر قىسمىغىلا ۋارىسلىق قىلىدۇ، كۆپ قىسمىغا پەرزەنتلەر ۋارىسلىق قىلىدۇ؛ پەرزەنتى يوق ئايال كۆپ قىسمىغا، قالغان قىسمىغا ئەرنىڭ ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرى ۋارىسلىق قىلىدۇ. پەرزەنتى يوق ئايال ئۆلۈپ كەتسە، ئەر مىراسنىڭ يېرىمىغا، قالغان قىسمىغا خوتۇنىنىڭ ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرى ۋارىسلىق قىلىدۇ. مىراس ئائىلە ئورتاق مۈلكىنىڭ بىر قىسمى بولسا، بىردىمەتلىكلەر ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، كېيىنكىلەر ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئالايلۇق، بوۋا ھايات بولسا، ئاتا - ئانىسىنىڭ مىراسىغا پەرزەنتلەر ئەمەس، بوۋا ۋارىسلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ۋەسىيەتلىك مىراس ئېتىراپ قىلىنىسىمۇ، ۋەسىيەت ئاخۇنىنىڭ تامغىسى بېسىلغاندىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ، ۋارىسى يوق مىراس مەسچىتكە تەۋە بولىدۇ.

قازاقلاردا ئوغۇل ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتسە ياكى ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپ ئانىسى ياتلىق بولۇپ كەتسە، بارلىق مىراسقا ئوغلى ۋارىسلىق قىلىدۇ، قىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. تۇل خوتۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىگە ۋاكالىتەن مىراسنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، پەرزەنتى بولمىسا، مىراسقا ئاكا - ئۇكىسى ۋە جىيەنى ۋارىسلىق قىلىدۇ، تۇل خوتۇن ياتلىق بولۇپ كەتكەندە مىراسنى ئېلىپ كېتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى مىراس ماجىرالىرىنىڭ كۆپ قىسمى شۇ مىللەتنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ئادىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدى. شىنجاڭدىكى سوت ئاپپاراتلىرى مىراس دېلولىرىنى سوت قىلىشتا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنىغا ئاساسلاندى ھەم شۇ مىللەتنىڭ ئادىتىگىمۇ مۇۋاپىق ئەھمىيەت بەردى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) قاغىلىق ناھىيىسى قاتارلىقلار ئەينى چاغدىكى قانۇندا بەلگىلەنگەن مىراس بۆلۈشۈش چارىسىنى ئىسلام شەرىئىتىگە زىت دەپ قاراپ، ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ ئىسلام شەرىئىتى بويىچە دېلو بېجىرىشى ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن. بۇ تەكلىپ شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە يەتكۈزۈل- گەندە يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ۋارىسلىق قىسمى» دىكى بەلگىلىمىنى ئاساس قىلىپ، يۇقىرىقى ئىلتىماسنى رەت قىلغان.

## 2. ئۆي دېلولىرى

### 1) ئۆي دېلولىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

(1) ئۆي دېلولىرىنىڭ ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقى    شىنجاڭ يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ رايون بولسىمۇ، ئۆي دېلولىرى مۇئەييەن مىقدارنى ئىگىلىگەن. ئۈرۈمچى

يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ مىنگونىڭ 24 — 28 - يىلىغىچە (1935 — 1939 - يىلىغىچە) بولغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلىدىكى سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلوسى 2938، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆي - زېمىن دېلوسى 199 بولۇپ، ئومۇمىي ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ 6.77%نى ئىگىلەپ، قەرز، نىكاھتىن ئاجرىشىش، مال - مۈلۈك، ئادەم ئىشلىتىش قاتارلىقلارغا دائىر دېلولاردىن قالسىلا 5 - ئورۇندا تۇرغان. مىنگونىڭ 29 — 31 - يىلىغىچە (1940 — 1942 - يىلىغىچە) بولغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلىدە، ئۈچ يىلدا قوبۇل قىلىنغان دېلو 3670، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆي - زېمىن دېلوسى 157 بولۇپ، ئومۇمىي ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ 4.3%نى ئىگىلەپ، يەنىلا 5 - ئورۇندا تۇرغان.

(2) ئۆي دېلولىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە بىر تەرەپ قىلىنىشى ئەينى چاغدا ئۆي - زېمىن دېلولىرىنىڭ مەزمۇنى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، كۆپىنچىسى مۈلۈك ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش، ئۆي - زېمىنغا ۋارىسلىق قىلىش، سېتىش - سېتىۋېلىش ۋە چەتكە چېتىلىشىق دېلولاردىن ئىبارەت بولغان.

1. ئۆي - مۈلۈك ھوقۇق ماجىراسى دېلولىرى مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئابدۇللا مەتمەخسۇمنىڭ ئۆي - مۈلۈك ھوقۇقىغا دائىر نارازىلىق ئەرز دېلوسىنى قوبۇل قىلغان. نارازىلىق ئەرزدە ئېيتىلىشىچە، بىر قورساق ئاكىسى مۇھەممەت ئىبراھىم ئەسلى سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئۆزبېك بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرۇپ، پۇل - بىساتىنى ئورتاق باشقۇرغان. شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) ئاتىسىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن نورغۇن پۇل بىلەن ئىلىغا كېلىپ سودىگەرلىك قىلغان، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەپ ئىگىلىك يارانقان، مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى) كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. ھايات ۋاقتىدا نارازىلىق ئەرز بەرگۈچىنى ئىلىغا چاقىرتقان. ئۇ ئىلىغا كەلگۈچە ئاكىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ئاكىسىنىڭ ئىككى قورو جايى بولۇپ، يەرلىك يۇرت چوڭلىرى تەرىپىدىن ئاكىسىنىڭ يالغان ۋەسىيىتى بويىچە بىر قورۇ جايىنى جىيەن ئوغلى ئىسمائىلغا، يەنە بىرىنى جىيەن قىزى سالامەتخانغا، باشقا پۇل - بىساتلىرىنى يەڭگىسىگە بۆلۈپ بېرىۋەتكەن. پەرزەنتلىرى كىچىك بولغاچقا ئايالى نارازىلىق ئەرز قىلغۇچىغا نىكاھلىق بولغان، نارازىلىق ئەرز قىلغۇچى 18 — 19 يىل ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرغان. جىيەن قىزى سالامەتخان بەختكە قارشى مىنگونىڭ 23- يىلى (1934 - يىلى) ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئېرى مىرزاھېكىم ۋەسىيەتنامە ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئىككى قورۇ جايى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىسمائىل ئۆلگەندىن كېيىن نارازىلىق ئەرز قىلغۇچىنىڭ قىزى رىسالەتخانغا بۆلۈپ بېرىلگەن قىسمىمۇ بار)نى ئىلى ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا ھەدىيە قىلىۋەتكەن، ئەسلى سوت دەۋا سۈرىكى بەش يىل ئۆتۈپ كەتكەندە ئاندىن دەۋا قىلغان دەپ ھۆكۈم ئارقىلىق كۆپ يىللاردىن بۇيان باشقۇرۇپ كەلگەن قورۇ جايىنى بوشىتىپ بېرىشكە بۇيرۇغان، نارازىلىق ئەرز قىلغۇچى ئەسلى ھۆكۈمگە قايىل بولماي، نارازىلىق ئەرز سۇنغان، نارازىلىق ئەرزدە جاۋابكارلىقتا تارتىلغۇچى ھەدىيە خېتىنى ئاساس قىلىپ كۆرسەتكەن. شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى كېڭەشمە سوتتا قاراپ چىقىپ، نارازىلىق ئەرز قىلغۇچىنىڭ ئاكىسى يالغۇز چىقىپ كېتىپ ئۇزۇن يىل تىجارەت قىلغان. ئۇنىڭ بارلىق مال-مۈلكى ئۆزىگە تەۋە، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، مىراسنى شۇ جايدىكى گۇۋاھچىلار ۋەسىيەتكە ئاساسەن خوتۇنى ۋە پەرزەنتلىرىگە ئوخشاش بۆلۈپ بەرگەن. مىراس قالدۇرغۇچى بىرمۇنچە ئورتاق مۈلۈكنى ئىلىغا ئېلىپ كېلىپ تىجارەت قىلىپ ئېرىشكەن تاپاۋەت ئورتاق مۈلۈك بۆلۈپ، نارازىلىق ئەرز قىلغۇچىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىنغانلىقى ئېنىق، لېكىن ئىلىغا كېلىپ

تەلىپىنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويماي، ئارىدىن 20 يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئاندىن ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنىڭ تەلەپ قويۇش ھوقۇقىنىڭ سۈرىكى ئۆتۈپ كەتكەن. نارازىلىق ئەرز قىلغۇچى ئاكىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن توي قىلىپ، قورامىغا يەتمىگەن پەرزەنتلىرىگە ۋاكالىتەن ئۆلارنىڭ مىراسىنى باشقۇرۇپ بەرگەن. بۇ ئۇنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. قوشۇمچە دېلو ماتېرىياللىرىنىڭ ئىككىنچى بېتىدىكى مەزمۇندا ۋاكالىتەن باشقۇرغانلىقى ئېنىق خاتىرىلەنگەن، باشقۇرۇپ تۇرغانىنى ئۆزىنىڭ دەۋالسا بولمايدۇ. سالامەتخان ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، ئاغزاكى ۋەسىيەت قىلىپ، ئاتىسىدىن قالغان ئىككى قورۇ جايدىن رىسالەتكە بۆلۈپ بېرىلگەن قىسمىدىن باشقىسىنى مەكتەپكە ھەدىيە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ھەمدە گۇۋاھچىلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئەينەن خاتىرىلەپ ئىمزا قويۇپ تامغىسىنى باسقان، بۇ ھەرىكەت قانۇنغا ئۇيغۇن، ئەسلى سوتنىڭ ھۆكۈم ئارقىلىق نارازىلىق ئەرز قىلغۇچىنى ئۆي - زېمىننى قايتۇرۇشقا، غۇلجا ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا بوشىتىپ بېرىشنى بۇيرۇشى خاتا ئەمەس. شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى يۇقىرىقى يەكۈنگە ئاساسەن، نارازىلىق ئەرزنى ئاساسسىز دەپ قاراپ، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 446 ـ ماددىسى ۋە 78 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ھۆكۈم چىقىرىپ نارازىلىق ئەرزىنى رەت قىلغان.

2. چەتكە چېتىشلىق ئۆي - زېمىن دېلولىرى    بۇنداق دېلولارنىڭ كۆپىنچىسى جۇڭگو پۇقرالىرى ئۆينى چەتئەل كەلگەندىلەرگە سېتىش ياكى گۆرۈگە قويۇشتىن كېلىپ چىققان، ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەت بۇ خىل ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى چىقىش قىلىپ، چەتئەن كەلگەندىلەرنىڭ سېتىۋېلىشىنى توسۇشنى مەقسەت قىلغان. روسىيىنىڭ ئۇنىڭ ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ياندىش ئەلچىسىنىڭ جۇڭگو پۇقراسىنىڭ ئۆي - زېمىنىنى سېتىۋېلىشى توغرىسىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي ۋالىيسى ياڭ زېڭشىن مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919- يىلى) 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۇنىڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى ياڭ يۈچاڭنى روسىيە ياندىش ئەلچىسىنىڭ جۇڭگو پۇقراسىنىڭ ئۆي - زېمىنىنى قايتۇرۇپ بېرىشى ئۈستىدە روسىيە كونسۇلخانىسى بىلەن سۆزلىشىشكە بۇيرۇغان. ئۇيغۇر پۇقرا ھامۇتقارىنىڭ خوتۇنى ھاكىمبىبى ئۆزلىرى سالغان يەتتە ئېغىز ئۆينى ئۆز ئالدىغا روسىيىنىڭ ياندىش ئەلچىسى مىرزا ئېلىنىڭ خوتۇنى نىياز بىبىگە سېتىپ بەرگەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئامبال ياڭ يۈچاڭ قوشنىسى ئابدۇراخمانغا سېتىپ بېرىش ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغان بولسىمۇ، مىرزائېلى ئۆينى ئىگىلىۋېلىپ تاپشۇرۇپ بەرمىگەن، شۇنداقلا ھاكىمبىبىنى يوشۇرۇپ قويغان. ياڭ زېڭشىن بېگى تەيىنلەنگەن فېڭ ئامبالنى ھاكىمبىبىنى تۇتۇشقا بۇيرۇغان، مىرزائېلىنى سوتقا چاقىرتىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆينى ئەسلى باھاسى بىلەن قايتۇرغۇزۇپ، كېلىشىمنى بىكار قىلغان، ئاندىن ئابدۇراخماننىڭ باھا قويۇپ سېتىۋېلىشىغا ھۆكۈم چىقارغان ھەمدە ھاكىمبىبىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، «ئىگىلىك ھوقۇق»نى قوغداپ قالغان.

مورىلىق پۇقرا ياڭ شىڭيۇن دۇكىنىنى روسىيىلىك سودىگەرگە گۆرۈگە قويغان. مىنگونىڭ 8- يىلى (1919 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن «ئۆز مەنپەئىتىنى دەپ دۆلەتكە زىيان سالغان» دەپ قاراپ، مورى ناھىيىسىنىڭ ئامبال ياردەمچىسى ليۇ فۇتىڭنى ياڭ شىڭيۇننى گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ نەزەربەنت قىلىشىغا تاپشۇرۇپ، گۆرۈگە قويۇلغان دۇكاننى قايتۇرۇۋالغۇزۇپ، ئېغىر جازالاشقا بۇيرىغان، شاڭيۇ (يېزا ئەمەلدارى) تۇرۇپ كېلىشتۇرۇپ قويغان لى دېرۇننى، توختام يېزىپ بەرگەن جاڭ جىلەننى گۇناھكار ھېسابلاپ جازالاپ، گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ نەزەربەنت قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇغان.

## 2) ئۆي ـ زېمىن مۈلۈك ھوقۇقى ۋە ئىجارە ئېلىش

مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى «ئۆلكە ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆچمەس مۈلكىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ۋە خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقىنى بېكىتىش ۋاقىتلىق چارىسى» (تۆۋەندە «ۋاقىتلىق چارە» دېيىلىدۇ) نى تۈزۈپ چىققان. ئۆلكىدىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى ۋە قوشۇمچە ئەدلىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر مۇشۇ ئۆي ـ زېمىن مۈلۈك ھوقۇقى ۋە ئىجارە ئېلىش ماجىرالىرىنى «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» بويىچە بىر تەرەپ قىلغان. ئىجارە ئېلىش ۋە ئىجارە ھەققىنى ۋاقتىدا تاپشۇرماسلىق توغرىسىدا «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نىڭ 12 ـ ماددىسىدا «ھۆكۈمەت مۈلكىنى ئىجارە ئالغۇچى ھۆكۈمەت مۈلكىنى باشقۇرغۇچى ئورگان (ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى) بىلەن توختام تۈزۈشكەن كۈندىن باشلاپ ئىجارە ئېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ» دەپ، 14ـ ماددىسىدا «شەھەردىكى ھۆكۈمەت يېرىگە سېلىنغان پۇقرالارنىڭ ئۆيى ئا، ب، س، د دەپ 4 دەرىجىگە بۆلۈنۈپ، ھەر ئېغىز ئۆينىڭ ئايلىق ئىجارە ھەققى جەدۋەللەشتۈرۈپ تارقىتىلىدۇ» دەپ، 16 ـ ماددىسىدا «ئىجارە ئالغۇچى شەخس ياكى ئورگاننىڭ ئىجارە ئېلىش ھوقۇقىنى باشقا شەخسكە ياكى ئورگانغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ، شۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە، توختام كۈچتىن قالىدۇ» دەپ، 19 ـ ماددىسىدا «ھۆكۈمەت يېرىگە شەخسلەر ياكى تەشكىلاتلار ئۆي (ھۆكۈمەت يېرىگە سېلىنغان خۇسۇسىي ئۆي دەپمۇ ئاتىلىدۇ) سالغان تۇرۇپ بەلگىلىمە بويىچە يەر ئىجارىسى تاپشۇرمىغان بولسا 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) دىن ئىلگىرىكى ئىجارە پۇلى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ بەلگىلىمە بويىچە ئىجارە ھەققى ئېلىنىدۇ. ئىجارە ھەققىنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىغانلار چەكلىك سۈرۈك ئىچىدە تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

**شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى بېكىتكەن ئۆي ئىجارە ھەققى (مىنگونىڭ 30 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى)**

جەدۋەل: 4 — 2

| | | دەرىجىسى | ھەر ئېغىز ئۆينىڭ ئايلىق ئىجارىسى |
|---|---|---|---|
| ھۆكۈمەت يېرىگە سېلىنغان ئىجارىدار ئۆي | شەھەر ئۆيى | ئا | 4 يۈەن |
| | | ب | 3 يۈەن |
| | | س | 2 يۈەن |
| | | د | 1 يۈەن |
| | تۇرالغۇ | ئا | 1 يۈەن 5 مو |
| | | ب | 1 يۈەن |
| | | س | 7 مو 5 پۇڭ |
| | | د | 5 مو |
| ھۆكۈمەت يېرىگە سېلىنغان پۇقرالار ئۆيى | | دەرىجىسى | ھەر ئېغىز ئۆينىڭ ئايلىق ئىجارىسى |
| | | ئا | 3 مو |
| | | ب | 2 مو |
| | | س | 1 مو |
| | | د | 5 پۇڭ |

## شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى بېكىتكەن بەر سىتىۋېلىش باھاسىغا دائىر ئەھۋاللار (مىنگونىڭ 30 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى)

جەدۋەل: 4 — 3

| | دەرىجىسى | ھەر ئېغىزنىڭ باھاسى | ئىزاھ |
|---|---|---|---|
| شەھەردىكى ھۆكۈمەت بېرى | 1 - دەرىجە | 12 يۈەن | شەھەردىكى ئۆي ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە 1 -، 2 -، 3 - دەرىجە دەپ، ۋىلايەت، ناھىيىلەردە 2 -، 3 -، 4 -، 5 - دەرىجە دەپ ئايرىلىپ، شەھەر رايونىدا كەڭرەك قىلىندى |
| | 2 - دەرىجە | 10 يۈەن | |
| | 3 - دەرىجە | 7 يۈەن 5 مو | |
| | 4 - دەرىجە | 5 يۈەن | |
| | 5 - دەرىجە | 2 يۈەن 5 مو | |
| يېزا - بازارلاردىكى ھۆكۈمەت بېرى | دەرىجىسى | ھەر مونىڭ باھاسى | |
| | 1 - دەرىجە | 70 يۈەن | |
| | 2 - دەرىجە | 60 يۈەن | |
| | 3 - دەرىجە | 50 يۈەن | |
| | 4 - دەرىجە | 40 يۈەن | |
| | 5 - دەرىجە | 30 يۈەن | |
| يۇزلاردىكى ھۆكۈمەت بېرى | دەرىجىسى | ھەر مو يەرنىڭ باھاسى | |
| | 1 - دەرىجە | 2 يۈەن | |
| | 2 - دەرىجە | 1 يۈەن 5 مو | |
| | 3 - دەرىجە | 1 يۈەن | |
| | 4 - دەرىجە | 8 مو | |
| | 5 - دەرىجە | 6 مو | |

مۈلۈك ھوقۇقى مەسىلىسى مۇشۇ «ۋاقىتلىق چارە»نىڭ 21 -، 22 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر ياقلىق قىلىنغان، بۇ ئىككى ماددىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «ئاتا - بالا ئىجارە ئالغان يەر ياكى ئۆينىڭ قانۇنلۇق باشقۇرۇلۇپ كەلگىنىگە 30 يىلدىن ئاشقان بولۇپ باشقۇرۇش ھۆججىتى يىرتىلىپ ياكى يوقاپ كەتكەن بولسا، باشقۇرغۇچى ئىلتىماس قىلسا، ئۈچتىن ئارتۇق قوشنىسى گۇۋاھلىقتىن ئۆتسە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، مالىيە نازارىتىگە باشقۇرۇش كېنىشكىسى بېجىرىپ بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ»، «قانۇنلۇق ھالدا ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئېرىشمىگەن يەر، ئۆي ۋە باشقا كۆچمەس مۈلۈكلەردىن تەكشۈرۈشتە ھۆكۈمەت بەرگەن يازما ھۆججەت ۋە باشقا ئادەت بويىچە ئېرىشىشكە تېگىشلىك باشقۇرۇش كېنىشكىسى يوق بولۇپ چىققانلىرى بىردەك ھۆكۈمەت مۈلكى قاتارىدا بىر ياقلىق قىلىنىدۇ، لېكىن ئىشلەتكەن ۋاقتى 60 يىلدىن ئاشقان بولسا، ئالدىنقى ماددا بويىچە بىر ياقلىق قىلىنىدۇ».

## 3. يەر، ئۆي ئورنى دېلولىرى

شىنجاڭدا ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەر سېتىش - سېتىۋېلىش ماجىرالىرى كۆپرەك بولۇپ، ئەل ئارىسىدىكى بۇنداق ماجىرالار ئادەتتە مىللىي ئادەت بويىچە بىر ياقلىق قىلىنىپ كەلدى. ھۆكۈمەتكە دەۋا قىلىنغانلىرىمۇ كۆپ ھاللاردا مىللىي ئادەت بويىچە بىر ياقلىق قىلىنىپ كەلدى. يەر سېتىش - سېتىۋېلىشتىكى مىللىي ئادەت مۇنداق: يېرى تۇتاش بولسا قوشنىسى ئالدىن سېتىۋېلىشقا ھوقۇقلۇق، بۇ شەپىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. ساتقۇچى ئۆز ئالدىغا ساتماي قوشنىسىنىڭ تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىشقا ماقۇل دېيدۇ، يەر قوشنىسى باھانى تۆۋەنلىتىپ تۇرۇۋالسا، ساتقۇچى ئازراق پۇل بېرىپ ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ئاندىن باشقىلارغا ساتىدۇ. جايلارنىڭ ئادىتى ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. خوتەن تەرەپتە يېرىنى ساتقۇچى ئالدى بىلەن يەر قوشنىلىرىغا ئۇقتۇرىدۇ. يەر قوشنىلىرىدىن سېتىۋالغۇچى چىقمىسا، ئالدى بىلەن شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن باشقا بىرسىگە ساتىدۇ. بۇ چاغدا يەر قوشنىسى ئارىلاشسا ياكى سېتىۋېلىشنى تالاشسا، ئۇنىڭ ھەرىكىتى كۈچكە ئىگە بولماي، ئەسلى توختام كۈچكە ئىگە بولۇۋېرىدۇ. ساتقۇچى قوشنىلىرىغا ئالدىنئالا ئۇقتۇرماي باشقىلارغا سېتىۋەتكەن بولسا، يەر قوشنىسى شۇ چاغدا ياكى بىر يىل ئىچىدە خەۋەر تاپسا، ئۇ قويغان باھا بويىچە سېتىۋالىدۇ، ئەسلىدىكى توختام كۈچىدىن قالىدۇ. يەر ئىگىسى ساتىدىغانلىقىنى ئېيتمىسا، مەجبۇرىي سېتىۋېلىپ ئارىدىن پايدا ئېلىشقا يول قويۇلمايدۇ. كۇچا تەرەپتىمۇ يەر سېتىش ئادىتى سەل ئوخشىمايدۇ.

1) تۇغقانلار ئارا مۈلۈك ھوقۇقى ئايرىلمىغان يەر سېتىلماقچى بولسا، ئالدى بىلەن بىۋاستە تۇغقانلار ياكى قانداش تۇغقانلار ئالدىن سېتىۋالىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا يەر قوشنىسى مەن سېتىۋالاتتىم دەپ تۇرۇۋالسا بولمايدۇ، تۇغقانلاردىن سېتىۋالغۇچى چىقمىغان ئەھۋالدىلا، يەر قوشنىسى سېتىۋالسا بولىدۇ.

2) مۈلۈك ھوقۇقى ئايرىلغان يەر سېتىلماقچى بولسا، يېقىن تۇغقانلار ياكى قوشنىلار ئاۋۋال سېتىۋالسا بولىدۇ.

3) بىر ئۆستەڭدىن سۇ ئىچىدىغان يەر قوشنىلىرى ئاۋۋال سېتىۋالسا بولىدۇ، ئۇلاردىن سېتىۋالغۇچى چىقمىسا، ئۆستەڭ بېشى، ئايىغىدىكىلەر سېتىۋالسا بولىدۇ. بۇنداق ئېتىبارغا ئېرىشكۈچى مەزكۇر يەر سېتىلىدىغان چاغدا سېتىۋېلىش ئاساسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك، بۇنداق قىلماي، مەزكۇر يەرنىڭ سېتىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سېتىۋالماي سېتىلىپ بولغاندىن كېيىن تالاشسا بولمايدۇ.

مىنگو دەۋرىدە، ئاساسلىقى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە يەرنى چەت ئەللىكلەرگە ئىجارە بېرىش چەكلەنگەن. مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 25- كۈنى ياڭ زېڭشىن ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى جاڭ خۇالىڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شاڭيۇ ياڭ زېچېڭنى روسىيىلىككە ئىجارە بەرگەن يەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھەم ئۇنىڭ شاڭيۇلۇقىنى ئېلىپ تاشلاشقا بۇيرىغان.

## 4. قەرز دېلولىرى

### 1) قەرز دېلولىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

كونا جەمئىيەتتە شىنجاڭدىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلق فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئېچكى ئۆلكىلەردىكىدىن ئېغىرراق ئۇچرىغان، پومېشچىك، باي دېھقانلار يەردىن پايدىلىنىپ دېھقانلارنى

ئېكسپلاتاتسىيە قىلغاندىن سىرت، يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز بېرىشتىن پايدىلىنىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان - تەرىنى شورىغان. ئەنگلىيە، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن سودىگەرلەرمۇ جايلاردا دۇكان ئاچقان، قەرز تارقىتىش بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، بىر كوي قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 7 — 8 پۇڭ، ھەتتا بىر كوي بولغان. كونا ھۆكۈمەت ئەمەلدارى مەنسەپتىن چوشۇپ كەتسىمۇ ھۆكۈمەتتىكى تەسىردىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەت پۇلىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز تارقاتقان. يېزىلاردا زومىگەر، پومېشچىكلار قەرزنى قايتۇرۇپ بولغان دېھقانلارنىڭ ھۆججىتىنى قايتۇرۇپ بەرمەي ياكى ئۆسۈمنى ئاۋۇتۇپ قەرزگە بوغۇلغۇچىلارنى خوتۇن - بالىلىرىنى سېتىشقا ۋە ئوغرىلىق قىلىشقا قىستايتتى. ياڭ زېڭشىن مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922- يىلى) 8 - ئايدا ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قەرز پۇل تارقىتىشىنى چەكلىگەن، يەنە 11 - ئايدا ئەمەلدارلار تارقاتقان قەرزنى بىردەك قايتۇرۇۋېلىش، قايتا قەرز پۇلى تارقاتماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، لېكىن نامراتلار تېرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن يەنە پومېشچىك، باي دېھقانلاردىن ياكى سودىگەرلەردىن پۇل، ئاشلىق قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، يۇقىرى ئۆسۈم تۆلەپ ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچراپ ئازاپ تارتقان. ئەينى چاغدىكى شىنجاڭدا يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز بېرىش شەكلى تۆۋەندىكىچە بولغان:

(1) **بازارلىق قەرز** بۇ خىل قەرز شەكلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەر - بازارلاردا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان. بۇ بازار كۈنى ئېلىنغان قەرز كېيىنكى بازار كۈنى قايتۇرۇلىدىغان بولۇپ، 10 يۈەن قەرز ئالغۇچىغا ئۆسۈمى ئالدىن تۇتۇپ قېلىنىپ سەككىز يۈەن بېرىلىدۇ، كېيىنكى بازار كۈنى قايتۇرۇلمىسا ئۆسۈم قوشۇلىدۇ.

(2) **ئاشلىق بىلەن تۆلىنىدىغان قەرز** دېھقانلار ئاشلىققا مۇھتاج بولغاندا، نىسى سېتىۋېلىپ، كۈزدە قەرزنى ئاشلىق بىلەن قايتۇرىدۇ.

(3) **ئىشلەپ بېرىش ئارقىلىق تۆلىنىدىغان قەرز** نامرات دېھقانلار قىش ۋە ئەتىيازدا ئاشلىقى ئۈكسىپ قالسا پومېشچىكلاردىن ئاشلىق قەرز ئالىدۇ، دېھقانچىلىق ئالدىراش ۋاقتىدا قەرز ھېسابىغا پومېشچىكلارغا ئىشلەپ بېرىدۇ.

(4) **قوي - ئۆچكە بىلەن تۆلىنىدىغان قەرز** بۇ خىل قەرز شەكلى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كەڭ تارقالغان، پومېشچىك، باي دېھقانلار ياكى سودىگەرلەر دېھقان. چارۋىچىلارغا چاي، رەخت قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى پاقلان، ئوغلاققا تېگىشىدۇ، يېرىم يىلدىن كېيىن قوي - ئۆچكە ئالىدۇ.

يۇقىرىقى قەرزلەرنىڭ ئۆسۈمى ئادەتتە %100 — %200، ھەتتا %400 كە يېتىدۇ.

ئىش ھەققى ماجىراسى مىنگو دەۋرىدە قەرز دېلولىرى ئىچىدە مۇئەييەن مىقدارنى ئىگىلەيتتى. شىنجاڭدا سانائەت قالاق، يېقىنقى زامان سانائەت ئىشچىلىرى ئاز بولغاچقا، ئىشچىلار بىلەن كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالارمۇ ئاز ئىدى. لېكىن يېزىلاردا پومېشچىك، باي دېھقانلار فېئودال كۈچلەرنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، ياللانغان ئىشچى ياكى چارۋىچىلارغا ئىش ھەققىنى ئاز بېرىش ھەتتا بەرمەسلىك ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك ئۇچراپ تۇراتتى. بەزى جايلاردا زومىگەر، پومېشچىكلار دېھقانلارنى ھەقسىز ئەمگەككە سالاتتى، ھەتتا قۇل ئورنىدا ئىشلىتەتتى.

قەرز دېلولىرى ئىچىدە ئاز مىقداردا توختام ۋە ئادەتتىكى قەرز ماجىرالىرى ئۇچرايتتى.

قەرز دېلولىرى كونا جەمئىيەتتە ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلەيتتى. ئىلى يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) دىكى ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بىر يىلدا قوبۇل قىلىنغان قەرز دېلوسى 749 بولۇپ، شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان

993 ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ %75.4نى ئىگىلىگەن. مىنگونىڭ 24 — 31 - يىلىغىچە (1935 — 1942 - يىلىغىچە) ئۈرۈمچى يەرلىك سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋېلىدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ھەر يىلى قوبۇل قىلىنغان قەرز دېلولىرى مۇنداق بولغان: مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) 90، مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) 246، مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) 263، مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) 300، مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) 303، مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 477، مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 610، مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 830. 8 يىلدا قوبۇل قىلىنغان قەرز دېلوسى 3119 بولۇپ، شۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان 6608 ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ %47.2نى ئىگىلىگەن ھەمدە يىلدىن يىلغا كۆپىيىش يۈزلىنىشى كۆرۈلگەن. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) دىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭنىڭ 1 - سوت ھەق تەلەپ دېلولىرى جەدۋىلىدە قوبۇل قىلىنغان پۇل قەرز دېلوسى 812، باشقا قەرز دېلولىرى 95 بولۇپ، قەرز دېلوسى شۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان 2605 ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ %34.8نى ئىگىلىگەن.

ئەينى چاغدا شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە يامۇللىرى قەرز دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنلىرىغا ئاساسلانغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پارا بېرىلگەن - بېرىلمىگەنلىكىگە قاراپ ھەق - ناھەقنى ئايرىيتتى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ قەرز دېلولىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام شەرىئىتى بويىچە قەسەم ئىچكۈزۈش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىناتتى. جەمئىيەتتە قەرز دېلوسى يۈز بەرگەندە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ بەزىلىرى سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلماي، بىۋاسىتە قازىنىڭ ئالدىغا باراتتى ياكى ھۆكۈمەتنىڭ مەھكىمە شەرئىگە چۈشۈرۈپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلاتتى، مەھكىمە شەرئى قۇرئان ياكى مىللىي ئادەت بويىچە بىر تەرەپ قىلاتتى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى توختى قادىر ئۆز ئىلكىدىكى 10 توپ قىزىل شايى، 8 توپ كاجى، 16 توپ خوتەن ئەتلىسىنى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق باش مەيدانىنىڭ باشلىقى ما × نىڭ ساقلاپ بېرىشىگە بەرگەن. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ما × 16 توپ خوتەن ئەتلىسى، 7 توپ كاجىنى بېرىپ، قالغىنىنى بەرمىگەچكە، توختى قادىر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 9 - ئاينىڭ 2- كۈنى مەھكىمە شەرئىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

2) خەلق ئىچىدىكى قەرز ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئادىتى

مىنگو دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن قەرز ماجىرالىرى ھۆججەت بولسۇن - بولمىسۇن، قەرزدار بويىنىغا ئالمىسا، ئىككى تەرەپنى مەسچىتتە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكۈزۈش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىناتتى. قەرز ھۆججىتى قازى مۆھۈرىنى باسسىلا كۈچكە ئىگە بولاتتى. قەرز قايتۇرۇشنىڭ ئۇنۇملۇك ۋاقتى جايلاردا ئوخشاش ئەمەس ئىدى، پەيزاۋات تەۋەسىدە ھەقدارنىڭ قولىدا ھۆججەت بولسىلا، ۋاقىتنىڭ ئۇزراپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، قەرزدار قايتۇرۇش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالاتتى. بەزى جايلاردا قەرز ھۆججىتىنىڭ كۈچكە ئىگە مۇددىتى 36 يىل ياكى 90 يىل قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ سۈرۈكتىن ئۆتۈپ كەتسە، قايتۇرۇش مەجبۇرىيىتى بىكار قىلىناتتى. مىراسنى باشقۇرۇپ بېرىش ياكى پۇل - پۈچەك (جۈملىدىن تۇراقلىق ۋە تۇراقسىز مۈلۈك) نى ئامانەت قويۇش سۈرۈكى 90 يىل بولۇپ، سۈرۈك ئۆتۈپ كەتسە قايتۇرۇۋالغىلى بولمايتتى. يۇقىرىقى بەلگىلىمە بويىچە قەرز بېرىش ياكى قەرز ئېلىش ھۆججىتى بولسا

ھەمدە 2 — 4 كىچە ئادەم گۇۋاھ بولسا كۈچكە ئىگە بولاتتى، گۇۋاھچى بولمىسا ياكى گۇۋاھچى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ھەقدار قەسەم ئىچكەندىن كېيىن، قەرزدار قەرزنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمى ياكى ئۈچتىن بىر قىسمىنى بەرسە بارلىق قەرز تۈگىگەن بولاتتى. سودا ئالاقىسى يېزىلغان ھۆججەت 2 — 4 كىچە ئادەم گۇۋاھ بولسا، قازى مۆھۈرىنى باسسا كۈچكە ئىگە بولاتتى. ھۆججەت يازغاندا گۇۋاھچىلار بولۇپ، قازى مۆھۈرىنى باسمىسىمۇ كۈچكە ئىگە بولاتتى. ماجىرا كۆرۈلۈپ قەرزدار تەن ئالمىسا، قەرزدار قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچسە، ھۆججەت كۈچكە ئىگە بولمايتتى، قارشى تەرەپمۇ زىيىنىنى سۈرۈشتۈرمەيتتى. موڭغۇللارنىڭ ئىلىم - بېرىم، قەرز، ئىجارە ۋە باشقا قەرز ئىشلىرىدا ھۆججەتلىشىش ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئىشەنچ ئاساس قىلىناتتى، قەرز ئۆسۈمى يىلدا بىر قاتلىناتتى.

# III باب

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى

## 1 § . دېلو تۈرلىرى

يېڭى جۇڭگودا قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرى 1985 - يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى تۈزگەن «1 - سوت، 2 - سوت ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى» دە مۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈنگەن: نىكاھتىن ئاجرىشىش، نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىنكى مال-مۈلۈك، تۇرمۇش خىراجىتى، بېقىپ تەربىيىلەش، قاراش، ئۆي - زېمىن، ئۆي ئورنى، قەرز، تۆلەم، مىراس، يەر، ئورمان، سۇ ئىنشائاتى، سايلىغۇچىلار تىزىملىكى، يوقاپ كەتكەن كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جاكارلاش، پۇقرانىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى يوقلۇقىنى بېكىتىش، مال - مۈلۈكنىڭ ئىگىسى يوقلۇقىنى بېكىتىش ۋە باشقىلار. بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسى مۇنداق بۆلۈنگەن: مۇرەسسە قىلىش ھۆكۈم چىقىرىش، ئالاقىدار ئورۇنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، دەۋادىن كېچىش، ئاخىرلاشتۇرۇش، ئەسلى ھۆكۈمنى ساقلاپ قېلىش، ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىش (قىسمەن ئۆزگەرتىش، تولۇق ئۆزگەرتىش)، قايتا سوت قىلىشقا قايتۇرۇش، نارازىلىق ئەرزىنى رەت قىلىش ۋە باشقىلار.

## 2 § . نىكاھ - ئائىلە دېلولىرىنىڭ سوت قىلىنىشى

### 1. نىكاھ دېلولىرى

1) 1950 — 1954 - يىلغىچە بولغان نىكاھ دېلولىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭى

سوتسىيالىستىك نىكاھ تۈزۈمى ئورنىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش مۇھىم ۋەزىپە قىلىندى. 1950 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، نىكاھتا چات كىرىۋېلىش، ئەرلەرنى ئەزىز، ئاياللارنى پەس كۆرۈش، پەرزەنتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبارسىز قاراشتەك فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. ئەر - ئاياللارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇش، ئەر - ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش يولغا قويۇلۇپ، ئاياللار ۋە پەرزەنتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان يېڭى دېموكراتىزىملىق نىكاھ تۈزۈمىنى ئورناتتى. قوش نىكاھلىنىش، توقال ئېلىش، ئاسراندى كېلىن ئېلىشنى مەنئى قىلدى. تۇل خوتۇنلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىگە توسقۇنلۇق قىلىشنى چەكلىدى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ پۇل - مال ئۈندۈرۈۋېلىشىنى مەنئى قىلدى ھەمدە جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، نىكاھلىنىش يېشىنى ئوغۇللارنىڭ 20 ياش، قىزلارنىڭ 18 ياش قىلىپ بېكىتتى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى مىللىي رايونلارنىڭ نىكاھ ئۆرپ - ئادىتىگە ئاساسەن، 1952 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ۋاقىتلىق قوشۇمچە بەلگىلىمە» ئېلان قىلدى. بەلگىلىمىدە ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن نىكاھلىنىش يېشى ئوغۇللارنىڭ 18 ياش، قىزلارنىڭ 16 ياش قىلىپ بەلگىلەندى؛ بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى تەلتۆكۈس يولغا قويۇلدى؛ ھەر قانداق باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ توقال ئېلىش مەنئى قىلىندى ھەمدە ئەرلەرنىڭ سودا ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن سىرتقا چىققاندا ۋاقىتلىق توقال ئېلىشى مەنئى قىلىندى، بۇ خىل قىلمىش سادىر قىلغۇچى قوش نىكاھلانغۇچى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىندى. قازاق، قىرغىزلاردىكى «ئەمەنگەر» (تۇل قالغان ئايالنىڭ ئېرىنىڭ جەمەتى) ۋە «جەسىر» (قايتا نىكاھلىنىشنى مەرھۇم ئېرىنىڭ جەمەتى بەلگىلەيدىغان تۇل ئايال نامىدا) تۇل ئاياللارنىڭ قايتا نىكاھلىنىشىغا ئارىلىشىش بىردەك مەنئى قىلىندى. ئادەت بويىچە بىر تەرەپنىڭ ئاغزاكى ياكى پەتىۋا خېتى ئارقىلىق ئوقتۇرۇۋشى بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش مەنئى قىلىندى. ئەر - خوتۇن نىكاھتىن ئاجرىشىشتا ئىككى تەرەپ مال - مۈلۈكنى كېڭىشىپ بىر ياقلىق قىلىدىغان، كېڭىشەلمىسە، نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئاۋۋال ئايال تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ئايال ئۆزىنىڭ بارلىق شەخسىي مال - مۈلكىنى ئېلىپ كېتىدىغان بولدى. نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئەر تەرەپ ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ئايال تەرەپ ئۆزىنىڭ شەخسىي مال - مۈلكىنى ئېلىپ كەتكەندىن سىرت، يەنە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئۆي سايمانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ئېلىپ كېتىدىغان، ئەر تەرەپكە 3 ئايدىن بىر يىلغىچە تۇرمۇش خىراجىتىنى بېرىدىغان بولدى. نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ پۇل - مال ئۈندۈرۈۋېلىش مەنئى قىلىندى. نىكاھ قانۇنى ۋە شىنجاڭنىڭ قوشۇمچە بەلگىلىمىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللاپ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ گۇمران بولۇشىنى تېزلەتتى. ئاياللار فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى ئېلىپ كەلگەن ئازاپ - ئوقۇبەتنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ باسقۇچتا نىكاھ دېلولىرى يىلدىن يىلغا كۆپەيدى. ئۆلكە بويىچە قوبۇل قىلىنغان نىكاھ دېلوسى 1950 - يىلى 3020 بولغان بولسا، 1951 - يىلى 9470كە، 1952 - يىلى 10 مىڭ 913 كە، 1953 - يىلى 19 مىڭ 628گە، 1954 - يىلى 20 مىڭ 812گە يېتىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 37 يىل ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. بۇ 5 يىلدا

نىكاھ دېلوسىدىن 63 مىڭ 843ى قوبۇل قىلىندى. 1954 ـ يىلى 3 ـ پەسىلدە كۇچا ناھىيىسىدە سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان نىكاھ دېلولىرىنىڭ %70ى نىكاھتا چات كېرىشىلىش، نىكاھ سودىسى، بالدۇر نىكاھلىنىش، خوتۇننى خارلاش، قوش نىكاھلىنىش، «ئۈچ تالاق قىلىش» قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان. بەزى ناھىيىلەردە بۇنداق دېلولار ھەتتا %90كە يەتتى. نىكاھتىن ئاجرىشىش دەۋاسى قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار. مەسىلەن: 1952 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسىدىن 686نى قوبۇل قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال تەرەپ دەۋاگەر بولغىنى 593 بولۇپ، %86.44نى ئىگىلىگەن. ئەينى چاغدا ئاياللارنىڭ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ، نىكاھ ئەركىنلىكى، ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى قالدۇق فېئوداللىزم ئىدىيىسى ۋە كۈچلىرىنىڭ كۈچلۈك توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى، ھەتتا نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان ئاياللارنىڭ بۇرنى، قۇلىقىنى كېسىۋېتىش ئەھۋالىمۇ كۆرۈلدى. 1952 ـ، 1953 ـ يىللىرى خارلانغان، ئۆلتۈرۈلگەن ئاياللار شىنجاڭ بويىچە 101 گە يەتتى. ئايرىم دىندارلار يەنە مەھكىمە شەرئى قۇرۇپ نىكاھ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ياكى دىنىي سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ نىكاھتىن ئاجرىشىش ماجىرالىرى ئۈستىدە ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقىرىشنى سوتتا ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ئورنىغا دەسسەتىشنى تەلەپ قىلدى ياكى دەۋالاشقۇچىلارنى سوتنىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلماسلىققا قۇترىتىپ، ئەدلىيە ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى قانۇن بويىچە سوت پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، بىرىنچىدىن، ئاياللارنى خارلاش ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشى ئېغىر جىنايەتچىلەرگە قەتئىي زەربە بېرىپ، ئاياللارنىڭ ھەقىقانىي كۈرىشىنى قوللىدى؛ ئىككىنچىدىن، نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى قانۇن بويىچە كۆپلەپ سوت قىلىپ، دەۋالاشقۇچىلارنى ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن خالىي قىلدى، لېكىن نىكاھ چات كېرىشىلىشقا ياتسىمۇ نىكاھلانغاندىن كېيىن كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلارنىڭ يارىشىپ قېلىش ئېھتىمالى بولسا كۆپرەك ياراشتۇرۇپ قويۇش خىزمىتى ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تىپىك دېلولارنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، دېلو بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆرپ ـ ئادەتنى ئۆزگەرتىش رولىنى ئوينىدى. دىنىي سىياسەت جەھەتتە، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، دىنىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدا فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى ئاساسىي جەھەتتىن بىتچىت قىلىنىپ، نىكاھلىنىش ئەركىن بولىدىغان، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولىدىغان، ئەر ـ ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر بولىدىغان، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان يېڭى نىكاھ تۈزۈمى تەدرىجىي ئورنىتىلدى.

### 2) 1955 — 1959 ـ يىلغىچە بولغان نىكاھ دېلولىرى

1955 ـ يىلى باشلانغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى يەنىمۇ تۈگىتىشكە شارائىت ھازىرلاپ بەردى. 1955 — 1959 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە 1 ـ سوت دېلوسىدىن 76 مىڭ 474ى قوبۇل قىلىنىپ، ئالدىنقى 5 يىلدا قوبۇل قىلىنغان دېلو سانىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىلگىرىكى يىللاردا قوبۇل قىلىنغان دېلو سانىدىن ئالغاندا يەنىلا تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى كۆرۈلدى. مەسىلەن: 1954 ـ يىلى قوبۇل قىلىنغان نىكاھ دېلوسىنى %100 دېسەك، 1955 ـ يىلى (قوبۇل قىلىنغان دېلو 17مىڭ 864) %85.8كە، 1956 ـ يىلى (قوبۇل قىلىنغان دېلو 17مىڭ 619) %84.6كە چۈشتى. 1957 ـ يىلى (قوبۇل قىلىنغان دېلو 18مىڭ 800) ئازراق كۆپىيىپ، %90.7كە ئۆرلىدى. 1958 ـ يىلى (قوبۇل قىلىنغان دېلو 11 مىڭ 938) داۋاملىق تۆۋەنلەپ %57.4كە، 1959 ـ يىلى (قوبۇل قىلىنغان دېلو

10 مىڭ 173) 48.9%كە چۈشتى.

نىكاھ مۇناسىۋىتى ۋە نىكاھ ماجىراسىنىڭ مەزمۇنىدا بۇ مەزگىلدە زور ئۆزگىرىش بولۇپ، ئاياللارنى خارلاش، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ۋە ئاياللارنى بوزەك قىلىپ قوش نىكاھلىنىش، توقال ئېلىش قاتارلىق جىنايى ھەرىكەتلەر ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش مەقسىتىدە ئىچ كۈيئوغۇل، ئاسراندى كېلىن ئېلىش قاتارلىق ھادىسىلەر ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلدى. نىكاھقا چات كىرىۋېلىش، نىكاھ سودىسى قىلىش، بالدۇر نىكاھلىنىش، تۇل خوتۇنلارنىڭ قايتا نىكاھلىنىشىغا ئارىلىشىش قاتارلىق قالاق ئادەتلەر كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىدى. لېكىن چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە يېرىم دېھقانچىلىق - يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا شارائىت ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلى، يەر ئىسلاھاتى مەركەز قىلىنغان دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىغان بولغاچقا، فېئودال كۈچلەر يەنىلا ئوغۇل - قىزلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىگە توسقۇنلۇق قىلدى، قالدۇق فېئودالىزم ئىدىيىسى تەسىرىدىن كېلىپ چىققان نىكاھ ماجىرالىرى يەنىلا مەلۇم ساندا كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بەزى ئوغۇل - قىزلار يېنىكلىك بىلەن نىكاھلانغاندىن كېيىن كۆڭۈلسىز بولۇپ قېلىش ياكى بەزى قىزلار ماددىي نەرسىلەرنى قوغلىشىپ نىكاھلانغاندىن كېيىن مەقسىتىگە يېتەلمەسلىك ياكى يىگىتنى كۆرۈپ كونىسىدىن كېچىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىدىغانلار مەلۇم ساندا كۆرۈلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سايباغ رايونىدا بۇ مەزگىلدە سادىر بولغان نىكاھ ماجىراسى 105 بولۇپ، يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققانلىرى 52.3%نى ئىگىلىدى.

1957 — 1959 - يىللىرى شىنجاڭدا مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكىگە ئوخشاش ئېلىپ بېرىلغان ئوڭچىللىققا قارشى تۈرۈش، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، كوممۇنالاشتۇرۇش قاتارلىق سىياسىي ھەرىكەتلەر ئەينى چاغدا نىكاھ - ئائىلە تۇرمۇشىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ نىكاھ دېلولىرىدا ئەكس ئېتىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلار، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى، پومېشچىكلار، باي دېھقانلار ۋە ئوڭچىلارنىڭ خېلى كۆپ ساندىكى جۆرىلىرى ئۇلاردىن سىياسىي چەك - چېگرىنى ئايرىش مەقسىتىدە نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلدى؛ قىسمەن ئاياللار ئەسلىدە ئېرى بىلەن كۆڭۈلسىز بولسىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل بولمىغانلىقتىن نىكاھتىن ئاجرىشىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولسا، ئىقتىسادىي جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغىلى تۇردى.

ئەينى چاغدا ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئۆزگىرىپ تۇرغان بولغاچقا، نىكاھ دېلولىرىنى سوت قىلىش خىزمىتى جەھەتتە سىنىپىي كۆرەش كېڭىيىپ كېتىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بەزى دەۋالاشقۇچىلار نىكاھتىن ئاجرىشىشتا بېسىم تۈپەيلىدىن دەۋا ھوقۇقىنى نورمال يۈرگۈزەلمىدى، بەزى دەۋالاشقۇچىلار ئاممىۋى مۇنازىرە، تەنقىدكە ئۇچراپ قىلىشتىن قورقۇپ نىكاھتىن ئاجرىشىش تەلىپىدە چىڭ تۇرالماي دەۋادىن كەچتى. بۇ ئەينى چاغدا نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولدى. نىكاھ دېلولىرى 1958 - يىلى 1957 - يىلدىكىگە قارىغاندا 36.8%، 1959 - يىلى 1958 - يىلدىكىگە قارىغاندا 14.8% ئازايدى.

1959 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق قوشۇمچە بەلگىلىمىسى»نى بىكار قىلىش توغرىسىدا قارار ماقۇللاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر نىكاھ مەسىلىلىرى-

نىڭ ھەممىسى 50 - يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» بويىچە بىر ياقلىق قىلىندى.

### 1951 — 1960 - يىلغىچە شىنجاڭدا 1 - سوت نىكاھ دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش - ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 — 4

| يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلوسى | قوبۇل قىلىنغان نىكاھ دېلوسى | ئاياغلاشتۇرۇلغان نىكاھ دېلوسى | يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلوسى | قوبۇل قىلىنغان نىكاھ دېلوسى | ئاياغلاشتۇرۇلغان نىكاھ دېلوسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1951 | 50867 | 9470 | 9579 | 1956 | 26725 | 17483 | 17760 |
| 1952 | 34202 | 10913 | 10946 | 1957 | 28303 | 18647 | 18097 |
| 1953 | 39072 | 19628 | 19208 | 1958 | 17698 | 11861 | 12767 |
| 1954 | 38599 | 20812 | 16570 | 1959 | 12819 | 10173 | 10480 |
| 1955 | 28252 | 17864 | 14792 | 1960 | 11091 | 9674 | 9834 |

ئىزاھ: ئالدىنقى يىللىق قالدۇق دېلو سانى كىرگۈزۈلمىگەچكە، بەزى يىللىرى قوبۇل قىلىنغان دېلو سانى «ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو سانى»دىن ئاز بولۇپ قالدى. مەسىلەن، ئالدىنقى يىلى نىكاھ دېلوسىدىن 10ى قېپقالغان بولسا، قوبۇل قىلىنغان دېلو سانى مۇقەررەر ھالدا ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو سانىدىن كۆپ بولىدۇ. كېيىنكى جەدۋەللەردىمۇ شۇنداق ئەھۋال بار، قايتا ئىزاھات بېرىلمىدى.

### 3) 1960 — 1965 - يىلغىچە بولغان نىكاھ دېلولىرى

1959 - يىلدىن باشلاپ خەلق ئىگىلىكىدە ئۇدا ئۈچ يىل قىيىنچىلىق كۆرۈلۈپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى قىيىنلىشىپ كەتكەن مەزگىلدە، نىكاھ ماجىرالىرى كۆرۈنەرلىك كۆپىيىپ كەتتى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئاققۇنلارنىڭ شىنجاڭغا كۆپلەپ كىرىشى نەتىجىسىدە قانۇنسىز ئۆي تۇتۇۋېلىش، قوش نىكاھلىنىش، نىكاھ سودىسى قىلىش، ئاسراندى كېلىن ئېلىش، بالدۇر نىكاھلىنىش ھادىسىلىرى يەنە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېزا خەلق گۇڭشېسى خىزمەت تىزامى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بەزى جايلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى تىزامدىكى «تۆتنى مۇقىملاشتۇرۇش»نى باھانە قىلىپ، بىر ئەترەتتە بولمىغان ئەر - ئاياللارنىڭ ئىختىيارىي نىكاھلىنىشىغا ۋە نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن كۆچۈپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلماسلىقتەك نىكاھ قانۇنىغا خىلاپ ئېغىر ئەھۋال كۆرۈلگەچكە نىكاھ دېلولىرى زور دەرىجىدە كۆپىيىپ كەتتى. 1960 - يىلى قوبۇل قىلىنغان دېلو سانى (9674) 1959 - يىلدىكىدىن ئاز بولغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان 5 يىل (1961 - يىلى 11 مىڭ 565، 1962 - يىلى 18 مىڭ 58، 1963 - يىلى 14 مىڭ 268، 1964 - يىلى 12 مىڭ 868، 1965 - يىلى 11 مىڭ 435) دا 1959 - يىلدىكىدىن كۆپ بولۇپ، نىكاھ دېلولىرى ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىدى. 1960 - ۋە 1961 - يىللىرى نىكاھ دېلولىرى ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ %87نى ئىگىلەپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان نىكاھ دېلولىرى ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە ئەڭ زور نىسبەتنى ئىگىلىگەن ئىككى يىل بولدى.

نىكاھ دېلولىرى ئىچىدە نىكاھتىن ئاجرىشىش كۆپ نىسبەتنى ئىگىلىدى. 1960 - يىلى 1 ، 2 - پەسىللەردە قوبۇل قىلىنغان 2732 نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسى ئىچىدە فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى ۋە شۇ قاراش تۈپەيلىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىش دېلوسى 322،

بۇرژۇئازىيە نىكاھ قارشى تۇپەيلىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىش دېلوسى 383، نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى بىر - بىرىنى چۈشەنمەي يېنىكلىك بىلەن نىكاھلىنىپ، مۇھەببەت ئاساسى مۇستەھكەم بولماسلىقتىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىش دېلوسى 839، ئائىلە ماجىراسى ياكى 3 - شەخسنىڭ ئارىلىشىشى تۇپەيلىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىش دېلوسى 820، 5 خىل ئۇنسۇر ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنىڭ جۆرىسى سىياسىي جەھەتتە چەك - چېگرىنى ئايرىش تۇپەيلىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىش دېلوسى 222، بىر تەرەپ كېسەل بولغانلىق تۇپەيلىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىش دېلوسى 50، خارلاش، تاشلىۋېتىش دېلوسى 29، باشقا دېلولار 67 بولدى. 1962-يىلى ئىقتىساد ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئاپەت بولغان رايونلاردىمۇ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئاپەت تۇپەيلىدىن جۇرتىنى تاشلاپ شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ باشقىلار بىلەن ئۆي تۇتۇۋالغان ياكى قوش نىكاھلىق بولغان ئاياللار قانۇنسىز نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىپ سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلغان دېلولار زور دەرىجىدە كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىنجاڭدا ئىلى، تارباغاتاي چېگرا رايونلىرىدىكى پۇقرالارنىڭ چەتكە قېچىش ۋەقەسى كۆرۈلۈپ، بىر تەرەپ چەتكە قېچىپ كەتكەنلىكتىن نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرى كۆرۈلدى. بۇ ئىككى خىل نىكاھتىن ئاجرىشىش مۇشۇ مەزگىلدىكى نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئالاھىدىلىك، شۇنداقلا 1962 - يىلى نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنىڭ زور دەرىجىدە كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بۇ مەزگىلدە ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى كادىر - ساقچىلىرىنىڭ نىكاھ دېلولىرىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇشىنى ۋە نىكاھ ئىشلىرىغا ئالاقىدار سىياسەتلەرنى ئۆگىنىشىنى چىڭ تۇتتى. 1961 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. 1963 - يىل 4 - ئايدا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا بەلگىلىمە چۈشۈردى. بۇنىڭدا نىكاھ دېلولىرىنى سوت قىلىشتا مۇنازىرىلىشىش، كۆرەش قىلىپ بېسىم بىلەن قايىل قىلىش چارىسىنى قوللىنىشقا بولمايدىغانلىقى كۆرسىتىلدى. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، سىياسەت ۋە قانۇنلارنى تەتبىقلاشقا دائىر بىر قانچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىملىق ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇردى. 1964-يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قوشۇمچە پىكىرنى تارقاتتى. بۇ يىغىن ۋە ھۆججەتلەر نىكاھ دېلولىرىنى سوت قىلىشتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى خۇلاسىلەپ، ئالدىنقى يىللاردا نىكاھ دېلولىرىنى سوت قىلىشتا كۆرۈلگەن «سول» چىللىقنى تۈگىتىشتە مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، نىكاھ دېلولىرىنى سوت قىلىش يەنىلا «سول» چىللىقنىڭ ئاسارىتىدىن خالىي بولالمىدى.

بۇ 6 يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى نىكاھ دېلوسىدىن 78 مىڭ 295نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش،

سوتسىيالىستىك نىكاھ تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى نىكاھ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا نىكاھ قانۇنى، پارتىيىنىڭ نىكاھ سىياسىتى ۋە مىللىي سىياسىتىگە ئاساسلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان دېلو ئەھۋالىغا قاراپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىپ، سوت ئەمەلىيىتىدە تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلدى:

(1) نىكاھتىن ئاجرىشىش بىلەن نىكاھتىن ئاجراشماسلىقنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ۋە چەك-چېگرىسىنى توغرا ئىگىلەپ، يېنىكلىك بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىشقا قارشى تۇرۇش. كۆپ ساندىكى ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا تامامەن كۆڭۈلسىز بولۇپ قالمىغان، نىكاھتىن ئاجرىشىش ئاساسى ئورۇنسىز ۋە بىر مەھەل ھېسسىياتقا بېرىلىپ يېنىكلىك بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان، شۇنداقلا بىر تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، نىكاھتىن ئاجراشمىسىمۇ بولىدىغانلارنى ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلماسلىق؛ ئەر - خوتۇن ئۆز ئارا تامامەن كۆڭۈلسىز بولۇپ داۋاملىق بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغان ياكى نىكاھقا چات كىرىۋالغانلىقتىن، ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلى بولماي، بىر تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان بولسا، ياخشى ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىگەندىن كېيىن، مۇرەسسە يولى بىلەن نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇش. نىكاھ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئاياللارنىڭ ھاياتى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا دىققەت قىلىش.

(2) نىكاھ سودىسى دېلولىرىغا مۇئامىلە قىلىشتا ئىلگىرىكىسىگە كەڭچىلىك قىلىش، كېيىنكىسىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە چەت - ياقا رايونلاردا كۆرۈلگەنلىرىگە كەڭرەك بولۇش روھىغا ئاساسەن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش.

نىكاھ سودىسى بىلەن توي قىلغان بىر تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويسا قوللاش، توي قىلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلى چۈشمىگەنلەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشىغا رۇخسەت قىلىش؛ توي قىلغىنىغا ئۇزۇن بولغان بولسا، توي قىلغاندىن كېيىنكى مۇھەببىتى ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش سەۋەبى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن نىكاھتىن ئاجراشتۇرماسلىق، نىكاھ كېلىشىمىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا بىردەك رۇخسەت قىلماسلىق.

پۇل - مال ئۈندۈرۈۋېلىش مەقسىتىدە باشقىلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا چات كىرىۋالغانلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، تۈزىتىشكە بۇيرۇش، قىلمىشى قەبىھ، ئاقىۋىتى ئېغىر، خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولغان ياكى باشقىلارنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارنى قانۇن بويىچە جازالاش.

نىكاھ سودىسى ئارقىلىق ئۈندۈرۈۋېلىنغان پۇل، مالنى ئادەتتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۈرۈشتە قىلماي، قىلمىشى ئېغىر ۋە قەبىھ بولغان نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ كۆپ قېتىم پۇل، مول قاقتى - سوقتى قىلغان ياكى قايتا - قايتا تەربىيە بېرىلسىمۇ تۈزەلمىگەنلەر ئۈندۈرۈۋالغان پۇل - مالنىڭ ھەممىسى ياكى بىر قىسمىنى مۇسادىرە قىلىش، لېكىن بۇنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىگە توسقۇن بولۇپ قېلىشىدىن ياكى نىكاھ سودىسىنىڭ قايتا كۆرۈلۈشىگە سەۋەب بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش. مۇسادىرە قىلىنغان پۇل - مالنى ئادەتتە ئەر تەرەپكە قايتۇرماسلىق، ئەر تەرەپ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا مۇشۇ سەۋەبتىن قىيىنچىلىقتا قالىدىغان بولسا، مۇسادىرە قىلىنغان پۇل - مالنىڭ بىر قىسمىنى خەلق ئىشلىرى تارمىقىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، خەلق ئىشلىرى تارمىقى قۇتقۇزۇش بېرىش ئارقىلىق ھەل قىلىش.

نىكاھ ئىشلىرىدىن پايدىلىنىپ پۇل - مال ئالداپ ئېلىۋالغان، پۇل - مال ئالداپ ئېلىۋېلىشنى كەسىپ قىلىۋالغان دەللاللار ۋە ئاياللارنى ئالداپ ساتقان ئادەم بېدىكلىرىدىن قىلمىشى

ئېغىرلىرىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش، ئۇلار ئۇندۇرۇۋالغان پۇل - مالنى بىردەك مۇسادىرە قىلىش.

(3) بالدۇر نىكاھلىنىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا بالدۇر نىكاھلانغان بىر تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا قوللاش. ياش پەرقى بەك چوڭ بولغانلارنى ئاجراشتۇرۇش، ئانچە چوڭ بولمىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە فىزىئولوگىيە جەھەتتىن يېتىلگەن، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى نورمال بولغانلارنى نىكاھتىن ئاجراشتۇرماسلىق. بىر تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالسا رۇخسەت قىلىش. نىكاھتىن كېيىن نارەسىدە قىزلارنى خارلاپ ۋە قىيناپ ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرگەنلەرگە ئەھۋالغا قاراپ جىنايى ئىشلار جازاسى بېرىش.

(4) چەتكە قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى بىر تەرەپ قىلىش. 1962 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي چېگرا رايونلىرىدا پۇقرالار چەتكە قېچىش ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا قارشى تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا، ئادەتتە قوللاپ، سىرتتىن ھۆكۈم چىقىرىپ نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇۋېتىش، لېكىن 1962 - يىل قايتىپ كەلگەنلەرنى بۇنىڭغا كىرگۈزمەسلىك. ئەھۋال ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ھەل قىلىپ بېرىلگەندىن كېيىن، ساقلاپ تۇرۇشنى خالىغانلارنى ۋاقتىنچە نىكاھتىن ئاجراشتۇرماسلىق.

(5) ئېغىر تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن شىنجاڭغا كېلىپ قوش نىكاھلىنىۋالغانلارنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش. ئېغىر تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن قىيىنلىشىپ قېلىپ قوش نىكاھلىنىۋالغانلارنى قوش نىكاھلىنىش جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلماسلىق، لېكىن ئۇلارغا تەنقىد ۋە تەربىيە بېرىش. نىكاھ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، پرىنسىپ جەھەتتە ئەسلى نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش. ئەسلىدە ئەر - خوتۇنلۇق مېھرى - مۇھەببىتى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئايال تەرەپ يۇرتىغا قايتماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغان ياكى چىقىپ كېتىپ قوش نىكاھلىنىۋالغان ۋاقتى ئۇزۇن بولغان، كېيىنكى ئېرى بىلەن ياخشى ئۆتكەن، يەنە كېلىپ بالىلىق بولغان، تەربىيە بېرىلسىمۇ ئۇنۇمى بولمىغان ئەھۋالدا، ئالدىنقى ئېرىنى سۆز بىلەن قايىل قىلىپ مۇرەسسە قىلىپ قويۇش ياكى ھۆكۈم ئارقىلىق نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇۋېتىش. نىكاھتىن ئاجراشقان ياكى ئاجراشمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش. قوش نىكاھلانغان، توقال ئېلىۋالغان ياكى باشقىلارنى بوزەك قىلىپ ئېغىر ئەمگەككە سالغان، راھەت-پاراغەتكە ئىنتىلگەن، قوش نىكاھلىنىپ پۇل - مال ئالداپ ئېلىۋالغانلاردىن تەربىيە بېرىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرگىمۇ جىنايى ئىشلار بويىچە مۇناسىپ چارە كۆرۈش ھەمدە ئۇلارنىڭ قانۇنسىز نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىش.

### 1961 — 1965 - يىلغىچە شىنجاڭدا 1 - سوت نىكاھ دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش - ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 — 5

| يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ سانى | قوبۇل قىلىنغان نىكاھ دېلولىرىنىڭ سانى | ئاياغلاشتۇرۇلغان نىكاھ دېلولىرىنىڭ سانى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| 1961 | 13201 | 11565 | 11571 | ھۆكۈم، مۇرەسسە يولى بىلەن نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇلغىنى 7499، ئاجراشتۇرۇلمىغىنى 2354 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1962 | 21759 | 18058 | 17648 | ھۆكۈم، مۇرەسسە يولى بىلەن نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇلغىنى 9768، ئاجراشتۇرۇلمىغىنى 3724 |
| 1963 | 18114 | 14268 | 14511 | ھۆكۈم، مۇرەسسە يولى بىلەن نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇلغىنى 8264، ئاجراشتۇرۇلمىغىنى 2455 |
| 1964 | 15962 | 12868 | 11375 | |
| 1965 | 14029 | 11435 | 10369 | ھۆكۈم، مۇرەسسە يولى بىلەن نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇلغىنى 6338، ئاجراشتۇرۇلمىغىنى 2674 |

### 4) 1966 — 1975 ـ يىللىرى بولغان نىكاھ دېلولىرى

1966 — 1975 ـ يىللىرى بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھلىرى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ھەق تەلەپ سوت خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويغاچقا، ئامما ئارىسىدىكى نىكاھ مەسىلىلىرى بىر تەرەپ قىلىنىشقا ئېرىشەلمىدى. بەزى ئاساسىي قاتلام رەھبىرىي كادىرلىرى ئۆز ئالدىغا ئاق ھۆججەت يېزىپ بېرىپ، ئۇنى توي خېتى ياكى نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتى ئورنىغا دەسسەتتى، بەزى ئورۇنلار ياكى شەخسلەر سوت ھوقۇقىنى جاڭگىلىغا ئېلىۋالغاچقا، خەلقنىڭ دەۋا ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولالمىدى. سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلغان ھەق تەلەپ دېلولىرى زور ھەجىمدە ئازىيىپ كەتتى. 1970 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 425ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ دېلوسى 300 نەچچە بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ قالدى. 1973 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن نىكاھ دېلولىرى يىلدىن يىلغا كۆپەيدى.

### 5) 1976 — 1985 ـ يىللىرى بولغان نىكاھ دېلولىرى

(1) نىكاھ دېلولىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى 1976 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلىشىپ، قالايمىقانچىلىق ئوڭشالغاندىن كېيىن، نىكاھ دېلولىرى كۆپەيدى. شىنجاڭ بويىچە نىكاھ دېلوسىدىن 5998ى قوبۇل قىلىنىپ، شۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان 7055 ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ %85ىنى ئىگىلىدى. 1977 — 1985 ـ يىللىرى شىنجاڭ بويىچە نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسىدىن 10 مىڭ 661ى قوبۇل قىلىندى. نىكاھ دېلولىرى 1976 ـ يىلى 5998 بولغان بولسا، 1980ـ يىلى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 1985 ـ يىلى 15 مىڭ 859غا كۆپىيىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى 1976 ـ يىلى قوبۇل قىلىنغان نىكاھ دېلولىرىدىن %166 كۆپەيدى. ئەينى چاغدا مال ـ مۈلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە دائىر ھەق تەلەپ ماجىرالىرى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن بولسىمۇ، نىكاھ دېلولىرى يەنىلا ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. بىراق نىسبىتى 1976 ـ يىلدىكى %85تىن تۆۋەنلەپ 1986ـ يىلى %60كە چۈشتى.

## 1976 — 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە نىكاھ دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش ـ ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 — 6

| سوت قىلىش ئەھۋالى / سانى / يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ سانى | نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرى: قالدۇق | نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرى: يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغىنى | نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرى: سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرى: ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى | ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1976 | 7055 | 1260 | 5998 | 6123 | 1135 | 85% |
| 1977 | 8842 | 1135 | 7308 | 7337 | 1106 | 82.7% |
| 1978 | 8449 | 1106 | 6776 | 6801 | 1081 | 80.2% |
| 1979 | 10298 | 1081 | 7593 | 7686 | 988 | 73.3% |
| 1980 | 16529 | 1572 | 10791 | 10690 | 1673 | 65.3% |
| 1981 | 19228 | 1784 | 13217 | 13143 | 1858 | 68.2% |
| 1982 | 22234 | 1226 | 14866 | 14946 | 1146 | 66.9% |
| 1983 | 21894 | 1124 | 14531 | 14268 | 1387 | 66.4% |
| 1984 | 24060 | 1337 | 15720 | 15961 | 1096 | 65.3% |
| 1985 | 26418 | 1046 | 15859 | 15904 | 1001 | 60% |
| جەمئىي | 165007 | | 112659 | 112859 | | |

بۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا بالدۇر نىكاھلىنىدىغانلار كۆپەيدى، بەزى قىزلار 13 ـ 14 يېشىدىلا توي قىلدى. ئاقتۇ ناھىيىسى ئۇجمە گۇڭشېسىدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 39 قىز (بىرسى 17 ياش، قالغانلىرى 13 ـ 14 ياش) 1981 ـ يىلى ئوقۇشتىن توختاپ توي قىلدى. يەنە بەزىلەر توي خېتى ئالمايلا قانۇنسىز ئۆي تۇتۇۋالدى ياكى موللىغا نىكاھ ئوقۇتۇشنى قانۇنلۇق نىكاھ خېتىنىڭ ئورنىغا دەستەك قىلىپ، توي قىلىپ ئىتتىك ئاجرىشىپ كەتتى. بالدۇر توي قىلغان قىزلار بەرداشلىق بېرەلمەي نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلدى. كېرىيە ناھىيىسى بوغازلەنگەر گۇڭشېسىدا 1980 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە 193 جۈپ ئەر ـ خوتۇن توي خېتى ئالماي موللىغا نىكاھ ئوقۇتۇپلا توي قىلىۋالغان. نىكاھ سودىسى قىلىش، نىكاھقا چات كىرىۋېلىش ماجىرالىرىمۇ مەلۇم سانىنى ئىگىلىدى. دۆربىلجىن ناھىيىسىدە ئىككى يىل ئىچىدە نىكاھ سودىسى تۈپەيلىدىن قېچىپ توي قىلىۋالغانلار 140تىن ئاشتى. بەزى جايلاردا توقال ئېلىش، يېقىن تۇغقانلار توي قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار يۈز بەردى.

(2) يېڭى دەۋردىكى نىكاھ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر قانۇن بەلگىلىمىلىرى سوتسىيالىستىك نىكاھ تۈزۈمىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 1981 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يېڭى نىكاھ قانۇنى رەسمىي يولغا قويۇلدى، ئۇنىڭدا نىكاھتا ئەركىن

بولۇش بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇش، ئەر - ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، نىكاھقا چات كىرىۋېلىش، نىكاھ سودىسى قىلىش، قوش نىكاھلىنىش، نىكاھتىن پايدىلىنىپ پۇل - مال ئۈندۈرۈۋېلىشنىڭ مەنئى قىلىنىدىغانلىقى تەكىتلەندى. نىكاھلىنىش يېشى ئوغۇللارنىڭ 22 دىن، قىزلارنىڭ 20 دىن تۆۋەن بولماسلىقى بەلگىلەندى ھەمدە ئۆز ئارا كۆڭۈلسىز بولۇش نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ قانۇنىي شەرتى قىلىپ بېكىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىنجاڭدا نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەردە نىكاھلىنىش يېشى ئوغۇللارنىڭ 20 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىقى، قىزلارنىڭ 18 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىقى، ئۈچ ئەۋلاد دائىرىسىگە كىرىدىغان شىرەم تۇغقانلارنىڭ نىكاھلىنىشىنىڭ مەنئى قىلىنىدىغانلىقى، تۇل ئاياللارنىڭ قايتا نىكاھلىنىش ئەركىنلىكى بولىدىغانلىقى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ھەر قانداق باھانە - سەۋەب بىلەن ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقى، نىكاھلىنىش ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىشتا بىردەك قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتەش لازىملىقى، بىر تەرەپ ئىككىنچى تەرەپكە ئېغىزدا ياكى خەت ئارقىلىق ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۇسۇلى بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ مەنئى قىلىنىدىغانلىقى، نىكاھ، ئائىلە ئىشلىرىغا دىنىنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ مەنئى قىلىنىدىغانلىقى، دىنىي رەسمىيەتنى قانۇندا بەلگىلەنگەن نىكاھلىنىش رەسمىيىتى ئورنىغا دەسسىتىشنىڭ مەنئى قىلىنىدىغانلىقى، توي قىلىش يېشىغا توشمىغان ئوغۇل - قىزلارغا ئالدىن چاي ئىچۈرۈشنىڭ مەنئى قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى مەملىكەتلىك 3 -، 4 - قېتىملىق ھەق تەلەپ خىزمىتى يىغىنلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1982 - ۋە 1984 - يىللىرى شىنجاڭ بويىچە 3 -، 4 - قېتىملىق ھەق تەلەپ خىزمىتى يىغىنلىرىنى ئاچتى. بۇ يىغىنلاردا نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى سوت قىلىشتا، نىكاھ قانۇنىنىڭ 25 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئەر - خوتۇنلارنىڭ ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز بولغان - بولمىغانلىقىنى نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىش - قىلماسلىقنىڭ چەك - چېگرىسى قىلىش ئالاھىدە تەكىتلەندى. يېڭى نىكاھ قانۇنى ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە سوتچى خادىملاردا نىكاھتىن ئاجرىشىشتا «يوللۇق ئاساسى بولۇش» كېرەك دەيدىغان قاراش ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلانغاچقا، ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز بولسىمۇ نىكاھتىن ئاجرىشىشقا «يوللۇق ئاساس» كۆرسىتىپ بېرەلمىگەنلەر، بولۇپمۇ ئەخلاقسىزلىق قىلغان ياكى خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئۇزۇنغىچە بىكار قىلمىدى، «نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلماسلىق» ئارقىلىق خاتالىقى بار تەرەپنى جازالىدى، ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز بولۇپ قالغان ئەر - خوتۇنلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى مەجبۇرىي ساقلاپ قالدى، بۇ ئەمەلىيەتتە ئىككى تەرەپنىڭ پەرزەنتلىرىگە پايدىسىز بولدى ھەتتا زىددىيەت كەسكىنلىشىپ جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەسىر يەتتى.

(3) ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر نەچچە خىل ئەھۋال

سوت ئەمەلىيىتىدە ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان مۇنداق بىر نەچچە خىل ئەھۋال بايقالدى: بىر تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ، قارشى تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشقا قوشۇلمايدىغان بولسىمۇ، كۆپ قېتىملىق مۇرەسسە قىلىپ ياراشتۇرۇپ قويۇلسىمۇ ئۈنۈمى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماجىرالىشىپ يۈرگىنىگە كۆپ يىل بولغان بولىدۇ. بىر تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ، قارشى تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشقا قوشۇلمىسىمۇ يارىشىۋېلىش سەمىمىيىتى ۋە ھەرىكىتى بولمايدۇ، قارشى تەرەپنى قەستەن سۆرەيدۇ؛ ئىككى تەرەپنىڭ ئايرىلىپ تۇرغىنىغا نەچچە يىل بولغان بولۇپ ئۆز ئارا بېرىش - كېلىش قىلمايدۇ

پاكى ئايرىلىپ تۇرمىغان بولسىمۇ، ئۆز ئارا گەپلەشمەيدۇ، كۆپ تەرەپنىڭ مۇرەسسەسى كارغا كەلمەيدۇ؛ ئىككى تەرەپنىڭ نىكاھ ئاساسى ياخشى ئەمەس بولۇپ، نىكاھتىن ئىلگىرى بىر - بىرىنى چۈشىنىشمىگەن بولىدۇ، نىكاھتىن كېيىن يەنە كۆڭۈللۈك چۈشمەي تەكرار ماجىرالىشىدۇ، ئەستايىدىل مۇرەسسە قىلىپ قويۇلسىمۇ يارىشىپ قېلىش ئېھتىمالى كۆرۈلمەيدۇ.

خەلق سوت مەھكىمىلىرى نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى سوت قىلغاندا، بىر تەرەپتىن، پاكىتنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەق - ناھەقنى ئايرىپ، ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز بولغانلارنى ھۆكۈم ئارقىلىق نىكاھتىن ئاجراشتۇردى، مۇناسىۋىتى ھەقىقەتەن يامانلاشقان بولسىمۇ يارىشىش ئىمكانىيىتى بارلىرىغا قارىتا، نىكاھ - ئائىلە مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ۋە مۇستەھكەملەش ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ، مۇرەسسە ئارقىلىق يارىشىپ قېلىشنى ئىلگىرى سۈردى.

(4) ئەر - خوتۇننىڭ ئورتاق مال - مۈلكى ۋە ئۇنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ئورتاق مال-مۈلۈكنى بېكىتىشتە، مەزكۇر مال - مۈلۈكنىڭ ئەر - خوتۇننىڭ ئورتاق ئەمگىكى ۋە تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ياكى مۇناسىۋەتلىك ئەمەسلىكىنىڭ دەرىجىسى توپ ئاساس قىلىندى؛ توي قىلغان ۋاقتى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرزەنتى بولمىسا، چوڭ - چوڭ ۋە ئەتىۋارلىق مال - مۈلۈكلەر پرىنسىپ جەھەتتە ئەسلى ئىگىسىگە بۆيرۇپ بېرىلدى. ھەقىقەتەن تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بولغان تەرەپكە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلدى. توي قىلغان ۋاقتى ئۇزۇن بولمايلا، نىكاھتىن ئاجرىشىش دەۋاسى قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالغان ئەسلى مال - مۈلۈك كۆپ بولمىغان بولسا ئېرىشكۈچىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارىغا قاراپ بىر قىسمى ياكى ھەممىسىنى تۆلەشكە بۇيرۇلدى. ساقلاقلىق ئەتىۋارلىق بۇيۇملار ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇلدى.

(5) يېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى نىكاھ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ۋاقتىدا، قانۇنلۇق بولۇشقا دىققەت قىلدى، بولۇپمۇ زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان دېلولاردا بەزى سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلىشقا ۋە بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يېتەكلەش ۋە تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، زىددىيەت كەسكىنلىشىپ قاتىللىق، ئۆلۈۋېلىش ۋەقەلىرى يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. 1982 - يىلى فۇكاڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ۋاقتىدا خىزمەت ئىشلەپ، 13 ھەق تەلەپ ماجىراسىنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بۇغدا كۆلى گۇڭشېسىدىكى ليۇ ×× سوتقا كېلىپ 6 - ترانسپورت شىركىتى 1 - ئەترىتىدىكى لى ××نىڭ بالىلىرىنىڭ توي ئىشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چاتاق تېرىغانلىقى، قاتىللىق قىلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتىپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ بىر تەرەپ قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. مەھكىمە باشلىقى شۇ كۈنى كەچتىلا كادىرلارنى باشلاپ ليۇ ×× نىڭ ئۆيىگە بېرىپ، لى × نىڭ ئوغلى بىڭخۇ 8 - ئەترەتتىكى فاڭ × × بىلەن ئىككى يىلدىن ئارتۇق مۇھەببەتلەشكەنلىكى، ھازىر فاڭ ×× ئائىلىسىنىڭ ئۇنى ليۇ ×× نىڭ ئوغلىغا بەرمەكچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. لى ×× غەزەپكە كېلىپ پىچاق كۆتۈرۈپ ليۇ ×× نىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەتە ئەتىگەندە فاڭ ×× نىڭ ئۆيىگە بېرىپ جەسەتنى ئېلىپ كېتىشنى ئېيتقان. سوت مەھكىمىسى كادىرلىرى لى ×× كە تەنقىدى تەربىيە بېرىپ، ئۇنى قاتىللىق قىلىش نىيىتىدىن ياندۇرغان. ئاندىن يەنە ليۇ ×× نىڭ ئۆيىگە بېرىپ، خىزمەت ئىشلىگەن. فاڭ ×× ئۆزىنىڭ ليۇ ×× بىلەن توي قىلغۇسى يوقلۇقى، ئاتىسى ئۇنى ليۇ ××كە مەجبۇرىي بەرمەكچى بولسا، لى ×× بىلەن بىرگە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلىقىنى

ئېيتقان ھەمدە ئالدىن تەييارلاپ قويغان بىر بولاق پارتلاتقۇچ دورىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇ دېلو ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنغاچقا، تراگېدىيىنىڭ ئالدى ئېلىنغان.

6) بىر نەچچە خىل مۇھىم نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنىڭ سوت قىلىنىشى

(1) نىكاھتا چات كېرىۋېلىش، نىكاھ سودىسى قىلىش دېلولىرىنىڭ سوت قىلىنىشى 50-يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئەر - ئاياللار ئىلگىرىكى فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى كەلتۈرگەن ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئاياللار سوت مەھكىمىسىگە نىكاھتىن ئاجرىشىش دەۋاسى قىلىپ، فېئودالىق نىكاھقا چات كېرىۋېلىش ۋە نىكاھ سودىسىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى، خەلق سوت مەھكىمىلىرى نىكاھقا چات كېرىۋېلىش، سودىلىشىشتىن كېلىپ چىققان نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى قانۇن بويىچە سوت قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇنداق دېلولار يىلدىن يىلغا ئازايدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىن بۇنداق دېلولار يەنە بىر ئاز كۆپىيىپ قالدى. خەلق سوت مەھكىمىلىرى بۇنداق دېلولارنى سوت قىلغاندا، ئادەتتىكىدەك قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتتە بولغانلارغا تەنقىد - تەربىيە بەردى، قىلمىشى قەبىھ، ئاقىۋىتى ئېغىر بولۇپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرگە قانۇن بويىچە جىنايي جازا بەردى. بىر تەرەپ قارشى تەرەپتىن پۇل - مال ئۇندۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئىككى تەرەپ ئۆز ئىشقا ئۆزى ئىگە بولغان، ئىختىيارىي توي قىلغان بولسا، نىكاھتا سودىلاشقان دەپ قارالمىدى، نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغانلاردىن ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز بولغانلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشىغا رۇخسەت قىلدى؛ توي قىلغىنىغا كۆپ يىل بولغان ھەمدە پەرزەنتلىك بولغانلاردىن مەلۇم دەرىجىدە مېھرى - مۇھەببىتى بارلارنى ئىمكانقەدەر ياراشتۇرۇپ قويدى؛ مۇرەسسەنىڭ ئۇنۇمى بولمىغان، ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز بولۇپ قالغانلارنى ھۆكۈم ئارقىلىق نىكاھتىن ئاجراشتۇرۋەتتى؛ كۆڭۈلسىز بولۇش دەرىجىسىگە يەتمىگەنلەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ھۆكۈم ئارقىلىق رۇخسەت قىلمىدى.

(2) قوش نىكاھلىنىشتىن كېلىپ چىققان نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنىڭ سوت قىلىنىشى كونا جەمئىيەتتە شەكىللەنگەن قوش نىكاھلىنىش (ئازادلىقتىن كېيىن 1950 - يىلى نىكاھ قانۇنى ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى قوش نىكاھلانغان بولسا) ئادەتتە «ئەرز قىلىنمىسا سورالمىدى». ئايال تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ياكى باشقا ئورۇنلۇق تەلەپ قويغان بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسى قوغداپ، نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلدى. نىكاھ قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن قوش نىكاھلانغان بولسا، ئەھۋالغا قاراپ مۇناسىپ جازا بەردى.

60 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئۈچ يىللىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن شىنجاڭغا كېلىپ يەرلىك كىشىلەر بىلەن قوش نىكاھلانغان ئاياللار قوش نىكاھلىنىش جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنمىغان بولسىمۇ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكىتى كۆرسىتىلىپ تەنقىد - تەربىيە بېرىلدى. نىكاھ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، نىكاھ ئاساسى ۋە كۆڭلى بار - يوقلۇقى، قوش نىكاھلانغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، پەرزەنتلىك بولغان - بولمىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئەتراپلىق ئويلىشىلدى. ئەسلى ئەر - خوتۇنلاردىن مۇناسىۋىتى خېلى ياخشى بولۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يارىشىپ قېلىش ئىمكانىيىتى بارلىرىغا قارىتا كۆپرەك خىزمەت ئىشلىنىپ، ئەسلىدىكى جۈرىسى بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇلدى؛ مۇناسىۋىتى ياخشى بولماي، ئايال تەرەپ قايتىپ كېتىشنى خالىمىغان ياكى ئۇزۇن ۋاقىت سىرتتا بولۇپ، كېيىنكى ئېرى بىلەن ياخشى ئۆتكەن ھەمدە پەرزەنتلىك بولغان، مۇرەسسە قىلىنسىمۇ ئۈنۈمى بولمىغاندا، ئەسلىدىكى ئېرىگە خىزمەت ئىشلىنىپ، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا قايىل قىلىندى. لېكىن چىرىك ئىدىيە بىلەن توقال ئېلىپ قوش نىكاھلىق بولغان ياكى پۇل - مۈلۈكنى كۆزلەپ قوش نىكاھلانغان، يەنە كېلىپ

قايتا - قايتا تەربىيە بېرىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرگە مۇۋاپىق جىنايى جازا بېرىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ قانۇنسىز نىكاھ مۇناسىۋىتى بىكار قىلىندى.

1980 - يىلى يېڭى نىكاھ قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، قوش نىكاھلىنىشتىن كېلىپ چىققان نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرى ئەھۋالغا قاراپ پەرقلىق بىر تەرەپ قىلىندى. قىلمىشى بىر قەدەر يېنىك بولغان قوش نىكاھلىنىش دېلولىرىدا ئادەتتە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئەسلىدىكى ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ساقلاپ قېلىنىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان دەۋالاشقۇچىلار ئۆزىنى تەكشۈرۈش، تۆۋبىنامە يېزىش، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىدىن كەچۈرۈم سوراشقا بۇيرۇلۇپ، خىزمەت ئورنىغا ئۇنىڭغا پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلدى؛ قىلمىشى قەبىھ بولۇپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەن ئاز ساندىكىلەرگە جىنايى جازا بېرىلدى. قوش نىكاھلىنىشتىن كېلىپ چىققان ئەسلىدىكى جۈرىسى بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش مەسىلىسى ئادەتتە تۆۋەندىكى پرىنسىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى:

1. ئەسلىدە ئەر - خوتۇننىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولۇپ، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ياكى ئادەتتىكىچە ئۇرۇش - جېدەل تۈپەيلىدىن بىر تەرەپ باشقا جايغا كېتىپ يەنە نىكاھلىنىۋالغان بولسا، ئاق - قارىنى پەرقلەندۈرۈپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان تەرەپنى تەنقىدلەپ، چىن كۆڭلىدىن تۈزۈۋ قىلدۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ يارىشىپ قېلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش؛ مۇرەسسە قىلىنمىغان ئاجرىشىپ كېتىشتە چىڭ تۇرۇۋالغانلاردىن ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز بولغانلىرىنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىش.

2. باشقىلارنىڭ ئالداپ ئېلىپ قېچىش ياكى كۈشكۈرتۈشى بىلەن قوش نىكاھلانغان بولسا، ئاياللارنى ئالدىغان جىنايەتچىلەرنى قانۇن بويىچە جازالاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئايال تەرەپكە تەربىيە بېرىپ تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ ئەسلىدىكى ئېرى بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇش.

3. ئەسلى نىكاھقا چات كىرگۈزۈلۈش، نىكاھ سودىسى قىلىشقا ياتىدىغان نىكاھ ياكى يېنىكلىك بىلەن قوشۇلغان نىكاھ بولۇپ، نىكاھلانغاندىن كېيىن ئەر - خوتۇننىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ، بىر تەرەپ قوش نىكاھلىنىۋالغان بولسا، ئالدىنقىسىدا قانۇنغا خىلاپ ھەرىكىتىنى تەنقىدلەپ، ئەسلىدىكى ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىش، كېيىنكىسىدە بولسا، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكىتىنى تەنقىد قىلىپ، ئەسلىدىكى جۈرىسى بىلەن يارىشىۋېلىشقا بۇيرۇش؛ مۇرەسسە ئۈنۈم بەرمىگەنلىرىنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى قانۇن بويىچە بىكار قىلىش.

4. قارشى تەرەپنى تۇغماس دەپ قاراپ، قوش نىكاھلىنىۋالغانلارغا تەنقىد - تەربىيە بېرىش ھەمدە ئاساسلىق مەسئۇل تارماقنىڭ ئىنتىزام جازاسى بېرىشى توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق، ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز بولغانلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشىغا رۇخسەت قىلىش.

5. كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ قوش نىكاھلانغانلارغا جىنايى ئىشلار بويىچە چارە كۆرۈش ياكى ئىنتىزام جازاسى بەرگەندىن سىرت، ئادەتتە ئەسلىدىكى جۈرىسى بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلماسلىق، ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز بولغان بولسا ھۆكۈم ئارقىلىق نىكاھتىن ئاجرىتىۋېتىش.

(3) مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنىڭ سوت قىلىنىشى

1950 - يىلدىكى نىكاھ قانۇنىنىڭ 19 - ماددىسىدا: «مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ئىنقىلابىي ھەربىيلەردىن ئائىلىسى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىرىنىڭ جۈرىسى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئىنقىلابىي ھەربىينىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى شەرت»، «ئەگەر ئىنقىلابىي

ھەربىي بىلەن ئائىلىسىنىڭ ئالاقىسى ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئۈزۈلۈپ قالغان بولۇپ، جۆرىسى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. مۇشۇ قانۇن ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىنقىلابىي ھەربىي بىلەن ئائىلىسىنىڭ ئالاقىسى ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئۈزۈلۈپ قالغان، مۇشۇ قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ئائىلىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى بىر يىلدىن ئارتۇق ئۈزۈلۈپ قالغان بولۇپ، جۆرىسى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىنىدى.

خەلق سوت مەھكىمىلىرى مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ جۆرىسى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان دېلولاردا، نىكاھ قانۇنىنىڭ ئاساسىي روھىغا بىنائەن، ھەربىينىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىنلا ھۆكۈم چىقاردى. ئىنقىلابىي ھەربىينىڭ جۆرىسى باشقىلار بىلەن ئويناپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئىنقىلابىي ھەربىينىڭ نىكاھ ئىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى دەپ قاراپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىنى قىلمىشىغا قاراپ تەنقىدلىدى ياكى ئۇنىڭغا چارە كۆردى. پاكىت ياكى قانۇنغا ئاساسەن نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىشتا، ھەربىي قىسىم سىياسىي ئورگىنى ئارقىلىق ئىنقىلابىي ھەربىيدىن پىكىر ئالغان ياكى ھەربىي نىكاھتىن ئاجرىشىشقا قوشۇلغاندىن كېيىن رەسمىيەت ئۆتەپ بەردى.

60 ـ يىللاردا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ھەربىيلەرنىڭ نىكاھ ئىشىنىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ نىكاھ ئىشىنى كۆرسىتىدىغانلىقى، ئۇنىڭ خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسمىدىكى كادىرلار، ئەسكەرلەرنىڭ نىكاھ ئىشى، ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەرنىڭ نىكاھ ئىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، مەجرۇھ ھەربىيلەر، خەلق ساقچىلىرى ۋە ھەربىي ئورگانلاردىكى رەسمىي ھەربىيگە كىرمەيدىغان ياللانما خادىملارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقى قايتا شەرھەلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەربىيلەرنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە يەنە بەزى جانلىق بەلگىلىمىلەر قوشۇلدى. مەسىلەن: «ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ھەقىقەتەن يېرىكلىشىپ يارىشىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، ھەربىي قىسىمنىڭ سىياسىي ئورگىنى شۇ ھەربىيگە خىزمەت ئىشلەپ، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىنسا ياكى نىكاھ كېلىشىمى بىكار قىلىنسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسى چات كىرىۋېلىپ چاي ئىچكۈزۈپ قويۇلغان ھەربىينىڭ لايىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نىكاھ ئەركىنلىكى پرىنسىپىغا خىلاپ بولغاچقا، ھەربىيلەرنىڭ نىكاھى قاتارىدا قوغدالمىدى، لېكىن چات كىرىش ئارقىلىق چاي ئىچكۈزۈلگەن بولسىمۇ، چاي ئىچكۈزۈپ قويۇلغاندىن كېيىن تەدرىجىي كۆڭۈللۈك چۈشۈپ ئىختىيار قىلىشىپ خاراكتېرى ئۆزگەرگەن بولسا، ھەربىيلەرنىڭ نىكاھى قاتارىدا قوغدالدى.

1979 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا دائىر سىياسەت ۋە قانۇنلارنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»دە: ھەربىي ئەمەس تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، ھەربىينىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى شەرت، نىكاھلىنىش ئاساسى ۋە نىكاھتىن كېيىنكى مۇناسىۋىتى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ھەربىي ئەمەس تەرەپ مۇھىم ئاساسى يوق تورۇقلۇق نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، مۇرەسسە ئارقىلىق ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ياكى ھۆكۈم ئارقىلىق نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلماسلىق كېرەك. ئەر ـ خوتۇن ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز بولۇپ، مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ تەربىيە بېرىلسىمۇ يارىشىپ قالالمىسا،

شۇ ھەربىي تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرى سىياسىي ئورگىنى ئارقىلىق ياخشى ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، ئاندىن نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىش كېرەك دەپ كۆرسىتىلدى.

1980 ـ يىلى يېڭى نىكاھ قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرى يېڭى نىكاھ قانۇنىنىڭ روھى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەر نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويسا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ 1980 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»سى بويىچە ئىجرا قىلىندى. يەنە ئۇلار تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرى سىياسىي ئورگىنىنىڭ قوشۇلۇشى ھەمدە ئىسپات چىقىرىپ بېرىشى بىلەن، نىكاھ قانۇنىنىڭ 25 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ھەربىينىڭ جۈرىسى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويسا، نىكاھ قانۇنىنىڭ 26 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. ھەربىي نىكاھتىن ئاجرىشىشقا قوشۇلمىسا، مۇرەسسە قىلىپ ياراشتۇرۇپ قويۇلدى ياكى ھۆكۈم ئارقىلىق نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. ئىككىلا تەرەپ كۆڭۈلسىز بولۇپ، ياراشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى بولماي، ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەقىقەتەن ئىمكانىيەت بولمىسا، شۇ ھەربىي تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرى سىياسىي ئورگىنى ئارقىلىق ياخشى ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىندى، ھەربىيلەرنىڭ نىكاھ كېلىشىممۇ قوغدالماس بولدى.

(4) بىنورمال ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنىڭ سوت قىلىنىشى    بىر تەرەپ باشقا بىرسى بىلەن ئويناش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىدا، پاھىشە ئويناش ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئۆزئارا سادىق بولماسلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكى، سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ ئۆتنىگە يول قويمايدىغانلىقى، يەنە ئۇنىڭدىن ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، پاھىشە ئويىنغۇچىلارغا قاتتىق تەنقىد- تەربىيە بېرىپ ئۆزگەرتىلدى، قىلمىشى ئېغىرلىرى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى (ئادەتتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۈرۈشتۈرۈلمىدى). نىكاھ مۇناسىۋىتى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىندى. مەسىلەن: ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ئىزچىل ياخشى بولۇپ، بىر تەرەپ تەسادىپىي سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بولسا، تەربىيە بېرىش ئارقىلىق خاتالىقىنى تونۇپ تۈزىتىش قىلغاندىن كېيىن، يەنە بىر تەرەپ قايىل بولۇپ كەچۈرۈۋەتكەن بولسا، ئادەتتە نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى؛ ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ئىزچىل ياخشى بولماي، بىر تەرەپنىڭ ئىستىلى ئىزچىل ناچار بولۇپ، يەنە بىر تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشتا چىڭ تۇرسا، مۇرەسسەنىڭ ئۈنۈمى بولمىغاندا نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىندى.

80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بىنورمال ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرى كۆپىيىپ كەتتى، خەلق سوت مەھكىمىلىرى بۇنداق دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئېھتىياتچان بولۇپ، ئادەتتە پاكىتنى ئېنىقلاپ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ، 3 ـ شەخس بىلەن بىنورمال ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىتىدە بولغان تەرەپكە ۋە 3 ـ شەخسكە خاتالىقىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ تەنقىد ـ تەربىيە بەردى ياكى تۇرۇشلۇق ئورۇنغا ئىنتىزام جازاسى بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە قەبىھ بولۇپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنى قانۇن بويىچە جازالىدى. ئۇلارنىڭ نىكاھ مەسىلىسىدە يېڭى نىكاھ قانۇنىغا ئاساسەن ھەم نىكاھ ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەم يېنىكلىك بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىشقا قارشى

تۈزۈش ئاساسىي پرىنسىپى ۋە 25 - ماددىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئىككى تەرەپنىڭ ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز بولغان - بولمىغانلىقىنى ئاساس قىلىپ، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىش - قىلماسلىقنى قارار قىلدى. سوت ئەمەلىيىتىدە خەلق سوت مەھكىمىلىرى بۇنداق دېلولارنى مۇرەسسە قىلىش ياكى نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ھۆكۈم قىلىشتا، تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلدى:

1. ئەسلىدە نىكاھ ئاساسى ياخشى بولماي، نىكاھتىن كېيىن كۆڭۈلسىز بولۇپ، بىر تەرەپ 3 - شەخس بىلەن بىنورمال ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىدە بولۇپ، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى يامانلاشقان، مۇرەسسە قىلىنسىمۇ يارىشالمىغان بولسا، قانۇن بويىچە نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلدى.

2. ئەسلىدە ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئادەتتىكىچە بولۇپ، بىر تەرەپ 3 - شەخس بىلەن بىنورمال ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىدە بولغانلىقتىن كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ چىقىپ، ئىككى تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشقا قوشۇلغان بولسا، مۇرەسسە ئارقىلىق نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلدى.

3. بىر تەرەپ 3 - شەخس بىلەن بىنورمال ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىدە بولغانلىقتىن ئۆي ئايرىپ ئولتۇرغان، مۇرەسسە قىلىنغان ياكى نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان بولسىمۇ، يەنىلا يارىشىش ئىمكانىيىتى بولماي، ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز بولۇپ قالغان بولسا، مۇرەسسە قىلىش ياكى ھۆكۈم چىقىرىش ئارقىلىق نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇۋەتتى.

4. قارشى تەرەپ 3 - شەخس بىلەن بىنورمال مۇناسىۋەتتە بولغانلىقتىن كۆڭۈلسىز بولۇپ قالغان بولسىمۇ، خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن تەرەپ ئۆچمەنلىك ساقلاپ نىكاھتىن ئاجراشماي ئۇزۇنغىچە قارشى تەرەپنى قويۇپ بەرمىگەن بولسا، قانۇن بويىچە نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلدى. خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ 3 - شەخس بىلەن بىنورمال ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىدە بولغانلىقىنى سېزىپ، نىكاھتىن ئاجرىشىشتا چىڭ تۇرسا، مۇرەسسە قىلىپ ياراشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسى بولمىغاندا، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلدى.

لېكىن ئەر - خوتۇننىڭ مۇناسىۋىتى خېلى ياخشى بولۇپ، بىر تەرەپ ئېزىپ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان، تەربىيە - تەنقىد بېرىلگەندىن كېيىن تۆۋە قىلغان بولۇپ، مۇرەسسە قىلىپ ياراشتۇرۇپ قويۇش ئىمكانىيىتى بولسا، ئادەتتە يېنىكلىك بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ھۆكۈم قىلمىدى.

(5) ئەكسىلئىنقىلابچىلار، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقانلار، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنىڭ سوت قىلىنىشى 1951 - يىلى ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ جۈرىسى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ئادەتتە يوللۇق تەلەپ ۋە ئىلگىرىلەش ئىپادىسى بار دەپ قاراپ، خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىش داۋامىدا جاۋابكارنىڭ پىكرىنى ئالمايلا، جۈرىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ھۆكۈم قىلدى. ئەكسىچە قىسقا مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ جۈرىسى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسا، ئەسلى ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولۇپ، جاۋابكارنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگىرىشتە ئىپادىسى بىر قەدەر ياخشى بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسى ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ھۆكۈم قىلمىدى.


1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى نىكاھ دېلولىرىنى سوت قىلىنىشتىكى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلار ياكى ئوغرىلارنىڭ جۆرىسى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا، سىياسىي ئېڭى ئۆسكەنلىكتىن دۈشمەن بىلەن چەك ـ چېگرىنى ئايرىش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، قوللاش كېرەك، لېكىن ئەكسىلئىنقىلابچىلار، بۇزۇق ئۇنسۇرلار، ئوغرىلار ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق بولۇش مەسىلىسىنىمۇ ئويلىشىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. جىنايەتچىلەرنىڭ جۆرىسى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، جىنايىتىنىڭ خاراكتېرى، جازا مۇددىتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، ئوتتۇرىغا قويۇش سەۋەبى، ئىزچىل مۇناسىۋىتى قاتارلىق كونكرېت ئەھۋاللارغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىندى. بىر تەرەپ ئاجرىشىشتا چىڭ تۇرۇۋالسا، ئادەتتە رۇخسەت قىلىندى. ئوغرىلارنىڭ جۆرىسى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، يۇقىرىقى ئەھۋالغا سېلىشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىندى (1957 ـ يىلى ئوغرىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى كېڭەيتىۋېتىلىپ، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش مەسىلىسىمۇ خاتا ھالدا بىر تەرەپ قىلىندى)، ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ئىزچىل ياخشى بولۇپ، چىن كۆڭلىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويماي، ئەندىشە بىلەن ياكى «ئىپادە بىلدۈرۈش» يۈزىسىدىن ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ئوغرىلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە پايدىلىق بولۇشنى چىقىش قىلىپ، ئادەتتە نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. 1984 ـ يىلى مەملىكەتلىك 4 ـ قېتىملىق ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى يىغىنىدا بۇ خىل دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، نىكاھ ئەركىنلىكىنى قوغداش پرىنسىپى ئاستىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقانلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە پايدىلىق بولۇش، شۇنداقلا جازا مۇددىتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ۋە جىنايىتىنىڭ خاراكتېرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئويلىشىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. نىكاھلانغان ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن، پەرزەنتلىك بولغان، ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى بىر قەدەر ياخشى، جازا مۇددىتى قىسقا بولسا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياراشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەپ، مۇرەسسە ئۈنۈم بەرمىسىمۇ، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلماسلىق ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلدى.

**(6) سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرى ۋە «ئىلى ـ چۆچەك ۋەقەسى»دە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنىڭ سوت قىلىنىشى** شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش بولۇپ، تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئامىللار تۈپەيلىدىن ئىلگىرى جۇڭگوغا كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىرى بىلەن شىنجاڭدىكى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ئۆز ئارا توي قىلىشى كۆپرەك بولغان. ئەينى چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى بولغان تەرەپ دۆلىتىگە قايتقاندا نىكاھ مەسىلىسىنى ھەل قىلمىغاچقا، جۇڭگو پۇقراسى بولغان تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشنى ئۆزلۈكىدىن ئىلتىماس قىلىپ، ئالاقىدار تارماقلار تەستىقلىغان بولسا، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ياشىشىغا رۇخسەت قىلىنغان. سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشنى خالىمىغاچقا ياكى ئالاقىدار تارماقلار تەستىقلىمىغاچقا سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، سوت قىلىشتىن ئىلگىرى جۇڭگو پۇقراسى بولغان تەرەپنىڭ ئىلتىماسىنى تاشقى ئىشلار تارمىقى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا يەتكۈزدى، كونسۇلخانا سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى بولغان تەرەپنىڭ پىكرىنى ئېلىپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، پاكىتنى تەكشۈرۈپ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نىكاھ قانۇنى بويىچە نىكاھتىن ئاجرىشىش ھەققىدە ھۆكۈم چىقاردى (ھۆكۈمنامىنى تەڭ

## 1950 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان نىكاھ دېلولىرىنىڭ كۆپىيىش - ئازىيىش سىخېمىسى

سىخېما: 4 — 2

بىرلىكى: مىڭ



دەرىجىلىك پارتكومغا تەكشۈرتتى، يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىگە تەستىقلاتتى)، ھۆكۈمنامە تاشقى ئىشلار تارمىقى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى بولغان تەرەپكە يەتكۈزۈپ بېرىشىگە تاپشۇرۇلدى.

1962 - يىلى شىنجاڭدا «ئىلى - چۆچەك ۋەقەسى» يۈز بېرىپ، بىر قىسىم ئاھالىلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قانۇنسىز ئۆتۈپ كەتتى، ئۆتۈپ كەتمىگەن تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان دېلولارنى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئەينى چاغدا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1962 - يىلدىكى ئالاقىدار تەستىقىنىڭ روھى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. ئاجرىشىشتا چىڭ تۇرىۋالغانلارنى قوللاپ، سىرتتىن ھۆكۈم چىقىرىپ، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلدى. لېكىن 1962 - يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلگەنلەرنى ئۇلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزمىدى.

1980 - يىلى يېڭى نىكاھ قانۇنى ۋە 1982 - يىلى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، چەتكە چېتىشلىق نىكاھ دېلولىرى يۇقىرىقى ئىككى قانۇن ۋە چەتكە چېتىشلىق نىكاھ ئىشلىرىغا دائىر سىياسەتلەر بويىچە سوت قىلىنىدى.

## قوشۇمچە

## نىكاھ دېلولىرىدىن مىساللار

### 1. نىكاھنى ئىناۋەتسىز قىلىشنىڭ مىسالى

گۈلەندەم، ئايال، ئۇيغۇر، 14 ياش، خوتەن بازىرىدىن؛ ئابابەكرى، ئەر، ئۇيغۇر، 35 ياش، خوتەن بازىرىدىن، ئىشسىز.

ئابابەكرى بىلەن گۈلەندەم قوشنا ئىدى. ئابابەكرى گۈلەندەمگە كىنو كۆرگىن دەپ ئانچە-مۇنچە پۇل بېرىپ تۇرىدۇ، بەزىدە گۈلەندەمنىڭ ئاتىسى قۇربان نىيازنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىش ئۈچۈن گۈلەندەمنىڭ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ. كېيىن ئابابەكرى قۇربان نىيازغا گۈلەندەم بىلەن توي قىلىش تەلىپىنى قويىدۇ ھەمدە «شاڭخەيدە 2000 يۈەن دەسمايەم بار، توي قىلغاندىن كېيىن سودا قىلىمەن»، «گۈلەندەمنىڭ تۇرمۇشىدىن ياخشى خەۋەر ئالىمەن» دەيدۇ، قۇربان نىياز ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قوشۇلىدۇ. لېكىن گۈلەندەم كىچىك بولغاچقا توي خېتى بەرمەسلىكتىن ئەنسىرەپ، قۇربان نىياز خوتەن بازىرىدىكى نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاشقا مەسئۇل ھاۋاخانغا پارە بېرىدۇ. ھاۋاخان ئۆز قىزى بىلەن كۈيئوغلىنىڭ توي خېتىنى قۇربان نىيازغا بېرىدۇ. ئابابەكرى ئۇنى خېمىيىۋى سۈيۇقلۇق بىلەن ئۆچۈرۈپ، ئابابەكرى بىلەن گۈلەندەمنىڭ نامىغا ئۆزگەرتىدۇ. ئىككىسى توي قىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، گۈلەندەم بەرداشلىق بېرەلمەي مېيىپ بولۇپ جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملىنىدۇ. دادىسى ئۇنى سوت مەھكىمىسىگە ئېلىپ بېرىپ نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقىپ مۇنداق قارايدۇ: ئابابەكرى بىلەن گۈلەندەم نىكاھلىنىشنى تىزىملاتمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلەندەم قانۇندا بەلگىلەنگەن نىكاھلىنىش يېشىغا يەتمىگەن، بۇ نىكاھ قانۇنى ۋە شىنجاڭنىڭ «قوشۇمچە بەلگىلىمىسى»گە خىلاپ، نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا بولمايدۇ.

ئابابەكرىنىڭ توي قىلغاندا ھۆكۈمەت ئورنىغا تىزىملاتماي يالغان توي خېتى ياساپ، 14 ياشلىق قىز بىلەن توي قىلغانلىقى، قۇربان نىيازنىڭ قىزىنىڭ توي ئىشىدا چات كىرىۋېلىپ، پارە بېرىپ توي خېتى ئېلىپ، نىكاھلىنىش يېشىغا يەتمىگەن قىزىنى مەجبۇرىي ياتلىق قىلغانلە-

قى، ماۋاخاننىڭ پارە ئېلىپ، قىزنىڭ توي خېتىنى بەرگەنلىكى قانۇنغا خىلاپ. بۇ قىلمىشلار گۈلەندەمنىڭ روھى ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ئېغىر زەخىملىنىشىگە سەۋەب بولغان. يۇقىرىقى ئۈچ ئادەم سوتتا ئۆزىنى تەكشۈرىدۇ، تۆۋبىنامە يازىدۇ، بىر قىسىم مال - مۈلۈكنى تەقسىم قىلىش توغرىسىدا ئىككى تەرەپ كېلىشىدۇ.

خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى سوتسىيالىستىك نىكاھ تۈزۈمىنى، قىزلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش يۈزىسىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ ئابابەكرى بىلەن گۈلەندەمنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئىناۋەتسىز قىلىدۇ.

(2) 3 - شەخسنىڭ كاشىلىسىنى تۈگىتىشكە مىسال

ج ×، ئەر، 30 ياش، قىرغىز، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىن.

م ×، ئايال، 27 ياش، قىرغىز، ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىن، گۆشچى ئەزاسى.

ج × 1982 - يىلى 1 - ئايدا سوت مەھكىمىسىگە نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئىككى تەرەپ 1974 - يىلى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن توي قىلىشقان، توي قىلىپ بىر يىلغىچە مۇناسىۋىتى خېلى ياخشى بولغان، 1975 - يىلى 9 - ئايدا ج × شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا 5 يىللىق ئوقۇشقا چىققان. ئوقۇشقا كىرىشتىن ئىلگىرى ج × م × كە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ ئىككىمىز بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىمىز دېگەن. م × مۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭ ئوقۇشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە ۋەدىسىدە تۇرۇپ، 76 ياشقا كىرگەن قېيىنئانىسى بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان. دەۋاگەر 1976 - يىلى ئىككى ئايلىق يازلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئايالى بىلەن بىللە بولغان، ئايالى ھامىلدار بولۇپ، 1977 - يىلى بىر ئوغۇل تۇغقان.

ج × ئوقۇش داۋامىدا توي قىلغانلىقىنى يوشۇرۇپ، ئىدىيىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، دېھقان خوتۇنىنى ياراتماي، قىز ساۋاقدىشى گ × بىلەن مۇھەببەتلەشكەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ج × نىڭ تەلىپى بىلەن گ × مۇ ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنغان. كېيىن ج × گ × كە خوتۇنۇم بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىپ سەن بىلەن توي قىلىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن، گ × مۇ قوشۇلغان. دەۋاگەر كۆپ قېتىم خوتۇنى م × كە ئاجرىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ھەمدە ئاشكارە ھاقارەتلەپ، يەنە ئىقتىسادىي جەھەتتە بېسىم ئىشلىتىپ، بالىسى بىلەن كارى بولماي، خوتۇنىنى ئاجرىشىشقا مەجبۇرلىغان، م × ئاجراشماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغان. ج × نىڭ يۇقىرىقى قانۇنسىز قىلمىشى ئائىمىنىڭ ۋە ئايالنىڭ بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قاتتىق نەپرىتىنى قوزغىغان.

سوت مەھكىمىسى: دەۋاگەر بىلەن جاۋابكارنىڭ نىكاھلىنىش ئاساسى بىر قەدەر ياخشى، نىكاھلانغاندىن كېيىن خېلى ئىناق ئۆتكەن، نىكاھ ماجىراسى دەۋاگەرنىڭ خاتالىقى ۋە 3 - شەخسنىڭ ئارىلىشىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان، ھازىر ئەر - خوتۇنلار تامامەن كۆڭۈلسىز بولۇش دەرىجىسىگە يەتمىگەن، ئۇلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا بولىدۇ دەپ قاراپ، دەۋاگەرنىڭ يېڭىسىنى كۆرۈپ كونىسىدىن كەچكەنلىكىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، نىكاھتىن ئاجرىشىشتا يولسىزلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ قوللىمايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە 3 - شەخسنىڭ كاشىلىسىنى تۈگىتىدۇ، سوت مەھكىمىسى گ × بىلەن سۆزلىشىپ، جۆرىسى بار كىشى بىلەن مۇھەببەتلىشىشنىڭ نىكاھ قانۇنىغا ۋە سوتسىيالىستىك ئەخلاققا خىلاپ قىلمىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. گ × خاتالىقىنى تونۇنۇپ، ج × بىلەن بولغان ناتوغرا مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىن گ × ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىن يۆتكىلىپ كېتىدۇ.

1982 - يىل 6 - ئايدا ئۈلۈغچات ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى نىكاھتىن ئاجراشماسلىق ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ ھەمدە ج × نىڭ خىزمەت ئورنىغا ئۇنىڭ خاتالىقىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىپ، تۆۋەنلەپ يازدۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ج × بىلەن م × نىڭ ئىلگىرىكى ئىناق مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كېلىدۇ.

## 2. قاراش، بېقىش، بېقىپ تەربىيىلەش دېلولىرى

### 1) قاراش دېلولىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ئېلان قىلىنغان نىكاھ قانۇنىدا بالىنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسىغا قاراش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بارلىقى بەلگىلەنگەن. شىنجاڭدا 50 - يىللىرى قاراش دېلولىرى كەمدىن - كەم كۆرۈلدى. 1964 — 1967 - يىلغىچە ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى قاراش دېلوسىدىن 196نى قوبۇل قىلدى، بۇلار ئاساسەن بالىنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان ئاتا - ئانىسىغا قاراشنى خالىماسلىق دېلولىرى ئىدى. ئەينى چاغدا سوت مەھكىمىلىرى بۇنداق ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئادەتتە نىكاھ قانۇنىنىڭ 13- ماددىسىدا بەلگىلەنگەن پرىنسىپنى ئاساس قىلىپ ھەمدە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەھۋالىغا، تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ ۋە پەرزەنتلەرنىڭ كۆتىرىش ئىقتىدارىغا بىرلەشتۈرۈپ، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىغا قاراش مەجبۇرىيىتىنى مۇۋاپىق بېكىتتى. ئەخلاقى ناچار، قاراش ئىقتىدارى بولسىمۇ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان پەرزەنتلەرگە سوت مەھكىمىسى ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدۇرۇپ، مۇرەسسە ئارقىلىق ھەل قىلدى؛ تەربىيە بەرسىمۇ ئۈنۈمى بولمىغان، چوڭلارغا قاراش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانلار ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇلارنى قاراش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا بۇيرىدى؛ چوڭلارنى خارلىغان، تاشلىۋەتكەنلەرنى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتتى. قاراش خىراجىتىنىڭ قانچىلىك بولۇشىنى ئەھۋالغا قاراپ بېكىتتى؛ ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان بولۇپ تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالغان ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ ھەممىسىنى پەرزەنتلىرىنىڭ ئۈستىگە ئالدۇردى؛ ئەمگەك ئىقتىدارى ئاجىز بولۇپ تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالغان ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېتىشمىگەن قىسمىنى پەرزەنتلىرىنى تولۇقلاپ بېرىشكە بۇيرۇدى.

1976 - يىلدىن كېيىن قاراش دېلولىرى يىلدىن يىلغا كۆپەيدى. 1981 — 1985 - يىلغىچە كۆرۈنەرلىك كۆپىيىپ، بۇ 5 يىلدا شىنجاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان قاراش دېلوسى 1615كە يېتىپ، ئالدىنقى 5 يىلدىكىدىن (1976 — 1980 - يىلغىچە) %336.5 كۆپەيدى.

**1976 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قاراش دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش - ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 4 — 7

| سوت قىلىنىش ئەھۋالى / يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ سانى | قاراش دېلولىرى | | | | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | قالدۇقى | يېڭى قوبۇل قىلىنغىنى | سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى | |
| 1976 | 7055 | 15 | 11 | 21 | 5 | 0.2% |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1977 | 8842 | 5 | 31 | 28 | 8 | 0.4% |
| 1978 | 8449 | 8 | 45 | 47 | 6 | 0.5% |
| 1979 | 10298 | 6 | 63 | 58 | 11 | 0.6% |
| 1980 | 16529 | 25 | 220 | 211 | 34 | 1.3% |
| 1981 | 19228 | 26 | 218 | 220 | 24 | 1.1% |
| 1982 | 22234 | 19 | 337 | 323 | 33 | 1.5% |
| 1983 | 21894 | 25 | 350 | 331 | 44 | 1.6% |
| 1984 | 24060 | 41 | 364 | 376 | 29 | 1.5% |
| 1985 | 26418 | 27 | 346 | 340 | 33 | 1.3% |
| جەمئىي | 165007 | | 1985 | 1955 | | |

1980 - يىلى يېڭى نىكاھ قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرى
قاراش دېلولىرىنى سوت قىلىشتا يەنىمۇ چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە بولدى. ئۇنىڭدا پەرزەنتلەر قاراش
مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا، ئەمگەك ئىقتىدارى يوق ياكى تۇرمۇشى قىيىن بولغان ئاتا -
ئانا پەرزەنتلىرىدىن قاراش ھەققى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. قاراش ئىقتىدارى بار نەۋرىلەرنىڭ
پەرزەنتلىرى ئۆلۈپ كەتكەن بوۋىسى، مومىسىغا قاراش مەجبۇرىيىتى بار دەپ بەلگىلەندى. خەلق
سوت مەھكىمىلىرى نىكاھ قانۇنى ۋە ئالاقىدار سىياسەتلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، چوڭلارنىڭ
قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، چوڭلارغا قاراش، كىچىكلەرنى بېقىپ تەربىيىلەشتىن
ئىبارەت ئەخلاق كەيپىياتىنى يېتىلدۈردى، قاراش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق
دەۋالاشقۇچىلارنى قانۇني مەجبۇرىيىتىنى ئاڭلىق ئادا قىلىدىغان قىلدى. 1983 - يىلى ئۈرۈمچى
ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى بەي ۋېنتەي بەي گاڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلغان قاراش دېلوسىنى
قوبۇل قىلغان، بۇ دېلودىكى جاۋابكار بەي گاڭ دەۋاگەر بەي ۋېنتەينىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ
ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، دەۋاگەر جاۋابكارنىڭ توينى قىلىپ قويىدۇ، بىر يىلدىن
كېيىن جاۋابكار بۆلەك بولۇپ كېتىدۇ، كېيىنكى 30 يىل ئىچىدە دەۋاگەر كەنجى ئوغلى بىلەن
بىللە تۇرىدۇ. ئەمما كەنجى ئوغلى توي قىلغاندىن كېيىن، پەرزەنتلىرى كۆپ، ئەمگەك كۈچى
ئاز بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەۋاگەر ياشىنىپ قالغانلىقتىن كېسەلچان بولۇپ ئەمگەك ئىقتىدارى-
دىن قالغاچقا، تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالىدۇ، دەۋاگەر جاۋابكارنىڭ قارىشىنى تەلەپ قىلىدۇ،
جاۋابكار بۆلەك بولغاندا ئۆي بىساتى بەرمىگەن دېگەننى باھانە قىلىپ قاراشنى رەت قىلىدۇ. سوت
مەھكىمىسى ئوچۇق سوتتا نىكاھ قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، پەرزەنتلەر ئەمگەك
ئىقتىدارى بولمىغان ئاتا - ئانىسىغا قاراش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم، ئۆي - بىسات
بەرمىگەن دېگەننى باھانە قىلىپ، ئاتا - ئانىغا قاراش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماسلىققا بولمايدۇ
دەپ قاراپ، سوت ئۈستىدە جاۋابكارغا سوتسىيالىستىك قانۇن، ئەخلاق تەربىيىسى بەرگەندىن
كېيىن، جاۋابكار خاتالىقىنى تونۇپ، بوۋايغا قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مۇرەسسە قىلىش
ئارقىلىق جاۋابكار دەۋاگەرگە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئايدا 15 يۈەندىن تۇرمۇش پۇلى بېرىدىغان

ھەم ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغان قىلىپ كېلىشتۈرۈپ قويىدۇ. سوت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاممىنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ ھەمدە چوڭلارغا ياخشى قارىمايۋاتقان ۋە قاراش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمايۋاتقانلارمۇ بۇنىڭدىن تەربىيە ئالىدۇ.

2) بېقىش دېلولىرى

1950 - يىلى يېڭى جۇڭگو نىكاھ قانۇنى يولغا قويۇلۇپ، فېئوداللىق نىكاھ ئائىلە تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، سوتسىيالىستىك نىكاھ تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئەر بىلەن خوتۇننىڭ ئائىلىدىكى ئورنى باراۋەر بولدى، ئەر بىلەن خوتۇن بىر - بىرىنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى. نىكاھ قانۇنىنىڭ 25 - ماددىسىدا «نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن، بىر تەرەپ قايتا نىكاھلانماي تۇرمۇشىدا قىيىنىلىپ قالسا، ئىككىنچى تەرەپ ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىشىغا ياردەم بېرىدۇ؛ ياردەم بېرىش ئۇسۇلى ۋە سورۇكىنى ئىككى تەرەپ كېلىشىدۇ؛ كېلىشەلمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. 1981 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭى نىكاھ قانۇنى يولغا قويۇلدى، مەزكۇر قانۇننىڭ 14 - ماددىسىدا ئەر - خوتۇننىڭ بىر - بىرىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار، بىر تەرەپ بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا بېقىلمىدىغان تەرەپ يەنە بىر تەرەپتىن بېقىش ھەققى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق، دەپ تەكىتلەندى.

1950 — 1985 - يىلغىچە بولغان تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرغان بېقىش دېلوسى 2857 بولغان. 1980 - يىلى جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرى يېڭى نىكاھ قانۇنىغا ئاساسلىنىپ، نىكاھتىن ئاجراشقاندا بىر تەرەپ تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپ مۇۋاپىق ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش كېرەك دېگەن روھ بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. سوت ئەمەلىيىتىدە، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلدى. ياش، ئەمگەك ئىقتىدارى بار بىر تەرەپ نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن تۇرمۇشتا ۋاقىتنچە قىيىنىلىپ قالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپنى قىسقا مۇددەت ياكى بىر قېتىملىق ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشكە بۇيرىدى. 1981 - يىلى لى پىڭ ۋۇ ئايۇ بىلەن بولغان نىكاھ ماجىراسى ئۈستىدە نارازىلىق ئەرز سۇنغاندا، نارازىلىق ئەرزنى سوت قىلغۇچى سوت مەھكىمىسى مەزكۇر دېلونى سوت قىلىپ ھۆكۈم ئارقىلىق ئىككەيلەننىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىدۇ. لى پىڭ ئائىلە ئايالى بولغاچقا تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن قىيىنىلىپ قالاتتى. ۋۇ ئايۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ تۇرمىسا بولمايتتى، سوت مەھكىمىسى نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن ۋۇ ئايۇنىڭ لى پىڭغا 200 يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىش (100 يۈەننى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن، 100 يۈەننى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن) توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. نىكاھلانغىنىغا كۆپ يىل بولغان بىر تەرەپ قېرى، كېسەل، مېيىپ بولۇپ، ئەمگەك ئىقتىدارىنى يوقاتقان، يەنە كېلىپ تۇرمۇش مەنبەيى يوق بولسا، يەنە بىر تەرەپنىڭ تۇرار جايىنى ۋە تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا، ئىقتىساد جەھەتتە خېلى بىر مەزگىل ياكى بىر قېتىم خېلى كۆپ سوممىلىق ياردەم بېرىشكە بۇيرىدى. ئىقتىسادىي ياردەمنى ئىجرا قىلىش مەزگىلىدە ياردەمگە ئېرىشكۈچى تەرەپ قايتا نىكاھلانسا، قارشى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي ياردەمنى توختىتىشىغا يول قويىدى. ئەسلى بەلگىلەنگەن ئىقتىسادىي ياردەم ئىجرا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپكە داۋاملىق ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش تەلىپىنى ئادەتتە قوللىمىدى.

## 1976 — 1985 ـ يىللىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە بېقىش دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش ـ ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 — 8

| سوت قىلىنىش ئەھۋالى / يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ سانى | بېقىش دېلولىرى: قالدۇقى | بېقىش دېلولىرى: يېڭى قوبۇل قىلىنغىنى | بېقىش دېلولىرى: سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | بېقىش دېلولىرى: ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرى نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1976 | 7055 | 23 | 40 | 40 | 23 | 0.6% |
| 1977 | 8842 | 23 | 81 | 73 | 31 | 0.9% |
| 1978 | 8449 | 31 | 45 | 36 | 40 | 0.5% |
| 1979 | 10298 | 40 | 78 | 78 | 40 | 0.8% |
| 1980 | 16529 | 32 | 98 | 97 | 33 | 0.6% |
| 1981 | 19228 | 27 | 226 | 214 | 39 | 1.2% |
| 1982 | 22234 | 27 | 166 | 180 | 13 | 0.7% |
| 1983 | 21894 | 9 | 134 | 124 | 19 | 0.6% |
| 1984 | 24060 | 17 | 163 | 168 | 12 | 0.7% |
| 1985 | 26418 | [illegible] | 134 | 126 | 8 | 0.5% |
| جەمئىي | 165007 | | 1165 | 1136 | | |

### 3) بېقىپ تەربىيىلەش دېلولىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان نىكاھ قانۇنىنىڭ 13 ـ ماددىسىدا: «ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىرىنى بېقىش، تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار؛ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قاراش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتي بار؛ ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىنى خارلىشىغا ياكى تاشلىۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلغان بالىلارنى بېقىپ تەربىيىلەش ماجىراسى دېلولىرىنىڭ كۆپىنچىسى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش ئىشىنى ھەل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بالىلىرىنىڭ بېقىپ تەربىيىلەش ئىشى كىمگە تەۋە بولۇش، بېقىپ تەربىيىلەش ھەققى ۋە يىل چەكلىمىسى مەسىلىسىگە تاقىلاتتى. شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىلار نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن بېقىپ تەربىيىلەش تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتىش ياكى بېقىپ تەربىيىلەش ھەققىنى كۆپەيتىش، ئازايتىشنى تەلەپ قىلىپ قىلىنغان دەۋالار ئىدى.

خەلق سوت مەھكىمىلىرى يېڭى نىكاھ قانۇنى ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن مۇشۇنداق ماجىرالارنى 1950 ـ يىلدىكى نىكاھ قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئاساس قىلىپ ھەمدە ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «ئاپتونوم رايونىمىزدا 10 يىلدىن بۇيان بىرتەرەپ قىلىنغان نىكاھ دېلولىرىنى

بىر تەرەپ قىلىش تەجرىبىلىرى توغرىسىدا يەكۈن» دە مۇنداق كۆرسەتتى: ئاتا - ئانىلار نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن بالىلىرىنى كىمنىڭ بېقىپ تەربىيىلىشىنى بېكىتىشتە، بالىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي قوغداش، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇش، ئەمچەكتىكى بالىنى ئادەتتە ئايال تەرەپنىڭ بېقىشىغا بۇيرۇش، بالا ئەمچەكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن بىر تەرەپلىمە ھالدا ئاتا - ئانىنىڭ شارائىتى ياكى بالىنى ئالىمەن- ئالمايمەن دېيىشىگە ئەمەس، ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي مۇھىتى، ئەخلاق - پەزىلىتى، مىجەزى، نىكاھتىن ئاجرىشىشتىن بۇرۇن بالىلىرىغا كۆيۈنۈش ۋە بالىلىرىنى ياخشى كۆرۈش دەرىجىسىگە قاراش لازىم. بالىلىرى ئۆز ئىرادىسىنى بىلدۈرەلەيدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ھېسابقا ئېلىش كېرەك، ئىككى تەرەپ تالاش - تارتىش قىلىپ كېلىشەلمىسە، سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەك. بالىلارنى بېقىپ تەربىيىلەش ھەققى ئۆلچىمىنى ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە شۇ جايدىكى ئومۇمىي تۇرمۇش سەۋىيىسى، بالىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ بېكىتىش لازىم. بېقىپ تەربىيىلەش سۇرۇكى 18 ياشقىچە بولىدۇ، خەلق سوت مەھكىمىلىرى كونكرېت ئەھۋال ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاساس قىلىپ 3 — 5 يىل قىلىپ بېكىتىپ تۇرسا، سۇرۇك توشقاندىن كېيىن كېلىشتۇرۇپ قويسىمۇ بولىدۇ، ئالايلۇق بەلگىلەنگەن سۇرۇك ئىچىدە ئىككى تەرەپ ياكى بىر تەرەپنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقى ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بېقىپ تەربىيىلەش ھەققىنى ئازايتىش، كۆپەيتىش ياكى توختىتىشقا توغرا كەلگەندە ئىككى تەرەپ كېلىشىپ ھەل قىلسا ياكى سوت مەھكىمىسى ئايرىم ھەل قىلىپ قويسا بولىدۇ. ئايال تەرەپ ۋە بالىلىرى ئېرىشكەن مال - مۈلۈك بالىلارنىڭ تۇرمۇش ۋە تەربىيىلىنىش خىراجىتىگە يەتسە، ئەر تەرەپ بالىلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە تەربىيىلىنىش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

1980 - يىلدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى بۇنداق دېلولارنى يېڭى نىكاھ قانۇنى، نىكاھ سىياسەتلىرىنى ۋە مەملىكەتلىك 3 -، 4 - قېتىملىق ھەق تەلەپ خىزمىتى يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئاساس قىلىپ، كونكرېت دېلو ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. ئەمچەكتىكى بالىنى پرىنسىپ جەھەتتە ئانا تەرەپ بېقىپ تەربىيىلەشكە بۇيرۇپ بەردى، دادا تەرەپنىڭ بېقىپ تەربىيىلەش شارائىتى ياخشى بولۇپ، ئانا تەرەپ قوشۇلسا، دادا تەرەپنىڭ بېقىپ تەربىيىلىشىگىمۇ بۇيرۇپ بەردى. ئەمچەكتىن ئايرىلغان بالىنى كىمنىڭ بېقىپ تەربىيىلىشىنى بېكىتىشتە بالىنىڭ ساغلام يېتىلىشىگە پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. بالىغا ئەقىل كىرگەن بولسا، ئۇنىڭ پىكرىنى ئالدى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يالغۇز پەرزەنتنى بېقىپ تەربىيىلەش ھەققىدە تالاش - تارتىش كۆرۈلگەن بولسا، بالىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشقا پايدىلىق بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا، تۇغماس ۋە قايتا نىكاھلىنىشى قىيىن تەرەپنىڭ مۇۋاپىق تەلىپىنى ھېسابقا ئالدى. ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، تېخى قۇرامىغا يەتمىگەن نەۋرىلەرنى بېقىش، تەربىيىلەشنى يېڭى نىكاھ قانۇنىنىڭ 22 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بېقىپ تەربىيىلەشنى قۇربى يېتىدىغان بوۋا ۋە موماملارغا يۈكلىدى.

بېقىپ تەربىيىلەش ھەققىنىڭ سوممىسىنى بالىلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى، ئاتا - ئانىنىڭ ئۈستىگە ئېلىش قۇربى ۋە شۇ جايدىكى تۇرمۇش سەۋىيىسىگە قاراپ بېكىتتى؛ ئايغا ياكى يىلغا بۆلۈپ بەرسە، شۇنداقلا ھوسۇل ئالغان پەسىلدە بۆلۈپ بەرسە ياكى بىر قېتىمدىلا بېرىۋېتىسىمۇ بولىدىغان قىلدى، بېقىپ تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەش سۇرۇكىنى بالىلار مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان بولغىچە قىلىپ بېكىتتى. ئاتا - ئانا ياكى پەرزەنتلەرنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئەسلى بېكىتىلگەن بېقىپ تەربىيىلەش ھەققىنى ئۆزگەرتىشى ئوتتۇرىغا

قوبۇلغاندا، ئاۋۋال دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپنى كېلىشىشكە بۇيرۇدى، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقاردى.

1951 — 1955 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە يېڭى قوبۇل قىلىنغان 1 - سوت بېقىپ تەربىيىلەش دېلوسى 1723 بولۇپ، شۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرى سانىنىڭ %1.1 ىنى ئىگىلىدى. 1956 — 1958 - يىلغىچە قوبۇل قىلىنغان بېقىپ تەربىيىلەش دېلوسى 1267 بولدى. كېيىن بۇنداق دېلولار ئازايدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ خىل ماجىرا زور دەرىجىدە ئازايدى. 1976 - يىلدىن كېيىن تەدرىجىي كۆپىيىشكە باشلىدى. 1981 — 1985 - يىلغىچە قوبۇل قىلىنغان 1 - سوت بېقىپ تەربىيىلەش ماجىراسى دېلوسى 2875 بولۇپ، شۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان 113 مىڭ 834 ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ %2.5 ىنى ئىگىلىدى، بۇ ئالدىنقى 5 يىلدىكىدىن (1976 — 1980 - يىلغىچە) 1756سى كۆپەيدى. 1976 — 1985- يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە بېقىپ تەربىيىلەش دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش - ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

**1976 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە بېقىپ تەربىيىلەش دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش - ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى**


جەدۋەل: 4 — 9

| سوت قىلىنىش ئەھۋالى / يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ سانى | بېقىپ تەربىيىلەش دېلولىرى: قالدۇقى | بېقىپ تەربىيىلەش دېلولىرى: يېڭى قوبۇل قىلىنغىنى | بېقىپ تەربىيىلەش دېلولىرى: سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | بېقىپ تەربىيىلەش دېلولىرى: ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1976 | 7055 | 30 | 120 | 124 | 26 | 1.7% |
| 1977 | 8842 | 26 | 152 | 158 | 20 | 1.7% |
| 1978 | 8449 | 20 | 218 | 204 | 34 | 2.5% |
| 1979 | 10298 | 34 | 238 | 220 | 52 | 2.3% |
| 1980 | 16529 | 62 | 391 | 392 | 61 | 2.4% |
| 1981 | 19228 | 67 | 438 | 434 | 71 | 2.3% |
| 1982 | 22234 | 55 | 563 | 585 | 33 | 2.5% |
| 1983 | 21894 | 33 | 568 | 562 | 39 | 2.6% |
| 1984 | 24060 | 39 | 659 | 634 | 64 | 2.7% |
| 1985 | 26418 | 65 | 647 | 665 | 47 | 2.4% |
| جەمئىي | 165007 | | 3994 | 3978 | | |

1950 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان قاراش، بېقىش، بېقىپ تەربىيىلەش دېلولىرىنىڭ كۆپىيىش ۋە ئازىيىش ئەھۋالى سخېما 4 — 3 دە كۆرسىتىلدى.

**1950 — 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان قاراش، بېقىش، بېقىپ تەربىيىلەش دېلولىرىنىڭ كۆپىيىش ۋە ئازىيىش سىخېمىسى**

سىخېما: 4 — 3 بىرلىكى: يۈز



# 3 §. مال - مۈلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتى دەۋالىرىنىڭ سوت قىلىنىشى

## 1. مىراس دەۋالىرى

### 1) مىراس دەۋالىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك ۋارىسلىق تۈزۈمى ئورنىتىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى نۇرغۇن مىراس دەۋالىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. 1950 — 1985 - يىلغىچە قوبۇل قىلىنغان مىراس دەۋاسى 19 مىڭ 790 (بۇنىڭ ئىچىدە 6 يىللىق سانلىق مەلۇمات كەم) بولۇپ، شۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دەۋالىرىنىڭ 3.3%نى ئىگىلىدى. ئىگىلىگەن نىسبىتى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق مال - مۈلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتى قوغدالدى.

بۇ 36 يىلدا مىراس دەۋالىرىنىڭ كۆپىيىش - ئازىيىش ئەھۋالىنى تۆت توققۇز يىلغا بۆلۈپ سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. 1 - توققۇز يىل (1950 — 1958 - يىلغىچە) مىراس دەۋالىرى ئەڭ كۆپ قوبۇل قىلىنغان 9 يىل بولۇپ، 12 مىڭ 392سى قوبۇل قىلىندى. 1950 - يىلى قوبۇل قىلىنغان مىراس دەۋاسى 1922 بولۇپ، شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دەۋالىرىنىڭ 7%نى ئىگىلىدى. 1950 — 1954 - يىلغىچە بولغان 5 يىلدا 9178ى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 1835تىن توغرا كەلدى، بۇ ئاممىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىسىدىن قانۇنىي ۋارىسلىق ھوقۇقىنى قوغدىشىنى جىددىي تەلەپ قىلغانلىقىنى ھەمدە شۇنداق قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. 2 - توققۇز يىل (1959 — 1967 - يىلغىچە) دا قوبۇل قىلىنغان مىراس دەۋاسى 2191 بولۇپ، 1 - توققۇز يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆرۈنەرلىك ئازايدى، بۇنداق بولۇشىغا تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچراپ خەلق تۇرمۇشىنىڭ قىيىنلىشىپ كەتكەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەينى ۋاقىتتا «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەلقنىڭ مال - مۈلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش فۇنكسىيىسىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولدى. 3 - توققۇز يىل (1968 — 1976 - يىلغىچە) مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىگە توغرا كەلدى، بۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان مىراس دەۋاسى ئاران 410 بولدى، بۇنداق بولۇشىغا بۇ مەزگىلدە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى، دەۋا قىلىدىغان ئورۇننىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ كېيىنگە قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقى سەۋەب بولدى. 4 - توققۇز يىل (1977 — 1985 - يىلغىچە) دا قوبۇل قىلىنغان مىراس دەۋاسى 4797 بولۇپ، 3 - توققۇز يىلدا قوبۇل قىلىنغان مىراس دەۋاسىنىڭ 11.7 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى، 2 - توققۇز يىلدا قوبۇل قىلىنغان مىراس دەۋالىرىدىنمۇ بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. 1985 - يىلى يېڭى قوبۇل قىلىنغان مىراس دەۋاسى 873 بولۇپ، شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دەۋالىرىنىڭ 3.3%نى ئىگىلىدى، ئالدىنقى يىلدا قوبۇل قىلىنغان مىراس دەۋالىرىدىن 23.48% ئاشتى.

### 2) مىراس دەۋالىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى

1950 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى مىراس دەۋالىرىدىن 14 مىڭ 796نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، مىراس دەۋالىرى ئەر - ئاياللار ۋارىسلىق ھوقۇقىدا تەڭ بولۇش، ئەر - خوتۇن ۋە ئاتا - ئانا، پەرزەنتلەرنىڭ بىر - بىرىگە ۋارىس بولۇش ھوقۇقى بولۇش، بېقىۋېلىنغان بالىلارنىڭ

ۋارىسلىق ھوقۇقى بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ۋە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش باش قائىدىنى ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىنىدى. بىر تەرەپ قىلىشتا، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن تەقسىم قىلىنغان مال - مۈلۈك ۋە يەرگە يەنى شەخسىي مال-مۈلۈككە جۈرىسى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدى؛ كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە ئەگىشىپ، شەخسىنىڭ يېرى قانۇن بويىچە دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، خوجايىنىڭ باشقۇرۇش ۋە پايدىلىنىش ھوقۇقىلا بولۇپ، ئىگىدارلىق ھوقۇقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن يەرگە، ۋارىسلىق قىلىشقا بولمايدىغان بولدى؛ قالدۇرۇق يەرگە كەلسەك ئالاقىدار سىياسەت ۋە بەلگىلىمە بويىچە گۆشىي ئەزالىرىنىڭ تېرىپ پايدىلىنىش ھوقۇقىلا بولۇپ، سېتىش، بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ۋارىسلىق قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىدى؛ گۆشىي ئەزاسىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن قالدۇرۇق يەرنىڭ ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۆلۈشكە بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، مىراس قالدۇرغۇچى بىلەن ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرمىگەن بىۋاستە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قالدۇرۇق يەرنى بۆلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىغا يول قويۇلمىدى، قالدۇرۇق مېۋە ۋە دەل - دەرەخلەر گۆشىي ئەزاسىنىڭ شەخسىي مۈلكى قاتارىدا ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدى؛ چەت ئەلگە چېتىشلىق مىراس دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، جوڭگولۇق چەت ئەللىك بىلەن نىكاھلانغان، نىكاھ قانۇنلۇق بولغان بولسا، جوڭگولۇق ئۆلگەندىن كېيىن قالغان يەردىن باشقا مال - مۈلۈكلەرنى جۈرىسى ۋە بىۋاستە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئورتاق ۋارىسلىق قىلىشىغا، بىۋاستە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولمىسا، جۈرىسىنىڭ يالغۇز ۋارىسلىق قىلىشىغا، ۋارىسلىق قىلغان مال - مۈلۈكنى ئەركىن بىر تەرەپ قىلىشىغا يول قويۇلدى. ئەمما ۋارىسلىق قىلغان ئۆينى ئۆتۈنۈش، سېتىشكە توغرا كەلسە، ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىش شەرتى قويۇلدى. مىراس قالدۇرغۇچى ھايات ۋاقتىدا پايدىلانغان يەر (جۈملىدىن شەھەر، رايوندىكى ئۆي ئورنى) ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىنىدىغان بولغاچقا، ھەر قانداق كىشىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا ياكى ۋەسىيەت ئارقىلىق ھەدىيە قىلىشىغا يول قويۇلمىدى.

**1951 — 1960 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە مىراس دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش - ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 4 — 10

| يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ سانى | يېڭى قوبۇل قىلىنغان مىراس دېلولىرىنىڭ سانى | ئاياغلاشتۇرۇلغان مىراس دېلولىرىنىڭ سانى | ھەق تەلەپ دېلولىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|
| 1951 | 50867 | 2313 | 2497 | 4.5% |
| 1952 | 34202 | 1012 | 1161 | 3% |
| 1953 | 39072 | 1879 | 1834 | 4.8% |
| 1954 | 38599 | 2052 | | 5.3% |
| 1955 | 28252 | 1240 | | 4.4% |
| 1956 | 26725 | 676 | 764 | 2.5% |
| 1957 | 28303 | 865 | 815 | 3% |
| 1958 | 17698 | 422 | 539 | 2.4% |
| 1959 | 12819 | 102 | 118 | 0.8% |
| 1960 | 11091 | 88 | 91 | 0.8% |
| جەمئىي | 287628 | 10649 | 7819 | |

ئىزاھ: 1954 ،، 1955 - يىللىرى ئاياغلاشتۇرۇلغان مىراس دېلولىرىنىڭ سانى ئۆلكىنىڭ ئەدلىيە ستاتىستىكا جەدۋىلىدە يوق.

1963 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، «ھەق تەلەپ سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشتا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قوشۇمچە پىكىر» تارقاتتى. ئۇنىڭدا مىراس دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئاساسىي قانۇن، نىكاھ قانۇنى ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، قانۇنىي ۋارىسلارنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسلىق ھوقۇقىنى قوغداش تەلەپ قىلىندى، ئۆزئارا يار - يۆلەك بولۇش ۋە بېقىپ تەربىيىلەشتەك كوممۇنىستىك ئەخلاق كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، پارتىيىنىڭ سىياسىتى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپ بولماسلىق شەرت ئاساسىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كونكرېت ئىشلەش داۋامىدا تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىنى ئىگىللەشكە دىققەت قىلىندى:

(1) بېقىۋالغان پەرزەنتمۇ ئۆز پەرزەنتكە ئوخشاش ئاتا - ئانىسىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە؛ قايتا نىكاھلانمىغان تۇل خوتۇن ئېرىنىڭ ئورنىدا قېيىنئانا - قېيىنئاتىسىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىشتا ھوقۇقلۇق.

(2) ۋەسىيەت پارتىيە ۋە دۆلەت سىياسىتى، قانۇنى ۋە جامائەت مەنپەئىتىگە خىلاپ بولمىغان ئەھۋالدا ئىناۋەتلىك بولىدۇ. لېكىن ۋەسىيەت قىلغۇچى قورامىغا يەتمىگەن ئەمگەك كۈچى بولمىغان باشقا قانۇنىي ۋارىسلارنى تېگىشلىك مىراس ئۈلۈشىدىن مەھرۇم قىلسا بولمايدۇ.

(3) بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلگۈچىنىڭ مىراسىغا پرىنسىپ جەھەتتە ياتلىق بولغان قىزىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. لېكىن بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تۇرمۇش ۋە داۋالىنىش چىقىمى ھەمدە ئۆلگەندىن كېيىنكى دەپنە قىلىنىش چىقىمىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئۈستىگە ئالغان بولسا، ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياتلىق بولغان قىز بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلگۈچى ھايات ۋاقتىدا ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىغا ۋە نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ، بىر قىسىم مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىش كېرەك. ئەگەر بەشتە كاپالەتلەندۈرگۈچىنىڭ قورامىغا يەتمىگەن ياكى ئەمگەك ئىقتىدارى يوق قانۇنىي ۋارىسى بولسا، ئۇ بەشتە كاپالەتلەندۈرگۈچىنىڭ بارلىق مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەگەر بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلگۈچىنىڭ قورامىغا يەتمىگەن ياكى ئەمگەك ئىقتىدارى يوق قانۇنىي ۋارىسى بولسا، ئۇ بەشتە كاپالەتلەندۈلگۈچىنىڭ بارلىق مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. شەھەر، بازاردىكى پەرزەنتسىز بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلگۈچى (دۆلەت تەرىپىدىن قارىلىدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ) لەرنىڭ مال - مۈلكى دۆلەتكە تەۋە بولىدۇ.

(4) مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش مىراس قالدۇرغۇچى ۋاپات بولغان ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ. ۋارىسلاردىن ئەينى ۋاقىتتا ئالاھىدە سەۋەب يوق تۇرۇقلۇق ھوقۇقىنى ئىلتىجا قىلمىغان ياكى سۈكۈت قىلىپ ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن، ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپ مىراس تەقسىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچىنىڭ تەلىپى سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇنداق قىلىشتا قايتىلىنىش كۆرۈلۈپ نورمال تۇرمۇش تەرتىپىگە تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(5) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ئاساسەن، ئامما-نىڭ ئېڭىنى چىقىش قىلىپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئاممىا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن يامان ئادەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇلىدۇ؛ ۋارىسلىقتا چېتىلىدىغان بەزى ئۆرپ - ئادەتلەر پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ، كارايىتى چوڭ بولمىسا، ئۇلارغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىشكە بولىدۇ. ئۇلارنى مەجبۇرىي ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ؛ دىنىي زاتلارنىڭ ۋارىسلىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ، مىراس دېلولىرىنى دىنىي شەرىئەت بويىچە بېجىرىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

## 1961 — 1965 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە مىراس دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش - ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 — 11

| يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ سانى | يېڭى قوبۇل قىلىنغان مىراس دېلولىرىنىڭ سانى | ئاياغلاشتۇرۇلغان مىراس دېلولىرىنىڭ سانى | ھەق تەلەپ دېلولىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|
| 1961 | 13201 | 145 | 98 | 1.1% |
| 1962 | 21759 | 383 | 370 | 1.8% |
| 1963 | 18114 | 404 | 425 | 2.2% |
| 1964 | 15962 | 345 | 331 | 2.2% |
| 1965 | 14029 | 305 | 301 | 2.2% |
| جەمئىي | 83065 | 1582 | 1525 | |

1966 - يىلدىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان 10 يىلدا «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەت كاپالەتلەندۈرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن، مىراس دېلولىرى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى.

1976 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياقلىشىپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىدىن ئىبارەت قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتى دۆلەت تەرىپىدىن كاپالەتلەندۈرۈلگەنلىكتىن، ھەق تەلەپ دېلولىرى يىلدىن يىلغا كۆپەيدى. ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشى ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن، مىراس دېلولىرى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. 1979 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 293 مىراس دېلوسى قوبۇل قىلىنغانىدى، 1980 - يىلى 574 كە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 95% كۆپەيدى. 1985 - يىلى قوبۇل قىلىنغان مىراس دېلوسى 873 كە، سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغىنى 886 گە يەتتى، 1976 — 1985 - يىلغىچە قوبۇل قىلىنغان، سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان مىراس دېلولىرى ئەڭ بولغان يىل بولدى.

1984 - يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى 4 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، يىغىندىن كېيىن «ھەق تەلەپ سىياسىتى ۋە قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا پىكىر»نى تارقاتتى، ئۇنىڭدا مىراس دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە بەزى كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى. 1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىراسخورلۇق قانۇنى» شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى، 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى يەنە «مىراسخورلۇق قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى، بۇلار پۇقرالارنىڭ ۋارىسلىق مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش نىزامى، شۇنداقلا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مىراس دېلولىرىنى توغرا، قانۇنلۇق، ۋاقتىدا سوت قىلىشىنىڭ ئاساسى بولدى.

مىراسخورلۇق قانۇنىدا مۇنۇلار ئېنىق بەلگىلەندى: جۇڭگودا ئەر - خوتۇن، ئوغۇل - قىز، ئاتا - ئانا، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل، بوۋا - مومىلارنىڭ قانۇنىي ۋارىسى بولىدۇ. ئالدىنقى رەتتىكى ئۈچ خىل ئادەم بىرىنچى رەتتىكى قانۇنىي ۋارىس، كېيىنكى رەتتىكى ئۈچ خىل ئادەم

ئىككىنچى رەتتىكى ۋارىس بولىدۇ. مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش باشلانغاندىن كېيىن، بىرىنچى رەتتىكى ۋارىسلار ۋارىسلىق قىلىدۇ، ئىككىنچى رەتتىكى ۋارىسلار بىر ۋاقىتتا ياكى ھالقىپ ۋارىسلىق قىلالمايدۇ؛ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىدىغان بىرىنچى رەتتىكى ۋارىس بولمىسا ياكى بولسىمۇ ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن ۋە ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان بولسا، ئىككىنچى رەتتىكى ۋارىسلارنىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشى باشلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا نەۋرىنى كىچىكىدە بوۋا - مومىسىنىڭ بېقىپ تەربىيىلىشىگە بېرىۋېتىش ئادىتى بار، بۇنداق مۇناسىۋەت باققۇچى ئاتا - ئانا بىلەن بېقىلغۇچى بالا مۇناسىۋىتىگە كىرىدىغان بولۇپ، بۇ نەۋرىلەر بىلەن ئۆز ئاتا - ئانىسى ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق، مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى بولمايدۇ، بۇنداق نەۋرىلەر بىرىنچى رەتتىكى ۋارىسلار قاتارىغا كىرىدۇ. لېكىن بۇ بېقىپ بېرىش مۇناسىۋىتىلا بولۇپ، ئۆز ئاتا - ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەمەلدىن قالمىغان بولسا، بىرىنچى رەتتىكى ۋارىسلار قاتارىغا كىرمەيدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى مىراس دېلولىرىنى سوت قىلىش داۋامىدا، ياتلىق بولۇپ كەتكەن قىزلار، ئاساسلىق قاراش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان تۇل كېلىنلەر ۋە خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن كۈيئوغۇللارنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى ۋە ھامىلىگە تېگىشلىك مىراس ئۈلۈشىنى قوغداشقا دىققەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇنىي ۋارىسلار قاتارىغا كىرمەيدىغانلاردىن بېقىش مەجبۇرىيىتى بولمىسىمۇ، مىراس قالدۇرغۇچىنى كۆپرەك باققان ياكى ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك يولى، شۇنداقلا ئەمگەك ئىقتىدارى بولمىغان، ئىلگىرى ئاساسلىقى مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ جان باققان ئۆزگىچە كىشىلەرگىمۇ مۇۋاپىق ئېتىبار بەردى؛ بۇلار ھازىرقى مىراسخورلۇق قانۇنىنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ ۋارىسلىق ھوقۇقىدا ئەر - ئاياللارنىڭ باراۋەر بولۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئەخلاقنى جارى قىلدۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش، تىنچ، ئىتتىپاقلىققا پايدا يەتكۈزۈشتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

يېڭى جۇڭگودا مىراسنىڭ يۆتكىلىشى قانۇنىي ۋارىسلىق، ۋەسىيەتلىك ۋارىسلىق، ھەدىيە قىلىش ۋەسىيىتى، ھەدىيە قىلىش، بېقىش كېلىشىمى، ۋارىسلىق قىلغۇچى ھەم ھەدىيەنى قوبۇل قىلغۇچى يوق مىراسنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش شەكىللىرىدە بولىدۇ. ۋەسىيەتلىك ۋارىسلىق دېلولىرىدا ۋەسىيەت قىلغۇچى تولۇق ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولسا، ۋەسىيىتىنىڭ مەزمۇنى دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىگە خىلاپ بولمىسا ھەمدە شۇ كىشىنىڭ ھەقىقىي پىكرى ئىپادىلەنگەن بولسا، ۋەسىيەتتە ئەمگەك ئىقتىدارى، شۇنداقلا تىرىكچىلىك يولى بولمىغان ۋارىسلارغا ئاتاپ تېگىشلىك مىراس ئۈلۈشى قالدۇرغان ھەمدە ۋەسىيەت قىلىش شەكلى مىراسخورلۇق قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسى ۋەسىيەتلىك ۋارىسلارنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقى قانۇن بويىچە قوغدالدى. لوپ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلغان تۇرسۇننىيازخان، تاجىنىساخان بىلەن تۇرسۇن توختى ئوتتۇرىسىدىكى ۋارىسلىق دېلوسىدا دەۋاگەر تۇرسۇننىيازخان جاۋابكار تۇرسۇن توختىنىڭ ئۆگەي ئانىسى، شۇنداقلا دەۋاگەر تاجىنىساخاننىڭ باققان ئانىسى. 1956 - يىلى جاۋابكار تۇرسۇن توختى ئۆيلەنگەندە دادىسى مەمەت توختىئاخۇن ئۆي مۈلۈكىدىن ئىككى ئېغىز ئۆي ۋە بىر قىسىم مال - مۈلۈكنى بۆلۈپ بەرگەندىن كېيىن، جاۋابكار بۆلەك بولۇپ چىقىپ كەتكەن. 1960 - يىلى مەمەت توختىئاخۇن خىيانەت قىلغانلىقتىن قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىدۇ ھەمدە بارلىق مۈلكى بىر تەرەپ قىلىنىپ ھارام پۇل قايتۇرۇلىدۇ. 1966 - يىلى مەمەت توختىئاخۇن جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن

كېيىن، ئۆي ئىجارە ئېلىپ يالغۇز ئولتۇرىدۇ، جاۋابكار ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمايدۇ. 1967-يىلى مەمەت توختىئاخۇن دەۋاگەر تۇرسۇننىيازخان بىلەن توي قىلىدۇ، توي قىلىشتىن ئىلگىرى تۇرسۇننىيازخاننىڭ ئىككى ئېغىز ئۆي، ئېشەك، قوي ۋە ئۆي مۈلۈكى بولۇپ، توي قىلغاندىن كېيىن مەمەت توختىئاخۇن تۇرسۇننىيازخاننىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. تۇغمىغانلىقتىن، ئالتە ئايلىق بىر قىز بېقىۋالىدۇ. بىر قانچە يىلدىن كېيىن مەمەت توختىئاخۇن پالەچ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا، دەۋاگەر بىلەن بېقىۋالغان قىزى ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، جاۋابكار بۇ چاغدىمۇ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمايدۇ، مەمەت توختىئاخۇن ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى چوڭ ئەترەتنىڭ مەسئۇلى ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، قوشنىلىرى بولۇپ 30نەچچە ئادەم تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن بارلىق مىراسقا ئايالى تۇرسۇننىيازخان بىلەن بېقىۋالغان قىزى تاجىنىساخان ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، چوڭ ئەترەتنىڭ تامغىسىنى باستۇرىدۇ، شۇ ئىشنىڭ تۆپىدە تۇرغان جاۋابكارمۇ باشقىچە پىكىردە بولمايدۇ. 1981 - يىلى مەمەت توختىئاخۇن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جاۋابكار ۋارىس سالاھىيىتى بىلەن تۇرسۇننىيازخاندىن دادىسىنىڭ مىراسىنى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ۋېلسىپىت، گىلەم قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەۋاگەر لوپ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىپ، ۋەسىيەت بويىچە ۋارىسلىق قىلىشنى ھەمدە جاۋابكارنى ئېلىپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئەينەن قايتۇرۇشقا بۇيرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. 1 - سوت سوت قىلىش ئارقىلىق مەرھۇم ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى قالدۇرغان ۋەسىيەتنى قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولۇپ، قانۇنىي كۈچكە ئىگە، دەۋاگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىشتا ھوقۇقلۇق دەپ قاراپ، ۋارىسلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ مىراسىغا تۇرسۇننىيازخان بىلەن بېقىۋالغان قىزى ۋارىسلىق قىلىدۇ؛ جاۋابكار دەۋاگەرنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەتكەن مال ۋە نەرسىلەرنى قايتۇرسۇن دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

### 1976 - 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە مىراس دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش - ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى


جەدۋەل: 4 — 12

| سوت قىلىنىش ئەھۋالى / يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ سانى | مىراس دېلولىرى: قالدۇقى | مىراس دېلولىرى: يېڭى قوبۇل قىلىنغىنى | مىراس دېلولىرى: سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | مىراس دېلولىرى: ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1976 | 7055 | 74 | 156 | 151 | 79 | 2.2% |
| 1977 | 8842 | 79 | 202 | 193 | 88 | 2.3% |
| 1978 | 8449 | 88 | 239 | 228 | 99 | 2.8% |
| 1979 | 10298 | 99 | 293 | 289 | 103 | 2.9% |
| 1980 | 16529 | 160 | 574 | 541 | 193 | 3.5% |
| 1981 | 19228 | 155 | 597 | 511 | 241 | 3.1% |
| 1982 | 22234 | 171 | 704 | 716 | 159 | 3.2% |
| 1983 | 21894 | 155 | 608 | 618 | 145 | 2.8% |
| 1984 | 24060 | 148 | 707 | 753 | 102 | 2.9% |
| 1985 | 26418 | 112 | 873 | 886 | 99 | 3.3% |
| جەمئىي | 165007 | | 4953 | 4886 | | |

### 1950 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان مىراس دېلولىرىنىڭ كۆپىيىش ۋە ئازىيىش سخېمىسى

سخېما: 4 — 4

بىرلىكى: يۈز



# قوشۇمچە

## مىراس دېلولىرىدىن مىساللار

**1. بوۋا ـ موما ئۆز ئىختىيارى بىلەن بېقىپ بەرگەن نەۋرىسىنىڭ بېقىۋېلىنغان بالا ئورنىدا مىراسقا ۋارىس قىلىنىشقا بولمايدىغانلىقىغا دائىر مىسال**

زورىخان مۇسا پاتىگۈل مۇسا ئۈستىدىن دەۋا قىلغان مىراس ماجىراسى دېلوسى

دەۋاگەر بىلەن جاۋابكار ئاچا ـ سىڭىل بولۇپ، جاۋابكارنىڭ ئوغلى ئەنۋەر يۇسۇپ كىچىكىدىن تارتىپلا بوۋا ـ مومىسى يېنىدا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. دەۋاگەر بىلەن جاۋابكارنىڭ ئانىسىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا خېلى بولغان، دادىسى مۇسائاخۇن 1982 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ۋاپات بولىدۇ، ئۇلاردىن ئۈرۈمچى شەھىرى يىڭىخەي كوچىسىدىكى 58 ـ قورۇدا ئۈچ ئېغىز ئۆي، بىر قىسىم ئۆي سايمانلىرى ۋە كىيىم ـ كېچەكلەر قالىدۇ. زورىخان مۇسا دادامدىن قالغان پۇلنى پاتىگۈل مۇسا ئېلىۋالدى، ئۆي كىيىم ـ كېچەكلەرگە مەن ۋارىسلىق قىلىشىم كېرەك دېگەننى ئاساس قىلىپ تيانشان رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىدۇ، 1 ـ سوت ئەنۋەر يۇسۇپنى مۇسا ئاخۇننىڭ بېقىۋالغان ئوغلى دەپ بېكىتىپ، مۇسا ئاخۇننىڭ مىراسىغا زورىخان مۇسا، پاتىگۈل مۇسا، ئەنۋەر يۇسۇپ ۋارىسلىق قىلسۇن دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. زورىخان مۇسانىڭ دادامدىن قالغان پۇلنى پاتىگۈل مۇسا ئېلىۋالدى دېگىنىنى ئەمەلىي دەلىل ـ ئىسپات بولمىغانلىقتىن رەت قىلىدۇ، ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن زورىخان مۇسا يۇقىرىقى تەلىپىدە چىڭ تۇرۇۋالغاندىن سىرت، يەنە ئەنۋەر يۇسۇپ مۇسائاخۇننىڭ بېقىۋالغان ئوغلى ئەمەس، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى يوق دەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز سۇنىدۇ. پاتىگۈل مۇسا دادامدىن 585 يۈەن پۇل قالغان بولۇپ، دەپنە ۋە نەزىر ـ چىراقلارغا 611 يۈەن كەتتى، يەتمىگەن قىسمىنى مەن چىقاردىم دەپ ئۆزىنى ئاقلايدۇ. 2 ـ سوت: ئەنۋەر يۇسۇپ مۇسائاخۇننىڭ نەۋرىسى بولۇپ، كىچىكىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتى شەكىللەنمىگەن. بۇ تۇغقانلار ئارا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بېقىپ بېرىشكە ياتىدۇ، ئەنۋەر يۇسۇپنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەمەلدىن قالمىغان، بىرىنچى سوتنىڭ بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتى دەپ ئۇنى مىراسقا ۋارىسلىق قىلغۇچى قىلىپ بېكىتكەنلىكى مۇۋاپىق بولمىغان. مۇسا ئاخۇن قالدۇرغان نەق پۇل دەپنە ۋە نەزىر ـ چىراغلارغا ئىشلىتىۋېتىلگەن، زورىخان مۇسانىڭ نارازىلىق ئەرزىگە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلىي ئىسپات تېپىلمىغاچقا بېكىتىش تەس دەپ قاراپ، ئەسلى ھۆكۈم كۈچتىن قالدۇرۇلسۇن؛ مۇسائاخۇندىن قالغان ئۈرۈمچى شەھەر يىڭىخەي كوچا 58 ـ قورۇدىكى ئۆيلەرنىڭ شىمال تەرەپتىكى بىر ئېغىزى (كۆلىمى 19.35 كۋادرات مېتىر) غا زورىخان مۇسا ۋارىسلىق قىلسۇن، جەنۇب تەرەپتىكى ئىككى ئېغىز ئۆي (كۆلىمى 22.94 كۋادرات مېتىر) غا پاتىگۈل مۇسا ۋارىسلىق قىلسۇن. زورىخان مۇسا قورۇ ئىچىدىكى 13 كۋادرات مېتىر بوش يەردىن پايدىلانسۇن، پاتىگۈل مۇسا قورو ئىچىدىكى 11.50 كۋادرات مېتىر بوش يەردىن پايدىلانسۇن؛ مۇسا ئاخۇننىڭ قالغان مىراسلىرىغا زورىخان مۇسا بىلەن پاتىگۈل مۇسا بىر ئۈلۈشتىن ۋارىسلىق قىلسۇن؛ زورىخان مۇسانىڭ قالغان ئەرزلىرى رەت قىلىنسۇن، دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

**2. قانۇنىي ۋارىسنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى قوغداپ، قاراش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان كىشىنىنى مۇۋاپىق ئۈلۈشكە ئېرىشتۈرۈشكە دائىر مىسال**

1981 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلغان

يەن يۈئې ليۇ شيۇلەن، يەن زىچياڭلار ئۈستىدىن دەۋا قىلغان مىراس دېلوسى. دەۋاگەر يەن يۈئې، ئايال، 49 ياش، خەنزۇ؛ جاۋابكار ليۇ شيۇلەن، ئايال، 74 ياش، خەنزۇ؛ يەن زىچياڭ، ئەر، 46 ياش، خەنزۇ. قوشۇلغان ئورتاق دەۋاگەرلەر: ياڭ سۇجېن، ياڭ شيۇفېڭ، ياڭ خۇيجۈن، ياڭ شۇئې، ياڭ لى، ياڭ يۇڭ، ياڭ جۇڭ.

مىراس قالدۇرغۇچى ياڭ يۇنكەي 1974 - يىلى ۋاپات بولىدۇ. ھايات ۋاقتىدا 1911 - يىلى لىن بىلەن توي قىلىپ، ياڭ جۇنرۇ، ياڭ جۇنچىڭ ئاتلىق ئوغۇللارغا، ياڭ سۇجېن، ياڭ شيۇفېڭ، ياڭ خۇيجۈن ئاتلىق قىزلارغا ئاتا بولىدۇ. 1938 - يىلى لىن ۋاپات بولىدۇ. 1940- يىلى ياڭ يۇنكەي ۋاڭ بىلەن توي قىلىدۇ. ۋاڭ ئەينى ۋاقىتتا ئوغلى يەن زىچياڭ، قىزلىرى يەن يۈئې، ياڭ شيۇئې بىلەن بىللە كېلىپ، ياڭ يۇنكەي بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، 1965- يىلى ۋاڭ ۋاپات بولىدۇ. 1926 - يىلى ياڭ جۇنرۇ ليۇ شيۇلەنگە ئۆيلىنىدۇ، كېيىن ياڭ جۇڭ دېگەن ئوغۇل بالىنى بېقىۋالىدۇ. 1948 - يىلى ياڭ جۇنچىڭ، يەن يۈئېغا ئۆيلىنىپ ياڭ لى دېگەن قىزنى، ياڭ يۇڭ دېگەن ئوغۇلنى بېقىۋالىدۇ. ياڭ جۇنچىڭ 1972- يىلى، ياڭ جۇنرۇ 1976 - يىلى ۋاپات بولىدۇ.

ياڭ يۇنكەيدىن قالغان 4 ئېغىز ئۆي (15 مىڭ 500 يۈەنگە سۇندۇرۇلىدۇ) ۋە ئۆي سايمانلىرىنى ليۇ شيۇلەن بىلەن يەن زىچياڭ بۆلۈشىۋالىدۇ، ليۇ شيۇلەنگە 10مىڭ يۈەن، يەن زىچياڭغا 5500 يۈەن تېگىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان دەۋاگەر يەن يۈئې ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، كېلىشەلمىگەنلىكتىن، تېگىشلىك ئۈلۈشكە ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىپ سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىدۇ. ياڭ سۇجېن، ياڭ شيۇفېڭ، ياڭ خۇيجۈن، ياڭ شيۇئې، ياڭ لى، ياڭ يۇڭ، ياڭ جۇڭ قاتارلىق 3 - شەخسلەرمۇ كەينى - كەينىدىن ۋارىسلىق قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

جاۋابكار ليۇ شيۇلەن ياڭ جۇنرۇ بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن قېيىنئانام لىن بىلەن قېيىنئاتام ياڭ يۇنكەينى كۆپىنچە بىز باقتۇق، يەنە قېيىنئاتام، قېيىنئانام ئورنىدا ئىنى - سىڭىللارنىمۇ بېقىپ تەربىيىلىدۇق. ياڭ يۇنكەي بىلەن ۋاڭ ياشىنىپ قالغاندا كۆڭۈل قويۇپ قارىدۇق، ئۇلارنى بېقىش، دەپنە قىلىشقا ھەممىدىن كۆپ ئەجىر سىڭدۈردۇق، مىراسنىڭ ئۈچتىن بىر ئۈلۈشىدىن ئارتۇقىغا بىز ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك، دەيدۇ. ئۇ 3 - شەخس يەنە ياڭ شيۇئېنى كىچىكىدىن باشقىلار بېقىۋالغان، ئۆيدە بىر، ئىككى يىللا تۇرغان، ئۇنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى يوق دەيدۇ.

جاۋابكار يەن زىچياڭ ئىلتىجا بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كىچىكىدىن تارتىپلا ئانىسى بىلەن بىللە ياڭ ئائىلىسىگە كېلىپ، ياڭ يۇنكەي بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى، ياڭدىن قالغان ئۆينى ئۆز ئانىسى بىلەن ئۆگەي دادىسى ئورتاق سالغان بولۇپ، لىن بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى، ئۆزى ئالدىن ۋارىس بولۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ ھەمدە ليۇ شيۇلەن قانۇنىي ۋارىسى بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى يوق دەپ قارايدۇ.

سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ سوت قىلىش ئارقىلىق مۇنداق قارايدۇ:

تۆت ئېغىز ئۆينى ياڭ يۇنكەي ۋاڭ بىلەن نىكاھلانغاندىن كېيىن سالغان بولسىمۇ، مەبلەغ ياڭ يۇنكەي بىلەن لىن ئورتاق يىغقان پۇل ئاساسىدا توپلانغان بولغاچقا، مىراستا لىننىڭ بىر ئۈلۈشى بار، بۇ ئۈچ ئادەم ئىلگىرى - كېيىن ۋاپات بولۇپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئايرىش تەس، شۇڭا بۇنى بۆلۈپ ئولتۇرماي، تۆت ئېغىز ئۆينى ياڭ يۇنكەي بىلەن ۋاڭ، لىنلاردىن قالغان ئورتاق مىراس دەپ قاراش كېرەك.

يەن يۈئې، يەن زىچياڭ، ياڭ جۈنرۇ، ياڭ جۈنچىڭ، ياڭ سۇجېن، ياڭ شيۇفېڭ، ياڭ خۇيجۈن، ياڭ شيۇئې قاتارلىق سەككىزەيلەن ياڭ يۈنكەي بىلەن لىن ھەمدە ۋاڭلارنىڭ ئۆز بالىلىرى ياكى بېقىپ تەربىيىلىگەن ئۆگەي بالىلىرى بولغاچقا، قانۇنىي ۋارىسقا كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋارىسلىق ھوقۇقىغا ئىگە. لېكىن ئۇلارنىڭ مىراس قالدۇرغۇچى ئالدىدا ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ۋارىسلىق سوممىسىنى مۇۋاپىق پەرقلەندۈرۈش لازىم. بولۇپمۇ ياڭ شيۇئې كىچىكىدىن تارتىپلا باشقىلار تەرىپىدىن بېقىۋېلىنغان، 11 يېشىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن، 15 يېشىدا ياتلىق بولغان، ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسى بىلەن ئاز بېرىش - كېلىش قىلغان، ئادا قىلغان مەجبۇرىيىتى ئىنتايىن ئاز، شۇڭا ئۇنىڭ مىراس ئۈلۈشى ئاز بولۇشى لازىم.

جاۋابكار ليۇ شيۇلەن مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ كېلىنى، ئۇ قانۇنىي ۋارىس بولمىسىمۇ، لېكىن ئۈچ مىراس قالدۇرغۇچىغا قاراش مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان، يەنە تېخى قېيىنئاتىسى - قېيىنئانىسى ئورنىدا قۇرامىغا يەتمىگەن ئىنى - سىڭىللىرىنى بېقىپ تەربىيىلىگەن، ئۇ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى باشقا ۋارىسلاردىن ئاشۇرۇپ ئادا قىلغان، مىراس بۆلگەندە ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك.

ياڭ جۈنرۇ مىراس قالدۇرغۇچىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا كېلىشلىك مىراس ئۈلۈشىگە ئايالى ليۇ شيۇلەن بېقىۋالغان ئوغلى ياڭ جۇڭ ئورناق ۋارىسلىق قىلىدۇ.

ياڭ جۈنچىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئايالى يەن يۈئې قايتا ياتلىق بولغاندا بارلىق مۈلكىنى ئېلىپ كەتكەن، ئۇنىڭغا تېگىشلىك مىراس ئۈلۈشىگە بېقىۋالغان قىزى ياڭ لى ۋە ئوغلى ياڭ يۈڭ ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك. ياڭ يۈڭ ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە تېخى مۇستەقىل بولمىغاچقا، دادىسىغا تېگىشلىك مىراس ئۈلۈشىدە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلىشى لازىم.

سوت مەھكىمىسى يۇقىرىقى قاراشقا ئاساسەن مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىدۇ:

يەن يۈئې 1200 يۈەنگە ۋارىسلىق قىلسۇن؛

ياڭ لى 500 يۈەنگە، ياڭ يۈڭ 1000 يۈەنگە ۋارىسلىق قىلسۇن؛

يەن زىچياڭ 2400 يۈەنگە ۋارىسلىق قىلسۇن؛

ياڭ سۇجېن، ياڭ شيۇفېڭ، ياڭ خۇيجۈنلەر ئايرىم - ئايرىم 1800 يۈەنگە ۋارىسلىق قىلسۇن؛

ياڭ شيۇئې 800 يۈەنگە ۋارىسلىق قىلسۇن؛

ليۇ شيۇلەنگە 2200 يۈەن بېرىلسۇن، ئۇنىڭدىن باشقا ياڭ جۇڭ بىلەن ئىككىسى 2000 يۈەنگە ۋارىسلىق قىلسۇن؛

مىراسنىڭ ئامانەت ئۆسۈمىنى ھەر قايسىسىنىڭ ئېرىشكەن سوممىسى بويىچە بانكا ھېسابلاپ بەرسۇن.

## 2. ئۆي دېلولىرى

### 1) شىنجاڭدىكى ئۆي دېلولىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1950 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلغان ئۆي دېلوسى 13 مىڭ 730 بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ %29.2نى ئىگىلىدى. شۇ مەزگىلدە سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان ئۆي دېلوسى 12 مىڭ 505 بولۇپ،

ئاياغلاشتۇرۇلغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ %11.2نى ئىگىلىدى. قوبۇل قىلىنغان دېلو سانىدىن قارىغاندا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە يەنە 1951 -، 1953 - يىللىرى كۆپ بولۇپ، 1000دىن ئاشتى يەنى 1951 - يىلى 1118، 1953 - يىلى 1043 بولدى، كېيىن ئازلاشقا قاراپ يۈزلەندى.

**1951 — 1960 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ئۆي دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش - ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 4 — 13

| سوت قىلىنىش ئەھۋالى / سانى / يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ سانى | ئۆي دېلولىرى | | | | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | قالدۇقى | يېڭى قوبۇل قىلىنغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى | |
| 1951 | 50867 | | 1118 | 1164 | | 2.2% |
| 1952 | 34202 | | 786 | 857 | | 2.3% |
| 1953 | 39072 | | 1043 | 1053 | | 2.7% |
| 1954 | 38599 | | 747 | | | 1.9% |
| 1955 | 28252 | | 425 | | | 1.5% |
| 1956 | 26725 | | 398 | 428 | | 1.5% |
| 1957 | 28303 | | 633 | 624 | | 2.2% |
| 1958 | 17698 | | 189 | 240 | | 1.1% |
| 1959 | 12819 | | 132 | 142 | | 1% |
| 1960 | 11091 | | 73 | 73 | | 0.7% |
| جەمئىي | 287628 | | 5542 | 4581 | | |

1961 - يىلى ئۆي دېلولىرى كۆپىيىپ، قوبۇل قىلىنغان دېلو 149غا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشتى. كېيىنكى بىر قانچە يىلدا 200 دىن ئارتۇق بولۇپ كەلدى.

**1961 — 1965 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ئۆي دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش - ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 4 — 14

| سوت قىلىنىش ئەھۋالى / سانى / يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ سانى | ئۆي دېلولىرى | | | | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | قالدۇقى | يېڭى قوبۇل قىلىنغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى | |
| 1961 | 13201 | | 149 | 137 | | 1.1% |
| 1962 | 21759 | | 343 | 310 | | 1.6% |
| 1963 | 18114 | | 347 | 351 | | 1.9% |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1964 | 15962 | | 254 | 251 | | 1.6% |
| 1965 | 14029 | | 204 | 198 | | 1.5% |
| جەمئىي | 83065 | | 1297 | 1247 | | |

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق مال - مۈلۈك ھوقۇقى كاپالەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، شۇنداقلا ئۆي دېلولىرىنى دەۋا قىلىدىغان ئورۇن بولمىغاچقا، يىلدا قوبۇل قىلىنغان دېلو 100گە يەتمىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن، ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق مال - مۈلۈك ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن، ئۆي دېلولىرى يەنە كۆپىيىشكە باشلىدى. 1979 — 1985- يىلغىچە، قوبۇل قىلىنغان ئۆي دېلوسى 6030 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1981 -، 1982 - يىللىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 1981 - يىلى 1045ى، 1982 - يىلى 1050ى قوبۇل قىلىندى. نوپۇس زىچ ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، شەھەرلىرىدە ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى 1980 -، 1981 - يىللىرى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئۈچ شەھەردىكى ئۆي دېلولىرىنى تەكشۈردى ۋە تەھلىل قىلدى، ماجىرا يۈز بەرگەن ۋاقىتتىن قارىغاندا، كۆپ قىسىم ئۆي دېلولىرى كۆپ يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان بولۇپ، بەزىلىرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىن ھەتتاكى مىنگو مەزگىلىدىن قالغان مەسىلىلەر، ئەھۋال مۇرەككەپ، چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، بىر تەرەپ قىلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجە-سى زور بولدى.

## 1976 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ئۆي دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش - ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى


جەدۋەل: 4 — 15

| سوت قىلىنىش ئەھۋالى / سانى / يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ سانى | ئۆي دېلولىرى | | | | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | قالدۇقى | يېڭى قوبۇل قىلىنغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى | |
| 1976 | 7055 | 65 | 105 | 102 | 68 | 1.5% |
| 1977 | 8842 | 68 | 140 | 135 | 73 | 1.6% |
| 1978 | 8449 | 73 | 165 | 144 | 94 | 2% |
| 1979 | 10298 | 94 | 553 | 445 | 202 | 5.4% |
| 1980 | 16529 | 290 | 972 | 844 | 418 | 5.9% |
| 1981 | 19228 | 293 | 1045 | 988 | 350 | 5.4% |
| 1982 | 22234 | 290 | 1050 | 1148 | 192 | 4.7% |
| 1983 | 21894 | 188 | 741 | 689 | 240 | 3.4% |
| 1984 | 24060 | 217 | 726 | 776 | 167 | 3% |
| 1985 | 26418 | 248 | 943 | 930 | 261 | 3.6% |
| جەمئىي | 165007 | | 6440 | 6201 | | |

### 1950 — 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان ئۆي دېلولىرىنىڭ كۆپىيىش ۋە ئازىيىش سىخېمىسى

سخېما: 4 — 5

بىرلىكى: يۈز



## 2) ئۆي دېلولىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە بىر تەرەپ قىلىنىشى

خەلق سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلغان ئۆي دېلولىرىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولمىغاچقا، بەزى يېڭى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇلارنى ئومۇمەن مۇنداق بىر نەچچە خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

**(1) مۈلۈك ھوقۇقى ماجىراسى** بۇنداق ماجىرالارنىڭ كۆپىنچىسى 50 - يىللاردا يۈز بەردى، كادىرلارنىڭ ئۆي سېتىۋېلىشىنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلغاچقا، بەزى كادىرلار ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقماي ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياكى باشقىلارنىڭ نامىدا سېتىۋالغان، ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۆي - زېمىننىڭ تەۋەلىكى مەسىلىسىدە ماجىرا كېلىپ چىقتى. خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈش ئارقىلىق راستلىقى ئېنىقلانغانلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈدى. بۇرۇن باشقىلارنىڭ نامىدا ئۆي سېتىۋالغانلىقى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق راست بولۇپ چىققانلىرىنى مۈلۈك ئىگىسىنىڭ نامىغا ئۆزگەرتىشكە رۇخسەت قىلدى. كۆپ يىللاردىن بېرى باشقۇرۇپ پايدىلىنىپ كەلگەن ئۆيدىن تالاش - تارتىش كۆرۈلمىگەن، ئەمدى مۈلۈك ھوقۇقىنى تەلەپ قىلغۇچى ئىسپات كۆرسىتىپ بېرەلمىسە، تەلىپىنى رەت قىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، زېمىن ئىگىسى يەر چىقىرىپ، ئۆي ئورتاقچىسى كۆچ ۋە ماتېرىيال چىقىرىپ ياكى زېمىن ئىگىسى ماتېرىيال چىقىرىپ، ئورتاقچى كۆچ چىقىرىپ سېلىنغان ئۆي ئورتاقچى مەلۇم يىل ئولتۇرغاندىن كېيىن، زېمىن ئىگىسىنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتەتتى. بۇنىڭدا روشەن ئېكسپىلاتاتسىيە خاراكتېرى بولغاچقا، شەھەرنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا پايدىسىز بولۇپ كەلگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ خىل ماجىرالار زېمىن ئىگىسى ئۆز يېرىگە ئۆي سالماي، شەھەرنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، يەر ھايانكەشلىكى قىلسا توسۇش ۋە چەكلەش، ئورتاقچى كۆچ چىقىرىپ، زېمىن ئىگىسى ماتېرىيال چىقىرىپ سېلىنغان بولسا، ئالدى بىلەن ئورتاقچىنىڭ ئۆي ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىش، ئۆي ئورتاقچىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇش، ئەمما ماتېرىيال چىقارغۇچى تەرەپكە مۇۋاپىق ھەق بېرىش؛ ئورتاقچى كۆچ ۋە ماتېرىيال چىقىرىپ سېلىنغان ئۆي پرىنسىپ جەھەتتە ئورتاقچىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇش، زېمىن ئىگىسى يەرنى ئاساس قىلىپ، ئۆينى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، قوللىماسلىق، ئەمما زېمىن ئىگىسى نامرات شەھەر ئاھالىسىدىن بولۇپ، تۇرمۇشىدا ھەقىقىي قىيىنچىلىقى بولسا، ئورتاقچى ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش ئىدارىسى بەلگىلىگەن باھا بويىچە مۇۋاپىق ھەق بېرىش، زېمىن ئىگىسى بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشقا ھەقىقەتەن مۇھتاج بولۇپ، ئورتاقچى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى خالىسا، مۇۋاپىق باھا بېكىتىپ، زېمىن ئىگىسىگە رەسمىي سېتىپ بېرىش پرىنسىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدى. بۇ خىل ماجىرالار 60 - يىللاردا ئاساسەن تۈگەشكە يۈزلەندى.

يەر ئىسلاھاتىدىن قېلىپ قالغان ئۆي ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى بېكىتىش ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئومۇمەن يەر ئىسلاھاتىدا بېكىتىلگەن ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئاساس قىلىنىدى. يەر ئىسلاھاتىدا پومىشچىك، باي دېھقانلاردىن مۇسادىرە قىلىنغان، سېتىۋېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى باشقىلارغا ياكى كوللېكتىپقا بېرىلگەن بولسا قانۇن بويىچە قوغدالدى. گوڭشېنىڭ ئۆز ئەزالىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ ئىشلىتىشىدىن كېلىپ چىققان ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىشتا «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن گوڭشېنى مۇستەھكەملەش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساس قىلىنىپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق مال - مۈلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشقا

سەل قارالدى، كېيىن تۈزىتىلدى. ھازىر بۇنداق ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق مال - مۈلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتى قانۇن بويىچە قوغدىلىپ، پاكىتلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق مال - مۈلۈكنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى بېكىتىپ قايتۇرغۇزىدىغان، چىقىشۇ-تىلگەن بولسا، پۇلغا سۇندۇرۇپ تۆلەتكۈزۈلىدىغان بولدى. قورغاس ناھىيىسىدىكى تۇرسۇن قۇربان 1957 - يىلى گو بۇنىڭ 9 ئېغىز ئۆيىنى سېتىۋالغان، كېيىن تۇرسۇن يېزا ئىگىلىك 4 - شى 66 - تۇەنگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىنى قورغاس ناھىيىسى كۆرەڭ گۈڭشېسىنىڭ دەريا كوچىسى چوڭ ئەترىتى ئىسكىلات قىلىۋالغان، تۇرسۇن كۆپ قېتىم قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، چوڭ ئەترەت باشتا ئاشلىقنى قويىدىغان يەر يوق دەپ كەينىگە سۈرگەن، كېيىن يەنە چوڭ ئەترەت سېتىۋالغان دەپ قايتۇرغىلى ئۇنىمىغان ھەمدە ئۆيلەرنى چېقىۋەتكەن. تۇرسۇن سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىدۇ، 1 -، 2 - سوتلار ئېنىقلىمايلا، ئالدىراپ-تېنەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، تۇرسۇننىڭ يوللۇق تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. تۇرسۇن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغاندىن كېيىن، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 1972 - يىلى گۈڭشې تەكشۈرۈپ بۇ ئۆينىڭ تۇرسۇنغا تەۋە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى، سابىق مۈلۈك ئىگىسى گو بۇنىڭمۇ بۇ ئۆيىنى تۇرسۇنغا سېتىپ بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەنلىكىنى ئېنىقلىغان. چوڭ ئەترەت پاكىتلار ئالدىدا بۇنى بۇرۇنقى مەسئۇلنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بويىنىغا ئېلىپ، چوڭ ئەترەتنىڭ تۆلەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھۆكۈم ئۆزگەرتىلىپ تۇرسۇننىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتى قوغدالدى.

سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى يولغا قويۇلۇش مەزگىلىدە كوپېراتىپقا پاي قىلىپ قوشۇلغان ئۆيلەرنى ئىگىلىۋالغانلار ياكى بۇزۇۋەتكەنلەر ئۆينى بىكارلاپ بېرىشكە ياكى تۆلەم تۆلەشكە بۇيرۇلدى.

(2) ئۆي سېتىش - سېتىۋېلىش ماجىرالىرى   ئىگىدارلىق ھوقۇقى يوق تۇرۇپ خەقنىڭ ئۆيىنى سېتىۋەتكەن بولسا، بۇنداق سېتىش - سېتىۋېلىش مۇناسىۋىتى بىكار قىلىنىدى. ئادەتتىكى يىللاردا يۈز بەرگەن ئۆي سېتىش - سېتىۋېلىشتا ياتىدىغان ھەق تەلەپ ھەرىكەتلىرىدىن قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتەلمىگەن، ئۆي باھاسى مۇۋاپىق بولمىغان ياكى شەھەردىكى شەخسىي ئۆيىنى سېتىپ ھايانكەشلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئىناۋەتسىز قىلىپ قوغدىمىدى. ئەمما ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچى ئىختىيار قىلغان ۋە پۈتۈشكەن، سېتىۋالغۇچى تەرەپ ئۆي پۇلىنى تاپشۇرغان ھەمدە ئۆينى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىۋاتقان ۋە باشقۇرۇۋاتقان، يەنە كېلىپ باشقا خىلاپلىق ھەرىكىتى بولمىغان، سېتىش - سېتىۋېلىش رەسمىيىتىلا بولمىغان بولسا، سېتىش - سېتىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى كۈچكە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى سېتىش - سېتىۋېلىش رەسمىيىتىنى تولۇقلاشقا بۇيرۇدى.

1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «شەھەردىكى شەخسىي ئۆيلەرنى باشقۇرۇش نىزامى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يۈز بەرگەن ئۆي سېتىش - سېتىۋېلىش ماجىرالىرى مەزكۇر نىزامنىڭ 9 - ماددىسىنىڭ 1 - تارمىقىدىكى «شەھەردىكى شەخسىي ئۆيلەرنى سېتىش - سېتىۋېلىشتا، ساتقۇچى تەرەپ ئۆي ئىگىدارلىق ھوقۇق گۇۋاھنامىسى ۋە كىملىكىنى، سېتىۋالغۇچى تەرەپ ئۆي سېتىۋالغانلىق ئىسپاتى ۋە كىملىكىنى ئۆي تۇرۇشلۇق جايدىكى ئۆي باشقۇرۇش ئورگىنىغا كۆرسىتىپ رەسمىيەت ئۆتىشى كېرەك» دېگەن بەلگىلىمە ۋە 12 - ماددىسىدىكى «شەھەردىكى شەخسىي ئۆينى ساتقۇچى ۋە سېتىۋالغۇچى سۈپەتكە قاراپ باھاسىنى پۈتۈشۈش پرىنسىپى بويىچە ئۆي تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن شەخسىي ئۆيلەرنى باھالاپ باھاسىنى بېكىتىش ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ باھاسىنى بېكىتىشى كېرەك، ئۆي تۇرۇشلۇق جايدىكى ئۆي

باشقۇرۇش ئورگىنى قوشۇلغاندىن كېيىن بېكىتمە كۈچكە ئىگە بولىدۇ» دېگەن بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. ئۆي ئىگىسى ئىجارە بەرگەن ئۆيىنى سېتىشتا، ئوخشاش شەرت ئاستىدا، ئىجارە ئالغۇچىنى ئالدىن سېتىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلدى.

ئورگان، تەشكىلات، قىسىم، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ شەھەردىكى شەخسىي ئۆيلەرنى سېتىۋېلىشقا ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا سېتىۋېلىشقا يول قويۇلمىدى، ئالاھىدە ئېھتىياج تۈپەيلىدىن سېتىۋالمىسا بولمايدىغان بولسا، ناھىيىدىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش تەلەپ قىلىندى.

دۆلەت ياكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ياردەم پۇلىدىن بەھرىمان بولغانلار، ئەرزان سېتىۋالغان ياكى سالغان شەخسىي شەھەر ئۆيىنى سېتىۋەتمەكچى بولسا، ئەسلى ياردەم پۇلى بەرگۈچى ئورۇن ياكى ئۆي باشقۇرۇش ئورگىنىغىلا سېتىپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىندى، باشقىلارغا ساتسا، سېتىش - سېتىۋېلىش ئىناۋەتسىز قىلىندى.

ئورتاق ئىگىلەر بىر قىسمى ئورتاق ئۆيىنى سېتىۋەتمەكچى بولسا، باشقا ئىگىلەر قوشۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىسپاتنى تاپشۇرغاندا ئاندىن كۈچكە ئىگە قىلىندى؛ باشقا ئىگىلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئورتاق ئۆيىنى ئۆز ئالدىغا ساتقان بولسا، بۇنداق سېتىش - سېتىۋېلىش مۇناسىۋىتى كۈچكە ئىگە قىلىنمىدى. سېتىۋالغۇچى ئەھۋالدىن خەۋەرسىز سېتىۋالغان بولسا، بۇنداق سېتىش - سېتىۋېلىش مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىندى. باشقا ئىگىلەر ئەينى ۋاقىتتا بىلىپ تۇرۇپ قارشى چىقمىغان، ئىشتىن كېيىن باشقىچە پىكىردە بولمىغان بولسا، سېتىش - سېتىۋېلىش مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچكە ئىگەنلىكى ئېتىراپ قىلىندى. سېتىش - سېتىۋېلىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناۋەتسىز قىلىنغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىياننى سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچى تەرەپكە تۆلەش مەسئۇلىيىتى يۈكلەندى.

ئۆي ئىگىسى ئورتاق ئۆيىنى ساتماقچى بولغاندا، ئوخشاش شەرت ئاستىدا، ئورتاق ئىگە بولغۇچىغا ئالدىن سېتىۋېلىش ھوقۇقى بېرىلدى.

كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ئوخشىمىغان تىل - يېزىق ئىشلىتىدىغانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۆي سېتىش - سېتىۋېلىش ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىشتا توختام بىرلا خىل يېزىقتا يېزىلغان بولۇپ، ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچى توختام مەزمۇنىنى چۈشىنىدىغان بولسا، بۇنداق توختام كۈچكە ئىگە دەپ بېكىتىلدى؛ بىر تەرەپ ھەقىقەتەن توختامنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ قول قويۇپ بولغاندىن كېيىن يېنىۋالسا، مۇرەسسە قىلىپ كېلىشتۈرۈپ قويۇش ئارقىلىق ھەل قىلىندى؛ توختاملاشقۇچى بىر تەرەپ قەستەن قارشى تەرەپنىڭ توختامدىكى يېزىقنى تونىمايدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئالداپ نەپ ئېلىۋالغان بولسا، بۇنداق توختام كۈچكە ئىگە قىلىنمىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۆي باشقۇرۇش تارمىقى ياكى ئورگان، قىسىم، كارخانا، كەسپىي ئورۇن، مەكتەپ ھەمدە گۇڭشې، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى يېزىغا چۈشۈرۈۋېتىلگەنلەرنىڭ شەخسىي ئۆيىنى سېتىۋالغان، شۇ كىشى شەھەر (بازار) گە قايتىپ كېلىپ ئۆيىنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، سىياسەتنىڭ روھىغا ئاساسەن بىردەك قايتۇرغۇزۇلدى. ئەسلى زېمىن قايتۇرۇلغاندا، سېتىۋالغۇچى ئورۇن ئەسلى باھا بويىچە تۆلىگەن پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇلدى. ئەسلىدىكى ئۆي چېقىۋېتىلگەن ياكى ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولسا، ئەينى ۋاقىتتىكى قۇرۇلمىسى، سۈپىتى ۋە كۆلىمى قاتارلىق ئەھۋاللارغا قاراپ، ئادىل، مۇۋاپىق تۆلەم، بېرىشكە بۇيرۇلدى.

غۇلجا شەھىرىدىكى ئايزىمخان بىلەن غۇلجا شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ، تۆرخان بىلەن ئىلى ئوبلاستلىق دورا شىركىتى، مايمۇنە ئاخچا بىلەن غۇلجا شەھەرلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆي ماجىرالىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە شەھەر ئاھالىلىرىنى تارقاقلاشتۇرۇشتىن قېلىپ قالغان مەسىلىلەر بولۇپ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكەندە، ئەسلى ئۆي ئىگىسى شەھەرگە قايتىپ كېلىپ ئورۇنلاشقاندا ئەسلى ئۆيىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەسلى سوت ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە باھاسى بەك تۆۋەن بولۇپ قالغانلىقىدەك ئەمەلىي ئەھۋاللارنى تولۇق ھېسابقا ئالماي، «پۈتۈم»نىڭ ئىناۋەتلىكلىكىنى بىر تەرەپلىمە تەكىتلەپ، دەۋاگەرنىڭ ئورۇنلۇق تەلىپىنى رەت قىلغانلىقتىن، دەۋاگەر ئەرز قىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭىنىڭ 1982 - يىل 137 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىگە ئاساسەن، يۇقىرىقى ئۈچ دېلو ئۈستىدىكى ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىپ، ئەسلى ئۆيى سېتىۋالغۇچى ئۆي پۇلىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، ئۆيىنى ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى؛ ئەسلى ئۆي چېقىۋېتىلگەن بولسا، ئەسلى ئۆيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قۇرۇلمىسى، سۈپىتى، كۆلىمى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈپ قويىدى ياكى شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى ۋە ئۆي باشقۇرۇش تارمىقى ئارقىلىق كېلىشتۈرۈپ قويىدى، كېلىشىم بويىچە ئۆي پۇلىنى مۇۋاپىق قوشۇپ بېرىدىغان ھەمدە شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى ساتقۇچىغا ئايرىم ئۆي سالىدىغان يەر كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولدى. بۇنداق ماجىرالار 1985 - يىلغا كەلگەندە كۆپ بولمىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تارقاقلاشتۇرۇلۇپ يېزىغا كەتكۈزۈۋېتىلگەن شەھەر، بازار ئاھالىلىرى ئالدىراپ - تېنەپ ئۆيىنى شەخسىيلەرگە سېتىۋېتىپ، كېيىن ئەسلى ئۆيىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتىن كېلىپ چىققان ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، سېتىۋېلىش جەريانىدىكى پوزىتسىيىسى ئېنىق بولغان بولسا، ئۆي ۋە ئۆي پۇلى تاپشۇرۇلغان بولسا، پرىنسىپ جەھەتتە سېتىش - سېتىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى كۈچكە ئىگە قىلدى؛ ئەينى ۋاقىتتا باھاسى ھەقىقەتەن بەك تۆۋەن بولۇپ قالغان بولسا، مۇرەسسە قىلىپ كېلىشتۈرۈپ قويۇش ئارقىلىق ھەل قىلدى.

**(3) ئۆيىنى رەنىگە قويۇش ماجىرالىرى** بۇنداق دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، قانۇن، سىياسەتلەر يول قويغان دائىرە ئىچىدە ئۆيىنى رەنىگە قويۇش مۇناسىۋىتى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. لېكىن يەر ئىسلاھاتىدا ھەل قىلىنغان ئۆيىنى رەنىگە قويۇش مۇناسىۋىتى ئۆزگەرمىدى. رەنىنى قايتۇرۇۋېلىش سۈرىكى توشۇپ 10 يىل ئېشىپ كەتكەن ياكى رەنىنى قايتۇرۇۋېلىش سۈرۈكى يېزىلمىغان بولۇپ، رەنىگە قويۇلغىنىغا 30 يىل بولغان بولسىمۇ، ھەقنى تۆلەپ قايتۇرۇۋالمىغان بولسا، پرىنسىپ جەھەتتىن قايتۇرۇۋېلىشتىن كەچكەن دەپ قارىلىپ، ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىشقا يول قويۇلمىدى.

**(4) ئۆيگە قاراپ قويۇش ماجىرالىرى** 1962 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ شەھەر (بازار) دىكى ئۆي - زېمىنلىرىنى ئۆي باشقۇرۇش تارمىقى قاراپ قويۇپ بىر تەرەپ قىلىشۋەتمىگەن بولسا، مەسئۇل ھۆكۈمەتنىڭ تارمىقى 1979 - يىل چىقىرىلغان 216 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ 4 - تارمىقىدىكى «شۇ ئۆي - زېمىن ئېنىق بار بولۇپ، دۆلەت ئىچىدە قانۇنلۇق ۋارىسى بولسا، ۋارىسىغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ؛ قانۇنلۇق ۋارىسى بولمىسا، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارمىقى قاراپ قويىدۇ. ئىدارە، ئورۇنلار جامائەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن شۇ ئۆي- زېمىننى سېتىۋالماقچى ۋە چاقماقچى بولسا، ئۆي باشقۇرۇش تارمىقى قويغان باھا بويىچە ھەق تۆلىشى كېرەك»

دېگەن بەلگىلىمىگە ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1982 - يىلى چىقارغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا شەخسىي ئۆي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئائىت بىر قانچە بەلگىلىمە» نىڭ روھى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

قاراپ قويۇلۇۋاتقان ئۆي - زېمىنلاردىن قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئېلان چىقىرىلغان، ئېلاندا كۆرسىتىلگەن سۈرۈك ئۆتۈپ كەتكىچىمۇ ئېلىۋالىدىغان ئادەم چىقمىغاندىن كېيىن، ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغانلىرى ئۆزگەرتىلمىدى. ئالاھىدە ئەھۋال (چەت ئەلدە ياكى قاماقتا) بولغانلىق تۈپەيلىدىن، ئىگىسى ئېلاننى كۆرەلمىگەن ياكى ئەينى ۋاقىتتا ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى تىزىمغا ئالدۇرمىغان بولۇپ، ئەمدى ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسا، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇۋاھنامىسىنىڭ راستلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، ئەھۋالغا قاراپ مۇئەييەن ھەق بېرىلدى، ئەمما ئىگىدارلىق ھوقۇقى قايتۇرۇپ بېرىلمىدى.

يۇقىرىلار ئارىسىدا كۆرۈلگەن قاراپ قويۇش ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئۆي - زېمىننىڭ تەۋەلىكى ئېنىقلاندى، ئۆينىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ قاراپ قويۇشقا ھاۋالە قىلىنغانلىقى ياكى ھاۋالە قىلىش رەسمىيىتى بېجىرىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆي - زېمىن ئىگىسىنىڭ تۇغقىنى قاراپ قويۇۋاتقان بولسا، قاراپ قويۇش مۇناسىۋىتى ئېتىراپ قىلىندى. قاراپ قويغۇچىنىڭ سەۋەبلىكى تۈپەيلىدىن ئۆي بۇزۇلغان بولسا، قاراپ قويغۇچى تۆلەم بەردى. قاراپ قويغۇچىنىڭ ھاۋالە رەسمىيىتىنى بېجىرىش ياكى ئۆينى رېمونت قىلىشقا كەتكەن چىقىمىنى ئۆي - زېمىن ئىگىسى تۆلىدى. ئۆي - زېمىن ئىگىسى قاراپ قويۇش مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىپ ئۆينى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلسا، تەلىپى قاندۇرۇلدى.

**(5) ئۆينى ئىجارىگە بېرىش ماجىرالىرى** بۇنداق ماجىرالاردا ئۆزۈن مۇددەت ئىجارە ھەققىنى بەرمەسلىك، ئىجارە ھەققى بەك تۆۋەن بولۇپ قالغانلىقتىن ئىجارە مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، ئۆينى قايتۇرۇۋېلىپ ئۆزى ئولتۇرماقچى ياكى رېمونت قىلماقچى، قايتا سالماقچى بولۇش، ئىجارىگە ئالغۇچى ئىجارىگە بەرگۈچىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئىجارە مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتىۋېتىش، ئارىيەتكە بېرىش ۋە تېگىشىۋېتىشكە ئوخشاش ئەھۋاللار ئۇچرىدى. يۇقىرىلار ئارىسىدا ئۆي ئىجارە تۈپەيلىدىن كۆرۈلگەن ماجىرالار ئالدى بىلەن سەۋەبىنى ئېنىقلاش، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قوغداش ھەم ئولتۇرۇپ تۇرغۇچىنىڭ يوللۇق ئىجارە ئېلىش ھوقۇقىنى قوغداش پرىنسىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. ئۆي ئىجارە ئالغۇچى ئىجارە ھەققىنى سەۋەبسىز بەرمىگەن بولسا، تولۇق تولۇقلاپ بېرىش تەلەپ قىلىندى. ئىجارە ھەققىنى تولۇق تاپشۇرۇشى، ئىجارە ئالغۇچىنىڭ ئۆي ئىگىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئىجارە مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى، ئارىيەتكە بېرىشى ياكى ئۆينى تېگىشىۋېتىشىگە يول قويۇلمىدى، ئىجارە ھەققىنى 6 ئايدىن ئارتۇق بەرمىگەن ياكى يوقىرىقى ھەرىكەت كۆۋۈيۈپ 1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئېلان قىلىنغان «شەھەردىكى شەخسىي ئۆيلەرنى باشقۇرۇش نىزامى» دىن كېيىن يۈز بەرگەن بولسا، مۇشۇ نىزامنىڭ 21 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىجارە بەرگۈچى ئىجارە توختىمىنى قانۇن بويىچە بىكار قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولدى. ئىجارە ھەققى بەك تۆۋەن بولۇپ ھەقىقەتەن تەڭشەشكە توغرا كەلسە، ئىجارىگە بەرگۈچى بىلەن ئىجارىگە ئالغۇچى ئۆي تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن شەخسىي ئۆينىڭ ئىجارىگە بېرىش ئۆلچىمى بويىچە كېڭىشىپ بېكىتتى؛ ئۆلچەم بەلگىلەنمىگەن بولسا، ئىجارە بەرگۈچى بىلەن ئالغۇچى ئادىل، مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئۆي تۇرۇشلۇق جايدىكى ئىجارە ھەققىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسى-دىن پايدىلىنىپ كېڭىشىپ بېكىتتى. خالىغانچە ئۆستۈرۈۋېلىشقا يول قويۇلمىدى. ئىجارە مۇددە-

تى تۇشماي تۇرۇپ، ئۆي ئىگىسى قايتۇرۇۋېلىپ ئۆزى ئولتۇرماقچى بولسا يول قويۇلمىدى. ئىجارە مۇددىتى بېكىتىلمىگەن بولسا، ئۆي ئىگىسى ھەقىقەتەن ئۆي قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن قايتۇرۇۋېلىپ ئۆزى ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، ئادەتتە تەلىپى ئورۇندالدى، لېكىن ئىجارىگە ئالغۇچىنىڭ ئۆي تېپىپ كۆچۈۋېلىشىغا ۋاقىت بېرىش شەرت قىلىنىدى.

(6) ئۆي سېتىۋېلىش ماجىرالىرى    پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار قورۇلۇش قىلماقچى بولۇپ، ئالاقىدار تارماقنىڭ تەستىقى ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ ئۆي ئورنىنى سېتىۋالغان، ئۆي ئىگىسى سېتىپ بېرىپ بولۇپ يېنىۋالغان ياكى پۇقرا ئۆيلىرىنى سېتىۋېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆي باھاسىنى ئۆستۈرۈۋالماقچى بولۇپ، ئورۇنسىز تەلەپ قويغان بولسا، ئۇنىڭ تەلىپى قوللانماي تەنقىد - تەربىيە بېرىلىپ، ئەسلى كېلىشىم ياكى مۇۋاپىق باھا بويىچە ئىجرا قىلىنىدى؛ ئۆز ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، جامائەت قورۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق دېگەن نام بىلەن ئالاقىدار تارماقنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ ئۆي ئورنىنى ئۆز ئالدىغا سېتىۋېلىش ھەرىكە- تى قوللانمىدى.

(7) ئۆيگە ۋارىسلىق قىلىش ماجىرالىرى    بۇنداق دېلولار نىكاھ قانۇنى، مىراسخورلۇق قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدى. كونكرېت بىر تەرەپ قىلغاندا ئولتۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالىغا ئېتىبار بېرىلدى، ئىشلىتىشكە ئېتىبار بېرىش تۈپەيلىدىن باشقا تەرەپلەرنىڭ مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، پايدىغا ئېرىشكۈچى تەرەپ تولۇقلىما بەردى، مىراسنى بىر قىسىم ۋارىسلارنىڭ بۆلۈۋالغىنىغا خېلى يىل بولغان، باشقا ۋارىسلار ئەينى ۋاقىتتا ئالمىدە ئەھۋال بولمىغان ئەھۋالدا تالاشمىغان بولسا، ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى دەپ قارالدى، كېيىن تالاشسا، ئۇلارنىڭ تەلىپى قوللانمىدى.

## قوشۇمچە

## ئۆي ماجىراسى دېلولىرىن مىسال

**1. سېتىپ ئېلىپ قويۇلغان ئۆينى سېتىۋالغۇچىغا مەنسۇپ قىلىپ قانۇنسىز ھايىنىغا سېتىپ، ئارىدىن نەپ ئېلىشقا يول قويماسلىققا دائىر مىسال**

بۇرەۋىخاننىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى بوغدا يولىدىكى 9 - قورودا ئىككى ئېغىز ئۆيى بار ئىدى، ئۇ 1981 - يىل 6 - ئايدا ئاكىسى مەمەت ئىمىنگە سېتىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىدۇ، مەمەت ئىمىن سابىق قوشنىسى ئايتىللاخاندىن ئۆي سېتىۋالغىڭىز بارمۇ دەپ پىكىر ئالغاندا، ئايتىللاخان سېتىۋالغىدەك پۇلى يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ. شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جامال ھاكى قاتارلىق 9 گۇۋاھچىنىڭ پۈتۈشتۈرۈپ قويۇشى ئارقىلىق، ئوسمانخان مەمەت ئىمىن بىلەن 7500 يۈەنگە بۇ ئۆينى سېتىۋېلىش كېلىشىمى ھاسىل قىلىدۇ ھەمدە شۇ يەردىلا 4500 يۈەننى بېرىپ، قالغان 3000 يۈەننى 3 كۈندىن كېيىن بېرىدىغان بولىدۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئايتىللاخان بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ساۋۇتخاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا «ئوسمانخاننىڭ بالىسى كەپتەر باقىدۇ، ئۆينى بۇزۇۋېتىشى مۇمكىن، باشقا خېرىدار تاپساڭلا، قوشنىلىق سالاھىيىتىم بىلەن ئېلىپ بېرەتتىم» دەيدۇ. ساۋۇتخان ئايتىللاخاننى ئابلىمىزغا تونۇشتۇرىدۇ، ئابلىمىز سېتىۋې- لىشقا ماقۇل بولىدۇ. 3 كۈندىن كېيىن ئايتىللاخان مۇللاخۇننىڭ ئۆيىدە مۇللاخۇن، ساۋۇتخان،

قۇربان ۋە ئابلىز قاتارلىقلارنىڭ ئالدىدا، ئابلىزغا بۇرەۋىخاننىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيىنى ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈرىدۇ، ئابلىز كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا 7500 يۈەن نەق پۇلنى ئايتىللاخانغا تۆلەپ بېرىدۇ. ئەتىسى ئايتىللاخان ئوسمانخان ۋە سابىق گۇۋاھچىلار بولۇپ 10 ئادەمنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، ئوسمانخاندىن ئۆينى ئۆزىنىڭ سېتىۋېلىشىغا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، سورۇنداشلارنىڭ ئارىغا چۈشۈشى ئارقىلىق ئوسمانخان سېتىش - سېتىۋېلىش مۇناسىۋەتىنى بىكار قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ. ئايتىللاخان ئابلىز بەرگەن 7500 يۈەن نەق پۇلنىڭ 4500 يۈەننى ئوسمانخانغا، 3000 يۈەننى مەمەت ئىمىنغا بېرىۋېتىپ ئايتىللاخان بىلەن مەمەت ئىمىنىڭ نامىدا ئۆي سېتىۋېلىش پۈتۈمى تۈزىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئۆينى 10مىڭ يۈەنگە ئالىدىغان خېرىدار چىقىدۇ، ئايتىللاخان ئۆي باھاسىنىڭ ئۆرلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆينى ئابلىزنىڭ ئىشلىتىشىگە بەرمەي تۇرىۋالىدۇ، بۇ ئىش ئەنمىڭ ساقچىخانىسىغا ئىنكاس قىلىنىدۇ، ساقچىخانا مۇرەسسە قىلغاندا، ئايتىللاخان ئىككى ئېغىز ئۆينى ئابلىزغا ئېلىپ بەرگەنلىكىنى بويىنغا ئالغان بولسىمۇ، ئوسمانخاننىڭ تالىشىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن دېگەننى باھانە قىلىپ، پۇلنى ياندۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئابلىز ئۆي ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىدۇ.

تيانشان رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلىش ئارقىلىق 1982 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ھۆكۈم چىقىرىپ، ئىككى ئېغىز ئۆينى ئابلىزغا بۇيرۇپ بېرىدۇ. ئايتىللاخان قايىل بولماي، شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز قىلىدۇ، 2 - سوت 1982 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ھۆكۈم چىقىرىپ، ئەسلى ھۆكۈمنى ساقلاپ قېلىپ، نارازىلىق ئەرزنى رەت قىلىدۇ. ئايتىللاخان يەنە قايىل بولماي، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا ئەرز قىلىدۇ، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قاراپ چىققاندىن كېيىن ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق ئەرزنى رەت قىلىدۇ.

2. ئورتاق ئىگىلەردىن بىر تەرەپنىڭ ھوقۇقىدىن ھالقىپ ئورتاق ئۆي - زېمىننى سېتىۋەتكەنلىكىنىڭ ئىناۋەتسىز قىلىنغانلىقىغا دائىر مىسال

لى يۈيىڭ (ئايال) بىلەن ياڭ ئەنچۈەن (ئەر) قەدىناس ئەر - خوتۇن بولۇپ، 4 باللىق بولغان. 1968 - يىلى ئىككىسى ئاقسۇ شەھەرلىك ئىشچى - دېھقان - ئەسكەر تىياتىرخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى سەي بازىرىدا 5 ئېغىزلىق ئۆي سالغان، 1981 - يىلى ياڭ ئەنچۈەن سودا قىلىش ئۈچۈن 1754 يۈەن قەرز ئالىدۇ. ھەقدار قەرزنى سۈيلىگەنلىكتىن، لى يۈيىڭ بىلەن ياڭ ئەنچۈەن مەسلىھەتلىشىپ 5 ئېغىزلىق ئۆيگە 2400 يۈەن باھا قويۇپ، ئىجارىگە ئالغۇچى خۇ زىۋشياڭغا سېتىپ بېرىدۇ، كېيىن باج تۆلەش مەسىلىسى تۈپەيلىدىن، ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش پەيدا بولىدۇ، خۇ زىۋشياڭ پۇلنى ياندۇرۇۋېلىپ، ئۆينى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

1982 - يىل 9 - ئايدا خۇ زىۋشياڭ ئۆينى يەنە سېتىۋالماقچى بولىدۇ ھەمدە باجنى تۆلەيدىغان بولىدۇ، ياڭ ئەنچۈەن ئايالى لى يۈيىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكەندە، لى يۈيىڭ ئۇنىمايدۇ ھەمدە ئۆي سېتىش مەسىلىسىدە ئىككىسى كۆپ قېتىم سوقۇشۇپ قالىدۇ. شۇ يىلى 11 - ئايدا لى يۈيىڭ ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن كاماندۇرۇپكىغا چىقىپ كەتكەندە ياڭ ئەنچۈەن خۇ زىۋشياڭغا ئايالىم ئۆينى سېتىشقا قوشۇلدى دەپ يالغان ئېيتىپ، باشقىلارنى گۇۋاھچى قىلىپ، 2400 يۈەنگە خۇ زىۋشياڭغا سېتىۋېتىدۇ، خۇ زىۋشياڭ باجنى تۆلەيدۇ ھەم ئۆي سېتىش - سېتىۋېلىش رەسمىيىتىنى ئۆتەيدۇ. 10 كۈندىن كېيىن دەۋاگەر قايتىپ كېلىپ، ياڭ ئەنچۈەننى پۇلنى قايتۇرۇپ ئۆينى

ياندۇرۇۋېلىشقا ئۈندەيدۇ، ياڭ ئەنچۈەن «ئۆي ساتقان پۇلنى قەرزگە تۆلىۋەتتىم» دەپ ياندۇرۇۋالـ-
غىلى ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن لى يۈيىڭ سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىپ، ياڭ ئەنچۈەن، خۇ
زۇشياڭنىڭ ئۆي پۇلى ۋە ئۆيىنى قايتۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. سوت مەھكىمىسى سوت قىلىش
جەريانىدا، لى يۈيىڭنىڭ ئالاقىدار مەسئۇل خادىمدىن ئۆي سېتىش رەسمىيىتىنى بېجىرمەسلىكىنى
تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېنىقلايدۇ.

1 - سوت مۇنداق قارايدۇ: دەۋاگەر بىلەن جاۋابكار قەدىناس ئەر - خوتۇن، جاۋابكار ياڭ
ئەنچۈەن سېتىۋەتكەن ئۆي ياڭ ئەنچۈەن بىلەن لى يۈيىڭ نىكاھلانغاندىن كېيىنكى ئورتاق ئىقتىسا-
دي كىرىمى بىلەن سالغان بولغاچقا، ئۆي - زېمىنگە ياڭ ئەنچۈەن بىلەن لى يۈيىڭ ئورتاق
ئىگىدارلىق قىلىدۇ. ياڭ ئەنچۈەن ئورتاق ئىگە لى يۈيىڭدىن ماقۇللۇق ۋە ھوقۇق ئالماي تۇرۇپ،
يالغان ئېيتىپ، ئورتاق ئۆيىنى ئۆز ئالدىغا سېتىۋەتكەن، ئالاقىدار رەسمىيەتلەر بېجىرىلىپ،
سېتىش - سېتىۋېلىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان بولسىمۇ، بۇنداق سېتىش - سېتىۋېلىش مۇناسە-
ۋىتى بىر ئورتاق ئىگىنىڭ ھوقۇق ھالقىش ھەرىكىتىگە كىرىدۇ. ئۇ لى يۈيىڭنىڭ ئورتاق ئۆ
زېمىنغا ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان، 3 - شەخس خۇ زۇشياڭ مۇلۇك ھوقۇقىغا
ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچى بىر تەرەپنىڭ ئۆي سېتىشىنى رەت قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ،
يەنە بىر تەرەپ بىلەن سېتىش - سېتىۋېلىش مۇناسىۋىتى پەيدا قىلىپ، ماجىرا كەلتۈرۈپ
چىقارغانلىقى ئۈچۈن، سەۋەنلىك جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. لى يۈيىڭنىڭ دەۋا
تەلىپى ئورۇنلۇق، قوللاشقا تېگىشلىك. ياڭ ئەنچۈەن بىلەن خۇ زۇشياڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېتىش-
سېتىۋېلىش مۇناسىۋىتى كۈچكە ئىگە ئەمەس. 1 - سوت مۇشۇ قاراشقا ئاساسەن مۇنداق ھۆكۈم
چىقىرىدۇ:

1. جاۋابكار ياڭ ئەنچۈەن 2400 يۈەن ئۆي پۇلىنى خۇ زۇشياڭغا تولۇق قايتۇرسۇن؛ خۇ
زۇشياڭ 5 ئېغىز ئۆيىنى ئۆي - زېمىنگە ئورتاق ئىگىدارلىق قىلغۇچى ياڭ ئەنچۈەن بىلەن لى
يۈيىڭگە قايتۇرۇپ بەرسۇن.

2. ئۆي سېتىش - سېتىۋېلىش جەريانىدىكى باجنى ياڭ ئەنچۈەن تۆلىسۇن؛ بۇنىڭدىن كېلىپ
چىققان ئىقتىسادىي زىياننى ياڭ ئەنچۈەن بىلەن خۇ زۇشياڭ تەڭ ئۈستىگە ئالسۇن.

3. 26 يۈەن دەۋا ھەققىنى ياڭ ئەنچۈەن بىلەن خۇ زۇشياڭ 13 يۈەندىن تۆلىسۇن.

1 - سوت ھۆكۈمى چىققاندىن كېيىن خۇ زۇشياڭ قايىل بولماي، ئۆي سېتىۋالغاندا قانۇنلۇق
رەسمىيەت ئۆتىدىم، ئۆي مېنىڭ، ماڭا بۇيرۇپ بېرىلىشى كېرەك دېگەننى ئاساس قىلىپ،
نارازىلىق ئەرز قىلىدۇ. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلىش ئارقى-
لىق، ئەسلى سوت مەھكىمىسى بېكىتكەن پاكىتلار ئېنىق، تەرتىپى قانۇنغا ئۇيغۇن، قانۇننى
تەتبىقلىشى توغرا دەپ قاراپ، 1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاخىرقى ھۆكۈم چىقىرىپ:
نارازىلىق ئەرزنى رەت قىلىپ، ئەسلى ھۆكۈمنى ساقلاپ قالىدۇ.

3. ئۆي ئورنى دېلولىرى

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1950 — 1985 - يىلغىچە قوبۇل
قىلغان يەر ماجىراسى 9785، ئۆي ئورنى ماجىراسى 800 بولدى. يەر دېلولىرىنىڭ مەزمۇنى،
سانىدا يېڭى جۇڭگونىڭ ئوخشىمىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات دەۋرلىرىدە روشەن
ئۆزگىرىش بولۇپ تۇردى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىن 1959 - يىلغا قەدەر
شىنجاڭدا سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىنغان يەر ماجىرالىرى ئەڭ كۆپ بولغان 10 يىل بولۇپ،
جەمئىي 9718ى قوبۇل قىلىندى، ئۇنىڭ ئىچىدە 1951 - يىلى قوبۇل قىلىنغان يەر دېلولىرى

ئەڭ كۆپ بولۇپ، 3524كە يەتتى، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، 1954 ـ يىلدىن باشلاپ تەرىجىي ئازىيىپ تۈگەشكە باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى يەر دېلولىرىنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى كونا جەمئىيەتتىن قېلىپ قالغان سىنىپىي زۇلۇم خاراكتېرىدىكى يەر ماجىراسى ۋە دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۈلۈك ھوقۇقى تالاش ـ تالىشىش ماجىرالىرى بولدى. بۇنىڭدىن باشقا بەزى زېمىن ئىگىلىرى يەر ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن كېلىپ چىققان يەر ماجىرالىرىمۇ بار ئىدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 50 ـ يىللاردا يۈز بەرگەن يەر ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئالدى بىلەن يەر ماجىراسىنىڭ يومبىشچىك دېھقانىنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋېلىشقا ياكى دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشقا ياتىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇردى. يومبىشچىك دېھقانلارنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋالغانلىقىغا ياتىدىغان بولسا، دېھقانلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قەتئىي قوغدىدى ھەمدە يومبىشچىكنى ئىگىلىۋالغان مەزگىلدىكى تاپاۋىتىنى قايتۇرۇشقا بۇيرىدى. دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۈلۈك ھوقۇقى ماجىراسىغا ياتىدىغان بولسا، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى، يەر ئىسلاھاتى جەريانىدا رېجىمگە ئېلىنغان يومبىشچىك ئادەتتىكى يومبىشچىكلەرگە ئوخشاش بىر ئۈلۈش يەر ئۆزىنىڭ تېرىشىگە قالدۇرۇلدى. جىنايەتچى جازا ھۆكۈم قىلىنىشتىن ئىلگىرى ياكى جازا ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپ يېرىنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇپ تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا بەرمەي، جامائەتنىڭ يېرى قاتارىدا ساقلاپ قويدى. يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى يەر ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، يەر ئىسلاھاتىدىكى تەقسىمات ئاساس قىلىندى. زېمىن ئىگىسى يېرىگە قۇرۇلۇش سالماي، يەر ھايانكەشلىكى قىلغان بولسا، بۇ قىلمىشنى توستى. يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان سىنىپىي زۇلۇم خاراكتېرلىك يەر ماجىرالىرى بىر تەرەپ قىلىنىپ، تارىختىن قېلىپ قالغان بۇنداق ماجىرالار تۈگەشكە يۈزلەندى، باشقا يەر دېلولىرىمۇ 1950 ـ يىلى تۈگەشكە يۈزلەنگەچكە يىلدىن يىلغا ئازىيىپ باردى.

60 ـ يىللاردا يەر ماجىرالىرى ئىنتايىن ئاز بولغان بولسىمۇ، يېڭىلىرى پەيدا بولدى، مەسىلەن: گۆڭشىلىشىشتىن كېيىن، گۆڭشى ئەزالىرىنىڭ قالدۇرۇق يەرنى سېتىش ـ سېتىۋېلىشىدىن ماجىرا كېلىپ چىقتى. بۇ ماجىرالار ئاساسلىقى خەلق گۆڭشېسى نىزامىنىڭ 17 ـ ماددىسىدىكى «چوڭ ئەترەت دائىرىسى ئىچىدىكى يەرنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە تەۋە» دېگەن بەلگىلىمە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق كومىتېتىنىڭ خەلق گۆڭشېسىدىكى گۆڭشى ئەزالىرىنىڭ قالدۇرۇق چارۋا، قالدۇرۇق يەر ۋە قالدۇرۇق ئورمانغا ئائىت بەلگىلىمىسىدىكى قالدۇرۇق يەر گۆڭشى ئەزالىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە ئۇزۇن مۇددەت مۇقىم بېرىلىدۇ، ئەمما سېتىۋېتىشى، ئىجارىگە بېرىشى ۋە ئادەم ياللاپ تېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ دېگەن روھ بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. بۇ ۋاقىتتا يەنە ئاز ساندىكى ئۆي ئورنى ماجىرالىرى كۆرۈلۈشكە باشلاندى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە قانۇنچىلىق دەپسەندە قىلىنغانلىقتىن، يەر، ئۆي ئورنى ماجىرالىرىنى سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمىدى.

1979 ـ يىلدىن كېيىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىي قىلىش جەريانىدا يەر، ئۆي ئورنى ماجىرالىرى يىلدىن يىلغا كۆپىيىشكە باشلىدى. 1985 ـ يىلى ئۆي ئورنى ماجىراسىدىن 311ى قوبۇل قىلىندى. خەلق سوت مەھكىمىلىرى پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆي ئورنىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، يەر دۆلەت ياكى كوللېكتىپقا مەنسۇپ، ئىجارىگە بېرىشكە، ئۆتۈنۈشكە ۋە سېتىش ـ سېتىۋېلىشقا يول قويۇلمايدۇ دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئۆي ئورنىنىڭ ئۆزگىرىش ۋە ئۇنىڭدىن ئەمەلىي پايدىلىنىش ئەھۋال-

لىرىدىن پايدىلىنىپ، ئامىمىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىپ، دۆلەت، كوللېك-تىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدىدى، دېلولارنى ئوخشىمىغان ئەھۋالغا قاراپ پەرقلىق بىر تەرەپ قىلدى.

## 1951 — 1960 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە يەر، ئۆي ئورنى دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش - ئاپئاغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 — 16

| سوت قىلىنىش ئەھۋالى / سانى / يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ سانى | يەر، ئۆي ئورنى دېلولىرى: قالدۇقى | يەر، ئۆي ئورنى دېلولىرى: يېڭى قوبۇل قىلىنغىنى | يەر، ئۆي ئورنى دېلولىرى: سوت قىلىپ ئاپئاغلاشتۇرۇلغىنى | يەر، ئۆي ئورنى دېلولىرى: ئاپئاغلاشتۇرۇلمىغىنى | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1951 | 50867 | | 3524 | 3766 | | 6.9% |
| 1952 | 34202 | | 1109 | 1348 | | 3.2% |
| 1953 | 39072 | | 1188 | 1198 | | 3% |
| 1954 | 38599 | | 1275 | | | 3.3% |
| 1955 | 28252 | | 403 | | | 1.4% |
| 1956 | 26725 | | 152 | 204 | | 0.6% |
| 1957 | 28303 | | 117 | 113 | | 0.4% |
| 1958 | 17698 | | 39 | 56 | | 0.2% |
| 1959 | 12819 | | | | | |
| 1960 | 11091 | | | | | |
| جەمئىي | 287628 | | 7807 | 6685 | | |

ئىزاھ: 1950 - يىلى قوبۇل قىلىنغان بىر ماجىراسى دېلوسىنىڭ قوبۇل قىلىنغىنى، ئاپئاغلاشتۇرۇلغىنى ئوخشاش بولۇپ، 2000 دىن ئارتۇق.

كەنت - بازار يۇقىرالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆي سېتىش، سېتىۋېلىشتا ئۆي ئورنىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنىڭ يۆتكەلگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان ماجىرالار گوۋۇيۈەننىڭ «كەنت - بازارلاردا ئۆي سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرنى باشقۇرۇش نىزامى»دا بەلگىلەنگەن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدى. ماجىرا بىر تۇتاش پىلانلانغان ئۆي ئورنىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى ئۈستىدە بولسا پىلانلانغاندىن كېيىن بېكىتىلگەن پايدىلىنىش ھوقۇقى ئاساس قىلىنىدى. قانۇنىي رەسمىيەت ئارقىلىق تەڭشەلگەن بولسا، ئومۇمەن تەڭشەلگەندىن كېيىنكى پايدىلىنىش ھوقۇقى ئاساس قىلىنىدى.

ئورتاق پايدىلىنىدىغان ئۆي ئورنىنى بىر تەرەپ باشقا ئورتاق پايدىلانغۇچىلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي ئۆي سېلىۋالغان قارشى تەرەپ ئۆي سېلىۋالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ باشقىچە پىكىردە بولمىغان، يەنە كېلىپ باشقىلار ۋە جامائەتنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالمىغان بولسا، داۋاملىق پايدىلىنىشقا رۇخسەت قىلىنىدى.

پىلانغا كىرگۈزۈلمىگەن ئۆي ئورنىنىڭ پاسىلى ئۈستىدىكى تالاش -تارتىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا پاسىل ئېنىق بولسا، شۇ پاسىل ئاساس قىلىنىدى؛ پاسىل ئېنىق بولمىسا، ئۇزۇندىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئەھۋالغا ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا پايدىلىق بولۇش

پرىنسىپى بويىچە مۇۋاپىق ھەل قىلىندى.

يۇقىرىقىلار شەھەر، يېزىلاردا قانۇن بويىچە ئۆي سېتىش - سېتىۋالغاندا مەزكۇر ئۆي ئورنىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنىمۇ ئۆي ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن بىرگە يۆتكىۋالغان بولسا، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۆي ئورنىنى سېتىش - سېتىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى ئېتىراپ قىلمىدى.

ئۆي ئورنىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى يۆتكىۋېلىش تۈپەيلىدىن، جامائەتنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى يەتكەن بولسا، قانۇن بويىچە چەكلەندى.

**1981 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە يەر، ئۆي ئورنى دەۋالىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش - ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 4 — 17

| سوت قىلىنىش ئەھۋالى / سانى / يىل | قوبۇل قىلىنغان ئومۇمىي ھەق تەلەپ دېلوسى | يەر، ئۆي ئورنى دەۋالىرى | | | | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلوسى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | قالدۇقى | يېڭى قوبۇل قىلىنغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى | |
| 1981 | 19228 | | | | | |
| 1982 | 22234 | | 68 | 72 | | 0.3% |
| 1983 | 21894 | | 239 | 223 | | 1.1% |
| 1984 | 24060 | | 281 | 262 | | 1.2% |
| 1985 | 26418 | | 421 | 398 | | 1.5% |
| جەمئىي | 113834 | | 1009 | 955 | | |

## قوشۇمچە

## ئۆي ئورنى دېلولىرىدىن مىسال

ئۇزۇن مۇددەت تاشلىۋېتىلگەن ئۆي ئورنىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى قوغدىماسلىققا دائىر مىسال

قاسىمئاخۇن 1928 - يىلى غۇلجا شەھىرى تاشكۆۋرۈك يېزىسىنىڭ 4 - كەنتىدىن تۆت خو (20 موغا تەڭ) يەر سېتىۋالدى. 1950 - يىلى بۇ يەرنىڭ يۇقىرىسىدىكى 688.84 كۋادرات مېتىر يەر (شىمالدىن جەنۇبقا 27.10 مېتىر، شەرقتىن غەربكە 25.40 مېتىر)گە قورۇتام سالدى. ئىچىگە ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ تېمىنى قوپۇردى، 15 تۈپ شاپتۇل دەرىخى تىكتى. قورۇ سىرتىغا 4 تۈپ قارىياغاچ تىكتى، ئۆينى چۈچكۈشكە ئۆلگۈرمەي ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ئۆي ئورنىدىن 1957 - يىلغا قەدەر ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرى پايدىلىنىدۇ. 1958 - يىلى قاسىمئاخۇننىڭ چوڭ ئوغلى ئىبراھىم قورۇ ئىچىدىكى ئۆي ئورنىنى ئېلىپ قىلىپ، قالغان يەرنى كوپىراتىپقا قوشتى. 1959 - يىلى ئىبراھىم يۇقىرىقى ئۆي ئورنىنى تاشكۆۋرۈك يېزىسىنىڭ 4 - كەنتىدىكى دېھقان باراتجان ساۋۇرغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. باراتجان ساۋۇر ئۆي ئورنىغا 4 ئېغىز ئۆي، بىر ئېغىز ئاشخانا، بىر ئېغىز ئامبار سالدى. مېۋىلىك كۆچەت تىكتى، خېلى يىللارغىچە تالاش - تارتىش كۆرۈلمەيدۇ، ئەينى چاغدا قاسىمئاخۇننىڭ خوتۇنى ياتلىق بولۇپ بالىلىرىنى

ئېلىپ كېتىپ، غۇلجا، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق ناھىيىلەردە تۇرىدۇ، 1967 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە گە كۆچۈپ كېلىدۇ. 1971 ـ يىلى ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا 1928 ـ يىلى سېتىۋالغان يەرنىڭ خېتىنى 2 ـ ئوغلى ياقۇپقا بېرىدۇ، ياقۇپ ئۇزۇنغىچە بۇ ئۆي ئورنىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى ئىشلەتمەيدۇ، باراتجان ساۋۇرنىڭ ئۆي ئورنىغا ئۆي سېلىش قاتارلىق ھەرىكەتلىرىگىمۇ باشقىچە پىكىردە بولمايدۇ. 1984 ـ يىل 4 ـ ئايغا كەلگەندە ياقۇپ غۇلجا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىپ، باراتجان ساۋۇر پايدىلىنىۋاتقان ئۆي ئورنىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. 1 ـ سوت قاراپ چىقىپ، باراتجان ساۋۇر پايدىلىنىپ كەلگەن ئۆي ئورنى قاسىمئاخۇندىن پەرزەنتلىرىگە مىراس قالغان، ئۆي ئورنىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى قاسىمئاخۇننىڭ ۋارىسلىرىغا قايتۇرۇلۇشقا تېگىشلىك دەپ قاراپ، باراتجان ساۋۇر سالغان ئۆي ۋە باشقا قوشۇمچە ئەسلىھەلەر ئۈچۈن ياقۇپ باراتجان ساۋۇرغا 4715.22 يۈەن بېرىش، باراتجان ساۋۇر قاسىمئاخۇننىڭ ئەجرى كىرگەن 15 تۈپ شاپتۇل، 4 تۈپ قارىياغاچ، ئۈچ ئېغىز ئۆيىنىڭ تېمى ئۈچۈن 499.22 يۈەن قايتۇرۇش، ئىككىسىنى چېقىشتۇرغاندىن كېيىن قالغان 4216 يۈەننى ياقۇپ بىلەن ئىبراھىم باراتجان ساۋۇرغا ئورتاق تۆلەش ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

باراتجان ساۋۇر قايىل بولماي نارازىلىق ئەرز بېرىدۇ، ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم ئارقىلىق ئەسلى ھۆكۈمنى كۈچتىن قالدۇرۇپ، ئۆي ئورنى باراتجان ساۋۇرغا تەۋە بولسۇن، باراتجان ساۋۇر ياقۇپ بىلەن ئىبراھىمغا ئۆي ئورنىدىكى قوشۇمچە ئەسلىھەلەر ئۈچۈن 499.22 يۈەن قايتۇرسۇن دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

ياقۇپ بىلەن ئىبراھىم 2 ـ سوت ھۆكۈمىگە قايىل بولماي، نارازىلىق ئەرز بېرىدۇ، ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسى ئالدۇرۇپ قاراپ چىقىپ ئىككى تەرەپ تالىشىۋاتقان ئۆي ئورنى ئەسلىدە ياقۇپ بىلەن ئىبراھىمنىڭ دادىسى قاسىمئاخۇنغا تەۋە بولسىمۇ، قاسىمئاخۇن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلى ئىبراھىم ئۆي ئورنىنى باراتجان ساۋۇرنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىشىگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن، باراتجان ساۋۇر ئۆي سالغان، قانۇنىي رەسمىيەتلەرنى ئۆتىگەن، خېلى يىللاردىن بېرى باشقىچە پىكىر چىقمىغان، ھازىر ياقۇپنىڭ ئۆي ئورنىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى ئاساسسىز، ئۆي ئورنىدىن يەنىلا باراتجان ساۋۇر پايدىلىنىشقا تېگىشلىك دەپ قاراپ، ھۆكۈم ئارقىلىق ئەرزنى رەت قىلىپ، ئەسلى ھۆكۈمنى كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

## 4. قەرز دېلولىرى

1) قەرز دېلولىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى　　1950 — 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى قەرز دېلولىرىدىن 90 مىڭ 376نى قوبۇل قىلدى، بۇ شۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان 599 مىڭ 613 ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ %5.07نى ئىگىلەپ، نىكاھ دېلولىرىدىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇردى، مال ـ مۈلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە دائىر دېلولار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ دەسلەپكى 10 يىل دېلو ئەڭ كۆپ قوبۇل قىلىنغان مەزگىل بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان قەرز دېلوسى 74 مىڭ 38گە يېتىپ، ھەر يىلغا 7400 نەچچىدىن توغرا كەلدى.

1950 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 27 مىڭ 462 سى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قەرز دېلوسى 8949 بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ %33نى ئىگىلىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئازادلىقتىن ئىلگىرى قېلىپ قالغان كونا قەرز بولۇپ، شەكلى جەھەتتىن پۇل قەرز ئېلىش، ماددىي بۇيۇم تۆلەش، نېسى ئېلىم ـ بېرىم، ئىجارە قاتارلىق

تۈرلەرگە كىرىدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن كۆپرەك ئالتۇن، تەڭگە، قەغەز پۇل، ئاشلىق، چارۋا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 1951 — 1960 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قەرز دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش ـ ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 — 18

| سوت قىلىنىش ئەھۋالى / سانى / يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ ئومۇمىي سانى | قەرز دېلولىرى | | | | ھەق تەلەپ دېلوسى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | قالدۇقى | يېڭى قوبۇل قىلىنغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى | |
| 1951 | 50867 | | 20566 | 20931 | | 40.4% |
| 1952 | 34202 | | 10254 | 9513 | | 30% |
| 1953 | 39072 | | 7538 | 8347 | | 19.3% |
| 1954 | 38599 | | 7938 | | | 20.6% |
| 1955 | 28252 | | 5054 | | | 17.9% |
| 1956 | 26725 | | 5095 | 5356 | | 19.1% |
| 1957 | 28303 | | 4295 | 4305 | | 15.2% |
| 1958 | 17698 | | 2892 | 3247 | | 16.3% |
| 1959 | 12819 | | 1457 | 1628 | | 11.4% |
| 1960 | 11091 | | 720 | 777 | | 6.5% |
| جەمئىي | 287628 | | 65809 | 54104 | | |

1961 ـ يىلى قەرز دېلولىرى داۋاملىق تۆۋەنلەپ 632گە چۈشتى، كېيىنكى يىللاردا (1965ـ يىلىغا قەدەر) 1961 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا كۆپەيدى. بولۇپمۇ 1963 ـ يىلى بىر قەدەر تېز كۆپىيىپ قەرز 1354كە يەتتى.

### 1961 — 1965 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قەرز دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش ـ ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 — 19

| سوت قىلىنىش ئەھۋالى / سانى / يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ ئومۇمىي سانى | قەرز دېلولىرى | | | | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | قالدۇقى | يېڭى قوبۇل قىلىنغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى | |
| 1961 | 13201 | | 632 | 544 | | 4.8% |
| 1962 | 21759 | | 1188 | 1093 | | 5.5% |
| 1963 | 18114 | | 1354 | 1342 | | 7.5% |
| 1964 | 15962 | | 982 | 905 | | 6.2% |
| 1965 | 14029 | | 814 | 799 | | 5.8% |
| جەمئىي | 83065 | | 4970 | 4683 | | |

1966 ـ يىلى باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا قەرز دېلولىرى زور دەرىجىدە ئازايدى، 1966 — 1975 ـ يىلغىچە ئاران 992سى قوبۇل قىلىنىپ، يىلىغا 100 دىنمۇ توغرا كەلمىدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ۋە پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتى «سول» ئىدىيە ئېقىمىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ۋاقتىدا كاپالەتكە ئىگە بولالمىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن، قانۇنچىلىق كۈچەيتىلىپ، خەلقنىڭ يوللۇق ھەق-دارلىقى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى ۋەزىيەتتە يېڭى قەرز ماجىرالىرى، قەرز دېلولىرى تەدرىجىي كۆپەيدى. 1976 — 1985 ـ يىلغىچە قوبۇل قىلىنغان قەرز دېلوسى 9774كە يېتىپ، شۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان 165 مىڭ 7 ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ %92 .5نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1976 ـ يىلى قوبۇل قىلىنغان قەرز دېلوسى 118 بولۇپ، شۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ %67 .1نى ئىگىلىدى، 1982 ـ يىلى قوبۇل قىلىنغان قەرز دېلوسى 1000 دىن ئېشىپ 1064كە يېتىپ، شۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ %79 .4نى ئىگىلىدى. 1985 ـ يىلى قوبۇل قىلىنغان قەرز دېلوسى 2820گە يېتىپ، ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ %67 .10نى ئىگىلىدى.

**1976 — 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قەرز دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش - ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 4 — 20

| سوت قىلىنىش ئەھۋالى / سانى / يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ ئومۇمىي سانى | قەرز دېلولىرى: قالدۇقى | قەرز دېلولىرى: يېڭى قوبۇل قىلىنغىنى | قەرز دېلولىرى: ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | قەرز دېلولىرى: ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى | ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1976 | 7055 | 45 | 118 | 124 | 39 | 1.7% |
| 1977 | 8842 | 39 | 208 | 187 | 60 | 2.4% |
| 1978 | 8449 | 60 | 232 | 213 | 79 | 2.7% |
| 1979 | 10298 | 79 | 307 | 312 | 74 | 3% |
| 1980 | 16529 | 111 | 912 | 863 | 160 | 5.5% |
| 1981 | 19228 | 197 | 797 | 771 | 223 | 4.1% |
| 1982 | 22234 | 132 | 1064 | 1061 | 135 | 4.8% |
| 1983 | 21894 | 136 | 1285 | 1226 | 195 | 5.9% |
| 1984 | 24060 | 168 | 2031 | 1932 | 267 | 8.4% |
| 1985 | 26418 | 264 | 2820 | 2646 | 438 | 10.7% |
| جەمئىي | 165007 | | 9774 | 9335 | | |

شىنجاڭدا قەرز دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يېزىلاردىكى قەرز ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دېھقان - چارۋىچىلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر ئازادلىقتىن ئىلگىرى پومېشچىك، چارۋىدارلارغا بوغۇلۇپ قالغان قەرز بىكار قىلىندى، يۇقىرى ئۆسۈملۈك ۋە قانۇنسىز قەرز قوغدالمىدى، قانۇنلۇق قەرز قوغدالدى، ئەركىن ئۆتنە ـ يېرىم قىلىش، بىر ـ بىرىنىڭ كەم تەرەپلىرىنى تولۇقلاش تەشەببۇس

قىلىنىدى. ھەق - ناھەقنى ئايرىپ، ئەمگەكچىلەر بىلەن مۈلۈكدارلارنىڭ قەرز ۋە ئېلىم - بېرىم ماجىرالىرى مۇۋاپىق ھەل قىلىنىدى.

2) قەرز دېلولىرىنىڭ تۈرى ۋە بىر تەرەپ قىلىنىشى    يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 37 يىلدا شىنجاڭدىكى قەرز دېلولىرىنىڭ تۈرى ئاساسەن مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك بولدى:

(1) ئەمگەكچىلەر بىلەن مۈلۈكدارلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا    بۇنداق دېلولارنىڭ بىر قىسمى كونا جەمئىيەتتىن قالغان، بىر قىسمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە كېلىپ چىققان. 1950 - يىلدىن 1955 - يىل 6 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا قوبۇل قىلىنغان ئەمگەكچىلەر بىلەن مۈلۈكدارلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا دېلوسى 14 مىڭ 618 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1951 -، 1952 - يىللىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 1951 - يىلى 5966، 1952 - يىلى 4819 بولدى. 1954 - يىلدىن كېيىن يىلدىن يىلغا ئازايدى. 1957 - يىلى سوتسىيالىستىك ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىش مەملىكەت بويىچە غەلىبىلىك تاماملانغاندىن كېيىن، ئەمگەكچىلەر بىلەن مۈلۈكدارلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالار يوقىتىلىشقا قاراپ يۈزلەندى، ئۇنىڭدىن كېيىن شەخسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە دائىر ئەمگەك ماجىرالىرى كېلىپ چىققان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئەمگەكچىلەر بىلەن مۈلۈكدارلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالار ئاساسەن ئەمگەكچىلەرنى ئىشتىن بوشىتىش ياكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشتىن كېلىپ چىققان. خەلق سوت مەھكىمىلىرى بۇ خىل دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش، ئەمگەكچىلەرگىمۇ، مۈلۈكدارلارغىمۇ پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئاساسىدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەل قىلدى.

ئەمگەكچىلەر بىلەن مۈلۈكدارلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋىدارلار مالچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشتىن كېلىپ چىققان، بۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى قېلىپ قالغان مەسىلە بولسىمۇ، ئازادلىقتىن كېيىن ھۆكۈمەت ئەمگەكچىلەرگىمۇ، مۈلۈكدارلارغىمۇ پايدىلىق بولۇش سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن يۈرگۈزگەچكە، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مالچىلارنىڭ ئىش ھەققى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈلدى، لېكىن بەزى رايونلاردا مالچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلمىدى، نەتىجىدە ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشتىن كېلىپ چىققان ماجىرالار خېلى كۆپىيىپ قالدى. 1953 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بەلگىلىگەن ئۈچ پرىنسىپنى ئاساس قىلىپ، ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. ئۈچ پرىنسىپ مۇنداق: «1. ئازادلىقتىن 2 يىل ئىلگىرى مالچى چارۋىدارغا ھەقسىز ئىشلەپ بەرگەن ياكى ياللىغۇچى مالچىلارنىڭ پۇتتۇشكەن ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرغان ۋە قايرىپ قالغان بولسا، ئادەتتە سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. لېكىن مالچى تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن قىيىنلىشىپ قالغان بولسا، ياللىغۇچىنى بىر قىسىم زىياننى تولۇقلاپ بېرىشكە كۆندۈرۈش كېرەك. ئازادلىقتىن 3 يىل ئىلگىرىكىسى بىردەك سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. 2. ئازادلىقتىن كېيىن، ياللىغۇچى ھەقسىز ئىشلەتكەن بولسا، ئىشنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ، ئەينى چاغدا شۇ يەردىكى ئادەتتىكى ئىش ھەققى ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ تولۇق بېرىشى كېرەك. بەرگەندە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھېسابلاش، ئۆسۈم قوشماسلىق لازىم. ياللىغۇچى ياللانغۇچىنىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرغان، قايرىۋالغان بولسا، پۇتتۇشكەن ئىش ھەققى ئۆلچىمى بويىچە، ئۆسۈم قوشماي، تولۇق بېرىشى كېرەك. بېرىشكە ياللىغۇچىنىڭ

ھەقىقەتەن قۇربى يەتمىسە كېچىكتۈرۈپ مۇددەتكە بۆلۈپ بەرسىمۇ بولىدۇ، لېكىن ياللىغۇچى ئازادلىقتىن كېيىن بۇلاڭچىلىققا ۋە ئاپەتكە ئۇچراپ زور زىيانغا ئۇچرىغانلىقتىن، ھەقىقەتەن بېرىشكە قۇربى يەتمىسە، ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ بەرسە ياكى بەرمىسىمۇ بولىدۇ. 3. ھېلىمۇ ھەقسىز ئىشلەۋاتقانلار بولسا، ئەمگەكچىلەرگىمۇ، مۈلۈكدارلارغىمۇ پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە، يەرلىك ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىككى تەرەپكە ئەمگەك توختامى تۈزدۈرۈشى، ئىككى تەرەپكە بۇنىڭدىن كېيىن توختام بويىچە ئىش قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىشى كېرەك».

(2) يېزىلاردىكى قەرز ماجىرالىرى    يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، بۇنداق ماجىرالارنىڭ كۆپىنچىسى كونا جەمئىيەتتە نامرات دېھقان - چارۋىچىلار بوغۇلۇپ قالغان، پومېشچىك، چارۋىدارلارنىڭ زۇلۇمىدىن كېلىپ چىققان. 1950 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ غەربىي شىمال شۆبىسى مەركىزىي مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ «يېڭى رايون يېزىلىرىدىكى قەرز ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى»نى تارقىتىپ، 11-ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئېلان قىلىپ يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ چارىنى ئاساس، شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ ھەمدە يېزىلاردا ئۆتنە - يېرىم قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يېزىلىرىدىكى قەرز ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بۇ ۋاقىتلىق چارىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى (1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن ئىلگىرى) دېھقان - چارۋىچىلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر پومېشچىك، چارۋىدارلارغا بوغۇلۇپ قالغان قەرزلەر بىردەك بىكار قىلىنىدۇ دېگەن روھ بويىچە بۇنداق قەرز دەۋالىرىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى دېھقان-چارۋىچىلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر باي دېھقانلارغا بوغۇلۇپ قالغان قەرز ماجىرالىرىنى كونكرېت دېلو ئەھۋالىغا قاراپ، مەزكۇر ۋاقىتلىق چارىنىڭ 3 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلدى يەنى بۇ بەلگىلىمە مۇنداق: 1. ئۆسۈمى دىرىنىڭ بىر ھەسسىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئۆسۈمى بىكار قىلىنىپ، دىرى قايتۇرۇلىدۇ. ئۆسۈمى دىرىنىڭ ئىككى ھەسسىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، دىرىمۇ، ئۆسۈمىمۇ قايتۇرۇلمايدۇ. ئۆسۈمى دىرىنىڭ بىر ھەسسىگە يەتمىگەن بولسا، باي دېھقاننىڭ ھەقدارلىقى داۋاملىق كۈچكە ئىگە قىلىنىدۇ. ئۆسۈمى دىرىنىڭ بىر ھەسسىدىن ئاشقان، ئىككى ھەسسىگە يەتمىگەن بولسا، دىرىنىڭ يېرىمى قايتۇرۇلىدۇ. ئۆسۈمى دىرىنىڭ ئىككى ھەسسىدىن كۆپ بولسا، ئېشىپ كەتكەن قىسمى قايتۇرۇلمايدۇ. 2. ئارىدا قەرز مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىپ قايتىدىن يېڭى كېلىشىم ھاسىل قىلغاندا، تۆلەنمىگەن ئۆسۈمى دىرىغا قوشۇپ ھېسابلانغان بولسا، قوشۇپ ھېسابلانغان قىسمى كۈچكە ئىگە قىلىنماي، يەنىلا ھەقدار بەرگەن قەرزنىڭ دىرى تۆلىنىدۇ؛ ئاشلىق، پاختا، قوي - كالا قاتارلىقلار قەرز بىرلىكى قىلىنغان بولسا، ئاشلىق، پاختا، قوي، كالا باھاغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدۇ. قەرزگە يەر گۆرۈگە قويۇپ ئىجارە ھەققى ھېسابلىنىدىغان بولسا، يەنىلا قەرز ئورنىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. قەرز زىرائەت كۆكىگە بېرىلگەن ياكى بىر قىسىم ئۆسۈمىنى قەرز دىرىگە ئالدىن قوشۇش شەكلى بىلەن بېرىلگەن بولسا، قەرزدارنىڭ ئەمەلىي ئالغان قەرزى بويىچە ھېسابلىنىدۇ».

بۇنىڭدىن باشقا، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پومېشچىك، باي دېھقانلار ۋە قەرز بېرىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەرز مۇناسىۋىتىدە ئىككى تەرەپ ئەركىن پۈتۈشكەن بولسا، ئۇسۇمغا ئەدلىيە ئارىلاشمىدى.

شىنجاڭدا قەرز دېلولىرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ناھايىتى كۆپ ئىدى. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى داۋامىدا سىنىپى زۇلۇم خاراكتېرىنى ئالغان قەرز كۆپلەپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، تارىختىن قېلىپ قالغان بۇ ماجىرالار ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى. 1953-يىلىدىن كېيىن قەرز دېلولىرى زور دەرىجىدە ئازايدى. 1958-يىلىدىن كېيىن يېزىلاردا خەلق گوڭشېسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك يوقىتىلدى، قەرز ماجىرالىرىمۇ باشقا مال-مۈلۈك ماجىرالىرىغا ئوخشاش كۆرۈنەرلىك ئازايدى ھەمدە يېڭىچە ئۆزگىرىش كۆرۈلدى. بۇ چاغدىكى قەرز ماجىرالىرىنىڭ كۆپىنچىسى گوڭشېلىشىشتىن ئىلگىرى قالغان مەسىلىلەر بولۇپ، كۆپلىگەن ھەقدارلار ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەت ئاستىدا، ھەقدارلىقنى ساقلاپ قېلىپ سۈرۈشتۈرۈشكە ئالدىرىماسلىق پوزىتسىيىسى تۇتتى، بەزىلىرى ھەتتا ھەقدارلىقىدىن كەچتى.

(3) ئادەتتىكى قەرز ماجىرالىرى   ئادەتتىكى قەرز ماجىرالىرىنىڭ كۆپىنچىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلگەن قەرزنى ھەم مال سودىسى ۋە سودا-سانائەت ئالاقىسىدا ئۈزۈلمىگەن قەرزنى كۆرسىتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بۇنداق دېلولارنى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يېزىلاردىكى قەرز ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» ۋە ئالاقىدار ھۆججەتلەرنىڭ روھى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، دېھقانلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر مەكتەپلەرگە بوغۇلۇپ قالغان قەرزلەرنى شۇ چارىنىڭ 3-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. چېركاۋ، بۇتخانا، مەسچىت ۋە باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا بوغۇلۇپ قالغان قەرزلەرنى ئومۇمەن بىكار قىلدى، لېكىن ھەقدارلارنىڭ ئۆسۈم كىرىمى جامائەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلمىگەن، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ قىسمى بىكار قىلماسلىقنى توغرا تاپقان بولسا، رايوندىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىپ بىكار قىلمىدى. دېھقانلار، چارۋىچىلارنىڭ ئۆتنە-يېرىملىرىنى ھەم ئومۇمەن مال سودىسى ۋە سودا-سانائەت ئالاقىسىدىكى نېسىلىرى (جۈملىدىن سودا-سانائەت تىجارىتى بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللانغان پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ مال سودىسى ۋە سودا-سانائەت مۇئامىلىسىدە ئۈزۈلمىگەن ھېساباتى)نى بىردەك كۈچكە ئىگە قىلىپ، دىرنى ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ قايتۇرغۇزۇش چارىسىنى قوللىنىپ، ئارىلاشماي، ئىككى تەرەپنىڭ پۈتۈشكىنى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ساخاۋەت ئاشلىق ئامبارلىرىدىكى ئاشلىقنى كەم قەرز ئالغان بولمىسۇن، پۈتۈشكىنى بويىچە دىرنى ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ قايتۇرغۇزدى. قەرزدار نامرات بولسا، شۇ يەردىكى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنى دېھقانلار جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىپ، ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ياكى مۇددەتكە بۆلۈپ قايتۇرۇۋېلىشقا بۇيرىدى.

ئېلىمىزدە ئۈچ چوڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنىڭ ئورۇندىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۈزۈلمىگەن سودا-سانائەت قەرزى، سودا-سانائەت قەرز پۇلى، ئۆسۈملۈك قەرز دېلولىرى ئاساسىي جەھەتتىن كۆرۈلمىدى، خەلق ئاممىسى ئۆزئارا ئاز سوممىلىق ۋاقىتلىق ئۆسۈمسىز قەرز ئېلىش، تۇرمۇش ۋاستىلىرى سودىسىدا ئاز سوممىلىق قەرز ئېلىش، شەخسلەر دۆلەت، گوڭشېغا قەرزدار بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. ئۇلاردىن خەلق ئاممىسى دۆلەت ياكى گوڭشېغا بوغۇلغان قەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، سوت مەھكىمىلىرى 1960-يىلى بەلگىلەنگەن سىياسەت بويىچە دۆلەت ياكى گوڭشېنىڭ مەنپەئەتىنى يەنى سوتسىيالىزمنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ، پرىنسىپ جەھەتتىن كەم ئالغان بولسا شۇ قايتۇرۇش يولى بىلەن ھەل قىلدى. خەلق ئوتتۇرىسىدىكى قەرز ماجىرالىرىغا ئەھۋالغا قاراپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلدى، يەنى

قەرز ئازادلىقتىن خېلى بۇرۇن ئېلىنغان بولسا، بۇنداق قەرز دېلوسىنى پرىنسىپ جەھەتتىن قوبۇل قىلمىدى، گۇڭشېلىشىشتىن ئىلگىرى قېلىپ قالغان قەرزلەرنى ئىناۋەتسىز قىلماي، قايتۇرۇش شارائىتى بارلارغا ئەينەن قايتۇرغۇزدى، شارائىتى يوقلارنىڭ قەرزىدىن ھەقدار كېچىشنى خالىسا، ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى، كېچىشنى خالىمىسا قويۇپ تۇردى، لېكىن ھەقدارغا كۆپرەك تەربىيە بېرىپ، ئۇنىڭ ئېڭى ئۆسكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىر تەرەپ قىلىش قارارىنى قوبۇل قىلدۇردى. شەخسلەر ئارىسىدىكى ئۆتنە - يېرىمغا ئۆزئارا ياردەملىشىش دەپ قاراپ، ئۆتنىنىڭ قايتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، لېكىن كىم ئالغان بولسا شۇ قايتۇرۇشنى تەكىتلەپ، قەرزنى گۇڭشېغا يۆكلەپ قويمىدى، قەرز قانۇنسىز يول بىلەن ئېلىنغان بولسا قوغدىمىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى 1 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ھەق تەلەپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى بويىچە 1963 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «ھەق تەلەپ سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قوشۇمچە پىكىر» ئېلان قىلىپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قەرز توغرىسىدىكى دەۋا دېلولىرىنىڭ پرىنسىپ جەھەتتىن قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى، ئامما ئارىسىدىكى ئازادلىقتىن كېيىنكى ئېلىم - بېرىمنىڭ ئىناۋەتلىكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە قەرزنىڭ قايتۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى، پرىنسىپ جەھەتتىن «نېمە ئالغان بولسا، شۇنى قايتۇرۇش كېرەكلىكى»نى، لېكىن ئېلىم - بېرىم نىشانى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش تەمىنلەيدىغان ماددىي ئەشيا (گەزمال، ئاشلىق، ياغ، پاختا) بولغان بولسا، دۆلەت باھاسى بويىچە پۇلغا سۇندۇرۇپ قايتۇرۇلسا بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتتى. شەخسلەرنىڭ سودا - سانائەت ساھەسىدە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلىشىشتىن بۇرۇنقى قەرزى ئۈستىدىكى ماجىرا دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، سوت مەھكىمىلىرى گوۋۇيۈەنىنىڭ 1956 - يىلدىكى خۇسۇسىي كارخانىلارنى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى يولغا قويۇلغان چاغدا بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى توغرىسىدىكى يوليورۇقىدا كۆرسىتىلگەن «كەڭچىللىك قىلىش»، «بولدى قىلىش» دېگەن روھ بويىچە ئومۇمەن قوبۇل قىلمىدى. يېزىلاردا جازانىخورلۇققا زەربە بېرىلگەچكە ۋە جازانىخورلۇق مەنئى قىلىنغاچقا، بۇنداق ماجىرا ئۈستىدىكى دەۋانى سوت مەھكىمىسى بىردەك قوبۇل قىلمىدى. يەنە تېخى قىلمىشى ئېغىرلارنىڭ قانۇنسىز تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلدى، قانۇن بويىچە ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلدى. ئامما ئارىسىدىكى ئۆتنە - يېرىمنىڭ ئۆسۈمى يۇقىرىراق بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنى جازانە قاتارىدا بىر تەرەپ قىلمىدى. ئۆسۈمى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولۇپ كەتكەنلىرىنى بانكا ياكى ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئۆسۈمى ۋە شۇ يەردە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان ئۆسۈمدىن پايدىلىنىپ، مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق قىلىنغاندىن كېيىن، قەرزدارغا دىرى بىلەن قوشۇپ تۆلەشكە بۇيرۇش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلدى.

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى 1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تارقاتقان «ھەق تەلەپ سىياسەت، قانۇننى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا پىكىر»دە قەرز ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا قانۇنغا ئۇيغۇن قەرز مۇناسىۋىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش، پۇقرالارنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى قەرزگە مۇناسىۋەتلىك دەۋالىرىنى پرىنسىپ جەھەتتىن قوبۇل قىلماسلىق، ئەمگەكچىلەر يەر ئىسلاھاتىدىن بۇرۇن پومېشچىك، باي دېھقانلارغا بوغۇلۇپ قالغان قەرزنى قايتۇرۇش ئەمدى يەنە ئوتتۇرىغا قويۇلسا، قانۇن بويىچە قوغدىماسلىق تەكىتلەندى. سوت مەھكىمىسى ئۆتنە - يېرىم مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ئومۇمەن يازما ھۆججەتنى ئاساس قىلدى، يازما ھۆججەت بولمىسا، مەنپەئەت مۇناسىۋىتى يوق كىشىلەرنىڭ گۇۋاھچى بولۇشىنى شەرت قىلدى. ھەقدار بىلەن قەرزدار ئېتىراپ قىلىدىغان ئېلىم - بېرىم

مۇناسىۋىتىنىمۇ قانۇن بويىچە قوغدىدى. قەرز ماددىي بۇيۇم بولسا، ماددىي بۇيۇم قايتۇرۇش، قايتۇرىدىغان ماددىي بۇيۇم بولمىسا ياكى ماددىي بۇيۇم بىلەن قايتۇرۇش ئەپسىز بولسا، دۆلەت بەلگىلىگەن كېلىشىم باھا بويىچە خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ قايتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن، قەرز پۇل بولسا پۇل بىلەن قايتۇرۇش، پۇل بىلەن قايتۇرغاندا كونا پۇل بىلەن ئەمەس، شۇ ۋاقىتتىكى پۇلنى تېگىشىشكە دائىر بەلگىلىمە بويىچە ئەقىلگە مۇۋاپىق ھەل قىلىپ قويۇش يولى بىلەن بىرتەرەپ قىلدى. ئىككى تەرەپ ئۆسۈم ھېسابلىماسلىقنى بەلگىلىگەن ئېلىم - بېرىم مۇناسىۋىتىنى ئىككى تەرەپنىڭ پۈتۈشكىنى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. قەرزدار قەستەن ئۆزۈنغا سوزغانلىقى ئۈچۈن، ھەقدار ئۆسۈمنى قوشۇشنى تەلەپ قىلغان دەۋالارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، دۆلەت بانكىسىنىڭ قەرزگە نىسبەت بويىچە ئۆسۈم ھېسابلىشى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. ئۆسۈملۈك قەرز ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ دۆلەت بانكىسىنىڭ قەرز ئۆسۈم نىسبىتىدىن مۇۋاپىق يۇقىرى بولۇشىغا يول قويدى. قەرز ئالغۇچى قېيىن ئەھۋالدا قالغاندا ھارام پايدا ئېلىش مەقسەت قىلىنغان ئېلىم-بېرىم مۇناسىۋىتىنى قوغدىمىدى. قەرەللىك قەرز ماجىرالىرىنى ئۆز قەرەلىدە قايتۇرغۇزۇش، قايتۇرۇشتا قىيىنچىلىق بولسا، مۇددەتكە بۆلۈپ قايتۇرغۇزۇش يولى بىلەن ھەل قىلدى. قەرزادار ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ قەرزىنى مىراسخورلۇق قانۇنىدىكى قەرزنى ئۈزۈشكە دائىر بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. مىراس قەرزنى ئۈزۈشكە يەتمىسە، ھەق تەلەپ قانۇنى (سىناق نۇسخىسى) نىڭ 180 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ۋە نىسبەت بويىچە ئۆستۈرۈش يولى بىلەن ھەل قىلدى.

1950 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭدا قوبۇل قىلىنغان قەرز دېلولىرىنىڭ كۆپىيىش - ئازىيىش ئەھۋالى سخېما 4 — 6دە كۆرسىتىلدى.

## 5. تۆلەم دېلولىرى

تۆلەم دېلوسى قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزۈشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى، باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىگە ياكى جىسمانىي ئەركىنلىكىگە زىيان يەتكۈزگەندە زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىپ، زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1982 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى 5 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇن» نىڭ 13 - ماددىسىدىكى «دۆلەت پۇقرالارنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق دارامىتىگە، يىغقان پۇل - بېساتىغا، ئۆي جايلىرىغا ۋە قانۇنلۇق باشقا مال - مۈلكىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قوغدايدۇ» دېگەن ۋە 37 - ماددىسىدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى دەخلىسىزدۇر» دېگەن بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تۆلەم دېلولىرىنى توغرا، مۇۋاپىق، ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق مال - مۈلۈك ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ۋە جىسمانىي ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى.


### 1) تۆلەم دېلولىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1950 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلغان تۆلەم دېلوسى 18 مىڭ 348گە يېتىپ، شۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان 599 مىڭ 613 ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ %06.3نى ئىگىلەپ، ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە نىكاھ، قەرز، مىراس دېلولىرىدىن قالسىلا 4 - ئورۇننى ئىگىلىدى.

ئىلگىرىكى يىللاردا قوبۇل قىلىنغان تۆلەم دېلولىرى بىر قەدەر كۆپىيىپ 1000دىن ئېشىپ،

## 1950 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭدا قوبۇل قىلىنغان قەرز دېلولىرىنىڭ كۆپىيىش ۋە ئازىيىش سىخېمىسى

سىخېما: 4 — 6    بىرلىكى: مىڭ



1951 - يىلى 1360كە، 1952 - يىلى 1098گە، 1957 - يىلى 1021گە يەتتى، 1959 — 1961 - يىللىرى كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ 1959 - يىلى 326، 1960 - يىلى 230، 1961 - يىلى 309 بولدى، كېيىنكى يىللاردا تەدرىجىي كۆپەيدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە قانۇنلۇق مال- مۈلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتى دەخلى-تەرۇزغە ئۇچرىغاندا، ئەرز قىلىدىغان ئورۇن بولمىغاچقا، تۆلەم دېلولىرى ئومۇمەن دەۋا قىلىنمىدى. 1978 - يىلدىكى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى تەكىتلەنگەچكە، بۇنداق دېلولار يىلدىن يىلغا كۆپەيدى. 1982 - يىلى 1394ى قوبۇل قىلىنىپ، 1951 - يىلدىكى ئەڭ يۇقىرى ساندىن ئېشىپ كەتتى. 1985 - يىلى يەنە 2062گە ئۆرلەپ، شۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان 26 مىڭ 418 ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ %1 .78نى ئىگىلىدى.

بەزى شەھەرلەردە قوبۇل قىلىنغان تۆلەم دېلولىرىنىڭ ساندىن قارىغاندا، ئۇ ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ قالدى. ئالايلۇق، شىخەنزە شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى 1980 - يىلدىن 1984 - يىل 8 - ئايغىچە قوبۇل قىلغان تۆلەم دېلوسى 150 بولۇپ، شۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى.

80 - يىللاردا تۆلەم دېلولىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئاساسەن مۇنۇلار سەۋەب بولدى: سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق كۈچەيتىلگەنلىكتىن زىيانغا ئۇچرىغۇچىلار قانۇن ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ، قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىشنى بىلدى؛ ئىلگىرىكى ھۆكۈمەتسىزلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلاردا توقۇنۇشۇپ قارشى تەرەپنى زىيانغا ئۇچرىتىپ ماجىرا شەكىللەندۈردى؛ بەزى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ۋە ئورۇنلار ئامما ئارىسىدىكى زىددىيەتنى ۋاقتىدا ھەل قىلمىغاچقا، زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ زىيان پەيدا قىلدى.

تۆلەم دېلولىرى سوت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا مۇنداق ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: مال-مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزۈشتىن كېلىپ چىققان تۆلەم ۋە جىسمانىي ئەركىنلىككە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈپ، ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىتىشتىن كېلىپ چىققان تۆلەم.

**1976 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە تۆلەم دېلولىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىش - ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 4 — 21

| سوت قىلىنىش ئەھۋالى / سانى / يىل | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ ئومۇمىي سانى | تۆلەم دېلولىرى | | | | قوبۇل قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | قالدۇقى | يېڭى قوبۇل قىلىنغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى | |
| 1976 | 7056 | 33 | 130 | 126 | 37 | 1.8% |
| 1977 | 8842 | 37 | 212 | 170 | 79 | 2.4% |
| 1978 | 8449 | 79 | 199 | 193 | 85 | 2.4% |
| 1979 | 10298 | 86 | 459 | 325 | 220 | 4.5% |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 16529 | 128 | 874 | 850 | 152 | 5.3% |
| 1981 | 19228 | 201 | 1052 | 1002 | 251 | 5.5% |
| 1982 | 22234 | 174 | 1394 | 1384 | 184 | 6.3% |
| 1983 | 21894 | 181 | 1560 | 1525 | 216 | 7.1% |
| 1984 | 24060 | 201 | 1542 | 1575 | 168 | 6.4% |
| 1985 | 26418 | 153 | 2062 | 1989 | 226 | 7.8% |
| جەمئىي | 165007 | | 9484 | 9139 | | |

قانۇنلۇق مال - مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش تۆلىمى ئاساسەن پوچتا - تېلېگراف، تاشيول، تۆمۈريول تارماقلىرى توشۇپ بېرىش، يەتكۈزۈپ بېرىش، پېرېۋوت قىلىپ بېرىش ئىشلىرىنى بېجىرىش داۋامىدا ھاۋالە قىلىنغۇچىنىڭ يۈك - تاق، پوسۇلكا قاتارلىق ماددىي بويۇملىرىنى يوقىتىپ قويۇشىدىن، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ ھادىسە تۇغدۇرۇپ زەخىملىنىش، ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولۇشىدىن، باشقىلارنىڭ ئۆيىگە بۆسۈپ كىرىپ مال - مۈلكى ۋە ئۆي جاھازىلىرىنى بۇزۇۋېتىشىدىن ۋە باشقىلاردىن كېلىپ چىقتى.

جىسمانىي ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشتىن كېلىپ چىققان زىيان تۆلىمى ماجىراسى ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ياكى روھىي كېسەللەرنىڭ باشقىلارنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇشىدىن كېلىپ چىققان تۆلەم. شىخەنزە باش مەيدانىدىكى جاڭ شيەنلياڭ، جەي خۇڭشىنلار باشلانغۇچ مەكتەپ 1 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى، ئۇلار ئويناش داۋامىدا جەي خۇڭشىن ئاتقان چالما جاڭ شيەنلياڭنىڭ ئوڭ كۆزىگە تېگىپ كۆز قارىچۇقى زەخىملىنىپ، ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالىدۇ. روھىي كېسەل جۇ شيەنفېڭ قەرت ئويناۋېتىپ ئۇرۇشۇپ قالغاندا كېسەلى قوزغىلىپ، قىڭراق بىلەن ياڭ دايۇڭنىڭ بېشىغا، سول تىزىغا چېپىپ يېنىك زەخىملەندۈرىدۇ.

(2) قوشنىلار ياكى دوستلار ئارا تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلاردا ئۆز ئارا يول قويۇشماي، ئۇرۇشۇش ياكى توپلىشىپ ئۇرۇشۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان تۆلىمى. گاۋ × ئۆردەكلىرىنى قوشنام جاڭ ×نىڭ ئوغلى رەگەتكە بىلەن ئېتىپ يېرىم جان قىلىپ قويدى دەپ گۇمانلىنىپ، ئۇرۇشۇپ بىر - بىرىنى زەخىملەندۈرىدۇ.

(3) ئۆي ئورنى، قالدۇرۇق يەر، سۇ قاتارلىقلارنى تالىشىش تۈپەيلىدىن ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ زەخىملەندۈرۈپ قويۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان تۆلىمى. پېنسىيىگە چىققان ئىشچى جاڭ × ئۆز ئالدىغا ئاچقان يەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن سۇ تالىشىپ گوڭشې ئەزاسى زېڭ × بىلەن جېدەللىشىپ قالىدۇ. جاڭ × زېڭ ×نى گۈرجەك بىلەن ئۇرۇپ ئوڭ قول بارمىقىنى زەخىملەندۈرىدۇ.

(4) ئىت چىشلەپ زەخىملەندۈرۈش، ئۆي قۇشى چوقىلاپ زەخىملەندۈرۈش ياكى مىلتىق ئويناپ زەخىملەندۈرۈشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان تۆلىمى.

## 2) زىيان تۆلىمى دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى

ئادەتتىكى مال - مۈلۈك زىيان تۆلىمى دېلولىرى ئالاقىدار سىياسەت، قانۇن، قائىدە - نىزاملار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى 1963 - يىلى تارقاتقان «ھەق تەلەپ سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قوشۇمچە پىكىر»نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەھۋالنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ مەسئۇلىيەتنى ئايرىپ، مۇرەسسەلەشتۈرۈپ قويۇش

يولى بىلەن مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش. ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ھادىسە سادىر قىلىشىدىن زەخىملىنىش، مېيىپ بولۇش، ئۆلۈش كېلىپ چىققان بولسا، داۋالىنىش، قۇتقۇزۇش، دەپنە قىلىش راسخوتلىرىنى ئادەتتە ۋەقە سادىر قىلغۇچى ئورۇن ئۈستىگە ئېلىش. زىيان (ئىش ئۈستىدە بولسۇن - بولمىسۇن) غا ئۇچرىغۇچى ئەمگەك سۇغۇرتىسى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئىشچى ياكى خىزمەتچى بولسا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا بېرىلىدىغان نەپىقە پۇلىنى ئادەتتە ئۇ تورۇشلۇق ئورۇن ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتىدىن چىقىم قىلىش. زىيانغا ئۇچرىغۇچى ئامالە ياكى ئەمگەك سۇغۇرتىسى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولمايدىغان ئىشچى ياكى خىزمەتچى بولسا، ئاخىرەتلىك ئىشلىرى راسخوتىغا ۋەقە سادىر قىلغۇچى ئورۇن مەسئۇل بولۇش، زىيانغا ئۇچرىغۇچىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەمنىڭ ياكى ئاخىرەتلىك ئىشلىرى راسخوتىنىڭ قانچىلىك بولۇشىنى زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ جاۋابكارلىقى بار - يوقلۇقى، جاۋابكارلىقىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى قاتارلىقلارغا قاراپ بېكىتىش، لېكىن بەك يۇقىرى قىلىۋەتمەسلىك. زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئورۇنسىز تەلەپ قويسا، سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش، ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش.

زەخىملىنىش زىيان تۆلىمى دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، زەخىملىنىش ياكى ئېغىر زەخىملىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولسا، دورا پۇلى ۋە باشقا خىراجەتلەرنى تۆلىتىشتەك ھەق تەلەپ تۆلىمى ئارقىلىق ئەمەس، جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى بويىچە ھەل قىلىش. زىيان سالغۇچىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشتە، ئىقتىسادىي زىياننى تۆلىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىرىنى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى جىنايى ئىشلار قوشۇمچە ھەق تەلەپ دەۋاسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش، زەخىملىنىش يېنىك بولسا، ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپى ئاساسىدا ھەق تەلەپ زىيان تۆلىمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش.

زىيان تۆلىمى دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، سوت مەھكىمىلىرى سوت ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلدى:

(1) ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىشەنچىلىك دەلىل - ئىسپاتلارنى توپلاپ پاكىتنى تەكشۈرۈپ، ھەق - ناھەقنى ئايرىپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى زىيان تۆلىمىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاچقۇچى قىلدى.

(2) قانۇنغا خىلاپ قىلمىش بىلەن زىيان پاكىتى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ، جاۋابكار زىيان سالغۇچى بولسا، تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئارتتى؛ ئۇنداق بولمىسا دەۋاگەرنىڭ تەلىپىنى قوللىمىدى. 1979 - يىل 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىخەنزە شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ۋېي شىنبىڭ بىلەن چۇ چىن بىرگە ئوينايدۇ، ۋېي شىنبىڭ تۆمۈر پارچىسىنى ئېتىپ چۇ چىننىڭ سول كۆزىنى زەخىملەندۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا مۇقەررەر سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بولۇپ، چۇ چىننىڭ بارلىق ئىقتىسادىي زىيىنىنى ۋېي شىنبىڭنىڭ قانۇنىي ۋاكالەتچىسى ۋېي جېڭدېغا تولۇق تۆلىتىدۇ. 1982 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ۋاڭ جيەنجۈن (8 ياش) مەكتەپتە گىمناستىكا ئويناۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن تىزى تاۋ لىنلىن (8 ياش) نىڭ سول ساغرىسىغا تېگىپ كېتىدۇ. چۈش ۋاقتىدا تاۋ لىنلىننىڭ بېشى قېيىپ كۆڭلى ئېلىشىدۇ، ھەمدە ساغرىسى ئاغرىيدۇ، كېچىسى قىزىتمىسى 40 گرادۇسقا چىقىدۇ، كېيىن شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى ئوپېراتسىيە قىلىدۇ. دوختۇرخانا ئەينى چاغدا «سول ساغرىسى تاشقى زەخمە سەۋەبىدىن يىرىڭلىق ئىششىغان» دەپ دىئاگنوز قويغانىدى. 1983-

يىل 1 - ئايدا دەۋاگەرنىڭ ۋەسىيسى دەۋا قىلىپ، جاۋابكار ۋەسىيسىنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. كۆپ تەرەپتىن تەكشۈرۈش، داغلىق دوختۇرغا تەكشۈرتۈش ئارقىلىق «دەۋاگەرنىڭ سول سافرىسىنىڭ يىرىڭلىق ئىششىشى تاشقى زەخىمدىن بولغان دېيىشكە تولۇق ئاساس يوق» دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدا مۇقەررەر سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بولمىغاچقا، سوت مەھكىمىسى جاۋابكارغا تۆلەم جاۋابكارلىقى ئارتمايدۇ، دەۋاگەرنىڭ ۋاكالەتچىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن دەۋادىن كېچىدۇ.


(3) قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ سەۋەنلىكىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى بېكىتىپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، دەۋالاشقۇچىلارنى قايىل قىلدى. پېڭ × بىلەن لى × بىر يۇرتلۇق ئائىلىلار بولۇپ، ئىلگىرى قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىپ كەلگەن. 1980 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، پېڭ × ئېرىدىن لى × بىلەن بىنورمال مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتىدۇ دەپ گۇمانلىنىپ، كۆپ قېتىم لى × نى تىللايدۇ، 1982 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پېڭ × يەنە لى × نى تىللايدۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىككى كاچات ئۇرىدۇ، ئىككىسى يومداقلىشىپ كېتىدۇ؛ باشقىلار ئاجرىتىپ پېڭ × نى ئېلىپ كېتىدۇ. لېكىن لى × ئاچچىقىغا پايلىماي گۆش توغرايدىغان پىچاق بىلەن پېڭ × نىڭ سول مۈرە يۇمشاق توقۇلمىسىنى، سول ئالقىنىنى زەخىملەندۈرىدۇ. پېڭ × 256.08 يۈەن ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرايدۇ. لى × نىڭ دۈمبىسى، سول پۇت - قولى، ساغرىسىنىڭ يۇمشاق توقۇلمىسى زەخىملىنىپ 7.50 يۈەن ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرايدۇ، پېڭ × سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىدۇ. سوت مەھكىمىسى سوت قىلىپ، پېڭ × ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىماي، ئۆزلۈكىچە لى × نى تىللاپ يۈرگەن، بىر قېتىم يەنە قەستەن چاتاق چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا لى × نى تىللىغان ۋە ئۇرغان، بۇ ئىشتا پېڭ × نىڭ مۇئەييەن جاۋابكارلىقى بار، لېكىن پېڭ × نەق مەيداندىن كەتكەندىن كېيىن، لى × نەسىھەتكە قۇلاق سالماي، پېڭ × نى قىڭراق بىلەن زەخىملەندۈرگەن، لى × ئاساسلىق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك دەپ قاراپ، ئۇلارغا يەتتە، ئۈچ ئۈلۈش بويىچە جاۋابكارلىقنى ئايرىپ تۆلەم سوممىسىنى بېكىتىدۇ.

بىر نەچچە كىشى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت قوللىنىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراتقان بولسا، زىيانكەشلىككە ئۇچراتقۇچىلارنىڭ سەۋەنلىك دەرىجىسىگە قاراپ، نىسبەت بويىچە زىياننى ئۈستىگە ئالدۇرىدى. زىيان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ سەۋەنلىكىدىن كېلىپ چىققان بولسا، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئەھۋالغا قاراپ يېنىكلىتىدۇ ياكى كەچۈرۈم قىلىدۇ. چېن بىڭيى قاراۋۇل خې جېنچىڭ، چېن خۇڭشۈەنلەرنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۈرۈپ، 6 - قۇرۇلۇش شىركىتى 16 - ئەترىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنى پاسىلىغا ئورناتقان سىم تورنى سۆكۈپ ئېلىۋاتقاندا، خې جېنچىڭ، چېن خۇڭشۈەنلەر مەسئۇلىيىتى بويىچە توسقاندا ئىككى تەرەپ سوقۇشۇپ قالىدۇ، ئىشتىن كېيىن چېن بىڭيى مەيدەم ئاغرىۋاتىدۇ دەپ دوختۇرخانىدا يېتىۋالىدۇ، كېيىن سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىپ تۆلەم تەلەپ قىلىدۇ. دوختۇرخانا كېسەل تارىخىنى تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ زىققا كېسىلى بىلەن دوختۇرخانىدا ياتقانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. شۇڭا سوت مەھكىمىسى جاۋابكار قۇرۇلۇش مۇئەسسەسىنى ئۆز ئالدىغا سۆككەن، قاراۋۇللار توسسا ئۇنىمىغانلىقتىن توقۇنۇش كېلىپ چىققان. «دەۋاگەر ئاساسلىق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دەۋاگەرنىڭ زىققا كېسىلى بىلەن دوختۇرخانىدا

يېتىشىنىڭ ئۇرۇشۇش بىلەن ئالاقىسى يوق دەپ قارايدۇ، مۇشۇ قاراشقا ئاساسەن جاۋابكار خې
جېنچىڭ، چېن خۇڭشۇەنلەرگە ھېچقانداق تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئارتمايدۇ.
ھەرىكەت ئىقتىدارى يوق ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلەنگەن كىشى باشقىلارنى زەخىملەندۇ-
رۇپ ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلغان بولسا، ئەھۋالنى پەرقلەندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. «ھەق
تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى 18 ياشقا توشمىغان بالا
باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتقان بولسا تۆلىمىنى ئۇنىڭ ۋەسىيسىگە يۈكلىدى. 5 — 6 ياشلىق ما
چاڭشىڭ بىلەن جاڭ دۇڭدۇڭ ئويناۋېتىپ، جاڭ دۇڭدۇڭ ما چاڭشىڭنى يىقىتىۋېتىدۇ، ما
چاڭشىڭنىڭ يۇقىرى بىلىكى سۇنۇپ كېتىدۇ، سوت مەھكىمىسى جاڭ دۇڭدۇڭنىڭ ئانىسى ۋاڭ
× كە ما چاڭشىڭنىڭ 165.20 يۈەن ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلىتىپ بېرىدۇ. رومىي كېسەللى
بار كىشى باشقىلارنى ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراتقان بولسا، ۋەسىيسىنى ئەھۋالغا قاراپ تۆلەم
جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا بۇيرىدى. رومىي كېسەل جۇ × بىرسىنى زەخىملەندۈرۈپ،
ئۇنى 208.23 يۈەن ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. سوت مەھكىمىسى بۇ زىياننى جۇ × نىڭ
دادىسىغا تۆلەتكۈزىدۇ.
(4) زىياننى تۆلىتىشتە قىلمىش سادىر قىلغۇچى باشقىلارنى جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملەن-
دۈرۈپ، ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلغان بولسا، قىلمىش سادىر قىلغۇچىغا تۆلەم تۆلەتكۈزدى.
ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلمىسە تۆلەم تۆلەتكۈزمىدى. باشقىلارنى جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملەن-
دۈرگەن بولسا، راسخوتى ئېشىپ قېپقالغان چاغدىكى ئىش ھەققى، مېيىپلەنگۈچىنىڭ تۇرمۇش
ياردەم پۇلى قاتارلىقلارنى زەخىملەندۈرگۈچىگە تۆلەتتى. ئۆلۈشكە سەۋەب بولغان بولسا، ئۆلگۈچە-
نىڭ دەپنە پۇلى ۋە ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا قاراپ، بېقىپ، بېقىپ تەربىيىلەپ كەلگەن كىشىلەر-
نىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى ۋە باشقا زۆرۈر راسخوتلىرىنى تۆلەشنى زىيانكەشلىك قىلغۇچىغا ئارتتى.
ھەم سىياسەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ھەم ئەقىلغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، زىيانكەشلىككە ئۇچ-
رىغۇچىنىمۇ ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراتمىدى، بەزىلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باشقىلارنى
قاقتى- سوقتى قىلىشىغىمۇ يول قويمىدى. كونكرېت خىزمەت داۋامىدا، دەۋالاشقۇچىلار تاپشۇر-
غان تالون، كېسەل تارىخى، دەم ئېلىش قەغىزى قاتارلىق ئىسپاتلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، تالون
بىلەن رېتسېپنى، كېسەل تارىخى بىلەن دىئاگنوزنى، دەم ئېلىش قەغىزى بىلەن ئىشنىڭ
يوقلىمىسىنى بىرمۇ بىر سېلىشتۇردى. ساختىلىق قىلىنغان ياكى رەسمىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدى-
غان قىسمىغا تۆلەم بەرگۈزمىدى. زىيانكەشلىك قىلغۇچى نامرات بولۇپ، ھەقىقەتەن تولۇق تۆلەم
بېرىش قۇربى بولمىسا، دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپكە خىزمەت ئىشلەپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇ-
چىنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۆلەمنى مۇۋاپىق يېنىكلەتتى.
1950 - يىلدىن بۇيانقى 36 يىلدا شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى
تۆلەم دېلوسىدىن 18 مىڭ 195نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. سوت پائالىيىتى ئارقىلىق،
باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىشتەك ھوقۇققا دەخلى يەتكۈزۈش قىلمىشىدا بولغانلارنى قانۇن قورالى
ئارقىلىق جازالاپ ھەمدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ مال - مۈلۈك زىيىنىنى تۆلەتكۈزۈپ،
قانۇن تەربىيىسى بېرىپ، دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك مال - مۈلكى ۋە پۇقرالارنىڭ شەخسىي مال-
مۈلكىنى، قانۇنلۇق جىسمانىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كۈچلۈك قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملى-
قى، ئىتتىپاقلىقىنى ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

## 1950 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان زىيان تۆلىمى دېلولىرىنىڭ كۆپىيىش ۋە ئازىيىش سىخېمىسى

سخېما: 4 — 7   بىرلىكى: يۈز



## قوشۇمچە

# تۆلەم دېلولىرىدىن مىسال

**بالىلار ئوت ئويناپ ئوت ئاپىتى پەيدا قىلغانلىقتىن زىياننىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا تۆلىتىلگەنلىكىگە دائىر مىسال**

ئىمىنئاخۇن، مۇسا توختى، مەمەتجانلار ئىشچى بولۇپ، ناھىيىلىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ ئائىلىكلەر قورۇسىدا تۇراتتى. ئۆيلىرى تۇتاش ئىناق قوشنىلاردىن ئىدى. 1983 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بۇ ئۈچ ئائىلىدىكى چوڭلارنىڭ ھەممىسى ئىشقا كەتكەندە، مۇسا توختىنىڭ 5 ياشلىق ئوغلى ئەخمەتجان، مەمەتجاننىڭ 5 ياشلىق ئوغلى مەمەت ئابلا ئۆز ئۆيلىرىدە ئويناپ قالدى، سائەت 5 ئەتراپىدا ئەخمەتجان مەمەت ئابلانى ھويلىسىغا كىرىپ ئويناشقا چاقىردى. ئەخمەتجان ئۆيىدىن سەرەڭگە ئېلىپ چىقىدۇ، ئىككىسى قورۇدا ئوت - چۆپلەرنى كۆيدۈرۈپ ئوينايدۇ، ئوت ئۇلغىيىپ مۇسا توختىنىڭ ئېغىلى ۋە بىر قويى كۆيۈپ كېتىپ 120 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولىدۇ. ئوت تېزلىكتە ئىمىنئاخۇننىڭ ئۆيىگە يامراپ، ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى ياغاچ، بورا قاتارلىق نەرسە - كېرەكلەر كۆيۈپ كېتىپ 600 يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىيان بولىدۇ. ئىمىنئاخۇن ئوڭلۇق ئادەم بولۇپ «بالىلار ئويناۋېتىپ ئوت قويۇۋەتكەن، بالىلار كىچىك، غەرەز ئۇقمايدۇ» دەپ تۆلەم تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، لېكىن ئۇ يەنە ئاغرىنىش تەلەپپۇزىدا بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ قويىدۇ. مۇسا توختى بۇ ئىش مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ، ئىمىنئاخۇن بىلەن تاكاللىشىدۇ، نەتىجىدە ئىمىنئاخۇن سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىپ، مۇسا توختى بىلەن مەمەتجاننىڭ زىياننى تۆلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

سوتتا ئىمىنئاخۇن مۇسا توختىنىڭ پوزىتسىيىسى ياخشى ئەمەس، تۆلەپ بەرمىسە بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالىدۇ؛ مۇسا توختى ئوت ئاپىتى مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ تۆلەپ بېرىشنى رەت قىلىدۇ.

سوت مەھكىمىسى نىكاھ قانۇنىنىڭ 17 - ماددىسىدىكى ۋە تۆلەم مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئالاقىدار قانۇن - سىياسەتلەردىكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەر دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتسا، ۋەسىيسى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىمىنئاخۇن تۆلەم تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق، مۇسا توختى بىلەن مەمەتجاننىڭ بالىلىرى ئۇنى زىيانغا ئۇچراتقان بولغاچقا، بۇ ئىككىسىنىڭ تۆلەم جاۋابكارلىقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار دەپ قاراپ، مۇرەسسە ئارقىلىق ئىمىنئاخۇن ئۇچرىغان زىياننىڭ %50نى تۆلەشكە كېلىشتۈرۈپ قويىدۇ، مۇسا توختىنىڭ بالىسى ئاساسلىق ئىش تېرىغۇچى بولغاچقا 200 يۈەننى، مەمەتجان 100 يۈەننى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ماجىرا ھەل بولۇپ، بۇ ئۈچ ئائىلىلىك يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىناق ئۆتىدۇ.

بەشىنچى قىسىم

# ئىقتىسادىي سوت

# بەشىنچى قىسىم

# ئىقتىسادىي سوت

جىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، شىنجاڭدا دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە سودا - سېتىقچىلار ئوتتۇرىسىدا پۇل، مال - مۈلۈك تالاش - تارتىشى تۈپەيلىدىن دەۋا ئىشلىرى يۈز بېرىپ قالسا، ئۇلارنى ئايماق - ناھىيىلەر، يامۇللار كېسىم قىلاتتى. مىنگو دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ خىل دەۋالار ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ تەۋەلىكىگە ئېلىنغان بولسىمۇ، يەنىلا ھەق تەلەپ دەۋالىرى قاتارىدا سورالدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادقا دائىر قانۇن - نىزاملار ئۈزلۈكسىز ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. 1950 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى «ئورگانلار، دۆلەت كارخانىلىرى، كوپېراتىپلارنىڭ توختام تۈزۈشكە ئائىت ۋاقىتلىق چارە»نى ئېلان قىلدى؛ 1963 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتى «زاۋۇت-كان مەھسۇلاتلىرىنى زاكاز قىلىش توختامىدىكى ئاساسلىق ماددىلار توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نى ئېلان قىلىپ، سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن، خەلق ئىگىلىكىگە دائىر تۈرلۈك ئىقتىسادىي ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشى بىر قەدەر ئېنىق ئاساسقا ئىگە بولدى. ئەمما بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ۋە تەرتىپى جەھەتتە، ئومۇمەن دەۋالاشقۇچىلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارمىقى ياكى مەمۇرىي جەھەتتىن مەسئۇل ئورگان مۇرەسسەگە رىياسەتچىلىك قىلدى ياكى بىۋاسىتە مەمۇرىي كېسىم چىقىرىپ دېلونى تاماملىدى. خەلق سوت مەھكىمىلىرى يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بولمىغان چاغلاردا بۇ خىل ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى ئومۇمەن قوبۇل قىلمىدى.

1979 - يىلدىن كېيىن ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش كۈندىن كۈنگە يۈكسەلدى، بازارلار ئاۋاتلاشتى، تاۋار ئوبوروت ساھەسىنىڭ دائىرىسى كۈنسايىن كېڭىيىپ باردى، شۇ سەۋەبتىن ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەرگە چېتىلىدىغان ماجىرالارمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئېھتىياجى بىلەن، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ۋە سوت قىلىش دائىرىسىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا كۆپەيدى ۋە تەڭشەلدى. 1979 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»دا: «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ۋە ئۆلكىگە، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق

يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدە 1980 - يىلى 3 - ئايدا ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى. ئارقىدىن ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە خەلق سوت مەھكىمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىدىمۇ ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى. 1983 - يىلى 9 - ئايدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىدىن 115ى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدە ۋە ئۇنىڭ شۆبىلىرىدە قۇرۇلغان ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى 3، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى (بىڭتۇەن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش شىلىرىدىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دە قۇرۇلغان ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى 24، ئاساسىي قاتلامدىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى (بىڭتۇەن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دە قۇرۇلغان ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى 88. شىنجاڭ بويىچە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرىگە 543 سوت كادىرى سەپلەپ بېرىلدى.

ئىقتىسادىي سوت — خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىكى بىر يېڭى ۋەزىپە، سەپلەنگەن ئىقتىسادىي سوت كادىرلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ ئىقتىسادقا ئائىت ئاساسىي بىلىمى ياكى ئىقتىسادىي ئەدلىيە تەجرىبىسى كەمچىل ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆزى كۇرس ئېچىش، ئەدلىيە نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ كۇرس ئېچىش ياكى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن كادىرلىرىنى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىغا ۋاكالىتەن تەربىيىلىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، شىنجاڭ بويىچە 340 تىن ئارتۇق (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىر 140 تىن ئارتۇق) ئىقتىسادىي سوت كادىرىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ چىقتى. بۇنىڭدىن سىرت، شىنجاڭدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىمۇ ئىقتىسادىي سوت كادىرلىرىنى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 14 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 520 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كۇرسقا قاتناشتى.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرى ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە خىزمەتتە تېزلىكتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتى ۋە ئىقتىسادىي قانۇن - تۈزۈملەرنى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ باردى. 1980 - يىلى 6 -، 7 - ئايلاردا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايونغا ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراشلىق مالىيە - ئىقتىساد، سودا، سودا - سانائەت، باج، بانكا، سۇغۇرتا، مۇھىت ئاسراش، ماددىي ئەشيا، كۆمۈر ۋە زاۋۇت، كان - كارخانا ئورۇنلىرى بولۇپ 40 نەچچە ئىگىلىك باشقۇرۇش تارمىقى ۋە ئورۇنغا ئادەم ئەۋەتىپ، بىرلىكتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر مۇنچە تارماقلار ۋە ئورۇنلاردا قانۇنچىلىق قارىشىنىڭ ئاجىزلىقى، توختام باشقۇرۇشنىڭ قالايمىقانلىقى، ئىقتىسادىي ماجىرالارنىڭ كەۋدىلىكلىكى، ئېغىر مەسئۇلىيەت ۋەقەلىرىنىڭ ئۈزۈلمەيۋاتقانلىقى، مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېغىر دەرىجىدە ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقى شۇنداقلا خىيانەتچىلىك، ئىسراپچىلىق، باج ئوغرىلاش، باجدىن قېچىش، ھايانكەشلىك قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ئېغىر بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي سوت كادىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ۋە خىزمەتنى تېز قانات

پايدۇرۇشتىكى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. جايلاردىكى خەلق سوت مەھكەمىلىرى يەنە گېزىت، رادىئو ۋە يىغىن قاتارلىق يوللاردىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى ۋە ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىنىڭ تەرتىپى، ۋەزىپىلىرىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىپ، بەزى ئادەملەردىكى «دەۋالىشىش، سوتقا چىقىش ئۇياتلىق ئىش» دەيدىغان قاراشنى تۈگەتتى. پۇقرالارنىڭ ياكى ئورگانلارنىڭ قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى ئاشۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىر مۇنچە ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرى ئەرز قىلىندى.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرىنىڭ دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى جەھەتتە 1982 - يىلدىن ئىلگىرى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرىنىڭ دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى پىكىر»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، زاۋۇت، كان، كارخانىلارغا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئورۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش قاتارلىق جەھەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى دېلولىرى سىناق تەرىقىسىدە بېجىرىلگەندىن باشقا، يەنە بەلگىلىمە بويىچە ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىمۇ بېجىرىلگەنىدى. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى 1982 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە «ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىنى بىر تۇتاش جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىلىرىگە تاپشۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. شۇ يىلى 8 - ئايدا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىر قىسىم ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىنى قوبۇل قىلىشنى توختىتىش توغرىسىدىكى روھىنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرى 1983 - يىلدىن ئېتىبارەن ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىنى قوبۇل قىلمىدى.

1984 - يىلى 1 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى تۈزۈپ چىققان «ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرىنىڭ دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى، چەت ئەلگە چېتىشلىق ئىقتىسادىي ماجىرا، يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختام ماجىراسى، ئىقتىسادىي زىياننى تۆلىتىش ماجىراسى، ئىقتىسادقا چېتىلىدىغان مەمۇرىي دەۋا ۋە باشقا ئىقتىسادىي ماجىراغا ئوخشاش ئالتە تۈرلۈك ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىنى قوبۇل قىلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» بىلەن «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخا)» 1982 - يىلى كۈچكە ئىگە بولۇپ يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. 1984 - يىل 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - قېتىملىق ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، 1 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۆت يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى ئاساسىي ئەھۋالىنى ئەسلەپ ئۆتتى، دەسلەپكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى. يىغىندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى. 1984 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىدىن 2155ى قوبۇل قىلىندى، بۇ ئۆتكەن تۆت يىل ئىچىدە قوبۇل قىلىنغان شۇ

خىلدىكى دېلو ئومۇمىي سانى بىلەن تەڭ. 1985 - يىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋۇجياچۈدە ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى تەجرى. بىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى ۋە خەلق سوتىدىن ئالتىسى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ، تۆت كوللېگىيە باشلىقى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. يىغىندىن كېيىن شىنجاڭ بويىچە «دېلونى كۆپ بېجىرىش، دېلونى تېز بېجىرىش، دېلونى ئوبدان بېجىرىش» تەجرىبىسى كېڭەيتىلدى. نەتىجىدە 1985 - يىللىق ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1985- يىلى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان دېلو 7500 بولۇپ، 1984 - يىلدىكىسىدىن ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك، ئالدىنقى تۆت يىلدىكىنىڭ يىغىندىسىدىن 3015ى كۆپەيدى.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرى خىزمەت داۋامىدا، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخا)» دا بەلگىلەنگەن دەۋا قىلىش تەرتىپى ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن تۈزۈملەرنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، دېلولارنى قانۇن بويىچە بېجىرىشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇردى. 1985 - يىلى تاماملانغان دېلولار ئىچىدە ئاددىي تەرتىپ قوللىنىلغىنى 5168 بولۇپ، تاماملانغان ئومۇمىي دېلو سانىنىڭ %84.14نى ئىگىلىدى؛ ئادەتتىكى تەرتىپ قوللىنىلغىنى 972 بولۇپ، تاماملانغان دېلو سانىنىڭ %15.82نى ئىگىلىدى؛ ئوچۇق سوت قىلىنغىنى 2428 بولۇپ، ئوچۇق سوت قىلىنىشقا تېگىشلىك دېلو سانىنىڭ %90.26نى ئىگىلىدى؛ سەييارە سوت قىلىنغىنى 796 بولۇپ، تاماملانغان دېلو سانىنىڭ %12.03نى ئىگىلىدى.

شىنجاڭدا ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىنىڭ ئۇچقۇشلۇق قانات يايدۇرۇلغانلىقى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرتىپىنى قوغداش، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش، پارتىيىنىڭ ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش فاڭجېن - سىياسەتلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

### 1980 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە قوبۇل قىلىنغان دەسلەپكى سوت قىلىنغان ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرى

جەدۋەل: 5 — 1

| يىل / سانى / نامى | ئىقتىسادىي توختام دېلولىرى | | | | | | | | | | | | | | ئىقتىسادقا چېتىلىدىغان مەمۇرىي دېلو | قەرزدارلىق دېلوسى | زىيان تۆلەش دېلوسى | سودا - سېتىق ماجىراسى | باشقا ئىقتىسادىي دېلولار | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يىغىندىسى | سېتىۋېلىش - سېتىش توختامى | قاتناش قۇرۇلۇشىدا مەبلەغ سېلىش، ئىشلەپچىقىرىشقا ھۆددىگەرلىك قىلىش توختامى | ترانسپورت توختامى | مال - مۈلۈك ئىجارە توختامى | قەرز پۇل توختامى | سودا - سېتىق توختامى | يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھۆددىگەرلىك توختامى | توك بىلەن تەمىنلەش توختامى | مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى توختامى | پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ئەمگەك مۇلازىمىتى توختامى | كىرىدىت توختامى | باشقا ئىقتىسادىي توختاملار | چەت ئەلگە چېتىشلىق ئىقتىسادىي دېلو | | | | | | |
| 1980 | 42 | | | | | | | | | | | | 42 | | | 17 | 10 | | 34 | 103 |
| 1981 | 246 | 161 | 45 | 6 | | | 30 | | | | 4 | | | | | | | | 24 | 270 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 991 | 198 | 29 | 39 | 98 | | | | | 15 | | | 25 | | | 9 | 27 | 274 | 277 | 627 | 1982 |
| 966 | 98 | | | | 31 | | 96 | | 1 | | 2 | | | 48 | 24 | 82 | 271 | 313 | 837 | 1983 |
| 2155 | 401 | | | | 143 | 11 | 207 | | 29 | 3 | 8 | | | 132 | 32 | 110 | 419 | 660 | 1600 | 1984 |
| 7500 | 757 | | 106 | | 34 | | 1794 | | 7 | 11 | 4 | 629 | | 401 | 103 | 293 | 954 | 2407 | 6608 | 1985 |
| 11985 | 1512 | 29 | 155 | 115 | 208 | 11 | 2139 | 4 | 52 | 14 | 14 | 654 | 30 | 581 | 168 | 518 | 1963 | 3818 | 9955 | جەمئي |

# I  باب

# ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى دېلولىرى

## 1 § . دېلولارنى قوبۇل قىلىشتىكى قانۇنىي ئاساس

1980 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى دېلولىرىنى سىناق تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىپ ئىشلىدى. بۇ باسقۇچتا قوبۇل قىلىنغان دېلولارنىڭ دائىرىسى توغرىسىدىكى قانۇنىي ئىجرا قىلىش ئاساسى مەسىلىسىدە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1980 ـ يىل 7 ـ ئايدا تارقاتقان «خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرىنىڭ دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى پىكىر»ى ئىجرا قىلىندى.

1982 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)» ئېلان قىلىندى، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمە-لىرى ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى دېلولىرىنى قوبۇل قىلغاندا، مەزكۇر قانۇننىڭ 23 ـ ماددىسىدىكى «توختام ماجىراسى يۈزىسىدىن قىلىنغان دەۋالار توختام ئىجرا قىلىنغان جايدىكى ياكى توختام تۈزۈلگەن جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ» دېگەن بەلگىلىمە بويىچە بېجىردى. ئىككىدىن ئارتۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقى بار دەۋالاردا مەزكۇر قانۇننىڭ 31 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، دەۋاگەرنىڭ بۇ خەلق سوت مەھكىمىلىرىدىن بىرىنى تاللىۋېلىشىغا يول قويۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر قانۇننىڭ 29 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن يۇقىرىقى 23 ـ ماددىنى ئىجرا قىلىش قىيىن بولۇپ قالغاندا، 20 ـ ماددىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئەرز قىلىنغۇچى تەرەپ تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى بويىچە ئىش قىلىندى.

دەۋالاشقۇچى تەرەپ كېسىم ئورگانلىرىغا كېسىم قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلغان، كېسىم ئورگانلىرىمۇ دېلو تۇرغۇزۇپ دەۋاغا جاۋاب بېرىش ئۇقتۇرۇشىنى تارقاتقانلاردىن يەنە بىر تەرەپ جاۋاب بېرىشنى رەت قىلىپ خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغانلىرىدا، دەۋالاشقۇچىنىڭ ئەرزى «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخا)»نىڭ 81 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن

كەلسىلا، خەلق سوت مەھكىمىسى بۇنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما دەۋالاشقۇچى تەرەپ كېسىم ئورگانلىرىغا جاۋاب بەرگەن ھەمدە كېسىمگە قاتنىشىش توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغانلىرىنى خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلمىدۇ. پەقەت كېسىم ئورگانلىرى كېسىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دەۋالاشقۇچى تەرەپ ياكى ئىككىلا تەرەپ كېسىمگە قايىل بولماي، ئۈنۈملۈك مۆھلەت ئىچىدە شۇ كېسىم ئورگىنى تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغانلىرىلا خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ.

1982 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى قاراپ چىقىش ئىشى ئەمەلىي قانۇن ئاساسىغا ئىگە قىلىندى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، گوۋۇيۈەن «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، يەنە «قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش - لايىھەلەش توختام نىزامى» (1983 - يىلى)، «بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىك توختامى نىزامى» (1983 - يىلى)، «مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى توختامى نىزامى» (1983 - يىلى)، «زاۋۇت، كان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش توختامى نىزامى» (1984 - يىلى)، «يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش توختامى نىزامى» (1984 - يىلى)، «پىششىقلاپ ئىشلەشنى ھۆددىگە ئېلىش توختامى نىزامى» (1984 - يىلى)، «پۇل قەرز ئېلىش توختامى نىزامى» (1985 - يىلى) قاتارلىق بىرقاتار مۇھىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىقتىسادىي توختام ماجىرالىرىنى قاراپ چىقىشقا دائىر تەستىق جاۋاب، يوليورۇق ۋە پىكىرلىرىمۇ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دېلولارنى قاراپ چىقىشتىكى مۇھىم ئاساسى بولدى.

## §2 . ئىناۋەتسىز ئىقتىسادىي توختاملارنى بېكىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش

### 1. ئىناۋەتسىز ئىقتىسادىي توختاملارنى بېكىتىش

«ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن دەۋالاشقۇچى تۈزگەن ئىقتىسادىي توختاملاردىن مەزكۇر قانۇننىڭ 7 - ماددا 1 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىنىڭ مەزمۇنىغا چۈشىدىغانلىرى توختام باشقۇرغۇچى ئورگانلار ياكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى تەرىپىدىن ئىناۋەتسىز توختام قىلىپ بېكىتىلىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت ئەمەلىيىتىدە، ئىقتىسادىي توختاملارنى ئىناۋەتسىز دەپ بېكىتىشتە، ئادەتتە تۆۋەندىكى تۆت تەرەپتىن تەكشۈرۈلىدۇ.

1) ئىقتىسادىي توختام سۇبيېكتىنىڭ قانۇنلۇق سالاھىيەتكە ئېرىشكەن - ئېرىشمىگەنلىكى تەكشۈرۈلىدۇ.

ماجىرادىكى دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ كارخانا، كەسپىي ئورۇن ياكى باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلات بولغان بولسا، ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتىنىڭ بار - يوقلۇقى تەكشۈرۈلىدۇ. دۆلەت قانۇنىي ئىگە توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىشتىن بۇرۇن، ئاساسلىقى شۇ كارخانا، كەسپىي ئورۇننىڭ ياكى ئىقتىسادىي تەشكىلاتنىڭ دۆلەتنىڭ تەستىقىنى ئالغان - ئالمىغانلىقى ۋە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە تەشكىل قىلىنغان مۇستەقىل ئىقتىسادىي ھېسابات تەشكىلى بولغان - بولمىغانلىقى تەكشۈرۈلىدۇ. بىر تەرەپ يەككە سودا - سانائەتچى،

كەسپىي ئائىلە بولغان بولسا، ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى- نىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، قانۇن بويىچە تىزىمغا ئالدۇرۇلۇپ تىجارەتكە كىرىشكەن ـ كىرىشمىگەنلىكى تەكشۈرۈلىدۇ. سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا تىزىمغا ئالدۇرمى- غان، گۇۋاھنامىسىز تىجارەت قىلغانلىرى ئىمزالىغان توختام ئىناۋەتسىز توختام ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي توختام تۈزگۈچىلەرنىڭ ۋەكالەتلىك سالاھىيىتى ۋە ۋەكالەتلىك ھوقۇق دائىرىسى تەكشۈرۈلىدۇ. ئومۇمەن ۋاكالەتچى باشقا ئورۇنلارنىڭ نامىدىن پايدىلانغان ياكى ھوقۇق دائىرىسىدىن ئېشىپ كەتكەن ۋە ياكى ھاۋالە قىلىنغۇچى نامىدا ئۆزى بىلەن ياكى ئۆزى ۋەكالەتلىك قىلىۋاتقان باشقا بىرسى بىلەن توختام تۈزۈشكەن بولسا، بۇنداق توختاملار ئىناۋەتسىز توختام ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ۋاكالەتچىلىك قىلغۇچى ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ تۈزگەن توختاملاردىن، ماجىرا يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ۋاكالەتچىلىك قىلىنغۇچى تەرىپى- دىن ئېتىراپ قىلىنغان شۇنداقلا توختام تۈزۈشكۈچىلەردە ھاۋالەنامە بولمىغان، لېكىن ھاۋالە قىلغان ئورۇننىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئوخشاش ھۆججەتلىرى بولغانلار تۈزۈشكەن توختام ئىناۋەتكە ئىگە توختام دەپ قارالىدۇ.

2) ئىقتىسادىي توختام مەزمۇنىنىڭ قانۇنلۇق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش.

بىرىنچىدىن، توختام نىشانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت جەھەتتە قانۇن ـ سىياسەتلەر رۇخسەت قىلىنغان دائىرىگە كىرىدىغان ـ كىرمەيدىغانلىقى تەكشۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش مەنئى قىلىنغانلىرى توغرىسىدىكى توختاملار ئىناۋەتسىز قىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، توختام نىشانىنىڭ سانى، باھاسى، خىلاپلىق جاۋابكارلىقى قاتارلىقلارنىڭ دۆلەتنىڭ پىلانى، قانۇن- نىزامى ۋە سىياسىتىگە خىلاپ كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقى تەكشۈرۈلۈپ، خىلاپ كەلگەن- لىرى ئىناۋەتسىز دەپ بېكىتىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، توختام مەزمۇنىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتى ۋە جامائەت مەنپەئىتىگە خىلاپ كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقى، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقى تەكشۈرۈلۈپ، مەسىلە بارلىرى ئىناۋەتسىز دەپ بېكىتىلىدۇ.

3) ئىقتىسادىي توختام تۈزۈشكۈچىلەر تەكشۈرۈلىدۇ.

توختامنىڭ تۈزۈلۈش جەريانىدا، ئىرادە ئىپادىسىنىڭ راست بولغان ـ بولمىغانلىقى، باراۋەر- لىكتە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، كېڭىشىپ بىرلىككە كېلىش، تەڭ قىممەتتە ھەق بېرىش پرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقى تەكشۈرۈلۈپ، يۇقىرىقى 3 پرىنسىپتىن بىرىگە خىلاپ بولغانلىرى ئىناۋەتسىز دەپ بېكىتىلىدۇ.

4) ئىقتىسادىي توختاملارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن شەكىللەرگە ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولغان ـ بولمىغانلىقى تەكشۈرۈلىدۇ.

قانۇن بويىچە يازما شەكىلدە تۈزۈلۈشكە تېگىشلىك بولۇپ، ئاغزاكى تۈزۈلۈپ قالغان ئىقتى- سادىي توختاملار ئىناۋەتسىز دەپ بېكىتىلىدۇ، قانۇن ـ نىزاملاردا يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن كۈچكە ئىگە قىلىنىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەن- گەن توختاملاردىن قانۇندا بېكىتىلگەن تەستىقلاش رەسمىيىتى بېجىرىلمىگەنلىرى ئىناۋەتسىز ھېسابلىنىدۇ.

ئىقتىسادىي توختاملاردىن ئىناۋەتسىز دەپ ھېسابلانغانلىرى تۈزۈلگەندىن تارتىپلا قانۇنىي چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولمايدىغان، قانۇن تەرىپىدىن قوغدالمايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا بەلگىلەن- گەن ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت تەبىئىي رەۋىشتە ئىناۋەتسىز قىلىنىپ، ئىجرا قىلىنىشتىن توختىتىلىدۇ.

## 2. ئىناۋەتسىز ئىقتىسادىي توختامنى بىر تەرەپ قىلىش

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىناۋەتسىز ئىقتىسادىي توختاملاردىن پەيدا بولغان مال - مۈلۈك دەۋالىرىنى ئوخشاشلا «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»نىڭ 16 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن قايتۇرۇپ بەرگۈزۈش، تۆلىتىپ بېرىش ياكى سۈرۈشتۈرۈشتىن ئىبارەت 3 خىل چارە بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. سوبيېكتىپ جەھەتتە سەۋەنلىك خاراكتېرىنى ئالغان خاتالىق سادىر قىلىنغان، ئوبيېكتىپ جەھەتتە قانۇنغا، سىياسەتكە ۋە پىلانغا خىلاپ كېلىدىغان ياكى توختام تۈزگۈچىنىڭ ھەقىقىي ئىرادىسىگە خىلاپ كېلىسغان ۋە ياكى ۋاكالەتچىلىك ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىغان ئىناۋەتسىز ئىقتىسادىي توختاملاردا، قانۇن بويىچە مال - مۈلۈكنى قايتۇرۇپ بېرىش كېسىم قىلىنىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچى تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپكە توختام ئىناۋەتسىز قىلىنغانلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەپ بېرىشى بۇيرۇلدى. ئىككىلا تەرەپتە سەۋەنلىك بولغانلىرىدا، مال - مۈلۈك قايتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىنكى زىياننى تۆلىتىش مەسىلىسىدە، سەۋەنلىكنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ ھەر قايسى تەرەپ ئۆز ئۈلۈشى بويىچە تۆلىدى.

ئىناۋەتسىز توختاملاردا سوبيېكتىپ جەھەتتە قەستەنلىك بولغان، ئوبيېكتىپ جەھەتتە قانۇنغا، سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىنغان بولۇپلا قالماي، دۆلەت مەنپەئىتىگە ۋە جامائەت مەنپەئىتىگە خىلاپ بولغانلىرىدىن يالغان ئىقتىسادىي توختام تۈزۈشكە ياكى ئىقتىسادىي توختامدىن پايدىلىنىپ ئېغىزدا ئېلىپ - ساتقان، شەھۋانىي مەزمۇندىكى ھۆسنخەت - رەسىملەر، سىنئالغۇ ماتېرىياللىرى ۋە سۈپىتى ناچار، خەلقنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان دورىلار، چىرىپ سۈپىتى ئۆزگەرگەن يېمەكلىكلەر ياكى چەكلەنگەن بۇيۇملارنى ئېلىپ ساتقانلارنىڭ ئېرىشكەن ياكى ئېرىشمەكچى بولغان مال - مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ دۆلەتكە تاپشۇرۇلدى. ئەگەر زىياننى توختامدىكى مەلۇم بىر تەرەپنىڭ قەستەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، ئۇ ئىككىنچى تەرەپتىن ئىگە بولغان مال - مۈلۈكنى قايتۇرۇپ بەردى. ئىككىنچى تەرەپ ئەگەر شۇ سەۋەبتىن زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، قەستەنلىكى بار تەرەپ زىياننى تۆلەپ بەردى.

بەزى توختاملارنىڭ پەقەت ئايرىم ماددىلىرىلا ئىناۋەتسىز قىلىنىدى. «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»نىڭ 7 - ماددىسىدىكى «ئىقتىسادىي توختامنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە ۋە قالغان قىسمىنىڭ ئىناۋەتلىك بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزمىسە، قالغان قىسمى ئىناۋەتلىك بولۇۋېرىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن توختامنىڭ ئىناۋەتلىك قىسمى قانۇن بويىچە قوغدالدى ھەمدە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىنىدى، توختام ماددىلىرى بويىچە ھوقۇق، مەجبۇرىيەت بېكىتىلدى، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ خىلاپلىق جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلدى. ئىناۋەتسىز قىسمى ئىناۋەتسىز توختاملارنى بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى ۋە چارىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدى. ۋاكالەتلىك قىلغۇچىلارنىڭ نورمال پائالىيىتىدە خىزمەت سەۋەنلىكى ياكى قانۇنسىز مەنپەئەتكە ئېرىشمەكچى بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئىناۋەتسىز قىلىنغان توختاملاردا، ئىككىنچى تەرەپ ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىتىلغان بولسا، بىر تەرەپ قىلىشتا، ئومۇمەن، ھاۋالە قىلىنغۇچى ئىقتىسادىي جاۋابكارلىقنى ئاۋۋال ئۈستىگە ئالدى، ئاندىن كېيىن ئۇ ۋاكالەتچىلىك قىلغۇچىدىن تۆلىتىۋالدى. لېكىن ۋاكالەتچى ۋاكالەتچىلىك قىلىنغۇچىنىڭ نامىدا ھاۋالىگە مۇناسىۋەتسىز پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، توختام ئىناۋەتسىز قىلىنغان بولسا، ۋاكالەتچى ئىقتىسادىي جاۋابكارلىقنى بىۋاستە ئۈستىگە ئالدى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى كېيىن ۋاكالەت-

چىلىك قىلىنغۇچىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغان بولسا، ئۇ ۋاكالەتچىلىك قىلىنغۇچىنىڭ ھەرىكىتى دەپ ھېسابلىنىپ ئىقتىسادىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشقا بۇيرۇلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىناۋەتسىز ئىقتىسادىي توختاملارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە، تۆرلۈك ئەھۋالغا قاراپ ھەر خىل ئۇسۇل قوللاندى. بىرى، ئاۋۋال كېيىن ئارقىلىق بېكىتىلىپ، ئاندىن كېيىن مال - مۈلۈك ماجىراسى مۇرەسسە بىلەن ھەل قىلىندى. لېكىن ئىقتىسادىي توختامدىن پايدىلىنىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياكى جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالاشقا، ھەتتا جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كەلگەندە، ھۆكۈم قىلىنىپ ياكى يۆتكەپ بېرىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئىككىنچىسى، ھۆكۈم بىلەن بېكىتىلدى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى. بولۇپمۇ تۆلىتىۋېلىش، جەرىمانە قويۇشقا چېتىلىدىغان ئىناۋەتسىز توختاملار ھۆكۈم قىلىش يولى بىلەن بېكىتىلدى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى. ئۈچىنچىسى، تۆلىتىۋېلىش ۋە جەرىمانە قويۇش تۈرىگە كىرمەيدىغان ئىناۋەتسىز توختاملارمۇ مۇرەسسەنامە چىقىرىش يولى بىلەن بېكىتىلدى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى يەنى مۇرەسسەنامىدە ھەق - ناھەق مەسئۇلىيىتى بېكىتىلىپ، توختام ئىناۋەتسىز دەپ ئېنىق يېزىلدى، ئاندىن مال - مۈلۈك ماجىراسىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ھاسىل قىلىنغان كېلىشىم يېزىلدى. شۇنداق قىلىپ، توختاممۇ ئىناۋەتسىز قىلىندى، ئىككى تەرەپ سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىمىنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە قىلىندى، ئادەتتە ئىجرامۇ ئوڭۇشلۇق بولدى.

## 3 § . خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى بېكىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىناۋەتلىك ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» نىڭ 6 - ماددىسىدىكى «ئىقتىسادىي توختام قانۇن بويىچە تۈزۈلگەن ھامان قانۇنىي چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ، توختام تۈزۈشكەنلەر توختامدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىشى لازىم. ھەر قانداق بىر تەرەپ توختامنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتمەسلىكى ياكى بىكار قىلماسلىقى شەرت» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، توختامدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمىغان ياكى تولۇق ئادا قىلمىغان ھەر قانداق بىر تەرەپنىڭ قانۇن بويىچە توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى بېكىتىپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، ئىقتىسادىي توختامنىڭ نوپۇزىنى ۋە ئالاقىدارلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىدى.

سوت قىلىش ئەمەلىيىتىدە، دېلو پاكىتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن، «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» نىڭ 32 - ماددا 1 - تارمىقىدىكى توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى سەۋەبلىك ئۆتكۈزگەن تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ، دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئالاقىدارلارنىڭ خىلاپلىق جاۋابكارلىقى بېكىتىلدى. توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى بېكىتىشتە ئادەتتە مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئەھۋال كۆرۈلدى. بىرى، بىر تەرەپ توختامغا خىلاپلىق قىلغان، ئەمما ئىككىنچى تەرەپكە زىيان يەتكۈزىدىغان ئاقىۋەتنى كەلتۈرمىگەن. بۇنداق ئەھۋالدا، توختام تۈزگۈچىنىڭ سەۋەبلىكى بىلەن توختام ئىجرا قىلىنمىسا ياكى تولۇق ئىجرا قىلىنمىسا، توختامغا

خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى بېكىتىلدى، بىر تەرەپ قىلىشتا توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچى قارشى تەرەپكە خىلاپلىق قىلىش سوممىسى تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلىندى. يەنە بىر تۈرى، بىر تەرەپ توختامغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىككىنچى تەرەپكە زىيانلىق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلتۈرگەن زىيىنى توختامدا بەلگىلەنگەن توختامغا خىلاپلىق قىلىش سوممىسىدىن ئېشىپ كەتكەن، بۇنى بىر تەرەپ قىلىشتا توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ ئىككىنچى تەرەپكە توختامغا خىلاپلىق قىلىش سوممىسى ۋە تۆلەم تۆلىشى توغرىسىدا قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىلدى. توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ جاۋابكارلىقىنى بېكىتىشتە، توختامنى ئىجرا قىلمىغان ياكى تولۇق ئىجرا قىلمىغان قىلمىشىنىڭ بار - يوقلۇقى، مال - مۈلۈكنىڭ زىيانغا ئۇچرىغانلىقىنى ئىسپاتلىغۇدەك پاكىتنىڭ بار - يوقلۇقى، توختامغا خىلاپلىق قىلىشتا سوبيېكتىپ قەستەنلىكنىڭ ياكى سەۋەنلىكنىڭ بار - يوقلۇقى، سەۋەنلىك ھەرىكىتى بىلەن زىيانلىق ئاقىۋەت ئوتتۇرىسىدا سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنىڭ بار - يوقلۇقى قاتارلىقلار تەكشۈرۈلۈپ، ھەر تەرەپلىمە تەھلىل يۈرگۈزۈلدى ھەمدە توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى يەنى ئاساسلىق جاۋابكارلىق بىلەن ئاساسلىق بولمىغان جاۋابكارلىق، تولۇق جاۋابكارلىق بىلەن قىسمەن جاۋابكارلىق ئېنىق ئايرىلدى. توختامغا خىلاپلىق جاۋابكارلىقى ئايرىلغاندىن كېيىن، جاۋابكارلىقنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن قانۇن بويىچە خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ ئىككىنچى تەرەپكە تۆلەيدىغان توختامغا خىلاپلىق قىلىش سوممىسى ۋە تۆلەم سوممىسى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلدى.

يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگان ياكى كەسپىي جەھەتتە مەسئۇل ئورگاننىڭ سەۋەنلىكى بىلەن زىيانلىق ئاقىۋەت كېلىپ چىققان بولسا، «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»نىڭ 30 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگان بىلەن كەسپىي جەھەتتە مەسئۇل ئورگاننىڭ توختام تۈزۈشكۈچى بىر تەرەپكە نىسبەتەن خىلاپلىق ھەرىكىتى بەدىلىگە جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالدى. ئەمما بىر تەرەپ قىلىشتا، توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچى تەرەپ ئىككىنچى تەرەپكە توختامغا خىلاپلىق قىلىش سوممىسى ياكى تۆلەم تۆلىدى، ئاندىن جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالغۇچى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگان بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولدى.

ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى دېلولىرىدا ئىقتىسادىي جاۋابكارلىق ئايرىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، شۇ توختامنى داۋاملىق ئىجرا قىلىش - قىلماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت بولىدۇ. «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»نىڭ 35 - ماددىسىدىكى «ئىككىنچى تەرەپ توختامنى داۋاملىق ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنى داۋاملىق ئىجرا قىلىش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن، دېمەك، ئىككىنچى تەرەپ تەلەپ قىلسىلا، ئادەتتە توختامنى داۋاملىق ئىجرا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەسلىدە تۈزۈلگەن توختامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە توغرا كەلگەندە، ئىككى تەرەپ يېڭىۋاشتىن مەسلىھەتلىشىپ داۋاملىق ئىجرا قىلدى.

## § 4 . جىنايەتكە چېتىلىدىغان ۋە باشقا قانۇنغا خىلاپ بولغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا جىنايى قىلمىشقا ياتىدىغان دېلولارنى بايقىغان

ھامان ئىقتىسادىي جىنايەتكە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى دېلو تۇرغۇزۇپ تەھقىقلەش ئۈچۈن باشقۇ-
رۇش ھوقۇقى بولغان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ياكى تەپتىش ئورگانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ
بەردى. مەسىلەن: غۇلجا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىيائىسۇ ئۆلكىسىدىكى چىدۇڭ
ناھىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق «5022» قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ ۋاڭ يۇڭ ئۈستىدىن قىلغان
سېتىۋېلىش - سېتىش توختامىدىكى مال پۇلىنى نېسى قالدۇرغانلىقى توغرىسىدىكى ماجىرا
دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا جاۋابكار ۋاڭ يۇڭنىڭ كېرەكسىز پولات ماتېرىيالى سېتىۋې-
لىش - سېتىش توختامىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دەۋاگەرنىڭ ئالدىن تاپشۇرغان
20 مىڭ يۈەن پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت جىنايەت پاكىتىنى بايقىغاندىن كېيىن،
تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ دېلو تۇرغۇزۇپ تەھقىقلىشىگە ئۆتكۈزۈپ
بەردى، كېيىن بۇ دېلو ئېيىبلىنىپ، جىنايەتچى ۋاڭ يۇڭغا ئالدامچىلىق، خىيانەتچىلىك جىنايىتى
بىلەن 15 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى. لېكىن بىر مۇنچىلىغان ئىقتىسادىي سوت
خادىملىرىنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، ئىقتىسادىي توختامدىن پايدىلىنىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسى-
لىسى يېڭى دەۋردە پەيدا بولغان يېڭى مەسىلە بولغانلىقتىن، خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن
جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش ئورگىنىنىڭ بەزىبىر كونكرېت دېلولارغا بولغان قارىشى كۆپ
ھاللاردا ئوخشاش بولماي قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى دېلولىرىدا بايقالغان
جىنايەت دېلولىرىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىش قېيىن بولىدىغان ياكى بىر - بىرىگە ئىتتىرىشىدىغان
ھەتتا بەزىدە جىنايەتچىلەر قېچىپ كېتىپ دېلونى ئاياغلاشتۇرغىلى بولماي قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ
كۆرۈلگەن.

ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا بايقالغان ئىقتىسادىي
توختام ئارقىلىق ئېغىزدا ئېلىپ - ساتىدىغان، قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ پايدا ئالىدىغان،
قانۇنسىز ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان، پارا بېرىدىغان ۋە پارا ئالىدىغان ھەم دۆلەت مەنپەئەتىگە ۋە جامائەت
مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەردىن جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەنلىرىنى
خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئومۇمەن 1982 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى گ [1982] 73-
نومۇرلۇق «ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. يەنى «ئادەتتە سودا سانائەت
مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەي، بىۋاسىتە سوت
مەھكىمىسى تەرىپىدىن قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشى بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، خىزمەت
تەرتىپى ئاددىيلىشىدۇ، دېلولارمۇ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بەزىبىر پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللاردا،
سوت مەھكىمىلىرى بىۋاسىتە بىر تەرەپ قىلىشقا قولايسىز بولغاندا (مەسىلەن: جاۋابكار باشقا
جايدا بولغاندا) سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار-
نىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ، دېگەن روھ بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدى.

## قوشۇمچە

## سېتىۋېلىش - سېتىش توختامىغا ئائىت دېلو مىسالى

**شۆەنباۋ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ قىزىلتاغ سودا سارىيى ئۈس-
تىدىن ئەرز قىلغان سېتىۋېلىش - سېتىش توختام ماجىراسى دېلوسى**

جىيائىسۇ ئۆلكىسى تەيشەڭ ناھىيىسىدىكى شۆەنباۋ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش

زاۋۇتى ياللاۋاتقان مال ساتقۇچى ۋۇجىشىڭ بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ سودا سارىيىنىڭ مەدەنىيەت بۇيۇملىرى بۆلۈمىنىڭ مال سېتىۋالغۇچىسى جۇ شۇفېي 1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇ شۇفېينىڭ ئۆيىدە سودا سارىيىنىڭ توختامغا ئائىت مەخسۇس تامغىسى بېسىلغان سودا تالونى ئارقىلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ بۇ سودا سارىيىنى 900 دانە يۇقىرى، ئوتتۇرا بېسىملىق كلاپان بىلەن تەمىنلىشى توغرىسىدا سېتىۋېلىش - سېتىش توختامى تۈزگەن، توختامنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 77 مىڭ 800 يۈەن بولغان. جۇ شۇفېي سودا سارىيىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا بېسىملىق كلاپان سودىسى بىلەن شۇغۇللانمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئىككەيلەن ۋاقتى كەلگەندە «مەھسۇلات سۈپىتى ناچار» دېگەن باھانە بىلەن مالنى قايتۇرۇشقا كېلىشكەن (دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتلاردا سۈپەت مەسىلىسى كۆرۈلگەندە زاۋۇت ئىگە بولىدىغانلىقى، مال ساتقۇچىنىڭ خىراجىتىگە تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدا بەلگىلىمىسى بار ئىدى). دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى توختامنى تاپشۇرۇۋېلىپ، شۇ جايدىكى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا تىزىمغا ئالدۇرغاندىن كېيىن، بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى زاۋۇت سودا سارىيىغا 6 دانە ئەۋرىشكە ئەۋەتكەن. جۇ شۇفېي يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەسلىھەت بويىچە «ئەۋرىشكىنىڭ سۈپىتى ناچار» دېگەن سەۋەب بىلەن زاۋۇتقا توختامنى بىكار قىلىش توغرىسىدا تېلېگرامما ئەۋەتكەن. زاۋۇت تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ۋۇ جۇشېڭنى بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن. ۋۇ جىشېڭ توختامنىڭ يالغان توختام ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، ئۈرۈمچىدىن زاۋۇتقا يالغاندىن «ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدۇ، مال ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن پۇل تاپشۇرۇلىدىغان بولىدى» دەپ تېلېگرامما ئەۋەتكەن. زاۋۇت بۇنىڭغا ئىشىنىپ كۆپ مىقداردا كلاپان ئىشلەپچىقىرىشنى باشلىغان ھەمدە شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سودا سارىيىغا 110 دانە كلاپان ئەۋەتكەن. جۇ شۇفېي 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يەنە زاۋۇتقا «كىم ئۆز ئالدىغا مال ئەۋەتسە، زىيانغا شۇ ئىگە بولىدۇ» دەپ تېلېگرامما ئەۋەتكەن. زاۋۇت مال ھەم پۇلدىن قۇرۇق قالغان ئەھۋالدا، ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان ھەمدە توختام ماجىراسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئادەم ئەۋەتكەن. ئىككى تەرەپ تالاش - تارتىشنى كېڭىشىپ ھەل قىلىشقا مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، زاۋۇت 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بۇ ئىش ئۈستىدە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، سوت مەھكىمىسىدىن سودا سارىيىنىڭ تۈزۈلگەن توختامغا ئەمەل قىلىپ، بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان 646 دانە كلاپاننى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ۋە 54 مىڭ 800 يۈەن پۇلنى تاپشۇرۇشى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىلغان. سودا سارىيى ئۆزىنى مۇنداق دەپ ئاقلىغان: توختامنى جۇ شۇفېي ئۆز ئالدىغا تۈزگەن، بۇ قانۇنسىز توختام، سودا سارىيى ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى بۇ دېلونى قوبۇل قىلدى. ۋۇ جىشېڭ سېتىش خىراجىتىگە ئېرىشىش، جۇشۇفېي ۋۇجىشېڭنىڭ ياردىمى بىلەن تۇغقىنىنى شىنجاڭدىن جياڭسۇغا خىزمەتكە يۆتكەش مەقسىتىدە بولغاچقا، ئىككەيلەن ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، قانۇنىي ئىگىلەر نامىدا توختام تۈزۈشكەن. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، كېڭەشمە سوت مۇنداق دەپ قارىدى: مەزكۇر توختام ئالدامچىلىق خاراكتېرىدىكى توختام بولغاچقا، ئىناۋەتسىز ئىقتىسادىي توختام دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ، ئۇ قانۇن تەرىپىدىن قوغدالمايدۇ. توختامنىڭ ئىناۋەتسىز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش جاۋابكارلىقىدا، ئاساسلىقى

ۋۇ جىشىڭ بىلەن جۇ شۈفېينىڭ ئالدامچىلىق ھەرىكىتى بار، بىراق دەۋاگەر ئادەمنى دورۇس ئىشلەتمىگەن؛ جاۋابكار توختامنى قاتتىق باشقۇرمىغان، شۇڭا ھەر قايسىسى بەلگىلىك جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بۇ دېلو مۇرەسسە قىلىندى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»نىڭ 7 -، 16 - ۋە 53 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مەزكۇر توختامنى ئىناۋەتسىز دەپ بېكىتكەندىن كېيىن، تۆۋەندىكى لايىھە بويىچە مۇرەسسە قىلىپ بىر ياقلىق قىلدى: 1. شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن 110 دانە كلاپان دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر ياقلىق قىلىشىغا قايتۇرۇلىدۇ، 2. كلاپان زاۋۇتىنىڭ بانكىدىن قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمى 341.07 يۈەن، كلاپان سۈپىتىنى باھالاپ بېكىتىش ھەققى 9.960 يۈەن، 110 دانە كلاپاننى توشۇپ كېلىش ۋە توشۇپ كېتىش خىراجىتى 320 يۈەن بولۇپ جەمئىي 3621.97 يۈەن پۇلنى سودا سارىيى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىغا بېرىدۇ؛ 3. مەزكۇر دېلونىڭ دەۋا نىشان سوممىسى 54 مىڭ 800 يۈەن، دېلونى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش ھەققى 822 يۈەن، بۇ ھەقنى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى ئۈستىگە ئالىدۇ. دېلو ئاياغلاشقاندىن كېيىن، سودا سارىيى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيە تەكلىپى بويىچە ئۆزلىرى تارتقان ئىقتىسادىي زىياننىڭ %60نى يەنى 2173.18 يۈەن پۇلنى جۇ شۈفېيغا تۆلەتكۈزۈشنى قارار قىلدى.

بۇ دېلو بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ مۇئەييەن قانۇنچىلىق تەربىيىسىگە ئىگە بولدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار تېگىشلىك جازاغا تارتىلدى، بۇ ئىشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى.

# باب II

# يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختام ماجىراسى دېلولىرى

## § 1 . دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى 1983 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «نۆۋەتتە يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي سىياسەتكە دائىر بىرقانچە مەسىلە» دېگەن ھۆججەتتە مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: «ھۆددىگەرلىك توختامى تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. بۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا، ئۇ دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقىمۇ پايدىلىق». جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونە-

مېنىڭ كەڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقان، چارۋىچىلار ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ھۆددىگەرلىك توختاملىرىنى تۈزۈشتى، بۇ ھال دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بىراق ھۆددىگەرلىك توختام ماجىرالىرىمۇ كۆپلەپ يۈز بېرىشكە باشلىدى، بەزى ماجىرالار سوت مەھكىمىلىرىگە ئەرز قىلىنىپ، كېسىم قىلىش تەلەپ قىلىندى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ خىل دېلولارنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىق مەسىلىسىدە قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە بولمىغانلىقتىن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1984 ـ يىلىدىن ئىلگىرى بۇ خىل ماجىرا دېلولىرىدىن ئاز قىسمىنىلا تاللاپ قوبۇل قىلىپ سىناق تەرىقىسىدە بېجىردى، بۇ ھال ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىدى. ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1983 ـ يىللىق خىزمەت دوكلاتىدا مۇنداق دەپ ئىنكاس قىلىندى: «يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختام ماجىرالىرى ئۆتكۈر ھالدا ئالدىمىزغا قويۇلدى. بىز ئۇنى 1 ـ سوت قىلمىدۇق، ئەمما ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئۇنى توسۇۋالالمايدۇ، پارتكوملار ئۇنى سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا بۇيرۇۋاتىدۇ. ئامما سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ». تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىمۇ مۇنداق ئىنكاس قىلدى: نۆۋەتتە، يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختام ماجىراسى دېلولىرى كۈنسايىن كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ، ناھىيىلىك پارتكوملارمۇ، ئاممىمۇ ئۇنى سوت مەھكىمىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. شىنخۇ ناھىيىسىدە مۇشۇ خىل ماجىرا دېلولىرى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىقتىن ياكى ئۇنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن، زىددىيەت كەسكىنلىشىپ زەخمىلەندۈرۈش دېلولىرى يۈز بەردى.

جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنى يېزىلاردىكى ئىسلاھات ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى 1984 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 1 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى يىغىنىدا يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختام ماجىراسى دېلولىرىنى رەسمىي يوسۇندا ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرىنىڭ دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈشنى بەلگىلىدى. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئومۇمەن، يېزىلاردىكى كەنت ئاھالىلىرى، يېزىلاردىكى ھۆددىگەر تىجارەتچىلەر بىلەن كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق توختاملىرى ۋە يېزا كارخانىلىرىنىڭ ھۆددىگەرلىك توختاملىرى ئىجرا قىلىنىش داۋامىدا ماجىرا يۈز بېرىپ، توختام تۈزگۈچىلەر مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل تارماقلارنىڭ مۇرەسسە ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشىغا قايىل بولمىغاندا، خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە ئەرز قىلدى، ياكى بىۋاسىتە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلدى، مۇنداق ئەرزلەرنى خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىردەك قوبۇل قىلىپ قاراپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختام ماجىراسى دېلولىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا پايدىلىق بولۇش ۋە يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختاملىرىنى باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ئاكتىپ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىدە، سوت ئەمەلىيىتىدە، ئادەتتە كۆپ ساندىكى بۇ خىل ماجىرا دېلولىرىدا ئىمكانقەدەر شۇ جايدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى

بىلەن ھەل قىلىنىشى تەشەببۇس قىلىندى. ئەمما توختام تۈزگۈچىلەر خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دېلو تورغۇزۇپ قوبۇل قىلىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلغانلىرىنى سوت مەھكىمىلىرى يەنىلا قوبۇل قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، دېھقانچىلىق پەيتىنى كېچىكتۈرۈپ قويۇش ئېھتىمالى بولغان ياكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ۋە ياكى كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ، ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ئېغىر دەخلى قىلىنغان ماجىرا دېلولىرىنى جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئالدىن قوبۇل قىلدى.

## § 2 . دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش

### 1 . تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش

يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختاملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئەھۋالى شۇنداقلا ماجىرا يۈز بېرىشنىڭ سەۋەبلىرىگە نىسبەتەن ئېنىق تونۇش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزى تۇرۇشلۇق يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختاملىرى ئەھۋالىنى بىر قەدەر چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. شىخۇ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ ناھىيىدىكى «قىزىل يۇلتۇز» دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ 1981 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھۆددىگەرلىك توختامى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان چاغدا كۆرۈلگەن ماجىرا ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردى، ئۇلارنىڭ بايقىشىچە، بۇ مەيداندا شۇ يىلى تەخمىنەن 137 ھۆددىگەرلىك گۇرۇپپىسى ئىچىدە يىل ئاخىرىغىچە ھۆددىگەرلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغىنى 109 بولۇپ، %79نى ئىگىلىگەن؛ ھۆددىگەرلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغانلىرى 28 بولۇپ، %21نى ئىگىلىگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر تەرەپنىڭ توختامنى يىرتىپ تاشلىشى بىلەن كېلىپ چىققان ماجىرا 24. ماجىرالار يۈز بېرىش سەۋەبلىرى: 1. توختامنىڭ مەزمۇنى كونكرېت ئەمەس، ۋەزىپە ئېنىق ئەمەس؛ 2. كادىرلار ھۆددىگە ئېلىش ئىشى تاماملانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغان؛ 3. ھۆددىگەرلىك گۇرۇپپىلىرى ئىشلەپچىقىرىش - باشقۇرۇشتا قىسقا مۇددەتلىك مەنپەئەتكىلا بېرىلگەن، ئىشلەپچىقىرىشتا سەۋەنلىك كۆرۈلۈپ، مەھسۇلات كېمىيىپ كەتكەن؛ 4. مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش يولى راۋان بولمىغان؛ 5. مەھسۇلاتنى باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقتىن ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىققان، 6. ئاز ساندىكى دېھقانلار ھۆددىگەرلىك سوممىسىنى سەۋەبسىز تاپشۇرمىغان؛ 7. توختاملار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن تۈزۈلمىگەن، كۆرسەتكۈچلەر ئۆرە، ۋەزىپە ئېغىر بولۇپ كەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، قۇتۇبى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆز ناھىيىسىگە تەۋە تۆت گۇڭشې (يېزا) نىڭ 1982 - يىللىق ھۆددىگەرلىك توختاملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ۋە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ ناھىيىدە شۇ يىلى تۈزۈلگەن توختام 6739 بولۇپ، ھۆددىگەرلىك سوممىسى 9 مىليون 280 مىڭ يۈەندىن ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ماجىرا كۆرۈلگەن توختام 2321 بولۇپ، ئومۇمىي توختام سانىنىڭ %34.44نى ئىگىلىگەن. ماجىرا نىشانى 420 مىڭ يۈەندىن ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلام مەمۇرىي تەشكىلاتلىرى بىر تەرەپ قىلغىنى 1344 بولۇپ، %57.9نى ئىگىلىگەن، بىر تەرەپ قىلىش قىيىن بولغان قالغان 977 ماجىرا دېلوسىنى قوبۇل قىلىدىغان ئورگان بولمىغانلىقتىن، بىر تەرەپ قىلىنماي قالغان. غۇلجا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، بۇ ناھىيىدە 1983 - يىلى توختام تۈزۈشكەن ئائىلە 38 مىڭ 252 بولۇپ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي

نوپۇسنىڭ %96.39نى ئىگىلىگەن. شۇ يىلى توختام تولۇق ئىجرا قىلىنغىنى 25 مىڭ 450 بولۇپ، ئومۇمىي توختام سانىنىڭ %66.53نى ئىگىلىگەن، ئىجرا قىلىنمىغىنى ۋە قىسمەن ئىجرا قىلىنمىغىنى 12مىڭ 802 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %33.47نى ئىگىلىگەن. ئۇلار-نىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار بىلەن ماجىرالىشىشىدىكى سەۋەبلەر: 1. كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار مەمۇرىي بۇيرۇققا تايىنىپ، باراۋەرلىكتە ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، كېڭىشىپ بىرلىككە كېلىش پرىنسىپىغا خىلاپ ھالدا زورلۇق قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق دېھقانلار بىلەن «زومىگەرلىك توختامى» تۈزۈپ، ھۆددىگەرلىك توختامىنى دېھقانلارنىڭ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدىغان كاپالەتنامىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان، نەتىجىدە توختام ماددىلىرى ئىجرا قىلىنمىغان؛ 2. بەزى كادىرلار ۋە بىر قىسىم ئامما چېكىدىن ئاشقان سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، باشقىلار ھۆددىگە ئېلىپ مەنپەئەتلەنگەندىن كېيىن «كۆزى قىزىرىش كېسىلى»گە گىرىپتار بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆددىگە بەرگۈچى توختام مەزمۇنىنى ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتكەن ياكى ھۆددىگە ئالغۇچىنى قاقتى - سوقتى قىلغان، بۇنىڭ بىلەن قانۇنلۇق ۋە ئۈنۈملۈك بولغان ھۆددىگەرلىك توختاملىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي ھۆددىگەرلەرنى ئېغىر ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراتقان؛ 3. بەزى دېھقانلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ئېغىر بولغان، ئۇلار دۆلەت چۈشۈرگەن تېرىقچىلىق پىلانى ۋە ئېشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىگە پەرۋا قىلماي، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي، تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، توختامدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان، نەتىجىدە ماجىرا كېلىپ چىققان؛ 4. ئاز ساندىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ، ھۆددىگەرلىك توختامى تۈزۈش ۋاقتىدا ئۆزى ۋە تۇغقانلىرى، دوستلىرىغا ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچىنى تۆۋەن بەلگىلەپ، باشقىلارغا يۇقىرى بېكىتكەن. توختامنى ئىجرا قىلىشتا، يۇقىرىدىن تەقسىم قىلىنغان خىمىيىۋى ئوغۇت، ئۇرۇق، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى قاتارلىق قىس ئېشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئالدى بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، باشقا ھۆددىگەرلەرنىڭ توختامدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتكۈزگەن، نەتىجىدە يىل ئاخىرىدىكى ھېساباتتا ماجىرا بولغان؛ 5. تەبىئىي ئاپەت سەۋەبىدىن مەھسۇلات كېمىيىپ كېتىپ توختامنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە تەسىر يەتكۈزگەن ۋە باشقىلار.

## 2. دېلولارنى سىناق تەرىقىسىدە پائال بېجىرىش، دېلو بېجىرىش تەجرىبىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، 1982 - يىلىنىڭ بېشىدىن 1984 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، يېزا ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت توختام ماجىراسى دېلوسىدىن بىر تۈركۈمنى سىناق تەرىقىسىدە بېجىرىپ، توختام تۈزگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھۆددىگەرلىك ماجىرالىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېزا خىزمىتى توغرىسىدىكى فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يولىدا تۆھپە يارىتىپلا قالماستىن، دېلو بېجىرىش تەجرىبىلىرىنى توپلاش، ئىقتىسادىي سوت كادىرلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتىمۇ ياخشى ئاساس ياراتتى. شىخۇ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى 1982 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختام ماجىراسى دېلولىرىنى سىناق قىلىپ بېجىرىشكە كىرىشىپ، شۇ يىلى بۇ ناھىيىدىكى «قىزىل يۇلتۇز» دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئېشلەپچىقىرىش ھۆددىگەرلىك

توختام ماجىراسى دېلوسىدىن 24نى قوبۇل قىلدى. ئۇلار «بىرىنچىدىن چۈشەندۈرۈش، ئىككىنچىدىن ياردەملىشىش، ئۈچىنچىدىن قاراپ چىقىش» چارىسىنى قوللاندى. «بىرىنچىدىن چۈشەندۈرۈش» دېگەندە توختام تۈزگۈچىلەرگە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرى ۋە قانۇن-نىزاملىرىنى چۈشەندۈرۈش، توختام تۈزۈشنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش، توختام ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورگانلارنى ۋە بېجىرىلىدىغان رەسمىيەتلەرنى چۈشەندۈرۈش، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى ۋە ۋەزىپىسىنى چۈشەندۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈشەندۈرۈش ۋە مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق بىر مۇنچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى، گورۇپپا مەسئۇللىرى ۋە گۆشچى ئەزالىرى يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختام ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى تونۇشىنى ئۆستۈردى. ئەرز قىلىنغان 24 ماجىرا دېلوسىدىن 20 سىدە ئەرز ئۆزلۈكىدىن قايتۇرۇۋېلىندى. «ئىككىنچىدىن ياردەملىشىش» دېگەندە توختام تۈزگۈچىلەرنىڭ ھۆددىگەرلىك توختامىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە ياردەملىشىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «ئۈچىنچىدىن قاراپ چىقىش» دېگەندە ھەقىقەتەن خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلىش زۆرۈر بولغان توختام ماجىرالىرىنى دېلو تۇرغۇزۇپ قاراپ چىقىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار سىناق قىلىپ دېلو بېجىرىش داۋامىدا، ھەر خىل ئەھۋالغا قاراپ يەنە مۇنداق ئۈچ خىل چارە قوللاندى: (1) ئىنچىكە ھېسابات قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق قايىل قىلىش تەربىيىسى بېرىلدى. ھۆددىگەر ئالغان تۆرلەر ئۈستىدە ئىككىنچى تەرەپكە ئىنچىكە ھېساب كۆرسىتىش چارىسى ئارقىلىق كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن پەرقلىق بىر تەرەپ قىلىندى. ئەگەر ھۆددىگەرلىك توختامىدىكى كۆرسەتكۈچ بەك يۇقىرى بولۇپ كەتكەن، توختامنىڭ تۈزۈلۈشى نامۇۋاپىق بولغان بولسا، مۇۋاپىق تەڭشەش يولى بىلەن ماجىرا مۇرەسسە ئارقىلىق ھەل قىلىندى. ئەگەر ھۆددىگەرلىك توختامىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇۋاپىق بولغان، باشقا مەسىلە بولمىغان بولۇپ، توختام تۈزگۈچىلەر ئۇنى ئىجرا قىلىشنى سەۋەبسىز رەت قىلغان بولسا، قايىل قىلىش يولى بىلەن ئىجرا قىلدۇرۇلدى. ئەگەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېلىشىپ قېلىپ ئەرز قىلمايدىغان بولسا، ئەرز قايتۇرۇلدى. (2) ئۆز جايىدا ھەل قىلىندى. ھۆددىگەرلىك توختامى ماجىرالىرى ئادەتتە ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى، مەشغۇلات گورۇپپىلىرى ۋە گۆشچى ئەزالىرى ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇ ئۆز جايىدا بىر تەرەپ قىلىنسا بىر دېلونى ھەل قىلىش ئارقىلىق بىر مۇنچە ئادەمگە تەربىيە بېرىش رولىنى ئوينىغىلى بولىدۇ. (3) توختامنى ئىجرا قىلدۇرۇشتىمۇ چىڭ تۇرۇلدى، ئەقىلگە مۇۋاپىق قىلىشقىمۇ دىققەت قىلىندى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقى، دۆلەت پىلانى بىلەن بازار باھاسى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا، ھۆددىگەرلىك توختام ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا تەبىئىي شارائىت ۋە كونكرېت ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىنى نەزەرگە ئېلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلماي بولمايدۇ. ئۇلار دېلولارنى سىناق قىلىپ بېجىرىش داۋامىدا بايقالغان مەسىلىلەرگە ئاساسەن، ئالاقىدار تارماقلارغا نۆۋەتتە يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ياخشى يولغا قويۇش توغرىسىدا ۋاقتىدا تەكلىپ بەردى. مەسىلەن: يېزا كادىرلىرىغا يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختاملىرىغا دائىر بىلىملەر توغرىسىدا تەلىم - تەربىيە بېرىشنى، يېزىلاردىكى مالىيە تۈزۈمىنى باشقۇرۇشنى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، دېھقانلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا يېتەكلىدى ھەم ئۇلارغا ياردەم بەردى ۋەھاكازا. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى

يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختام ماجىراسى دېلولىرىنى سىناق قىلىپ بېجىرىش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىنىڭ يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاكتىپ رولىنى دەسلەپكى قەدەمدە جارىي قىلدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ۋە كەڭ دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

## 3. دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى بىر تۇتاش بېكىتىپ، دېلولارنى پائال قوبۇل قىلىش

80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوڭقۇر راۋاجلاندى، يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى پائال تۈردە يولغا قويۇلدى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىقتا ۋە يېزىلار-دىكى سودا - سانائەت، ترانسپورت، بىناكارلىق، مۇلازىمەت قاتارلىقلارغا دائىر ھۆددىگەرلىك توختاملىرى كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختام ماجىرالىرىدىن خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىنىدىغانلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، مەملىكەتلىك 1 - قېتىملىق ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى يىغىنىدا يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختام ماجىراسى دېلولىرى ئىقتىسادىي سوتنىڭ دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، شۇنىڭ بىلەن خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرى بۇ خىل دېلولارنى قوبۇل قىلىشتا قانۇنىي ئاساسقان ئىگە بولدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇ قارارىنى ئىزچىل ئىجرا قىلدى، شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان مۇنداق توختام ماجىراسى دېلولىرى تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى. 1985 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختام ماجىراسى دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، «ئىش-لەپچىقىرىشقا پايدا يەتكۈزۈش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، توختامنىڭ سۈرىنى قوغداش، مۇرەسسە قىلىشنى ئاساس قىلىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، دېھقانچىلىق پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەي، دېلولارنى ئاياغلاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش، زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغانلىرىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى بۇغداي تېرىشنى ھۆددىگە ئالغان بىر كەسىپىي ئائىلە 400 مو يەرگە بۇغداي تېرىپ ئوبدان پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن. بۇ بۇغدايلارنى سۇغىرىش مەزگىلى بولغاندا، يېڭى قېزىلغان ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن سۇ چىقارغىلى بولمىغانلىقتىن، مايسىلار سۇغىرىلىسىز قېلىپ مەھسۇلات كېمىيىپ كېتىش ئېھتىمالى كۆرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ ھۆددىگەر تىت - تىن بولۇپ دۆربىلجىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان. سوت مەھكىمىسى بۇ ئىشقا جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، دېلو بېجىرىشتىكى ئادەتتىكى قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ھۆددىگەرنىڭ بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىشىغا ياردەملەشتى، ھۆددىگەر باشقىدىن ئادەم تەكلىپ قىلىپ زەربىدارلىق بىلەن قۇدۇق قازدۇرۇپ، مايسىلارنى ۋاقتىدا سۇغىرىپ زىياندىن ساقلاپ قالدى. ئاندىن كېيىن سوت مەھكىمىسى قۇدۇق سۆيىتى ماجىراسىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى. بۇ دېلودا ئادەتتىكى قائىدىلەرنىڭ بۇزۇپ تاشلانغانلىقى شۇ جايدا ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ مەدھىيىلەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى شىنجاڭ بويىچە ئەينى چاغدىكى 100 دىن ئارتۇق خەلق سوتىنىڭ شۇ يىلى 200گە يەتكۈزۈلىدىغانلىقى، يېزىلاردىكى. هۆددىگەرلىك توختام ماجىراسى دېلولىرىنىڭ كۆپلەپ سوت مەھكىمىسىگە كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، سانجى شەھىرىدىكى يۇشۇگۇ خەلق سوتىنىڭ ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى دېلولىرىنى پائال تۈردە ياخشى بېجىرگەنلىك تەجرىبىسىنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ ۋە كېڭەيتىپ، خەلق سوتلىرىنى ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى، بولۇپمۇ ئۆز تەۋەلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى توختام ماجىراسىغا دائىر دېلولارنى ئوبدان بېجىرىشكە سەپەرۋەر قىلدى. يۇشۇگۇ خەلق سوتى تەۋەسىدە 4 يېزا، 4 دېھقانچىلىق مەيدانى، 20 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس بار ئىدى. 1984 - يىلى ئەتىيازدا بۇ رايوندا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە هۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغاندىن كېيىن تۈرلۈك هۆددىگە ئېلىش مەزمۇنىدىكى ماجىرالار ۋە توختام ماجىرالىرى كۆپلەپ پەيدا بولغان، سوت شۇ يىلى 36 دېلونى قاراپ چىققان، ئەمەلىيەت خەلق سوتلىرى ئۆز جايىدا ۋاقتىدا دېلو بېجىرگەندە ماجىرالارنى ھەل قىلىش ئوڭاي بولىدىغانلىقىنى، ئاممىغا قولايلىق تۇغۇلىدىغانلىقىنى، دېھقانلار بىلەن كوللېكتىپنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كۈچلۈك قوغدىغىلى، ئىجتىمائىي تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرغىلى، يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. 1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان يېزىلاردىكى هۆددىگەرلىك توختام ماجىراسى دېلوسى 629 بولۇپ، شىنجاڭدىكى يىللىق ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىنىڭ %38.8نى ئىگىلىدى.

شۇ يىلى بېجىرىلىپ تاماملانغان مۇشۇ خىلدىكى دېلو 589 بولۇپ، ئومۇمىي دېلو سانىنىڭ %93.64نى ئىگىلىدى.

## قوشۇمچە

## هۆددىگەرلىك توختامىغا ئائىت دېلو مىسالى

**لىۋ يەنمىنىڭ كۇچا ناھىيىسىدىكى خۇڭيۈەن دېھقانچىلىق مەيدانى 7 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئۈستىدىن ئەرز قىلغان بۇغا بېقىش هۆددىگەرلىك توختام ماجىراسى دېلوسى**

خۇڭيۈەن دېھقانچىلىق مەيدانى 1978 - يىلدىن باشلاپ 7 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە بۇغا باققان. بىر قانچە يىلدىن بۇيان «داش قازاننىڭ ئېشى» تەڭ يېيىلگەنلىكى ۋە باشقۇرۇش- بېقىش ياخشى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئەترەت ھەر يىلى تۈمەن يۈەنلەپ زىيانغا ئۇچرىغان. بۇ ئەترەتتىكى دېھقان ئىشچى لىۋ يەنمىن زىياننى تۈگىتىپ پايدا ئېلىش ئۈچۈن بۇغا بېقىشنى هۆددىگە ئېلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلغان، 7 - ئەترەت بۇنىڭغا ماقۇل بولغان. شۇنىڭ بىلەن 1982- يىل 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ما جىنفۇ 7 - ئەترەتكە ۋاكالىتەن لىۋ يەنمىن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن بۇغا بېقىش هۆددىگەرلىك توختامى تۈزۈشكەن. توختامدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «ئەترەت 80 مو بېدىلىك، 2 مو مۆنبەت يەر بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيدۇ. لىۋ يەنمىن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى 45 بۇغا باقىدۇ، ئېلىنغان تۆلدىن بىرى قاتارغا قوشۇلسا، يىل ئاخىرىدا 20 يۈەن قىلىپ ھېسابلىنىدۇ، بىر يىلدا 300 يۈەن زىيان تارتىشقا يول قويۇلىدۇ، ۋەزىپە ئورۇندالسا ئىككى كىشىلىك ئىش ھەققى بېرىلىدۇ، ئاشۇرغان قىسمىغا مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئېشىپ كەتكەن زىيانغا تولۇق جەرىمانە قويۇلىدۇ». توختام كۈچكە ئىگە قىلىنغاندىن كېيىن، 7 - ئەترەت بۇغا بېقىشقا

يەر بەرگەن. ليۇ يەنمىن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى بۇغىنى ياخشى بېقىش ئۈچۈن ئائىلىسىدىكى ھەممەيلەننى سەپەرۋەر قىلىپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش، كۆڭۈل قويۇپ بېقىش نەتىجىسىدە يىل ئاخىرىدا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. شۇ يىلى بۇغىدىن 4ى كۆپەيگەن. ليۇ يەنمىن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى بۇغىلارنى ياخشى بېقىپ، بۇغا مۈڭگۈزىدىن 3729 يۈەن كىرىم قىلغان، تەننەرخىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ليۇ يەنمىن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى 1655.83 يۈەنگە ئېرىششى كېرەك ئىدى، بۇ پۇل توختام بويىچە ئاشۇرغان قىسمى ئۈچۈن بېرىلىدىغان مۇكاپات پۇلى ئىدى. 1983 - يىلىنىڭ بېشىدا توختامنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋاقتىدا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى يې دېجېن 80 مو بېدىلىك پۇلغا ھېسابلىنىشى كېرەك. 1983 - يىلىنىڭ بېشىدا دەۋاگەر ئەترەتتىن ئالغان 8 ھارۋا سامانغا پۇل تۆلىشى كېرەك، ئەسلىدىكى توختام مۇۋاپىق بولمىغان، دۆلەت مەبلەغ سېلىپ شەخسنى بېيىتىدىغان ئىش بولغان، ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىلمىگەن، دېگەنلەرنى باھانە قىلىپ، توختامنى ئەمەلىيلەشتۈرمىگەن. بۇ مەيداننىڭ ئاساسلىق رەھبىرى يەنە «بىزنىڭ تۈزۈمىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمى، كاپىتالىزم تۈزۈمى ئەمەس، كاپىتالىزمنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلىنى كولىشىغا بولمايدۇ» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن مەيدان ۋە ئەترەت مەجبۇرىي ھالدا توختامنى قانۇنسىز دەپ جاكارلاپ، توختامنى ئۆز ئالدىغا بىكار قىلغان. ھۆددىگە ئالغۇچى ليۇ يەنمىن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى توختامنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىيلىك بىلەن تەلەپ قىلىپ، مەيدان ۋە ئەترەت رەھبەرلىرىنى كۆپ قېتىم ئىزدىگەن. بۇ مەيدان رەھبەرلىكى ليۇ يەنمىننىڭ قانۇنلۇق ۋە ئورۇنلۇق تەلىپىنى «يولسىز جېدەل چىقارغانلىق، خىزمەتكە پاراكەندىچىلىك سالغانلىق، رەھبەرلىكنى ھاقارەتلىگەنلىك ۋە رەھبەرلىككە ھۇجۇم قىلغانلىق» دەپ قاراپ، «قاتتىق زەربە بېرىش» پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئارقىلىق، ليۇ يەنمىننى سوراق قىلغۇزۇپ، 41 كۈن قامىتىپ قويغان. ليۇ يەنمىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، توختامنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق تەلەپ قىلغان. مەيدان رەھبەرلىكى يەنە ليۇ يەنمىننى مەيداننىڭ رەسمىي ئىشچىسى ئەمەس، باشقۇرۇشقا بويسۇنمىدى، دېگەن باھانىلەر بىلەن مەيداندىن بوشاتقان، پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ ئاشلىق نورمىسىنى توختىتىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ليۇ يەنمىن ئىلاج قىلالمىغان ئەھۋالدا سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، توختامنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغانلارنى جازالاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان.

كۇچا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى 1984 - يىل 3 - ئايدا بۇ دېلونى قوبۇل قىلىپ، ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتتى، بۇ خادىملار چوڭقۇر تەكشۈرۈپ دەلىل - ئىسپات توپلىدى، پاكىتنى ئېنىقلىدى، ئىككى تەرەپنىڭ پىكرىنى تەكرار ئاڭلىدى، ئاممىنىڭ ئىنكاسىنى كەڭ تۈردە ئاڭلىدى ھەمدە مەيدان - ئەترەت مەسئۇللىرى بىلەن بىرلىكتە مەركەزنىڭ سىياسىتىنى، ئىقتىسادىي توختام قانۇنىنى ۋە ئالاقىدار قانۇنلارنى ئۆگەندى، مەيدان ۋە ئەترەتكە دەۋاگەر ليۇ يەنمىننىڭ توختامدىكى بەلگىلىمە بويىچە بۇغا بېقىشنى ھۆددىگە ئېلىپ، شۇ يىلىلا زىيانىنى تۈگىتىپ پايدا ئالغانلىقى، نەتىجىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك بولغانلىقىنى، توختامنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەلىپىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە قانۇنغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى، جاۋابكارنىڭ توختامنى بىكار قىلغانلىقى ھەمدە مەيداندىكى ئايرىم رەھبەرلەرنىڭ كەسپىي ئائىلىگە زىيانكەشلىك قىلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. بۇ دېلو قاراپ چىقىلىپ مۇنداق دەپ بېكىتىلدى. ئىككى تەرەپ تۈزۈشكەن ھۆددىگەرلىك توختامى قانۇنغا ئۇيغۇن، كۈچكە ئىگە توختام، ئۇ قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، 7 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى

توختامنى ئۆز ئالدىغا بىكار قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى تەرەپ تۈزۈشكەن ھۆددىگەرلىك توختامدىكى بەلگىلىمە بويىچە ھېسابات قىلىپ پۇل بەرمەي، ئەكسىچە بىرلىشىپ ھۆددىگەرگە زىيانكەشلىك قىلغان، ئۇلار توختامغا ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. دېلو بېجىرگۈچىلەرنىڭ قايىل قىلىش تەربىيىسى ئارقىلىق، ئىككى تەرەپ دېلونى مۇرەسسە بىلەن ئاياغلاشتۇرۇشقا قوشۇلدى ھەمدە تۆۋەندىكىدەك كېلىشىم ھاسىل قىلدى: توختامنىڭ ئىناۋەتلىك ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىدۇ، لىۋ يەنمىن 1983 - يىل 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە بولغان بۆغا بېقىش خىراجىتى ئۈچۈن 200 يۈەن تۆلەيدۇ، 7 - ئەترەت توختام بويىچە ھېسابات قىلىپ لىۋ يەنمىنگە 83 .1655 يۈەن تۆلەيدۇ؛ 7 - ئەترەت لىۋ يەنمىن توختىتىپ قويۇلۇپ تەكشۈرۈلگەن ۋە ئىشتىن قېپقالغان ۋاقىتتىكى ئىش ھەققى ئۈچۈن 71 يۈەن تۆلەيدۇ، ئۇنىڭ ئەرز قىلىش داۋامىدا تارتقان ئىقتىسادىي زىيىنى ئۈچۈن 58 يۈەن تۆلەيدۇ. مەزكۇر دېلونىڭ دەۋا ھەققى 30 يۈەن بولۇپ، ئۇنى جاۋابكار ئەترەت ئۈستىگە ئالىدۇ.

بۇ دېلو بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن خېلى چوڭ تەسىر قوزغىدى. ھەر قايسى تەرەپلەر بۇنىڭدىن رازى بولدى. «ئاقسۇ گېزىتى» گە «كۇچا ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى قانۇن ۋاستىسىنى قوللىنىپ، كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىدى، دېلونى ئادىل بېجىرىپ لىۋ يەنمىننىڭ ھۆددىگەرلىك توختامىنى ئەمەلىيلەشتۈردى» دېگەن سەرلەۋھىدە خەۋەر بېسىلدى ھەمدە ئوبزورچى ماقالىسى بېرىلدى. كۇچا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي تارماقلار كۇچا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيىلىك تەكلىپىگە ئاساسەن، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا، بۇ دېلودا قانۇنىي ۋە مەمۇرىي جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك يې دېجېنغا پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ھەمدە پارتىيىدىن چىقىرىۋېتىش جازاسى بەردى.

# باب Ⅲ

# ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي دېلولار

## 1§ . دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئايلاندى، قانۇن ئىقتىسادنى باشقۇرۇشتىكى مۇھىم ۋاستە بولۇپ قالدى، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي قانۇن - نىزاملار يىلمۇ يىل كۆپلەپ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. ئىقتىسادىي، مەمۇرىي قانۇن - نىزاملاردىن بىرمۇنچىسىنىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىدا، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەردىن مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن چارە كۆرۈش قارارىغا قايىل بولمىغانلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدىغانلىقى، ئەرز قىلىش مۆھلىتى توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئەرز قىلمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىسا، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ خەلق سوت

مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلسا بولىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەندى. مەسىلەن: مالىيە، باج جەھەتتە، جۇڭگو ـ چەت ئەل شىرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار تاپاۋەت بېجى قانۇنىنىڭ 15 ـ ماددىسى، چەت ئەل كارخانىلىرى تاپاۋەت بېجى قانۇنىنىڭ 16 ـ ماددىسى، شەخسلەر تاپاۋەت بېجى قانۇنىنىڭ 13 ـ ماددىسى، كوللېكتىپ كارخانىلار تاپاۋەت بېجى ۋاقىتلىق نىزامىنىڭ 19 ـ ماددىسى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۇكاپات بېجى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسىنىڭ 16 ـ ماددىسى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققىنى تەڭشەش بېجى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسىنىڭ 15 ـ ماددىسى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىن تەڭشەش بېجى ئېلىش چارىسىنىڭ 17 ـ ماددىسى، تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاش بويىچە يولغا قويۇلىدىغان تەپسىلىي پرىنسىپىنىڭ 12 ـ ماددىسى، مەھسۇلات بېجى نىزامى (لايىھىسى) نىڭ 17 ـ ماددىسى، قوشۇلما قىممەت بېجى نىزامى (لايىھەسى) نىڭ 22 ـ ماددىسى، تۇز بېجى نىزامى (لايىھىسى) نىڭ 17 ـ ماددىسى، كارخانا بېجى نىزامى (لايىھىسى) نىڭ 16 ـ ماددىسى، تەبىئىي بايلىق بېجى نىزامى (لايىھىسى) نىڭ 18 ـ ماددىسى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار تاپاۋەت بېجى نىزامى (لايىھىسى) نىڭ 21 ـ ماددىسى؛ سانائەت مۈلۈك ھوقۇقى جەھەتتە، تاۋار ماركىسى قانۇنىنىڭ 36 ـ، 39 ـ ماددىلىرى، پاتېنت قانۇنىنىڭ 43 ـ، 49 ـ، 58 ـ ماددىلىرى؛ مۇھىت بايلىقىنى قوغداش جەھەتتە، سۇنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش قانۇنىنىڭ 40 ـ ماددىسى، ئورمان قانۇنىنىڭ 39 ـ ماددىسى، يايلاق قانۇنىنىڭ 21 ـ ماددىسى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، شەھەر پىلانلاش نىزامىنىڭ 51 ـ ماددىسى، دۆلەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يەر سېتىۋېلىش نىزامىنىڭ 25 ـ ماددىسى؛ تىببىي دورىگەرلىك، سەھىيە جەھەتتە، دورا باشقۇرۇش قانۇنىنىڭ 55 ـ ماددىسى، يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنىنىڭ 38 ـ ماددىسى؛ ستاتىستىكا قانۇنى جەھەتتە، ستاتىستىكا قانۇنىنىڭ 25 ـ ماددىسى، ئۆلچەم قانۇنىنىڭ 32 ـ ماددىسى؛ شەھەر، بازارلاردىكى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئىلكىدىكى تىجارەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە، گوۋۇيۈەننىڭ شەھەر، بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى ئىقتىسادقا دائىر بىر قانچە سىياسەت مەسىلىسىگە ئائىت ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسىنىڭ 4 ـ ماددىسى، گوۋۇيۈەننىڭ شەھەر ـ بازارلاردىكى ئەمگەكچىلەر ھەمكارلىقىدىكى تىجارەت ئىشلىرىغا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسىنىڭ 16 ـ ماددىسى، گوۋۇيۈەننىڭ شەھەر، بازارلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىكىدىكى يەككە ئىگىلىككە دائىر بىرقانچە سىياسەت خاراكتېرلىك بەلگىلىمىسى قوشۇمچە بەلگىلىمىسىنىڭ 13 ـ ماددىسى، گوۋۇيۈەننىڭ يېزىلاردىكى يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسىنىڭ 18 ـ ماددىسى قاتارلىقلاردا يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەزمۇنلار بەلگىلەنگەن.

1984 ـ يىل 4 ـ ئايدا مەملىكەتلىك 1 ـ قېتىملىق ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى يىغىنىدا ئىقتىسادىي، مەمۇرىي دېلولارنى ئىقتىسادىي سوت قوبۇل قىلىدىغان ئالتە تۈرلۈك چوڭ دېلولار دائىرىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈش قارار قىلىندى. ئىقتىسادىي، مەمۇرىي دېلونىڭ شەرتى مۇنداق تۆت تۈرلۈك قىلىپ بېكىتىلدى: بىرىنچى، دەۋاگەر مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتىگە ئائىت مەمۇرىي جەھەتتىن چارە كۆرۈشكە قايىل بولمىغان بولۇش؛ ئىككىنچى، جاۋابكار مەمۇرىي ئورگان بولغان بولۇش؛ ئۈچىنچى، مەمۇرىي جەھەتتىن چارە كۆرۈش قارارىدا ئاساس قىلىنىدىغان مەمۇرىي، ئىقتىسادىي قانۇن ـ نىزاملار سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بولۇش؛ تۆتىنچى، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ۋە مۆھلەت بويىچە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىنىدىغان بولۇش. مەمۇرىي دېلولارنىڭ ماھىيەت ئالاھىدىلىكى مەمۇرىي

ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن چارە كۆرۈش قارارىغا باشقىچە پىكىردە بولۇشتىن ئىبارەت. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

«ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)»نىڭ 3 - ماددا 2 - تارمىقىدىكى «قانۇندا خەلق سوت مەھكىمىلىرى قاراپ چىقىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن مەمۇرىي دېلولارغا مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر تەتبىق قىلىنىدۇ» دېگەن بەلگىلىمە ۋە ئالاقىدار ئىقتىسادىي، مەمۇرىي قانۇن - نىزاملاردىكى كونكرېت بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرى بۇ خىل دېلولارنى قوبۇل قىلغاندا، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا قاراپ پەرقلىق بىر تەرەپ قىلدى.

1. ئىقتىسادىي، مەمۇرىي قانۇن - نىزاملاردا ئېنىق بەلگىلەنمىگەن، دەۋالاشقۇچىلار مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ چارە كۆرۈش قارارىغا قايىل بولماي، خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە ئەرز قىلغان دېلولاردا، خەلق سوت مەھكىمىلىرى «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» (سىناق نۇسخىسى)نىڭ 84- ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بۇ دېلونى قوبۇل قىلماي، دەۋالاشقۇچىلارغا مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي ئورگانلاردىن ھەل قىلىشنى ئىلتىماس قىلىشنى ئۇقتۇرۇپ قويدى.

2. ئىقتىسادىي، مەمۇرىي قانۇن - نىزاملاردا ئېنىق بەلگىلەنمىگەن، دەۋالاشقۇچىلار مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ چارە كۆرۈش قارارىغا قايىل بولمىغان دېلولاردا، يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق قايتا قاراپ چىقىپ ياكى ئالدىن بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدىغانلىرىدا، ئەگەر جازالانغۇچى سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغاندىن كېيىن، قايتا قاراپ چىقىلمىغان بولسا، خەلق سوت مەھكىمىلىرى مۇنداق دېلونى قوبۇل قىلماستىن دەۋالاشقۇچىلارغا قانۇن بويىچە ئەسلىدىكى مەمۇرىي جازا بەرگەن ئورگاننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگىنىدىن قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلىشنى ئۇقتۇرۇپ قويدى. لېكىن قايتا قاراپ چىققاندىن كېيىنمۇ قايىل بولماي، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغانلارنى سوت مەھكىمىلىرى دەرھال دېلو تۇرغۇزۇپ قوبۇل قىلدى.

3. ئىقتىسادىي، مەمۇرىي قانۇن - نىزاملاردا ئېنىق بەلگىلەنمىگەن، دەۋالاشقۇچىلار مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ چارە كۆرۈش قارارىغا قايىل بولمىغان دېلولاردىن يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقنىڭ قايتا قاراپ چىقىشىنى ئىلتىماس قىلىسىمۇ، بىۋاسىتە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىسىمۇ بولىدىغانلىرىدا، چارە كۆرۈلگۈچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسىلا، خەلق سوت مەھكىمىلىرى دەرھال دېلو تۇرغۇزۇپ قوبۇل قىلدى.

4. ئىقتىسادىي، مەمۇرىي قانۇن - نىزاملاردا ئېنىق بەلگىلەنمىگەن، چارە كۆرۈلگۈچىلەر مەمۇرىي ئورگاننىڭ چارە كۆرۈش قارارى ئۈستىدىن ئەرز قىلىش مۆھلىتى ئىچىدە ئەرز قىلمىغان، مۆھلەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئىجرا قىلمىغانلىرىدىن خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئىجرا قىلىشنى ئىلتىماس قىلىشقا بولىدىغانلىرىدا، خەلق سوت مەھكىمىسى مەزكۇر مەمۇرىي ئورگاننىڭ چارە كۆرۈش قارارىنى ئىجرا قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)»نىڭ 161 - ماددا 2 - تارمىقىدىكى «قانۇندا خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىجرا قىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن باشقا قانۇن ھۆججەتلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىجرا قىلىدۇ» دېگەن بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلدى. ئىقتىسادىي، مەمۇرىي قانۇن - نىزاملاردا بۇنداق بەلگىلىمە يوقلىرىنى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلدى.

# 2 § . دېلو بىر تەرەپ قىلىش

1983 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئىقتىسادىي، مەمۇرىي قانۇن ـ نىزاملاردا ئىقتىسادىي، مەمۇرىي جەھەتتە جازالانغۇچىلار مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قايىل بولمىسا، خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ، دەيدىغان بەلگىلىمە بولمىغانلىقتىن، جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىقتىسادىي، مەمۇرىي دېلولارنى ئادەتتە قوبۇل قىلمىغانىدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى) » دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن قانۇندا مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ چارە كۆرۈش قارارىغا قايىل بولمىغانلار بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن مەمۇرىي دېلولارنى بىر مۇنچە خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرى قوبۇل قىلىپ سىناق تەرىقىسىدە بېجىرىشكە باشلىدى.

1982 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرى ئىقتىسادىي، مەمۇرىي دېلودىن 33نى سىناق قىلىپ بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە باج دېلوسى بىر، باشقا دېلو 32.

1984 ـ يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي، مەمۇرىي دېلولارنى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسىگە ئېنىق كىرگۈزگەندىن كېيىن، جايلار ئىقتىسادىي، مەمۇرىي دېلولارنى رەسمىي قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان ئىقتىسادىي، مەمۇرىي دېلولارنىڭ سانى كۆپىيىپ 143 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار ماركىسى دېلوسى 2، باج ئىشلىرى دېلوسى 5، باشقا دېلو 136.

1985 ـ يىلى جايلار ئىقتىسادىي، مەمۇرىي دېلودىن 34نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دورا دېلوسى بىر، يېمەكلىكلەر تازىلىقى دېلوسى 5، مۇھىت ئاسراش دېلوسى بىر، ئورمان دېلوسى 3، باج دېلوسى بىر، يەر سېتىۋېلىش دېلوسى 16، باشقا دېلو 7.

1985 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھايۋانات باغچىسى ئاق قۇ كۆلىنىڭ سۇ يۈزىدە مايغا ئوخشاش بىر سۇيۇقلۇقنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى، 13 ـ كۈنى ئەتىگەندە سۇ قۇشلىرىنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقى بايقالدى، 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە 14 تۈردىكى 31 ئەتىۋارلىق سۇ قۇشى ئۆلۈپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇھىت كۆزىتىش ـ ئۆلچەش مەركىزى ئاق قۇ كۆلى سۇ سۈپىتىنى فىزىكىلىق ـ خىمىيىلىك كۆزىتىپ، نېفىت تۈرىگە كىرىدىغان ماددا تەركىبى 3.194MG/L بولغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق بۇلغىما مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بېكىتتى. شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى شەھەرلىك كۆندىلىك خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى زاۋۇتىنىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋەندىكى ئېقىنۋاتقان ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن سۇ ئەۋرىشكىسى ئېلىپ تۆۋەن ئېقىندىكى ئالكىل بېنزول تەركىبىنىڭ 10.057MG/L بولغانلىقى، بۇنىڭ يۇقىرى ئېقىندىكى ئالكىل بېنزول تەركىبىنىڭ 760 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بېكىتتى. شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئاق قۇ كۆلى سۈيىدىكى ئالكىل بېنزول تەركىبىنى يەككە تۈر بويىچە ئۆلچەشنى ھاۋالە قىلدى، ئۆلچەش نەتىجىسىدە ئالكىل بېنزول تەركىبىنىڭ 3.13PPMG ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، شەھەرلىك مال دوختۇرخانىسى ئۆلگەن ئاقۇ قۇ، ساقىغۇش قاتارلىقلارنىڭ قورسىقىنى يېرىپ تەكشۈرۈپ، ئۇلار-

نىڭ ھەزىم قىلىش يولىدا مايغا ئوخشاش نەرسىنىڭ ئاز مىقداردا بارلىقىنى بايقاپ، بۇ قۇشلار بۇلغىنىشنىڭ تەسىرى بىلەن ئاشقازان ئىقتىدارى قالايمىقانلىشىپ كېتىپ، كوللاپس بولۇپ ئۆلگەن دېگەن يەكۈننى چىقاردى.

شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئەينى چاغدا يەنە شەھەرلىك كۆندىلىك خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى زاۋۇتىدا مۇشۇ مەزگىلدە كۆپ مىقداردا ئالكىل بېنزول ئېقىپ كېتىش ۋەقەسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. يۇقىرىقى ئۆلچەپ بېكىتىش، قورساقنى يېرىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن، ھايۋانات باغچىسىدىكى سۇ قۇشلىرىنىڭ ئۆلۈشى شەھەرلىك كۆندىلىك خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى زاۋۇتىدىن چىققان ئالكىل بېنزولنىڭ يەرگە سىڭىپ قاتتىق ياغقان يامغۇر سۈيى بىلەن ئېرىققا چۈشۈپ، ئاق قۇ كۆلىگە ئېقىپ كىرىپ، ئاق قۇ كۆلىنىڭ سۈيىنى بۇلغىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان دەپ بېكىتتى. 1985 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جازالاش قارارى چىقىرىلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: بىرىنچى، كۆندىلىك خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى زاۋۇتىغا 50 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلسۇن؛ ئىككىنچى، كۆندىلىك خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى زاۋۇتى ھايۋانات باغچىسىغا ئەتىۋارلىق قۇشلارنىڭ ئۆلگەنلىك زىيىنى ئۈچۈن ۋە ئالكىل بېنزول بۇلغانمىسىنى تازىلاش پۇلى ئۈچۈن 20 مىڭ 794 يۈەن تۆلەم تۆلىسۇن؛ ئۈچىنچى، كۆندىلىك خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى زاۋۇتى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن ئىلگىرى بۇلغىما مەنبەسىنى تۈگەتسۇن، كۆندىلىك خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى زاۋۇتى بۇنىڭغا قايىل بولماي، ئالكىل بېنزول زەھىرى يوق مادda، ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق قۇشلارنىڭ ئۆلۈشى بىلەن بىۋاستە سەۋەپ نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى يوق، دەپ قاراپ، شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلدى، شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى جاۋابكار سۈپىتىدە ئەيىبلەندى، شەھەرلىك ھايۋاناتلار باغچىسى ئۈچىنچى شەخس سۈپىتىدە دەۋاغا قاتناشتى.

شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ دېلونى قاراپ چىقىپ مۇنداق دەپ قارىدى: ئالكىل بېنزول زەھەرسىز، پۇراقسىز نەرسە بولۇپ، مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىش خاراكتېرىگە ئىگە، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلىپ بارغان سىنىقى ئايرىم تۈر بويىچە بولغان، بۇنىڭدا سۇنىڭ سۈپىتى ئۈستىدە ئومۇمىي تەھلىل ئېلىپ بېرىلمىغان، سۇنىڭ تەركىبىدە باشقا مايسىمان ماددىلارنىڭ بولۇش ئېھتىماللىقى يوق ئەمەس، سۇ تەركىبىدە بەلگىلىك مىقداردا ئالكىل بېنزول بارلىقى ئېنىقلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۇ قۇشلىرىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىلمىي ئاساس يوق. شۇڭا ئەسلىدىكى جازالاش قارارىدا «ئاق قۇ كۆلىدىكى ئالكىل بېنزولنىڭ بۇلغىشى ئەتىۋارلىق قۇشلارنىڭ زەھەرلىنىپ كوللاپس بولۇپ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان» دېگەن ھۆكۈمگە دەلىل - ئىسپات تولۇق ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ جازالاش قارارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلدى.

شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ھۆكۈمگە قايىل بولماي ئەسلىدىكى جازالاش قارارىنى توغرا دەپ قاراپ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ دېلونى قاراپ چىقىپ مۇنداق دېدى: ئەسلى سوتنىڭ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ جازالاش قارارىنىڭ دەلىل - ئىسپاتى تولۇق ئەمەس دەپ جازالاشنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى توغرا؛ ئەمما كۆندىلىك خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى زاۋۇتىنىڭ ئالكىل بېنزولنى سىرتقا ئاقتۇرۇۋېتىپ، يەر ئۈستى سۈيى ۋە ئاق قۇ كۆلى سۈيىنى بۇلغىشى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قانۇنى»نىڭ 21-

مادەسىدىكى «سۇغا ماي تۆرىدىكى سۇيۇقلۇقلار، كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقلار، ئىشقارلىق سۇيۇقلۇقلارنى ياكى ئۆتكۈر زەھەرلىك كېرەكسىز سۇيۇقلۇقلارنى قويۇپ بېرىش مەنئىي قىلىنىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە خىلاپ، شۇڭا بۇ زاۋۇت ئاقىۋەتكە مۇناسىپ جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى مۇنداق دەپ ھۆكۈم چىقاردى: بىرىنچى، ئەسلى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە قىلىنسۇن. ئىككىنچى، شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى كۆندىلىك خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى زاۋۇتىنىڭ ئالكىل بېنزولنى سىرتقا چىقىرىۋەتكەنلىك ۋەقەسىنى قانۇن بويىچە بېكىتىۋاشتىن بىر تەرەپ قىلسۇن.

## § 3 . قاراپ چىقىشتىكى ئاساسىي پرىنسىپلار

ئىقتىسادىي، مەمۇرىي دېلولارنى قاراپ چىقىش، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ دەۋا تەرتىپىنى تەتبىقلاشتا ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدىكى «پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش»، «يۇقىرىلارغا قانۇننى تەتبىقلىغاندا باب - باراۋەر بولۇش» دېگەن ئادەتتىكى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك. لېكىن مەمۇرىي دەۋانىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ۋەزىپىسى سەۋەبىدىن، دەۋا داۋامىدا باراۋەر سوبيېكتىلار ئوتتۇرىسىدا ھەق تەلەپ دەۋاسى ئېلىپ بېرىش پرىنسىپلىرىنى تامامەن تەتبىق قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇ، ئاساسلىقى، مۇرەسسەنى ئاساس قىلىش پرىنسىپى ۋە چارە كۆرۈش ھوقۇقىنى چەكلەش پرىنسىپىنى تەتبىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقتا ئىپادىلىنىدۇ.

### 1. مۇرەسسەنى ئاساس قىلىش پرىنسىپى تەتبىق قىلىنمايدۇ

ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى مۇرەسسەدە ئىختىيارلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىدۇ. ئىقتىسادىي، مەمۇرىي دېلولاردا بولسا، مەمۇرىي قانۇن مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان باشقۇرۇش ۋە باشقۇرۇلۇش، چارە كۆرۈش ۋە چارە كۆرۈلۈش جەھەتلەردە باشقىچە پىكىرلەر كۆرۈلىدۇ. ئۇلاردىن بىر تەرەپ قانۇن بويىچە دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان مەمۇرىي ئورگىنى بولسا، يەنە بىر تەرەپ مەمۇرىي قانۇنلاردا مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش بەلگىلەنگەن يۇقىرىلار، قانۇنىي ئىگىلەر بولىدۇ. ئۇلاردا ئىختىيارلىقى بىلەن كېلىشىش ئاساس قىلىنىغان مۇرەسسە قىلىش مەسىلىسى ھەرگىز مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇڭا خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىقتىسادىي، مەمۇرىي دېلولارنى قاراپ چىقىشتا، جەزمەن قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەك. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى 1985 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، قانۇندا خەلق سوت مەھكىمىلىرى قاراپ چىقىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن ئىقتىسادىي، مەمۇرىي دېلولارنى مۇرەسسە قىلماسلىق كېرەكلىكى، ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئاساسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش لازىملىقىنى بەلگىلىدى.

### 2. چارە كۆرۈشنى چەكلەش پرىنسىپى

چارە كۆرۈش پرىنسىپى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنىڭ بىرى. دەۋادىكى دەۋالاشقۇچىلار قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇقى ۋە دەۋا ھوقۇقىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق، بىراق مەمۇرىي دېلولار مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقى ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىگە تاقىلىدىغان بولغاچقا مەمۇرىي

دەۋادىكى دەۋالاشقۇچىلار دەۋا ۋاكالەتچىسىگە ھاۋالە قىلىش، سوت خادىملىرىغا ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش، نارازىلىق ئەرز بېرىشكە ئوخشاش دەۋا تەرتىپىدىكى ھوقۇقلىرىنى بىر تەرەپ قىلغانلىقى سىرتىدا، سوبىستانسىيە جەھەتتە چارە كۆرۈش ھوقۇقىنى يۈرگۈزسە بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، مەمۇرىي ئورگان ئۆزىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشىگە توغرا كېلىدۇ - دە، مەمۇرىي جەھەتتە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماسلىق ھەرىكىتىنى سادىر قىلىدۇ؛ پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەرمۇ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي قانۇنلىرىدا بەلگىلەنگەن مەمۇرىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى رەت قىلسا بولىدۇ، بۇ، مەمۇرىي قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. دېمەك پۈتكۈل مەمۇرىي دەۋا جەريانىدا، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ چارە كۆرۈش ھوقۇقى قاتتىق چەكلىنىپلا قالماستىن، بەلكى قانۇنغا خىلاپ ھالدا چارە كۆرۈش ھوقۇقىنى ئىشلەتكەنلىك ھەرىكىتىگە قارىتا، خەلق سوت مەھكىمىلىرى دۆلەتنىڭ ئارىلىشىش ۋاستىسى بىلەن ئارىلىشىشى لازىم.

# IV باب

# ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەش ماجىراسى دېلولىرى

## 1 § . دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسى

خەلق سوت مەھكىمىلىرى قانۇنىي ئىگىلەر بىلەن قانۇنىي ئىگىلەر ئوتتۇرىسىدا ياكى قانۇنىي ئىگىلەر بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئىقتىسادىي ساھەلەردىكى مۇناسىۋەتلەردە، بىر تەرەپنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى قىلىش ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن ئىككىنچى تەرەپكە ئىقتىسادىي زىيان يەتكەندە، زىيانغا ئۇچرىغۇچى تەرەپ قانۇن بويىچە ئەرز قىلغان تۆلەم دېلولىرىنى ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەش دېلوسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت ئورگانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەش ماجىراسى دېلولىرىنى قوبۇل قىلىش دائىرىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، مەمۇرىي قانۇنلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ پەيدىنپەي كېڭىيىپ باردى، بىر مۇنچە قانۇن - نىزاملاردا ئىقتىسادىي زىياننى تۆلىتىشكە ۋە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىشقا بولىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەندى. مەسىلەن: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى»نىڭ 40 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: مۇشۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىش ياكى يېمەكلىكتىن بولىدىغان باشقا كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلار زىياننى تۆلەش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى زىياننى تۆلىتىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىسىمۇ بولىدۇ؛ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاتېنت ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ 60 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: پاتېنت ھوقۇقىغا ئىگە كىشى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىپ بېرىلغان ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش ھەرىكىتىگە نىسبەتەن

خەلق سوت مەھكىمىسىگە ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغۇچىغا ھوقۇقتا دەخلى - تەرۇز قىلىش ھەرىكىتىنى توختىتىشنى بۇيرۇشنى ھەمدە زىياننى تۆلىتىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاۋار ماركىسى قانۇنى»نىڭ 39 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: تىزىمغا ئالدۇرۇلغان تاۋار ماركىسىنى مەخسۇس ئىشلىتىش ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىنغاندا، ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىنغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇقتا دەخلى-تەرۇز قىلغۇچىغا ھوقۇقتا دەخلى - تەرۇز قىلىش ھەرىكىتىنى دەرھال توختىتىشنى بۇيرۇشنى ھەمدە زىياننى تۆلىتىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دورا باشقۇرۇش قانۇنى»نىڭ 56 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: مۇشۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنىپ، دورا بىلەن زەھەرلىنىش ھادىسىسى كېلىپ چىققاندا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، زىيان سالغۇچى ئورۇن ياكى شەخستىن زىياننى تۆلىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش قانۇنى»نىڭ 41 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: سۇنىڭ بۇلغىنىشىدىن ئىبارەت زىيانلىق ئاقىۋەت كېلىپ چىققاندا، زىيانغا ئۇچرىغۇچى ئورۇن ياكى شەخس خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، زىيان سالغۇچى ئورۇننىڭ زىيانداشلىقنى تۈگىتىشنى ھەمدە زىياننى تۆلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يايلاق قانۇنى»نىڭ 18 - ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: يايلاقتا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى، يايلاقتىن پايدىلىنىش ھوقۇقى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىغاندا، دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇقتا دەخلى - تەرۇز قىلغۇچىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشنى توختىتىشنى بۇيرۇشنى ھەمدە زىياننى تۆلىتىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ ۋە باشقىلار.

1984 - يىل 4 - ئايدا مەملىكەتلىك 1 - قېتىملىق ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى يىغىنىدا ئىقتىسادىي زىياننى تۆلىتىش ماجىراسى دېلولىرىنى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرىنىڭ دېلو قوبۇل قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش قارار قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بۇ خىل دېلولارنى رەسمىي قوبۇل قىلدى ۋە بىجىرىشكە باشلىدى.

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرى بۇ خىل دېلولارنى قوبۇل قىلدى. قوبۇل قىلىنىدىغان دېلولارنىڭ ئاساسلىق شەرتى مۇنداق تۆت تۈرلۈك بولىدى: (1) دەۋا سۇبيېكتى بولغان ئىككى تەرەپ ياكى بىر تەرەپ قانۇنىي ئىگە بولۇشى شەرت؛ (2) ھوقۇقتا دەخلى - تەرۇز قىلىپ زىيان يەتكۈزۈش قانۇنىي مۇناسىۋەتنى ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئىقتىسادىي ساھەدە يۈز بەرگەن بولۇشى شەرت؛ (3) ئىقتىسادىي، مەمۇرىي قانۇنلاردا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بەلگىلىمىلەر بار بولغان بولۇش شەرت؛ (4) ئەرز قىلىشتا ئاساسلىنىدىغان قانۇن - نىزاملاردا كۆرسىتىلگەن ئەرز قىلىش مۆھلىتى ئىچىدە بولۇش شەرت.

## 2 § . دېلولارنى قاراپ چىقىش ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن - نىزاملىرىدە-

كى يۇقىرىلار ۋە قانۇنىي ئىگىلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى دۆلەت قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىقتىسادىي تۆلەم ماجىراسى دېلولىرىنى قاراپ چىقىشقا ئەھمىيەت بەردى. 1985 - يىلىدىكى ئەدلىيە ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە بۇ خىل دېلودىن 108ى قوبۇل قىلىنغان، بۇ، شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 44.1%ىنى ئىگىلىگەن.

ئىقتىسادىي تۆلەم ماجىراسى دېلولىرىنى قاراپ چىقىشتا، تەرتىپ جەھەتتە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر تەدبىق قىلىندى؛ سوبىستانسىيە جەھەتتە، ئالاقىدار ئىقتىسادىي، مەمۇرىي قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىندى؛ ئىقتىسادىي، مەمۇرىي قانۇن - نىزاملاردا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلمىغانلىرىدا، دۆلەتنىڭ ياكى ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسەت - بەلگىلىمىلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. ئالتاي ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 1981 - يىل 8 - ئايدا ئالتاي ۋىلايەتلىك سىم ئارقىلىق ئالاقىلىشىش پونكىتى ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى ئۈستىدىن ئەرز قىلغان سىم يولىغا يەتكەن زىياننى تۆلەش ماجىراسى دېلوسىنى قوبۇل قىلدى. ئالتاي ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى يۇقىرى بېسىملىق توك بىلەن تەمىنلەش سىمىنى تارتقاندا، كېسىپ ئۆتىدىغان سىمنىڭ تىرىكچىنى پۇختا ئورناتمىغانلىقتىن، ۋىلايەتلىك سىم ئارقىلىق ئالاقىلىشىش پونكىتىنىڭ ئىككى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىمى ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى 1980 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېرەكتىن چۈشۈپ كېتىپ، تېلېفون سىمى بىلەن تۇتىشىپ قېلىپ، سىم ئارقىلىق ئالاقىلىشىش پونكىتىنىڭ ئالاقىلىشىش لىنىيىسىنى 110 مىنۇت ئۈزۈپ قويۇشتەك ئېغىر ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭ ئۈچۈن پونكىت ئىككىنچى تەرەپنىڭ 1848 يۈەن ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. بۇ دېلونى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى كۆپ قېتىم مۇرەسسە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ماجىرا بېسىلمىغان. ئالتاي ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى دېلو تۇرغۇزۇپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، ماتېرىياللارنى پائال ئىزدەش ۋە مۇناسىۋەتلىك سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنى كۆرۈش ئارقىلىق، [75] 116 - نومۇرلۇق ھۆججەتنى، ش ھ [80] 224 - نومۇرلۇق ھۆججەتنى، شۇنداقلا ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى، ئېلېكتر ئېنېرگىيە لايىھەلەش ئورنى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى، پوچتا - تېلېگراف مىنىستىرلىكى، رادىئو ئىدارىسى، ئازادلىق ئارمىيە ئالاقىچى قىسىم بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ 1957 - يىلى تارقاتقان بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشى قاتارلىق ھۆججەت ئاساسلىرىنى تېپىپ چىقتى. يۇقىرىقى ھۆججەتلەردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخس سىم يولىنى ئۆز ئالدىغا يۆتكىسە ۋە كۆپەيتسە بولمايدۇ. ئالاقىلىشىش سىم يولىغا يېقىن يەردە قۇرۇلۇش قىلغاندا سىمنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يېتىش ئېھتىمالى كۆرۈلۈپ قالسا، ئىشتىن ئاۋۋال پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن قۇرۇلۇش باشلاش كېرەك. يۇقىرىقى ئۇقتۇرۇشتىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ ۋەقە پەيدا قىلىنسا، ئەھۋالغا قاراپ ۋەقە پەيدا قىلغۇچىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ، ئىقتىسادىي زىيان تۆلىتىۋېلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، دەۋاگەر يەنە ئاپتونوم رايونلۇق سىم ئارقىلىق ئالاقىلىشىش پونكىتىنىڭ [79] ئۇ 57 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىسپات قىلىپ كۆرسەتتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ دېلونىڭ تۆلەم سوممىسىنى بېكىتىشتە ئېنىق ئاساس بار بولدى. سوت مەھكىمىسىنىڭ يۇقىرىقى ھۆججەتتىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە مۇرەسسە قىلىشى ئارقىسىدا جاۋابكار زىياننى تولۇق تۆلەپ بېرىشكە

ماقۇل بولدى. نەتىجىدە ئون ئايدەك تالاش - تارتىش بولغان بۇ ئىقتىسادىي تۆلەم دەۋاسى جايىدا بىر تەرەپ قىلىندى.

## 3 § . تۆلەم دائىرىسى ۋە ئاساسىي ئۇسۇل - چارە

ئىقتىسادىي، مەمۇرىي قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تۆلەم دائىرىسىنى بېكىتىشتە تۆۋەندىكى ئۈچ پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇلدى: (1) زىياننى تۆلەش جاۋابكارلىقى ئۈستىگە ئېلىنىپ زىياننى تولۇق تۆلەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى. چۈنكى قانۇندا ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغۇچىنىڭ ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى يەنى مال - مۈلۈك جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ تەلەپ قىلىنىشى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى جازالاشنىلا ئەمەس، بەلكى زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ مال - مۈلۈك زىيىنىنى تولدۇرۇشنىمۇ مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا زىياننىڭ ئاز - كۆپلۈكى پرىنسىپ قىلىنىپ تۆلىتىلگەندىلا ئاندىن قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى ئۈنۈملۈك تۈردە جازالاپ، زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ زىيىنىنى ئەڭ چوڭ ئىمكانىيەتتە تولدۇرغىلى بولىدۇ. تاۋار ماركىسىغا دائىر ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلوسىنى ئالساق، تاۋار ماركىسى قانۇنىنىڭ 29 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، تۆلەم سوممىسى ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغۇچىنىڭ ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش جەريانىدا ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن پايدىسى ياكى ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىنغۇچىنىڭ ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىنىش جەريانىدا ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىنىش تۈپەيلىدىن تارتقان زىيىنى بىلەن تەڭ بولىدۇ (2) جىسمانىي جەھەتتىكى زىياندا شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان مال - مۈلۈك زىيىنىلا تۆلىتىلدى. مەسىلەن: تېببىي داۋالاش خىراجىتى، دەخلى يەتكەن ئىش ھەققى ياكى ئىش نومۇرى، مېيىپ بولغۇچىنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى قاتارلىقلار. (3) زىيانغا ئۇچراتقۇچىنىڭ ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەش جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە بېكىتىلگەندىن كېيىن، كونكرېت تۆلەم سوممىسىنى بېكىتىشتە زىيانغا ئۇچراتقۇچىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا نەزەردە تۇتۇلدى. ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولمىغانلىرىنىڭ تۆلەم سوممىسى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئازايتىلدى. بۇ پرىنسىپ «تولۇق تۆلەش» پرىنسىپىنىڭ تولۇقلىمىسىلا قىلىندى، بۇنىڭلىق بىلەن «زىياننى تولۇق تۆلەش» پرىنسىپىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىقتىسادىي زىيان تۆلەم دېلولىرى باراۋەر سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىشتىن كېلىپ چىققان ھوقۇق مەجبۇرىيەت تالاش - تارتىشىدىن ئىبارەت. شۇڭا بۇنىڭدا ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى مۇرەسسەنى ئاساس قىلىش پرىنسىپى تەدبىق قىلىندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بۇ خىل ماجىرا دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەش جاۋابكارلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئاساسىدا، ئىشقا ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكلەشتىن كىرىشىپ، زىيانغا ئۇچراتقۇچىغا ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش ھەرىكىتىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى تونۇش ۋە زىيانغا ئۇچرىغۇچىغا توغرا مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش شەرتى ئاستىدا، تولۇق تۆلەش پرىنسىپىنى ئالدىنقى شەرت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۆلەم دائىرىسى بىلەن تۆلەم سوممىسىنى مۇۋاپىق بېكىتتى ھەمدە مۇرەسسەگە ئەھمىيەت بېرىپ، ماجىرالارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلدى. مۇرەسسە ئۈنۈم بەرمىگەنلىرىدە قانۇن بويىچە، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلغان ھالدا ۋاقتىدا ھۆكۈم چىقاردى.

# قوشۇمچە

## زىياننى تۆلەشكە ئائىت دېلو مىسالى

**ئورماننى بۇزۇش زىيىنىنى تۆلەش ماجىراسى دېلوسى**

1983 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋە 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىخەنزە نەنسەن سېمونت زاۋۇتىنىڭ تاش ئېلىش ئەترىتى مەزكۇر زاۋۇتنىڭ ساۋەن ئورمانچىلىق مەيدانىغا تۇتىشىدىغان تاش ئېلىش دائىرىسى ئىچىدە ئومۇمىي ئېغىرلىقى 5 توننا كېلىدىغان پارتلاتقۇچ دورا ئارقىلىق ھاك تېشى پارتلاتقان. بۇ زور مىقدارلىق پارتلىتىش ئاقىۋىتىدە، پاسىل سىرتىدىكى، ئورمان كەڭ كۆلەمدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ساۋەن ئورمانچىلىق مەيدانى سېمونت زاۋۇتىدىن ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ تەلەپ نەتىجە بەرمىگەندىن كېيىن، 1984 - يىل 5 - ئايدا ساۋەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان. ئەرزدە جاۋابكار سېمونت زاۋۇتىنىڭ دۆلەتنىڭ «ئورمان قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرنى نەزەرگە ئالماي، قائىدىگە خىلاپ ھالدا خەتەرلىك مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، ئورمان بايلىقىنى ئېغىر بۇزغانلىقى ئېيتىلغاندىن كېيىن، سوت مەھكىمىسىدىن جاۋابكارنىڭ ئىقتىسادىي جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈپ، ئورمان مەيدانىغا يەتكەن زىيان ھېسابىغا 329 مىڭ 388 يۈەن تۆلەم تۆلىتىپ بېرىشى تەلەپ قىلىنغان. جاۋابكار ئۆزىنى ئاقلاپ مۇنداق دېگەن: پارتلىتىپ تاش ئېلىش ئىشى يۇقىرى تەستىقلاپ بەرگەن 200 مولۇق تاش ئېلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمىگەن؛ دەۋاگەر ئوتتۇرىغا قويغان ئورمانغا يەتكەن زىيان ھېسابىغا تۆلىنىدىغان تۆلەم پۇلىنىڭ سوممىسىغا قوشۇلۇشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جاۋابكار يەنە ساۋەن ئورمانچىلىق مەيدانى ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، نورمال تاش ئېلىش مەشغۇلاتىغا توسقۇنلۇق قىلغاچقا، زاۋۇتىمىز 298 مىڭ 208 يۈەن 89 پۇڭ زىيان تارتتى، دەپ دەۋاگەرنىڭ تۆلەم تۆلىشى توغرىسىدا قارشى ئەرز قىلغان.

ساۋەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئىككى تەرەپ كۆرسەتكەن تاش ئېلىش دائىرىسىگە مۇناسىۋەتلىك دەلىل - ئىسپات ماتېرىياللارنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، جاۋابكارنىڭ تاش ئېلىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان ئىككى قېتىملىق پارتلىتىش جەريانىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، ئالاقىدار تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ۋەقە يۈز بەرگەن جاينى يېڭىۋاشتىن تەكشۈرۈپ، پەن - تېخنىكىلىق باھالاش خۇلاسىسى چىقارغاندىن كېيىن، 1985 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بۇ دېلونى قانۇن بويىچە ئوچۇق سوت قىلدى. سوتتا تەكشۈرۈش، مۇنازىرىلىشىش ھەمدە كېڭەشمە سوتتىن ئۆتكۈزۈش نەتىجىسىدە، ئىككى تەرەپ تالاش - تارتىش قىلغان ئاساسلىق پاكىتلار ئۈستىدە سوتنىڭ مۇنداق ئاساسىي بېكىتىلمىسى ئېلان قىلىندى.

1. تاش ئېلىش دائىرىسى مەسىلىسى    1970 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق-ئورمانچىلىق ئىدارىسى ساۋەن ئورمانچىلىق مەيدانىغا تەۋە رايون ئىچىدىن 200 مو يەرنى سېمونت زاۋۇتىغا ھاك تېشى ئېلىشقا بۆلۈپ بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن، شۇنىڭغا ئاساسەن، ئىككى تەرەپ ۋەكىلى شۇ يەرگە بېرىپ، سېمونت زاۋۇتىغا كۆز مۆلچەر بىلەن بىر پارچە يەرنى تاش ئېلىش رايونى قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن (بۇ يەر دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۆلچىگەندە

7 .36 مو بولۇپ چىققان). سېمونت زاۋۇتى ئورمان باشقۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، يۇقىرىقى يەردىكى ئورماننى كېسىپ مەيدان ئاچقان. كۆپ يىللاردىن بۇيان، بۇ زاۋۇت بۇ يەردىن تاش ئېلىپ كەلگەن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بۇ جەھەتتە تالاش-تارتىش بولمىغان. 1984-يىلى سېمونت زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ بىرلىكتە بېكىتكەن تاش ئېلىش چېگرىسىدىن ئۆز ئالدىغا ھالقىپ ئۆتۈپ، پارتلاتقۇچ دورا مىقدارىنى كۆپەيتىپ كەڭ دائىرىدە پارتلىتىپ تاش ئېلىپ، كان رايونى پاسىلى سىرتىدىكى كەڭ كۆلەملىك ئورماننىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىدىن ئىبارەت ئېغىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ۋەقە يۈز بەرگەن جاينىڭ كۆلىمى 200 مودىن ئېشىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئىككى تەرەپ ئورتاق بېكىتكەن چېگرىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ كەتكەن، ئەينى ۋاقىتتا سېمونت زاۋۇتى پارتلىتىش سەۋەبىدىن زىيانغا ئۇچرىغان يەرنى كېڭەيتىۋالغان بولۇپ، ئورمانلىقتىن پايدىلىنىش رەسمىيىتىنى ئۆتۈنمىگەن، زۆرۈر بولغان تازىلاش يۈزىسىدىن ئورمان كېسىش ئىشىنى ئىشلىمىگەن. شۇڭا دۆلىتىمىزنىڭ «ئورمان قانۇنى»نىڭ 19-ماددىسىدىكى «ئورماننى بۇزۇپ بوز يەر ئېچىشقا ۋە ئورماننى بۇزۇپ تاش ئېلىش... مەنئى قىلىنىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە ۋە 37-ماددىدىكى مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ بوز يەر ئېچىش، تاش ئېلىش... ئارقىلىق ئورمان، دەل-دەرەخلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا زىياننى تۆلەپ بېرىشنى بۇيرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، جاۋابكارنىڭ كان ئېچىپ ئورماننى بۇزغانلىقىنى بېكىتىش ھەمدە قانۇن بويىچە ئىقتىسادىي تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالدۇرۇش كېرەك.

2. تۆلەم سوممىسى مەسىلىسى    دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمانغا مەسئۇل تارمىقى ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدا قالدۇرۇلغان خاتىرىدە كۆرسىتىلگەن دائىرىگە ۋە ئەسلىدىكى ھاۋادىن ئۆلچەش ماتېرىيالىغا ئاساسەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئورمان كۆلىمىنى 3 .141 مو، پارتلىتىشتا نابۇت بولغان دەل-دەرەخلەرنى 493 كۇب مېتىر، كۆچەتنى 6000 تۈپ دەپ ھېسابلاپ، جەمئىي 329 مىڭ 388 يۈەنلىك زىيان چىقارغان. سوت مەھكىمىسى بۇ دېلونى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، قايتىدىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئورمان كۆلىمىنى 46 مو، كۆچەتنى 74مىڭ 380 تۈپ، ئومۇمىي زىياننى 328 مىڭ 500 يۈەن قىلىپ بېكىتتى. بۇ سان دەۋاگەر تەلەپ قىلغان تۆلەم سوممىسى بىلەن تەڭ بولدى. ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈشتە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئورمان كۆلىمىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، شۇنىڭدىن بولغانكى، ئالدىنقى قېتىملىقىدا مۆلچەر بويىچە ھېسابلانغان، كېيىنكىسىدە بولسا ئەمەلىي ئۆلچەنگەن، شۇڭا كېيىنكىسىنى ئاساس قىلىش كېرەك. ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈشتە كۆچەتلەرنىڭ سانى قاتتىق پەرقلىنىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى 1-قېتىم تەكشۈرۈلگەندە يەر-جاھاننى قېلىن قار قاپلاپ كەتكەچكە، قار ئاستىدىكى كۆچەتلەر ئاز ھېسابلىنىپ قالغان، شۇڭا كېيىنكى قېتىملىق تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلىش كېرەك. يەتكەن زىيانغا تۆلىنىدىغان تۆلەم سوممىسىدا كېيىنكى قېتىملىق تېخنىكىلىق باھالاپ بېكىتىشنى ئاساس قىلىنىشى كېرەك.

3. جاۋابكارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ توختاپ قېلىشىدىن بولغان زىياننى تۆلىتىش توغرىسىدىكى قارشى ئەرزى توغرىسىدا    تەكشۈرۈلۈشچە ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارمىقى سېمونتنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ۋەقە بىر تەرەپ قىلىنىشتىن بۇرۇن، سېمونت زاۋۇتى بەلگىلەنگەن دائىرىدە كىچىك كۆلەملىك تاش ئېلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ، دەپ تەستىق سالغان. شۇنىڭغا ئاساسەن،

سېمونت زاۋۇتى داۋاملىق پارتلىتىش مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللانغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق پارتلىتىشتىن چىققان تاشلار ھازىرغا قەدەر ھەممىلا يەردە دۆۋىلىنىپ ياتقان، ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا توسقۇنلۇق قىلىنغانلىق مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس، شۇڭا جاۋابكارنىڭ قارشى ئەرزى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

پاكىتلار سوتتا بېكىتىلگەندىن كېيىن، جاۋابكار كان ئېچىپ ئورماننى بۇزغان سەۋەبلىكىدىن جاۋابكارلىققا توغرا تونۇش ھاسىل قىلىپ، سوتنىڭ ئۆزىدىلا قارشى ئەرزىنى قايتۇرۇۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە تاش ئېلىش رايونى دائىرىسىدە كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپ ئورمانغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن يەتكەن زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. جاۋابكارنىڭ بۇخىل ئاكتىپ پوزىتسىيىسى دەۋاگەرنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشتى. دەۋاگەر جاۋابكارنىڭ مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، تۆلەم سوممىسىنىڭ سانىنى ئازايتىشقا ماقۇل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدا يەتكۈزۈش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ۋە دۆلەتنىڭ ئورمان بايلىقىنى ئورتاق قوغداش ئۈچۈن، سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن، ئىككى تەرەپ تۆۋەندىكىچە كېلىشىم ھاسىل قىلدى: سېمونت زاۋۇتى ساۋەن ئورمانچىلىق مەيدانىغا ئورمانغا يەتكەن زىيان ئۈچۈن 140 مىڭ يۈەن تۆلەيدۇ ھەمدە ئورمان مەيدانىنىڭ كۆچەت بىلەن تەمىنلىشى ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، كان رايونى ئىچىدە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىدۇ. بۇ دېلونىڭ قوبۇل قىلىش ھەققى 4927.50 يۈەن، باھالاپ بېكىتىش ھەققى 409 يۈەن بولۇپ، جەمئىي 5330.50 يۈەننى سېمونت زاۋۇتى تولۇق ئۈستىگە ئالىدۇ.

بۇ دېلو ساۋەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ دەۋالاشقۇچىلار قول ئېلىشىپ ئەپلىشىپ قالغان، ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقلىرىمۇ رازى بولۇشقان.

ئالتىنچى قىسىم

# مەمۇرىي باشقۇرۇش

# ئالتىنچى قىسىم

# مەمۇرىي باشقۇرۇش

## I باب

## سودىيىلەرنى باشقۇرۇش

### 1 § . سودىيىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ تەمىناتى

#### 1. سودىيىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش

1) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگو دەۋرىدىكى سوتچىلار ۋە تەپتىشلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش تۈزۈمى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا، قانۇن ۋازارىتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش نىزامنامىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، سوراقچى ۋەزىرلەر باش مۇپەتتىش تەرىپىدىن كۆرسىتىلەتتى؛ سوتچىلار، تەپتىشلەر ۋە ئۇلاردىن تۆۋەن دەرىجىدىكىلەر باش مۇپەتتىش بىلەن تەپتىش تەرىپىدىن تەيىنلىنەتتى؛ سىياسىي قانۇن مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەنلەردىكى جازا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، رەسمىي ئەمەلدار بولغانلارنى قانۇن ۋازارىتىگە ئالدىن سوتچىلىق ۋە تەپتىشلىك ۋەزىپىسىگە قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلەتتى.

مىنگو دەۋرىدە مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىيىتى مىنىستىرلىكى سوتچى خادىملارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. مەمۇرلارنى ئىشقا قويۇش قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇش تەپسىلىي پرىنسىپىغا ئاساسەن، مەخسۇس ئورگاننىڭ ئىمتىھان ئېلىشى، سىنىشى ياكى تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، شۇ ئاساستا ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىشى ئۈستىدە قارار چىقىرىلاتتى.

مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) ئىمتىھان ئېلىش مەھكىمىسى مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىنغان ئىمتىھانغا قاتناشقان پۈتۈكچىلەردىن ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلىرى بىۋاسىتە سوت مەھكىمىلىرىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدىكى تەپتىش ۋە سوتچىلار دەسلەپتە مىنىستىرلىك تەرىپىدىن بېرىدەك مۇۋەققەت-

لىككە ئەۋەتىلىدۇ. تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغانلىرى بىر بىرلەپ رەسمىي ئەنگە ئېلىنىدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇش چىقاردى. شۇ يىلى جايلاردىكى ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھەربىي قانۇن خادىملىرىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلاردىن تەركىب تاپتى. ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «ھەربىي قانۇن خادىملىرىنى ئەدلىيە خادىملىقىغا ئۆزگەرتىش نىزامى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: ھەربىي قانۇن خادىملىرى ئىچىدىكى مەخسۇس كۇرس مەكتەپلىرىدە قانۇن كەسپىنى 3 يىلدىن ئارتۇق ئوقۇغان شۇنداقلا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ھەربىي قانۇن خادىملىرىغا باراۋەر كېلىدىغان ئورۇندا 3 يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەنلەر تىزىملاش ئارقىلىق تەكشۈرۈشتە نەتىجىسى لاياقەتلىك بولسا سوتچىلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ؛ ھەربىي قانۇن خادىملىرىدىن مەخسۇس كۇرستىن يۇقىرى مەكتەپلەردە قانۇن كەسپىنى 3 يىلدىن ئارتۇق ئوقۇغانلار شۇنىڭدەك كۆرسىتىش ئارقىلىق ۋەزىپىگە قويۇلغان ئورۇندا 2 يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەنلەر تىزىملاش ئارقىلىق تەكشۈرۈشتە نەتىجىسى لاياقەتلىك بولسا يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوتچىلىق ياكى تەپتىشلىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ؛ ھەربىي قانۇن خادىملىرىدىن سوتچى ياكى تەپتىش بولغىنىغا بىر يىلدىن ئارتۇق بولغان شۇنىڭدەك كۆرسىتىش ئارقىلىق ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئورۇندا ھەربىي قانۇن خادىمى بولۇپ ئىشلىگىنىگە 2 يىلدىن ئاشقانلار تىزىملاش ئارقىلىق تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولسا يەرلىك سوت مەھكىمىسى باشلىقلىرىنىڭ سوتچى، يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باش تەپتىشى ياكى يۇقىرى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ كۆرسىتىشى ئارقىلىق ۋەزىپىگە قويۇلىدىغان سوتچى ياكى تەپتىش بولۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ؛ ھەربىي قانۇن خادىملىرىدىن قوشۇمچە يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ سوتچىسى بولغان ياكى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ كۆرسىتىشى ئارقىلىق ۋەزىپىگە قويۇلىدىغان باش تەپتىش بولغان ياكى يۇقىرى سوت مەھكىمىلىرىدە سوتچى، تەپتىش بولغانلاردىن شۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 2 يىلدىن ئاشقان ھەمدە ئاددىي تەرتىپ بىلەن ۋەزىپىگە قويۇلىدىغان ھەربىي قانۇن خادىمى بولۇپ ئىشلىگىنىگە 2 يىلدىن ئاشقانلار تىزىملاش ئارقىلىق تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولسا ئاددىي تەرتىپ بىلەن ۋەزىپىگە قويۇلىدىغان سوتچى ياكى تەپتىشلىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ؛ ئاددىي تەرتىپ بىلەن ۋەزىپىگە قويۇلغان ھەربىي قانۇن خادىملىرىدىن 4 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلغانلار تىزىملاش ئارقىلىق تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولسا ئاددىي تەرتىپ بىلەن ۋەزىپىگە قويۇلىدىغان تەپتىشلىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئەدلىيە ئورگانلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى خادىملىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئەدلىيە خادىملىرىنى قوبۇل قىلىشتا تىزىمغا ئالدۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، تىزىمغا ئالدۇرۇش شەرتى، زۆرۈر ئىسپاتلار ۋە تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغانلارنى مۇددەتكە بۆلۈپ تەربىيىلەش چارىسىنى بەلگىلىدى.

مىللىي ھۆكۈمەت ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى ئەدلىيە خادىملىرى ئۆز يۇرتىدىن بولماسلىق پرىنسىپىنى يولغا قويۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىكلەر باشقا ئۆلكىدىن بولۇش، تۆۋەن دەرىجىلىك-

لەر باشقا ناھىيىدىن بولۇش بەلگىلىمىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى ۋاڭ دىڭگو ئاپام قىرىپ قالدى ۋە سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس دەپ ئۆز يۇرتى ماناس سوت مەھكىمىسىگە يۆتكىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى لىيۇ خەنشېڭ تارباغاتاي يەرلىك سوت مەھكىمىسىگە «مەزكۇر خادىمنىڭ ئىلتىماسى قانۇنغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىشكە بولمايدۇ» دەپ يوليورۇق بېرىدۇ.

1943 ـ يىلى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى يەنە ئەدلىيە ئەمەلدارلىرى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان كۈندىن ئېتىبارەن بىر يىل ئىچىدە ھەر قانداق بىر سوت مەھكىمىسى تەۋەسىدە ئادۋوكاتلىق قىلسا بولمايدۇ. لېكىن ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ سوتچىلىرى ياكى قوشۇمچە ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغان ياكى تەپتىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ھاكىملار ياكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سوت ئىشلىرىنى بېجىرگەنلەر بۇ بەلگىلىمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقاردى.

2) ئازادلىقتىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ سوت قىلغۇچى خادىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئەھۋالى

1950 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى تەرىپىدىن تەيىنلەندى. 1952 ـ يىل 6 ـ ئايدا غەربىي شىمال ھەربىي ـ مەمۇرىي كومىتېتى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، شەھەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە سوت قىلغۇچى خادىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى، ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى غەربىي شىمال ھەربىي ـ مەمۇرىي كومىتېتى تەستىقلىدى (يۆتكىلىش ئىشىمۇ شۇنداق) . ئۇنىڭ رەسمىيەتلىرى مۇنداق بولدى: ئۆز جايىدىن كۆرسىتىلگەن بولسا، ئالدى بىلەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مەمۇرىي يىغىنىدىن ئۆتكۈزۈلدى ئاندىن مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى شۇ كىشى ئۆزى تولدۇرغان خىزمەت تارىخى جەدۋىلىنى 2 نۇسخىدىن كادىرلار نازارىتى ۋە ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق غەربىي شىمال ھەربىي ـ مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىدى. ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوتچىلىرى، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوتچىلىرى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈلدى (يۆتكىلىدىغانلارنىڭمۇ شۇنداق) ، بۇنىڭ رەسمىيىتى مۇنداق بولدى: شۇ جايدىن كۆرسىتىلگەن بولسا، مەمۇرىي مەھكىمە ياكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي يىغىنىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، مەمۇرىي مەھكىمە ياكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى ياكى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى شۇ كىشى ئۆزى تولدۇرغان كادىرلارنىڭ خىزمەت تارىخى توغرىسىدىكى جەدۋىلىدىن 3 نۇسخىنى دەرىجە بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كادىرلار ئىشلىرى تارمىقى بىلەن سوت مەھكىمىسىگە يوللىدى، ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەستىقلىدى. ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ياكى ناھىيىلىك سوت

مەھكىمىلىرىنىڭ كاتىپلىرىدىن تۆۋەن كادىرلىرىنى ۋالىيلار ياكى ھاكىملار ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇردى، لېكىن خىزمەت تارىخى جەدۋىلىدىن 3 نۇسخا يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلار ئىشلىرى تارمىقى ۋە سوت مەھكىمىلىرىگە ئەۋەتىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇلدى.

1954 - يىل 9 - ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ئېلان قىلىندى. بۇ قانۇندا مۇنۇلار بەلگىلەندى: خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، سوت قىلغۇچى خادىملار چوقۇم سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە 23 ياشقا توشقان پۇقرا بولۇشى، سىياسىي ھوقۇقى تارتىۋېلىنمىغان خادىم بولۇشى كېرەك، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلىدۇ، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى ۋە سوتچىلارنى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ياردەمچى سوتچىلىرىنى بىر دەرىجە يۇقىرى ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرىدۇ.

1955 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئۆلكىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى سايلاش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى قايتا تەكىتلىدى: «ناھىيە ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقىشقا ۋە ئۇلارنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق»، «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلىدۇ، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى، كوللېگىيە باشلىقلىرى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقلىرى، سوتچىلار يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرى تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلىدۇ. ئۆلكە تەۋەسىدىكى رايونلار بويىچە تەسىس قىلىنغان ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلىدۇ، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى، كوللېگىيە باشلىقلىرى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقلىرى، سوتچىلار ئۆلكىلىك خەلق كومىتېتى تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا تەسىس قىلىنغان يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، كوللېگىيە باشلىقلىرى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقلىرى ۋە سوتچىلار ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەرىپىدىن سايلىنىدۇ ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلىدۇ». ئۇقتۇرۇشتا يەنە جايلاردىن شۇ يىلى ئېچىلىدىغان خەلق قۇرۇلتىيىدا شۇ دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقىش تەلەپ قىلىندى. 1955 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سايلاپ چىقىلدى. مۇشۇ نۆۋەتلىك

خەلق قۇرۇلتىيىدىن تارتىپ 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغىچە (1964 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە) ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە كۆپ ساندىكى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلدى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق سوت مەھكىمىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلدى. بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى شۇ ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىدا سايلاپ چىقىلدى.

1955 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ياردەمچى سوتچىلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش رەسمىيىتى توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقاردى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنۇلار: (1) يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى سوتچىلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئەدلىيە نازارىتى تەكشۈرۈپ قوشۇلغاندىن كېيىن، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىگە يوللىنىدۇ؛ (2) ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق، كورلا ۋىلايەتلىك، قۇمۇل ۋىلايەتلىك، ئۈرۈمچى رايونلۇق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ياردەمچى سوتچىلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش مەزكۇر ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك، رايونلۇق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى تەرىپىدىن ئەدلىيە نازارىتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىنىدۇ؛ (3) قەشقەر ۋىلايەتلىك، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك، يەكەن ۋىلايەتلىك، خوتەن ۋىلايەتلىك، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ياردەمچى سوتچىلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى شۇ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ئەدلىيە باشقارمىسى تەكشۈرۈپ قوشۇلغاندىن كېيىن، ئەدلىيە نازارىتىگە يوللىنىدۇ؛ (4) ئىلى ۋىلايەتلىك، ئالتاي ۋىلايەتلىك، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋە بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ياردەمچى سوتچىلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى ئەدلىيە نازارىتى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشىغا ھاۋالە قىلىدۇ ھەمدە ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى تەستىقلىغان ئورگان ئەدلىيە نازارىتىگە يوللاپ ئەنگە ئالدۇرىدۇ؛ (5) ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ياردەمچى سوتچىلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى بىۋاسىتە قاراشلىق مەسئۇل ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى تەستىقلايدۇ ھەمدە ئەدلىيە نازارىتىگە يوللاپ ئەنگە ئالدۇرىدۇ ياكى ئەدلىيە نازارىتى ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق سوت مەھكىمىسىگە (ياكى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە-

سى ئەدلىيە باشقارمىسىغا) يوللاپ ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

1955 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ياردەمچى سوتچىلىق ۋەزىپىسىنى ۋاكالىتەن ئۆتەش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا، ھوقۇق بېرىش ئىشىنى مەھكىمە باشلىقى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، سوت ھەيئىتى ماقۇللىغاندىن كېيىن، ھوقۇق بېرىلگۈچىگە ئاغزاكىي ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ. ياردەمچى سوتچى باش سوتچىلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن بولسا ئايرىم ھوقۇق بېرىلمەيدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1973 - يىلى جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، مەھكىمە باشلىقلىرى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەندى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

1978 - يىلدىكى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتى يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى يەنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. 1979 - يىلىدىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ھەر نۆۋەتلىك باشلىقلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا سايلاپ چىقىلدى، ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە سوتچىلىرىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. 1983 - يىل 9 - ئايدا تۈزىتىلگەن «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»دا ياردەمچى سوتچىلارنى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ دەپ بەلگىلەندى.

## 2. سودىيىلەرنىڭ تەمىناتى

### 1) مىنگو دەۋرىدىكى سودىيىلەرنىڭ تەمىناتى

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) 4 - ئايدا مىللىي ھۆكۈمەت ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى «سودىيىلەر ۋە باشقا ئەدلىيە خادىملىرى قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ ۋاقىتلىق ئىش ھەققى جەدۋىلى»نى ئېلان قىلىپ 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلدى. جەدۋەلدە ئالاھىدە تەيىنلەنگەن ۋەزىپە، ئاددىي تەرتىپ بىلەن تەيىنلەنگەن ۋەزىپە، كۆرسىتىش ئارقىلىق تەيىنلەنگەن ۋەزىپە، بەلگىلەنگەن ۋەزىپە دەپ 4 تۈرلۈك ۋەزىپە دەرىجىسى بەلگىلەندى. ئالاھىدە تەيىنلەنگىنى بىرلا دەرىجە بولۇپ، ئايلىق ئىش ھەققى 800 يۈەن (فابى پۇلى) قىلىپ بېكىتىلدى، بۇ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئىش ھەققى ئىدى. ئاددىي تەرتىپ بىلەن تەيىنلەنگىنى 8 - دەرىجىدىن 1 - دەرىجىگىچە بېكىتىلگەن بولۇپ، ئايلىق ئىش ھەققى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 430 يۈەن، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 680 يۈەن بولدى، ئارىلىقتىكى دەرىجە پەرقى 30

يۈەندىن 40 يۈەنگىچە بولدى. كۆرسىتىش ئارقىلىق تەيىنلەنگىنىنىڭ 12 - دەرىجىدىن 1 - دەرىجىگىچە بولۇپ، ئايلىق ئىش ھەققى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 180 يۈەن، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 400 يۈەن بولدى، ئارىلىقتىكى دەرىجە پەرقى 20 يۈەن بولدى. بەلگىلەش ئارقىلىق تەيىنلەنگىنىنىڭ 16 - دەرىجىدىن 1 - دەرىجىگىچە بولۇپ، ئايلىق ئىش ھەققى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 55 يۈەن، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 200 يۈەن بولدى. ئارىلىقتىكى دەرىجە پەرقى 5 يۈەندىن 10 يۈەنگىچە بولدى. يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنى ئالساق، مەھكىمە باشلىقىنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى 7- دەرىجىدىن 1 - دەرىجىگىچە؛ باش تەپتىشنىڭ 6 - دەرىجىدىن 1 - دەرىجىگىچە؛ كوللېگىيە باشلىقلىرىنىڭ 8 - دەرىجىدىن 1 - دەرىجىگىچە؛ سوتچى، تەپتىشلەرنىڭ 10 - دەرىجىدىن 1- دەرىجىگىچە؛ پۈتۈكچىلەرنىڭ 10 - دەرىجىدىن 4 - دەرىجىگىچە؛ تەپتىش باشقارمىسى پۈتۈكچىلەرنىڭ 7 - دەرىجىدىن 1 - دەرىجىگىچە؛ پۈتۈكچىلەرنىڭ 12 - دەرىجىدىن 1 - دەرىجىگىچە؛ تەرجىمانلارنىڭ 9 - دەرىجىدىن 1 - دەرىجىگىچە بولدى. ئالىي سوت مەھكىمىسى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى خادىملىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ياكى ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش ئىشىنى ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. ئالىي سوت مەھكىمىسىدىكى خادىملارنىڭ دەرىجىسىنى ياكى ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش ئىشىنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ يۇقىرىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدى. ئومۇمەن خىزمەت ئىشلىگىنىگە 2 يىل توشقانلارنىڭ ئىش ھەققى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. خىزمەت ئىشلىگىنىگە بىر يىل بولغان، لېكىن تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلارنى مەھكىمە باشلىقى تاللاپ، ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا يۇقىرىغا ئىلتىماس سۇندى.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئەدلىيە خادىملىرىغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىنىدى. يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى «ئەدلىيە ئەمەلدارلىرى ۋە باشقا ئەدلىيە خادىملىرىغا ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى»نى ئېلان قىلدى. چارىدە مۇنداق بەلگىلەنگەن: خىزمەتكە قاتناشقىنىغا 3 يىل توشقان، ھەقىقەتەن تۆھپە ياراتقانلارغا ئەسلى ئىش ھەققىنىڭ %30ى بويىچە، باشقا ئەدلىيە خادىملىرىغا %20ى بويىچە ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلىدۇ، ئۇ يىللىق تۆھپىسىگە قاراپ ھەر ئايدا ئايلىق ئىش ھەققىگە قوشۇپ بېرىلىدۇ.

شۇ يىلى ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى «ئەدلىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ پېنسىيە پۇلى نىزامى»نى ئېلان قىلدى. نىزامدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: نىزامدىكى بەلگىلىمىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كەلگەنلەرگە ئۆمۈر بويى پېنسىيە پۇلى بېرىلىدۇ، ئىستېپا بەرگەنلەرگە ئىستېپا بەرگەن چاغدىكى ئىش ھەققىنىڭ ئۈچتىن بىرى بويىچە مۇددەتكە بۆلۈپ تارقىتىپ بېرىلىدۇ. پېنسىيە پۇلىنى بىرلا قېتىمدا ئېلىشنى خالىسا ئىستېپا بەرگەن ۋاقىتتا بىر يىللىق مائاش بېرىلگەندىن باشقا يەنە 6 ئايلىق مائاش قوشۇپ بېرىلىدۇ. بىر قىسىم شەرتكە ئۇيغۇن كەلگەنلەرگە خىزمەت ئىشلىگەن ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمىغان سوممىدا پېنسىيە پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى ئوقتۇرۇش

تارقىتىپ، ئەدلىيە خادىملىرىغا قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش توغرىسىدىكى قائىدىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمان بولىدىغانلار ۋە ياردەم پۇلىنىڭ سوممىسى قاتارلىقلارنى بەلگىلىدى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 4 - ئايدا ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى «مەمۇرلارنىڭ دەرىجە تىزىمى»نى ئېلان قىلدى. تىزىمدا مۇنۇلار بەلگىلەندى: خىزمەتتىكى خادىملارنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئىمتىھانغا قاتنىشىپ لاياقەتلىك بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەرنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى 3 - دەرىجىدىن 1 - دەرىجىگىچە بولىدۇ؛ مەخسۇس كۇرسنى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر ياكى ئادەتتىكى ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلارنىڭ ئىش ھەققى دەرىجەسى 5 - دەرىجىدىن 4 - دەرىجىگىچە بولىدۇ؛ مەمۇرلارنى ئىشلىتىش قانۇنىنىڭ 4 - ماددا 4- تارمىقىنىڭ بەلگىلىمىسىگە چۈشىدىغانلارنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى 8 - دەرىجىدىن 6 - دەرىجەگىچە بولىدۇ؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ 9 - دەرىجە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ياكى ياللانما ئىشچىلىقتىن كېلىپ چىققانلارنىڭ 16 - دەرىجىدىن 10 - دەرىجىگىچە بولىدۇ.

شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى شىنجاڭ يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە «قوشۇمچە ئىش ھەققىنى بۇ يىل 4 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەستىقلاندى، شىنجاڭ ئۆلكىسىگە بىر ھەسسە قوشۇپ تارقىتىپ بېرىلىدۇ» دەپ تېلېگرامما يوللىدى.

مىنگو دەۋرىدە ئېلان قىلىنغان «ئىش ھەققى قانۇنى»دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: مەمۇرلارنىڭ ئىش ھەققى ئاي بويىچە ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئاساسىي ئىش ھەققى، يىللىق ئىش ھەققى ۋە مۇكاپات ئىش ھەققى دەپ 3 تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئىش ھەققى سوممىسى ئىش ھەققى جەدۋىلىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاساسىي ئىش ھەققى ھەر يىلى بىر دەرىجىدىن ئۆستۈرۈلىدۇ، ئاساسىي ئىش ھەققى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە ئۆستۈرۈلۈپ 2 يىل توشقاندا يىللىق ئىش ھەققى قوشۇلىدۇ؛ يىللىق ئىش ھەققى ھەر 2 يىلدا بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلىدۇ، يىللىق ئىش ھەققى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە ئۆستۈرۈلۈپ 3 يىل توشقاندا، مۇكاپات ئىش ھەققى تارقىتىلىدۇ، مۇكاپات ئىش ھەققى ھەر 3 يىلدا بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلىدۇ، يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەندە ئۆستۈرۈش توختىتىلىدۇ. ھەر يىلى 6 - ئاي ياكى 12 - ئايدا يۇقىرىقى بەلگىلەنگەن سۈرۈكنى تولدۇرۇش ھەمدە نەتىجىسىنى سىناش ئارقىلىق، ئىش ھەققى جەدۋىلىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئۆستۈرۈلىدۇ.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى «سودىيەلەر ۋە باشقا ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ تۈزىتىلگەن ئىش ھەققى جەدۋىلى»نى تارقىتىپ، خىزمەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىش ھەققىنىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋەن دەرىجىسىنى تەڭشىدى. يۇقىرى سوتنى مىسالغا ئالساق، مەھكىمە باشلىقلىرىنىڭ ۋەزىپە ئىش ھەققى 4 - دەرىجىدىن 1 - دەرىجىگىچە؛ باش تەپتىشنىڭ 6 - دەرىجىدىن 1 - دەرىجىگىچە؛ كوللېگىيە باشلىقلىرىنىڭ 4- دەرىجىدىن 1 - دەرىجىگىچە ياكى 8 - دەرىجىدىن 3 - دەرىجىگىچە؛ سوتچى، تەپتىش، پۈتۈكچىلەر-

نىڭ 6 - دەرىجىدىن 1 - دەرىجىگىچە، تەپتىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىر پۈتۈكچىلىرىنىڭ 8 - دەرىجىدىن 1 - دەرىجىگىچە، بۆلۈم دەرىجىلىك پۈتۈكچىلەر، 1 - دەرىجىلىك پۈتۈكچىلەرنىڭ 4 - دەرىجىدىن 1 - دەرىجىگىچە، 2 - دەرىجىلىك پۈتۈكچىلەرنىڭ 8 - دەرىجىدىن 5 - دەرىجىگىچە، 3 - دەرىجىلىك پۈتۈكچىلەرنىڭ 12 - دەرىجىدىن 9 - دەرىجىگىچە بولىدۇ. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) ۋە مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) دىكى ۋاقىتلىق سودىيىلەر ۋە باشقا ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى ئەھۋالىنى 6 — 1 ۋە 6 — 2 - جەدۋەلدىن كۆرۈڭ.

## 2) يېڭى جۇڭگو سوتچىلىرىنىڭ تەمىناتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە سوتچىلارنىڭ تەمىناتى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم يوق ئىدى، 1956 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گوۋۇيۈەن دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ (جۈملىدىن سوتچىلارنىڭ) مائاش ئۆلچىمى جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقتى. جەدۋەلدە مائاش 1 - دەرىجىدىن 30 - دەرىجىگىچە قىلىپ بەلگىلەندى. ھەربىر دەرىجە يەنە 3 — 11 - خىلغىچە ئايرىلدى. شىنجاڭ 11 - خىل رايون بولدى. سوت مەھكىمىسى خادىملىرىنىڭ ۋەزىپە دەرىجىسىدە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنى ئالساق، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، مەھكىمە باشلىقىنىڭ 13 - دەرىجىدىن 9 - دەرىجىگىچە؛ مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى ۋە كوللېگىيە باشلىقىنىڭ 16 - دەرىجىدىن 12 - دەرىجىگىچە؛ سوتچى، ئىجراچى، بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقىنىڭ 19 - دەرىجىدىن 14 - دەرىجىگىچە؛ ياردەمچى سوتچىنىڭ 20 - دەرىجىدىن 16 - دەرىجىگىچە؛ بۆلۈم ئەزاسى، پۈتۈكچىنىڭ 22 - دەرىجىدىن 18 - دەرىجىگىچە؛ ئىش بېجىرگۈچىنىڭ 26 - دەرىجىدىن 23 - دەرىجىگىچە؛ قارا خىزمەتچىنىڭ 30 - دەرىجىدىن 25- دەرىجىگىچە بولدى. كېيىنكى دەرىجە ئۆستۈرۈش ئىشلىرى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تەڭشەشكە ئەگىشىپ ئېلىپ بېرىلدى.

1956 - يىلى دۆلەت بەلگىلىگەن ھەر دەرىجىلىك سوت، تەپتىش ئورگان خادىملىرىنىڭ مائاش ئۆلچىمىنى جەدۋەل 6 — 3تىن كۆرۈۋېلىڭ.

80 - يىللارغا كەلگەندە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق كۈچەيتىلىپ، سوتچىلارنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى باشلىقلىرىنىڭ مائاش دەرىجىسى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىلىرى (سودىيىلىرى) نىڭ مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىكلەر بىلەن ئوخشاش بولدى ھەمدە مائاش ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ، مائاش ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، سوتچىلار ۋەزىپىگە مۇناسىپ دەرىجە بويىچە مائاش ئالىدىغان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسىدىن 15نىگە كەسىپ ۋە ئىستاژىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك سوتچىنىڭ مائاشىنى بېرىش تەستىقلاندى. ئوتتۇرا سوت ۋە ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىمۇ بىر تۈركۈم مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك ۋە بۆلۈم دەرىجىلىك سوتچىلارنى تەستىقلىدى. ئۇلار مۇناسىپ ۋەزىپە مائاشى ئالىدىغان بولدى.

## سودىيەلەر ۋە باشقا ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ ۋاقىتلىق

(ئەنجىك مىللىي ھۆكۈمىتى ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى مىنكونىك


جەدۋەل: 6 ـ 1

| ۋەزىپىسى | دەرىجىسى | مائاشى | ئالىي سوت مەھكىمىسى | يۇقىرى سوت مەھكىمىسى | يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ شۆبىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئالاھىدە ۋەزىپە | | 800 | مەھكىمە باشلىقى | | |
| ئادەتتىكى ۋەزىپە | 1 | 680 | تەپتىش ھەيئىتى ئەزاسى؛ مۇئاۋىن باشلىقى؛ سوتچى؛ تەپتىشى | مەھكىمە باشلىقى | |
| | 2 | 640 | | | |
| | 3 | 600 | | | |
| | 4 | 560 | باش پۈتۈكچى | | |
| | 5 | 520 | | | |
| | 6 | 490 | تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش پۈتۈكچىسى | | |
| | 7 | 460 | | | |
| | 8 | 430 | | | |
| كۆرسىتىلگەن ۋەزىپە | 1 | 400 | | باش تەپتىشى؛ مۇئاۋىن باشلىقى؛ سوتچى؛ تەپتىشى | مەھكىمە باشلىقى؛ باش تەپتىشى؛ مۇئاۋىن باشلىقى؛ سوتچى؛ تەپتىشى |
| | 2 | 380 | | | |
| | 3 | 360 | كۆرسىتىلگەن باش پۈتۈكچى | | |
| | 4 | 340 | | | |
| | 5 | 320 | | باش پۈتۈكچى | |
| | 6 | 300 | | | |
| | 7 | 280 | | | |
| | 8 | 260 | | | |
| | 9 | 240 | | | |
| | 10 | 220 | | | |
| | 11 | 200 | | | |
| | 12 | 180 | | | |
| تەيىنلەنگەن ۋەزىپە | 1 | 200 | 1. دەرىجىلىك پۈتۈكچى | تەرجىمان؛ پۈتۈكچى؛ تەپتىش بىلقارىسىدىكى پۈتۈكچى | باش پۈتۈكچى |
| | 2 | 180 | | | تەپتىش بىلقارىسىدىكى پۈتۈكچى |
| | 3 | 160 | | | پۈتۈكچى؛ تەرجىمان |
| | 4 | 140 | | | |
| | 5 | 130 | 2. دەرىجىلىك پۈتۈكچى | | |
| | 6 | 120 | | | |
| | 7 | 110 | | | |
| | 8 | 100 | | | |
| | 9 | 90 | 3. دەرىجىلىك پۈتۈكچى | | |
| | 10 | 85 | | | |
| | 11 | 80 | | | |
| | 12 | 75 | | | |
| | 13 | 70 | | | |
| | 14 | 65 | | | |
| | 15 | 60 | | | |
| | 16 | 55 | | | |

## يولغا قويۇلىدىغان ئەمەل دەرىجىسى ۋە مائاشى

(26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى)، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)


بىرلىكى: يۈەن



## سودىيەلەر ۋە باشقا ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ تۈزۈمى

(مىنگونىڭ 37 ـ يىلى، 1948 ـ يىلى)


جەدۋەل: 6 ـ 2



## يولغا قويۇلغان ئەمەل دەرىجىسى ۋە مائاشى

(سىللىق ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان)

بىرلىكى : يۈەن




## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەتلىك ھەر دەرىجىلىك

جەدۋەل: 6 ـ 3

| دەرىجىسى | مائاش ئۆلچىمى | | | | | | | | | ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئۈچ | تۆت | بەش | ئالتە | يەتتە | سەككىز | توققۇز | ئون | ئون بىر | |
| 1 | 593.5 | 610.5 | 627.0 | 644.0 | 661.0 | 677.5 | 694.5 | 711.0 | 728.0 | |
| 2 | 535.5 | 550.0 | 565.5 | 581.0 | 596.0 | 611.0 | 626.0 | 641.5 | 656.5 | سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى |
| 3 | 477.0 | 490.5 | 504.0 | 517.5 | 531.0 | 544.5 | 558.0 | 571.5 | 585.0 | |
| 4 | 424.0 | 436.0 | 448.0 | 460.0 | 472.0 | 484.0 | 496.0 | 508.0 | 520.0 | |
| 5 | 381.5 | 392.5 | 403.0 | 414.0 | 425.5 | 435.5 | 446.5 | 457.5 | 468.0 | |
| 6 | 339.0 | 349.0 | 358.5 | 368.0 | 377.5 | 387.0 | 397.0 | 406.5 | 416.0 | |
| 7 | 297.0 | 305.0 | 313.5 | 322.0 | 330.5 | 339.0 | 347.0 | 355.5 | 364.0 | |
| 8 | 265.0 | 272.5 | 280.0 | 287.5 | 295.0 | 302.5 | 310.0 | 317.5 | 325.0 | بەنگزۇغخانىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرى، سوت مەھكىمىسى ئورۇلىكچە باشلىقى، مۇئاۋىن ئورۇلىكچە باشلىقى، ئىشخانا مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى |
| 9 | 233.0 | 240.0 | 246.5 | 253.0 | 259.5 | 266.0 | 273.0 | 279.5 | 286.0 | مۇھەتتىش، سوتچى، تەپتىش |
| 10 | 201.5 | 207.0 | 213.0 | 218.5 | 224.0 | 230.0 | 235.5 | 241.5 | 247.0 | |
| 11 | 180.0 | 185.5 | 190.5 | 195.5 | 200.5 | 205.5 | 211.0 | 216.0 | 221.0 | باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى |
| 12 | 159.0 | 163.5 | 168.0 | 172.5 | 177.0 | 181.5 | 186.0 | 190.5 | 195.0 | |
| 13 | 143.5 | 147.0 | 151.0 | 155.5 | 159.5 | 163.5 | 167.5 | 171.5 | 175.5 | |
| 14 | 127.0 | 131.0 | 134.5 | 138.0 | 141.5 | 145.0 | 149.0 | 152.5 | 156.0 | بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، ياردەمچى سوتچى، ياردەمچى تەپتىش |
| 15 | 114.5 | 117.5 | 121.0 | 124.0 | 127.5 | 130.5 | 134.0 | 137.0 | 140.5 | |
| 16 | 102.0 | 104.5 | 107.5 | 110.5 | 113.5 | 116.0 | 119.0 | 122.0 | 125.0 | |
| 17 | 91.0 | 93.5 | 96.5 | 99.0 | 101.5 | 104.0 | 106.5 | 109.0 | 112.0 | بۆلۈم ئەزاسى، پۈتۈكچى |
| 18 | 80.5 | 83.0 | 85.0 | 87.5 | 89.5 | 92.0 | 94.0 | 96.5 | 99.0 | |
| 19 | 72.0 | 74.0 | 76.0 | 78.0 | 80.0 | 82.5 | 84.5 | 86.5 | 88.5 | |
| 20 | 64.5 | 66.5 | 68.5 | 70.0 | 72.0 | 74.0 | 75.5 | 77.5 | 79.5 | |
| 21 | 57.0 | 59.0 | 60.0 | 62.0 | 63.5 | 65.5 | 67.0 | 68.5 | 70.0 | |
| 22 | 51.5 | 53.0 | 54.5 | 56.0 | 57.0 | 58.5 | 60.0 | 61.5 | 63.0 | ئىش بېجىرگۈچى |
| 23 | 45.5 | 47.0 | 48.0 | 49.5 | 50.5 | 52.0 | 53.5 | 54.5 | 56.0 | |
| 24 | 40.0 | 41.0 | 42.0 | 43.0 | 44.5 | 45.5 | 46.5 | 47.5 | 49.0 | |
| 25 | 34.5 | 35.5 | 36.5 | 37.5 | 38.5 | 39.5 | 40.5 | 41.5 | 42.5 | قارا خىزمەتچى |
| 26 | 30.0 | 31.0 | 32.0 | 33.0 | 33.5 | 34.5 | 35.5 | 36.0 | 37.0 | |
| 27 | 27.5 | 28.5 | 29.0 | 30.0 | 30.5 | 31.5 | 32.0 | 33.0 | 34.0 | |
| 28 | 25.5 | 26.0 | 27.0 | 27.5 | 28.5 | 29.0 | 30.0 | 30.5 | 31.0 | |
| 29 | 23.5 | 24.0 | 24.5 | 25.5 | 26.0 | 26.5 | 27.5 | 28.0 | 28.5 | |
| 30 | 21.0 | 22.0 | 22.5 | 23.0 | 23.5 | 24.0 | 25.0 | 25.5 | 26.0 | |

## سوت تەپتىش ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ مائاش ئۆلچىمى

1956 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يولغا قويۇلغان



# 2 § . سوت مەھكىمىسى كادىرلىرىنى باشقۇرۇش

## 1. كادىرلارنى سەپلەش

مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە ئاساسەن خەنزۇ ئەدلىيە خادىملىرى قوبۇل قىلىنغان ۋە سەپلەنگەن. يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىدە ئەدلىيە خادىملىرى كەمچىل، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت سوتچىلىرى بەك ئاز ئىدى. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) مىللىي ھۆكۈمەت ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ قەشقەر، خوتەن ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە سوت خادىمى قويۇش، يۇقىرىقى 3 ۋىلايەتتىكى نوپۇسى 100 مىڭدىن تۆۋەن ناھىيىلەردە بىر سوت خادىمى، 100 مىڭدىن ئاشىدىغان ناھىيىلەردە 2 سوت خادىمى قويۇپ، ھەق تەلەپ ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ۋاقتىدا سوت قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش توغرىسىدىكى پىكىرىگە قوشۇلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، ئۆلكە بويىچە ئەدلىيە ئاپپاراتلىرى تەرتىپكە سېلىنىشقا باشلىدى. سوت مەھكىمىسى كادىرلىرىنى سەپلەشتە مۇنۇ پرىنسىپلار قوللىنىلدى: ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىقىنى ئومۇمەن مەمۇرىي باشلىقلار (ۋالىيلار، ھاكىملار) قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىش؛ ئىچكى ئۆلكىلەردىن، ئازادلىق ئارمىيىدىن، ئۈچ ۋىلايەتتىن (ئىلى، تاربىغاتاي، ئالتايدىن) بىر قىسىم يېڭى - كادىرلارنى يۆتكەپ رەھبەرلىكنى ۋە كەسپىي تايانچلارنى تولۇقلاش؛ بىر قىسىم كونا ئەدلىيە خادىملىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش، كونا ئەدلىيە خادىملىرىدىن ئىشپىيون ۋە چوڭ خىيانەتچى ئۇنسۇرلار بولمىسا ھەممە مەلۇم خىزمەت ئىقتىدارى بارلىرىنى قالدۇرۇپ ئىشلىتىپ ئۆزگەرتىش، ئۇلاردىن سىياسىي قىياپىتى ئېنىق بولمىغان، چوڭ خىيانەت گۇماندارى بولغان، يامان ئادەتنى ئېغىر دەرىجىدە يۇقتۇرۇۋالغان، يامان ئىشلارغا ھەۋەس قىلىدىغانلارنى ياكى يېشى بەك چوڭ، خىزمەت ئىقتىدارى يوقلارنى شتات سىرتىدىكىلەر قاتارىدا خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىكى ئىلغارلارنى ئىمكانقەدەر قوبۇل قىلىپ ئەدلىيە خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇش كېرەك. 1950 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا ئۆلكە بويىچە ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە (تۈرمە، سولاقخانىلارغا) سەپلەنگەن كادىر 599غا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ %35.6نى، ئاز سانلىق مىللەت %52نى ئىگىلەيدۇ.

1952 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شتات كومىتېتى رايونلۇق، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ 1952 - يىللىق شتاتىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. بۇ ئۇقتۇرۇشتىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خادىملار شتاتى مۇنداق بولدى: ئۈرۈمچىنىڭ 96، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 97، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 66 (جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، يەكەن ۋىلايىتىنىڭ 43، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 66، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 83، تاربىغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 59، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 59، قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ 66، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 30. ئەمەلىي خىزمەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ ئەدلىيە خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆلكىنىڭ زاپاس شتاتىدىن 29ى ئاجرىتىلىپ، ئىلى ۋىلايىتىگە 10نى، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە 7نى، قەشقەر ۋىلايىتىگە 7نى، يەكەن ۋىلايىتىگە 5نى كۆپەيتىپ بېرىش قارار قىلىندى، ۋىلايەتلەر شتات دائىرىسى ئىچىدە ناھىيىلەرنىڭ

شتاتىنى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق تەڭشىدى، شتاتى 10غا يەتمەيدىغان ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرىدە ئومۇمەن مەمۇرىي خادىم قويماسلىق، ئۇلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى مەمۇرىي مەھكىمە ياكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قوشۇمچە باشقۇرۇپ بېرىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1952 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسىدە 72 خادىم بار ئىدى. ئۇنىڭ 60ى كادىر، 12سى ساقچى، قارا خىزمەتچى ئىدى. خادىملارنىڭ كېلىش مەنبىيى مۇنداق بولدى: كونا ئازاد رايونلاردىن كەلگەن پىشقەدەم كادىر 5، ئۈچ ۋىلايەت كادىرى 9، مىللىي ئارمىيە كادىرى 2، ياش ئوقۇغۇچى 16، يېڭىدىن تەربىيەلەنگىنى 5، باشقىلار 11، قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگىنى 23 (ئىزاھ: ئەسلى ماتېرىيالدا كادىر، ساقچىلار مەنبەسىدىن بىر ئادەم كەم). 60 كادىردىن مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى 2، كوللېگىيە - باشقارما باشلىقى 6، بۆلۈم باشلىقى 3، سوتچى 3، كاتىپ بىر، بۆلۈم ئەزاسى 21، پۈتۈكچى 13، تەرجىمان 5، تەكشۈرۈش خادىمى بىر، ئىش بېجىرگۈچى 5.

1954 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق كۈچەيتىلدى، سوت مەھكىمىسىنىڭ شتاتى كېڭەيتىلدى. ئۆلكە بويىچە ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ شتاتى 934 بولدى، ئەمەلىيەتتە 774 ئادەم بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 245، ئاز سانلىق مىللەت 529.

1963 - يىلى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ شتاتى 958گە يەتتى، ئەمەلىيەتتە 911 ئادەم بار بولدى، 47 ئادەم كەم قالدى، ئۇنىڭغا يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن 110 شتاتنى قوشقاندا جەمئىي 157 شتات كەم بولدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە، ئاساسلىقى سوتچىدىن يۇقىرى تايانچ كۈچلەر، بولۇپمۇ خەنزۇ كادىرلار كەمچىل بولدى. بەزى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە خەنزۇ كادىر بولمىغاچقا، خەنزۇ يېزىقىدىكى دېلولارنى بېجىرىدىغان ئادەم بولمىدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىگە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەردىكى سوت مەھكىمىلىرىدىن 100دىن 120گىچە خەنزۇ سوتچى يۆتكەپ كېلىشنى ئىلتىماس قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

كادىر سەپلەشتە سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك، مەيدانى مۇستەھكەم، مۇئەييەن مەلۇماتقا ۋە سىياسىي - كەسپىي سەۋىيىگە ئىگە بەزى كادىرلار ئۈزلۈكسىز تۇردە سەپلەندى، ئەدلىيە خىزمىتى ئىشلەشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلار ئېنىقلاندى ۋە تەڭشەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر تەدرىجىي ئەدلىيە كەسپىدىكى تايانچ كۈچكە ئايلاندى. 1965 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 35نى قوبۇل قىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ كادىرلىرى جايلاردىكى «7 - ماي كادىرلار مەكتىپى»دە مەركەزلىك ئەمگەككە سېلىندى. 1973 - يىلى جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بىر قىسىم كادىرلىرى كەينى - كەينىدىن يۆتكەپ كېلىندى، بېيجىڭدىن بىر قىسىم كادىر يۆتكەپ كېلىندى، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان بىر قىسىم كادىرلار قوبۇل قىلىندى، بۇ ئارقىلىق ئەدلىيە قوشۇنى تولۇقلاندى، ئەمما كادىر سانى كۆپەيمىدى.

1978 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى مەملىكەتلىك 8 ـ قېتىملىق ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، قانۇن ساقچىسىدىن 133نى، ئەدلىيە خادىمىدىن 591نى تولۇقلىماقچى بولۇپ يۇقىرىغا مەخسۇس يولىيورۇق سوراش دوكلاتى يازدى.

1979 ـ يىلدىن بۇيان ئېلىمىز يېڭى بىر تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارغا قاراتقان ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش، بىلىم ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، خەلق سوت مەھكىمىلىرى يېڭىدىن يۈتكەپ كېلىنگەن ۋە قوبۇل قىلىنغانلارغا نىسبەتەن تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولۇشنى تەكىتلىدى ھەمدە خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ تولۇقلىما بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، سوتچىلارنى سەپلەشتە، قانۇن بىلىمىگە ئىگە بولۇش تەلىپىگە ئەھمىيەت بېرىپ، سوت مەھكىمىسى كادىرلىرىنىڭ كەسپىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى. 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىسى كادىر، ساقچىلىرى ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 3357 بولۇپ، 63.6%نى ئىگىلىگەن. ئەينى چاغدا سوت مەھكىمىسى كادىرلار قوشۇنى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ كادىر ـ ساقچىسى 1752 ئىدى، 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 5273 (ئاز سانلىق مىللەت 2635 بولۇپ، 49.7%نى ئىگىلىگەن) كە يېتىپ، 1965 ـ يىلدىكى 858دىن 6 ھەسسىدىن كۆپرەك، 1950 ـ يىلدىكى 599دىن ئازكەم 9 ھەسسە كۆپەيگەن.

1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنى 6 — 4 ۋە 6 — 5 جەدۋەلدىن كۆرۈڭ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ 1985 ـ يىلدىكى خىزمەتچى خادىملىرى

جەدۋەل: 6 — 4

| تۈرى | | جىنسى | | مىللىتى | | سىياسىي قىيابىتى | | يېشى | | | | | | | مەلۇماتى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئەمەلىي ئادەم سانى | ئەر | ئايال | خەنزۇ | ئاز سانلىق مىللەت | كومپارتىيە ئەزاسى | ئىتتىپاق ئەزاسى | 35 ياشتىن تۆۋەن | 36 ياشتىن 40 ياشقىچە | 41 ياشتىن 45 ياشقىچە | 46 ياشتىن 50 ياشقىچە | 51 ياشتىن 55 ياشقىچە | 56 ياشتىن 60 ياشقىچە | 61 ياشتىن يۇقىرى | ئالىي مەكتەپ | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ |
| خادىملار تۈرى | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 |
| جەمئىي | 228 | 170 | 58 | 147 | 81 | 128 | 42 | 84 | 31 | 24 | 39 | 26 | 18 | 6 | 73 | 94 | 43 | 18 |
| مەھكىمە باشلىقى | 1 | 1 | | | 1 | 1 | | | | | | | 1 | | 1 | | | |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | 4 | 4 | | | 2 | 2 | 4 | | | | | 1 | 2 | 1 | 3 | 1 | | |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مەسلىھەتچى | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | 12 | 11 | 1 | 8 | 4 | 12 | | | 1 | | 6 | 1 | 4 | | 7 | 4 | 1 | |
| سوتچى | 19 | 16 | 3 | 9 | 10 | 17 | | | 1 | 3 | 6 | 6 | 2 | 1 | 8 | 7 | 4 | |
| ياردەمچى سوتچى | 42 | 33 | 9 | 26 | 16 | 31 | | 4 | 8 | 8 | 14 | 6 | 1 | 1 | 14 | 14 | 12 | 2 |
| پۈتۈكچى | 31 | 19 | 12 | 20 | 11 | 6 | 16 | 23 | 5 | 2 | | 1 | | | 16 | 13 | 2 | |
| ئىجراچى | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| قانۇن دوختۇرى | 3 | 3 | | 2 | 1 | 1 | | 1 | 1 | | | | | 1 | 2 | 1 | | |
| قانۇنساقچىسى | 6 | 4 | 2 | 4 | 2 | | 5 | 5 | 1 | | | | | | | 4 | 2 | |
| تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرى | 3 | 3 | | 2 | 1 | 3 | | | | 1 | 1 | | | 1 | 2 | 1 | | |
| تەتقىقات خادىمى | 4 | 2 | 2 | 2 | 2 | 1 | 2 | 3 | 1 | | | | | | 2 | 1 | 1 | |
| ئەرزىيەت باشقارمىسى - بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى | 2 | 2 | | 1 | 1 | 2 | | | | 1 | | 1 | | | | 1 | | 1 |
| ئەرزىيەت خادىمى | 5 | 3 | 2 | 3 | 2 | 1 | 1 | 1 | 2 | 2 | | | | | | 4 | | 1 |
| كادىرلار ئىشلىرى باشقارمىسى - بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى | 4 | 4 | | 3 | 1 | 4 | | | | | 1 | 2 | 1 | | 1 | 3 | | |
| كادىرلار ئىشلىرى كادىرى | 6 | 5 | 1 | 4 | 2 | 4 | 1 | 6 | | | | | | | 3 | 3 | | |
| باشقارما - بۆلۈم مۇدىرى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرى | 18 | 16 | 2 | 14 | 4 | 18 | | 3 | 1 | 3 | 6 | 2 | 3 | | 7 | 6 | 5 | |
| مەمۇرىي كادىر | 42 | 22 | 20 | 28 | 14 | 15 | 11 | 24 | 6 | 2 | 3 | 5 | 1 | 1 | 7 | 22 | 9 | 4 |
| ئىشچى | 25 | 21 | 4 | 19 | 6 | 7 | 6 | 14 | 4 | 2 | 2 | 1 | 2 | | | 8 | 7 | 10 |
| باشقىلار | 1 | 1 | | | 1 | 1 | | | | | | | 1 | | | 1 | | |

## شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ 1985 - يىلدىكى خىزمەتچى خادىملىرى

جەدۋەل: 6 — 5

| تۈرى / خادىملار تۈرى | ئەمەلىي ئادەم سانى | جىنسى | | مىللىتى | | سىياسىي قىياپىتى | | يېشى | | | | | | | مەلۇماتى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەر | ئايال | خەنزۇ | ئاز سانلىق مىللەت | كومپارتىيە ئەزاسى | ئىتتىپاق ئەزاسى | 35 ياشتىن تۆۋەن | 36 ياشتىن 40 ياشقىچە | 41 ياشتىن 45 ياشقىچە | 46 ياشتىن 50 ياشقىچە | 51 ياشتىن 55 ياشقىچە | 56 ياشتىن 60 ياشقىچە | 61 ياشتىن يۇقىرى | ئالىي مەكتەپ | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ |
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 |
| جەمئىي | 5273 | 4151 | 1122 | 2638 | 2635 | 2449 | 1027 | 2720 | 721 | 683 | 536 | 432 | 165 | 16 | 506 | 2851 | 1669 | 247 |
| مەھكىمە باشلىقى | 135 | 133 | 2 | 41 | 94 | 135 | | 2 | 12 | 18 | 31 | 49 | 23 | | 22 | 64 | 46 | 3 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 4 | 53 | 91 | 59 | 2 | 12 | 39 | 55 | 52 | 36 | 11 | | 203 | 66 | 141 | 9 | 198 | 207 | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى |
| 2 | 3 | 3 | | 1 | 4 | 3 | | | | | | 8 | 4 | 4 | | 8 | 8 | مەسلىھەتچى |
| 21 | 228 | 259 | 73 | | 25 | 114 | 134 | 144 | 101 | 63 | 5 | 530 | 289 | 292 | 50 | 531 | 581 | كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| 28 | 221 | 270 | 69 | 2 | 40 | 86 | 93 | 140 | 111 | 116 | 7 | 426 | 315 | 273 | 93 | 495 | 588 | سوتچى |
| 29 | 275 | 517 | 81 | 2 | 15 | 51 | 92 | 119 | 166 | 457 | 129 | 459 | 405 | 497 | 172 | 730 | 902 | ياردەمچى سوتچى |
| 18 | 250 | 909 | 108 | | 2 | 14 | 25 | 56 | 103 | 1085 | 529 | 216 | 670 | 615 | 385 | 900 | 1285 | پۈتۈكچى |
| 4 | 12 | 10 | 1 | | | | 2 | 6 | 4 | 15 | 3 | 10 | 19 | 8 | | 27 | 27 | ئىجراچى |
| | 1 | 19 | 4 | 1 | 1 | | 1 | | 6 | 15 | 6 | 7 | 6 | 18 | | 24 | 24 | قانۇن دوختۇرى |
| 28 | 157 | 167 | 5 | | | 4 | 6 | 7 | 19 | 321 | 129 | 96 | 204 | 153 | 16 | 341 | 357 | قانۇن ساقچىسى |
| | | 3 | 4 | 1 | | 2 | 2 | 1 | | 1 | | 7 | 2 | 5 | | 7 | 7 | تەفتىشات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرى |
| 1 | 3 | 12 | 3 | | 5 | 1 | | 3 | 2 | 8 | 5 | 11 | 7 | 12 | 6 | 13 | 19 | تەفتىشات خادىمى |
| 2 | 1 | 3 | | | | 2 | 1 | 3 | | | | 5 | 4 | 2 | | 6 | 6 | ئەرزىيەت باشقارمىسى ـ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى |
| 7 | 29 | 42 | 8 | | 7 | 4 | 7 | 13 | 16 | 39 | 12 | 22 | 57 | 29 | 40 | 46 | 86 | ئەرزىيەت خادىمى |
| | 3 | 5 | 1 | | 2 | 3 | 2 | 1 | | 1 | | 9 | 4 | 5 | | 9 | 9 | كادىرلار ئىشلىرى باشقارمىسى ـ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى |
| | 4 | 12 | 3 | | 1 | 2 | 2 | 2 | | 12 | 2 | 16 | 7 | 12 | 4 | 15 | 19 | كادىرلار ئىشلىرى كادىرى |
| 6 | 23 | 55 | 26 | | 6 | 16 | 24 | 28 | 19 | 17 | 1 | 96 | 32 | 78 | 14 | 96 | 110 | باشقارما ـ بۆلۈم مۇدىرى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرى |
| 21 | 146 | 284 | 31 | 3 | 11 | 28 | 38 | 53 | 63 | 286 | 123 | 115 | 211 | 271 | 262 | 220 | 482 | مەمۇرىي كادىر |
| 71 | 197 | 94 | 1 | 1 | 4 | 10 | 17 | 35 | 60 | 236 | 60 | 58 | 214 | 149 | 49 | 314 | 363 | ئىشچى |
| 2 | 17 | 32 | 7 | 3 | 7 | 4 | 4 | 2 | 3 | 35 | 16 | 20 | 25 | 33 | 20 | 38 | 58 | باشقىلار |

## 2. تەلىم ـ تەربىيە

### 1) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگو دەۋرىدىكى ئەدلىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەش

گۇاڭشۇ ئاخىرقى يىلى رۇڭ پېي شىنجاڭنىڭ باش تەپتىشى بولغاندا، يېڭى قانۇننى يولغا قويۇش مەقسىتىدە قانۇن ـ سىياسەت مەكتىپى ئېچىپ، ئىمتىھان ئارقىلىق ئوقۇغۇچى تاللاپ، قانۇن ۋە سىياسەت ئوقۇتقان، ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل بولغان. ئىمتىھان ئېلىشقا بېيجىڭدىن ئادەم ئەۋەتىلگەن. بۇ مەكتەپكە جەمئىي سودىيىلىككە 18 ئوقۇغۇچى، پۈتۈكچىلىككە 24 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان.

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) شېڭ شىسەي شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە سودىيىلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ 80 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ 2 يىل تەربىيىلەش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. كېيىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تەسكە چۈشكەچكە، ئۆز جايىدا تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش قارار قىلىندى. ئۈرۈمچى سوت مەھكىمىسى بىر قىسىم

پۈتۈكچىلەرنى قوبۇل قىلىپ، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق - تەلەپ قانۇنى توغرىسىدا دەرس ئۆتتى، بۇ كۇرستا 100دىن ئارتۇق كۇرسانت ئوقۇدى.

2) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەدلىيە خادىملىرى تەلىم - تەربىيىسى

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن تەدبىر قوللىنىپ، سىياسىي، ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. تەلىم - تەربىيە جەھەتتە، دائىملىق تەربىيە بىلەن ئىشتىن توختىتىپ نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش چارىسىنى قوللاندى. بۇ ئىككى خىل تەربىيىدە دائىملىق تەربىيە ئاساس قىلىندى، كۈندىلىك كەسپىي پائالىيەتلەر داۋامىدا، ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، سىنىپىي تەربىيە، ئىنتىزام تەربىيىسى، ئىقىم مەسىلىلىرى - سىياسەت تەربىيىسى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. كادىر- ساقچىلارغا سەممىمىي، پۇختا خىزمەت ئىشلەش، راست سۆزلەش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، پارتىيىنىڭ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشقا، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىش، پارتىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەتكە ھەقىقىي ئەمەل قىلىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك سوت قىلىش ئىستىلىنى تۇرغۇزۇش؛ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، ئىنتىزامنى بۇزۇشنى قاتتىق چەكلەش، بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش، پۈتۈن نىيەت، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش قارىشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى، تەربىيە ئارقىلىق كەڭ كادىر - ساقچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە كەسپىي سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتە، 1950 - يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئەدلىيە سىنىپى بىلەن ئۆلكىلىك كادىرلار كۇرسى ئەدلىيە ئەترىتى ئەدلىيە كادىرىدىن ئاز كەم 100نى يېتىشتۈردى. ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى 4 كادىرنى بېيجىڭ مەركىزىي ئەدلىيە كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى، كېيىن شىنجاڭ ئىنستىتۇتى بىلەن ئۆلكىلىك كادىرلار كۇرسى ھەر مىللەت ئەدلىيە كادىرلىرىنى داۋاملىق تەربىيىلىدى.

1954 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ قارارىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيەلەشنى باشلىدى. ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن ھەر قېتىمدا 20دىن 30غىچە ئادەمنى غەربىي شىمالدا ۋە مەركەزدە ئېچىلغان كۇرسلارغا ئەۋەتتى، ھەر قاراردا 100دىن 150كىچە سوتچى، پۈتۈكچى ئۆلكىلىك كۇرسلاردا ئوقۇدى، 2، 3 يىل ئىچىدە سوت مەھكىمىسى كادىرلىرى ئومۇمىيۈزلۈك بىر قېتىم نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەندى.

1957 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە نازارىتى شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە سىستېمىسىدىكى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىردىن 33 كىشىلىك زىيارەت ئۆمىكى تەشكىللىدى، ئۆمەك ئەزالىرى بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق 11 شەھەرگە بېرىپ 3 ئايدىن ئارتۇق ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى، ئۆگىنىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ئەدلىيە خىزمىتىنى ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە چارۋىچىلار ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلدۇرۇشقا دائىر تەجرىبىلەر؛ قانۇن - تۈزۈم ۋە سوت تەرتىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر تەجرىبىلەر؛ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى، ئادۋوكاتلىق خىزمىتىگە دائىر تەجرىبىلەر؛ قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسىگە دائىر تەجرىبىلەر؛ ئەدلىيە كادىرلىرىنى

تەربىيىلەش - باشقۇرۇشقا دائىر تەجرىبىلەر، دېلو بېجىرىش سۈپىتىنى قانداق ئۆستۈرۈش ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلىغا ۋە خىزمەت ئۇسۇلىغا دائىر تەجرىبىلەر. ئۆگىنىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە سىستېمىسىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەر ۋە تايانچلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

1959 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي - قانۇن كادىرلار مەكتىپى كەسپىي كادىردىن 32نى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى، 4 كىشىنى مەركىزىي سىياسىي قانۇن كادىرلار مەكتىپىگە نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتتى. يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى 3 يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدلىيە كەسپىي كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىنى تاماملاشنى قارار قىلدى، ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك (يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقارما باشلىقلىرى، سوتچىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) كادىرلارنى ئاساسەن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە تەربىيىلەش، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنى ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن كادىرلار مەكتىپى ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم، پارتىيە مەكتەپلىرىدە تەربىيىلەش؛ باشقا كادىرلارنى تەربىيىلەش ئىشىغا ۋىلايەتلەر مەسئۇل بولۇش بېكىتىلدى. 1962 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدىكى كادىر 829 بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىدە تەربىيىلەنگىنى 138، ئەدلىيە كەسپى بويىچە تەربىيىلەنگىنى 428.

1977 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن سىياسىي قانۇن كادىرلىرى مەكتىپى مەركىزىي كومىتېت ئوتتۇرىغا قويغان كادىرلارنى يېڭىباشتىن تەربىيىلەشكە دائىر يوليورۇقنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچ ئايلىق ئەدلىيە كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا ناھىيە (شەھەر)لىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى، ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق)، شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىنىڭ كوللېگىيە باشلىقلىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىردىن بىرنى قاتناشتۇرۇشنى بەلگىلىدى.

1979 - يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جياڭ خۇانىڭ 3 يىل ئىچىدە ياردەمچى سوتچىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن بىر قېتىم تەربىيىلەپ چىقىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى شىنجاڭ بويىچە نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىنىدىغان 1600چە ئادەمنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشنى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى (ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى، يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىلىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەخمىنەن 550 بولۇپ، ئۇلارنى بەلگىلىمە بويىچە مەركىزىي سىياسىي قانۇن كادىرلىرى مەكتىپىدە (ياكى ھاۋالە قىلىنغان ئالىي مەكتەپلەردە) ۋاكالىتەن تەربىيىلەشنى، مىللىي كادىرلارنى مىللىي سىنىپ ئېچىپ تەربىيىلەشنى، باشقا خادىملارنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن كادىرلار مەكتىپىدە ياكى باشقا شەكىلدە نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشنى قارار قىلدى.

1982 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 242 كادىر - ساقچىنى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى، سىياسىي قانۇن كادىرلىرى مەكتەپلىرىگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى ھەمدە ئاپتونوم رايون ئىچىدە ھەر خىل قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر تۈركۈم كادىر - ساقچىلارنى تەربىيىلىدى.

1985 - يىل 9 - ئايدا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى باش بولۇپ ئاچقان مەملىكەتلىك

سوت مەھكىمىسى كادىرلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇش باشلىدى. مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى: ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى باش مەكتەپ ئېچىش، يۇقىرى سوت مەھكىمىلىرى شۆبە مەكتەپ ئېچىش، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى شۆبە بۆلۈملەرنى ئېچىش، ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى ئوقۇتۇش سىنىپلىرى ئېچىش، باش مەكتەپ دەرسلىكنى بىر تۇتاش تۈزۈش، مۇتەخەسسىلەرنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىش، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ دەرس ئۆتۈشتىن ئىبارەت. شىنجاڭ شۆبە مەكتىپى 1985- يىل 4 - ئايدىن 8 - ئايغىچە تۇنجى قېتىم خەنزۇ كۇرسانت قوبۇل قىلدى. مەملىكەت بويىچە چوڭلارنىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھانى ئارقىلىق 1008 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى، بۇلارنىڭ 922سى رەسمىي كۇرسقا قاتناشتى.

1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 159 كادىر - ساقچى سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىدا، 383 ئادەم سىياسىي قانۇن كادىرلار مەكتىپىدە قانۇن كەسپى بويىچە تەربىيىلەندى. 1214 ئادەم 3 ئايلىقتىن يۇقىرى قىسقا مۇددەتلىك كۇرسقا قاتناشتى.

## 3. ئۆستۈرۈش

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى مىنگو قانۇن چىقىرىش پالاتاسى تۈزۈپ چىققان «ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ نەتىجىسىنى سىناش قانۇنى»نى ئېلان قىلدى. نەتىجىنى سىناش يىللىق سىناش ۋە ئومۇمىي سىناش دەپ ئىككىگە ئايرىلدى. دۆلەت مەمۇرلىرى 3 - قېتىم يىللىق سىنالغاندا 3 يىللىق نەتىجىسى جەملىنىدۇ. ئومۇمىي سىناق ئاساسىي مەسئۇل ئورگان تەرىپىدىن بېكىتىلىدۇ: ئومۇمىي سىناقتا 90دىن يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشكەنلەر 1 - دەرىجىلىك باھالىنىدۇ؛ 80دىن يۇقىرى 90دىن تۆۋەن نومۇر ئالغانلار 2 - دەرىجىلىك باھالىنىدۇ؛ 70تىن يۇقىرى 80دىن تۆۋەن نومۇر ئالغانلار 3 - دەرىجىلىك؛ 60تىن يۇقىرى 70تىن تۆۋەن نومۇر ئالغانلار 4 - دەرىجىلىك؛ 60تىن تۆۋەن نومۇر ئالغانلار 5 - دەرىجىلىك بولىدۇ. 1 - دەرىجىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ مائاشى بىر دەرىجە، ۋەزىپىسى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلىدۇ، 2 - دەرىجىلىك باھالانغانلارنىڭ مائاشى بىر دەرىجە، ۋەزىپىسى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلىدۇ؛ 3 - دەرىجىلىك باھالانغانلارنىڭ مائاش دەرىجىسى ساقلاپ قېلىنىدۇ، ۋەزىپىسى ساقلاپ قېلىنىدۇ ياكى تەڭشىلىدۇ؛ 4 - دەرىجىلىك باھالانغانلارنىڭ مائاشى بىر دەرىجە تۆۋەنلىتىلىدۇ، ۋەزىپىسى تەڭشىلىدۇ. ئومۇمىي سىناقتا ئۇدا 2 قېتىم 4 - بولغانلار ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدۇ، 5 - بولغانلارنىڭ مائاشى بىر دەرىجە چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدۇ.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 2 - ئايدا نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى «يۇقىرى سوت مەھكىمىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ھەر ئايدا بېجىرىدىغان ئەڭ ئاز دېلو سانى»، «يۇقىرى سوت مەھكىمىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن سوت مەھكىمىلىرى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرغان دېلو سانىنى ھېسابلاش ئۆلچىمى»نى تۈزۈپ چىقتى. «بېجىرىدىغان دېلو سانى»دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: يۇقىرى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوتچىلىرى قوشۇمچە مەھكىمە باشلىقلىرى ئەھۋالغا قاراپ دېلو بېجىرىدۇ؛ كوللېگىيە باشلىقلىرى ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 10نى ياكى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 12نى بېجىرىدۇ؛ سوتچىلار ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 22نى ياكى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 24نى بېجىرىدۇ؛ يۇقىرى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ شۆبىلىرىدىكى سوتچىلىرى قوشۇمچە مەھكىمە باشلىقلىرى ھەق تەلەپ دېلوسى-

دىن 6نى ياكى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 8نى بىجىرىدۇ؛ كوللېگىيە باشلىقلىرى ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 10نى ياكى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 12نى بىجىرىدۇ؛ سوتچىلار ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 22نى ياكى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 24نى بىجىرىدۇ؛ يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوتچىلىرى قوشۇمچە مەھكىمە باشلىقلىرى ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 10نى ياكى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 12نى بىجىرىدۇ؛ كوللېگىيە باشلىقلىرى ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 30نى ياكى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 32نى بىجىرىدۇ؛ سوتچىلار ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 32نى ياكى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 34نى بىجىرىدۇ؛ «ھېسابلاش ئۆلچىمى»دە دېلولارنىڭ قىيىنلىقىغا قاراپ ھېساب قىلىنىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان ياكى ئاددىي بولغان ھەق تەلەپ ياكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ بىرى بىر بويىچە ھېسابلىنىدۇ. لېكىن مۇنازىرىلىشىش باسقۇچىدىن ئۆتكۈزمەيلا ھۆكۈم چىقىرىلغان دېلولارنىڭ 2سى بىرگە ھېساب قىلىنىدۇ، كېسىم بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولارنىڭ 3ى بىرگە ھېساب قىلىنىدۇ، ئېتىراز دېلولىرىدىن كېسىم بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغانلىرىنىڭ 2سى بىرگە ھېساب قىلىنىدۇ. ھاۋالە بويىچە سۈرۈشتۈرۈپ بېرىلگەن دېلولارنىڭ 3ى بىرگە ھېساب قىلىنىدۇ، ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈلگەن دېلولارنىڭ 2سى بىرگە ھېساب قىلىنىدۇ. ئەمما 2 كۈندىن ئۇشۇق ۋاقىت كەتكەن دېلولارنىڭ بىرى بىر بويىچە ھېسابلىنىدۇ. ھاۋالە قىلىنغان باشقا دېلولارنىڭ 5ى بىرگە ھېساب قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھەق تەلەپ دېلولىرىدا يەنە مۇنداق بەلگىلەنگەن: ياراشتۇرۇش يولى بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولار ياكى مەجبۇرىي ئىجرا قىلىنغان دېلولاردا بىرى بىر بويىچە ھېسابلىنىدۇ. ۋەيران بولۇش دېلولىرىدا ئاياغلاشتۇرۇلغانلىرىنىڭ بىرى 3كە، ئاياغلاشتۇرۇلمىغانلىرىنىڭ 3ى بىرگە ھېساب قىلىنىدۇ. ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ۋە تىزىمغا ئالدۇرۇشقا دائىر دېلولارنىڭ 3ى بىرگە ھېسابلىنىدۇ، دەۋاغا كىرمەيدىغانلىرىدا 6سى بىرگە ھېساب قىلىنىدۇ. جىنايى ئىشلاردا جازا بېرىش بۇيرۇقى چىقىرىلغان دېلولارنىڭ 2سى بىرگە ھېساب قىلىنىدۇ، قايتا ھۆكۈم قىلىنغان دېلولارنىڭ بىرى بىرگە ھېساب قىلىنىدۇ. قايتا ھۆكۈم قىلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماس قانۇن تەرتىپىگە ئۇيغۇن كەلمەي قالغان ياكى ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان بولۇپ، رەت قىلىش ھۆكۈمى چىقىرىلغانلىرىنىڭ 2سى بىرگە ھېساب قىلىنىدۇ. خادىملارنىڭ نەتىجىسى يۇقىرىقى خىزمەت نورمىسى بويىچە باھالىنىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيىمىز كادىرلارنى ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىشتە ھەم ئەخلاقلىق بولۇش، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلدى. بۇ پرىنسىپ بىر مەھەل «سولچىل» خاتالىقلارنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پەيدىنپەي ئەسلىگە كەلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان كادىرلارنى «ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىم ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش» فاڭجېنى «ھەم ئەخلاقلىق بولۇش، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش» پرىنسىپىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى دەۋرىدىكى كونكرېتلاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. 1950 — 1978 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىر تۈركۈم كادىرلارنى ئۆستۈردى. كوللېگىيە، باشقارما باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگىنى 12، سوتچىلىققا ئۆستۈرۈلگىنى 25. 1979 — 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى شتات كۆپەيتىلگەنلىكتىن، خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن يەنە بىر تۈركۈم كادىرلارنى ئۆستۈردى. 8 ئادەم سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا، 11 ئادەم كوللېگىيە، باشقارما باشلىقلىقىغا، 28 ئادەم سوتچىلىققا (باشقارما دەرىجىلىك) ئۆستۈرۈلدى.

# 3 § . مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش

مىنگو دەۋردە، ئەدلىيە خادىملىرى سىناش نەتىجىسىگە ئاساسەن مۇكاپاتلىناتتى ۋە جازالىناتتى، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش چارىسى مائاش قوشۇپ بېرىش ۋە مائاشنى تۆۋەنلىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەدلىيە خادىملىرىنى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشتا، ئاساسەن ئۇلارنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى ئىپادىسى ۋە خىزمەتتىكى ئىپادىسى ئاساس قىلىندى، ئىپادىسى ياخشى، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىرى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى ياكى خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى ۋە ياكى ئىلغار خىزمەتچى دەپ نام بېرىلدى. مەنىۋى مۇكاپات ئاساس، ماددىي مۇكاپات قوشۇمچە قىلىندى. ئىپادىسى ناچار بولغانلار ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىد قىلىنىپ، كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىندى، كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش روھى گەۋدىلەندۈرۈلدى؛ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىرى قانۇن جازاسىغا تارتىلدى.

1959 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىلغار ئەدلىيە خىزمەتچىلىرىنى باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىلغار خىزمەتچىدىن 95ى باھالاپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 22، باشقا مىللەت 73. ئۇلار خەلق ئەدلىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش، باتۇر، قەيسەر بولۇشتەك ئېسىل خىسلىتىنى نامايەن قىلدى. باركۆل ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى مۇۋلىمباي لەمپى (قازاق) قاچقۇن جىنايەتچىنى قوغلاپ تۇتۇش ئۈچۈن، ئۇدا 20 كۈن يول يۈرۈپ، چۆل - جەزىرە ۋە تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ، ئاخىر قاچقۇن جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈردى. قاغىلىق ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ پوتوكچىسى روزى تالىپ ئەكسىلئىنقىلابچى ئابدۇرازاقنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقاتىنى توسۇش مەقسىتىدە ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ 2 قېتىم پىچاق تىققىشىغا قارىماي باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈردى.

1981 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاكتىپ قوغدىغان ياخشى كادىر تۇرسۇن مەمەتنى تەقدىرلىدى. تۇرسۇن مەمەت قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى سوتچىسى ئىدى. 1981 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدىكى بىر ئوچۇم بۇزۇق ئۇنسۇرلار ئاممىنى قۇترىتىپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە خەنزۇ ئاممىسى ۋە كادىرلىرىنى ئۇردى. بۇ چاغدا ئۇ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دۆلەت قانۇنىنى تەشۋىق قىلدى. ئۇ قارانىيەتلەرنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا قارىماي، يارا ئازابىغا چىداپ، خەنزۇ ئاممىسى ۋە جامائەت مۈلكىنى بار كۈچى بىلەن قوغدىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى كەڭ ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تۇرسۇن مەمەتنى بىر قېتىم چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالدى ھەمدە مۇكاپات پۇلى ۋە مۇكاپات بۇيۇمى بىلەن مۇكاپاتلىدى.

1985 - يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلىپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى داۋامىدا بارلىققا كەلگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى. شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى بويىچە تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ 12، نەمۇنىچى 6، ئىلغار خىزمەتچى 131.

1985 - يىل 2 - ئايدا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىن تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ 3 (كۇچا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكە-

مىسى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار 1 - كوللېگىيىسى، قابا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى)، 8 ئىلغار خىزمەتچى (ۋاڭ مۇچىڭ، گېرما، ئابدۇكېرىم داۋۇت، دۇشەخان، جىڭ خۇڭبىن، جېڭ فاۋېن، لۇلوڭخېڭ، سېيىت نۇر) تەقدىرلەندى.

1985 - يىلى 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قانۇن دوختۇرلۇقى تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ زىرۇي ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خىزمىتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا شىنجاڭدا نەشە تەتقىقاتىدا خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەچكە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1985 - يىلى 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئاچقان ئىقتىسادىي سوت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا ئالدىنقى يىلى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىدە بارلىققا كەلگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر تەقدىرلىنىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ ياخشى قانات يېيىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ 6 (دۆربىلجىن ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى، سانجى شەھىرى يۇشۇگۇ خەلق سوتى، ئالتاي شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى، چۆچەك شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى)، ئىلغار شەخس 3 (خۇاڭ چىشېڭ، خۇاڭ شياڭيىڭ، جۇ جۇڭجى).

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئورگان خىزمىتىنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا 4 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 23 ئىلغار شەخسنى باھالاپ چىقتى.

قانۇن - ئىنتىزامنى بۇزغان، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىندى ۋە جازاغا تارتىلدى. 1965 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ماناس ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى لى شېڭمىڭنىڭ خىزمەت ئۇسلۇبىنىڭ قوپال بولۇش تۈپەيلىدىن ئالاقىدار كىشىنىڭ ئۆزىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېلىش ھادىسىسى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى، ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدىن بۇ ئىشتىن ئىبرەت ئېلىپ، خىزمەت ئۇسلۇبىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدى. 1977 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قۇمۇل ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ پۈتۈكچىسى فېڭ جىڭجۇ ياش قىزلارغا بەتقىلىقلىق، باسقۇنچىلىق قىلغاچقا 12 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى جەدۋەل 6 — 7دىن كۆرۈڭ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 1959 - يىلدىكى ئىلغار ئەدلىيە خىزمەتچىلىرى

جەدۋەل: 6 — 7

| ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | خىزمەت ئورنى | ۋەزىپىسى | سىياسىي قىياپىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| جۇمادىل | ئەر | قازاق | ئىلى شۆبە مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ئەنۋەر | ئەر | ئۇيغۇر | ئىلى شۆبە مەھكىمىسى | پۈتۈكچى | ئىتتىپاق ئەزاسى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ جيېمىن | ئەر | خەنزۇ | غۇلجا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | |
| لەيسا مەنسۇر | ئەر | ئۇيغۇر | غۇلجا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | پارتىيە ئەزاسى |
| ئەخمەت | ئەر | ئۇيغۇر | توققۇزتارا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| داۋۇت جامال | ئەر | قازاق | موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | |
| راخمان رىيىنتبايوف | ئەر | قازاق | سۈيدۈڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| سەمىرئاخۇن روزىيوف | ئەر | ئۇيغۇر | قورغاس ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | |
| فۇ سىن | ئەر | شىبە | چاپچال ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| جالال بىمى | ئەر | قازاق | تارباغاتاي ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| مۇسا جۇمەنوف | ئەر | خۇيزۇ | چۆچەك ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ئەخمەت ئەبەيدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | دۆربىلجىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | |
| كاسۇ لامەن | ئەر | قازاق | ساۋەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى | |
| خەي خۇڭماۋ | ئەر | خۇيزۇ | شىخۇ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | |
| سىلىجان كۈسى | ئەر | قازاق | چاغانتوقاي ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | پوتتۇكچى | |
| ژۈلى زاياف | ئەر | موڭغۇل | قوبۇقسار ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | |
| سىيىتخامزا لوقمان | ئەر | قازاق | ئالتاي ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| مۇقداش نۇرغالى | ئەر | قازاق | ئالتاي ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | كاتىپ | |
| سىيىتخامزا خاسىيىن | ئەر | قازاق | كۆكتوقاي ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | پوتتۇكچى | پارتىيە ئەزاسى |
| نىلىم تۇلادى | ئەر | قازاق | بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| سىرىخان | ئەر | قازاق | قابا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | كاتىپ | پارتىيە ئەزاسى |
| ئالابايىس ھىندىك | ئەر | قازاق | بۇرچىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | |
| جاپپار ئوسمانوف | ئەر | ئۇيغۇر | بورتالا ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| داۋا جۇلىف | ئەر | موڭغۇل | بورتالا ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تۇكجا ئالاش | ئەر | موڭغۇل | جىڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | پۈتۈكچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ماخمۇت ياقۇپ | ئەر | ئۇيغۇر | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى | ئىتتىپاق ئەزاسى |
| گو رۇيفېڭ | ئايال | خەنزۇ | ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | پۈتۈكچى | پارتىيە ئەزاسى |
| زو جېن | ئايال | خەنزۇ | ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى | |
| گاۋ شې | ئەر | خەنزۇ | ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | پارتىيە ئەزاسى |
| ما ۋېنجۇن | ئەر | خۇيزۇ | سانجى ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| خې يەنلىڭ | ئەر | خەنزۇ | فۇكاڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| تاڭ لىن | ئەر | خەنزۇ | جىمسار ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ياسىن | ئەر | ئۇيغۇر | گۇچۇڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | پارتىيە ئەزاسى |
| ۋاڭ ۋېنكې | ئەر | خەنزۇ | ماناس ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | پارتىيە ئەزاسى |
| ما جىيشاڭ | ئەر | خەنزۇ | قۇتۇبى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ماقسۇت | ئەر | قازاق | مورى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | پارتىيە ئەزاسى |
| ئەبەيدۇللا قاسىم | ئەر | ئۇيغۇر | قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | قانۇن ساقچىسى | |
| لى لىن | ئەر | خەنزۇ | قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| جاڭ جەنگو | ئەر | خەنزۇ | ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى قوشۇمچە كاتىپ | پارتىيە ئەزاسى |
| مۇۋلىمباي لەمپى | ئەر | قازاق | باركۆل ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | |
| لى سىجى | ئەر | خەنزۇ | بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| بەي رۇي | ئەر | خۇيزۇ | يەنجى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | كاندىدات پارتىيە ئەزاسى |
| قۇۋان | ئەر | ئۇيغۇر | خېجىڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | قانۇن ساقچىسى | |
| ھۆسەيىن | ئەر | ئۇيغۇر | خوشۇت ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ئابدۇراخمان ئىسمنوف | ئەر | ئۇيغۇر | كورلا ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ئابدۇرېھىم دانىش | ئەر | ئۇيغۇر | بۈگۈر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىسمائىل يۈسۈپ | ئەر | ئۇيغۇر | چەرچەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | پارتىيە ئەزاسى |
| قۇربان رىشىت | ئەر | ئۇيغۇر | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ياسىن ھەسەن | ئەر | ئۇيغۇر | ئاقسۇ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| داۋۇت مۇسا | ئەر | ئۇيغۇر | باي ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | پۈتۈكچى | |
| غوپۇر سادىر | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ئىمىن ياقۇپ | ئەر | ئۇيغۇر | كۇچا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ئاقنىياز رىشىت | ئەر | ئۇيغۇر | ئاۋات ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | پارتىيە ئەزاسى |
| ناسىر نۇر | ئەر | ئۇيغۇر | كەلپىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ئۆمەر ئەبەيدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | |
| يەھياجان بابايوف | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | پارتىيە ئەزاسى |
| ئابدۇرېشىت توختى | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| تۇردى ئەبەيدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| تۇرسۇن تېيىپ | ئەر | ئۇيغۇر | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| قادىر قاسىم | ئەر | ئۇيغۇر | پەيزاۋات ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| قاسىم ھاشىم | ئەر | ئۇيغۇر | مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| مەمەت تالىپ | ئەر | ئۇيغۇر | مەكىت ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى | |
| روزى تېيىپ | ئەر | ئۇيغۇر | قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | پۈتۈكچى | |
| ئۆمەر قۇربان | ئەر | ئۇيغۇر | يوپۇرغا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | پارتىيە ئەزاسى |
| مەمتىمىن قۇربان | ئەر | ئۇيغۇر | يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| چىلەك گولىياف | ئەر | خەنزۇ | خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | پارتىيە ئەزاسى |
| مەھەممەت نۇرروزى | ئەر | ئۇيغۇر | خوتەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| مەمتىمىن ياسار | ئەر | ئۇيغۇر | لوپ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | پۈتۈكچى | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ژۇي سىشاڭ | ئەر | خەنزۇ | چىرا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | پارتىيە ئەزاسى |
| مۇسا ئىبراھىم | ئەر | ئۇيغۇر | كېرىيە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى | |
| ئىمىن روزى | ئەر | ئۇيغۇر | نىيە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | پۈتۈكچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ھېمىت نىياز | ئەر | ئۇيغۇر | قاراقاش ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | قانۇن ساقچىسى | پارتىيە ئەزاسى |
| ئابدۇكېرىم توقسۇن | ئەر | ئۇيغۇر | گۇما ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ئىمىن ئەلى | ئەر | ئۇيغۇر | قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ئابدۇراخمان ئىمىن | ئەر | ئۇيغۇر | ئاتۇش ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | پۈتۈكچى | |
| شۈكۈر قادىر | ئەر | قىرغىز | ئاقچى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | پۈتۈكچى | پارتىيە ئەزاسى |
| تېيىجە ھىتكۇل | ئەر | قىرغىز | ئاقتو ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | كاندىدات پارتىيە ئەزاسى |
| مەخەمخان ئىمىنسېيىت | ئەر | ئۇيغۇر | ئۈلۈغچات ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | پارتىيە ئەزاسى |
| لى شۈنچى | ئەر | خەنزۇ | قاراماي شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ئەلىم ھساسىدىن | ئەر | ئۇيغۇر | تۇرپان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| تۇردى توختى | ئەر | ئۇيغۇر | پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| مۇھەممەت داۋامەت | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ۋاڭ فۇگەن | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سوت مەھكىمىسى | سوتچى | |
| ليۇ تاڭيۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سوت مەھكىمىسى | ئەدلىيە ياردەمچىسى | |
| ۋاڭ گۈيچىن | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سوت مەھكىمىسى | پۈتۈكچى | |
| شي شۇيرۇ | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| جاڭ جىنجۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ئەبەيدۇللا تۇردى | ئەر | ئۇيغۇر | يەكەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى قوشۇمچە كاتىپ | پارتىيە ئەزاسى |
| ئابدۇللا سېيىتوف | ئەر | ئۇيغۇر | يەكەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | پارتىيە ئەزاسى |
| ئابدۇكېرىم داۋۇت | ئەر | ئۇيغۇر | پوسكام ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| لى گاڭ | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | پارتىيە ئەزاسى |
| شەمشىروق | ئەر | قازاق | شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| ژاڭ شۈجىن | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمە-سى، ئەدلىيە نازارىتى | تەرجىمان | پارتىيە ئەزاسى |
| جاۋ يىڭلياڭ | ئەر | خەنزۇ | سانجى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھ-كىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |
| خېلىل ئوسمان | ئەر | ئۇيغۇر | كورلا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھ-كىمىسى | سوتچى | پارتىيە ئەزاسى |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەل 1959 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جايلار يوللىغان ستاتىستىكىنى ئاساس قىلغان بولۇپ زاسېداتېللار، مۇرەسسەچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## 1985 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تەقدىرلەنگەن، سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرىشى داۋامىدا بارلىققا كەلگەن ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر

جەدۋەل: 6 — 8

| نامى | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | خىزمەت ئورنى | ۋەزىپىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| نەمۇنىچى | دۇشەنان | ئايال | قازاق | تېكەس ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار 1 - سوت كوللېگىيىسى | پۈتۈكچى |
| | ژاڭ يۇفۇ | ئەر | خەنزۇ | ساۋەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى |
| | لى دېيىڭ | ئەر | خەنزۇ | ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق سوت مەھكىمىسى | سوتچى |
| | گېرما | ئەر | موڭغۇل | ئارشاڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمە-سى ئىشخانىسى | مۇدىر |
| | ئابدۇكېرىم داۋۇت | ئەر | ئۇيغۇر | پوسكام ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى |
| | جىن خۇڭبىن | ئەر | خەنزۇ | ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار 2 - سوت كول-لېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |

(يۇقىرىقى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| نامى | خىزمەت ئورنى | كەسپى | ئىزاھ |
|---|---|---|---|
| ئىلغار كوللېكتىپ | كۇچا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | | |
| | قاراقاش ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | | |
| | قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | جىنايى ئىشلار 1 - سوت كوللېگىيىسى | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىلغار كوللېكتىپ | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | جىنايى ئىشلار 1 - سوت كوللېگىيىسى | |
| | ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | | |
| | غۇلجا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | | |
| | قابا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | | |
| | ساۋەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | | |
| | ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | | |
| | تۇرپان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | | |
| | سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھە- كىمىسى | جىنايى ئىشلار 2 - سوت كوللېگىيىسى | |
| | ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى | جىنايى ئىشلار 1 - سوت كوللېگىيىسى | |

(يۇقىرىقى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| نامى | ئىسىم - فامىلىسى | مىللىتى | خىزمەت ئورنى | ۋەزىپىسى |
|---|---|---|---|---|
| ئىلغار شەخسلەر | كېرىم ئېلى | ئۇيغۇر | ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار 2 - سوت كوللېگىيىسى | مۇۋەققەت مۇئاۋىن كول- لېگىيە باشلىقى |
| | شۇ گۇاڭيۇ | خەنزۇ | غۇلجا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى | سوتچى |
| | چۇ خەنىسن | خەنزۇ | كۈيتۇڭ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مەسئۇلى |
| | لىيۇ فەنيۇن | خەنزۇ | قورغاس ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنا- يى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | كاڭ لىن | شىبە | چاپچال ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | سوتچى |
| | ۋاڭ يەنگۈي | خەنزۇ | توققۇزتارا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى | مۇۋەققەت كوللېگىيە باشلىقى |
| | سابىت | قازاق | نىلقا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باش- لىقى |
| | گو جىسن | خەنزۇ | موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باش- لىقى |
| | ماناپ | قازاق | كۈنەس ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | ئەيسا | ئۇيغۇر | غۇلجا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار كوللېگىيىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | جاڭ تۇڭشۇن | خەنزۇ | ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار 2 - سوت كوللېگىيىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | مۇسا | قىرغىز | تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمە- سى ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئالغان شەخسلەر | خۇ رۇڭجيۇ | خەنزۇ | قوبۇقسار ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | مۇقابان | قازاق | شىخۇ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى |
| | سى يۈن | خەنزۇ | چۆچەك ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | چېن جىمىن | خەنزۇ | تولى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | يۈن سۇيىڭ (ئايال) | رۇس | چاغانتوقاي ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى |
| | چېڭ يۇكەي | خەنزۇ | دۆربىلجىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى |
| | ۋاڭ شۇ | خەنزۇ | ئالتاي ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | جيې شىنخۇا | خەنزۇ | بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى |
| | جاۋ گودۇڭ | خەنزۇ | جېمىنەي ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | ليۇ شېڭتەي | خەنزۇ | بۇرچىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى |
| | ئابىلقاس | قازاق | قابا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى |
| | جياڭ چىنجۈن | خەنزۇ | كۆكتوقاي ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى كۆكتوقاي سوتى | سوتچى |
| | سۇن شېگو | خەنزۇ | چىڭگىل ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | ۋاڭ جيەنشې | خەنزۇ | ئالتاي ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى |
| | ئابدۇخالىق | ئۇيغۇر | بورتالا ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | ليۇ شىلىڭ | خەنزۇ | ئارشاڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | مېڭ گۇاڭخىڭ | خەنزۇ | جىڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى |
| | ۋۇ گۇيىەن | خەنزۇ | بورتالا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | ئەيساتاي | ئۇيغۇر | قاراماي شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى مايتاغ سوتى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | ۋاڭ مۇچېڭ | خەنزۇ | قاراماي شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | جاڭ جىجى | خەنزۇ | شىخەنزە ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | پۇتتۇكچى |
| | ۋاڭ چىشەن | خەنزۇ | شىخەنزە شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مەسئۇلى |
| | ئەن شېجيې | خەنزۇ | سانجى ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار 2 - سوت كوللېگىيىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | شاڭ بىنۋېي | خەنزۇ | سانجى ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئىشخانىسى | مۇدىر |
| | چېن جىلۇ | خەنزۇ | سانجى شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | پۇتتۇكچى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئىلغار شەخسلەر | جاڭ شىڭۋېن | خەنزۇ | قۇتۇبى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى |
| | جاڭ جۇنشاڭ | خەنزۇ | مورى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | لۇ سۇندېيەن | خەنزۇ | ماناس ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | لى مىڭشىن | خەنزۇ | جىمسار ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | پۈتۈكچى |
| | لى يۈگۈدي | خەنزۇ | گۇچۇڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | خې يەنلىن | خەنزۇ | فۇكاڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى |
| | جىن فاۋېن | خەنزۇ | سىچۇەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | ئابلىكىم | ئۇيغۇر | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | ما شۇيىڭ | خەنزۇ | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | گو يۈچىن | خەنزۇ | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئىشخانىسى | مۇدىر |
| | چولپان | ئۇيغۇر | ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | ھوشۇر | ئۇيغۇر | ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | سوتچى |
| | سەمەت | ئۇيغۇر | ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى |
| | ۋېي يۈخۇ | خەنزۇ | ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | مەسئۇلى |
| | لى جۈگلى | خەنزۇ | ئۈرۈمچى شەھىرى نەنسەن كان رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى |
| | لۇ لوڭخىڭ | خەنزۇ | ئۈرۈمچى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | خۇاڭ جىشۇ | خەنزۇ | قۇمۇل شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | خەلچەم | ئۇيغۇر | قۇمۇل شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | ئابلىز توختى | ئۇيغۇر | ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | يەن شۇجيەن | خەنزۇ | باركۆل ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى |
| | جۇ پىڭ | خەنزۇ | قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | ھەمبەر قۇربان | ئۇيغۇر | تۇرپان ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | باۋ جىنۋېي | خەنزۇ | تۇرپان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | سوتچى |
| | ھەبىبۇل نىياز | ئۇيغۇر | پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | لىي جىڭاڭ | شىبە | توقسۇن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | پۈتۈكچى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئىلغار شەخسلەر | ئىلھام خالىق | ئۇيغۇر | توقسۇن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | قانۇن ساقچىسى |
| | ياسىن سىيىت | ئۇيغۇر | تۇرپان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | سوتچى |
| | لىۋ شىڭپىڭ | خەنزۇ | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | پۈتۈكچى |
| | لىۋ ۋېيدۇڭ | خەنزۇ | كورلا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | جاڭ شۈجى | خەنزۇ | چەرچەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنا-يى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | غوپۇر مەمەت | ئۇيغۇر | لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | سوتچى |
| | شۇ ۋېنخۇا | خەنزۇ | خوشۇت ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | خوجا ئابدۇللا توختى | ئۇيغۇر | چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | جاڭ لىرېن | خەنزۇ | باغراش ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | لى چىڭشەن | خەنزۇ | خېجىڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | لى جىنخۇا | خۇيزۇ | يەنجى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | قۇربان يۈسۈپ | ئۇيغۇر | بۈگۈر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | سوتچى |
| | ژاڭ مىڭلى | خەنزۇ | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | گو دۇڭچياڭ | خەنزۇ | ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | ئابدۇرېھىم شېرىپ | ئۇيغۇر | باي ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | سوتچى |
| | ئەمەت توختى | ئۇيغۇر | ئاۋات ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | ئادىل سىدىق | ئۇيغۇر | ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | سايىم ئوسمان | ئۇيغۇر | كەلپىن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | سوتچى |
| | چورۇق ھامۇت | ئۇيغۇر | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | ئابلا مەمەت | ئۇيغۇر | كۇچا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | ھېمىت رىشىت | ئۇيغۇر | شايار ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى |
| | سايىم سايىت | ئۇيغۇر | ئونسۇ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئىلغار شەخسلەر | مەھەممەت ئىمىنلەزى | ئۇيغۇر | ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | سوتچى |
| | سىيىت نۇر | ئۇيغۇر | توقسۇ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى |
| | سۇن يۇبىن | خەنزۇ | قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمە- سى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | تۇلەن | قىرغىز | ئۇلۇغچات ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باش- لىقى |
| | گۈلئايىم | ئۇيغۇر | ئاقچى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باش- لىقى |
| | ساۋ پەن | خەنزۇ | ئاتۇش ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باش- لىقى |
| | توختى قاسىم | ئۇيغۇر | ئاقتو ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تە- لەپ سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | نىسافان تۇردى (ئايال) | قىرغىز | قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمە- سى | مەھكىمە باشلىقى |
| | شېرىپ موشۇر | ئۇيغۇر | قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار 2 - سوت كوللېگىيىسى | سوتچى |
| | غولام قادىر | ئۇيغۇر | قەشقەر شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | ۋاڭ شىبىڭ | خەنزۇ | قەشقەر شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتى- سادىي سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | يۈسۈپ قادىر | ئۇيغۇر | يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى |
| | سەمەت ھېيىت | ئۇيغۇر | يەكەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | گاۋ چاڭشىڭ | خەنزۇ | مەكىت ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باش- لىقى |
| | ئابدۇروسۇل تۇراق | ئۇيغۇر | يوپۇرغا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى |
| | تىللاھوپ | ئۇيغۇر | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھك- مىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | چاۋ يۈيۈن | خەنزۇ | تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جى- نايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | روزى تۇردى | ئۇيغۇر | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھك- مىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | ئەيسا مامۇت | ئۇيغۇر | يەكەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى |
| | سىدىق ئەيسا | ئۇيغۇر | قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | بەكىردىن زۇنۇن | ئۇيغۇر | پەيزاۋات ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنا- يى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | مەھەممەت ئابدۇللا رە- ھىم | ئۇيغۇر | مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باش- لىقى |
| | نيۇ جىشىڭ | خەنزۇ | قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئىلغار شەخسلەر | لىن ئەننا (ئايال) | خەنزۇ | خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | ئابدۇخېلىل | ئۇيغۇر | خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | ئوسمان ئەمەر | ئۇيغۇر | كېرىيە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى |
| | قۇربان نىياز | ئۇيغۇر | چىرا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى |
| | زىياۋۇدۇن ئايۇپ | ئۇيغۇر | نىيە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | مەخمۇت ئەزىز | ئۇيغۇر | گۇما ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى |
| | سايىم خوجا | ئۇيغۇر | لوپ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى |
| | ئوسمان سىدىق | ئۇيغۇر | خوتەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | سوتچى |
| | كېرىم مەمەت | ئۇيغۇر | قاراقاش ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | سۇن شياۋگاڭ | خەنزۇ | بېزا ئىگىلىك 4 - شى قورغاس بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى | پۈتۈكچى |
| | خې لىجياڭ | خەنزۇ | بېزا ئىگىلىك 9 - شى دۆربىلجىن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | تيەن شىنلۇ | خەنزۇ | بېزا ئىگىلىك 6 - شى ۋۇجياچۇ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | ۋۇ لىمىن | خەنزۇ | بېزا ئىگىلىك 10 - شى بېيتۈن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى |
| | يۈ شۇجاڭ | خەنزۇ | بېزا ئىگىلىك 2 - شى ئۈلۈغ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى |
| | شې لىنخې | خەنزۇ | بېزا ئىگىلىك 5 - شى تاسىرقاي بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | شۇ بو | خەنزۇ | بېزا ئىگىلىك 3 - شى تومشۇق بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | سوتچى |
| | زو گاۋفاڭ | خەنزۇ | بېزا ئىگىلىك 1 - شى ئارال بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى | سوتچى |
| | جاڭ شىجياڭ | خەنزۇ | قۇمۇل بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | لى ماۋزې | خەنزۇ | بېزا ئىگىلىك 7 - شى كۈيتۇڭ خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى |
| | گو چېڭ | خەنزۇ | ئۈرۈمچى تۆمۈر يول سوت مەھكىمىسى | ياردەمچى سوتچى |
| | مەمەت ئابدۇللا | ئۇيغۇر | ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار 2 - سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | لى شۇاڭچياۋ (ئايال) | خەنزۇ | ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى | سوتچى |
| | ۋاڭ شېڭفاڭ (ئايال) | خەنزۇ | ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىشخانىسى | تەرجىمان |
| | ئابباس | ئۇيغۇر | ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىشخانىسى | شوپۇر |

## 1985 ـ يىلى مەملىكەتلىك سوت مەھكىمىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا شىنجاڭ سوت سىستېمىسىدىن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار خىزمەتچى دەپ نام بېرىلگەنلەر

جەدۋەل: 6 — 9

| نامى | ئورۇنلار |
|---|---|
| ئىلغار كوللېكتىپ | 1. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۇچا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى<br>2. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار 1 ـ سوت كوللېگىيىسى<br>3. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قابا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى |

(يۇقىرىقى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| نامى | ئىسىم ـ فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | خىزمەت ئورنى | ۋەزىپىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىلغار خىزمەتچىلەر | ۋاڭ مۇچېڭ | ئەر | خەنزۇ | قاراماي شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | گېرما | ئەر | موڭغۇل | ئارشاڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئىشخانىسى | مۇدىر |
| | ئابدۇكېرىم داۋۇت | ئەر | ئۇيغۇر | پوسكام ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى |
| | دۇشەخان | ئايال | قازاق | تېكەس ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | يېزىقچى |
| | جىن خۇڭبىن | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار 1 ـ سوت كوللېگ-يىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | جېن فاۋېن | ئەر | خەنزۇ | مىچۈەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| | لۇ لوڭخىڭ | ئەر | خەنزۇ | ئۇرۇمچى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى |
| | سېيىت نۇر | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھ-كىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى | سوتچى |

# قوشۇمچە

## ئىلغارلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

### 1. پوسكام ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم داۋۇتنىڭ ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرى

ئابدۇكېرىم داۋۇت، ئۇيغۇر، 1924 ـ يىلى تۇغۇلغان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا

ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، 1950 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1953 - يىلى سوت مەھكىمىسىگە يۆتكەپ كېلىنگەن.

ئۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا خىزمەت قىلىپ، يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، 18 قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى بولغان. ئۇ ئادەتتە رەھبەرلىك بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش ئىشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، رەھبەرلەرنىڭ ۋە كوللېگىيىلەرنىڭ پىكرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلاپ، خىزمەتتە ئۆزئارا قوللىشىپ، مەھكىمىنىڭ يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئوتتۇرىسىدىكى بىردەك ئىتتىپاقلىقىغا ئىمكانىيەت ياراتتى.

ئۇ «قاتتىق زەربە بېرىش» كۆرىشىدە پرىنسىپتا چىڭ تۇردى، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلدى. بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ئوغلى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، دېلو سوت مەھكىمىسىگە ئېيىبلىنىپ كەلگەندىن كېيىن، بەزى يولداشلار قىيىنلىق ھېس قىلىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم داۋۇت ھېچ قانداق ئىككىلەنمەي بۇ دېلونى ئۆزى بېجىرىپ، جىنايەتچىگە قانۇن بويىچە 6 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىدۇ، ئاما ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولىدۇ. تەپتىش مەھكىمىسى بىر دېلونى ئاياللارنى ئېيپەت - نومۇسىنى سېتىشقا سولاپ بېرىش جىنايىتى بويىچە سوت مەھكىمىسىگە ئېيىبلەيدۇ. ئۇ دېلو ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، جاۋابكارنىڭ پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇش ئىستىلى مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى بايقاپ، جىنايەت شەكىللەنمەيدۇ، دەپ قاراپ، گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم قىلىپ بىر خاتا دېلونىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. زەخىملەندۈرۈپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسىدا، دەسلەپتە جىنايەتچىگە ئاران 2 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەندى. ئابدۇكېرىم داۋۇت سوت نازارەتچىلىك تەرتىپى بويىچە مەزكۇر جىنايەتچىگە قانۇن بويىچە 10 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىدۇ. «قاتتىق زەربە بېرىش»نىڭ بىرىنچى جېڭىدە ئۇ بىۋاستە 21 دېلونى تەكشۈرۈپ بېجىرىدۇ، بۇ دېلولارنىڭ 28.5%نى ئىگىلەيدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن باشقا يەنە خاراكتېرى توغرا بېكىتىلمىگەن، جازا مۇۋاپىق بولمىغان دېلودىن 8نى تۈزىتىدۇ.

دېلو بېجىرىش داۋامىدا، ئۇ «سوۋغا قوبۇل قىلمايدۇ، مېھماندارچىلىققا بارمايدۇ، ئارىغا ئادەم قويۇلۇش بىلەن تەۋرەنمەيدۇ». بىر لۈكچەك جىنايەتچىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دادىسى ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ئوغلىغا كەڭچىلىك بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ ھەمدە نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ ئابدۇكېرىمنىڭ پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەكەلگەن سوۋغىسىنى بېرىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ ھەمدە ئۇنى قايتا - قايتا تاماققا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ ئۇنى كەسكىن رەت قىلىدۇ. مەلۇم رەھبىرىي كادىر ئارقىلىق گەپ ئېيتىپ بەرگەن بولسىمۇ بۇ ئۇنى رەت قىلىدۇ.

ئۇ ساقچىلارنى قاتتىق باشقۇرىدۇ. كادىرلار ئىچىدە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر سېزىلسە ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىدۇ. 1983 - يىل 8 - ئايدا سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر كادىرى بازاردا باشقىلارنى ئۇرىدۇ، ئۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال تاياق يېگەن ئاممىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، ئادەم ئۇرغان كادىرنى ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ.

ئۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە قانۇن كەسپىگە دائىر بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى ۋە رەھبەرلىك سەنئىتىنى ئۆستۈرىدۇ. باشقىلار پېنسىيىگە چىقىشقا ئاز قالغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمانچە ئۆگىنىسىز دەپ

سورىغاندا، «سوت مەھكىمىسى خىزمىتىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، مول بىلىملەرگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆگەنمىسەك خىزمەتنى قانداق ياخشى ئىشلىيەلەيمىز؟ مەھكىمە باشلىقى ئۆگەنمىسە، مەھكىمىنىڭ ئومۇمىي خىزمىتىگە قانداق يېتەكچىلىك قىلغىلى بولىدۇ؟» دەيدۇ.

**2. ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى لى دېپىڭنىڭ ئىش-ئىزلىرى**

لى دېپىڭ، ئەر، خەنزۇ، 1945 - يىلى تۇغۇلغان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، 1964 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1966 - يىلى پارتىيىگە كىرگەن. سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى.

ئۇ خىزمەتتە سەمىمىي، جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدۇ، دېلونى ئەستايىدىللىق بىلەن بىجىرىدۇ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىدۇ، قانۇن بويىچە ئىش بىجىرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدۇ. ئۇ بىجىرگەن دېلونىڭ سانى كۆپ، سۈپىتى يۇقىرى، يولداشلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن، كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى ۋە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان.

ئۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەيدۇ، قىيىنچىلىقتىن، جاپادىن قاچمايدۇ، دائىم دېگۈدەك يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيدۇ. 1982 — 1983 - يىلى 6 - ئايغىچە ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 184نى بىجىرىدۇ. ئۇ بىر نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسىنى بىجىرگەندە، ئىككى تەرەپنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل بۇزۇلۇپ كەتمىگەنلىكىنى بايقاپ، كۆپ قېتىم دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئىدارىسى ۋە ئۆيلىرىگە بېرىپ مۇرەسسە خىزمىتى ئىشلەيدۇ. بەزىدە ماشىنىدىن قېلىپ قالىدۇ، بەزىدە تاماق يېيەلمەيدۇ، بەزى كەچتە دەۋالاشقۇچىلارنى ئىزدەپ زىيارەت قىلىدۇ. كۆپلەپ خىزمەت ئىشلەش نەتىجىسىدە ئاجراشماقچى بولغان ئەر - خوتۇن يارىشىپ قالىدۇ.

«قاتتىق زەربە بېرىش» باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ يۈكسەك خىزمەت قىزغىنلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن ھەق تەلەپ دېلولىرىنى چىڭ تۇتۇپ سوت قىلىدۇ. 1982 - يىل 3 - ئايدىن 1984 - يىل 9 - ئايغىچە ئۇ 98 ھەق تەلەپ دېلوسىنى بىجىرىپ، كۆپلىگەن ھەق تەلەپ دېلو ماجىرالىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللايدۇ.

ئۇ دېلو بىر تەرەپ قىلغاندا، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈشتە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا، پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. بىر زىياننى تۆلىتىش دېلوسىنى بىجىرگەندە، دەۋاگەر زىيانكەشلىك قىلغۇچى بېشىمنى چاناپ زەخىملەندۈردى دەپ 400 نەچچە يۈەن تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ، دەۋاگەرنىڭ زەخىمىسىنىڭ گارشوك بىلەن ئۇرۇش نەتىجىسىدە پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ، جاۋابكارنىڭ داۋالىنىش ھەققى ۋە ئىشتىن قالغان ۋاقتى ئۈچۈن 62.50 يۈەن تۆلەپ بېرىشى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

ئۇ قىيىنچىلىقتا قارىماي، بىر مۇنچە چىگىش دېلولارنى بىجىرىدۇ. بىر مىراسخورلۇق دېلوسىدا 6 ئادەم مىراسخور بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، دەۋاگەرنىڭ ۋەكالەتچىلىرى بىلەن بۇ دېلودا 13 ئادەم دەۋالىشىدۇ، مۇناسىۋەت مۇرەككەپ ئىدى. ئۇ 10 نەچچە قېتىم تەكشۈرۈش ئارقىلىق پاكىتنى ئېنىقلاپ، قانۇن بويىچە مۇۋاپىق ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

دېلو بىجىرگەندە، ئۇ ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئارىغا ئادەم قويۇشىنى رەت قىلىدۇ. بىر قېتىم، ئۇ بىر نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلغاندا قولۇم - قوشنىلىرى، يۇرتداشلىرى، ھەتتا ئەدلىيە ئورگانلىرىدىكى ئايرىم كىشىلەر تېلېفون ئارقىلىق ئۇنىڭغا دېلودىكى

ئەر تەرەپنى رازى قىلىشنى تاپىلىغاندا ئۇ بۇ خىل كاشىلىلارغا قارىماي، دېلونى قانۇن بويىچە ئادىل بېجىرىدۇ. 1984 - يىلى 5 - ئاينىڭ بىر كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ سوت مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىغا كىرىشى بىلەنلا بىر دەۋالاشقۇچى ئۇنىڭغا بىر قەغەز بولاقنى تۇتقۇزۇپ: «مېنىڭ ئېرىم ئاجراشقاندىن كېيىن ئىككى بالىنى ماڭا تاشلاپ بېرىپ، ئۇلارنى بېقىش راسخودىنى ئىزچىل بەرمىدى، بۇ راسخوتنى ئېلىپ بەرسىڭىز، بۇ 20 يۈەن مېنىڭ كۆڭلۈك» دەيدۇ. ئۇ دەرھال پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىپ، بۇ دەۋالاشقۇچىنى تەنقىد قىلىدۇ ۋە بېقىش خىراجىتى مەسىلە-سىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ.

3. ئارىشاڭ ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدىكى گېرمانىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرى

گېرما، ئەر، موڭغۇل، 1930 - يىلى تۇغۇلغان، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، 1948 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، كومپارتىيە ئەزاسى، ئارىشاڭ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى.

ئۇ سىياسىي قانۇن خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، ئۆزىگە يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن قاتتىق تەلەپ قويۇپ، خىزمەتكە ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەپ، كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەنگەن ۋە مۇكاپاتلانغان.

1983 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى غۇلجىدىن ئارىشاڭغا كەلگەن، ئۆزىنى گوۋۇيۈەن تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن دەۋالغان بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئىنتايىن گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى بايقاپ، باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى ناھىيىلىك چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئۇ ئادەمنىڭ چەت ئەلگە قاچماقچى بولغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ.

1983 - يىلى 8 - ئايدا «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى باشلانغاندا، ئۇنىڭ ئوغلى بەزى مەسىلىلەرگە چېتىلىپ قېلىپ يىغىۋېلىنىدۇ. بۇ ئىشقا ئائىلى بىلەن چوڭ قىزى توغرا مۇئامىلە قىلالمىغاندا ئۇلارنى تەنقىدلەيدۇ ھەمدە ئوغلىغا مەسىلىلەرنى ئەينەن تاپشۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە ئىشلەيدۇ. ئۇ ئوغلىنىڭ گېپىنى قىلمايلا قالماستىن، بەلكى تەشكىلنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە داۋالغۇش بولمايدۇ، بۇ ئىش كەيپىياتىغىمۇ تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، ئۇ ھەق تەلەپ خىزمىتىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن قاتنىشىپ، كېچە-كېچىلەپ ئىشلەيدۇ.

ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بېجىرىشتە، مۇرەسسەنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدۇ، چوڭ، چىگىش دېلولارغا دۇچ كەلگەندە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشكىلگە دوكلات قىلىپ دېلو سوپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشىدۇ؛ ئاممىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، دائىم كوللېگىيىدە-كى يولداشلارنى باشلاپ، چەت دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ دېلو بېجىرىدۇ ھەمدە دېلوغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىغا ھەق تەلەپ قانۇنى، نىكاھ قانۇنى قاتارلىق قانۇنلارنى تەشۋىق قىلىپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ.

1984 - يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خوتۇنىنى دائىم ئۇرۇپ - تىللايدىغان ۋە خورلايدىغان دەۋالاشقۇچى نىكاھتىن ئاجرىشىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، سوۋغا ئېلىپ ئۇنى ئىزدەپ كېلىدۇ. ئۇ بۇ ئادەمنى قاتتىق تەنقىدلەيدۇ ۋە سوۋغىنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. يەنە بىر قېتىم، بىر ھەق تەلەپ دەۋالاشقۇچىسىنىڭ تۇغقىنى تەھدىت سېلىپ: «سەن تۇيمىغان چاغدا، ئەدۋىڭنى بېرىمىز» دەيدۇ، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن: «مەن سەنلەرنىڭ تەھدىتىڭلاردىن قورقۇپ قالمايمەن» دەيدۇ ۋە ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن قانۇن - سىياسەت تەربىيىسى بېرىدۇ.

**4. ساۋەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يۈفۇنىڭ ئۆلگىلىك ئىش ـ ئىزلىرى**

ۋاڭ يۈفۇ، ئەر، خەنزۇ، 1935 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئەسلى يۇرتى خېنەن ئۆلكىسى خۇەيياڭ ناھىيىسى. 1955 ـ يىلى كومپارتىيىگە كىرگەن، 1962 ـ يىلى بېيجىڭ سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ساۋەن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنغان. كېيىن ساۋەن ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

ئۇنىڭ ئىنقىلابىي كەسىپچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئۆزى ئۈلگە بولۇپ ئىشلەيدۇ، خىزمەتتە ئاكتىپ، تەشەببۇسكار، ئەستايىدىل، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ خىزمەت قىلىدۇ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىدۇ. ئۇ چېگرا رايونغا يىلتىز تارتىشقا بەل باغلاپ، ئەلا نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئۇدا 3 قېتىم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىدۇ.

«قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىدە، ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن دېلو بېجىرىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەيدۇ، بىرىنچى جەڭدە ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو ئۇ بېجىرگەن دېلونىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئادەتتە كەسىپنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىدۇ، ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەيدۇ. ئۇ بېجىرگەن دېلولاردا، پاكىتنى ئېنىق قىلىش، دەلىل ـ ئىسپاتنى تولۇق قىلىش، خاراكتېرىنى توغرا بېكىتىش، جازانى مۇۋاپىق ئۆلچەش، تەرتىپنى قانۇنغا ئۇيغۇن قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

ئۇ دېلونى ئادىللىق بىلەن بېجىرىدۇ، زىياپەت يېمەيدۇ، سوۋغا قوبۇل قىلمايدۇ. 1983 ـ يىلى «قاتتىق زەربە بېرىش» مەزگىلىدە، 4 قېتىملىق سوۋغىنى بىر ـ بىرلەپ رەت قىلىدۇ ۋە قايتۇرۇۋېتىدۇ. پۇل ئالدىدا ئۆزىنى پاك تۇتىدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلمايدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭغا: «20 نەچچە يىل خىزمەت قىلىپ نېمە نامغا ئېرىشتىڭ» دېگەندە، ئۇ «پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ شەرەپ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئۇ بېيجىڭ سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تەشكىل ئۇنى بېيجىڭ شەھەرلىك كادىرلار ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىدۇ. لېكىن ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېگرا رايونغا، جاپالىق جايلارغا بېرىپ خىزمەت ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ شىنجاڭغا يېڭى كىرىپ ساۋەن ناھىيىسىگە كەلگەندە گەمىدە ياتتى، ئۇ ھەرگىز چاپادىن ۋايسىمىدى، مەينەتچىلىكتىن قورقمىدى، ساقچىخانا ساقچىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رازۋېتچىكى بولدى، ھەرگىز ۋەزىپىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى بىلەن ھېسابلاشمىدى. 22 يىللىق ئىسسىق ـ سوغۇق ۋە جۇدۇن ـ چاپقۇننى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمىدى. بەزىلەر: «سېنىڭ ساۋاقداشلىرىڭ ئىچىدە پروفېسسور، مەھكىمە باشلىقى بولغانلار بار، ئۇلار چوڭ شەھەرلەردە تۇرۇۋاتىدۇ، سەن تېخىچىلا كىچىككىنە كوللېگىيە باشلىقى بولۇپ تۇرۇۋاتىسەن» دېگەندە، ئۇ مەرتلىك بىلەن «مەن كومپارتىيە ئەزاسى، پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلسامىلا بولدى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭغا يۇرتىغا يۆتكىلىپ كېتىشنى تەۋسىيە قىلغاندا، ئۇ «ھېچقانداق يەرنىڭ تۇپرىقى ئادەمنى يەكلىمەيدۇ، ئادەم ئۆلگەندە نەدە ياتسا بولۇۋېرىدۇ، مەن بىر ئۆمۈر شىنجاڭدا تۇرۇشقا رازى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

**5. تېكەس ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ پۈتۈكچىسى دۇشەخاننىڭ ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرى**

دۇشەخان، ئايال، قازاق، 1954 ـ يىلى تۇغۇلغان، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە.

1975 - يىلى 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1978 - يىلى كومپارتىيىگە كىرگەن. 1981 - يىلى 8 - ئايدا تېكەس ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىگە پۈتۈكچىلىككە يۆتكەپ كېلىنگەن.

ئۇ جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، دېلو بېجىرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئائىلە يۈكى ئېغىر بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھاردىم، چارچىدىم دېمەي خىزمەت قىلىدۇ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدۇ، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىدۇ، نەتىجىدە ئۇ ئۇدا 3 يىل ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىدۇ.

«قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ پۈتۈكچىلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، سوتچىلارغا جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بېجىرىشىپ بېرىدۇ. بىر يىل ئىچىدە 12 دېلو بېجىرىدۇ. قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە رەھبەرلىككە ۋاقتىدا دوكلات قىلىدۇ، تەجرىبىلىك يولداشلاردىن كەمتەرلىك بىلەن مەسلىھەت سورايدۇ، خىزمەتتە ئەستايىدىل بولۇپ، قىلچە بىپەرۋالىق قىلمايدۇ، دېلو بېجىرىش سۈپىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. موڭغۇل ناشۇن، باتېنلارنىڭ قىشلاقتىكى قوتان ياغىچىنى ئوغرىلاش دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى «كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى» بىلەن ئەيىبلەيدۇ. ئۇ دېلو ماتېرىيالىنى ئەستايىدىل كۆرۈش، جاۋابكارنى سوراق قىلىش، نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، جاۋابكارلارنىڭ مۇددىئاسى ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئەمەس دەپ قاراپ، دېلونىڭ خاراكتېرىنى توغرا بېكىتىدۇ. ئۇ يولدىن ئېزىپ يانچۇقچىلىق قىلغان ياشلارنىڭ دېلوسىنى بېجىرگەندە، ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ئىشلەيدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئىلگىرىكى ئەسكىلىكلىرىنى ئۆزگەرتىپ يېڭىۋاشتىن ئادەم بولىدۇ. كېيىن ئۇ ياشلار قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ ئوغرى، يانچۇقچىلىق قىلمايدۇ.

بىر قېتىم، ئۇ بىر ئوغرىلىق دېلوسىنى بېجىرگەندە، جاۋابكار ئۇنىڭ بىلەن بىر قەبىلىدىن بولغان مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، ئارىغا ئادەم قويىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن «ياردەم» سورايدۇ. ئۇ جاۋابكارنىڭ بۇ خىل خاتا قىلمىشىنى قاتتىق تەنقىت قىلىدۇ ھەمدە جىنايەتچىنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالايدۇ.

ئۇنىڭ ئانىسى ئۇزۇندىن بۇيان پالەچ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىمىدىغان بالىسى بار ئىدى، يولدىشى دائىم سىرتتا خىزمەتتە بولاتتى. ئۇ بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئاڭلىق تۈردە نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئۇ كېسەل بولغان چاغلاردا دوختۇرلار دەم ئېلىپ داۋالىنىشنى تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ، ئۇ دائىم كېسەلگە قارىماي خىزمەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئۇ ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈپ ئىشلەش بىلەن بىللە يەنە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ۋە ئەمگەكلەرگە پائال قاتنىشىپ يولداشلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ.

**6. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار 1 - سوت كوللېگىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جىن خۇۋبىننىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرى**

جىن خۇۋبىن، ئەر، خەنزۇ، خېنەن ئۆلكىسى ۋېنشى ناھىيىسىدىن، 1936 - يىلى تۇغۇلغان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، 1955 - يىلى 8 - ئايدا خىزمەتكە

قاتناشقان، 1959 - يىلى 6 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. ئۇ ئۇدا 3 يىل ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولغان، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشىدە يېڭى تۆھپىلەرنى يارىتىپ «تىنىم تاپمايدىغان ئادەم» دەپ ئاتالغان.

«قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىدە، جىن خۇڭبىن مەركەزنىڭ «ئېغىر، تېز زەربە بېرىش، بىر يولدىلا تارمار قىلىش» فاڭجېنىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇناسىۋەتلىك يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەھكىمە پارتگورۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 4 قېتىم خىزمەت گورۇپپىسىنى باشلاپ، بورتالا، سانجى، بايىنغولىن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىش ئېھتىمالى بولغان دېلولار بىلەن ئالدىن تونۇشۇپ، دېلو ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، سوت قىلىش تەرتىپىگە كىرگەن ھامان شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا دېلو بېجىرىدۇ. ئۇ خىزمەت گورۇپپىسىدىكى يولداشلار بىلەن كۈندۈزى سوتنى سىرتتىن ئاڭلاپ خاتىرە يازسا، كەچلىرى دېلو ماتېرىيالىنى كۆرۈپ دېلوغا ئائىت پاكىت ۋە دەلىل - ئىسپاتلارنى تەكشۈرىدۇ؛ جاۋابكارلارنى قانۇن بويىچە سوراق قىلىدۇ. ئۇ مەھكىمە سوت ھەيئىتى ۋە كوللېگىيە رەھبەرلىرى ئوتتۇرىغا قويغان «پاكىت بىلەن ئىسپاتنى جايىدا قاراپ چىقىش، دېلو خۇلاسە دوكلاتىنى جايىدا يېزىپ چىقىش» دېگەن پىلاندا باشتىن - ئاياق چىڭ تۇرۇپ، دېلونىڭ ئاياغلىشىش سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن مەھكىمە پارتگورۇپپىسىنىڭ دۆلەت بايرىمىدىن بۇرۇن، بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەرگە ئېغىر جازا ۋە ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشىدۇ.

7. قانۇن دوختۇرى ليۇ زىرۇينىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىشخانىسى قانۇن دوختۇرلۇق تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ زىرۇي كۆپ يىللاردىن بۇيان، قانۇن دوختۇرلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1981 - يىلىدىن ئېتىبارەن «دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق»، «جۇڭخۇا مېدىتسىنا ئىلمىي جەمئىيىتى»، «شىنجاڭ سىياسىي قانۇن ئۆگىنىشى» قاتارلىق ژۇرناللاردا 11 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە يازغان. بولۇپمۇ شىنجاڭدا نەشە ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. ئۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان نەشە سېتىش، چېكىش ۋە ياساشتەك جىنايى دېلولارنى ئارىلاپ تەكشۈرىدۇ، 10 يىلدىن 25 يىلغىچە نەشە چېكىپ ئاستا خاراكتېرلىك زەھەرلىنىپ روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالغانلارنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرىدۇ، كۆپ قېتىملىق تەكشۈرۈش جەريانىدا، نەشىنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان زەھەرلىك رولىنى ئېنىقلايدۇ. مۇشۇ ئاساستا ئۇ يەنە شىنجاڭ كەندىرىنىڭ تۈرى، ئالاھىدىلىكى، ئىقتىسادىي قىممىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە كەڭ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن ۋراچ دوختۇرى ئوۋ جىنشەننىڭ ياردىمى بىلەن، زور تۈركۈمدە چەت ئەل يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، «شىنجاڭ نەشىسىنىڭ زەھەرلىك رولى ۋە ئىجتىمائىي زىيىنى» دېگەنگە ئوخشاش 3 پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ، تولۇق دەلىللەر بىلەن شىنجاڭ كەندىرىنىڭ ئۆتكۈر مەست قىلىش رولى بار ئۆسۈملۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شىنجاڭ نەشىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئېلىمىزدە ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى قېتىم ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات تۈرى ھېسابلىنىدۇ. 1985 - يىلى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسپىي تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىدا ليۇ زىرۇي 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

# باب II

# ئەدلىيە خىراجىتى ۋە قورال - جابدۇق

## § 1 . ئەدلىيە خىراجىتىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى

مىنگونىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەدلىيە خىراجىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە ئوخشاش دۆلەت مالىيىسىدىن ئاجرىتىلاتتى، تۈرلۈك ئەدلىيە كىرىملىرى ئاساسەن ئۆزىنى قامداشقا سەرپ قىلىناتتى. مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئېلان قىلىنغان ئەدلىيە كىرىمىنى تەرتىپكە سېلىش قائىدىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ھەق تەلەپ جىنايى ئىشلار دەۋا ھەققى، جەرىمانە سوممىسى، ئەرز ھەققى، تىزىمغا ئالدۇرۇش ھەققى، تۈرمە مەشغۇلاتى كىرىمى قاتارلىقلارنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى يىللىق خام چوت قىلىپ يۆتكەپ كېتەتتى، تىزىمغا ئالدۇرۇش ھەققى، مەشغۇلات كىرىمى قاتارلىقلارنى تاپشۇرۇۋالغۇچى ئورۇنلار ئۆزلىرى باشقۇراتتى ۋە ساقلاپ قوياتتى.

مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) دىن كېيىن، ئەدلىيە خىراجىتى چىقىمىنى دۆلەت بىلەن يەرلىك تەڭ چىقىم قىلىش بەلگىلەندى. ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى، ئالىي سوت مەھكىمىسى، قانۇن تۈزۈش كومىتېتىنىڭ خىراجىتى مەركىزىي ئەدلىيە خىراجىتىگە تەۋە بولۇپ، ئۇ دۆلەت خىراجىتىدىن چىقىم قىلىناتتى، باشقا يەرلىك ئەدلىيە خىراجىتى يەرلىك خىراجەتتىن چىقىم قىلىناتتى.

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە شىنجاڭدا دەۋا ھەققى ئېلىش يولغا قويۇلدى، دەۋا ھەققى ئېلىش ئىشى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن كونا نىزام بويىچە بېجىرىلدى، دەۋا ھەققىنىڭ سوممىسى كۆپ بولمىدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ھەق تەلەپ دېلولىرى يىلسايىن كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن دەۋا كىرىمىمۇ ئاشتى، ئۆلكە بويىچە ئەدلىيە خىراجىتى كىرىمى جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى قامدايدىغان بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە خىراجىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە ئوخشاش مەركىزىي ئەدلىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بىر تۇتاش ئاجرىتىپ بېرىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى پۇلنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جايلارنىڭ قوبۇل قىلغان ۋە ئاياغلاشتۇرغان دېلو سانى، نوپۇسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، قاتناش قورالىنىڭ سەپلىنىشى ۋە كەسپىي تەرەققىيات ئەھۋالى قاتارلىقلارغا ئاساسەن جايلارنىڭ تەقسىمات لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ۋىلايەتلىك شۆبە سوت مەھكىمىلىرى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك سوت مەھكىمىلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۆلكىلىك ئەدلىيە نازارىتىنىڭ كەسپىي خىراجىتىمۇ ئۆلكىلىك ئەدلىيە كەسپىي خىراجىتىدىن بىر تۇتاش ئاجرىتىلدى. ۋىلايەتلىك شۆبە سوت مەھكىمىلىرى ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەقسىمات پرىنسىپى بويىچە، تەۋەلىك-

دىكى ناھىيىلىك، شەھەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت ئاساسى، كادىرلىرىنىڭ شەرت-شارائىتى ۋە كەسپىي جەھەتتىكى تەرەققىياتى قاتارلىق ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ قاراشلىق رايونلارغا تەقسىم قىلىپ چۈشۈرۈپ بەردى ھەمدە ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەنگە ئالدۇردى.

1955 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئەدلىيە كەسپىي خىراجىتى چىقىم تۈرى بىلەن ئۆلچىمىنى ئېلان قىلىپ، 1954 - يىلى بەلگىلەنگەن ئەدلىيە كەسپىي خىراجىتى چىقىم تۈرى بىلەن چىقىم دائىرىسىنى قىسمەن ئۆزگەرتتى ۋە تولۇقلىدى. چىقىم دائىرىسى ۋە ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: 1) سوت خىراجىتى، دەۋاغا ئىشلىتىلىدىغان قەغەز، خاتىرە دەپتەر ۋە قەلەم، قېرىنداشقا ئوخشاش قوراللار ھەربىر دېلوغا تەخمىنەن 8 مو بويىچە ھېسابلاندى. 2) پوچتا - تېلېگراف ياردەم پۇلى، مەمۇرىي خىراجەتكە بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى قوبۇل قىلىنغان جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %20ى بويىچە، ھەر بىر دېلوغا تەخمىنەن 4 مودىن ھېسابلاندى. 3) تەكشۈرۈش، باھالاش خىراجىتى قوبۇل قىلىنغان جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ %3ى بويىچە، ھەربىر دېلوغا تەخمىنەن بىر يۈەندىن ھېسابلاندى. 4) ئىجرا خىراجىتى قوبۇل قىلىنغان جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ %1ى بويىچە، ھەربىر دېلوغا تەخمىنەن 15 يۈەندىن ھېسابلاندى. 5) دېلو تەكشۈرۈش قوشۇمچە ياردەم پۇلى قوبۇل قىلىنغان جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %50ى بويىچە، ھەربىر دېلوغا بىر يۈەندىن ھېسابلاندى. 6) مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ تاماق پۇلى ھەربىر كىشىگە ھەركۈنى بىر يۈەن بويىچە ھېسابلاندى. 7) قاتناش قوراللىرىنى رېمونت قىلىش خىراجىتى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ماشىنا ۋە ئات-ئۇلاغ خىراجىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى بويىچە چىقىم ۋە ئاتچوت قىلىندى. 8) تەشۋىقات، مائارىپ خىراجىتى يېزا - كوچىلارنىڭ پۈتۈن يىللىقى 5 يۈەندىن ھېسابلاندى. 9) ئېلان خىراجىتى جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ %2ى بويىچە، ھەربىر دېلوغا بىر يۈەندىن ھېسابلاندى. 10) ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىراجىتى دېلونىڭ %2ى بويىچە، ھەربىر دېلوغا بىر يۈەندىن ھېسابلاندى. 11) مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ خىزمەت خىراجىتى ھەربىر يېزا، ھەربىر مەھەللىگە ھەر ئايدا 8 مودىن ھېسابلاندى. 12) زاسېداتېللار قوشۇمچە ياردەم پۇلى مۇقىم كىرىمى بولمىغان زاسېداتېللارغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلىنىڭ ئۆلچىمى ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجىنىڭ 7 مائاش نومۇرى بويىچە؛ ناھىيىلەرنىڭ 6 مائاش نومۇرى بويىچە؛ يېزا-كەنتلەردە دېھقانچىلىق قاتىلاڭ ۋاقىتلىرىدا 6 مائاش نومۇرى بويىچە، ئارىسال ۋاقىتلاردا 7 مائاش نومۇرى ياكى 5 مائاش نومۇرى بويىچە تارقىتىپ بېرىلدى. 13) ئادۋوكاتلىق تەشكىلاتلىرىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى. 14) لاۋازىمات خىراجىتى. 15) كەسپىي ئۇسكۈنىلەر خىراجىتى.

1973 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئەدلىيە خىراجىتى بۆلەكلەر بويىچە باشقۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيە خىراجىتى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە تارماقلىرىدىن ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئاجرىتىپ بېرىلدى، ئاندىن سوت مەھكىمىلىرىگە ئاجرىتىپ بېرىلدى.

1980 - يىلى مالىيە مىنىستىرلىكى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى «ئەدلىيە كەسپىي خىراجىتىنى چىقىم قىلىش دائىرىسى توغرىسىدا بەلگىلىمە»نى يېڭىۋاشتىن تۈزۈپ چىقتى. شىنجاڭنىڭ

سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ كەسپىي خىراجىتىنى ئەدلىيە نازارىتى باشقۇردى. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1983 - يىلى ئەدلىيە كەسپىي خىراجىتىنى سوت مەھكىمىسى ئۆزى باشقۇرغاندىن كېيىن، مەمۇرىي خىراجەتنى سوت مەھكىمىلىرىگە مالىيە نازارىتى يەرلىك مالىيە تارماقلىرىغا چۈشۈرۈش يولى بىلەن بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭكىنى مالىيە نازارىتى بىۋاسىتە چۈشۈرۈپ بەردى، ئاندىن يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پۈتۈن سوت مەھكىمىسىگە ئاجرىتىپ بەردى. كېيىن خىراجىتىنى مالىيە نازارىتى چۈشۈرۈپ بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىر تۇتاش باشقۇردى. ئەدلىيە كەسپىي خىراجىتىنىڭ نەق چوتىنى جايلاردىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى جەملەپ، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق مالىيە نازارىتىگە يوللىدى.

1983 - يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ كەسپىي خىراجەت جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش توغرىسىدا» دېگەن ئۇقتۇرۇشنى تارقاتتى، بۇ ئۇقتۇرۇشنىڭ روھى بويىچە، «1985 - يىللىق دۆلەتنىڭ خام چوت كىرىم - چىقىم تۈرى» دە تۇنجى بولۇپ «ئەدلىيە، تەپتىش چىقىمى» دېگەن تۈر قوشۇلۇپ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كەسپىي خىراجىتى، ئورگان خىراجىتى، كادىر تەربىيىلەش خىراجىتى ۋە باشقا خىراجەتلەر «مەمۇرىي چىقىم» تۈرىدىن چىقىرىلدى ھەمدە كەسپىي خىراجەت چىقىمى جەھەتتە تۆۋەندىكى بىر قانچە مۇھىم نۇقتا ئوتتۇرىغا قويۇلدى: خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىراجىتىنى ئايرىم تۈرغۇزمىغان جايلار 1986 - يىلىدىن ئېتىبارەن «دۆلەت خامچوتىنىڭ كىرىم-چىقىم تۈرى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئايرىم نوپۇس تۈرغۇزۇشى، ئايرىم چىقىم قىلىدىغان قىلىش، خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە زۆرۈر بولغان ئەدلىيە كەسپىي خىراجىتى ۋە كادىر تەربىيىلەش خىراجىتىنى ئەمەلىي ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە قاراپ، ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش لازىم، ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى خام چوتنى ئېنىق مەلۇم قىلىشى كېرەك؛ باشقۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆلكىلىك مالىيە تارمىقى بىر تۇتاش پۇل ئاجرىتىدىغان، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ ئىشلىتىدىغان بولدى؛ ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى بىلەن خەلق سوت كوللېگىيىلىرىنىڭ خىراجەت چىقىمىنى كۆپەيتىش تەكىتلەندى. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدلىيە كەسپىي خىراجىتى زور دەرىجىدە كۆپەيتىلدى، بىر يىلدا ئەدلىيە كەسپىي خىراجىتى 2 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇ تارىختىكى خىراجەت ئەڭ كۆپ يىل بولدى، 1982 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا %70 كۆپەيدى.

1984 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 — 12 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ بويىچە سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ مالىيە، قورال - جابدۇق خىزمىتى يىغىنى ئاچتى ھەمدە ئەدلىيە كەسپىي خىراجىتىنى ئاجرىتىش ۋە چىقىم قىلىش بويىچە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، بۇنىڭدىن كېيىن مالىيە، قورال - جابدۇق باشقۇرۇشنى قانداق قىلىپ كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر قاتار تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1985 - يىلى ئەدلىيە كەسپىي خىراجىتىنى باشقۇرۇش ئىشى تەدرىجىي مۇۋاپىقلىشىش، مۇنتىزىملىشىش يولىغا ماڭدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى 1985 - يىل 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئالىي سوت مەھكىمىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى يېڭىۋاشتىن تۈزىتىش كىرگۈزگەن «ئەدلىيە كەسپىي خىراجىتى چىقىمىنىڭ دائىرىسى توغرىسىدا بەلگىلىمە» نى تارقاتتى. بۇ «بەلگىلىمە» 1986 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئىجرا قىلىندى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:

1. دېلو بېجىرىش خىراجىتى، جۈملىدىن دەۋا ھۆججەتلىرى، كاماندوروپكا، باھالاش ـ تەكشۈرۈش خىراجەتلىرى ۋە زاسېداتېللارنىڭ ھەققى، شۇنداقلا ئاقلاش، سوتقا چىقىش ياردەم پۇلى، سوت ئېچىش سورۇنلىرىنى ئىجارىگە ئېلىش، يالاش، ئىجرا قىلىش، كەسپىي ئۈسكۈنە ماتېرىياللار، ئىلتىماسەن ئەرز قىلغۇچىلارنىڭ ياتاق، تاماق، يول خىراجەتلىرىنى ھەل قىلىش، ۋە باشقىلار.

2. كىيىم خىراجىتى، سوت خادىملىرىنىڭ ۋە ئەدلىيە ساقچىلىرىنىڭ كىيىم خىراجىتى.

3. كەسپىي ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش خىراجىتى، قاتناش قوراللىرى، قانۇن دوختۇرلۇق ئەسۋابلىرى، سوتخانا ئۈسكۈنىلىرى، قورال ـ جابدۇق، ئارخىپ ئىشكاپى، ماشىنكا ۋە زامانىۋى ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىسى، كەسپىي ماتېرىيال، كىتاب ـ ژۇرنال سېتىۋېلىش، خىزمەت سومكىسى قاتارلىقلار.

4. كەسپىي يىغىن خىراجىتى ۋە تۈرلۈك سوت كەسپىي يىغىنلىرىغا كېتەرلىك خىراجەتلەر.

5. باشقا خىراجەتلەر، جۈملىدىن ئىلغار خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلاش خىراجىتى ۋە ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارغا ئىشلىتىلىدىغان ياردەم پۇلى قاتارلىقلار.

## § 2 . ئەدلىيە كىرىمى ۋە چىقىمى

مىنگونىڭ 1 — 17 ـ يىلىغىچە (1912 — 1928 ـ يىلىغىچە) شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىي خىراجەت چىقىمى خام چوتى سوت خىراجىتى، ئۈرۈمچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئورنى خىراجىتى، ناھىيىلەرنىڭ سوت ياردەمچىلىرى، تۈرمە باشقۇرغۇچىلار خىراجىتى، تەپتىش نازارىتى خىراجىتى، تۈرمە، سولاقخانا خىراجىتى، ناھىيىلەرنىڭ ئەدلىيە خىراجىتى، ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسى خىراجىتى، ئۈرۈمچى، تۇرپانغا قاراشلىق سوت ياردەمچىلىرى خىراجىتى، ناھىيىلەرنىڭ تۈرمە باشقۇرۇش خىراجىتى، تەكشۈرۈش خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) دىن كېيىن، ئەدلىيە خىراجىتىنى مەركەز ۋە يەرلىك چىقىم قىلىدىغان بولدى. ئۆلكىلەرنىڭ ئەدلىيە خىراجىتى ئومۇمەن يەرلىك خىراجەتتىن چىقىم قىلىندى، لېكىن شىنجاڭنىڭ ناھىيىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئەدلىيە ئىشلىرى تېخى مۇستەقىل بولۇپ كەتمىگەچكە، ئەدلىيە خىراجىتى جايلارنىڭ خىراجىتىگە قوشۇۋېتىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوت مەھكىمىلىرىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش، تۈرمىلەرنى ئۆزگەرتىش مۇناسىۋىتى بىلەن كېتەرلىك خىراجەت كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ باردى. بۇ ھال شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە قۇرۇلۇشىغا تازا ماس كەلمىدى.

مىنگونىڭ 1 — 20 ـ يىلىغىچە (1912 — 1931 ـ يىلىغىچە) شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە خىراجىتى چىقىم ئەھۋالىنى جەدۋەل 6 — 12دىن كۆرۈڭ.

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئۆلكە بويىچە ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ كىرىمى ئۆزلىرىنى قامدايتتى. كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىلىرىنىڭ مۇسادىرە قىلغان پۇللىرىمۇ قوشۇلدى. مىنگونىڭ 26 — 28 ـ يىلىغىچە (1937 — 1939 ـ يىلىغىچە) يىغىلغان جەرىمانە سوممىسى، دەۋا ھەققى، ئەرز ھەققى، مۇسادىرە پۇلى قاتارلىقلار 135 مىڭ 780.95 يۈەن بولدى. پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىلىرى مۇسادىرە قىلغانلىرى مىنگونىڭ 27 ـ يىلىدىكى (1938 ـ يىلىدىكى) مەلۇماتقا

قارىغاندا 4 مىليون 687 مىڭ 950 يۈەن ئۆلكە پۇلىغا، ئالتۇن ـ كۈمۈش 79 مىڭ 321 سەرگە يەتكەن.

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دوبەن مەھكىمىسى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى، ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىلىرى ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە بېجىرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ چېكىملىك، قىمار دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر بىر قانچە چارىسىنى تەستىقلىدى. مەزكۇر بەلگىلىمىدە: «چېكىملىك، قىمار دېلولىرىنىڭ جەرىمانە پۇلىدىن %30ى قالدۇرۇپ قېلىنىپ قائىدە بويىچە چىقىم قىلىنغاندىن باشقا %70ى تولۇق سانى بويىچە يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئەدلىيىدىن كىرگەن كىرىم توغرىسىدا ئۇنى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش، يېڭىدىن تۈرمە قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىش، يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ خالىغانچە يۆتكەش ۋە چىقىم قىلىشقا يول قويماسلىق بەلگىلەنگەن. چېكىملىك، قىمار دېلولىرىدىكى جەرىمانە سوممىسى قانۇن ئىشلىرى كىرىمى سۈپىتىدە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن قوشۇپ بېرىلگەن. بۇ پۇللار كېيىنكى چاغلاردا، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ۋە تۈرمىلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا مۇئەييەن رول ئوينىغان. ئالايلۇق، ئۈرۈمچى سوت مەھكىمىسىنىڭ تۈرمىسىگە زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، 20 مىڭ يۈەن قوشۇپ بېرىلگەن ھەمدە يېڭىدىن قوشۇلغان ساقچىلار ۋە سولاقخانا خادىملىرىغا ئەتىيازلىق كىيىم خىراجىتى ئاجرىتىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇنۇلغان. شىنجاڭنىڭ مىنگونىڭ 26 — 31 ـ يىلىغىچە (1937 — 1942 ـ يىلىغىچە) ئەدلىيە كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالىنى جەدۋەل 6 — 13تىن كۆرۈڭ.

### شىنجاڭنىڭ مىنگونىڭ 1 — 20 ـ يىلىغىچە (1912 — 1931 ـ يىلىغىچە) بولغان ئەدلىيە خىراجىتى چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 6 — 12

بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | سوممىسى | چىقىم تۈرى | ئىزاھ |
|---|---|---|---|
| مىنگونىڭ 1 ـ يىلى (1912 ـ يىلى) | 353840 | | |
| مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) | 107404 | | |
| مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) | 121303 | | |
| مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915 ـ يىلى) | 40527.16 | | |
| مىنگونىڭ 5 ـ يىلى (1916 ـ يىلى) | 99560 | سوت خىراجىتى 32499<br>ئۈرۈمچى پائالىيەت سورۇنى خىراجىتى 8776<br>ناھىيىلەرنىڭ ياردەمچى سوت تۈرمە باشقۇرۇش خىراجىتى 58285 | |
| مىنگونىڭ 8 ـ يىلى (1919 ـ يىلى) | 90784 | | |
| مىنگونىڭ 12 ـ يىلى (1923 ـ يىلى) | 160043 | تەپتىش نازارىتى باشقارما خىراجىتى 34988<br>تۈرمە، قاماقخانا خىراجىتى 56973<br>ناھىيىلەرنىڭ ئەدلىيە خىراجىتى 68082 | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| مىنگونىڭ 14 - يىلى (1925 - يىلى) | 86728 | ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسى خىراجىتى 32499<br>ئۈرۈمچى، تۇرپان باردىمچى سوتچى خىراجىتى 5530<br>ئامبىللارنىڭ تۈرمە باشتۇرغۇچىلار خىراجىتى 48699<br>تەكشۈرۈش خىراجىتى 7200<br>ھەرخىل چىقىم 13352 | |
| مىنگونىڭ 16 - يىلى (1927 - يىلى) | 196136 | | |
| مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) | 322811 | | |
| مىنگونىڭ 18 - يىلى (1929 - يىلى) | 472249 | | |
| مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) | 353980 | | |
| مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) | 357470 | | |

**شىنجاڭنىڭ مىنگونىڭ 26 — 31 - يىللىغىچە (1937 — 1942 - يىللىغىچە) بولغان ئەدلىيە كىرىمى ئەھۋالى**

جەدۋەل: 6 — 13  بىرلىكى: يۈەن

| نامى / سوممىسى / يىللار | دەۋا ھەققى | ئەرز ھەققى | جەرىمانە | مۇسادىرە | باشقىلار | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1937 | | 256.80 | 11014.63 | | 735.93 | 12007.36 |
| 1938 | 6289.71 | 2386.81 | 9163 | 143.25 | 5516.50 | 23499.27 |
| 1939 | 27514.16 | 6566.79 | 61862.50 | 4108.85 | 4222.02 | 104274.32 |
| 1940 | 50061.13 | 18010.36 | 240172.90 | 4606.91 | 12620.53 | 325471.83 |
| 1941 | 103908.08 | 30491.27 | 255893.71 | 76220.66 | 13635.89 | 470149.61 |
| 1942 | 135158.20 | 41195.16 | 373832.46 | 25754.61 | 18520.24 | 594460.67 |
| جەمئىي | 322931.28 | 98907.19 | 951939.20 | 110834.28 | 55251.11 | 1529863.06 |

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە كىرىمى 139 مىڭ 225.98 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈم - كېسىم ھەققى %23نى، قايتۇرۇۋېلىنغان سومما ئەڭ ئاز بولۇپ %2نى، جەرىمانە سوممىسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، %59نى، مۇسادىرە قىلىنغىنى %13نى، ئەرز ھەققى %3نى ئىگىلىگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1954 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ئەستىق جاۋاب چۈشۈرۈپ، بىر قىسىم ئەدلىيە كىرىمى ئۈستىدە بەلگىلىمە چىقاردى: 1) سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن قايتۇرۇۋېلىنغان خىيانەت قىلىنغان ھۆكۈمەت پۇلى ياكى ئوغرىلانغان ئومۇمنىڭ مۈلكى ئومۇمەن ئەسلىدىكى ئورۇنلارغا قايتۇرۇلىدۇ، ئەدلىيە كىرىمى قاتارىدا ستاتىستىكا قىلىنمايدۇ؛ 2) ئەگەر ئەسلىدىكى ئورۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ياكى خىيانەت قىلىنغان، ئوغرىلانغان مال - مۈلۈكلەرنىڭ ھېسابى زىيانغا ئۆچۈرگەن مال - مۈلۈكلەر

قاتارىدا بولغاندا، ئۇ ئەدلىيە كىرىمى قاتارىدا دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ ھەمدە ستاتىستىكىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

**شىنجاڭنىڭ 1951 — 1955 - يىللىقچە بولغان ئەدلىيە كىرىمى**

جەدۋەل: 6 — 14　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　بىرلىكى: يۈەن

| يىللار / تۈرى / سومىسى | جەرىمانە | مۇسادىرە سومىسى ۋە مۇسادىرە بۇيۇملارنىڭ ئەمەلىي سومىسى | سېتىلمىغان مۇسادىرە بۇيۇملارنىڭ مۆلچەرىي قىممىتى | دەۋا ھەققى | باشقىلار | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1951 | 8503 | 9501 | 5759 | | 3185 | 26948 |
| 1952 | 8373 | 391329 | 346518 | | 48 | 746268 |
| 1953 | 6300 | 31750 | 4804 | 19 | 42873 | |
| 1954 | 80515 | 67891 | 41814 | 50 (گۈزاملىق بېرىش ھەققى) | 6924 | 197194 |
| 1955 | 86676 | 65505 | 4684 | 344 | 2043 | 159252 |

1955 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئەدلىيە كەسپىي خىراجىتىنى تەقسىم قىلىش لايىھىسى ۋە «زاسېداتېللارنىڭ قوشۇمچە ياردەم پۇلى»نى كۆپەيتىش قاتارلىقلار توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئىلگىرىكى بەلگىلىمىدىكى «زاسېداتېللارنىڭ ۋە مۇرەسسە ھەيئەتلىرىنىڭ تاماق پۇلى»نى «مۇرەسسە خادىملىرىنىڭ تاماق پۇلى»غا ئۆزگەرتىپ، «زاسېداتېللارنىڭ قوشۇمچە ياردەم پۇلى» تۈرىنى كۆپەيتتى (باشقىلىرى ئۆزگەرتىلمىدى) ھەمدە ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدىن مائاش كىرىمى يوق ياكى مۇقىم مائاش كىرىمى يوق زاسېداتېللارغا ۋەزىپە ئىجرا قىلغان مەزگىلدە قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش، بۇ پۇلنى كەسپىي خىراجەتتىن چىقىم قىلىشنى تەلەپ قىلدى شۇنداقلا كەسپىي خىراجەت چىقىمىنىڭ دائىرىسى قاتارلىقلار توغرىسىدا نىسبەتەن ئىنچىكە بەلگىلىمە چىقاردى.

1981 - يىلى مالىيە مىنىستىرلىكى هارام پۇل ۋە هارام مال توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىپ، ئەسلى ئورۇن نېمە قىلغانلىرى ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلىپ ئەسلى ئورۇنغا تەۋە قىلىنىپ ھېساب بوغۇلىدۇ؛ ئەسلى ئورۇن زىيانغا ئۇچرىغان مال - مۈلۈكلەر قاتارىدا دۆلەتكە ئاتچوت قىلغانلىرىدا قايتۇرۇۋېلىنغان هارام پۇل ۋە هارام مال پۇل ھېسابىدا دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. 1985 - يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى تارقاتقان مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «دۆلەتنىڭ جەرىمانە كىرىمى ۋە مۇسادىرە كىرىمىنى بىردەك دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشنى قايتا تەكىتلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ىدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «ئاز ساندىكى رايونلار ۋە ئورۇنلار دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدىغان جەرىمانە كىرىمى ۋە مۇسادىرە كىرىمىنى ئۆز ئالدىغا تۇتۇپ قېلىپ، پىلان سىرتىدا قالايمىقان قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئالىي دەرىجىلىك ئۇسكۇنىلەرنى ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىۋاتىدۇ؛ ئايرىم ئورۇنلار ھەتتا جەرىمانە كىرىمى ۋە مۇسادىرە كىرىمىگە كىرىدىغان ماددىي ئەشيالارنى قالايمىقان ئارىيەتكە بېرىۋاتىدۇ ياكى تۆۋەن باھادا بۆلۈشۈۋېلىۋاتىدۇ ۋە باشقىلار. جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، جەرىمانە كىرىمى ۋە مۇسادىرە كىرىمىنى بىردەك دۆلەت

خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشى لازىم»، «دېلو بېجىرىش ئۈچۈن خىراجەت قوشۇپ بېرىشكە توغرا كەلگەندە، دېلو باشقۇرغۇچى ئورۇن پۇل ئىشلىتىش پىلانىنى قەرەللىك ئوتتۇرىغا قويۇپ، مالىيە ئورگانلىرى تەكشۈرگەندىن كېيىن، خەزىنىگە كىرگۈزۈلىدىغان جەرىمانە كىرىمى ۋە مۇسادىرە كىرىمى 20% — 30%لىك نىسبەت بويىچە خەزىنىگە قايتۇرۇلۇپ، بىر تۇتاش ئىشلىتىلىپ نورمال خىراجەتنىڭ كېمى تولۇقلىنىدۇ»، «لېكىن دېلو بېجىرىش خىراجىتى مالىيە ئورگانلىرى تەرىپىدىن بىر تۇتاش تەكشۈرۈپ تارقىتىلىدۇ، جەرىمانە كىرىمى ۋە مۇسادىرە كىرىمىنى ئۆز ئالدىغا قالدۇرۇپ قېلىشقا يول قويۇلمايدۇ».

1983 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن سوت مەھكىمىسىنىڭ كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن 2 مىليون 900 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بۇ پۇلدىن 1 مىليون 963 مىڭ يۈەننى جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرىگە چۈشۈرۈپ بەردى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيەسى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن ئاجراتتى. بۇ 1983 - يىلدىكىدىن 200 مىڭ يۈەن ئاز. ئۇنىڭدىن ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش، رېمونت قىلىش ۋە ماي چىقىمى تۇتۇۋېلىنىپ، 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن چۈشۈرۈپ بېرىلدى. بۇ پۇل ھەربىر سوت مەھكىمىسىگە تەخمىنەن 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەكتىن توغرا كەلدى، بەزى ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرىگە بېرىلگىنى 10 مىڭ يۈەنگىمۇ يەتمىدى، خىراجەت چىقىمى كېمەيتىلگەچكە، سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ خىراجەت چىقىمى نىسبەتەن قىيىن مەزگىلدە تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئومۇمىي خىراجەت 2 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە كۆپەيتىلدى. يەنە سوتخانا قۇرۇلۇشى خىراجىتى ئۈچۈن 800 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، شىنجاڭ بويىچە ناھەق تۈرمىگە سولانغان 300 نەچچە كىشىگە بېرىلىدىغان 260 نەچچە مىڭ يۈەن تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىپ ئاجرىتىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىغا قاتناش قورالى سەپلەپ بېرىش ۋە سوت مەھكىمىسى فورمىسى تارقىتىش خىراجەت بىلەن تەمىنلەندى. 1985 - يىلى مالىيەدىن 3 مىليون 350 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن 1 مىليون 948 مىڭ يۈەن ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى، قالغان قىسمى ئاپتوموبىل قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلدى.

دەۋا ھەققىنىڭ كىرىم ۋە چىقىم ئەھۋالى. 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى مەخسۇس دەۋا ھەققى ئېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى ھەمدە ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىغا يوللىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنۇلار: سوت قىلىنىدىغان ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىدىن دەۋا ھەققى ئېلىنىدۇ، دەۋا ھەققى باھالاش ھەققى، تەكشۈرۈش ھەققى، دەۋا ماتېرىيالىنىڭ قوشۇمچىسىنى تەييارلاش ھەققى، گۇۋاھچىلارنىڭ ئىشتىن قالغان ۋاقتى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ياردەم پۇلى ۋە كاماندىروۋكا خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەق ئېلىش ئۆلچىمى مۇنداق: تالاش - تارتىش نىشانى 3000 يۈەنگە توشمايدىغانلىرىدىن 30 يۈەن ئېلىنىدۇ؛ 3000 يۈەندىن يۇقىرى 30 مىڭ يۈەنگە توشمايدىغانلىرىدىن 1% بويىچە ئېلىنىدۇ؛ 30 مىڭ يۈەندىن يۇقىرىلىرىدىن 1.5% بويىچە ئېلىنىدۇ. چەت ئەلگە چېتىشلىق ئىقتىسادىي دېلولاردا تالاش - تارتىش نىشانى 10 مىڭ يۈەنگە توشمايدىغانلىرىدىن 100 يۈەن، 10 مىڭ يۈەندىن ئاشقان 100 مىڭ يۈەنگە توشمايدىغانلىرىدىن 2% بويىچە ئېلىنىدۇ؛ 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرىلىرىدىن 3% بويىچە ئېلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى ئېلىنغان ھەقلەرنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇش، قالدۇرۇپ قېلىش ۋە ئىشلىتىش ئىشلىرى تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىلىدۇ: 1) ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئۇنىڭ 20%نى مالىيىگە

تاپشۇرىدۇ، ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىگە 5% ئاجرىتىپ بېرىدۇ، ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسى، ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرى ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەردىكى سوت مەھكىمىلىرى يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە 5% ئاجرىتىپ بېرىدۇ. تارباغاتاي ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى بىلەن ئالتاي ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسىگە 5% ئاجرىتىپ بېرىدۇ. 2) قالدۇرۇپ قېلىنغان ۋە ئاجرىتىپ بېرىلگەن دېلو ھەققى كەسپىي قۇرۇلۇشقا ۋە دېلو بېجىرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

1984 - يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى «ھەق تەلەپ دەۋا ھەققى چارىسى (سىناق نۇسخىسى)» ھەققىدە مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىلىرىگە ھۆججەت چۈشۈرۈپ، دېلو قوبۇل قىلىش ھەققى توغرىسىدا يېڭى بەلگىلىمە چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تارقاتقان «دەۋا ھەققى ئېلىش ۋاقىتلىق چارىسى» بىكار قىلىندى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي دەۋا ھەققىنى چىقىم قىلىش، ئىشلىتىش چارىسى، ئۆلچىمى ۋە دائىرىسى توغرىسىدا بىرقەدەر تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقاردى.

## 3 § . ئەدلىيە قورال - جابدۇقى ۋە كىيىم - كېچەك

مىنگو دەۋرىدە ئەدلىيە مالىيىسى قورال - جابدۇقلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى باشقۇراتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، 50 - يىللاردا ئەدلىيە مىنىستىرلىكى باشقۇرىدىغان بولدى؛ 60 - يىللاردا سوت مەھكىمىسى بىر مەزگىل ئۆزى باشقۇردى. 1979 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئەدلىيە مەمۇرىي تارماقلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەدلىيە قورال - جابدۇقلىرى ئەدلىيە تارماقلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بولدى، شىنجاڭدا ئەدلىيە نازارىتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى. 1982 - يىلى بۇ خىزمەت سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

### 1. ئىشخانا ۋە ياتاق قۇرۇلۇشى

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە بىر خىزمەت بىناسى سېلىنىدى ھەمدە تۇرمە ئۆزگەرتىپ سېلىنىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئىككى جايدىن يەر كۆرسىتىپ بېرىلدى، ئاھالىلەر ئۆيىدىن بىرى سېتىۋېلىنىدى. بۇ زېمىن ئىگىلىرىنى كۆچۈرۈش ۋە ئورنىغا ئۆي سېلىش ئىشى شۇ يىلىلا تاماملاندى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدا سوت مەھكىمىسىنىڭ 16 ئېغىزلىق ئىشخانىسى، 40 ئېغىزلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 50 ئېغىزلىق تۇرمە ئۆيى، 200 ئېغىزلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۆيى بار ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى يېڭىدىن ئىشخانا بىناسى ۋە سوتخانا بىناسى سالدى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتاق بىناسىدىن 6نى، ماشىنا ئۆيىدىن 10 ئېغىز سالدى ۋە باشقا ئاساسىي قۇرۇلۇش مۇئەسسەسىلىرىنى ياسىدى. جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تولىسى خىزمەت بىناسى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى سالدى، بۇنىڭ بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى خېلى ياخشىلاندى.

## 2. سوتخانا قۇرۇلۇشى

شىنجاڭ ئازاد بولغان مەزگىلدە، كۆپ قىسىم سوت مەھكىمىلىرىدە سوت قىلىش سورۇنى يوق ئىدى. 1984 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 39 سوتخانا سېلىندى. 1984 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سوت مەھكىمىسى سوت خىزمىتىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە شىنجاڭ بويىچە مالىيە قورال - جابدۇق خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ شىنجاڭدىكى سوت سىستېمىسىنىڭ ماددىي ئەشيا تەقسىماتى ۋە سوتخانا قۇرۇشقا ئوخشاش مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى. سوتخانا قۇرۇلۇشى جەھەتتە 6 سوتخانا قۇرۇش پىلانى، پىلان سىرتىدىكى قۇرۇلۇش تۈرىدىن 20سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارغا 1 مىليون يۈەن ئاجرىتىلدى، ھەربىر تۈر ئۈچۈن 50 مىڭ يۈەن بېرىلىپ ھۆددە ئېلىپ ئىشلىتىلدى.

1984 - يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن دۆلەت پىلان كومىتېتى «ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوتخانا قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ سوتخانا قۇرۇلۇشى مەسىلىسى ئۈستىدە كېڭەيتىپ قۇرۇش پىلانى ۋە تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، سوتخانا قۇرۇلۇشى ئۈستىدە مۇنۇ چارىلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1) 1986 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 25 — 30غىچە سوتخانا سېلىش، 3 - 4 يىل ئىچىدە يەنى 1989 - يىلغا بارغاندا تامامەن سېلىپ بولۇش، مەبلەغنى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەر ئۆزلىرى ھەل قىلىش، ئاپتونوم رايون بىر قىسمىنى تولۇقلاپ بېرىش، كۆرسەتكۈچ ۋە 3 تۈرلۈك ماتېرىيال پىلانى قاتارلىقلارنى جايلار بىر تۇتاش ھەل قىلىش. 2) 1983 — 1984 - يىللىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان سوتخانا قۇرۇلۇشى مەبلىغىنى باشقا تۈرلەرگە ئىشلىتىۋەتمەسلىك، قۇرۇلۇشنى بالدۇرراق پۈتتۈرۈشكە تىرىشىش. 3) ئومۇمەن ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوتخانىسىنىڭ كۆلىمى 600 — 800 كۋادرات مېتىرگىچە بولۇش، سېلىنىدىغان مەبلەغ 150 مىڭ يۈەن ئىچىدە بولۇش، ناھىيىلىك، شەھەرلىك (رايونلۇق) سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوتخانىسىنىڭ كۆلىمى 300 — 500 كۋادرات مېتىرغىچە بولۇش، سېلىنىدىغان مەبلەغ 80 مىڭ يۈەن ئىچىدە بولۇش. 4) ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوتخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش چېرتيوژىنى سىزدۇرۇش، لايىھىلىتىش ۋە تارقىتىپ بېرىش ئىشلىرىغا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىر تۇتاش مەسئۇل بولىدۇ. 1985 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى 1986 — 1989 - يىللىق سوتخانا ئاساسىي قۇرۇلۇش.پىلانىنى چۈشۈردى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى سوتخانىنىڭ سوت سۇپىسى، ئەيىبلەش سۇپىسى، ئاقلاش سۇپىسى قاتارلىق ئورۇنلار توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى. سوتخانا قۇرۇلۇشىنىڭ مالىيە مەنبەسىدە، ئاپتونوم رايون ياردەم پۇلى بېرىدىغان، ئاپتونوم رايوننىڭ پىلان يىغىنىدا بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن مۇزاكىرىلەشكەندىن كېيىن، مالىيە نازارىتى جايلاردىكى قۇرۇلۇش بانكىلىرىغا مەبلەغ چۈشۈرىدىغان بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى سوتخانا قۇرۇلۇشىنى 7 - بەش يىللىق پىلانغا كىرگۈزۈپ، 1986 - يىلدىن باشلاپ 8 مىليون يۈەن ئاجراتتى.

## 3. ئاپتوموبىل ۋە باشقا قورال - جابدۇقلار

50 - يىللاردا شىنجاڭ ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسىدە بىر پىكاپ، بىر قارا ماشىنا بولغاندىن تاشقىرى، باشقا سوت مەھكىمىلىرىدە ئات، ئېشەك ۋە ۋېلسىپىت قاتارلىقلار سەپلەنگەنىدى. شەرت - شارائىتى ياخشىراق بولغان ئايرىم ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىدىمۇ خادىك بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا مەھبۇسلارنى توشۇش، تۆۋەنگە چۈشۈپ دېلو تەكشۈرۈش ئىشلىرى بەك قىيىنغا چۈشەتتى. 1979 - يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قاتناش قورالى سەپلەش مەسىلىسى پەيدىنپەي ھەل قىلىنىشقا باشلىدى. 1984 - يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى 20 خىزمەت ماشىنىسى، 2 مەھبۇس ماشىنىسىنى مەخسۇس چۈشۈرۈپ بەردى. مەھبۇس ماشىنىسى ھەقسىز بېرىلدى. ھەربىر سوت مەھكىمىسىدە بىردىن مەھبۇس ماشىنىسى بولۇش، خىزمەت ماشىنىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى كەسپىي خىراجەت ۋە زاپاس خىراجەتتىن چىقىم قىلىپ بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ تۆۋەنگە تارقىتىش؛ ھەربىر ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرىدە بىردىن ئىككىگىچە ئاپتوموبىل بولۇش، ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىدە 2دىن 4كىچە ئاپتوموبىل بولۇش، تورمۇش ماشىنىلىرىنى يەرلىك ھۆكۈمەت ھەل قىلىش تەلەپ قىلىندى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە 5 پىكاپ، 10 كەسپىي خىزمەت ماشىنىسى، 2 قارا ماشىنا سەپلەندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئاپتوموبىل ياكى موتسىكلىت سەپلىنىپ، ئىلگىرىكى ئېشەك، ئات ھارۋىسى، ۋېلسىپىت بىلەن مەھبۇس توشۇيدىغان ھادىسىلەرگە ئاساسىي جەھەتتىن خاتىمە بېرىلدى. باشقا قورال - جابدۇقلار جەھەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە شاپىرىگراف، ماشىنكا، تېلېفون، ئارخىپ ئىشكاپى، رادىئو قوبۇللىغۇچ ۋە ئاۋاز كۈچەيتكۈچ، دېلو قوبۇل قىلىش ساندۇقى، ئۈنئالغۇ، تەكشۈرۈش ئاپپاراتى، قانۇن دوختۇرلۇق ئۈسكۈنىسى، فوتو ئاپپارات، نۇسخا ئالغۇ قاتارلىقلار سەپلەندى. 1984 - يىلى كۈزدە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە 250 مىڭ يۈەنلىك بىر يۈرۈش سىنئالغۇ ئۈسكۈنىسى بەردى. بۇ شىنجاڭنىڭ سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىكى تۇنجى بىر يۈرۈش سىنئالغۇ ئۈسكۈنىسىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە بىر تۈركۈم قورال - ياراغ، ئوق - دورا، كويزا قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى تارقىتىپ بەردى.

## 4. بىر تۇتاش كىيىم تارقىتىش

1953 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، مالىيە نازارىتى، كادىرلار نازارىتى ئەدلىيە ساقچىلىرىنىڭ مائاش ئۆلچىمى ۋە كىيىم ياردەم پۇلى چارىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئەدلىيە ساقچىلىرىنىڭ كىيىم ياردەم پۇلى چارىسى خەلق ساقچىلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ھەر يىلى 3 - ئايدا بىر قېتىم يالاڭ كىيىم ياردەم پۇلى تارقىتىلىدۇ، 9 - ئايدا بىر قېتىم پاختىلىق كىيىم ياردەم پۇلى تارقىتىلىدۇ دەپ بەلگىلىدى.

1984 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى گوۋۇيۈەن 1984 - يىلدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى كادىرلىرىغا بىر تۇتاش كىيىم تارقىتىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كىيىم

تارقىتىپ بېرىش تەلىپىگە ئاساسەن، 1984 - يىلى يازدىن باشلاپ بىر تۇتاش فورما تارقاتتى. سوت مەھكىمىسىنىڭ كىيىمى يازلىق، ئەتىيازلىق - كۈزلۈك ۋە قىشلىق كىيىم دەپ ئۈچ خىل بولدى. ئەرەنچە يازلىق كىيىم كىچىك ئۆرۈمە ياقىلىق، سۇس كۆلرەڭ بولۇپ، دىچۇلىياڭ رەختتە تىكىلدى؛ ئەتىيازلىق - كۈزلۈك كىيىم قارا كۆك رەڭلىك جوڭسەن فورمىسى بولۇپ، ئوتتۇرا تالالىق خۇادانى رەختتىن تىكىلدى؛ قىشلىق كىيىم قاراكۆك رەڭلىك جوڭسەن فورمىلىق كىيىم بولۇپ، دىكا رەختتىن تىكىلدى؛ ئايالچە يازلىق كىيىم كۆلرەڭ، كاستيۇم يوپكىدىن ئىبارەت؛ ئەتىيازلىق - كۈزلۈك كىيىم قاراكۆك رەڭلىك كاستيۇم يوپكىدىن ئىبارەت؛ قىشلىق كىيىم قاراكۆك رەڭلىك ھەربىي كادىرلار فورمىسىدىن ئىبارەت. ئەرەنچە ۋە ئايالچە قىشلىق پەلتو قاراكۆك، ھەربىيچە پەلتودىن ئىبارەت. سوت خادىملىرىغا ئەتىياز، كۈز ۋە يازدا قاسقان شەپكە، قىشتا قۇلاقچا تارقىتىلدى. كاكارى ئاليۇمىنىدىن ياسالغان بولۇپ، ئالتۇن رەڭلىك ھەل بېرىلگەن دۆلەت گېربى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا دۆلەتكە ۋاكالەتەن سوت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئىپادىلەنگەن. قاسقان شەپكىنىڭ ئالدى تەرىپىگە سېرىق رەڭلىك مېتال تاسما بېكىتىلگەن بولۇپ، دېلو بېجىرگەندە «پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش» ئىپادىلەنگەن. پاگون تىك تۆت بۇلۇڭلۇق شەكىلدە بولۇپ، تېگى قىزىل، چۆرىسى سېرىق، ئوتتۇرىسىغا دۈگىلەك، تېگى قىزىل ئوتتۇرىسىغا چىشلىق چاق، بۇغداي باشقى، نەقىشلىك تۇۋرۇك ۋە تارازا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. چىشلىق چاق بىلەن بۇغداي باشقى خەلقنى، نەقىشلىك تۇۋرۇك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى، تارازا دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ قانۇن ئالدىدا باب - باراۋەر ئىكەنلىكىنى، سوت خادىملىرىنىڭ دېلونى قانۇن بويىچە بېجىرىدىغانلىقىنى، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. سوت خادىملىرىنىڭ كىيىمىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى سوت مەھكىمىسى خىزمىتىنى يەنىمۇ مۇنتىزىم ئىزغا سالدى.

# III باب

# تۈرمە مەمۇرىيىتى

## § 1 . تۈرمە ۋە سولاقخانىلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

شىنجاڭدا مەھبۇسلارنى قامايدىغان ئاپپارات 2 تۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى تۈرمە (ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر قامىلىدۇ)، يەنە بىرى سولاقخانا (ھۆكۈم قىلىنمىغان جىنايەتچىلەر قامىلىدۇ) دىن ئىبارەت. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934- يىلى) غىچە ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەت مەمۇرىيەت ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان تۈزۈمنى يولغا قويغانىدى. شىنجاڭدىكى مەھبۇسلارنى قامايدىغان تۈرمىلەرنىڭ تولىسى ناھىيىلىك يامۇلنىڭ قارىمىقىدا ئىدى. تۈرمىلەر ۋە سولاقخانىلارنىڭ كۆپ قىسمى يەر ئاستىدا ئىدى. جازا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى شۇ جايدىكى تۈرمە ياكى سولاقخانىلارغا قاماالتتى.

چولاق دېلولارغا چېتىلغان، جازا مۇددىتى ئۇزۇن، ئۆز جايىدا قاماش مۇۋاپىق بولمىغان جىنايەتچى-
لەر باشقا جايلارغا قاماللاتتى. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) دىن كېيىن، جىنايەتچىلەرنى
مەركەزلىك قامايدىغان بىر قىسىم تۈرمە ۋە سولاقخانىلار قۇرۇلدى. بەزى ناھىيە ۋە رايونلار
سولاقخانىدا تۈرمە تەسىس قىلدى. ئەينى چاغدا تۈرمە ۋە سولاقخانىلارنىڭ جىنايەتچىلەرنى باشقۇ-
رۇش خىزمىتىنى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۆلكىلىك يۇقىرى
سوت مەھكىمىسىدە تۈرمە باشقۇرۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، مۇشۇ خىزمەتنى باشقۇردى.
مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) نىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭدا 8 تۈرمە، 6 شۆبە تۈرمە بار
بولدى. شىنجاڭدا بىرىنچى بولۇپ قۇرۇلغان تۈرمە ئۈرۈمچى تۈرمىسى بولۇپ، مىنگونىڭ 23-
يىلى (1934 - يىلى) ئەتىيازدا سېلىنغان؛ ئىككىنچىسى ئىلى تۈرمىسى بولۇپ، مىنگونىڭ
24 - يىلى (1935 - يىلى) سېلىنغان؛ ئۈچىنچىسى قەشقەر تۈرمىسى بولۇپ مىنگونىڭ 26-
يىلى (1937 - يىلى) سېلىنغان؛ تۆتىنچىسى خوتەن تۈرمىسى بولۇپ، مىنگونىڭ 27 - يىلى
(1938 - يىلى) سېلىنغان؛ كېيىن يەنە ئۈرۈمچى، قەشقەردە پەۋقۇلئاددە تۈرمە سېلىنغان.
بەشىنچىسى يەكەن تۈرمىسى؛ ئالتىنچىسى كۇچا تۈرمىسى؛ يەتتىنچىسى تارباغاتاي تۈرمىسى؛
سەككىزىنچىسى ئاقسۇ تۈرمىسى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان 5 - تۈرمىدىن 8 - تۈرمىگىچە بولغان
4 تۈرمە 1938 - يىلىدىن كېيىن سېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇرپان، سانجى تۈرمىسى
(ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قارايدۇ)، شىخو تۈرمىسى (تارباغاتاي تۈرمىسىگە قارايدۇ)، كېرىيە،
گۇما تۈرمىسى (خوتەن تۈرمىسىگە قارايدۇ)، يېڭىسار تۈرمىسى (قەشقەر تۈرمىسىگە قارايدۇ)
دىن ئىبارەت 6 شۆبە تۈرمە قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) ئەتىيازدا تۇرپان
شۆبە تۈرمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شىخو شۆبە تۈرمىسى شىخو تۈرمىسى (يەنى 9 - تۈرمە)
گە ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى كۈزدە تارباغاتايدا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا
قارشى ۋەقەلەر كەينى - كەينىدىن يۈز بەرگەنلىكى سەۋەبلىك، شىخو تۈرمىسى ئىشتىن توختىتىل-
دى ھەمدە سانجى، خوتەن، گۇما، يېڭىساردىن ئىبارەت 4 جايدىكى شۆبە تۈرمە ئەمەلدىن
قالدۇرۇلدى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) ئەمەلىيەتتە پەقەت ئۈرۈمچى، ئىلى،
تارباغاتاي، خوتەن، ئاقسۇ، يەكەن، كۇچا، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا 8 تۈرمە، چىرا ناھىيىسىدە
بىر شۆبە تۈرمە (1948 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى) بار ئىدى. مىنگونىڭ 38-
يىلى (1949 - يىلى) كۇچا تۈرمىسىگە قامالغانلار ئاز بولغاچقا جىنايەتچىلەر سولاقخانىغا قوشۇۋې-
تىلىپ كۇچا تۈرمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئىلى
بىلەن تارباغاتايدىكى تۈرمە، 2 سولاقخانا ۋە ئالتاي يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ قاماقخانىسى
گومىنداڭ دەۋرىدىكى تۈرمە ۋە سولاقخانىلار قاتارىدا ستاتىستىكا قىلىنمىدى، شۇڭا شىنجاڭ تىنچ
يول بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى باشقۇرۇشىدىكى تۈرمە 5 دەپ سانالدى
(ئىلى، تارباغاتايلاردىكى تۈرمىلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى باشقۇرۇشىدا بولدى).

ھەربىر تۈرمىدە تۈرمە باشلىقى، تۈرمە ئىشلىرى ھەيئىتى تەسىس قىلىندى. تۈرمە قارمىقى-
دا يەنە مۇنۇلار تەسىس قىلىندى: 1) مەشغۇلات بۆلۈمى تۈرمىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلىپ
بېرىلىدىغان مەشغۇلات، ئەمگەك، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى؛ 2)
مۇھاپىزەت بۆلۈمى مۇھاپىزەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى؛ 3) خوجىلىق بۆلۈمى بوغالتىرلىق،
كادىرلار ئىشلىرى، ستاتىستىكا ئىشلىرى، كەسپىي ئىشلار، خەت - ئالاقە، سەھىيە خىزمەتلىرى-
گە مەسئۇل بولدى ھەمدە مۇدىر سولاقخانا باشلىقى، سولاقخانا باشلىقى، كاندىدات سولاقخانا
باشلىقى، تەربىيىچى، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، دورىگەر، ھەربىي مەشىق خادىمى، مۇدىر سولاقچى،

بوغالتىر قوشۇمچە ستاتىستىكىچى، كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى قاتارلىقلار قويۇلدى.

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تۈرمىلەرنىڭ باشلىقى بولغانلار: ئۈرۈمچى 1 ـ تۈرمىسىدە: مىڭ خۇاڭ تىڭجېن (1938 ـ يىلى)، لى بىڭچېن، جاڭ زۇدې (1941 ـ يىلى)، ۋاڭ شىيۈەن؛ ئىلى 2 ـ تۈرمىسىنىڭ ليۇ شىن (1938 ـ يىلى)، چۈڭ رۈي (1938 — 1940 ـ يىلغىچە)، جاۋ لېشەن (1941 ـ يىل 1 ـ ئاي)، جياڭ يۈنشياڭ (1941 ـ يىلى)، نا مويىڭ (1944 ـ يىلى)؛ قەشقەر 3 ـ تۈرمىسىنىڭ چېن جۈڭكۈي (1944 ـ يىلى)، فەن بىڭ؛ خوتەن 4 ـ تۈرمىسىنىڭ خاۋ جۈنفېڭ؛ يەكەن 5 ـ تۈرمىسىنىڭ جاۋ لېشەن، نا يەنبو (1944 ـ يىلى)، كۇچا 6 ـ تۈرمىسىنىڭ جاڭ زۇڭدې (1944 ـ يىلى)؛ لى فۇخەي (1944 ـ يىلى)؛ تارباغاتاي 7 ـ تۈرمىسىنىڭ دۇ شېڭكۈي (1944 ـ يىلى)؛ ئاقسۇ 8 ـ تۈرمىسىنىڭ جياڭ يۈنشياڭ (1943 ـ يىلى)، نا يەنبو (1944 ـ يىلى).

مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) ناھىيىلەردە 54 سولاقخانا تەسىس قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە سوت مەھكىمىسى باشقۇرىدىغىنى 21، مەمۇرىيەت قوشۇمچە ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سولاقخانىسى 33)، ئۇلار تۇرپان، پىچان، توقسۇن، گۇچۇڭ، مورى، مىچۈەن، قۇتۇبى، ماناس، ئاقسۇ، كۇچا، باي، شايار، توقسۇ، ئۈچتۇرپان، ئاۋات، كەلپىن، قۇمۇل، باركۆل، چىرا، گۇما، كېرىيە، نىيە، پەيزاۋات، مارالبېشى، يېڭىسار، ئۇلۇغچات، ئاتۇش، يوپۇرغا، مەكىت، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، خېجىڭ، چاقىلىق، قاراشەھەر، كورلا، بۈگۈر، چەرچەن، خوشۇت، لوپنۇر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى جىنايەتچىلەرنى قاماش ۋە باشقۇرۇش ئىدى.

بۇ تۈرمە ۋە سولاقخانىلار 1946 ـ، 1947 ـ يىللىرى قامىغان ۋە سولىغان جىنايەتچىلەر ئىچىدە ھۆكۈم ئېلان قىلىنمىغىنى 1745، ھۆكۈم ئېلان قىلىنغىنى 1193. ھەر قايسى مەزگىللەردە تۈرمە ۋە سولاقخانىلارغا قامالغان جىنايەتچىلەرنىڭ سانى ئوخشاش بولمىدى، سولانغان جىنايەتچى ئەڭ كۆپ بولغىنى ئۈرۈمچى تۈرمىسى بولۇپ، 890 جىنايەتچى قامالغان، ئەڭ ئاز بولغاندا 4 ـ 5 جىنايەتچى قامالغان.

ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، كۇچا، يەكەن، قەشقەر، قۇمۇل، قاراشەھەر، گۇچۇڭ، تۇرپان، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى تۈرمە ۋە سولاقخانىلارغا 31دىن خىزمەتچى سەپلەنگەن. ئازادلىق ھارپىسى مەزگىلىدە، تۈرمىلەرنىڭ خادىمى ئەڭ كۆپ بولغاندا 63كە يەتكەن.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۈرمىلەرنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايلارنىڭ تۈرمە، سولاقخانىلىرىمۇ خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئەينى چاغدا ئۆلكە بويىچە ئۈرۈمچى، خوتەن، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردا 7 تۈرمە بار ئىدى. ئۈرۈمچى، قۇتۇبى، ماناس، تۇرپان، پىچان، گۇچۇڭ، قۇمۇل، كۇچا، كورلا، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، قاغىلىق، باي، يەكەن، خوتەن، كېرىيە، مارالبېشى قاتارلىق 18 جايدا سولاقخانا تەسىس قىلىندى؛ توقسۇن، فۇكاڭ، پەيزاۋات، مورى، باركۆل، لوپنۇر، چەرچەن، بۈگۈر، ئاۋات، كەلپىن، ئاقچى، تاشقورغان، مەكىت، نىيە، گۇما، يېڭىسار، شايار، ئۈچتۇرپان، چاقىلىق، چىرىدىن ئىبارەت 20 ناھىيىدىكى سولاقخانىدا قوشۇمچە تۈرمە تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرى، تۈرمىلەر، سولاقخانىلار تەرتىپكە سېلىنىپ، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرىدە تۈرمە، سولاقخانىلارنى تەسىس قىلىش ھەمدە تۈرمە تەسىس قىلىنمىغان ۋىلايەتلەر تۇرۇشلۇق ناھىيىلەردە سولاقخانا قارىمىقىدا تۈرمە تەسىس قىلىش، شۇ ئارقىلىق

جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىشكە قولايلىق يارىتىش تەلەپ قىلىندى. 1950 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆلكە بويىچە 7 تۈرمە، 62 سولاقخانا بار بولدى.

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى)دىكى ئۈرۈمچى تۈرمىسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى

جەدۋەل: 6 — 15

- تۈرمە باشلىقى —— تۈرمە ئىشلىرى ھەيئىتى
  - مەشغۇلات بۆلۈمى (بىرىنچى بۆلۈم)
    - مەشغۇلات بۆلۈمچىسى
      - ئىچكى ئىش
      - تاشقى ئىش
    - تەربىيىلەش بۆلۈمچىسى
  - قوغداش بۆلۈمى (ئىككىنچى بۆلۈم)
    - قوغداش بۆلۈمچىسى
    - سولاقخانا بۆلۈمچىسى
  - خوجىلىق بۆلۈمى (ئۈچىنچى بۆلۈم)
    - بوغالتىرلىق بۆلۈمچىسى
    - كادىرلار ئىشلىرى بۆلۈمچىسى
    - سانائىتكا بۆلۈمچىسى
    - زابخوز بۆلۈمچىسى
    - ھۆججەت بۆلۈمچىسى
    - سەھىيە بۆلۈمچىسى

شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى تۈرمە خادىملىرىنىڭ 1949 ـ يىلىدىكى ئەھۋالى

جەدۋەل: 6 — 16

| رايون / ئەمەلىي بار خادىم / ۋەزىپىسى | ئۈرۈمچى تۈرمىسى | قەشقەر تۈرمىسى | خوتەن تۈرمىسى | كۇچا تۈرمىسى | ئاقسۇ تۈرمىسى | يەكەن تۈرمىسى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۈرمە باشلىقى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 6 |
| بۆلۈم باشلىقى | 3 | 3 | 3 | 2 | 2 | 2 | 15 |
| ئاياللار تۈرمىسى مۇدىرى | 1 | 1 | 1 | 0 | 0 | 0 | 3 |
| بۆلۈم خادىمى | 5 | 5 | 5 | 2 | 2 | 2 | 21 |
| كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خادىمى | 1 | 1 | 1 | 0 | 0 | 0 | 3 |
| بوغالتىر قوشۇمچە ستاتىستىكىچى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 6 |
| مەشغۇلات يېتەكچىسى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 6 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دورىگەر | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 6 |
| تەلىم بەرگۈچى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 6 |
| پالانىا خادىم | 3 | 3 | 3 | 2 | 2 | 2 | 15 |
| سولاقخانا باشلىقى | 4 | 4 | 4 | 2 | 2 | 2 | 18 |
| كۆزەتچى | 40 | 30 | 30 | 20 | 20 | 20 | 160 |
| ئىشچى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 6 |
| جەمئىي | 63 | 53 | 53 | 34 | 34 | 34 | 271 |

# § 2 . تۈرمە باشقۇرۇش

## 1. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى تۈرمە باشقۇرۇش ئەھۋالى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا تۈرمىلەر پانى ئالەمدىكى دوزاخ ئىدى. تۈرمىگە تاشلىنىدىغان مەھبۇسلار كۆپ پۇل تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. تۇغقان يوقلىغۇچىلاردىنمۇ كۆپ ھەق ئېلىناتتى. تۈرمىدىن چىقىشمۇ ئاز پۇلغا توختىمايتتى. يېڭى مەھبۇسلار كونا مەھبۇسلارغا بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى ھەمدە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى، بولمىسا كونا مەھبۇسلار ئۇلارنى ھاقارەتلەيتتى، ئۇراتتى، ھەتتا قىينايتتى. تۈرمىگە تاشلانغان مەھبۇسلار پاجىئەلىك كۈن كەچۈرەتتى، ئۇلار تۇرىدىغان يەر زەي، پاسكىنا ئىدى، ھاۋا ئۆتۈشمەيتتى، ھەممىلا جايىنى باكتېرىيە قاپلىغان بولۇپ، يۇقۇملۇق كېسەل تاراپ قالىدىغان بولسا، بىرمۇ ئادەم ساق قالمايتتى. كېچىلىرى كويزا كىشەنلەر ئىشقا سېلىناتتى. تاماقنى ۋاقتىدا بەرمەيدىغان، داۋالاتمايدىغان ئىشلار ئادەتتىكى ئىشلار ئىدى. سولاقخانىلاردا تۈرلۈك - تۈمەن خورلاشلار كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

## 2. مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ تۈرمىلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

### 1) مىنگو دەۋرىدىكى تۈرمىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

مىنگونىڭ دەسلىپىدە تۈرمە قائىدىسى ئېلان قىلىندى. شىنجاڭدا تۈرمە باشقۇرىدىغان مەخسۇس خادىم قويۇلدى. خىراجەت يېتىشمىگەچكە ئەسلىدە پىلانلانغان تۈرمە ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئەمەلگە ئاشمىدى. مەھبۇسلارنىڭ نورما ئاشلىقى تۈرمە باشقۇرغۇچىلار تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈپ تۇردى؛ تۇتۇپ تۇرۇلغان جىنايەتچىلەرگە يېمەكلىك ئاپىرىپ بېرىدىغانلار يوق ئىدى، بەزىلىرىگە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يېمەكلىك بەردى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھەر كۈنى جىنايەتچىلەرنى يامۇلنىڭ سىرتىغا باغلاپ قويدى، ئۇلار تىلەمچىلىك بىلەن قورساق تويغۇزدى.

مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) دىن كېيىن، شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، تۈرمە خىزمىتىنى ياخشىلاپ، كونا تۈرمىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى تۈرمىلەرنى قۇردى. ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، تارباغاتاي، كۇچا، ئاقسۇ، خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردا 8 تۈرمە يېڭىدىن تەسىس قىلىندى. يېقىن ئەتراپتىكى 4 — 7 ناھىيىدىكى كونا تۈرمىلەردىكى مەھبۇسلار يېڭى تۈرمىلەرگە يىغىلدى. يېڭى تۈرمىلەرگە يىراقلىرى يېڭى

تۈرمىلەرگە قارىدى، قارىمىقىدا شۆبە تۈرمە تەسىس قىلىندى ياكى ئەسلىدىكى كونا تۈرمە ساقلاپ قېلىندى. مەھبۇسلارنى مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدا، كۆن - خۇرۇم، ئاياغ كىيىمى ئىشلەپچىقىرىش، يۇڭ توقۇمىچىلىقى، پاختا توقۇمىچىلىقى، تىككۈچىلىك، تامچىلىق، دېھقانچىلىق، قەغەزچىلىك، ئويمىچىلىق، تاماكىچىلىق، كانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى. مەسىلەن: ئىلى تۈرمىسى مەھبۇسلارنى كۆمۈركان ئېچىش ۋە ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساش ئىشلىرىغا ئۇيۇشتۇرۇپ خېلى بازار تاپتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار مەھبۇسلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى تەربىيىگە ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر قايسى تۈرمىلەردە تەربىيىچى، ساۋات چىقارغۇچى خادىملارنى قويۇپ، مەھبۇسلارنى گېزىت - ژۇرنال ئوقۇشقا، سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاشقا ئۇيۇشتۇردى. مەھبۇسلارنىڭ ئاشلىقى ۋە كۆكتاتلىرى ئۆلكىدىن تەمىنلەندى. سولاقخانىلاردىكى ھۆكۈم ئېلان قىلىنمىغان مەھبۇسلاردىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تاماق يەتكۈزۈپ بېرىشنى خالىمىغان ياكى ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تەييارلىيالمايدىغانلارغا سولاقخانا تاماق بەردى، ئۆز ئوزۇقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلار ياكى ھەق تەلەپ مەھبۇسلىرىغا ئاشلىق بېرىلمىدى. بەزى تۈرمىلەردە مەخسۇس دوختۇر سەپلەندى.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن كېيىنكى چاغلاردا گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، تېررورلۇق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، تەرەققىيپەرۋەر ۋە بىگۇناھ ئاممىنى ھەدەپ قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلاپ، ئېغىر جازالىدى ھەمدە تۈرمىگە ئالاھىدە خادىملارنى ئەۋەتىپ، مەھبۇسلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلدى. تۈرمىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ھەددى ھېسابسىز ئىدى. ئادەم ئۆلتۈرۈشتە بوغۇپ ئۆلتۈرۈش، زەھەرلىك دورىلارنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش، كۆزىنى ئويۇش، قولىنى كېسىپ تاشلاش، ئۆلتۈرۈپ جەسىتىنى پارچىلاش، ئادەمنى نەچچە پارچە قىلىپ توغراپ كىگىزگە يۆگەپ، تۈن كېچىدە ماشىنا بىلەن ليۇداۋانغا ئاپىرىپ تاشلاندۇق كان قۇدۇقلىرىغا تاشلىۋېتىش، ھەتتا ئادەمنى تېرىسىنى سويۇپ ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللاندى. شىنجاڭ سىياسىي قانۇن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن، ۋالىي مەھكىمىسىدە تەرجىمانلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان جاۋ جېڭمىن مانا ئاشۇنداق تېرىسى سويۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.

### 2) جىنايەتچىلەرنى يۆتكەپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) 7 - ئايدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى جايلاردىكى جىنايەتچىلەرنى بىر تۇتاش يۆتكەپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە تەشكىللەشنى بەلگىلىدى ھەمدە «قاماق جازاسى بېرىلگەن جىنايەتچىلەرنى يۆتكەپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتە يولغا قويۇلىدىغان چارە» ۋە «ئۆزگەرتىش نىزامى»نى بەلگىلىدى. بۇ نىزامنىڭ 3 - ماددىسىدا: «ئۆزگەرتىلىدىغان جىنايەتچىلەر ئۆلكە چېگرىسىدىن 3000 يول يىراق جايغا ئاپىرىلىشى لازىم» دەپ بەلگىلەندى. شىنجاڭدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى 2 يول ئارقىلىق يۆتكىلىشى تەلەپ قىلىندى. شۇ يىلى رېخېنىڭ ۋالىيسى جاڭ بياۋ قاتارلىق 13 جىنايەتچى، گەنسۇنىڭ مۇپەتتىشى چېن چىڭيۈن قاتارلىق 3 جىنايەتچى شىنجاڭغا بوز يەر ئېچىشقا پالانغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كۆپلىگەن جىنايەتچى شىنجاڭغا يۆتكەلگەنىدى. شىنجاڭنىڭ باش ۋالىيسى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ۋە يۇقىرىقى بەلگىلىمە شىنجاڭغا ماس كەلمەيدۇ دەپ قاراپ، يۈەن شىكەيگە جىنايەتچىلەرنى شىنجاڭغا يۆتكەشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىپ ئىلتىماسنامە ئەۋەتكەن. مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ دوكلاتى تەستىقلانغان.

مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى) ھۆكۈمەت بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن يۆتكەلگەن

جىنايەتچىلەرنىڭ جازا مۇددىتىنى قىسقارتىش چارىسىنى بەلگىلىدى. بۇ چارىدە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر ئۇدا 2 قېتىمدىن ئارتۇق ئىلغار بولسا جازاسى مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماق جازاسى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ، جازا مۇددىتى قارار چىقىرىلغان كۈندىن ئېتىبارەن ھېسابلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

3) تۈرمىلەرنىڭ رەتكە سېلىنىشى

مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭدا تۈرمىلەرنى رەتكە سېلىش خىزمىتى باشلاندى ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۈرمىلەرنى رەتكە سېلىش چارىسى تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ بەلگىلىمىدە مۇنداق بەلگىلەنگەن: جىنايەت ئۆتكۈزۈپ 2 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەنلەرنى ئۆزىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ئەسلى سوت مەھكىمىسىگە ياكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە پۇل تۆلەپ جىنايىتىدىن ساقىت قىلىش ئىلتىماسى قىلدۇرۇشقا بولىدۇ؛ لېكىن ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر، ئىچكى مالىمانچىلىققا ۋە تاشقى ئاپەتلەرگە چېتىلىدىغان جىنايەتچىلەر، ئۆتكۈزگەن جىنايىتى جەمئىيەت ئامانلىقىغا ياكى ئېسىل يوسۇنلارغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەنلەر، قېبىھ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە پۇل تۆلەپ جىنايىتىنى يۇيۇش چارىسىنى تەتبىقلاشقا بولمايدۇ. تۆلىنىدىغان پۇلنىڭ سوممىسى جىنايەتچىنىڭ ئىقتىسادىي قۇدرىتى ۋە جىنايەت قىلمىشىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ، ئەمما ھەربىر ئاي ئۈچۈن بىر يۈەندىن تۆۋەن، 3 يۈەندىن يۇقىرى بېكىتىشكە بولمايدۇ. پۇل تۆگەل تۆلەنمىگىچە جىنايەتچىنى قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ؛ ئالدىن كېپىلگە بېرىشكە بولىدۇ دەپ قارالغانلار بۇنىڭ سىرتىدا؛ يىغىلغان بۇ پۇل سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋە تۈرمىنىڭ قۇرۇلۇشىغىلا ئىشلىتىلىدۇ، ھەر قانداق بىر ئورگاننىڭ ئۇنى ئىشلىتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

4) تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەرنى خالىغانچە ئېلىپ چىقىپ ئىشقا سېلىش ھادىسىلىرىنى چەكلەش

مىنگو دەۋرىدە جىنايەتچىلەرنى ئىشقا سېلىش تۈزۈملەشمىگەنىدى. ئىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بىلەن ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابى 40 نەچچە جىنايەتچىنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىپ ئۇزاق مۇددەت ئىشقا سالغان، يەنە 60 — 70كىچە جىنايەتچىنى كۈنلۈك ئېلىپ چىقىپ ئىشقا سالغان. ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن جىنايەتچىسى 100دىن ئاشقان. ھەربىي ساقچى ئورگانلىرى ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان جىنايەتچىلەرنى تۈرمىگە ئادەم ياكى ئالاقە ئەۋەتىپ تاللىۋالغان، بۇ ئىش نۇرغۇنلىغان نۇقسانلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسى جىنايەتچىلەرنى خالىغانچە ئېلىپ چىقىشنى چەكلەش توغرىسىدا ۋاقىتلىق چارە تۈزۈپ چىققان بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دۆبەن مەھكىمىسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇنى تەستىقلاپ، مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تارقىتىپ شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ «چارە» 7 ماددىلىق بولۇپ، جىنايەتچىلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ئوبيېكتى، ۋاقتى، ھەققى ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە چەكلەش خاراكتېرلىك بەلگىلىمە چىقىرىلدى. مەسىلەن: ئېلىپ چىقىپ ئىشقا سېلىنىدىغان جىنايەتچىلەر جازا مۇددىتى 3 يىلدىن تۆۋەن بولغانلار ھەمدە 2دىن ئارتۇق ھاللىق ئائىلە كېپىل بولغانلار بولۇشى كېرەك؛ ئېلىپ چىقىپ ئىشلىتىدىغان جىنايەتچىلەرنى تاللىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ جىنايەتچىلەرنىڭ ئەمگىكى جامائەت قۇرۇلۇشى، جامائەت ساقلىقىنى ساقلاش ۋە باشقا ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا دائىر ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ؛ شەخسىي ئىشلارغا ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، تۈرمە ئىچىدە مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇل-

لانغۇچىلارنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ۋاقىتلىق ئېلىپ چىقىپ ئىشقا سېلىنىدىغانلار ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 6دىن ئىلگىرى تۈرمىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشى، شەرت؛ ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىلىدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ مۇددىتى بىر ئايدىن ئاشماسلىقى شەرت، ئىش ھەققى شۇ جايدىكىلەرنىڭ ئىش ھەققىدىن تۆۋەن ياكى ئىككىدىن بىر قىسمى بويىچە ھېسابلاپ بېرىلىدۇ، كۆپ ساندىكى جىنايەتچىنى 30 كۈندىن ئارتۇق ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە، تۈرمە باشلىقى يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

5) تۈرمە مەشغۇلاتىنى باشقۇرغۇچى خادىملارنى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش چارىسى

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943-يىلى) 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «تۈرمە مەشغۇلاتىنى باشقۇرغۇچى خادىملارنى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش چارىسى»نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا تۈرمە مەشغۇلاتىنى باشقۇرغۇچى خادىملار تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشى بەلگىلەندى: مەشغۇلات كىرىم - چىقىمى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنىشى خاتا بولمىسا، مەھسۇلات سۈپىتى لاياقەتلىك، بازارلىق بولسا، مەشغۇلاتقا قاتناشقان جىنايەتچىلەر ئومۇمىي جىنايەتچىنىڭ %80ىدىن ئاشقان، تاپقان پايدىسى تەخمىنەن كىشى بېشىغا 2، 3، 4 يۈەندىن يۇقىرى ئايلانغان بولسا؛ مەشغۇلاتقا قاتناشقۇچىلار ئالاھىدە كەشپىيات ياراتقان بولسا؛ ئۇلار ئەھۋالغا قاراپ تەقدىرلىنىدۇ، خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنىدۇ، پىرسەنت بويىچە مۇكاپاتلىنىدۇ. ئەكسىچە، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغانلار، ياكى باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقتىن سېلىنغان مەبلەغنى زىيانغا ئۇچراتقانلار، ۋە ياكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئەھۋالغا قاراپ تەنبىھ بېرىش، گۇناھ يېزىش، تۆلەشكە بۇيرۇش جازاسى بېرىلىدۇ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ كۆز بويامچىلىق قىلغانلارغا قانۇن بويىچە جىنايەت بېكىتىلىدۇ.

## 3. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى تۈرمىلەرنىڭ باشقۇرۇلۇشى

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇپ، ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈرمىلەرگە قارىتا تۆۋەندىكىدەك فاڭجېن يولغا قويۇلدى: مىنگو دەۋرىدىكى خەلقنى باستۇرىدىغان كونا تۈرمىلەرنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇپ، يېڭى تۈرمىلەرنى پەيدىنپەي قۇرۇپ چىقىش؛ ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، جايلاردىكى 2 يىلدىن يۇقىرى جازا بېرىلگەن جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى ۋىلايەتلەردىكى تۈرمىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ ئىجرا قىلىش.

1) تۈرمە، سولاقخانىلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە تەرتىپكە سېلىندى. بۇرۇن تۈرمە ئاپپاراتى كېلەڭسىز، جىنايەتچى ئاز ئىدى، خىزمەتچى خادىملىرى كۆپلىرىنىڭ 63، ئازلىرىنىڭ 26 بولۇپ، ئىشتىن ئادەم كۆپ، چىقىم يۇقىرى ئىدى. ئىخچاملاش پرىنسىپى ۋە تۈرمە، سولاقخانىلارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، تۈرمىلەر A، B، C دەپ 3 دەرىجىگە ئايرىلدى. جىنايەتچى 200دىن ئاشىدىغىنى A دەرىجىلىك، 100 دىن ئاشىدىغىنى B دەرىجىلىك، 100گە يەتمەيدىغىنى C دەرىجىلىك قىلىپ بېكىتىلدى.

2) ئىدىيە جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشنى بىرلەشتۈرۈش چارىسى

ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، جىنايەتچىلەرگە قارىتا ئۆزگەرتىش تەربىيىسى كۈچەيتىلدى ھەمدە جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، جىنايەتچىلەر ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ھەيئىتى تەشكىللەندى، بۇ ھەيئەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ خىش پىشۇرۇش، ئاياغ كىيىمى تىكىش، موخۇركا ئىتتىش، تىككۈچىلىك، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، كېسەك قۇيۇش، مال بېقىش، تەمىنات - سودا كوپىراتىپى تەشكىللەش قاتارلىقلار ئارقىلىق، كىرىمنى كۆپەيتىپ، تۈرمىلەرنىڭ تەدرىجىي ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا كونكرېت رەھبەرلىك قىلدى. 1952 - يىلىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، يېزا ئىگىلىك ۋە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتنىشىش ئارقىلىق تۈرمە، سولاقخانىلار 85% چىقىمنى ئۆزى قامدايدىغان بولدى، بەزىلىرى ئۆزىنى تولۇق قامدايدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن ھەم دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مالىيە جەھەتتىكى يۈكى يېنىكلىتىلدى، ھەم كۆپلىگەن جىنايەتچى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالدى، نەتىجىدە ئۇلار قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئىش تېپىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىندى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جىنايەتچىلەر ئارىسىدا تۈرمىدىن قېچىشقا قارشى تۇرۇش، جىنايىتىنى تونۇپ قانۇنغا بويسۇنۇش، ئۆزگەرگەندىن كېيىنكى چىقىش يولىنى ۋە ئىستىقبالىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى تەلىم - تەربىيە كۈچەيتىلدى ھەمدە تۈرلۈك تۈرمە باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ئورنىتىلدى. جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆزگىرىش ئىپادىسىگە قاراپ، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىپادىسى ياخشى بولغان جىنايەتچىلەر تەقدىرلەندى، مۇكاپاتلاندى ۋە ئۇلارنىڭ جازا مۇددىتى قىسقارتىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى جىنايەتچىلەر ئۆزگىرىپ يېڭى ئادەم بولۇش يولىغا ماڭدى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك ۋە ئۆزگىرىش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولدى، تۈرمىدىن قاچىدىغان ھادىسىلەر ناھايىتى ئاز يۈز بېرىدىغان بولدى.

جىنايەتچىلەرگە قارىتىلغان باشقۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە سوت مەھكىمىلىرى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ياخشى خىزمەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، بىر - بىرىنى چەكلىشىپ، ئورتاق مەسئۇل بولۇپ، تەربىيە ئارقىلىق جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

3) تۈرمە، سولاقخانىلار ئېنىقلاندى. شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلارنىڭ تۈرمە، سولاقخانىلىرىدا 700 ئەتراپىدا جىنايەتچى قاماقلىق ئىدى. 1950 - يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدا 389 جىنايەتچى قاماقلىق ئىدى. ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرى 130 كىشىنى ئېنىقلاپ قويۇپ بەردى. تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئېنىقلاشتىن بۇرۇنلا 56 جىنايەتچىنى قويۇپ بەردى.

تۈرمە ئېنىقلاش خىزمىتى 1950 - يىل 3 - ئايدا باشلاندى. ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسىدىن 5 كىشى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدىن بىردىن كىشى قاتناشتۇرۇلغان تۈرمە تەكشۈرۈش كومىتېتى جايلاردا قامالغان جىنايەتچىلەر ئۈستىدە كونكرېت تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 1951 - يىل 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاياغلاشتى. جەمئىي 712 جىنايەتچى تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق بولدى: ئەسلى ھۆكۈمى كۈچكە ئىگە قىلىنغىنى 61؛ جازا مۇددىتى قىسقارتىلغىنى 318؛ شەرتلىك قويۇپ بېرىلگىنى 28؛ قويۇپ بېرىلگىنى 268؛ ئېنىقلاش داۋامىدا قېچىپ كەتكىنى ۋە مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگىنى 37. يۇقىرىقى جىنايەتچىلەردىن ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچى 247، ئوغرى ۋە بۇلاڭچى

214؛ زەخىملەندۈرۈپ ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچى 87؛ تاماكا ـ زەھەر جىنايەتچىسى 58؛ جىنسىي جىنايەتچى 35؛ خىيانەتچى جىنايەتچى 9؛ ئىگىلىۋالغۇچى جىنايەتچى 2؛ جامائەتكە زىيان يەتكۈزگەن جىنايەتچى بىر؛ باشقا جىنايەتچى 58 (بۇنىڭ ئىچىدە تۈرگە ئايرىلغان سانى كەم قالغان تۈر بىر بولۇپ، ئەسلى ماتېرىيال ئۆزگەرتىلمەي ساقلاپ قېلىندى).

1951 ـ يىلى مەركىزىي كومىتېتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە تۈرمە، سولاقخانىلارنى باشقۇرۇش، جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى بىر تۇتاش مەسئۇل بولدى. 1952 ـ يىلى ئۆلكە بويىچە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشى تاماملاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سوت مەھكىمىلىرى تۈرمە، سولاقخانىلارنى ۋە جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى بىۋاسىتە باشقۇرمايدىغان بولدى.

# IV باب

# ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ۋە ئەدلىيە تېخنىكىسى

## 1 § . ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى

### 1. ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمى

مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) مىللىي ھۆكۈمەت ئەدلىيە مەھكىمىسى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ۋاقىتلىق قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىدە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى بېجىرىدىغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى باشقارمىلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ھۆكۈمەت گۇۋاھچىلىرىنى قويۇشنى، ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بۇ ئىشنى مەخسۇس بېجىرىدىغان ياكى قوشۇمچە بېجىرىدىغان سوتچىلارنى بەلگىلىشىنى ھەمدە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىش ئىشىغا باشتىن ـ ئاياغ مەسئۇل بولىدىغان ياردەمچى سوتچىلارنى قويۇشنى، خەلق ئىچىدىكى ماجىرالارنى مۇشۇ يول بىلەن ھەل قىلىنىشى لازىملىقىنى؛ سوتچىلار ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرگەندە نامۇۋاپىق ئەھۋاللار سېزىلسە، ئىلتىماس قىلغۇچىلار ياكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر نارازىلىق بىلدۈرسە بولىدىغانلىقى، سوتچىلار قانۇندا كۆرسىتىلمىگەن ئىشلار ئۈستىدە ۋە قانۇندا ئىناۋەتسىز دەپ كۆرسىتىلگەن ئىشلار ئۈستىدە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بەرسە بولمايدىغانلىقى بەلگىلەندى. مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ۋاقىتلىق قائىدىسىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى» ئېلان قىلىندى. بۇ پرىنسىپتا مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن: ئىلتىماس قىلغۇچىلار ياكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسىنىڭ 13 ـ ماددىسىغا ئاساسەن نارازىلىق بىلدۈرسە، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرى نارازىلىقنامىنى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەر بىلەن قوشۇپ، 3 كۈن ئىچىدە يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا سۇنۇشى لازىم، زۆرۈر تېپىلسا ئۆزلىرىنىڭ پىكىرنامىلىرىنىمۇ قوشۇپ قويسا بولىدۇ؛ يەرلىك سوت مەھكىملە-

رى نارازىلىق ئەرزىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كۆرسەتكەن سەۋەبىنىڭ ئورۇنلۇق بولغان - بولمىغانلىقىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك بىر تەرەپ قىلىدۇ: 1) هۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرگۈچىلەرگە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ؛ 2) نارازىلىقنى رەت قىلىدۇ؛ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىگە قايىل بولمىغۇچىلار بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى هۆججەتنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ 5 كۈن ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەدلىيە مەمۇرىي نازارەتچى ئەمەلدارغا بايانات سۇنسا بولىدۇ، لېكىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەدلىيە مەمۇرىي نازارەتچى ئەمەلدارلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ئۈستىدە قايىل بولماسلىق باياناتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولمايدۇ.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مىللىي هۆكۈمەتنىڭ «هۆكۈمەت گۇۋاھلىقى قانۇنى» ھەر قايسى ئۆلكىلەردە يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. شۇ يىلى 1- ئاينىڭ 31 - كۈنى مىللىي هۆكۈمەتنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرلىكى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: بۇنىڭدىن كېيىن يەرلىك سوت مەھكىمىسى كۆپەيتىلگەن ياكى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان جايلاردا هۆكۈمەت گۇۋاھلىقى باشقارمىلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇپ چىقىشى لازىم، هۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرگۈچى گۇۋاھچىلار ياكى ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى شۇ سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلىدۇ ھەمدە ئۇلار مىنىستىرلىككە مەلۇم قىلىنىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدە هۆكۈمەت گۇۋاھلىقى باشقارمىلىرى قۇرۇلدى. ئەينى چاغدا، چەت ئەلگە چېتىلىدىغان هۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرى قاتتىق باشقۇرۇلدى. 1955 - يىلى شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى غۇلجا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى شىنجاڭنىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا چېتىشلىق بولغان ۋە چەت ئەلگە ئەۋەتىلىدىغان هۆججەتلەر ئۈستىدە گۇۋاھلىق بېرىدىغان سوت مەھكىمىسىدۇر دەپ بەلگىلىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك تاشقى ئىشلار باشقارمىسى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ كونسۇل ئىشلىرىنى باشقۇردى. 1964 - يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، بەزى جايلارنىڭ يېزا باشلىقىنىڭ ياكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنىڭ نامىدا ئۆلگەنلىك ھەققىدىكى ئىسپات ياكى تۇغقانلىق ھەققىدىكى ئىسپاتلارنى بېرىپ، ئۇنى چەت ئەلگە ئەۋەتىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت دىپلوماتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ھادىسىلەرنى تۈزىتىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ تۇغۇلغانلىق، ئۆلگەنلىك، تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئىسپات هۆججەتلىرىنى بىر تۇتاش سوت مەھكىمىسىنىڭ هۆكۈمەت گۇۋاھلىقى باشقارمىلىرىنىڭ بېجىرىدىغانلىقىنى يېڭىۋاشتىن تەكىتلىدى.

## 2. هۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورگانلىرى ۋە هۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرى

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر، خوتەن، ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا هۆكۈمەت گۇۋاھلىقى باشقارمىلىرى قۇرۇلدى. كېيىن، تارباغاتاي (1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى)، قۇمۇل (1946 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى)، تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا (1947 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى)، گۇچۇڭ (1947 - يىلى)، ئاقسۇ، ئالتاي (1947 - يىلى)، ماناس (1948 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى) ۋە يەكەن قاتارلىق جايلاردا كەينى - كەينىدىن هۆكۈمەت گۇۋاھلىقى باشقارمىلىرى قۇرۇلدى.

ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرىنىڭ تەيىنلىنىش ئەھۋالى مۇنداق: قەشقەر ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى باشقارمىسىنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھچىلىقىنى قەشقەر يەرلىك سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى ليۇ جياجۇن قوشۇمچە ئۆتىدى، 1 - دەرىجىلىك پۈتۈكچى بى مىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھچىسى ياردەمچىسىنىڭ ئىشىنى مەخسۇس بېجىردى. خوتەننىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھچىلىقىنى خوتەن يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك كاتىپى سۇن گوگۇاڭ قوشۇمچە ئۆتىدى، ياردەمچىلىكىنى پۈتۈكچى ۋۇ زىشيەن قوشۇمچە ئۆتىدى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭكىنى ئىلى ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى رېن جاۋشياڭ ئۆتىدى، پۈتۈكچى ۋاڭ زولىن ياردەمچىلىككە مەسئۇل بولدى. ئۈرۈمچىنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھچىلىقىنى ئۈرۈمچى سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى كوڭ چىڭۋېن قوشۇمچە ئۆتىدى، ياردەمچىلىكىنى پۈتۈكچى لى گۇاڭشېڭ قوشۇمچە ئۆتىدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) مەخسۇس ھۆكۈمەت گۇۋاھچىسى قويۇلغان جاي ئۈرۈمچى بولۇپ، مەخسۇس ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمىدىن بىرى، مەخسۇس ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ياردەمچىسىدىن بىرى، قارا خىزمەتچىدىن بىرى بار ئىدى. تارباغاتاينىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھچىلىقىنى يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ پۈتۈكچىسى ليۇ سىگۇڭ سوتچىلىققا كۆتۈرۈلۈپ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، ياردەمچىلىكىنى 1 - دەرىجىلىك پۈتۈكچى ياڭ شيۇفېڭ قوشۇمچە ئۆتىدى. ماناسنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھچىلىقىنى ماناس سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جۆجۈەن قوشۇمچە ئۆتىدى، پۈتۈكچى دېي رۇڭخۇ ياردەمچى بولدى، كېيىن سوتچى لۇ چۈنتاڭ ئەۋەتىلدى. باشقا جايلاردا، ئالايلۇق قۇمۇل، تۇرپان، قاراشەھەر، گۇچۇڭ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى سوتچىلار قوشۇمچە ئۆتىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ شىنجاڭدا 1955 - يىلى ئەدلىيە نازارىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، نۇقتىلىق جايلاردا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئاپپاراتى تەدرىجىي قۇرۇلدى. ئۈرۈمچى، غۇلجا ۋە قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردىكى سوت مەھكىمىلىرىدە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، 9 مەخسۇس كادىر سەپلەندى. كېيىن 10 ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدە ۋە كۇچا، يەكەن، قاغىلىق ناھىيىلىرىدىكى سوت مەھكىمىلىرىدە ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىلىرى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتىنى قوشۇمچە ئىشلىدى. باشقا جايلاردا دەۋالاشقۇچىلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىلتىماس قىلىشىغا ئاساسەن شۇ جايدىكى سوت مەھكىمىلىرىدە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى قوشۇمچە بېجىرىدىغان ۋاقىتلىق ئاپپارات قۇرۇلدى. 1956 - يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى باشقارمىسى تەسىس قىلىنغان ۋە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتىنى قوشۇمچە بېجىرگەن سوت مەھكىمىسى 35كە يەتتى. 1959 - يىلى ئەدلىيە نازارىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى كەسپىنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى باشقۇرىدىغان بولدى.

1980 - يىلى شىنجاڭدا ئەدلىيە مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى قايتىدىن قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى كەسپى ئەدلىيە نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## 3. ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىغا دائىر ھەق ئېلىش بەلگىلىمىلىرى

مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مىللىي ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان «ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ھەققى توغرىسىدا بەلگىلىمە» ۋە مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943-يىلى) ئېلان قىلىنغان «ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىغا دائىر ساۋاتلار» دا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ھەققى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلغان، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1) دەۋالاشقۇچىلار قانۇنىي ھەرىكەت بويىچە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى گۇۋاھنامىسىنى ئىلتىماس

قىلسا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ھەققىنىڭ نىشانىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە مۇنداق ھەق ئېلىنىدۇ.

(1) 200 يۈەنگە توشمىغانلىرىدىن بىر يۈەن 5 مو ھەق ئېلىنىدۇ؛

(2) 200 يۈەندىن يۇقىرى 500 يۈەنگە توشمىغانلىرىدىن 3 يۈەن ھەق ئېلىنىدۇ؛

(3) 500 يۈەندىن يۇقىرى 1000 يۈەنگە توشمىغانلىرىدىن 5 يۈەن ھەق ئېلىنىدۇ؛

(4) 1000 يۈەندىن يۇقىرى 3000 يۈەنگە توشمىغانلىرىدىن 9 يۈەن ھەق ئېلىنىدۇ؛

(5) 3000 يۈەندىن يۇقىرى 6000 يۈەنگە توشمىغانلىرىدىن 14 يۈەن ھەق ئېلىنىدۇ؛

(6) 6000 يۈەندىن يۇقىرى 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولغانلىرىدىن 19 يۈەن ھەق ئېلىنىدۇ؛

(7) 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەنلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن ھەر 1000 يۈەنگە بىر يۈەندىن قوشۇپ ئېلىنىدۇ، ئېشىپ كەتكەن قىسمى 1000 يۈەنگە توشمىغانلىرىدىن ئوخشاشلا 1000 يۈەنلىك ئۆلچەم بويىچە ئېلىنىدۇ. بۇ مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) «1000 يۈەن بويىچە ھېسابلانمايدۇ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

(8) قانۇنىي ھەرىكەت نىشانىنىڭ سوممىسىنى بېكىتىشكە بولمىغانلىرىنىڭ نىشان سوممىسى 500 يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى.

2) دەۋالاشقۇچىلار قانۇنىي ھەرىكەت توغرىسىدا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى گۇۋاھنامىسى تەييارلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان ھەمدە «مەجبۇرىي ئىجرا قىلىنىدۇ» دېگەن سۆزنى ئېنىق يېزىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلغانلاردىن گۇۋاھنامە ھەققىدىن بىر ھەسسە كۆپەيتىپ ھەق ئېلىنىدۇ.

3) دەۋالاشقۇچىلار ئىسپات ياكى خۇسۇسىي گۇۋاھنامە ئۈستىدە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى گۇۋاھنامىسى تەييارلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا، يېرىم ئۆلچەمدە ھەق ئېلىنىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلىرىدىن باشقا، «ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ھەققى توغرىسىدىكى قائىدە»دە يېرىم ئۆلچەم بويىچە ھەق ئېلىش بەلگىلەندى.

«ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ھەققى توغرىسىدىكى قائىدە»دە تۆۋەندىكى مەزمۇنلار ئۈستىدە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى گۇۋاھنامىسى تەييارلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىلاردىن 2 يۈەن ھەق ئېلىنىدۇ دەپ بەلگىلەندى: (1) ئېتىراپ قىلىش، يول قويۇش ۋە ماقۇل بولۇش؛ (2) كېلىشىمنى كۈچتىن قالدۇرۇش؛ (3) ۋەسىيەتنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن بىكار قىلىش؛ (4) ھەدىيە ئۈستىدە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى باشقارمىلىرى تەييارلىغان گۇۋاھنامىلارنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاش ياكى تۈزىتىش.

ئۇنىڭدىن باشقا، دەۋالاشقۇچىلار ۋەسىيەتنامىنى پېچەتلەپ ساقلاش ئىشىنى قانۇن بويىچە خاتىرىلەشنى ئىلتىماس قىلغانلاردىن ياكى دەۋالاشقۇچىلار ھوقۇقىنى ھاۋالە قىلىش قەغىزى، سۆيلەش قەغىزى ياكى رەت قىلىش قەغىزى بېجىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانلاردىن 2 يۈەن ھەق ئېلىنىدۇ. دەۋالاشقۇچىلار ياكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدە بولغانلاردىن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى گۇۋاھنامىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ياكى باشقا ھۆججەتلەرنى كۆرۈشنى ئىلتىماس قىلغۇچىلار- دىن 4 مو ھەق ئېلىندى.

## 4. ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

مىنگونىڭ 33 — 37 ـ يىلىغىچە (1944 — 1948 ـ يىلىغىچە) شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىلىرى بېجىرگەن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

**شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەر قايسى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مىنگونىڭ 33 — 37 ـ يىلغىچە (1944 — 1948 ـ يىلغىچە) گۇۋاھلىق بېرىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 6 — 17

| يىللار | قوبۇل قىلىنغان گۇۋاھلىق | ئېلىنغان ھەق |
|---|---|---|
| 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) | 144 | 1121 يۈەن |
| 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) | 303 | 16000 يۈەن |
| 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) | 137 | 88000 يۈەن |
| 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) | 152 | 4670000 يۈەن |
| 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) | 69 | 12440000 يۈەن |
| جەمئىي | 805 | 18007121 يۈەن |

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1956 ـ يىلى 31 ناھىيىدىكى سوت مەھكىمىسىنىڭ ستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 2379 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ھۆججىتى بېجىرىلگەن، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىلگەن توختاملارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 7 مىليون 320 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. ئەينى چاغدا ئۈچلا ئورۇن ھەق ئېلىشنى يولغا قويغان، جەمئىي 18 مىڭ يۈەن ھەق ئېلىنغان. ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىلگەن 2379 ھۆججەت ئىچىدە ئىقتىسادىي توختامغا ياتىدىغىنى 1792 بولۇپ، 75.3%نى؛ پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتىگە ياتىدىغىنى 524 بولۇپ، 22.6%نى؛ چەت ئەل مۇھاجىرلىرىغا ياتىدىغىنى 38 بولۇپ، 1.6%نى؛ باشقىلار 25 بولۇپ، 1.1%نى ئىگىلىگەن. 1957 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى بويىچە 34 ئورۇننىڭ تولۇقسىز مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىلگەن كېلىشىم توختامى 2155 بولۇپ، ئۇنىڭدىن 19 مىڭ 263.12 يۈەن ھەق ئېلىنغان.

ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتى تۆۋەندىكىدەك ئاكتىپ روللارنى ئوينىدى: 1) ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلكى .دەخلى ـ تەرۇزدىن ساقلاپ قېلىندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشخانىسى قوبۇل قىلغان 172 سودا ـ سانائەتكە چېتىلىدىغان ئىقتىسادىي توختامنىڭ 62سىدىن مەسىلە بايقىلىپ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىلگەن توختامدىكى سوممىنىڭ 36%نى ئىگىلىگەن؛ ئۇلاردىن توختام نىشانىدىكى ئۆلچەم سۈپىتى، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسئۇلىيىتى ئېنىق بولمىغان، توختامنىڭ سۆز ـ ئىبارىلىرى مۇجمەل بولغانلىرى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىش داۋامىدا تۈزىتىلىپ ۋە تولۇقلىنىپ، ماجىرالارنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. 2) پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتى قوغدالدى. ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن توختاملارنىڭ تولىسىدا، خۇسۇسىيلارغا تەلەپ ۋە مەسئۇلىيەت كۆپ ئارتىلغان، ھۆكۈمەت تەرەپكە ئاز تەلەپ قويۇلغان بولۇپ، كېلىشىمدە ئىككى تەرەپنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتى باراۋەر بولۇش روھى كەمچىل بولغان. بۇنداقلارغا نىسبەتەن مۇۋاپىق ئۆزگەرتىپ، توختامنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش توغرىسىدا يولىيورۇق چۈشۈرۈلدى. 3) ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، قانۇن ـ تۈزۈم قوغدالدى. مەبلەغنى تارقاقلاشتۇرۇش يولى بىلەن ئىسلاھاتتىن ئۆزىنى

قاچۇرماقچى بولۇپ، ئۆي - مۈلۈكنى يالغاندىن بۆلۈشۈۋالغان غاپپار غوجىنىڭ 1956 - يىل 3 - ئايدىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىش تەلىپى غۇلجا ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن رەت قىلىنىپ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنىڭ نازارەتچىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلدى.

## § 2 . ئەدلىيە تېخنىكىسى

### 1. ئاپپارات ۋە خادىم

1980 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدىكى سوت ئورگانلىرىدا مەخسۇس ئەدلىيە تېخنىكا ئاپپاراتى يوق ئىدى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدىلا بىر قانۇن دوختۇرى بار ئىدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى دېلو بېجىرگەندە قانۇن دوختۇرلۇق تېخنىكىسىغا دائىر ئىشلارنى كۆپىنچە ھاللاردا شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكىنىڭ قانۇن دوختۇرلىرىغا ۋە سەھىيە تارماقلىرىدىكى مەخسۇس خادىملارغا تايىنىپ ھەل قىلاتتى. سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ قانۇن دوختۇرى بىلەن باشقا تارماقلاردىكى قانۇن دوختۇرى خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە مۇھىم نۇقتىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرى خادىم ئاجرىتىپ قانۇن دوختۇرلۇق خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەردى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قانۇن دوختۇرلۇق تېخنىكا بۆلۈمى تەسىس قىلدى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن دوختۇرلۇق تېخنىكا ئىشخانىسى قۇرۇپ چىقتى. شىنجاڭ بويىچە قانۇن دوختۇرلۇق تېخنىكا خادىمىدىن 34ى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇن دوختۇرى 28 (ئاز سانلىق مىللەت 4)، جىنايى ئىشلار لابورانتى 2، فوتوگراف ۋە سىنئالغۇچى 4. قانۇن دوختۇرلۇق تېخنىكا خادىمىنىڭ 6سى يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدە بولغاندىن باشقا، قالغانلىرى ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە قاتارلىق 12 ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى ۋە يەنجى، كورلا قاتارلىق 8 ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە تارقالغان. دېمەك شىنجاڭنىڭ سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدا دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان قانۇن دوختۇرلۇق تېخنىكىسى بويىچە باھالاپ بېكىتىش تورى شەكىللەندى.

### 2. قانۇن دوختۇرلىرىنى تەربىيىلەش

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، مىللەتلىرى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1984 - يىل 3 - ئايدا شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى بويىچە قانۇن دوختۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. كۇرسنىڭ مۇددىتى 6 ئاي بولۇپ، ئۇنىڭغا 22 كۇرسانت قاتناشتى (ئۇيغۇر 3؛ قازاق بىر، خەنزۇ 18). ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 30 ياشتىن تۆۋەن؛ ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 13.6%نى، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 86.4%نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى، تىببىي مەكتەپلەر ۋە شەنشى ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدىن قانۇن دوختۇرى، ئالىي قانۇن دوختۇرى ۋە دوتسېنت بولۇپ 13 كىشى تەكلىپ قىلىندى. ئۇلارغا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرى ۋە ئەمەلىي قانۇن دوختۇرلۇق ئىلمى، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ تۈزۈلگەن دەرسلىككە ئاساسەن دەرس ئۆتۈلدى.

## 3. قانۇن دوختۇرلۇق خىزمىتى

قانۇن دوختۇرلۇق كۆرسىنىڭ كۇرسانتلىرى ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاكتىپ خىزمەت ئىشلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىنىشىنى ۋە ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنىڭ ئوبدان ھەل قىلىنىشىنى كۆپلىگەن ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى. تولۇقسىز مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1984 - يىل 9 - ئايدىن 1985 - يىل 10 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ تېخنىكا بۆلۈمى، شىنجاڭ بويىچە 12 ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، 8 ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن دوختۇرلۇق تېخنىكىسى بويىچە باھالاپ بېكىتىلىدىغان ھەرخىل دېلودىن 485نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 219ى جىسمانىي جەھەتتە زەخىملىنىشكە كىرىدىغان تەكشۈرۈش، 40ى جىنسىي ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش؛ 43ى نورمال ئۆلۈمنى تەكشۈرۈش؛ 27سى روھىي كېسەلنى ئەدلىيەلىك باھالاش؛ 14ى جەسەت ساندۇقىنى ئېچىپ تەكشۈرۈش؛ 28ى جازا مەيدانىدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن جىنايەتچىلەرنىڭ جەسىتىنى تەكشۈرۈش؛ 7سى ماددىي ئىسپاتنى تەكشۈرۈش؛ ئاساسىي قاتلام سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرى ئادۋوكاتلار ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن دوختۇرلۇقىغا دائىر مەسلىھەت مۇلازىمىتى 85؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈپ نام قويۇلغان دېلو 22. قانۇن دوختۇرلۇقى بويىچە تېخنىكىلىق باھالاش — جىنايەتنى پاش قىلىش ۋە ئىسپاتلاشتىكى مۇھىم ۋاستە. ئۇ سوت خىزمىتىدە ئايرىم دېلولارنىڭ خاراكتېرىنى توغرا بېكىتىش، جىنايى جاۋابكارلىقنى پەرقلەندۈرۈش، ئۇۋالمۇ قىلماسلىق، قويۇپمۇ بەرمەسلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇن دوختۇرلۇق تېخنىكا خىزمىتىنىڭ ئۈگۈشلۈق قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى دائىم دېگۈدەك تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ خادىملىرىنى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇن دوختۇرلۇق تېخنىكىسى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتىپ، تۈرلۈك چىگىش دېلولارنى ھەل قىلدى، قانۇن دوختۇرلۇقىغا دائىر قىيىن تېمىلار ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. 1982 - يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تېخنىكا بۆلۈمى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قېرىنداش ئورۇنلارنىڭ قوللىشى ۋە ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، «شىنجاڭ نەشىسىنىڭ زەھەرلىك رولى ۋە ئىجتىمائىي زىيىنى»، «زەخىملەندۈرۈشنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىنى پەرقلەندۈرۈشكە دائىر 40 مىسال ئۈستىدە يۈزەكى بايان، جىنسىي ئىقتىدارغا چېتىلىدىغان دېلولارنى باھالاش ئۈستىدە تەھلىل»، «شىنجاڭ نەشىسىگە مۇناسىۋەتلىك روھىي كېسەللەردىن 100 مىسال توغرىسىدىكى دوكلات»، «نەشىنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان، ھىندىستان نەشىسى — شىنجاڭ نەشىسىنى تونۇشتۇرۇش»، «1985-يىلدىكى كەم ئۇچرايدىغان جىنسىي ھالەت ئۆزگىرىشىگە دائىر دېلودىن دوكلات»، «شىنجاڭ نەشىسىنى چېكىپ زەھەرلىنىپ جىددىي خاراكتېرلىك روھىي توسالغۇغا ئۇچرىغانلىقتىن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلولىرىدىكى جاۋابكارلىق ئىقتىدارى مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە»، «داۋالاش ئىسپاتىنىڭ قانۇن دوختۇرىنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىكى رولى توغرىسىدا»، «جەسەتنى تەكشۈرۈپ باھالاش قەغىزى»، «بىرلەشمە كلاپان كېسىلى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان جىددىي خاراكتېرلىك ئۆلۈم» قاتارلىق قانۇن دوختۇرلۇق كەسپىگە دائىر 10 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقتى. بۇ ئىلمىي ماقالىلەر «دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق»، «جۇڭخۇا مېدىتسىنا ئىلمىي جەمئىيىتى»،

«شىنجاڭ سىياسىي قانۇن ئۆگىنىش» قاتارلىق ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بەزىلىرى مەملىكەتلىك قانۇن دوختۇرلۇق ئىلمىي يىغىنلىرىدا ئالماشتۇرۇلۇپ، مەملىكەت بويىچە قانۇن دوختۇرلۇق ساھەسىگە تونۇشتۇرۇلدى.

# V باب

# ئەرزىيەت، ئەدلىيە ستاتىستىكىسى ۋە ئارخىپ خىزمىتى

## § 1 . ئەرزىيەت

### 1 . ئەرزىيەت تۈزۈمى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئاممىسى خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كېلىپ ۋە خەت ئەۋەتىپ، ھەرخىل مەسىلىلەرنى ۋە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئاساسىي قانۇن تەرىپىدىن بېرىلگەن دېموكراتىيە ھوقۇقى، خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ۋە ھىمايىسىنىڭ ئىپادىسى، تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋە ناھەق - خاتا دېلولارنى بايقاش، تۈزىتىش، سوت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم بىر تەدبىرى ئىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئەرزىيەت ئىشلىرىنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىشنى مۇھىم بىر سىياسىي ۋەزىپە دەپ تونۇپ، خىزمەت داۋامىدا سۆز بىلەن قايىل قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇردى ھەمدە ھەرخىل تۈزۈملەرنى ئورناتتى.

1) 1962 - يىلى مەھكىمە رەھبەرلىرى ھەر 10 كۈندە نۆۋەتلىشىپ ئاممىنى كۈتۈۋېلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. بۇ تۈزۈم «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا بۇزۇۋېتىلدى، 1984 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

2) كۈتۈۋېلىش خادىملىرىنىڭ دوكلات قىلىش، يوليورۇق سوراش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئەرزىيەت ئىشخانىسىدىكى خادىملار ھەركۈنى چۈشتىن كېيىن شۇ كۈنى تاپشۇرۇۋالغان ئەرزىيەت خاتىرىسىنى شۇ خىزمەتكە مەسئۇل ئىشخانا مۇدىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم خاتىرىلەرنى مەھكىمە باشلىقلىرى (مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى) غا تاپشۇردى. رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىگە تەۋە ئىشلارنى ئۆزلىرى بىۋاسىتە بېجىردى ياكى بېجىرىش چارىسىنى، بېجىرگۈچى خادىملارنى بەلگىلەپ بەردى. پارتگورۇپپا ۋە مەھكىمە رەھبەرلىرى ھەر پەسىلدە بىر قېتىم كۈتۈۋېلىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، دوكلات ئاڭلىدى، خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلدى؛ ئەرزىيەت خادىملىرى ئىچىدە ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم دوكلات قىلىش، يېرىم ئايدا بىر سىستېمىلىق دوكلات تەييارلاش، يېرىم يىلدا بىر قېتىم خۇلاسە قىلىش، يىل ئاخىرىدا

كومپيۇزلۇك خۇلاسە چىقىرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

3) ئەرزنى بىر تەرەپ قىلىش دائىرىسى ئېنىق ئايرىلىپ، ھەركىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. 1962 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئۆزى قوبۇل قىلىدىغان ئەرزنى بىر تەرەپ قىلىش دائىرىسى ئۈستىدە مۇنۇ بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى:

(1) تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولغان ئەرزىيەت ئىشلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى نۆۋەتلىك بېجىرىدۇ ياكى بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ:

1. مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۈەن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بېجىرىشكە بۇيرۇغانلىرى؛

2. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق كومىتېتى (خەلق ھۆكۈمىتى) بېجىرىشكە بۇيرۇغانلىرى؛

3. چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ئىشلار؛

4. سىياسىي ھەرىكەت ۋە مەركىزىي خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئەرزىيەت ئىشلىرى؛

5. ئادەتتىكى قانۇن مەسىلىلىرىگە ئائىت سۇئال - جاۋابلار.

يۇقىرىقى 5 جەھەتتىكى مەزمۇنلاردىكى ئىشلارنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى كۆتۈۋېلىش ئىشخانىسى رەھبەرلىكتىن بىۋاسىتە يوليورۇق سوراپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ ياكى جاۋاب بېرىدۇ.

6. قانۇن - ئىنتىزامغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە دائىر دېلولار، زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىپ زىيانكەشلىك قىلغان ھەمدە قانۇن تەرتىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغان 2 - سوت جىنايى ئىشلار ۋە ھەق تەلەپ ئەرزلىرى، شۇنداقلا ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش، زەھەر تاشلاشقا ئوخشاش چوڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرىغا دائىر ئەرزلەر؛

يۇقىرىقى 6 -، 7 - ماددىلاردا كۆرسىتىلگەن دېلولارنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى سوت كوللېگىيە باشلىقىدىن بىرنى، سوت خادىمىدىن 3نى ئاجرىتىپ ئىلتىماس قىلىنغان ئەرزنى بىر تەرەپ قىلىش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

8. سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ياكى سوت مەھكىمىسى كادىرلىرىنىڭ ماجىرالىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىي باشقارمىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ؛

9. چوڭ - چوڭ سىياسەت - قانۇن مەسىلىلەرگە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىشخانىسى تەتقىقات گۇرۇپپىسى جاۋاب بېرىدۇ.

(2) مەھكىمىمىز قوبۇل قىلغان ئەرزىيەت ئىشلىرىدىن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنىڭ بىرى كۆرۈلسە تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلىدۇ:

1. سىياسىي تۈس ئالغان خەت - چەكلەر ۋە ئامما ئۆزى كېلىپ ياكى خەت ئارقىلىق ئۆز جايىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىدا ساقلانغان ئەھۋاللار ۋە كادىرلارنىڭ ئىستىل مەسىلىسى توغرىسىدا قىلغان ئىنكاسلىرى؛

2. سوت مەھكىمىلىرى ھاۋالە بويىچە بېجىرگەن ۋاكالىتەن سوراق خاتىرىسى يېزىش، ھۆكۈمنى ئېلان قىلىش، ئىجرانى سۈيلەش ئىشلىرى؛

3. مۇناسىۋەتلىك مال - مۈلۈك، نىكاھ، قەرز ئىشلىرى قاتارلىق ھەق تەلەپ ماجىرالىرى ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى ۋە ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرى تەرىپىدىن 1 - سوتتا قارالمىغان بولسا؛

4. دەۋاغا كىرمەيدىغان ئىشلار (مەسىلەن: كىشىلەرنىڭ ئىز - دېرىكىنى سۈرۈشتۈرۈش، مائاش، نوپۇس، رۇخسەت بىلەن ئائىلىگە قايتىش قاتارلىقلار)؛

5. ئومۇمەن ئادەتتىكى كادىرلار ئۈستىدىن ئەرز قىلغان خەت - چەكلەردىن ئىنتىزام جازاسىغا ياتىدىغانلىرى يەرلىك پارتكوملارغا ياكى مەسئۇل ئورۇننىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللىنىدۇ. مەلۇم ئورۇننىڭ ئاساسلىق رەھبىرى ياكى چوڭ ئىشلارغا چېتىلىدىغان ئەرز خېتى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سۆيلەش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى يەنە دەۋالاشقۇچىلار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا ئومۇمەن پارتكوم ۋە يۇقىرى ئورۇنغا دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى ئورناتتى.

## 2. ئاپپارات ۋە خادىم

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدە مەخسۇس ئەرزىيەت ئاپپاراتى يوق ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1954- يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭ بويىچە 25 سوت مەھكىمىسىدە خەلق كۈتۈۋېلىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، باشقا كۆپ ساندىكى سوت مەھكىمىلىرىدىمۇ ئەرزىيەت خىزمىتىگە مەخسۇس (قوشۇمچە) خادىملار بەلگىلەندى. 1954 - يىلى ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسىدە خەلق كۈتۈۋېلىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، بىر مۇدىر ۋە 2 مەخسۇس خادىم قويۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرى 3 كىشى بار ئىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 6 — 7 كىشىگە يەتتى، ئارقىدىنلا بۇ ئىشخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1973 - يىلى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ ئەرزىيەت گۇرۇپپىسى يېڭىۋاشتىن تەسىس قىلىندى، بۇ گۇرۇپپا 3 ئادەمدىن تەركىب تاپتى. 1985 - يىلى ئەرزىيەت گۇرۇپپىسى ئەرزىيەت بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، بىر بۆلۈم باشلىقى، 5 مەخسۇس خىزمەتچى خادىم قويۇلدى، ئۇ بىۋاسىتە ئىشخانىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. ئوتتۇرا ۋە ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى بىردىن مەخسۇس ياكى قوشۇمچە خادىمنى ئەرزىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. ئەرزىيەت خادىملىرىنى مۇئەييەن سىياسىي سەۋىيىگە ۋە كەسپىي سەۋىيىگە ئىگە، ئاممىۋى ئېڭى بار، خىزمەتكە ئەستايىدىل مەسئۇل بولىدىغان، ئىستىلى دۇرۇس كادىرلار ئىچىدىن تاللاش تەلەپ قىلىندى.

## 3. ئەرزىيەت ئىشلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى

1954 — 1958 - يىللىرىغىچە بولغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، خەلقتىن كەلگەن خەت-چەكتىن 55 مىڭ پارچە (قېتىم) بىر تەرەپ قىلىنغان؛ ھال ئېيتىپ كەلگەن 120 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە 1957 - يىلدىكىسى ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ، ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەر 45 مىڭ ئادەم (قېتىم)گە، خەت - چەك 16 مىڭ پارچە (قېتىم)غا يەتكەن. كېيىن ئىنتايىن سول ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىدە ئەرز ئازلاپ كەتكەن. ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش تەكىتلەندى، بۇنىڭ بىلەن ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ھەل قىلىش ۋە سىياسەتلەر-

نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئەرزىيەت ئىشلىرى كۆپەيدى. 1979 — 1985 - يىلغىچە (1981 - يىلىنىڭ سانى كەم) شىنجاڭدىكى سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى 240 مىڭدىن ئارتۇق خەت - چەك قوبۇل قىلدى، 400 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1979 - يىلدىكىسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 38 مىڭ پارچە خەت - چەك، 96 مىڭ قېتىم ئادەم كەلگەن.

## 2 § . ئەدلىيە ستاتىستىكىسى

### 1. ئاپپارات ۋە خادىم

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئەدلىيە ستاتىستىكا خىزمىتىنى تەدرىجىي كۈچەيتتى، ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى مەخسۇس ستاتىستىكىچى قويۇپ ئۇنى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئەدلىيە ستاتىستىكا جەدۋىلىنى جەملەپ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە يوللاشقا ھەمدە جايلاردىكى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىنىڭ، ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل قىلدى. ۋىلايەتلەردىكى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار ۋە ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ ۋە باشقا ئەدلىيە مەلۇماتلىرىنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتىگە مەخسۇس ياكى قوشۇمچە خادىم بەلگىلىدى. 1955 - يىلى ئۆلكىلىك ئەدلىيە نازارىتى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ خىزمەت ئەدلىيە نازارىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1959 - يىلى ئەدلىيە نازارىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بۇ خىزمەت يەنە ئاپتونوم رايونلۇق (1955 - يىلى ئۆلكە ئاپتونوم رايونغا ئۆزگەرتىلدى) يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1980 - يىلى ئەدلىيە نازارىتى يېڭىۋاشتىن قۇرۇلۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە ستاتىستىكىسىنى جەملەش، تەكشۈرۈش ۋە بۇ ئىشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولدى. 1983 - يىلدىن باشلاپ ئەدلىيە ستاتىستىكا كەسپى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

### 2. خىزمەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1954 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتىنىڭ ئاساسى نىسبەتەن ئاجىز ئىدى، جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرى مەلۇماتنى چۈشۈرۈپ قويىدىغان، خاتا يوللايدىغان ۋە كېچىكتۈرۈپ يوللايدىغان ھادىسىلەر ئېغىر ئىدى. 1954 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئەدلىيە ستاتىستىكا يىغىنى ئاچتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئەدلىيە ستاتىستىكا خىزمىتىگە ئېتىبار بېرىدىغان بولدى، نەتىجىدە ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولارنى تىزىملاش كارتىسى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلدى. ستاتىستىكا خادىملىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى كۈچەيتىلدى، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنغان ستاتىستىكىلىق جەدۋەلنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى، ۋاقتىدا يوللىنىش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1956 - يىلى ئەدلىيە نازارىتى يەنە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 23 ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئەدلىيە ستاتىستىكا خىزمىتىنى كونكرېت تەكشۈردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى، بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ كەسپىي بىلىمى خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى

سوت مەھكىمىسى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ستاتىستىكا خادىملىرى يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا 1984 - يىل 12 - ئايلىق، 4 - پەسىللىك، يىللىق ستاتىستىكا مەلۇماتى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى؛ 1985 - يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى تارقاتقان 12 تۈرلۈك ستاتىستىكا جەدۋىلىنى تولدۇرۇش ئىشى ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر كونكرېت مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا ئەدلىيە ستاتىستىكا خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

1) ستاتىستىكا خادىملىرى خىزمەتكە بولغان شەرەپ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

2) ئەدلىيە ستاتىستىكا خادىملىرىنى ھەقىقىي ياخشى سەپلەش لازىم. ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرى مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ياكى ستاتىستىكىنى ئاساس قىلىدىغان قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى ستاتىستىكىچىلارنى سەپلىشى، ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرىدە كاتىپلار ئەدلىيە ستاتىستىكا خىزمىتىنى قوشۇمچە ئىشلىشى لازىم، شەرتكە لايىق كېلىدىغانلىرىغا سوت كەسپى بويىچە ئۇنۋان بېرىلسە بولىدۇ.

3) زۆرۈر بولغان ستاتىستىكا خىزمىتى تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. دېلو قوبۇل قىلىش، ئاياغلاشتۇرۇش ئىشىنى تىزىملاش تۈزۈمى ۋە مەلۇمات جەدۋىلىنى تەكشۈرۈش، باھالاش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرى ئارا ستاتىستىكا بويىچە مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. جەدۋەلنى ۋاقتىدا يوللىغانلارغا 30 نومۇر، مەلۇمات جەدۋىلىدىكى تۈرلەرنى تولۇق تولدۇرغانلارغا 20 نومۇر، توغرا، رەتلىك بولغانلىرىغا 40 نومۇر، رەھبەرلەر تەكشۈرگەنلىرىگە 10 نومۇر بېرىلدى. كۆرسىتىلگەن تەلەپلەرنى تولۇق ئورۇنلىغانلىرىنىڭ نومۇرى 100 بولدى. مەلۇم قىلىنغان جەدۋەللەرنى يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قايتا تەكشۈرۈپ، جەدۋەلدىكى خاتالىق كۆرۈلگەن تۈرلەرنى ئۇقتۇرۇش قەغىزىگە يېزىپ، ھەر ئايدا نومۇر قويۇپ، ئۇنى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىگە (بىۋاستە مەھكىمە باشلىقىغا) ئەۋەتىپ بەردى. يىل ئاخىرىدا ئومۇمىي جەھەتتىن باھالاپ ئېرىشكەن نومۇرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ، ئىلغارلار باھالاپ چىقىلدى. ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ رەھبىرى ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خاتالىق ئەھۋالىنى ستاتىستىكىچىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ، رەھبەرلەر بىلەن ستاتىستىكىچىلارنىڭ شەرەپ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى.

4) ئەدلىيە ستاتىستىكىسىنى ئانالىز قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەدلىيە ستاتىستىكىسىنى سوت خىزمىتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك.

5) بۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى بىر قېتىم ئەدلىيە ستاتىستىكا خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە ستاتىستىكىسى بويىچە مەلۇمات جەدۋىلىنى يىغىندا تەكشۈرۈش، يىغىندا تۈزۈش كېرەك.

## § 3 . ئەدلىيە ئارخىپى

مىنگو دەۋرىدە يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدە ساقلانغان ئارخىپلار ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1972 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەردىكى

بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق دۈشمەنلەرنىڭ ۋە قورچاق ھاكىمىيەت خادىملىرىنىڭ ئارخىپىنى ئېنىقلاش ئىشخانىسىنىڭ بىر تۇتاش بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىيىتى، تۈرمە مەمۇرىيىتى، ھەق تەلەپ مەمۇرىيىتى ۋە جىنايى ئىشلار مەمۇرىيىتىگە دائىر ئارخىپ جەمئىي 71 خالتا، 354 باغلام ئىدى. 1950 — 1985 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى باشقۇرغان ئارخىپلار: سوت دېلولىرى ئارخىپى 13 مىڭ 873، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئارخىپ 11 مىڭ 515؛ ھەق تەلەپكە مۇناسىۋەتلىك ئارخىپ 2316؛ ئىقتىسادىي دېلوغا مۇناسىۋەتلىك ئارخىپ 42. 1950 — 1969 - يىلىغىچە بولغان ئەدلىيە مەمۇرىيىتىگە دائىر ھۆججەت ئارخىپىدىن 1999ى ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن باشقا 1970 — 1985 - يىلىغىچە بولغان ئەدلىيە مەمۇرىيىتىگە دائىر 1870 ھۆججەت ئارخىپى يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئارخىپ ئىشخانىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

1950 - يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلۇش بىلەن تەڭلا ئارخىپ ئىشخانىسى قۇرۇلدى ھەمدە مەخسۇس ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملار سەپلىنىپ، ئازادلىقتىن كېيىن سوت قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى، ھەق تەلەپ دېلولىرى ۋە ئىقتىسادىي دېلو ئارخىپلىرى ۋە مەمۇرىيەتكە دائىر ھۆججەتلەر، ئەدلىيە ستاتىستىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار قاتارلىق كۆپ مىقداردىكى ماتېرىيال توپلاندى ۋە ساقلاندى؛ مۇناسىپ ئارخىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «ھۆججەتلەرنى ئارخىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەشكىلىي شەكلى ۋە ئارخىپلاشتۇرۇلىدىغان ھۆججەتلەرنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى»نى ئالساق، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش تارماقلىرىنىڭ ئارخىپلاشتۇرۇش تۈزۈمى، كوللېگىيە، باشقارما، ئىشخانىلارنىڭ ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلغۇچى خادىملىرى (كاتىپلىرى) ئارخىپ خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدىغانلىقى، تەشكىلىي ئاپپاراتلار بويىچە تۈرگە ئايرىش، ئارخىپلارنى تۈرگە ئايرىش، ساقلاش مۇددىتىنى توغرا ئايرىش، تۈرگە ئايرىپ توپلەش، قەرەللىك ھالدا ئارخىپ ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇش، بىر تۇتاش باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

يۇقىرىقىدەك قېلىپلاشقان تەرتىپلەرنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى بىلەن سوت مەھكىمىسىنىڭ ئارخىپ خىزمىتى مۇكەممەللەشتى. 1980 - يىلىدىن كېيىن ئارخىپ ئىشخانىسىغا 2 خادىم سەپلەندى، ئۇنىڭ بىرى دەۋا ئارخىپىنى، يەنە بىرى ھۆججەتكە دائىر مەمۇرىي ئارخىپنى باشقۇردى. 100 كۋادرات مېتىرلىق ئارخىپ ئۆيى تەييارلىنىپ، ئارخىپ كۆرۈش، باشقۇرۇش، ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاندى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئارخىپ ئىشخانىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئارخىپ تەكشۈرۈشتە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

# قوشۇمچە

# بىرىنچى، قانۇن - نىزاملار

## 1. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خىيانەتچىلەرنى جازالاش ۋاقىتلىق نىزامى

(غەربىي شىمال ئارمىيە - مەمۇرىي كومىتېتى 1951 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تەستىقلاپ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى، 1951 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى)

1 - ماددا  بۇ نىزام دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، خىيانەتچىلەرنى تازىلاش، خەلق ئۈچۈن پاك، ئاددىي - ساددا مۇلازىمەت قىلىشتەك ئىنقىلابىي خىزمەت ئىستىلىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، خەلق سىياسىي كېڭەشى ئورتاق پروگراممىسىنىڭ 18 - ماددىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن ھەمدە ئۆلكىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

2 - ماددا  ئومۇمەن ھەربىيلەر، مەمۇرلار، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ خىزمەتچىلىرى ياكى مۇلازىمەت كوپېراتىپلىرى، مەكتەپلەر ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ خادىملىرىدىن خىيانەتچىلىك قىلمىشى سادىر قىلغانلىرى تەكشۈرۈپ راستلىقى ئىسپاتلانسا، مۇشۇ نىزام بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن خادىملاردىن باشقا كىشىلەردىن خىيانەتچىلىك قىلمىشى بارلىرىغا تەكشۈرۈپ راستلىقى ئىسپاتلانسا، قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ تېگىشلىك جازا بېرىلىدۇ.

3 - ماددا  تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە خىيانەتچىلىك جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ:

(1) شەخسىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئومۇمنىڭ مۈلكىنى كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلغان، باشقا نام بىلەن ئېلىۋالغان، قىسىپ قالغان، تۇتۇۋالغان، ئالماشتۇرۇۋالغان شۇنداقلا ئىشلىتىۋالغانلار.

(2) ئومۇمنىڭ مۈلكى بىلەن سودا قىلغانلار ياكى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش داۋامىدا قاقتى-سوقتى قىلغانلار.

(3) خىزمەت ۋەزىپىسىدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئومۇمنىڭ مۈلكىنى ئوغرىلىۋالغان ياكى ئىگىلىۋالغانلار.

(4) قانۇنسىز باج ئېلىپ ۋە ئىئانە توپلاپ، چۆنتىكىنى تولدۇرغانلار ياكى باج ئېلىش ۋە ئىئانە توپلاش داۋامىدا قاقتى - سوقتى قىلغانلار.

(5) خىزمەت ۋەزىپىسىدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باشقىلارنىڭ پۇل ۋە مېلىنى قاقتى-سوقتى قىلغانلار.

(6) خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ پارا قوبۇل قىلغانلار ياكى باشقا بىنورمال مەنپەئەتلەرگە ئېرىشكەنلەر.

(7) بىۋاستە باشقۇرىدىغان ياكى نازارەت قىلىدىغان ئىشلاردا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق مەنپەئەتكە ئېرىشكەنلەر.

(8) خىيانەتكە ياتىدىغان باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلار.

4 - ماددا ئومۇمەن يۇقىرىقى تارماقلاردا كۆرسىتىلگەن قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنىڭ خىيانەت سوممىسى ئېنىق چاغدىكى ئۇنىڭ مىقدارىغا سۇندۇرۇپ، تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ:

(1) ئۇنىڭغا سۇندۇرغاندا 1000 جىڭغا توشمىغانلىرىغا ئىككى ئايدىن يۇقىرى ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

(2) ئۇنىڭغا سۇندۇرغاندا 1000 جىڭدىن يۇقىرى 3000 جىڭغا توشمىغانلىرىغا بىر يىلدىن يۇقىرى بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

(3) ئۇنىڭغا سۇندۇرغاندا 3000 جىڭدىن يۇقىرى 7000 جىڭغا توشمايدىغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى سەككىز يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

(4) ئۇنىڭغا سۇندۇرغاندا 7000 جىڭدىن يۇقىرى 11 مىڭ جىڭغا توشمايدىغانلىرىغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى 12 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

(5) ئۇنىڭغا سۇندۇرغاندا 11 مىڭ جىڭدىن يۇقىرى بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى ئون بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

5 - ماددا خىيانەت قىلغانلاردىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلگەنلىرىگە ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلىدۇ:

(1) پۇلنى ئېلىپ قاچقانلار.

(2) ئاممىنىڭ كۆرەش مېۋىسىنى يەپ كەتكەنلەر.

(3) ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش پۇلى ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلىنى يەۋالغانلار.

(4) كوللېكتىپ خىيانەت قىلغانلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى.

(5) دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشىغا بىر قەدەر چوڭ زىيان سالغانلار.

(6) ئادەتلەنگەن جىنايەتچىلەر.

6 - ماددا خىيانەتچىلىك قىلغانلاردىن قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ھەمدە قوشۇمچە باشقا ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

7 - ماددا خىزمەت ۋەزىپىسىگە خىلاپلىق قىلىشنى شەرت قىلىپ، باشقىلاردىن پارە تەلەپ قىلغانلار ياكى باشقا بىنورمال مەنپەئەتكە ئېرىشكەنلەرگە بىر يىللىق تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى ئامما ئالدىدا تەنبىھ بېرىش جازاسى بېرىلدى.

8 - ماددا خىيانەت قىلىنغان مال - مۈلۈك ئومۇمنىڭ بولسا ئومۇمغا قايتۇرۇلىدۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى شەخسنىڭ بولسا، چەكلەنگەن بۇيۇملار ياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈلگەندە ئىشلىتىلگەن نەرسىلەر قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلىنغاندىن باشقىلىرى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن مال - مۈلۈكلەرنى قايتۇرالمىغانلار مۇناسىپ ھالدا تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىنىدۇ.

9 - ماددا مۇشۇ نىزامدا كۆرسىتىلگەن جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە جىنايىتىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ، ئايرىم ھالدا ياكى قوشۇمچە سىياسىي ھوقۇقىدىن ۋە ئالاھىدە كەسىپ بىلەن

شۇغۇللىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ مۇددىتى جىنايەتنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ.

10 - ماددا    بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلغۇچىلار قول ئاستىدىكىلەرنىڭ خىيانەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى دەلىل - ئىسپاتنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئالسا ياكى پاش قىلمىسا، قوشۇمچە جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

11 - ماددا    ئومۇمەن باشقىلار پاش قىلغانلاردىن خىيانەتچىلىكى ئىسپاتلانسا، پاش قىلغۇچىغا مۇۋاپىق مۇكاپات بېرىلىدۇ.

12 - ماددا    بۇ نىزامنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە بولىدۇ.

13 - ماددا    بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلىدۇ.

## 2. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيە-تىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى تولۇقلىما بەلگىلىمىسى

(1980 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

1 - ماددا    بۇ بەلگىلىمە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى نىكاھ قانۇنىنىڭ 36 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئالاھىدە بېكىتىلدى.

2 - ماددا    ئوغۇللار 20 ياشتىن بۇرۇن، قىزلار 18 ياشتىن بۇرۇن نىكاھلانسا بولمايدۇ.

3 - ماددا    جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى نىكاھ قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۈچ ئەۋلاد ئىچىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلارنىڭ نىكاھلىنىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

4 - ماددا    تۇل ئاياللارنىڭ قايتا نىكاھلىنىش ئەركىنلىكى بولىدۇ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ھەرقانداق باھانە - سەۋەب بىلەن ئۇنىڭغا ئارىلىششىغا بولمايدۇ.

5 - ماددا    نىكاھ سودىسى قىلىش ۋە نىكاھتىن پايدىلىنىپ مال - مۈلۈك ئۇندۇرۇۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

6 - ماددا    نىكاھلانغاندا ۋە نىكاھتىن ئاجراشقاندا چوقۇم قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتەش شەرت. بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپكە ئاغزاكىي ياكى يېزىق ئارقىلىق ئۇقتۇرۇش قىلىپ نىكاھتىن ئاجرىشىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

7 - ماددا    دىنىنىڭ نىكاھ، ئائىلە ئىشلىرىغا ئارىلىششى مەنئى قىلىنىدۇ. دىنىي مۇراسىمنى نىكاھ ئورنىغا تۇرغۇزۇش مەنئى قىلىنىدۇ.

8 - ماددا    نىكاھ يېشىغا يەتمىگەن ئوغۇل - قىزلارغا ئالدىن چاي ئىچۈرۈپ قويۇش مەنئى قىلىنىدۇ.

9 - ماددا    ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت تەشەببۇس قىلىنمايدۇ، شەخسلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت بويىچە ئىش كۆرۈشى ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ.

10 ـ ماددا بۇ بەلگىلىمە ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگىلا تەدبىقلىنىدۇ.

11 ـ ماددا ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئاھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى شۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى نىكاھ قانۇنى ۋە مەزكۇر بەلگىلىمىدىكى پرىنسىپ بويىچە بەزى جانلىق ياكى تولۇقلىما بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلاپ يولغا قويۇشىغا يوللىسا بولىدۇ.

12 ـ ماددا بۇ بەلگىلىمە 1981 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى نىكاھ قانۇنى بىلەن تەڭ يولغا قويۇلىدۇ

## 3. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا دائىر قوشۇمچە بەلگىلىمىسى»نىڭ 9 ـ ماددىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى

(1983 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ماقۇللاندى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ يىغىنىدا قاراپ چىقىش ئارقىلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا دائىر قوشۇمچە بەلگىلىمىسى»نىڭ 9 ـ ماددىسىدىكى «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت تەشەببۇس قىلىنمايدۇ. شەخسلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش ـ قويماسلىقى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ» دېگەننى «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلىدۇ، لېكىن تەشۋىق تەربىيىنى كۈچەيتىش، پائال تۈردە شەرت ـ شارائىت ھازىرلاش، پەيدىنپەي يولغا قويۇش لازىم. خەنزۇلارغا قارىتا يولغا قويۇلىدىغان پىلانلىق تۇغۇت بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا يولغا قويۇلىدىغان پىلانلىق تۇغۇت پەرقلىق بولۇشى لازىم. خەنزۇلارغا قارىتا قاتتىقراق ئىگىلىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا كەڭرەك ئىگىلىنىدۇ» دېگەنگە ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى.

# ئىككىنچى، تۈزۈم

1985 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى مەھكىمە ئىشلىرى يىغىنى ۋە پارتگورۇپپا يىغىنى ئېچىپ، مەھكىمە باشلىقى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى ۋە ئىچكى قىسمىدىكى تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى ۋە باشقا تۈزۈملەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى.

## 1. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى باشلىقىنىڭ ۋە تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى

### 1) يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى

(1) مەھكىمە باشلىقى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئومۇمىي خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ؛ سىياسەت، قانۇنلارنى ئىگىلەيدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ؛ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، سوت خىزمىتى ۋەزىپىلىرى ۋە باشقا خىزمەت ۋەزىپىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

(2) مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى مەھكىمە باشلىقىنىڭ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا ھەمكارلىشىدۇ. مەھكىمە باشلىقى ۋە مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان خىزمەتلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن چىڭ تۇتۇشى لازىم.

(3) مەھكىمە باشلىقى ياكى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى سوت ھەيئىتىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچىدۇ. ئۇلار سوت ھەيئىتىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سۇنۇلغان دېلولارنى مۇزاكىرە قىلغاندا پاكىت ئوتتىكىلى ۋە جىنايەت بېكىتىپ جازا ئۆلچەش ئۆتكىلىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئىگىلىشى، خاتا دېلولارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشى لازىم. ئومۇمەن سوت ھەيئىتىدە مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىلگەن دېلولاردا خاتالىق كۆرۈلۈپ قالسا، ئۇنىڭغا سوت ھەيئىتى جاۋابكار بولىدۇ.

(4) مەھكىمە باشلىقى ياكى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى مەھكىمە ئىشلىرى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، مۇزاكىرە ئارقىلىق قارار چىقىرىدۇ ھەمدە قارارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەكشۈرىدۇ.

(5) مەھكىمە باشلىقى ياكى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى مەھكىمە خادىملىرىنىڭ يىغىنلىرىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچىدۇ، يىغىندا مەھكىمە باشلىقى دوكلات بېرىدۇ، خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەيدۇ، ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، يولىيورۇق ۋە ھۆججەتلەرنى يەتكۈزىدۇ.

(6) مەھكىمە باشلىقى ۋە مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى ئىش تەقسىماتى بويىچە، ھەر يىلى تىپىك دېلولارنى ئۆزلىرى بىۋاستە ئىشلەپ، سوت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەيدۇ ھەمدە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

(7) مەھكىمە رەھبەرلىرى سوت نازارەتچىلىكىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ، سوت خىزمىتىدىكى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، سوت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، دېلو سۈپىتىنى ئۆستۈرىدۇ.

(8) مەھكىمىدىكى كادىر - ساقچىلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كادىرلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ.

(9) چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئاممىا بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىنى تۇرۇم بويىچە نۆۋەت بىلەن كۈتۈۋالىدۇ؛ پىلانلىق تۈردە ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، خىزمەت تەكشۈرۈپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ.

(10) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ

پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر قايسى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىتىدۇ.

(11) پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىدۇ.

## 2) ئىشخانىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى

(1) تۈرلۈك ھۆججەتلەر، مەخپىي، مۇھىم تېلېگراممىلارنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ھۆججەتلەرنى بېسىش، كۆپەيتىش، ئىمزا قويغۇزۇش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

(2) مەھكىمىنىڭ ئارخىپلىرىنى قوبۇل قىلىش، ساقلاش، رەتلەش، تۈپلەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىشلىرىغا ۋە جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ نازارەتچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

(3) ئورگاننىڭ مەخپىيەتلىك ساقلاش - باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، ئورگاننىڭ نۆۋەتلىشىپ دېجورنىلىق قىلىش تۈزۈمىنى كۈچەيتىدۇ.

(4) كىتاب، ماتېرىيال ۋە گېزىت - ژۇرناللارغا يېزىلىش ۋە ئارىيەتكە بېرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

(5) ھۆججەتلەر، دوكلاتلار، قىسقا خەۋەرلەر، دەۋا ھۆججەتلىرى، تۈپلام ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ يۇقىرىغا يوللاش ۋە تۆۋەنگە تارقىتىش، يىغىنلاردا ئېغىز تەرجىمانلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

(6) ئەرزىيەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتى ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

(7) ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىش، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

(8) قانۇن دوختۇرلۇق - تېخنىكىلىق خىزمەتلەرنى باشقۇرۇپ، سوت خىزمىتىگە تېخنىكىلىق ياردەم بېرىدۇ؛ كەسپىي تارماقلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سوت خىزمىتىگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئۈنئالغۇغا ۋە سۈرەتكە ئالىدۇ، جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇن دوختۇرلىرىغا ۋە تېخنىكا خادىملىرىغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

(9) ئەدلىيە ساقچىلىرىنى باشقۇرۇش، تەربىيىلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كەسپىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش، دېجورنىلىق قىلىش، سوتخانىدا پوست تۇرۇش، ئورگاننىڭ ۋە سوتخانىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

(10) مەھكىمىنىڭ مەمۇرىي كەسپىي راسخوتىنى چىقىم قىلىش، ئىشلىتىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. ئورگاننىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ (مەسىلەن: ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى باشقۇرۇش، ئۆيلەرنى رېمونت قىلدۇرۇش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، سۇ - توك، پار بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئىشخانىغا لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ۋە تەمىنلەش قاتارلىقلار).

(11) مەھكىمىنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش، رېمونت قىلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش، شوپۇرلارنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولىدۇ.

(12) ئورگان خىزمەتچىلىرىنى پاراۋانلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە ئورگان مۇلازىمەت شىركىتىنى باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ.

(13) كەسپىي ئارماقلارغا تەۋە بولمىغان باشقا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

3) جىنايى ئىشلار 1 ـ سوت كوللېگىيىسىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى

(1) قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مەھكىمىمىزنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە كىرىدىغان 1 ـ سوت جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قاراپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

(2) ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە مەھكىمە، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى شۆبە مەھكىمىسىنىڭ ۋە ئۈرۈمچى تۆمۈريول سوت مەھكىمىسى، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ، قاراماي شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى، شىخەنزە شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى قاتارلىقلارنىڭ 1 ـ سوت نارازىلىق ئەرز دېلولىرى، ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن ۋە قايتا قاراپ چىقىلىدىغان دېلولىرىنى باشقۇرىدۇ (شۆبە مەھكىمىگە قاراشلىق ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا).

(3) تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

(4) ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى تاپشۇرغان 1 ـ سوت جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولىدۇ.

(5) شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى يوللىغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ سوت سۈرۈكىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى دوكلاتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ ھەمدە رەسمىيەت بېجىرىدۇ.

(6) تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بېجىرىشتە كونكرېت دېلولارغا چېتىلىدىغان سىياسەت، قانۇنلارنى تەتبىقلاشقا دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتلىرىغا جاۋاب بېرىدۇ.

4) جىنايى ئىشلار 2 ـ سوت كوللېگىيىسىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى

(1) جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 149 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئالدۇرۇپ قاراپ چىقىدۇ.

(2) مەھكىمىمىزدە 2 ـ سوت قىلىنغان، قايتا قاراپ چىقىلغان دېلولاردىن ھەقىقەتەن خاتالىق بار دەپ قارالغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قايتا قاراپ چىقىدۇ؛

(3) ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن دېلولاردىن جازاسى كېمەيتىلىدىغانلىرىنى قاراپ چىقىدۇ.

(4) قوشۇمچە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان دېلولارنى قاراپ چىقىدۇ.

(5) تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار ئىلتىماسەن ئەرز خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

(6) تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىپ، ئىلتىماسەن ئەرز قىلىنغان دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتلەردىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەيدۇ.

(7) تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ كونكرېت جىنايى ئىشلار ئىلتىماسەن ئەرز دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا يولۇققان سىياسەت ـ قانۇن مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتلىرىغا جاۋاب بېرىدۇ.

(8) سوت نازارەتچىلىكى تەرتىپى بويىچە ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن دېلولارنى باشقۇرىدۇ.

### 5) ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى

(1) قانۇن - بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مەھكىمىمىز تەۋەلىكىدىكى 1 - سوت ھەق تەلەپ دېلولىرىنى باشقۇرىدۇ.

(2) ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسى، بىڭتۈەن شۆبە سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋە ھەر قايسى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىنىڭ، قاراماي شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى، شىخەنزە شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ 1 - سوت ھۆكۈم، كېسىملىرىگە قايىل بولماي نارازىلىق ئەرز قىلغان 2 - سوت ھەق تەلەپ دېلولىرىنى باشقۇرىدۇ.

(3) يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى ھەق تەلەپ ئىلتىماس ئەرز دېلولىرىنى ۋە ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرى يوللىغان ھەق تەلەپ ئىلتىماسەن ئەرز دېلولىرىنى باشقۇرىدۇ.

(4) تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ چەت ئەلگە چېتىشلىق ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بېجىرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، چېگرا سىرتىغا تارقىتىلىدىغان قانۇن ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تارقىتىدۇ.

(5) تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بېجىرىشتە سىياسەت-قانۇنلارنى تەتبىقلاشتا يولۇققان مەسىلىلەر توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتىغا جاۋاب بېرىدۇ.

(6) ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ، ھەق تەلەپ سوت خىزمىتىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەيدۇ.

(7) شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەق تەلەپ سوت خىزمىتىگە قارىتا نازارەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

(8) ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر تاپشۇرغان ھەق تەلەپ سوت خىزمىتىگە ئائىت ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

(9) شىنجاڭدىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مۇرەسسە تەشكىلاتلىرىنىڭ كەسپىگە يېتەك-چىلىك قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

(10) ھەق تەلەپ دېلولىرىغا دائىر ئىلتىماسەن ئەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ ۋە قانۇنغا ئائىت سوئاللارغا، خەت - چەكلەرگە، ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرگە جاۋاب بېرىدۇ.

(11) شىنجاڭدىكى خەلق سوتلىرىنىڭ كەسپىي خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

### 6) ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى

(1) مەھكىمىمىز 1 - سوت قىلىدىغان تۆۋەندىكى ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى باشقۇرىدۇ: 1. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە چوڭ سىياسىي تەسىرى بار دېلولار؛ 2. ئەرز سوممىسى 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان دېلولار؛ 3. دەۋالاشقۇچىلاردىن بىر تەرەپ ياكى ئىككىلا تەرەپ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى كېسىم ئورگانلىرىنىڭ كېسىمىگە قايىل بولمىغان، تالاش - تارتىش قىلغان مال - مۈلۈكنىڭ سوممىسى (باھاسى) 1 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولغان دېلولار ياكى ئاپتونوم رايونلۇق كېسىم ئورگانلىرىنىڭ كېسىمىگە قايىل بولماي، قانۇن بويىچە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىنغان دېلولار؛ 4. تۆلەم سوممىسى 500 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغان ئىقتىسادىي تۆلەم ماجىراسى دېلولىرى؛ 5. دەۋالاشقۇچىلار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قايىل بولماي، قانۇن بويىچە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان ئىقتىسادىي مەمۇرىي دېلولار؛ 6. شۆبە سوت مەھكىمىلىرى، ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرى

مەھكىمىمىزگە يوللىغان 1 - سوت دېلولىرى؛ 7. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بەلگىلەپ بەرگەن ياكى تاپشۇرغان دېلولار.

(2) شۆبە سوت مەھكىمىلىرى، ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرى نارازىلىق ئەرز تەرتىپى بويىچە مەھكىمىمىزگە يوللاپ بەرگەن 2 - سوت ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى باشقۇرىدۇ: 1. چەت ئەلگە چېتىشلىق دېلولار؛ 2. شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارغا ۋە ئۇلارنىڭ كارخانا، تەشكىلاتلىرىغا چېتىلىدىغان دېلولار؛ 3. ئەرز سوممىسى 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 1 مىليون يۈەندىن تۆۋەن بولغان دېلولار؛ 4. تۆلەم سوممىسى 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولغان ئىقتىسادىي تۆلەم ماجىراسى دېلولىرى؛ 5. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قايىل بولماي، قانۇن بويىچە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىنغان ئىقتىسادىي، مەمۇرىي دېلولار؛ 6. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 1 - سوت قىلغان پاتېنت ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلولىرى؛ 7. شۆبە سوت مەھكىمىلىرى، ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوت قىلغان باشقا دېلولار.

(3) قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈم - كېسىملەر ئۈستىدە ئىلتىماسەن ئەرز قىلىنغان دېلولارنى باشقۇرىدۇ.

(4) تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىنى تەكشۈرىدۇ، سوت نازارەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

(5) تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەيدۇ ۋە ئالماشتۇرىدۇ.

(6) تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سوتقا دائىر سىياسەت، قانۇنلار ئۈستىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتىغا جاۋاب بېرىدۇ.

(7) ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرى مەھكىمىمىزنىڭ قاراپ چىقىشىغا يۆتكەپ بەرگەن ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

(8) ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىغا مۇناسىۋەتلىك خەت - چەكلەرنى ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

### 7) تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى

(1) مەھكىمىمىزنىڭ سوت خىزمىتى پىلانى، خۇلاسىسى، دوكلاتى قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ھۆججەتلىرىنى تەييارلايدۇ.

(2) مەھكىمىمىزنىڭ ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دېلولارنى سوت قىلىشتا سىياسەت - قانۇنلارنى تەتبىقلاش داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، جاۋاب بېرىش پىكرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىدىن يوليورۇق سوراش پىكرىنى تەييارلايدۇ.

(3) تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ ۋە ئىقتىسادىي سوتقا دائىر سىياسەت - قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ۋە تەكشۈرۈپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەيدۇ، خىزمەتلەرنى ياخشىلاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

(4) «سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن قىسقا خەۋەرلەر»، «سوت مەھكىمىسى ئەھۋالىدىن ئىنكاس» قاتارلىقلارغا ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇنى تەھرىرلەشكە مەسئۇل بولىدۇ.

(5) «سوت كەسپىي ماتېرىياللىرى (ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە)»، «ئەدلىيە قوللانمىسى»، «خەلق ئەدلىيىسى (ئۇيغۇرچە)» قاتارلىقلارنى چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى سوت كادىرلىرىنىڭ كەسپىي ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

(6) دۆلەتنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى تۈزگەن قانۇن، پەرمان ۋە نىزاملىرى ئۈستىدە تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بېرىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئالاقىدار كوللېگىيە، باشقارمىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ بېجىرىدۇ.

(7) شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە ستاتىستىكا جەدۋەللىرىنى جەملەيدۇ ۋە بۇ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

(8) مەھكىمىمىز سوت ھەيئىتى يىغىنلىرىنى تەشكىللەش ۋە خاتىرىلەش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

(9) ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ جەمئىيەتكە قارىتىلغان قانۇن تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرىدۇ، قانۇنشۇناسلىق بويىچە ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ؛

(10) مەھكىمە رەھبەرلىرى تاپشۇرغان باشقا ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىدۇ.

## 8) كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى

(1) كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋە ئالاقىدار ۋىلايەتلىك پارتكوملارغا ھەمكارلىشىپ، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى، قىسمەن ۋىلايەتلەردىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى كوللېگىيىلىرىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى، سوتچىلىرىنى، سوت ھەيئىتى ئەزالىرىنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىنى باشقۇرىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ؛ ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش دوكلاتلىرىنى يوللاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

(2) مەھكىمىمىز ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى تەڭشەش، سىناش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، مۇكاپاتلاش، جازالاش، ئۆستۈرۈش ۋە كادىرلار ئارخىپىنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

(3) شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خادىملار شتاتى، كۆرسەتكۈچ تەقسىملەش ۋە كادىرلار ستاتىستىكا خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ.

(4) شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇن ساقچىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

(5) شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئاپپارات تەسىس قىلىش، خەلق سوتلىرىنى قۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ.

(6) مەھكىمىمىز ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

(7) مەھكىمىمىز ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەمگەك - ئىش ھەققى، داۋالىنىش، قان تەقدىم قىلىش، پاراۋانلىق - ياردەم، پىلانلىق تۇغۇت، رۇخسەت سوراش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ.

(8) مەھكىمىمىز ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىقىش، خىزمەتتىن چېكىنىش، پېشقەدەم كادىرلار، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ.

(9) مەھكىمىمىزنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

9) مالىيە، قورال - جابدۇق باشقارمىسى (ئەدلىيە مەمۇرىي باشقارمىسى) نىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى

(1) شىنجاڭدىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئەدلىيە كەسپىي راسخوتىغا مەسئۇل بولىدۇ.

(2) مەھكىمىمىزنىڭ ۋە بىڭتۇەندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مەمۇرىي راسخوتىنىڭ خامچوتى ۋە نەقچوتىنى تەكشۈرۈش، دوكلات قىلىش ۋە پۇل ئاجرىتىش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ.

(3) ناھەق تۇرمىدە ياتقانلارغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇلنى تەكشۈرۈش، بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ.

(4) ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوتخانا، خەلق سوتى قۇرۇلۇشىغا كېتەرلىك راسخوتلارنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش ۋە تەقسىم قىلىش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ.

(5) شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قاتناش قورالى، قورال - ياراغ، ئوق - دورىلىرى ۋە كادىر - ساقچىلارنىڭ كىيىملىرىنى باشقۇرىدۇ ۋە تارقىتىپ بېرىدۇ.

(6) ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە كېرەكلىك بولغان چوڭ تىپتىكى تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە تارقىتىپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ.

(7) ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ كەسپىي خىراجىتىنىڭ چىقىم قىلىنىش ۋە ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.

(8) ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوتخانا قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

(9) رەھبەرلەر تاپشۇرغان باشقا ئىشلارنى بېجىرىدۇ.

## 2. مەھكىمە مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى تۈزۈمى

مەھكىمە مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى ئادەتتە ھەپتىدە بىر قېتىم ئېچىلىدۇ، جىددىي مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىنىدىغان مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئېچىلسا بولىدۇ. يىغىنغا مەھكىمە باشلىقى ياكى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، ھەر قايسى كوللېگىيە، باشقارما، ئىشخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتنىشىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا مۇناسىۋەتلىك خادىملار سىرتتىن قاتناشتۇرۇلىدۇ.

يىغىن مەزمۇنى:

1) يۇقىرىنىڭ ئالاقىدار يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزۈش، قانداق ئىجرا قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش.

2) خىزمەت پىلانى ۋە خىزمەت خۇلاسىسىنى مۇزاكىرە قىلىش، كوللېگىيە، باشقارما، ئىشخانىلارنىڭ خىزمەت پىلانى ۋە خۇلاسىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش؛ تارماقلاردا ساقلانغان مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىش.

3) مەھكىمىمىزنىڭ باشقۇرۇشىدىكى خامچوت ۋە نەقچوتلارنى، راسخوتلارنىڭ چىقىم قىلىنىش ئەھۋالى ۋە مۇھىم ئەشيالارنىڭ تەقسىم قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش.

4) مەھكىمىمىزنىڭ تۈرلۈك تۈزۈملىرىنى بېكىتىش ۋە تۈزىتىش.

5) مەھكىمە رەھبەرلىرى مەھكىمە مەمۇري ئىشلار يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش زۆرۈر دەپ قارىغان ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىش.

يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنغان مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىلىشى ھەمدە قارارنى ئىجرا قىلغۇچى ۋە ئىجرا قىلىش مۇددىتى بېكىتىلىشى، قارارلارنىڭ ئىجراسىغا ئىشخانا مەھكىمە رەھبەرلىرىگە ھەمكارلىشىپ ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

## 3. سوت ھەيئىتى يىغىنى تۈزۈمى

سوت ھەيئىتى يىغىنى پرىنسىپ جەھەتتە ھەپتىدە ھەپتىدە ئىككى قېتىم (سەيشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى چۈشتىن ئاۋۋال) ئېچىلىدۇ. ئەھۋالغا قاراپ كۆپەيتىشكىمۇ، ئازايتىشقىمۇ بولىدۇ. يىغىنغا مەھكىمە باشلىقى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى قاتنىشىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا باش تەپتىشنى، ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى سىرتتىن قاتناشتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئەزالارنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقى قاتناشقاندا ئاندىن سوت ھەيئىتى يىغىنى ئېچىشقا بولىدۇ. بىر تەرەپ قىلىشتا دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىدۇ. ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنىدۇ. ئەمما ئازچىلىق كىشىلەر ئۆز پىكرىدە قالسا بولىدۇ.

سوت ھەيئىتىگە قوشۇمچە كاتىپتىن بىرى قويۇلۇپ، سوت ھەيئىتىنىڭ ئالاقىدار ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنىدۇ، خاتىرىلەش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

يىغىننىڭ مەزمۇنى:

1) سوت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ شىنجاڭنىڭ سوت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش.

2) ئۆلۈم جازاسى، ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن دېلولارنى ۋە چوڭ ياكى چىگىش دېلولارنى مۇزاكىرە قىلىش.

3) سوت خىزمىتىگە ئالاقىدار چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىقلار.

سوت ھەيئىتىگە سۇنۇلغان مەسىلىلەر، دېلولار ۋە ماتېرىياللار ئۇيغۇر يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدا سۇنۇلىدۇ، پىكىر تەييارلاشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، يىغىندىن ئاۋۋال باستۇرۇپ ئەزالارغا تارقىتىپ بېرىلىشى لازىم.

## 4. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلولارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش چارىسى

(1982 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ھەيئىتىنىڭ 55 - قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)

1) بۇ چارە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»،

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، مەھكىمىمىزنىڭ سوت خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

2) سوت كوللېگىيىلىرى تەستىقلىتىدىغان دېلولارنى يوللىغاندا، كېڭەشمە سوتنىڭ كېڭەشمە پىكرىنى، سوت كوللېگىيىسىنىڭ تەكشۈرۈش پىكرىنى، ئەسلى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىغان خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ پىكرىنى بىرلىكتە مەھكىمە باشلىقى ياكى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرىغا يوللاش، ئۇنى مەھكىمە باشلىقى ياكى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا قاراپ تەستىقلىشى كېرەك.

3) تۆۋەندىكى دېلولارنى مەھكىمە باشلىقى ياكى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى تەستىقلايدۇ:

(1) شۆبە سوت مەھكىمىلىرى، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھۆكۈم قىلغان دېلولاردىن تەستىقلاشقا يوللىغان 2 - سوت دېلولىرى، كېڭەشمە سوت ۋە سوت كوللېگىيىسى ئەسلى ھۆكۈمدە ھەقىقەتەن خاتالىق بار دەپ قارىغاندا، ئەسلى سوت قىلغان خەلق سوت مەھكىمىسى پىكىر ئالغاندا ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىشكە قوشۇلغان دېلولار؛

(2) تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈم ۋەكېسىملىرىدە خاتالىق بارلىقى سېزىلگەن، ئالدۇرۇپ سوت قىلىنىدىغان ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە قايتا قاراشنى بۇيرۇيدىغان دېلولار؛

(3) مەھكىمىمىز تەستىقلىغان ياكى ھۆكۈم قىلغان دېلولاردىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق كېڭەشمە سوت، سوت كوللېگىيىسى بىردەك ئەسلى سوتنىڭ ھۆكۈمىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك دەپ قارىغان دېلولار؛

(4) ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن، جازاسى كېمەيتىلگەن دېلولار ياكى كوللېگىيە باشلىقى مەھكىمە باشلىقى ياكى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى تەستىقلايدۇ دەپ قارىغان باشقا دېلولار؛

4) مەھكىمە باشلىقى ياكى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى سوت ھەيئىتىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سالىدىغان دېلولار:

(1) ئۆلۈم جازاسى، ئۆلۈم جازاسى كېچىكتۈرۈلگەن دېلولار؛

(2) شۆبە سوت مەھكىمىلىرى ۋە ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھۆكۈم ۋە كېسىم قىلغان نارازىلىق ئەرز دېلولىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى ئېتىراز بىلدۈرگەن دېلولار؛

(3) مەھكىمىمىز سوت قىلغان بىرىنچى سوت دېلولىرى؛

(4) ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولار؛

(5) چەت ئەلگە چېتىلىدىغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى، ھەق تەلەپ دېلولىرى ۋە ئىقتىسادىي دېلولار؛

(6) ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە تەسىرى بار جىنايى ئىشلار دېلولىرى، ھەق تەلەپ دېلولىرى ۋە ئىقتىسادىي دېلولار؛

(7) شۆبە سوت مەھكىمىلىرى، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى يوللىغان جىنايى ئىشلارغا تەۋە دېلولار؛

(8) ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى تونۇلغان كىشىلەرنىڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرى، دەۋالاشقۇچىلىرى مۇئاۋىن ۋالىي دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ ھەق تەلەپ دېلولىرى؛

(9) ئەسلى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمىنى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بولۇپ مۇناسە-

ۋەتلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىشكە قوشۇلمىغان دېلولار؛

(10) 1980 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن، مەھكىمىمىزنىڭ ھۆكۈم ۋە كېسىملىرى قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان قايتا قارالغان دېلولاردىن خاتالىق بارلىقى سېزىلگەنلىرى؛

(11) ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تاپشۇرغان ياكى سۈرۈشتۈرگەن دېلولار؛

(12) شۆبە سوت مەھكىمىلىرى، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە مەھكىمىمىزنىڭ سوت كوللېگىيىلىرى سوت سۈرىكىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان دېلولار؛

(13) مەھكىمە باشلىقى ۋە مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى سوت ھەيئىتىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سۇنغان باشقا دېلولار؛

مەھكىمىمىزنىڭ سوت ھەيئىتىدە مۇزاكىرە قىلىنىغان دېلولارنىڭ قانۇن ھۆججەتلىرىنى مەھكىمە باشلىقى ياكى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ؛

5) كوللېگىيە باشلىقلىرى ۋە مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدىغان دېلولار:

(1) مەھكىمە باشلىقى ياكى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى تەستىقلىمايدىغان ۋە سوت ھەيئىتى مۇزاكىرە قىلمايدىغان دېلولارنى بىردەك كوللېگىيە باشلىقى ياكى مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ.

(2) مەھكىمە باشلىقى ۋە مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى زۆرۈر تېپىلغاندا كوللېگىيە باشلىقى ۋە مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقلىرى تەستىقلىسۇن دەپ ھاۋالە قىلغان دېلولارنى كوللېگىيە باشلىقلىرى ۋە مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ.

# ئۈچىنچى، 1986 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان چوڭ ئىشلار

## 1986 ـ يىلى

4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مەملىكەتلىك 6 ـنۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى» ماقۇللاندى. «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى» 1987 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، سوت كادىرلىرىنى ئۇنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى»نى ئۆگىنىش بويىچە بىر قارار كۇرس ئاچتى. جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەق تەلەپ ۋە ئىقتىسادىي سوت كادىرلىرىدىن 93 كىشى كۇرسقا قاتناشتى.

5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدە ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىشقا قوشۇلدى. 11 ـ ئايدا شۇ خىزمەتنى ئاپتونوم رايونلۇق

يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا (مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك) تەيىنلەندى.

6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىگە قارىتا سوپەت، ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي تەسىرگە تەڭ ئېتىبار بېرىشتىن ئىبارەت يېڭى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. دېلو بىجىرگۈچىلەر كەم بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، ئىچكى قىسمىدىن تەڭشەش ۋە ئاساسىي قاتلام خەلق سوتلىرىنىڭ ئاددىي ئىقتىسادىي دېلولارنى بىجىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

8 - ئايدا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ مىڭشەن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۇڭ جېنىنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەن، ئاقسۇ، بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سوت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

9 - ئايدا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جېڭ تيەنشياڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گاۋ يىڭكۇي قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەر، قىزىلسۇ، ئىلى، تۇرپان، سانجى، ۋۇجياچۈ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن تارماقلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ش پ (1986) 38 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 9 - ئايدىن باشلاپ سىياسىي قانۇن كادىر - ساقچىلىرى ئارىسىدا ئىنتىزام، ئىستىل تەربىيىسى ۋە تەرتىپكە سېلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. بۇ پائالىيەت شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى تاماملىنىپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بۇ قېتىمقى تەربىيەلەش، تەرتىپكە سېلىش پائالىيىتىدە قانۇن - ئىنتىزامنى بۇزۇش ھەرىكەتلىرى، ناتوغرا ئىستىللار ۋە خىزمەت ئىستىلى بوشاڭ بولۇشتەك گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. تەكشۈرۈلۈپ چىققان ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى تولۇق تولەپ بېرىش بويىچە بىر تەرەپ قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش تەپتىشى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ جيولىڭنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى قۇربان روزىنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا يۆتكىدى. سىياسىي قانۇن باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، پارتكومنىڭ ئەزاسى جولدى (موڭغۇل) نى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزالىقلىقىغا يۆتكىدى. نۇرىيوف ئەنۋەر پارتگۇرۇپپىنىڭ شۇجىلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىككىنچى سەپكە چېكىندۈرۈلدى. گاۋ يىڭكۇي پارتگۇرۇپپىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 - يىغىنىدا قۇربان روزى، جاڭ جيولىڭ ۋە جولدىلار ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. گاۋ يىڭكۇي مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوت جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 7501نى قوبۇل قىلىپ، 7225نى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى %96.3كە يەتكۈزدى. ئىككىنچى سوت جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 1725نى قوبۇل قىلىپ، 1638نى ئاياغلاشتۇردى، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىگە ئېغىر زىيان سېلىش، جەمئىيەت تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇشقا دائىر چوڭ، مۇھىم دېلولارنى تېز، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ كۈچىنى نامايەن قىلدى. ئالايلۇق، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلغان لىيۇ جۈنىنىڭ قورال-ياراق ئوغرىلاپ، ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈش، كۆپ پۇل بۇلاش، يەنە بىر شېرىكىنى ئۆلتۈرۈش دېلوسى؛ چى جىشىنىڭ خوتۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بولۇپ 5 ئادەمنى ئۆلتۈرۈش دېلوسى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى سوت قىلغان سوڭ تاۋنىڭ قوراللىق بانكا بۇلاش، ماشىنا بۇلاپ قېچىش ھەمدە ئوق چىقىرىپ ئادەم زەخمىلەندۈرۈش، تۇتۇشتا قارشىلىق كۆرسىتىش دېلوسى؛ يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلغان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچى شېڭ ۋېنشەن، جاڭ جۇڭشياڭلارنىڭ قاچقاندىن كېيىن بىر ئائىلىدىكى ئۈچ كىشىنى پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈش دېلوسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. بىر يىلدا 470 قېتىم ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلدى، سىرتتىن ئاڭلاشقا قاتناشقانلار 600 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلغان بىرىنچى سوت جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئىچىدە ئىقتىسادىي جىنايەتكە ياتىدىغىنى 1560 بولۇپ، ئۇنىڭدىن 1495ى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلدى. ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %95.8كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمنىڭ مال-مۈلكىنى ئوغرىلاش دېلوسى %47.8نى، خىيانەت دېلوسى %36.3نى، ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش دېلوسى %7.6نى، ھايانكەشلىك، ئەتكەسچىلىك، پارە بېرىش ۋە پارە ئېلىش، باج ئوغرىلاش ۋە باج تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلىش دېلوسى %8.3نى ئىگىلىدى. بىر يىل ئىچىدە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھۆكۈملىرى ئارقىلىق دۆلەت ۋە كوللېكتىپ 3 مىليون 910 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 32 مىڭ 818 نى (ئالدىنقى يىلدىكىدىن %14.5 ئارتۇق بولدى) قوبۇل قىلىپ 30 مىڭ 380نى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى %92.6كە يەتكۈزدى. ئىككىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 1472نى ئاياغلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئاددىي ھەق تەلەپ ماجىراسىدىن 12914نى بىر تەرەپ قىلدى. قوبۇل قىلغان بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسى %56.9نى، قەرز ئىشلىرى دېلوسى %16.7نى، ئۆي دېلوسى %3.8نى، مىراسخورلۇق دېلوسى %2.9نى، باشقا دېلولار %19.7نى ئىگىلىدى. ئاياغلاشتۇرۇلغان ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغىنى %79.4نى، سەييارە دېلو بېجىرىپ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە بىر تەرەپ قىلىنغىنى %20نى ئىگىلىدى.

شۇ يىلى جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى دېلو باھالاش پائالىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئىككى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇلارنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ بېجىرىلىش سۈپىتىنى تەكشۈردى ھەمدە ماتېرىيال تەييارلاپ چىقىپ ئاپتونوم

رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىگە تارقىتىپ بەردى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 ـ سوت
ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىدىن 14 مىڭ 29نى قوبۇل قىلىپ (ئالدىنقى يىلدىكىدىن %76.5
كۆپ بولدى)، 12 مىڭ 303نى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى %87.7كە يەتكۈز-
دى. ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولارنىڭ دەۋا نىشانىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 146 مىليون 475 مىڭ
يۈەن بولدى. ئاياغلاشتۇرۇلغان ئىككىنچى سوت ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسى 638 بولدى. جايلار-
دىكى سوت مەھكىمىلىرى ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى قاراپ چىقىش داۋامىدا، ئىقتىسادىي
توختاملاردىن پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق قىلغان، ھايانكەشلىك قىلغان جىنايەتچىلەرنى ۋاقتىدا
جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا
ئۆتكۈزۈپ بەردى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، ساۋەن،
شىخۇ قاتارلىق ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر ۋە ناھىيىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئىقتىسادىي سوت
خىزمىتىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئالاھىدىلىكلەرنى ئىگىلەپ، «ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنىڭ
ئىجراسىغا دائىر مەسىلىلەر»، «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي سوت خىزمىتىگە دائىر ئەھۋاللار-
دىن دوكلات»نى تۈزۈپ چىقىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سوت
خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى كونا تارىخىي
دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش، ئىلتىماسەن دېلولارنى بىرتەرەپ قىلىش، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈش خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردى. قايتا تەكشۈرۈلىدىغان دېلولار: ھەقىقەتكە
قايتقانلارنىڭ دېلولىرى؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇرۇن بىر تەرەپ قىلىنغان ئەكسىلئىن-
قىلابىي دېلولار ۋە باشقا سىياسىي دېلولار؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ھۆكۈم
قىلىنغان دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش داۋامىدىكى قالدۇق مەسىلىلەر. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم
رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى قايتا تەكشۈرۈلىدىغان 2076 دېلودىن
1658نى بىر تەرەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 1977 ـ ۋە 1978 ـ يىللىرى ھۆكۈم
قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى، شۇنىڭدەك «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا
قانۇنى» يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ھۆكۈم قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى (جۈملىدىن «قاتتىق
زەربە بېرىش»تىن بۇيان ھۆكۈم قىلىنغان دېلولار) دىن ئىلتىماس قىلىنغانلىرىنى قانۇندا بەلگە-
لەنگەن سوت نازارەتچىلىكى تەرتىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. بىر يىلدا يۇقىرىدا ئېيتىلغان
دائىرىگە كىرىدىغان جىنايى ئىشلار ئىلتىماسەن دېلوسىدىن 1445نى قوبۇل قىلىپ 1116نى
ئاياغلاشتۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھەق تەلەپ ئىقتىسا-
دىي ماجىرا ئىلتىماسەن دېلوسىدىن 578نى قوبۇل قىلىپ، 478نى بىر تەرەپ قىلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ بېكىتىلگەن شتاتى 234، ئەمەلىي
بار ئادىمى 236 بولدى.

## 1987 ـ يىلى

3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 25-
يىغىنىدا نۇرىيوف ئەنۋەرنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىش دوكلاتى ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايونلۇق

يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قۇربان روزى مەھكىمە باشلىقلىقىغا سايلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قۇربان روزى، مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن جاڭ جيۇلىڭ، ئابلىز قاسىم، دۇڭ جىن، جولدى (موڭغۇل) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى تەشكىللەندى. ئابلىز قاسىم مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، پارتگورۇپپىنىڭ ئەزالىقىنى داۋاملىق ئۆتىدى.

3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق شتات كومىتېتى «ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسى بىلەن جىنايى ئىشلار 3 ـ سوت كوللېگىيەسىنى كۆپەيتىپ قۇرۇش توغرىسىدا تەستىقىي جاۋاب»نى چۈشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدە مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسى بىلەن جىنايى ئىشلار 3 ـ سوت كوللېگىيىسىنى كۆپەيتىپ قۇرۇشقا قوشۇلدى. خادىملار شتاتى ئىلگىرى چۈشۈرۈلگەن شتات ئىچىدىن تەڭشىلىدۇ دەپ بېكىتىلدى. 4 ـ ئايدا مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسى بىلەن جىنايى ئىشلار 3 ـ سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە سوت مەھكىمە باشلىقلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن سۆھبەت يىغىنى، مەملىكەتلىك سوت مەھكىمىسى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قۇربان روزىنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سوت مەھكىمىلىرى يۈزلىنىۋاتقان ۋەزىيەت ۋە نۆۋەتتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىلەر» دېگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى؛ «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى. يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت دەپ ھېسابلاندى: 1. ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە داۋاملىق قاتتىق زەربە بېرىش، ئېغىر ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش تەرتىپىنى كاپالەتلەندۈرۈش؛ 2. ھەق تەلەپ، ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، خەلق سوتلىرىنى تولۇقلاش ۋە كۆپەيتىپ قۇرۇش، ئىجرا ئاپپاراتىنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەمۇرىي سوت خىزمىتىنى پائال، سالماق قانات يايدۇرۇش؛ 3. سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، شتات قوشۇپ خادىم كىرگۈزۈشتە ئاشكارە ئىمتىھان ئېلىش، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش چارىسىنى قوللىنىپ، قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 37 ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسىگە ھۆكۈم جاكارلىدى. ئاپتوبۇس ئۈستىدە ئادەم ئۆلتۈرگەن، شەھەردىكى ئاساسلىق كوچىلاردا لۈكچەكلىك قىلغان، خەلق مەيدانىدا ئاياللارغا نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلغان باش جىنايەتچى ۋۇ يۈڭجۈن، فېڭ خۇڭجۈن، سۈي جۈن قاتارلىق 12 قەبىھ جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىندى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوت جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 7568نى قوبۇل قىلىپ، 7378نى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياقلاشتۇرۇش نىسبىتىنى %97.5كە يەتكۈزدى. جىنايى ئىشلار ئىككىنچى سوت دېلوسى ۋە قايتا قارىلىدىغان دېلودىن 1902نى قوبۇل قىلىپ، 1839نى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى %96.7كە يەتكۈزدى. %98.7 جاۋابكارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈردى. ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمە-

لىرى «قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى» داۋامىدا، جازالاش بىلەن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، تۈرمىدىن قاچقان ۋە يېڭىۋاشتىن جىنايەت ئۆتكۈزگەن 859 جىنايەتچىگە قانۇن بويىچە ئېغىر ياكى ئېغىرلىتىپ جازا بەردى. لۈكچەك جىنايەتچى جالڭ جۇنخەيگە بىرىنچى سوتتا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭ ئىككىنچى سوتتا بىر قانچە جىنايەت دېلوسىنى پاش قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسىنى ئۆلۈمنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا ئۆزگەرتتى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە 35 جىنايەتچى ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. شىنجاڭ بويىچە تۈرمىدىن قاچقانلار ۋە يېڭىۋاشتىن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ نىسبىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.75% تۆۋەنلىدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى تۈرلۈك ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسىدىن 1414نى قوبۇل قىلىپ، 1380نى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى 97.6%كە يەتكۈزدى. ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئومۇمنىڭ مۈلكىنى ئوغرىلاش، ئىقتىسادىي توختامدىن پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق قىلىش، مەسئۇل خادىملار ۋە كەسپىي خادىملار ئىدارە نامىدا ھايانكەشلىك قىلىش، دۆلەت خادىملىرى خىزمەت ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ خىيانەت قىلىش، ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىۋېلىشقا ئوخشاش جىنايى قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە جازالىدى. خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ مال-مۈلۈكىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن دۆلەت ئورگىنىدىكى ۋە كارخانا كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچىلەرنى قانۇن بويىچە جازالىدى. خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ دۆلەتنىڭ 3 مىليون 300 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىقىنى بۇلغاپ 1 مىليون 600 مىڭ يۈەنلىك زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقتۇ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۇ يۈجىغا ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇنغا ئاساسەن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىق جىنايىتى بويىچە مۇددەتلىك ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بەردى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوت ھەق دېلوسىدىن 35 مىڭ 948نى قوبۇل قىلدى، بۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.54% كۆپ. بۇنىڭدىن 33 مىڭ 169نى ئاياغلاشتۇرۇپ ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى 92.27%كە يەتكۈزدى. ئاياغلاشتۇرغان ھەق تەلەپ ئىككىنچى سوت دېلوسى 1828 بولدى. سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلوسىدا، مۇرەسسە يولى بىلەن ئاياغلاشتۇرغىنى 73.45%نى، ئۆز جايىدىلا سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرغىنى 18.18%نى ئىگىلىدى. سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان دېلولار ئىچىدە نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسى 53.72%نى، قەرز دېلوسى 19.32%نى؛ ئۆي-جاي دېلوسى 3.1%نى؛ مىراسخورلۇق دېلوسى 2.33%نى، باشقىلىرى 21.53%نى ئىگىلىدى. پۇقرالارنىڭ سۈرەت، نام - شۆھرىتى قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ماجىرالار سوت مەھكىمىلىرىگە ئەرز قىلىنىشقا باشلىدى. يىل ئوتتۇرىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلگىرى - ئاخىر 5 خىزمەت گۇرۇپپىسىنى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، سوت خىزمىتىدىكى مەسىلىلەرگە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى ھەمدە جايلاردىكى ئۆي - جاي دېلولىرىنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوت ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىدىن 11 مىڭ 29نى قوبۇل قىلىپ، 9513نى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى 86.25%كە يەتكۈزدى. دەۋادىكى پۇلنىڭ سوممىسى 133 مىليون 60 مىڭ يۈەن

بولدى. ئىككىنچى سوت قىلىپ ئايىغلاشتۇرۇلغان دېلو 689 بولدى. ئىقتىسادىي سوت ئىقتىسادنى تەڭشەش ۋە كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىققان سەنشى يۇڭ ئۈچ زاۋۇتى سانجى ئىككىنچى يېنىك سانائەت ئىدارىسى تەمىنات ـ سودا شىركىتى ئۈستىدىن ئەرز قىلغان قوي يۇڭى سېتىۋېلىش توختامى دېلوسىدا، 1985 ـ يىلى دەۋاگەر تەرەپ 1 مىليون يۈەن پۇل ئەۋەتكەن، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى بولسا، مالنىمۇ سالمىغان، پۇلنىمۇ قايتۇرۇپ بەرمىگەن. يۇڭ ئۈچ زاۋۇتى ئىككى يىلدىن بېرى پۇلنى سۈيلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولمىغان، ئاقىۋەتتە كارخانا ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان. سوت مەھكىمىسى قوشۇمچە جاۋابكارلىقى بار ئىككىنچى يېنىك سانائەت ئىدارىسىنى جاۋابكار قاتارىغا قويۇپ، مۇرەسسە قىلىپ پۇلنى تولۇق سانى بويىچە قايتۇرغۇزۇپ، بىر كارخانىنى قۇتقۇزۇپ قالغان.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوت مەمۇرىي دېلودىن 90نى قوبۇل قىلىپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئامانلىق مەمۇرىي دېلوسى 50، باشقا مەمۇرىي دېلو 40)، 81نى ئايىغلاشتۇردى؛ ئىككىنچى سوت مەمۇرىي دېلوسىدىن 10نى قوبۇل قىلىپ 9نى سوت قىلىپ ئايىغلاشتۇردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدە ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تەڭرىتاغ رايونلۇق، سايباغ رايونلۇق، شىمىگو رايونلۇق ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە مەمۇرىي سوت كوللېگىيىلىرى قۇرۇلدى. ئىلى ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرى قاتارلىق جايلاردىكى 28 سوت مەھكىمىسىدە مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى. مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسىنى قۇرمىغان سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مەمۇرىي دېلولىرىنى ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىلىرى ۋە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرى مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ بىجىردى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 433 قېتىم ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، 1482 دېلودىكى 2365 ئادەمگە ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىندى. سىرتتىن ئاڭلاشقا قاتناشقان ئاما 800 مىڭ ئادەم (قېتىم)غا يەتتى. ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى يەنە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىش، تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى بېسىپ تارقىتىش ۋە گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، دېلوغا بىرلەشتۈرۈپ قانۇننى سۆزلەپ تەشۋىقات ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ مۇقىم ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ھۆكۈم قىلىنىپ قايتا تەكشۈرۈلمەي قالغان دېلولار ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن، بولۇپمۇ 1958 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـكەينىدە ھۆكۈم قىلىنغان ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئايىغلاشتى. شىنجاڭ بويىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن ھۆكۈم قىلىنغان ئەكسىلئىنقىلابىي دېلو ۋە باشقا دېلودىن 19 مىڭ 858ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىش نەتىجىسى مۇنداق: گۇناھسىز قىلىنغىنى 8154 بولۇپ 41.1%نى ئىگىلىدى؛ ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغىنى 7917 بولۇپ 39.9%نى ئىگىلىدى؛ ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگىنى 1959 بولۇپ 9.9%نى ئىگىلىدى؛ جىنايى جازا كەچۈرۈم قىلىنغىنى 1329 بولۇپ 6.7%نى ئىگىلىدى؛ باشقىچە بىر تەرەپ قىلىنغىنى 499 بولۇپ 2.5%نى ئىگىلىدى. كۆپ يىلدىن بۇيان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بىر تەرەپ قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلوسى 31 مىڭ 277، بۇنىڭ

ئىچىدە، گۇناھسىز قىلىنغىنى 8367 بولۇپ %26.8نى ئىگىلىدى؛ ھۆكۈم ئۆزگەرتىلگىنى 4299 بولۇپ %13.7نى ئىگىلىدى؛ جىنايى جازا كەچۈرۈم قىلىنغىنى 1059 بولۇپ %3.4نى ئىگىلىدى؛ ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغىنى 16 مىڭ 832 بولۇپ %53.8نى ئىگىلىدى؛ باشقىچە بىر تەرەپ قىلىنغىنى 720 بولۇپ %2.3نى ئىگىلىدى.

## 1988 - يىلى

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى بىپەرۋازلىق قىلىپ 10 مىليون يۈەنگە ئالدىنىش دېلوسى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقاردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېتال ماتېرىياللىرى شىركىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن دىرېكتورى ياڭ فۇيىڭ بىلەن شۇ دېلودىكى جىنايەتچى پاڭ يۇنشۇ، ئەن گويۇڭلارغا مۇددەتلىك قاماق جازاسى بەردى.

5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى نىياز خوجىنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىدى.

6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدە ئەرزىيەت سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدىمۇ كەينى - كەينىدىن ئەرزىيەت سوت كوللېگىيەلىرى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتى دەۋا يولىغا كىرگۈزۈلدى.

8 - ئايدا مەملىكەتلىك سوت مەھكىمىسى كادىرلىرى ئىشتىن سىرتقى قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 1 - قارارلىق (1985 - يىللىق) 712 ئوقۇغۇچىسىدىن 682سى ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالدى. بۇ سان دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 39 يىلدىن بۇيان دۆلەت تەرىپىدىن شىنجاڭنىڭ قانۇن سىستېمىسىغا تەقسىم قىلىنغان سوت كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى بىلەن تەڭ. بۇ مەكتەپ دۆلەتنىڭ چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى بىر تۇتاش ئىمتىھانى ئارقىلىق 1988 - يىلى 2 - قارارغا 384 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمە باشلىقلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مەملىكەتلىك 14 - قېتىملىق سوت مەھكىمىسى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، ئاپتونوم رايوندىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قۇربان روزى «مەملىكەتلىك 14 - قېتىملىق سوت مەھكىمىسى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىش فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نىياز خوجىنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى مەھكىمە باشلىقى قۇربان روزى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى جاڭ جيۈلىڭ، دۇڭ جېن، جولدى

(موڭغول)، نىياز خوجا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپتى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوت جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 7552نى قوبۇل قىلىپ، 7327نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى %97كە يەتكۈزدى. ئىككىنچى سوت جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 1809نى قوبۇل قىلىپ، 1727نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى %95.5كە يەتكۈزدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 16 شەھەر ۋە قاتناش لىنىيىسىدىكى رايونلار مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئوغرىلىق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولغان بىر تۈركۈم جىنايەتچىگە مەركەزلىك ھالدا ئېغىر جازا بېرىلدى. ئالايلۇق، ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىققان چارۋا ماللارنى ئوغرىلاش گۇرۇھى دېلوسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىققان 110 مىڭ يۈەنلىك ئوغرىلىق دېلوسى قاتارلىقلارنىڭ باش جىنايەتچىلىرىگە قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش داۋامىدا، جازالاش بىلەن كەڭچىلىك قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقانلاردىن قېچىپ كەتكەن ۋە يېڭىۋاشتىن جىنايەت ئۆتكۈزگەن 319 جىنايەتچىگە قانۇن بويىچە ئېغىرلىتىپ جازا بەردى؛ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقانلاردىن ھەقىقەتەن توۋۋە قىلىپ ئۆزگەرگەن ۋە خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولغان 10 مىڭ 488 جىنايەتچىنىڭ جازاسىنى قانۇن بويىچە كېمەيتتى، بۇنىڭ بىلەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆزگىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى.

شۇ يىلى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوت ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسىدىن 1362نى قوبۇل قىلىپ، 1331نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، 5 مىليون 670 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدىنى ئالدى؛ ئېغىر ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىدى. مەسىلەن: 810 مىڭ يۈەن مال پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالغان، كۆپلىگەن ھۆكۈمەت پۇلىنى ئىشلىتىپ ھاياتكەشلىك قىلغان شىنجاڭ «سەنما» كەسپىي تەرەققىيات شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى ما پېيلىغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سوت مەھكىمىلىرى 426 قېتىم ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، 989 دېلودىكى 1594 جىنايەتچىگە ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلدى، سىرتتىن ئاڭلىغانلار 450 مىڭ ئادەم (قېتىم)غا يەتتى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 39 مىڭ 159نى قوبۇل قىلدى، بۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن %8.9 كۆپ، 35 مىڭ 809نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى %91.4كە يەتكۈزدى. ئىككىنچى سوت دېلوسىدىن 2109نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. ئاددىي ماجىرادىن 8122نى بىر تەرەپ قىلدى. بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلوسى ئىچىدە نىكاھ ئائىلە - دېلوسى 22 مىڭ 459 بولۇپ بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلىدى. نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسى كۆپەيدى، نىكاھقا چات كىرىۋېلىش، نىكاھ سودىسى قىلىش، بالدۇر نىكاھلىنىش، نىكاھ ئۈستىگە نىكاھلىنىشقا ئوخشاش ئەھۋاللار كۆپەيدى. مال - مۈلۈك مۇناسىۋىتىگە دائىر قەرز، مىراسخورلۇق دېلولىرىنىڭ نىسبىتى ئاشتى، قەرز ماجىراسى دېلوسى 8067 بولۇپ، ئاساسلىقى پۇل ئېلىم - بېرىم ماجىراسى كۆپەيدى. كۆپرەك يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تۆلەم ماجىرا دېلوسى 2459غا، مىراسخورلۇق ماجىرا دېلوسى 1016گە، ئۆي، جاي ماجىرا دېلوسى 1003كە، باشقا ماجىرالار 4155كە يەتتى. بۇنىڭدىن

باشقا ئەسەر ھوقۇقى، نام - شۆھرەت ھوقۇقى، ئىسىم - فامىلە ھوقۇقى، سۈرەت ھوقۇقى قاتارلىق بىلىم - مۈلۈك ھوقۇقى ۋە جىسمانىي ھوقۇقتا دائىر ماجىرالار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بىر يىلدا بۇ خىلدىكى دېلودىن 46سى قوبۇل قىلىندى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوت ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىدىن 10 مىڭ 430نى قوبۇل قىلىپ، 8702نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى %83.4كە يەتكۈزدى. دەۋا سوممىسى 176 مىليون 320 مىڭ يۈەن بولدى. ئىككىنچى سوتتا ئاياغلاشتۇرغىنى 722 بولدى. ئىقتىسادىي دېلولارنىڭ دائىرىسى كەڭ بولدى. تۈرلۈك ئىقتىسادىي توختام ماجىرالىرىدىن باشقا، يەنە بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش ماجىرالىرى، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھۆددىگەرلىك ماجىرالىرى ۋە ئىقتىساتقا چېتىلىدىغان ھوقۇقتا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش ماجىرالىرى، ئەمگەك تالاش - تارتىشىغا ۋە چەت ئەلگە، شياڭگاڭ، ئاۋمېنغا چېتىلىدىغان ئىقتىسادىي ماجىرالار، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا، تاۋار ئوبوروتىغا، مالىيە، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىغان ماجىرالار پەيدا بولدى. دېلولار مۇرەككەپلىشىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قوللىنىدىغان قانۇن - نىزاملارمۇ كۆپەيدى. يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى قىسقا مۇددەتلىك كادىر تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئالاقىدار قانۇنلارنى ۋە كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتتى. يەنە دېلو باھالاش، مۇنەۋۋەر ئەدلىيە ھۆججەتلىرىنى باھالاش ۋە چىگىش دېلولارنى مۇھاكىمە قىلىشتا ئوخشاش پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، دېلو سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈردى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوت مەمۇرىي دېلوسىدىن جەمئىي 138نى قوبۇل قىلىپ، 122نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى %88.4كە يەتكۈزدى. ئىككىنچى سوت مەمۇرىي دېلوسىدىن 50نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. بىرىنچى سوت دېلولىرى ئىچىدە ئامانلىقتا دائىر مەمۇرىي دېلو %52نى ئىگىلىدى، قالغانلىرى سودا - سانائەت مەمۇرىيىتى، مۇھىت ئاسراشقا دائىر دېلولار بولدى. بۇ دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق پۇقرالار بىلەن قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتى قوغدالدى. مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى نازارەت قىلىندى ۋە قوغدالدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىلتىماسەن دېلودىن 1212نى بىر تەرەپ قىلدى، ھال ئېيتىپ كەلگەن ئادەمدىن 127 مىڭ 496نى كۈتۈۋالدى. خەت - چەكتىن 63 مىڭ 878 نى بىر تەرەپ قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، تارىختىن قېپقالغان سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە دائىر كونا دېلولارنى ۋە «قاتتىق زەربە بېرىش»تىن كېيىنكى ئىلتىماسەن دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىغا 1985 - يىلدىكى شتات ئاساسىدا 2000 كىشىلىك شتات قوشۇپ بېرىلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى تاللاپ يۆتكەش ۋە جەمئىيەتتىكىلەردىن ئىمتىھان ئېلىپ ئەلالىرىنى تاللاپ ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، كادىر - ساقچىدىن 1015نى كۆپەيتىپ، كۆپەيتىلگەن شتات پىلانىنىڭ %50.75نى ئورۇنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تاللاپ يۆتكەلگەن كادىر 511، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومىلارنى پۈتتۈرگەنلەردىن قوبۇل قىلىنغىنى 266، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغىنى 64، جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلىنغىنى 145، باشقىلىرى 29 شتات. كۆپەيتىش

نۇقتىسى ئاساسىي قاتلاملارغا قارىتىلدى، يەنى بىرىنچى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 300 دىن كۆپرەك خەلق سوتى ۋە 16 نۇقتىلىق شەھەردىكى خەلق سوت مەھكىمىسى شۇنداقلا ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى؛ ئىككىنچى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەق تەلەپ، مەمۇرىي سوت كوللېگىيىلىرى؛ ئۈچىنچى، سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان تەرجىمە (تەھرىر) خادىملىرى؛ تۆتىنچى، ئەدلىيىلىك باھالاپ بېكىتكۈچى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىشتىن سىرتقى قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرى.

## 1989 - يىلى

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مەھكىمە پارتگۇرۇپپىسىنىڭ 5 - يىغىنى سۇڭ جۇڭشۇەن، چېن مىڭجىن، شۇ جىڭنىڭ، ياڭ فاخې، مەمەت شېرىپ، جىن خۇڭبىن، گو ۋېيرۇي، داۋا، مۆمىن ھوشۇر، نيۇ جىنجى، ياڭ جۇنلىن، بەي سىجېن، سەي ۋېنلىن قاتارلىق يولداشلارنى باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك سوتچىلىققا تەيىنلەشنى قارار قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسى يەنە خۇ ۋېكەي، ياڭ يۇفەنلەرنى باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك سوتچىلىققا تەيىنلەش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

10 - ئايدا مەملىكەتلىك سوت مەھكىمىسى كادىرلىرى ئىشتىن سىرتقى قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تۇنجى ئۇيغۇر تىلى بىلەن دەرس ئۆتۈلىدىغان قانۇن كەسپى مىللىي سىنىپى ئوقۇش باشلىدى. بۇ سىنىپنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىكى مىللىي كادىر - ساقچىلار قوبۇل قىلىندى. 7 - ئايدا دۆلەتنىڭ چوڭلار ئالىي مائارىپى بىر تۇتاش ئىمتىھانى ئارقىلىق 514 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. يىل ئاخىرىسىدا تىزىمدىكى ئوقۇغۇچى 477 بولدى.

11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» بويىچە قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئاچتى. ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرىدىكى مەمۇرىي سوت تايانچىلىرى ۋە ئالاقىدار خادىملار بولۇپ 52 كىشى كۇرسقا قاتناشتى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوت جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 8875نى قوبۇل قىلىپ (ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17.52% كۆپ)، 8640نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى 93.5%كە يەتكۈزدى. ئىككىنچى سوت دېلوسىدىن 3121نى قوبۇل قىلىپ 2053نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتىنى 65.78%كە يەتكۈزدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئېغىر جىنايەتچى، ئوغرى جىنايەتچىلەرگە ۋە باشقا غەۋغالىك جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش يۈرگۈزۈپ، جىنايەتچىلەرگە ئالاھىدە قانۇن بويىچە قاتتىق جازا بەردى. مەخسۇس كۆرۈشنى قانات يايدۇردى ھەمدە تۈرمىدىن قاچقان ۋە يېڭىۋاشتىن جىنايەت ئۆتكۈزگەن، جازا مۇددىتى، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن يەنە جىنايەت ئۆتكۈزگەن 326 جىنايەتچىگە قانۇن بويىچە قاتتىق جازا بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەردىن ھەقىقەتەن تۆۋە قىلىش ۋە خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولغان 9769 جىنايەتچىنىڭ جازاسىنى كېمەيتتى، 205 جىنايەتچىنى

شەرتلىك قويۇپ بەردى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلغان بىرىنچى سوت جىنايى ئىشلار دېلوسى ئىچىدە ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسىغا كىرىدىغىنى 1425 بولۇپ، بۇنىڭدىن 1384نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى 97.12% بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خادىملىرى خىيانەت قىلىش، پارە قوبۇل قىلىش ۋە ھايانكەشلىك قىلىش دېلوسى 11.45%نى ئىگىلىدى. سوت قىلىش ئارقىلىق دۆلەت ۋە كوللېكتىپ 9 مىليون 540 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى. 1989 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ «خىيانەت قىلىش، پارا قوبۇل قىلىش ۋە ھايانكەشلىككە ئوخشاش جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ جىنايىتىنى تاپشۇرۇش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»ى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بىرلىكتە «ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى ھەمدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى. ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى شۇ مەزگىلدە خىيانەت قىلىش، پارا قوبۇل قىلىش، ھايانكەشلىك دېلوسىدىن 145نى قوبۇل قىلىپ، 102نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، 117 جىنايەتچىگە جازا ھۆكۈم قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھىغا ئاساسەن كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغىنى 38، قاتتىق بىرتەرەپ قىلىنغىنى 22. سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بويىچە 21 قېتىم ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 48 مىڭ 903نى قوبۇل قىلىپ (ئالدىنقى يىلدىكىدىن 24.88% كۆپ)، 45 مىڭ 195 نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى 92.42%كە يەتكۈزدى. ئىككىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 2757نى قوبۇل قىلىپ، 2534نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. ئادەتتىكى ماجىرادىن 7237نى بىر تەرەپ قىلدى. قوبۇل قىلىنغان بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە نىكاھ، ئائىلە دېلوسى 27 مىڭ 331 بولۇپ، 55.89%نى ئىگىلەپ، بىرىنچى ئورۇندا تۇردى، قەرزدارلىق دېلوسى 13 مىڭ 687 بولۇپ 68.62% ئاشتى؛ زىياننى تۆلىتىش دېلوسى 3669 بولۇپ 49.21%؛ مىراسخورلۇق دېلوسى 1240 بولۇپ 22.05%؛ ئۆي - زېمىن، يەر ماجىراسى دېلوسى 1326 بولۇپ 16.42% ئاشتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە جىسمانىي ھوقۇق، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا چېتىلىدىغان دېلودىن 91نى، چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 17نى قوبۇل قىلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوت ئىقتىسادىي دېلوسىدىن 14 مىڭ 266نى قوبۇل قىلىپ (ئالدىنقى يىلدىكىدىن 36.79% كۆپ) 12 مىڭ 69نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى 84.60%كە يەتكۈزدى. سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان دېلولارنىڭ نىشان سوممىسى 285 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 61.34% ئاشتى. ئىككىنچى سوت ئىقتىسادىي دېلوسىدىن 974نى قوبۇل قىلىپ، 871 نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى 89.43%كە يەتكۈزدى. قوبۇل قىلىنغان بىرىنچى سوت دېلولىرى ئىچىدە سېتىۋېلىش - سېتىش توختامى دېلوسى

4181، پۇل قەرز ئېلىش توختامى دېلوسى 2303؛ قۇرۇلۇش توختامى دېلوسى 908؛ يېزا ھۆددىگەرلىك توختامى دېلوسى 897؛ بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش توختامى دېلوسى 165؛ باشقىلىرى كارخانا ھۆددىگەرلىكى، ئىجارە، تېخنىكا توختامى، تاۋار ماركا ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش، كارخانا ۋەيران بولۇشقا دائىر دېلولاردۇر. ئىقتىسادىي دېلولارنىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى 75.38% بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى.

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 39 خەلق سوت مەھكىمىسىدە مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوت مەمۇرىي دېلوسىدىن 210نى قوبۇل قىلىپ (ئالدىنقى يىلدىكىدىن 52.17% كۆپ)، بۇنىڭدىن 195نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى 92.86%كە يەتكۈزدى، ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولارنىڭ نىشان سوممىسى 540 مىڭ 500 يۈەن بولدى. 2 - سوت مەمۇرىي دېلوسىدىن 78نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. قوبۇل قىلىنغان 1 - سوت دېلولىرى ئىچىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ جەرىمانىسىگە قايىل بولماي ئەرز قىلغىنى 95 بولۇپ بىرىنچى ئورۇندا تۇردى. قالغانلىرى يەر، بېلىقچىلىق، سودا - سانائەت، ئورمانچىلىق، يېمەكلىكلەر تازىلىقى، دورا قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان دېلولار بولدى. ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى مەمۇرىي سوت خادىملىرىنى 1989 - يىل 4 - ئايدا ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى.

شۇ يىلى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى كۆتۈۋالغان ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەر ۋە تاپشۇرۇۋالغان دەۋاغا كىرمەيدىغان خەت - چەك 103 مىڭ 438 (قېتىم)گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆتۈۋېلىنغان ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچى 68 مىڭ 810 (ئادەم) قېتىم، بىر تەرەپ قىلىنغان خەت - چەك 34 مىڭ 628 پارچە. سوت نازارەتچىلىكى تەرتىپى بويىچە دەۋا دېلولىرىدىن 1510ى قوبۇل قىلىنىپ، 1307سى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلۇپ، ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 86.56%كە يەتكۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغىنى 633، ھۆكۈم ئۆزگەرتىلگىنى 374.

## 1990 - يىلى

7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردە شىنجاڭ بويىچە سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ ئالماشتۇرۇلدى. كېيىنكى قەدەملىك «قاتتىق زەربە بېرىش» خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

8 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە، كۈيتۇڭدە شىمالىي شىنجاڭ بويىچە ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، دېلولارنى باھالىدى، تەجرىبە ئالماشتۇردى.

10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىملىق خەلق سوتلىرى قۇرۇلۇشى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچىدە تۇنجى

قېتىملىق مەمۇرىي سوت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك مەمۇرىي سوت خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، كېيىنكى خىزمەتلەرنىڭ يۈنىلىشىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى.

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچىدە، شىنجاڭنىڭ سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى بويىچە تۇنجى قېتىملىق سوت خىزمىتى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. يىغىن 36 پارچە ماقالە تاپشۇرۇۋېلىپ، 2نى بىرىنچى دەرىجىلىك، 3نى ئىككىنچى دەرىجىلىك، 8نى ئۈچىنچى دەرىجىلىك، 22نى مۇنەۋۋەر ئەسەر دەپ باھالاپ مۇكاپاتلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىلى ئوبلاستلىق شۆبىسىدىن ما شياۋچېڭ يازغان «ئىپپەت - نومۇسنى سېتىش جىنايىتى توغرىسىدا تولۇقلىما مۇھاكىمە» ناملىق ماقالە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ ماقالە يەنە مەملىكەتلىك سوت مەھكىمىسى بويىچە چاقىرىلغان قانۇن نەزەرىيىسى تەتقىقات يىغىنىدا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. قاراماي شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى دېڭ شىنخېڭ يازغان «ئون يىلدىن بۇيان قاراماي شەھىرىدىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنسىي جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى ئۈستىدە تەھلىل» ناملىق ماقالىمۇ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى مەھكىمە باشلىقى قۇربان روزى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى جاڭ جىيۇلىڭ، نىياز خوجا، دۇڭ جىبىن، جولدى (موڭغۇل) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپتى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىچكى ئاپپاراتى جىنايى ئىشلار 1 - سوت كوللېگىيىسى، جىنايى ئىشلار 2 - سوت كوللېگىيىسى، جىنايى ئىشلار 3 - سوت كوللېگىيىسى، ئەرزىيەت سوت كوللېگىيىسى، ھەق-تەلەپ سوت كوللېگىيىسى، ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى، مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسى، تەتقىقات ئىشخانىسى، ئىشخانا، كادىرلار باشقارمىسى، ئەدلىيە مەمۇرىي باشقارمىسى، تەرجىمە-تەھرىر ئىشخانىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى (مەمۇرىي تەپتىش ئىشخانىسى)، مەملىكەتلىك سوت مەھكىمىسى ئىشتىن سىرتقى قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى شىنجاڭ شۆبىسى، ئورگان پارتكومىدىن ئىبارەت 15 دائىملىق ئاپپارات، بىر ۋاقىتلىق ئاپپارات — تەزكىرە ئىشخانىسىدىن تەركىب تاپتى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى 1 - سوت جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 10 مىڭ 399نى قوبۇل قىلدى. بۇ «قاتتىق زەربە بېرىش» باشلانغاندىن كېيىن، دېلو ئەڭ كۆپ قوبۇل قىلىنغان يىل بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەركىزىي سىياسىي قانۇن كومىتېتى بەلگىلىگەن 7 خىل جىنايەتكە ياتىدىغىنى 2660 بولۇپ %58.25نى ئىگىلىدى؛ خىيانەت قىلىش، پارا قوبۇل قىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئېغىر ئىقتىسادىي جىنايەتكە ياتىدىغىنى 1907 بولۇپ %34.18نى ئىگىلىدى. سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان 1 - سوت جىنايى ئىشلار دېلوسى 10 مىڭ 349 بولۇپ، ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %99.52 بولدى. قوبۇل قىلىنغان 2 - سوت جىنايى ئىشلار دېلوسى 2196 بولۇپ، 2161ى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلۇپ، ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %98.41 بولدى. قوبۇل قىلىنغان جىنايى ئىشلار سوت نازارەتچىلىكى دېلوسى 566 بولۇپ، 560ى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلگىنى 159، ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغىنى 324؛ ئەرز قايتۇرۇۋېلىنغىنى 9؛ باشقىچە بىر تەرەپ قىلىنغىنى 68. قانۇن بويىچە قاراپ چىقىلغان قاماقتىكى جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسى كېمەيتىلىدە-

غان دېلو 10 مىڭ 604، شەرتلىك قويۇپ بېرىلىدىغانلار دېلوسى 1721. بىر يىل ئىچىدە شىنجاڭ بويىچە 613 قېتىم ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، 3312 ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىندى، سىرتتىن ئاڭلىغان ئامما 1 مىليون 30 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوت ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 49 مىڭ 137نى قوبۇل قىلىپ (ئالدىنقى يىلدىكىدىن %48 كۆپ)، بۇنىڭدىن 45 مىڭ 800نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى %93.2كە يەتكۈزدى. قوبۇل قىلىنغان 1 - سوت دېلوسى ئىچىدە نىكاھ دېلوسى 28 مىڭ 734 بولۇپ (بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ) %58.48نى ئىگىلىدى؛ قەرزدارلىق دېلوسى 14 مىڭ 128، تۆلەم دېلوسى 3612، مىراسخورلۇق دېلوسى 1117، ئۆي - مۈلۈك دېلوسى 682. جىسمانىي ھوقۇققا دائىر يېڭى دېلولار ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، بىر يىلدا نام - شۆھرەت ھوقۇقى ۋە سۈرەت ھوقۇقىغا چېتىلىدىغان دېلو 91 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %10.98 كۆپەيدى.

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا خەلق سوتىدىن 311ى قۇرۇلۇپ 1000غا يېقىن كادىر - ساقچى سەپلەندى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوت ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىدىن 11 مىڭ 299نى قوبۇل قىلىپ (بۇ 137 قاتناش ترانسپورت ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىنىمۇ ئىچىگە ئالىدۇ)، 9847نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى %87.15كە يەتكۈزدى. ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولارنىڭ نىشان سوممىسى 239 مىليون 403 مىڭ 800 يۈەن بولدى. ئىككىنچى سوت ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىدىن 1057نى قوبۇل قىلىپ، 977نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى %92.43كە يەتكۈزدى.

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە 15 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەردىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسى، 38 شەھەر، ناھىيە (رايون) دىكى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدە مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسىدىن 56سى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 192 مەمۇرىي سوت خادىمى سەپلەندى. بۇ شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلۇشقا تېگىشلىك سانىنىڭ %48.7نى ئىگىلىدى. بىر يىلدا تۈرلۈك مەمۇرىي دېلودىن 314ى قوبۇل قىلىندى. بۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن %49.52 كۆپ بولدى. بۇنىڭدىن سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغىنى 288 بولۇپ، ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %91.72كە يەتتى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىككى قارار «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» كۇرسى ئېچىپ، ھەر مىللەت كادىر، ساقچىسىدىن 108نى تەربىيىلىدى ھەمدە 17 كادىرنى تاللاپ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە بېيجىڭ سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتى ئاچقان «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇردى. ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىش، رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى، سوت ھەيئىتى ئەزالىرى، باشقارما، ئىشخانا مەسئۇللىرىنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك بولدى:

# 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئاپپاراتلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش سخېمىسى

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى — سوت ھەيئىتى —

— جىنايى ئىشلار 1 ـ سوت كوللېگىيىسى
— جىنايى ئىشلار 2 ـ سوت كوللېگىيىسى
— جىنايى ئىشلار 3 ـ سوت كوللېگىيىسى
— ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى
— ئىقتىساد سوت كوللېگىيىسى
— مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسى
— ئەرىز ـ دەۋا سوت كوللېگىيىسى

— ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى (مەمۇرىي تەپتىش ئىشخانىسى)
— تەتقىقات ئىشخانىسى
— ئىشخانا
— كادىرلار باشقارمىسى
— ئەدلىيە مەمۇرىي باشقارمىسى
— تەھرىر ـ تەرجىمە ئىشخانىسى
— سوت مەھكىمىسى ئىشتىن سىرتقى قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبىسى
— مەھكىمە ئورگان پارتكومى
— تەزكىرە ئىشخانىسى (ۋاقىتلىق ئاپپارات)

## ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ 1990 - يىلدىكى ئەزالىرى

| ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|
| مەھكىمە باشلىقى | قۇربان روزى | ئەر | ئۇيغۇر | پارتگورۇپپىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | جاڭ جيۇلىڭ | ئەر | خەنزۇ | پارتگورۇپپا شۇجىسى |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | نىياز خوجا | ئەر | ئۇيغۇر | پارتگورۇپپا ئەزاسى |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | دۇڭ جېن | ئەر | خەنزۇ | پارتگورۇپپا ئەزاسى |
| مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | جولدى | ئەر | موڭغۇل | پارتگورۇپپا ئەزاسى |
| ئورگان پارتكوم شۇجىسى | ئابلىز قاسىم | ئەر | ئۇيغۇر | پارتگورۇپپا ئەزاسى |

## ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ھەيئىتىنىڭ 1990 - يىلدىكى ئەزالىرى

| | | | |
|---|---|---|---|
| قۇربان روزى | جاڭ جيۇلىڭ | نىياز خوجا | دۇڭ جېن |
| جولدى | ئابلىز قاسىم | ھېزىم ئېزىز | |
| مەمەت ئابدۇللا | جاڭ زۇڭشيەن | ئەمەت سۇلتان | |
| ياڭ فاخې | جاڭ لياڭ | ياۋ ياۋۋېن | |

## ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى كوللېگىيە، باشقارما، ئىشخانىلارنىڭ 1990 - يىلدىكى مەسئۇللىرى

| ئورۇن | ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|
| جىنايى ئىشلار 1 - سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى | ھېزىم ئېزىز | ئەر | ئۇيغۇر | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | سۇڭ جۇڭشۈەن | ئەر | خەنزۇ | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | شۇڭ يۇڭسەي | ئەر | خەنزۇ | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | شەۋكەت ئىدرىس | ئەر | ئۇيغۇر | |
| جىنايى ئىشلار 2 - سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى | مەمەت ئابدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | چېن مىڭجىن | ئەر | خەنزۇ | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | قائىشە قۇناپىيە | ئايال | قازاق | |
| جىنايى ئىشلار 3 - سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى | جاڭ زۇڭشەن | ئەر | خەنزۇ | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | جۇ جيەنباڭ | ئەر | خەنزۇ | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | ئابدۇراخمان توختى | ئەر | ئۇيغۇر | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ھەق - تەلەپ سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى | ئەمەت سۇلتان | ئەر | ئۇيغۇر | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | شۇ جىنفۇ | ئەر | خەنزۇ | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | ئايگۈل يۈسۈپ | ئايال | ئۇيغۇر | |
| ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى | ياڭ فاخې | ئەر | خەنزۇ | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | ۋەلىجان سەلىم | ئەر | ئۇيغۇر | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | جاڭ جىلاڭ | ئايال | خەنزۇ | |
| مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى | ۋاڭ شۇجېن | ئەر | خەنزۇ | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | مەمەت شېرىپ | ئەر | ئۇيغۇر | |
| ئەرز - دەۋا سوت كوللېگىيىسى | كوللېگىيە باشلىقى | ياۋ ياۋۋېن | ئەر | خەنزۇ | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | جىن خۇئېبىن | ئەر | خەنزۇ | |
| | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى | رىشىت ھاشىم | ئەر | ئۇيغۇر | |
| تەتقىقات ئىشخانىسى | مۇدىر | جاڭ لياڭ | ئەر | خەنزۇ | |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | چېن چۈنخې | ئەر | خەنزۇ | |
| ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى (مەمۇرىي تەپتىش ئىشخانىسى) | گۇرۇپپا باشلىقى | | | | يوق |
| | مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى | جاڭ جيېجېن | ئەر | خەنزۇ | |
| كادىرلار باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | | | | يوق |
| | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | ۋاڭ جىجيا | ئەر | خەنزۇ | |
| | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | ئەركىن رەجەپ | ئەر | ئۇيغۇر | |
| ئىشخانا | مۇدىر | تولمايىت | ئەر | ئۇيغۇر | |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | شۇ جىنكۇي | ئەر | خەنزۇ | |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | جاڭ شياۋمىن | ئەر | خەنزۇ | |
| ئەدلىيە مەمۇرىي باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | | | | يوق |
| | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | فاڭ جيې | ئەر | خەنزۇ | |
| | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | نۇرەك ئۇلۇغ | ئەر | ئۇيغۇر | |
| | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | لى جىڭاڭ | ئەر | خەنزۇ | |
| تەھرىر - تەرجىمە ئىشخانىسى | مۇئاۋىن مۇدىر | تۇرسۇن ھەمدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ۋاڭ شىفاڭ | ئايال | خەنزۇ | |
| ئىشتىن سىرتقى قانۇن ئۆگىنىۋېرىستېتى شۆبىسى | مۇدىر | ھېزىم ئېزىز | ئەر | ئۇيغۇر | قوشۇمچە |
| | دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىر | خۇ ۋېنكەي | ئەر | خەنزۇ | |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | لى شېڭلىن | ئەر | خەنزۇ | |
| ئورگان پارتكومى | شۇجى | ئابلىز قاسىم | ئەر | ئۇيغۇر | |
| | مۇئاۋىن شۇجى | جياڭ جىشەن | ئەر | خەنزۇ | |

## ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1990 - يىلدىكى سوتچىلىرى

| گۇرۇپ | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تەيىنلەنگەن ۋاقتى | دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| جىنايى ئىشلار 1 - سوت كوللېگىيىسى | گو ۋېيرۇي | ئەر | خەنزۇ | 1979.11 | باشقارما دەرىجىلىك |
| | داۋا | ئەر | موڭغۇل | 1985.3 | باشقارما دەرىجىلىك |
| | لو لىن | ئايال | خەنزۇ | 1988.8 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | غوپۇر ئابدۇراخمان | ئەر | ئۇيغۇر | 1988.7 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | شاۋ كېمىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1988.7 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | گاۋ يۇەنخۇ | ئەر | خەنزۇ | 1988.7 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | ئابلىز ئابدۇرېھىم | ئەر | ئۇيغۇر | 1984.12 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | ۋاڭ يۈچيو | ئەر | خەنزۇ | 1989.4 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | ياڭ يىپىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1989.4 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | ئەختەم ئابلا | ئەر | ئۇيغۇر | 1989.4 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | ئىسرائىل مۇخپۇل | ئەر | قازاق | 1989.1 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| جىنايى ئىشلار 2 - سوت كوللېگىيىسى | سۇ فېڭلى | ئەر | خەنزۇ | 1979.11 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | ۋاڭ گوجى | ئەر | خەنزۇ | 1987.7 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | ئابدۇراخمان ئەلەيسۇ | ئەر | ئۇيغۇر | 1988.8 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | ھەجەر سابىت | ئايال | ئۇيغۇر | 1988.8 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | جاڭ جۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 1986.3 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | سەي ۋېنلىن | ئەر | خەنزۇ | 1980.1 | باشقارما دەرىجىلىك |
| جىنايى ئىشلار 3 - سوت كوللېگىيىسى | مۆمىن ھوشۇر | ئەر | ئۇيغۇر | 1984.12 | باشقارما دەرىجىلىك |
| | گۇ جيەنشىن | ئەر | خەنزۇ | 1989.4 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| ھەق - تەلەپ سوت كوللېگىيىسى | نيۇ جىنجى | ئەر | خەنزۇ | 1979.11 | باشقارما دەرىجىلىك |
| | ياۋ ماۋلىن | ئەر | تۇڭزۇ | 1984.12 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | خالىق ئۆلمايىت | ئەر | ئۇيغۇر | 1988.8 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | قاسىمجان قالىش | ئەر | ئۇيغۇر | 1989.5 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | ليۇ جۈن | ئەر | خەنزۇ | 1989.4 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | خەيرىنسا مۇسا | ئايال | ئۇيغۇر | 1988.8 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | گاۋ يۈلەن | ئايال | شىبە | 1990.7 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | ئابدۇراخمان جاھانشا | ئەر | ئۇيغۇر | 1984.12 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى | پاڭ جۇنلىن | ئەر | خەنزۇ | 1986.2 | باشقارما دەرىجىلىك |
| | گو كۈەنلۇ | ئەر | خەنزۇ | 1984.12 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | خالىدە خالىق | ئايال | ئۇيغۇر | 1984.10 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | لى خۇڭيۈەن | ئەر | خەنزۇ | 1988.8 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | خۇ شۇاڭگوي | ئەر | خەنزۇ | 1988.8 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| ئەرز ـ دەۋا سوت كوللېگىيىسى | جا ژۇچېن | ئەر | خەنزۇ | 1989.4 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| | نيۇ باگىن | ئەر | خەنزۇ | 1989.4 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |
| تەتقىقات ئىشخانىسى | بەي سىجېن | ئەر | خۇيزۇ | 1984.12 | باشقارما دەرىجىلىك |
| | شۇ شياۋخۇا | ئايال | خەنزۇ | 1988.8 | مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك |

# ئاخىرقى سۆز

ئەدلىيە، سوت ئەزەلدىن ھۆكۈمران سىنىپ دۈشمەن سىنىپ ياكى دۈشمەن ئۇنسۇرلارنى باستۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان ۋە ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى مۇستەھكەملەيدىغان دىكتاتۇرا قوراللىرىنىڭ بىرى. شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1985 - يىلىغىچە بولغان 100 يىللىق سوت تارىخى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى، مىنگو ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان ئۈچ تارىخىي دەۋرنى باشتىن كەچۈردى. ئەدلىيە ۋە سوت يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئوخشاشمىغان دەۋرلەردە، ئوخشىمىغان سىنىپ خاراكتېرىگە ئىگە بولغاچقا، ئوخشىمىغان روللارنى ئوينىدى. بۇ ھەقتە، بۇ جەرياننى سىستېمىلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك شەرھىيلەيدىغان مەخسۇس تەزكىرە تېخى يېزىلغان ئەمەس. 1978 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى، مەملىكىتىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىكىدە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. شىنجاڭدىن ئىبارەت مىللىي رايوننىڭ ئەدلىيە، سوت ئىشلىرىغا دائىر سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىسىنى يېزىپ چىقىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك مەسئۇلىيىتىمىز.

1984 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدا 1 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. شۇ ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · سوت تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. پارتگۇرۇپپىنىڭ شۇجىسى، مەھكىمە باشلىقى نۇرىيوف ئەنۋەر مۇدىر، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى (پارتگۇرۇپپا ئەزاسى) دۇڭ جېن مۇئاۋىن مۇدىر، دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىر (سابىق مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى) يې ياڭشۈەن مەسلىھەتچى، ۋاڭ شۈجېن، نيۇ جىنجى، سۇڭ جۇڭشۈەن، خۇ ۋېنكەي، ياڭ فاخې، شۇ جىنفۇ، ئىبراھىم تىلىۋالدى، لى شىڭلىنلار ئەزا بولدى. تەھرىر ھەيئىتىنىڭ قارمىقىدا تەزكىرە ئىشخانىسى قۇرۇلدى. نيۇ جىنجى ئىشخانا مۇدىرى بولدى، ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ سوتچىسى (مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك) گو كۈەنلۇ، گۇچۇڭ ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ سۇنيى (ئارىيەت ئېلىنغان)، قاراقاش ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ باۋشۇ (ئارىيەت ئېلىنغان) لار ئىشخانىنىڭ خىزمەتچىسى بولدى. كېيىن تەزكىرە ئىشخانىسى تەھرىر ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، دۇڭ جېن باش مۇھەررىر، ۋاڭ شۈجېن، نيۇ جېنجىلار مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولدى. تەھرىر ئىشخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · سوت تەزكىرىسى»نىڭ مۇندەرىجىسى ئىشلىنىشكە باشلىدى. 1985 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلىپ، مۇندەرىجە مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى. 4 - ئايدا بۇ خىزمەت ئومۇمىيۈزلۈك ماتېرىيال توپلاش باسقۇچىغا قەدەم قويدى ھەمدە ئاۋۋال ھازىرقىسىنى، ئاسانراقلىرىنى، كېيىن ئۆتمۇشتىكىسىنى، قېيىنراقلىرىنى يېزىش ئۇسۇلى بويىچە ئىشلەندى. ئالدى بىلەن كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ماتېرىياللار توپلاندى، بۇ ئىش بىر يېرىم يىلچە

داۋام قىلىپ 1986 - يىلى 9 - ئايدا ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. ئاندىن كېيىن تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش باشلاندى، شۇ يىلى 6 - ئايدا ئىلى ئوبلاستلىق ئارخىپخانىغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئەدلىيە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى كۆرۈشكە ئادەم ئەۋەتىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ماتېرىياللار قازاقچە بولغانلىقتىن، كېيىن بۇ ئىش ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسىگە ھاۋالە قىلىندى. 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بىز «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · تەپتىش تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدە بىر قىسىم پېشقەدەم ئەدلىيە خادىملىرى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ ئاغزاكى ماتېرىياللارنى توپلىدۇق. 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بېيجىڭ، نەنجىڭ تارىخ ئارخىپخانىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلىدۇق. 1987 - يىلى 3 - ئايدا تەھرىر ئىشخانىسىدىكى 5 يولداش ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانىدا 5 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئارخىپ كۆرۈپ ماتېرىيال توپلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تارىخىي كىتابلار ۋە گېزىت - ژۇرناللاردىن ماتېرىيال يىغدى. 1987 - يىلى 3 - پەسىلگە كەلگەندە ماتېرىيال توپلاش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تارىخىي كىتابلار ۋە گېزىت - ژۇرناللاردىن بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللار توپلاندى. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى تەڭشەلگەچكە، پارتگورۇپپا «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · سوت تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتىنىڭ تەركىبىدىكىلەرنى يېڭىۋاشتىن بېكىتتى: مۇدىرلىقنى مەھكىمە باشلىقى، مۇئاۋىن شۇجى قۇربان روزى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى دۇڭ جېن (مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، پارتگورۇپپا ئەزاسى، قوشۇمچە)، نيۇ جىنجى ئۈستىگە ئالدى. دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىر يې ياڭشۈەن مەسلىھەتچى بولدى. ھىزىم ئېزىز، ۋاڭ شۈجېن، خۇ ۋېنكەي، ياڭ فاخې، شۈجىنفۇ، چېن مىڭجىن قاتارلىقلار ئەزا بولدى ھەمدە دۇڭ جېن، نيۇ جىنجىلار باش مۇھەررىر ۋە مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىككە تەيىنلەن-دى. 1988 - يىلى 3 - ئايدا جاڭ لياڭ تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىككە كۆپەيتىلدى. خادىملار تەڭشىلىش بىلەن بىرگە، نيۇ جىنجى مۇندەرىجىنى يەنىمۇ تۈزىتىپ چىقتى، سوت تەزكىرىسىنى تۈزۈش لايىھىسىنى تۈزدى، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · سوت تەزكىرىسى»نى پىلانلىدى. شۇ ئاساستا، تەھرىر ئىشخانىسى بىلەن كەسپىي ئورۇنلار ئۆز ئارا ئىش تەقسىم قىلىشىپ، بىر تۇتاش يېزىپ چىقىدىغان بولۇشتى. 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · سوت تەزكىرىسى (دەسلەپكى ئورگىنالى)» ئاساسىي جەھەت-تىن تاماملاندى. 1989 - يىلى 2 -، 5 - ۋە 8 - ئايلاردا تەزكىرىنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىگە، قېرىنداش تارماقلارغا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي تارماقلارغا ئەۋەتىلدى. 11 - ئايدا تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر، قېرىنداش تارماقلار، سىياسىي قانۇن مەكتەپلىرىدىكىلەر قاتناشتۇرۇلغان «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · سوت تەزكىرىسى (دەسلەپكى ئورگىنالى)»نى باھالاش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندىن كېيىن، نيۇ جىنجى، ياڭ جۇنلىن، لىن زېچۈەنلەر پىكىرلەرنى يىغىنچاقلاپ، دەسلەپكى نۇسخىسىنى تۈزەتتى. بىر مۇنچە قىممەتلىك پىكىرلەر قوبۇل قىلىندى. نيۇ جىنجى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزىدىغان بولدى. 1990 - يىلى 9 - ئايدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسى تاماملىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىغا يوللاندى. جۇڭ يىڭ، جىن تيەنجىن، ليۇ دېرۇن، لى زۇگمىن ۋە ياڭ جېندولار كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئومۇمىي لايىھىسى مۇۋاپىق، ماتېرىياللار ئەمەلىي، يېزىقى راۋان ھەم ئىخچام بولغان دەپ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە بەزى تۈزىتىش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا

قويدى. بۇ پىكىرلەرگە ئاساسەن، نيۇ جىنجى، لى زۇڭمىنلار ئىككى ئاي ئىشلەپ تۈزۈتىپ، 1991 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا پۈتتۈردى ھەمدە شۇ ئايدا «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • سوت تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرىغا تارقىتىپ بېرىلدى. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئۇ تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن قايتا تەكشۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ قايتا تەكشۈرۈشكە يوللاندى. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئاپتونوم رايـونلۇق تەزكىرە كومىتېتى قايتا تەكشۈرۈش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سابىق مۇئاۋىن مۇدىر، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى جۇڭ يىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. دۇڭ ياڭيۇ، دۇڭ جېن، نيۇ جىنجى، لى زۇڭمىن، ليۇ دېرۇن، جىن تيەنجىن، ليەن جىنخۇا، جياڭ نەنسۇڭ قاتارلىقلار قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىندا چۈشكەن پىكىرلەرگە ئاساسەن، نيۇ جىنجى بىلەن لى زۇڭمىن يەنە بىر قېتىم تۈزىتىپ چىقتى. 1992 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۈزىتىلگەن نۇسخىسى جۇڭ يىڭنىڭ تەكشۈرۈشىگە تاپشۇرۇلدى. 4 ـ ئايدا تەكشۈرۈش ئاخىرلاشتى، تەكشۈرۈش جەريانىدا بېرىلگەن پىكىرلەرگە ئاساسەن يەنە بىر قېتىم تۈزىتىلدى. ئاندىن ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن مۇدىرى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزگۈچىسى يولداش فۇۋېن 1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بەردى؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئالىي مۇھەررىر ۋاڭ چېن ئاخىرقى بېكىتىشنى تاماملىدى، شۇنىڭ بىلەن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • سوت تەزكىرىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • سوت تەزكىرىسى»نى يېزىش ئىشى كۆپ يىل داۋام قىلىپ ئاخىرى نەشر قىلىندى. بۇ ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە غەمخورلۇق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. مەھكىمە پارتگۇرۇپپىسى تەزكىرە خادىملىرى، مالىيە، ماددىي نەرسىلەر جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، تەزكىرە يېزىش ئىشىنى ماددىي شەرت ـ شارائىتلار بىلەن تەمىنلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى كەسپىي جەھەتتىن يېتەكلىگەنلىكى ۋە تەربىيىلىگەنلىكى ئۈچۈن خادىملىرىمىزنىڭ سەۋىيىسىدە خېلى چوڭ يۈكسىلىشلەر بولدى، بۇنىڭدىن باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە يولداشلار، دوستلارنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشىگە مۇيەسسەر بولدۇق. ماتېرىيال توپلاش ۋە يېزىش جەريانىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئارخىپخانىلار، كۇتۇپخانىلارنىڭ، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ، كەڭ ئەدلىيە خادىملىرى ۋە تەزكىرە خادىملىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ھەمكارلىشىشىغا ئېرىشتۇق. ئۇلار بىزنى ئەمەلىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، كىتاب سۈپىتىنىڭ ئېشىشىغا پايدىلىق قىممەتلىك پىكىرلەرنىمۇ بەردى، بىز ئۇنىڭدىن كۆپ نەپ ئالدۇق، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ جېنپېي، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى گاۋ يىڭكۇي، ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى «شىنجاڭ تەپتىش تەزكىرىسى» تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى گۇڭ ليەنخۇي، «شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى تەزكىرىسى» تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ شېڭماۋ ۋە «شىنجاڭ ئەدلىيە تەزكىرىسى» تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى جىربىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىدىكى يولداشلار مەزكۇر تەزكىرىنى تۈزىتىش توغرىسىدا بىر مۇنچە پايدىلىق پىكىرلەرنى بەردى. جاڭ سۇنيى، ۋاڭ باۋشۇ، لى چۈەن قاتارلىقلار

ماتېرىيال توپلاش خىزمىتىگە قاتناشتى. تەھرىر ئىشخانىسىدىكى كەسپداشلار باشتىن - ئاخىر تولۇق ئىشەنچ بىلەن، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىزدىنىش داۋامىدا ئىلگىرىلەپ، كىتاب چىقىرىشقا قەدەر بوشاشمىدى.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • سوت تەزكىرىسى»نىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنى يازغانلار:

«ئومۇمىي بايان»، «چوڭ ئىشلار (1884 — 1949 - يىللىرىغىچە)» نيۇ جىنجى؛ «چوڭ ئىشلار (1950 — 1985 - يىللىرىغىچە)» گو كۇەنلۇ.

«ئاپپاراتلار»نىڭ 1 -، 2 - بابى، 3 - بابنىڭ 4 -، 5 - پاراگرافلىرى ۋە خەلق سوتى نيۇ جىنجى؛ 3 - بابنىڭ 1 - پاراگرافى ۋاڭ شۈجېن؛ 2 - پاراگرافى ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى جاڭ ئەيجى، نيۇ جىنجى.

«سوت قىلىش تۈزۈمى»نىڭ 1 -، 2 - بابلىرى نيۇ جىنجى؛ 3 - بابنىڭ 1 -، 2 - پاراگرافلىرى ۋاڭ لاڭتاۋ، 3 - پاراگرافى (1 — 6) شۇ جىنفۇ؛ ئىقتىسادىي دەۋاغا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىلەر (3 - پاراگرافنىڭ 7 تارمىقى) گو كۇەنلۇ.

«جىنايى ئىشلار سوتى»نىڭ 1 -، 2 - بابلىرى ۋە 3 - بابنىڭ 1 - پاراگرافىدىن 8 - پاراگرافىغىچە، 13 - پاراگرافى لىن زېجۇەن؛ 9 - پاراگرافىدىن 11 - پاراگرافىغىچە جاڭ شياۋۋاڭ؛ 12 - پاراگرافى چېن مىڭجېن.

«ھەق تەلەپ سوتى»نىڭ 1 -، 2 - بابلىرى ۋە 3 - بابنىڭ 1 -، 3 - پاراگرافى نيۇ جىنجى؛ 2 - پاراگرافى جيۇ سۇڭ.

«ئىقتىسادىي سوت» گو كۇەنلۇ؛ «ئەدلىيە مەمۇرىيىتى»نىڭ 1 - بابى لۇ رۇفاڭ؛ 2 - باب ۋە 5 - بابنىڭ 3 - پاراگرافى جاڭ ئەيجى؛ 3 - باب ۋاڭ شۈجېن، 4 - بابنىڭ 2 - پاراگرافى تيەن خۇا؛ 4 - بابنىڭ 1 - پاراگرافى، 5 - بابنىڭ 1 -، 2 - پاراگرافى ۋە قوشۇمچە نيۇ جىنجى.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • سوت تەزكىرىسى» دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان تۇنجى سوت تەزكىرىسىدۇر. ئۇنىڭغا ئالاقىدار تارماقلار، يولداشلار، دوستلارنىڭ ئەجرى سىڭدۈرۈلدى، بىز ئۇلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن، خاتالىق ۋە نۇقسانلار بولۇشى مۇمكىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • سوت تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتى
تەھرىر ئىشخانىسى

1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

# «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى

مۇقەددىمە (ئومۇمىي كىرىش سۆز، كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە، مۇندەرىجە)

1 - توم ئومۇمىي بايان

2 - توم چوڭ ئىشلار

3 - توم رايونلارنىڭ تەسىس قىلىنىش تەزكىرىسى

4 - توم يەر شەكلى تەزكىرىسى

5 - توم مۇزلۇق، ئېقىن تەزكىرىسى

6 - توم قۇملۇق تەزكىرىسى

7 - توم ھايۋانات تەزكىرىسى

8 - توم ئۆسۈملۈك تەزكىرىسى

9 - توم گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەزكىرىسى

10 - توم مېتېئورولوگىيە تەزكىرىسى

11 - توم يەر تەۋرەش تەزكىرىسى

12 - توم يەر ناملىرى تەزكىرىسى

13 - توم نوپۇس تەزكىرىسى

14 - توم كوممۇنىستىك پارتىيە تەزكىرىسى

15 - توم ھۆكۈمەت ئىشلىرى تەزكىرىسى

16 - توم كادىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى

17 - توم ئەمگەك تەزكىرىسى

18 - توم دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار تەزكىرىسى

19 - توم ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرىسى

20 - توم جامائەت خەۋپسىزلىكى تەزكىرىسى

21 - توم تەپتىشلىك تەزكىرىسى

22 - توم سوت تەزكىرىسى

23 - توم ئەدلىيە مەمۇرىيىتى تەزكىرىسى

24 - توم خەلق ئىشلىرى تەزكىرىسى

25 - توم تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى

26 - توم مۇھاجىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى
27 - توم مىللەت تەزكىرىسى
28 - توم ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى
29 - توم ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك تەزكىرىسى
30 - توم دېھقانچىلىق تەزكىرىسى
31 - توم دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى
32 - توم يېزا - بازار كارخانىلىرى تەزكىرىسى
33 - توم مېۋە - چېۋە تەزكىرىسى
34 - توم چارۋىچىلىق تەزكىرىسى
35 - توم ئورمانچىلىق تەزكىرىسى
36 - توم سۇچىلىق تەزكىرىسى
37 - توم شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرىسى
38 - توم ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتى تەزكىرىسى
39 - توم كۆمۈر سانائىتى تەزكىرىسى
40 - توم نېفىت سانائىتى تەزكىرىسى
41 - توم پولات - تۆمۈر سانائىتى تەزكىرىسى
42 - توم رەڭلىك مېتال سانائىتى تەزكىرىسى
43 - توم ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى تەزكىرىسى
44 - توم بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى تەزكىرىسى
45 - توم يېنىك سانائەت تەزكىرىسى
46 - توم توقۇمىچىلىق سانائىتى تەزكىرىسى
47 - توم خىمىيە سانائىتى تەزكىرىسى
48 - توم تاشيول قاتنىشى تەزكىرىسى
49 - توم تۆمۈريول قاتنىشى تەزكىرىسى
50 - توم خەلق ئاۋىئاتسىيىسى تەزكىرىسى
51 - توم پوچتا - تېلېگراف تەزكىرىسى
52 - توم شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى تەزكىرىسى
53 - توم بىناكارلىق قۇرۇلۇش تەزكىرىسى
54 - توم ئۆلچەش - سىزىش تەزكىرىسى
55 - توم مۇھىت ئاسراش تەزكىرىسى
56 - توم ساياھەتچىلىك تەزكىرىسى

57 - توم مالىيە تەزكىرىسى

58 - توم ئىقتىسادىي تەپتىشلىك تەزكىرىسى

59 - توم پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى

60 - توم سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تەزكىرىسى

61 - توم سودا تەزكىرىسى

62 - توم ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش تەزكىرىسى

63 - توم تاشقى سودا تەزكىرىسى

64 - توم تاموژنا تەزكىرىسى

65 - توم تاۋار تەكشۈرۈش تەزكىرىسى

66 - توم ئاشلىق تەزكىرىسى

67 - توم تەمىنات - سودا كوپېراتىپى تەزكىرىسى

68 - توم ستاتىستىكا تەزكىرىسى

69 - توم باھا تەزكىرىسى

70 - توم ئۆلچەملەشتۈرۈش تەزكىرىسى

71 - توم ئۆلچەم بىرلىكلىرى تەزكىرىسى

72 - توم پەن - تېخنىكا تەزكىرىسى

73 - توم ئىجتىمائىي پەن تەزكىرىسى

74 - توم مائارىپ تەزكىرىسى

75 - توم مەدەنىيەت ئىشلىرى تەزكىرىسى

76 - توم تىل - يېزىق تەزكىرىسى

77 - توم ئەدەبىيات - سەنئەت تەزكىرىسى

78 - توم ئاخباراتچىلىق تەزكىرىسى

79 - توم رادىئو - تېلېۋىزىيە تەزكىرىسى

80 - توم ئەسەر نەشرىياتچىلىقى تەزكىرىسى

81 - توم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى

82 - توم سەھىيە تەزكىرىسى

83 - توم تەنتەربىيە تەزكىرىسى

84 - توم دىن تەزكىرىسى

85 - توم شەخسلەر تەزكىرىسى

86 - توم تەزكىرە تۈزۈش ھەققىدە

# ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز

سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. سوت تەزكىرىسى» نىڭ خەنزۇچىسى 2003 - يىل 9 - ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى رەھبەرلىكىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسىدىكى مۇھەررىرلەرنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى بىلەن بۇ تەزكىرىنىڭ ئۇيغۇرچىسى 2005 - يىل 12 - ئايدا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدلىيە ساھەسىدىكى خۇشاللىنارلىق كاتتا ئىش.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. سوت تەزكىرىسى»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ئىشى 2004 - يىل 3 - ئايدا باشلانغانىدى، 2005 - يىل 10 - ئايغىچە تەرجىمە ۋە تەرجىمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى تاماملاندى. كىتابنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى «سوت تەزكىرىسى» ئىشخانىسى مەسئۇل بولدى. تەرجىمىنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەكشۈرۈپ بېكىتتى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىگە تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسى كونكرېت مەسئۇل بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دىلمۇرات مۇسا مەركۇر تەزكىرىنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى شۇنداقلا تەرجىمىنىڭ بېكىتىلگەن نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەخمەت روزى تۇغرۇل مەزكۇر تەزكىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى، پولات ھېمىت مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى.

بىز «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. سوت تەزكىرىسى»نى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە مەدەت بەرگەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن تەرجىمان، مۇھەررىر ۋە باشقا خادىملارغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز.

تەرجىمان ۋە مۇھەررىرلەرنىڭ سەۋىيىسى چەكلىك بولغاچقا، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ۋە تەرجىمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش جەريانىدا مەلۇم سەۋەنلىكلەر ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قارشى ئالىمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى
«سوت تەزكىرىسى» ئىشخانىسى

2005 - يىل 12 - ئاي

# 目　　录

总　序
序
凡　例
图　片
概　述 …… 1
大事记 …… 17

## 第一篇　机构

第一章　晚清新疆审判机构 …… 61
　第一节　提刑按察使衙门 …… 63
　第二节　道员衙门 …… 63
　第三节　知府衙门 …… 64
　第四节　知县衙门 …… 64
第二章　民国时期新疆审判机构 …… 65
　第一节　省审判机构 …… 65
　第二节　基层审判机构 …… 71
　第三节　特种刑事法庭 …… 80
　第四节　三区法院 …… 81
第三章　中华人民共和国成立后新疆审判机构 …… 87
　第一节　新疆高级人民法院及其分院 …… 87
　第二节　地、州、市中级人民法院 …… 106
　第三节　县、市、市辖区基层人民法院及人民法庭 …… 109
　第四节　兵团法院 …… 172
　第五节　专门法院 …… 181

## 第二篇　审判制度

第一章　晚清司法诉讼制度 …… 190
　第一节　晚清司法制度 …… 190
　第二节　晚清诉讼制度 …… 192

第二章　民国时期审判和诉讼制度 …………………………… 195
第一节　审判制度 …………………………………………… 195
第二节　诉讼制度 …………………………………………… 197
第三节　三区法院审判制度和程序 ………………………… 201
第三章　中华人民共和国成立后审判制度和诉讼程序 ……… 207
第一节　建立人民司法制度 ………………………………… 207
第二节　刑事诉讼程序 ……………………………………… 215
第三节　民事诉讼程序 ……………………………………… 231

## 第三篇　刑事审判

第一章　晚清新疆刑事审判 ………………………………… 257
第一节　罪名和刑罚 ………………………………………… 257
第二节　审理刑事案件 ……………………………………… 260
第二章　民国时期新疆刑事审判 …………………………… 264
第一节　罪名和刑罚 ………………………………………… 264
第二节　镇压革命运动 ……………………………………… 265
第三节　普通刑事案件 ……………………………………… 267
第四节　大赦、减刑和假释…………………………………… 276
第三章　中华人民共和国成立后新疆刑事审判 …………… 279
第一节　罪名和刑罚 ………………………………………… 282
第二节　审理反革命案件 …………………………………… 285
第三节　审理杀人案件 ……………………………………… 299
第四节　审理抢劫案件 ……………………………………… 308
第五节　审理强奸案件 ……………………………………… 311
第六节　审理流氓案件 ……………………………………… 314
第七节　审理盗窃案件 ……………………………………… 316
第八节　审理烟毒案件 ……………………………………… 320
第九节　审理贪污贿赂案件 ………………………………… 321
第十节　审理诈骗案件 ……………………………………… 329
第十一节审理投机倒把案件 ………………………………… 330
第十二节复查案件 …………………………………………… 333
第十三节特赦、宽大释放、减刑、假释、缓刑 ……………… 338

## 第四篇　民事审判

第一章　晚清新疆民事审判 ………………………………… 362
第一节　案别 ………………………………………………… 362

第二节　婚姻家庭案件 …… 362
第三节　继承案件 …… 364
第二章　民国时期新疆民事审判 …… 365
第一节　案别 …… 365
第二节　婚姻家庭案件 …… 365
第三节　财产权益案件 …… 368
第三章　中华人民共和国成立后新疆民事审判 …… 377
第一节　案别 …… 377
第二节　审理婚姻家庭案件 …… 377
第三节　审理财产权益案件 …… 405

## 第五篇　经济审判

第一章　经济合同纠纷案件 …… 451
第一节　案件受理的法律根据 …… 451
第二节　无效经济合同的认定和处理 …… 452
第三节　违约责任的确认和处理 …… 455
第四节　涉及犯罪和其他违法问题的处理 …… 456
第二章　农村承包合同纠纷案件 …… 459
第一节　收案范围 …… 459
第二节　案件审理情况 …… 461
第三章　经济行政案件 …… 467
第一节　收案范围 …… 467
第二节　案件审理情况 …… 470
第三节　审理基本原则 …… 472
第四章　经济损害赔偿纠纷案件 …… 473
第一节　收案范围 …… 473
第二节　案件审理情况 …… 474
第三节　赔偿范围和基本方法 …… 476

## 第六篇　行政管理

第一章　法官管理 …… 483
第一节　法官的任免和待遇 …… 483
第二节　法院干部管理 …… 498

第三节　奖罚 …… 507
第二章　司法经费和装备 …… 527
第一节　司法经费管理制度 …… 527
第二节　司法收入和支出 …… 530
第三节　司法装备和着装 …… 535
第三章　狱政 …… 538
第一节　监所设置 …… 538
第二节　监狱管理 …… 542
第四章　公证和司法技术 …… 547
第一节　公证 …… 547
第二节　司法技术 …… 552
第五章　信访、司法统计和档案 …… 554
第一节　信访 …… 554
第二节　司法统计 …… 557
第三节　司法档案 …… 558

## 录　附

一、法规·条例 …… 563
（一）新疆省惩治贪污暂行条例 …… 563
（二）新疆维吾尔自治区执行中华人民共和国婚姻法的补充规定 …… 565
（三）新疆维吾尔自治区人民代表大会常务委员会关于修改《新疆维吾尔自治区执行中华人民共和国婚姻法的补充规定》第九条的决定 …… 566
二、制度 …… 566
（一）自治区高级法院院长和各部门职责范围 …… 567
（二）院务会议制度 …… 573
（三）审判委员会会议制度 …… 574
（四）自治区高级法院审批案件办法 …… 574
三、1986 — 1990 年大事纪要 …… 576
后记 …… 596
《新疆通志》总目录 …… 600
译后语 …… 603
汉文目录 …… 604

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 2003 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى، 2003 - يىل 9 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据新疆人民出版社 2003 年 9 月第一版 2003 年 9 月第一次印刷版本翻译出版。

شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى
22 - توم

# سوت تەزكىرىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى
«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · سوت تەزكىرىسى» تۈزۈش كومىتېتى

---

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى 348 - نومۇر، پوچتا نومۇرى 830002)
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 39.3 قىستۇرما ۋارىقى: 5
2005 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 - 2000

ISBN 7-228-09781-5

باھاسى: 120.00 يۈەن